تۇرسۇن ئۆمەر



# سوباشىدىكى گۈلخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ رومانىمنى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئىنقىلابىنىڭ 61 يىللىق خاتىرىسىگە
بېغىشلايمەن.


— تۇرسۇن ئۆمەر

2005-يىل، ئاپرېل

تۇرسۇن ئۆمەر

# سۇ بېشىدىكى گۈلخان

( رومان )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

清晨的篝火/吐尔逊·吾麦尔著—喀什:喀什维吾尔文出版社,2005.12
ISBN 7 — 5373 — 1469 — 1

Ⅰ.清... Ⅱ.吐... Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 150198 号

责任编辑:乌拉木江·艾拜都位
责任校对:拜合提亚尔·加苏尔

清晨的篝火

(长篇小说)

吐尔逊·吾麦尔著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本　17.5 印张　4 插页
2005 年 12 月第 1 版　2005 年 12 月第 1 次印刷
印数:1 —— 3080　　定价:32.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927



# نەشرىياتتىن

تۇرسۇن ئۆمەر 1948- يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قىزىلدۆۋە، يەنى ھازىرقى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسىنىڭ جالا مەھەللىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1965- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1968- يىلى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، 1985- يىلغىچە كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، «ئۈچ توپىلام» خىزمىتىگە قاتناشقان، 1986- يىلىدىن بۇيان كونىشەھەر ناھىيىلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن ئۆمەر كىچىك چاغلىرىدا ئانىسىدىن نۇرغۇن بېيىت - قوشاق، ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان؛ نۇرغۇن رومان، پوۋېست، ھېكايىلەرنى ئوقۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان. 1980- يىلى ئۇنىڭ «مەكتەپ»، «قەشقەر» قاتارلىق شېئىرلىرى؛ «كۆتۈلمىگەن ئاقىۋەت»، «دوستلۇقنىڭ سىرى»، «مېنىڭ ئۇستازىم» قاتارلىق ھېكايىلىرى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن بۇيان تۇرسۇن ئۆمەرنىڭ 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە نەسرى، 70 پارچىدىن ئارتۇق تەپسىلىي خەۋەر، ئەدەبىي ئاخبارات، 200 پارچىغا يېقىن شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 1988 — 1990- يىلىغىچە نادىر رادىئو پروگراممىلىرىنى باھالاشتا تۇرسۇن ئۆمەرنىڭ «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماي، ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىش لازىم» ناملىق ئوبزورى، «ناھىيىلىك پارتكوم كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى»، «ھېزىم روزىنىڭ رادىئو پونكىتى كومپارتىيىنىڭ ئاۋازىنى يەتكۈزدى» ناملىق ئىككى پارچە خەۋەر ماقالىسى 1- دەرىجىگە؛ 2000- يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان

ئەدەپ ـ ئەخلاق تېمىسىدىكى شېئىرلارنى باھالاشتا «سىرلىق ماكان»، «سىرلىق دۇكانلار» ناملىق شېئىرى 2- دەرىجىگە ئېرىشتى. 2005- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نادىر رادىئو پروگراممىلىرىنى باھالاشتا، ئۇنىڭ «تاشيولچىنىڭ ھېكايىسى» دېگەن تەپسىلىي خەۋىرى 3- دەرىجىگە ئېرىشتى. تۇرسۇن ئۆمەرنىڭ «چېۋەر باغۋەن» (لەپەر)، «بەش مىنۇت» (راۋاب قوشىقى)، «يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىش» (ئېپىزوت) قاتارلىق ئەسەرلىرى سەھنىلەردە ئوينالدى. ئۇ «ئانارخان پاجىئەسى» ناملىق رومان بىلەن «توغراقلار يىلىنجايدۇ» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشرىياتىمىزغا تاپشۇردى، ھازىر «سۇنغان قىلىچ» ناملىق رومانغا ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن ئۆمەر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم قانلىق قىساس


بىرىنچى باب مېھمان ئۈستىگە مېھمان ...................... 3
ئىككىنچى باب دوتەينىڭ لەڭگىرىدە ...................... 17
ئۈچىنچى باب يامۇل يارلىقى ...................... 31
تۆتىنچى باب يۈزبېشىنىڭ ھىيلىسى ...................... 47
بەشىنچى باب ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ...................... 62
ئالتىنچى باب ئىككى قاچقۇن ...................... 82
يەتتىنچى باب ئازابلىق كۈنلەر ...................... 99
سەككىزىنچى باب يىغىلىق ...................... 114
توققۇزىنچى باب مەرىپەت مەشئىلى ...................... 135
ئونىنچى باب قانلىق قىساس ...................... 158


## ئىككىنچى قىسىم مەرسالىق كوچىسىدا


ئون بىرىنچى باب يېتىمنىڭ ئىگىسى ...................... 177
ئون ئىككىنچى باب مەكتەپ بەخت بۆشۈكى ...................... 192
ئون ئۈچىنچى باب مەكتۇپ ...................... 208

ئون تۆتىنچى باب سەرسانلىق كوچىسىدا ........................ 224
ئون بەشىنچى باب دەرد ـ ئەلەم ........................ 241
ئون ئالتىنچى باب ئەلچى ........................ 264
ئون يەتتىنچى باب دوستلۇق رىشتى ........................ 278
ئون سەككىزىنچى باب تۆرمىدىن قېچىش ........................ 299
ئون توققۇزىنچى باب نىلقىغا سەپەر ........................ 312
يىگىرمىنچى باب نادىرنىڭ ھېكايىسى ........................ 331

## ئۈچىنچى قىسىم سۆبھەدىكى گۆلخان

يىگىرمە بىرىنچى باب سائادەتنىڭ دەردى ........................ 367
يىگىرمە ئىككىنچى باب تۇتقۇن قىلىنىش ........................ 389
يىگىرمە ئۈچىنچى باب تاغ ئارىسىدا ........................ 406
يىگىرمە تۆتىنچى باب غەنىيمەت ........................ 421
يىگىرمە بەشىنچى باب ھەقىقەتكە قايتىش ........................ 437
يىگىرمە ئالتىنچى باب ئېلىشىش ........................ 460
يىگىرمە يەتتىنچى باب پارتلىتىش ........................ 476
يىگىرمە سەككىزىنچى باب قوزغىلاڭ ........................ 491
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ھەرەمباغ ئۇرۇشى ........................ 511
ئوتتۇزىنچى باب سۆبھەدىكى گۆلخان ........................ 535

بىرىنچى قىسىم

# قانلىق قىساس

# بىرىنچى باب

## مېھمان ئۈستىگە مېھمان

### 1

قەدىمىي شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرىنىڭ قىسىلچىقىغا جايلاشقان بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلمايدىغانلار ئاز. «تېرىساڭ ئادەم ئۈنىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئۈنۈملۈك ئەت تۇپرىقى، كۆك بىلەن بويى تالىشىپ ئۆسكەن سۆۋادانلىق تۈپتۈز يوللىرى، ھەممىدىن بۇرۇن شەھەر باقاللىرىنى خۇشال قىلىدىغان بالدۇر پىشار مېۋىلىك باغلىرى، كۆجۈم كوچا - مەھەللىلىرى، شەھەرلىكلەرنىڭ تامىقىغا تەم ۋە سۆلەت بەخش ئېتىدىغان ئوتياش - چۆنەكلىرى، شەھەر خەلقى ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئۆزىنى ھېيتگاھتا كۆرىدىغان سۈت - قايماقچى، ئوتياش - چۆنەكچى، مېۋە، چىلگە، قوغۇن ساتىدىغان ئەر - ئايال دېھقانلىرى، قولى گۈل تامچى - ياغاچچىلىرى، باپكار - موزدۇزلىرى ۋەھاكازالار، قايسىسىنى دېمەڭ، تەرىپىنى ماختاپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

تاڭ قۇياشى ئۇپۇق روملىدىن يۈزىنى كۆرسىتىپلا بۇ گۈزەل يۇرتقا كۈلۈمسىرەپ سالام بېرىدۇ، كۈن بويى سېخىي نۇرلىرى بىلەن بۇ يۇرتنى ئەركىلىتىدۇ، كەچتە قىزىل ھېلىلە ياغلىقىنى ئەستىلىك ئۈچۈن قالدۇرۇپ، قىيالمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ. ئاق باشلىق پامىرنىڭ كۈمۈش چوققىلىرى ئوغۇز سۈتى بىلەن بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ تەرىپى ئېيتساڭ ناخشا، توقۇساڭ قوشاق، ئوقۇساڭ داستان. بۇ يېزىنىڭ

خەلقى گەرچە دېھقان بولسىمۇ ئۆزىنى شەھەرلىكلەردىن كەم كۆرمەيدۇ. بايلىرىنىڭ شەھەردە قورۇ - جايلىرى، دۇكان - سارايلىرى، ئورۇق - تۇغقان، جەددە - جەمەتلىرى بولغىنىدەك، شەھەر بايلىرىنىڭمۇ بۇ يېزىدا قورۇ - باغلىرى، يەر - زېمىنلىرى بار. ئورۇق - تۇغقانچىلىق ۋە قۇدا - باجىلىق بۇ يېزىنى شەھەر بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدۇ. شەھەرگە يېقىن بولغىنىغا قارىماي، بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىگە لايىق كىچىككىنە بازىرى ھەر پەيشەنبە كۈنى پېشىنگىچە قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمۈلىدۇ، پېشىندىن كېيىن كىشىلەر شەھەرگە كىرىپ بازار قىلىدۇ. مىنەپتە كۈنلىرى بۇ بازارنىڭ ئاشپەز - ناۋايلىرى تەۋەك - تەۋەك گىردە - توقاچلىرىنى، مانتا - سامسىلىرىنى ئېتىز بېشىغا ئېلىپ بېرىپ، ئېتىز - خاماندا تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى نەق - نېسى دېمەي تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

بۈگۈن پەيشەنبە، بۇ يۇرتنىڭ ئەنئەنىۋى بازار كۈنى. تېخى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي مۇش، لەڭگەر، سۇللۇغ، مورتۇم تەرەپلەردىن كەلگەن دېھقانلار بازارنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈرگەن. ئەنجان يولىنىڭ بىر تۈگۈنىگە جايلاشقان بۇ كىچىك بازاردا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. مىسكەر، تۆمۈرچى دەمسىز؛ مانتىپەز، سامسىپەز، ئوتۇنچى، سۈت - قايماقچى، تۇخۇمچى دەمسىز؛ خەقنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئېلىۋاتقان بازارنىڭ شەرقىي جەنۇب چېتىدىكى ساتىراشلارنى دەمسىز؛ سېمىز قوي - كالا گۆشلىرىنى كانارىغا ئېسىپ گۆش پارچىلاش ۋە جىڭلاش بىلەن ئالدىراۋاتقان قاسساپلارنى دەمسىز؛ خام - شاتىۋا، چەكمەنلىرىنى ماختاپ سېتىۋاتقان باپكارلارنى دەمسىز؛ ھەممىسى تىجارەت بىلەن ئالدىراش. ئوتۇنچىلار ئېشەككە ئارتقان، ھارۋىلارغا باسقان شاخ ۋە يېرىندا ئوتۇنلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ھاجەتمەنلەرگە كۆز - كۆز قىلىشىدۇ. تۆمۈرچىلەرنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى بازارچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى بۇ بازارنىڭ ئاۋاتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا، بىر ئاتلىق ھارۋىنى ھەيدىگەن ئىسمەت دورغا بازارغا كەلدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، قوي كۆز، ئاق سېرىق،

ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، چىۋەر - چاققانلىقى بىلەن مۇشۇ يۇرتىنىڭ بىگىگە ياراپ قالغانلىقتىن، رىھىمبەگنىڭ دورغىلىقىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشاتتى. بۈگۈن بامدات نامىزىدىن يېنىپ رىھىمبەگ ئۇنى چاقىرىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن شەھەردىن مېھمان چىقىدىغانلىقى، شۇڭا ئالاھىدە تەييارلىق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا بىرمۇنچە تاپشۇرۇق بەردى. ھەر قېتىم بەگنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن مېھمان چىقسا، بۇ ئۆيدىكى چاكارلار شۇنداق ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار كۈن بويى بىردەممۇ بىكار تۇرمايتتى، تاشقارقى ھويلىغا داش قازان ئېسىلىپ، 5 — 6 ئاشپەز تەرلەپ - پىششىپ تاماق ئېتەتتى، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مېھمانلار كېتىپمۇ يەنە بىر كۈن ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولاتتى، چاكارلار مۇنداق جاپالىق خىزمەت بىلەن ھالىدىن كېتەتتى، ئىشنى كىچىككىنە جايىدا قىلالمىسا، بەگدىن دەككە - دەشنام ئاڭلايتتى. شۇڭا، ئۇلار مۇنداق مېھمانلاردىن بىزار ئىدى...

ئىسمەت دورغا شۇلارنى خىيال قىلىپ، كالتە بازارنىڭ ئارقىسىدىكى دەڭنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئاندىن ھارۋىدىن چۈشۈپ ئات ھارۋىسىنى دەڭگە ھەيدەپ كىرىپ، ئېتىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ بىر چەتتىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى- دە، ئۆزى گىلەم خۇرجۇننى دولىسىغا ئارتىپ، دەڭدىن يېنىك قەدەم ئېلىپ بازارغا چىقتى. ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ بازارنى بىر ئايلاندى، يۈگمەچتەك ئۆسۈپ كەتكەن سېرىق ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، ساتىراشخانىغا كىردى. دوپىدوغىلاق، 40 ياشتىن ھالقىغان ساتىراش ئۇنى تەكلىپ قىلدى:

— كەلسىلە ئىسمەت ئاخۇن، ئورۇندۇققا كەلسىلە.

ساتىراش دورغىنى ئورۇندۇقتا راۋۇرۇس ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئىچىگە قايرىپ، ئالدىغا خالات سېلىپ، بىرھازاغىچە ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى سۇ بىلەن ئۇۋۇلاپ، ئاندىن سوپۇن سۈركەپ ئۇۋۇلىدى. يەنە بىرھازادىن كېيىن، ياغاچ ساپلىق ئۇستىرىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېلىپ قويغان كاپىلىغۇچقا خېلى ئۇزاق كاپلاپ، ئۇنىڭ چاچ -

ساقاللرىنى ئېلىشقا باشلىدى. چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، سىمدەك سېرىق بۇرۇتىنى چىرايلىق ياساپ، قۇلاق تۆشۈكچىلىرىدىن بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىگىچە دوكات سىلىپ قويىدى، ئاندىن يۈز ـ كۆزىنى قېقىشتۇرۇپ، خالاتنى يېشىپ، ياقىسىنى ئۇگشاپ، قولىغا ئەينەكنى ئېلىپ بەردى. ئىسمەت دورغا ئەينەككە بىرقۇر قاراۋېتىپ، دوپپىسىنى كىيىپ، ساتىراشنىڭ ھەققىنى بەردى- دە، « ھە، ئەمدى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چانمايدىغان بولدۇم» دەپ دۇكاندىن چىقتى.

ئىسمەت دورغا ئاۋۋال تۇز، گۈگۈت، چاي دېگەندەك سودىلىقلارنى قىلدى، كېيىن باشقا سودىلىقلارنى قىلىپ خۇرجۇن ـ قاچىسىنى تولدۇرۇپ، تەرلەپ ـ پىشىپ زاسۇيپەزنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بېلىگە تۈگۈۋالغان بىر زاغرىنى يېشىپ، زاسۇيپەزنىڭ ئالدىدىكى دەستىلەكلىك قاچىدىن بىرنى ئالدى، ناننى قاچىغا چىلاپ، پۇل بىلەن قاچىنى زاسۇيپەزگە ئۇزاتتى.

— ئۇستام، ماۋۇ پۇلغا زاسۇي ئېتىپ بەرسىلە.

زاسۇيپەز نان چىلانغان قاچىغا ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سېلىپ، بىر چۆمۈچ سۇيىنى قۇيۇپ بەردى. دورغا زاسۇينى ئىشتىها بىلەن يەپ، قاچىنى يەردە قويۇپ بىرنى كېكىردى، ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ: «خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى» دېدى- دە، خۇرجۇنىنى يۈدۈپ دەڭگە قاراپ ماڭدى.

— ئىسمەتكا، ھەي ئىسمەتكا.

ئىسمەت دورغا بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى، بۇ ھېكىم ئىدى. دورغا ھېكىمنى كۆرۈپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىپ قويىدى. ھېكىم سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— بېگىم سىلىنى شەھەردىن چىقىدىغان مېھمانلارغا ئاۋۇت چوك بىلەن سابىرھاجىملارنى قوشۇپ ئېيتىپ قويسۇن دېدى.

— چىقىدىغان مېھمانلارنى تۈنۈگۈن ئېيتىپ قويغانتىمغۇ؟

— بۈگۈن يەنە ئىككىيلەننى قوشۇپ ئېيتىدىغان ئوخشايلا.

— بۇ گەپنى بېگىم دېدىما ؟

— بېگىم ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى. قالغان ـ قاتقان سودىلىق بولسا، مەن قىلىپ بارىدىكەنمەن.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ، ئېيتىدىغان مېھمان دېگەننى بىر قىتىمدىلا ئېيتماي، بۇگۇن بىرسىنى، ئەتە بىرسىنى ئېيتىدىغان؟!— ئىسمەت دورغا رەنجىش ئاھاڭى بىلەن سۆزلەۋېتىپ، ھېكىمنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ھېكىم 15 — 16 ياشلار چامىسىدىكى چېۋەر ـ چاققان بالا بولۇپ، كەڭ پېشانىسى ئاستىدىكى قويۇق قاشلىرى، قوي كۆزلىرى شۇنچە يارىشىملىق ئىدى. ئۇنىڭ سەبىي چىرايىدىن باللارغا خاس سەممىيلىك، بىر جۈپ كۆزىدىن ئەقىل ـ پاراسەت، زېرەك ـ چاققانلىقى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ يەتتە ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، بىرقانچە يىل ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇردى، كېيىن رېھىمبەگنىڭ مېلىنى بېقىشقا ياللاپ كېلىنگەن ئىدى.

— ھە، بېگىم يەنە باشقا گەپلەرنىمۇ قىلدىمۇ؟

— باشقا گەپ قىلمىدى. «ئاۋۇت چوڭ بىلەن سابىرھاجىملارنى ئېيتىپ قويسۇن» دېدى.

دورغا ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ ئالىيىپ قويدى.

— قىلىدىغان سودىلىق تۈگىدى. ئالىدىغان ئۇششاق ـ چۈششەكنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولدۇم، سەن نېمە بىلەن كەلدىڭ؟

— ئېشەك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتىپ ماڭ. شەھەردىن بۇيرۇيدىغان باشقا سودىلىق يوقتۇ؟

— سودىلىق توغرىسىدا بېگىم باشقا گەپ قىلمىدى.

— ئۇنداق بولسا مانا خۇرجۇن،— ئىسمەت دورغا ئۆشنىسىدىكى خۇرجۇننى لەسسىدە ئېلىپ يەرگە قويدى. ـ دە، بېشىدىكى گۈللۈك شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ، پېشانىسىدىكى تەرنى يېگىنىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى، لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ «گۈس ـ گۈس» دەسسىگىنىچە دەڭ تەرەپكە قاراپ كەتتى، توساتتىن ئارقىسىغا قاراپ:

— ھوي ھېكىم، بىگىمگە ئېيتىپ قوي، مەن شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ كەتتىم، ھايال يوق قايتىپ چىقىمەن،— دېدى.

— ماقۇل.

بۇ، كۈن تىكلەشكەن چاغ بولۇپ، بازار تازا قىزىغان ئىدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن بازارچىلار قىزغىن سودا قىلىشىۋاتاتتى. ھېكىم خۇرجۇنىنى ئاستىغا قويۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، ئۆزىدىن 4 — 5 ياش چوڭ دوستى توختى كېلىپ قالدى. توختى بىلەن ھېكىم پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالغىنىغا قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— ھېكىم، بازارغا كەلدىڭمۇ؟

— ھە، سەنمۇ بازارغا كەلگەنمىدىڭ؟

— شۇنداق، سودىلىققا كەلگەن.

— قاچان قايتىپ كېتىسەن؟

— تېخى ھازىرلا كېلىشىم، سەنچۇ؟

— مەن كەلگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىدى. بىگىم ئىسمەت دورغىغا بىر خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان ئىدى. مەن كېلىپلا خەۋەرنى دورغىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ ماۋۇ خۇرجۇننى ئېلىپ كېتەي دەپ تۇراتتىم، سەن ئۇچراپ قالدىڭ.

— ھە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— بىگىمنىڭ قويلىرىنى بېقىۋاتىمەن.

— تاغقا چىقمىغانسىلەر؟

— تاغقا چىقمايدىغان ئىش نەدە بار دەيسەن. قويلارنى تاغقا ئېلىپ چىقمىساق، بۇيەرنىڭ سازلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. تاغدىن چۈشكىلى 5 — 6 كۈن بولدى.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

— ئەتىگەن ناشتا قىلغان.

— مە، ماۋۇنى يە،— توختى قوينىدىن قىزىرىپ پىشقان بىر دانە ئاق قوناق زاغرىسىنى ئېلىپ ھېكىمگە ئۇزاتتى،— مە، ئاله.

— ياق، سىنىڭمۇ قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، ئۆزۈڭ يە.

— مېنىڭ قورسىقىمدىن ئەندىشە قىلما، ئۆيگە بارسام يەيدىغانغا نان بار. سىنىڭ دېگەن ئۆيۈڭ يوق. مە، تۇتە، يولدا يەرسەن،— توختى ئاق قوناق زاغرىسىنى ھېكىمنىڭ قوينىغا سېلىپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈشۈپ، بازارنىڭ چېتىدىكى دەڭگە باغلاپ قويغان ئېشەكنىڭ يېنىغا بىللە كەلدى.

گىلەمدىن تاشلانغان ئۇچلىق توقۇلغان، پۇتلىرى ئۇزۇن، تۇم قارا ئېشەك يىراقتىن ھېكىمنى كۆرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، پۇشقۇر-غىنىچە ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلىدى. ھېكىم ئېشەكنى باغلاقتىن يېشىپ، توختىنىڭ ياردىمىدە خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتىپ، ئۆزى خۇرجۇن ئۈستىگە مىندى.

— خوش،— دېدى توختى.

— خەير خوش،— دەپ ھېكىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

2

رېھىمبەگ خوپتەن نامىزىدىن يېنىپ، پېشايۋان ئاستىغا قويۇلغان سىم كارىۋات ئۈستىگە يانپاشلاپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ئېسىلغان تاش پەنەرنىڭ غۇۋا يورۇقىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. «دورغا شەھەرگە كىرىپ كەتكىلى بىر كۈن بولدى، مۇشۇ ۋاققىچە نېمىشقا چىقمايدىغاندۇ؟ بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالدىمۇ ياكى بىر ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ قالدىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ باشقا ئىشى يوق، چوقۇم بىر پالاكەتكە يولۇققان گەپ، بولمىسا بۇرۇنلا قايتىپ كەلگەن بولاتتى...»

بەگنىڭ خىيالى ئەمدى دورغىدىن ئۆگۈنلۈككە كېلىدىغان مېھمانلارغا يۆتكەلدى. رېھىمبەگنىڭ بۇ قېتىم مېھمان چاقىرىشتا ئۆزگىچە مۇددىئاسى بار ئىدى. ئۇ ئىش قىلغاندا ناھايىتى پۇختا قىلىدىغان، ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرمايدىغان ئادەم، مۇشۇ يۇرتنىڭ بېگى بولغاندىن تارتىپ، ھەممە ئىشنى جايىدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەملىنى مۇستەھكەم-

لىدى. بۇ قېتىم شەھەردىكى چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن ئۆلپەتلىشىپ، ئەمىلىمنىڭ كېيىنكى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش خىيالى بار ئىدى.

شۇ ئارىدا تاشقارقى دەرۋازا ئېچىلىپ، سىرتتىن بىرسى كىرىپ كەلدى. بەگ ئورنىدىن يېرىم قوپۇپ، پېشايۋان تەرەپكە قارىدى. بۇ چاغدا ئىسمەت دورغا هويلىغا كىرىپ بولغان ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، بېگىم.

— ئىسمەتمۇسەن؟— بەگ سالامغا جاۋاب قايتۇرماي، ئۇنىڭدىن سورىدى،— ئادەمنى ئەنسىرىتىپ نېمانچە كەچ قالىسەن، بىرەر پېشكەللىككە يولۇقمىغانسەن؟

— يوقسۇ، بېگىم، مېنىڭ كەچ قېلىشىم سەۋەبسىز ئەمەس.

— ئېيتە، نېمە ئىش بولدى؟

— ئىش مۇنداق، بېگىم. سىلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى بويىچە ئۇدۇللا ئاۋۋەت چوڭنىڭكىگە بېرىپ، ئىككى كۈندىن كېيىنكى مېھماندارچىلىققا ئۇنى ئېيتىپ قويۇپ، ئۇدۇل سابىرهاجىمنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ كىشى ئۆيىدە يوقكەن. سابىرهاجىم ئىككى كۈن بۇرۇن ئاۋاتتىكى زۇنۇنبايىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەتكەن ئىكەن. بالا - چاقىلىرى: «هاجىم دادام باشقىلارنىڭ هاۋالىسىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، ئۆزلىرى دېمىسىلە بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىنى هاجىمغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاۋاتقا چىقتىم. ئىزدەپ - سوراپ زۇنۇنبايىنىڭ ئۆيىنى تاپتىم، ئۇنىڭ ئۆيى «قاتار قىشلاق»تا ئىكەن، مېھمانلار بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۇزاشقا تەرەددۇت قىلىۋېتىپتىكەن. هاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، دەيدىغان گېپىمنى دەپ قايتىپ كېتەي دەۋاتسام، ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. «چاقىرالماق كەتمىسەم، بېگىم خاپا بولىدۇ» دېسەم، «رېهىمبەگ بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن، يۇرت ئاتلاپ بۇ يەرگە كەپلا، تاماقمۇ تەييار بولاي دەپ قالدى، مېھمانلار بىلەن بىراقلا ئۇزىسىلا»دەپ تۇرۇۋالدى. ئامالسىز، مېھمانلار بىلەن بىللە داستىخانغا داخىل بولۇپ، ئاخىر سابىرهاجىم بىلەن بىللە قايتىپ كەلدىم. بىز شەھەرگە كىرسەك، تۆت دەرۋازا تاقىلىپ بوپتىكەن،

سابىرھاجىم «مېنى پاختەكلىگە ئاچىقىپ قوي» دېدى. ھاجىمكامنى ئاتقا مىندۇرۇپ، پاختەكلىدىكى چوڭ قىزنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم.

— تازىمۇ ئاۋارە بوپسەن ـ ھە؟

— ھەممىسى سىلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى بىلەن بولدى. مەن ئۆزلىرىگە قانچىلىك ئىخلاس قىلسام، ھاجىمكامغىمۇ شۇنچىلىك ئىخلاس قىلمەن ئەمەسمۇ.

— سېنىڭ ماڭا ئىخلاس قىلىدىغىنىڭنى بىلىمەن،— دېدى رېھىمبەگ ئىسمەت دورغىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولغاندەك.

— بېگىم، سىلى دېگەن بىر تۇپ دەرەخ، بىز ئۇنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىغا ئوخشايمىز. سىلى ماڭا ئۇزاق يىلدىن بېرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدىلا. ماڭا قىلغان شەپقەتلىرىنى ئۆمۈر بويى ئەجىر قىلىپمۇ ياندۇرالمايمەن.

— بولدى، مۇنداق گەپنى قىلما. بىرنەرسە يېدىڭمۇ؟

— قورسىقىم توق، بېگىم.

— ئۇنداق بولسا، مېھمانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئۆزۈڭ بىلىپ ئورۇنلاشتۇرارسەن.

— مېھماننى قانداق ئۇزىتىشنى ئوبدان بىلىمەن، بېگىم. سىلى خاتىرجەم بولسىلا.

— مەنمۇ سېنىڭ مېھمان ئۇزىتىشتىكى چېۋەرلىكىڭگە قايىل. مېھمانلىرىمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۇزاتساڭ، ئەجرىڭنى يەردە قويمايمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم،— دېدى ئىسمەت دورغا خۇشامەتگۇيـلۇق بىلەن،— بېگىمنىڭ مېھمىنى بىزنىڭ مېھمىنىمىز، بېگىم خۇشال بولسا بىزمۇ خۇشال بولىمىز.

ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىدىن بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى ئايتىللا خېنىم ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ مېھمانخانىنىڭ پېشايۋان تەرەپكە قاراشلىق دېرىزىسىنى ئېچىپ، بەگدىن سورىدى:

— كېچىدە ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، كىم بىلەن پاراڭلىشـ

ۋاتسلا؟

— ئىسمەت بىلەن، مېھمانلارنى قانداق ئۇزىتىش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمىز.

— مېھمان كېلىشكە يەنە ئىككى كۈن بارغۇ، ئەتە كۈندۈزدە مەسلىھەتلەشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز.

— ئۇغۇ شۇنداق،— دېدى بەگ خوتۇنىدىن ئاغرىنغاندەك قىلىپ،— ھازىر مەسلىھەتلەشكەنىڭمۇ يامىنى يوق. ھېلىقى بىز قوشۇپ ئېيتىدىغان ئاۋۇت چوڭ بىلەن سابىرھاجىملارنى ئېيتىپ قويۇشقا ئىسمەتنى ئەۋەتكەن. ئۇ سابىرھاجىمنى تاپالماي ئاۋاتقا چىقىپتۇ. شۇڭا، كەچرەك قايتىپ كەپتىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپ قالدىم.

تىللاخېنىم ئېغىز ئېچىپ سوراپ قالدى.

— بېگىم، مېھمانلارنىڭ ئۆي ئىچىنى قوشۇپ ئېيتقانلا؟

— ئەرخەقلەرنىلا ئېيتتۇق، ئۆي ئىچىنى ئېيتمىدۇق.

— قويسىلا سىلىنى، ئۇلار بىزنى مېھمانغا ئېيتقاندا ئۆي ئىچىنى قوشۇپ ئېيتىدۇ. سىلىزە تازىمۇ ئادەم جۇمۇ، بېخىللىقلىرىنى قارىسىلا. شۇنچە كەڭ ئايۋان ـ سارايلىرىمىز، باغ ـ ھويلا، شىپاڭلىرىمىز تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇلارنى ئېيتمىدىلا؟

— خوتۇن، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەرلەرنى ئېيتىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ئەر ـ ئاياللىنى قوشۇپ ئېيتىدىغان مۆرۈت بولىدۇ. بۇ قېتىم ئاياللارنى قوشۇپ ئېيتماسلىقىمدا يۇرت چوڭلىرى بىلەن كېڭەشكەن ئىش بار.

— قويسىلا سىلىنى،— دېدى بەگنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاغرىنغاندەك قىلىپ،— كېڭەشكەن ئىش بولسا ئايرىم خانىدا ئولتۇرۇپ كېڭەشسە بولماسمىدى. ئاياللارمۇ ئايرىم خانىدا ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇۋەرسە، سىلىنىڭ قايسىبىر ئىشلىرىغا پۇتلىشاتتى؟ مېھمان دېگەننىڭ ئېرىمۇ ـ كۆپىمۇ مېھمان، ئاران بىر تەزگۈنگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىنى قوشۇپ ئېيتمىغانلىرىنى قارىسىلا، يەل- يېمىش تۆكمە بولغان مۇشۇنداق چاغدا بىز نېمىدىن قىسىلاتتۇق؟

— بولدى - بولدى. مەن مېھمانلىرىمنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، سېنىڭ مېھمانلىرىڭنى ئېيتىپ بىرقانچە كۈن مېھمان قىلاي، بولامدۇ؟ ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، سەنمۇ ئارام ئالغىن. ئىسمەت ھېرىپ قالدى، بۇمۇ ئارام ئالسۇن. سەن مۇشۇ يەردە قونۇپ قالامسەن يا؟— دېدى بەگ دورغىغا قاراپ.

— ياق، بېگىم. بۇ كېچىدە ھەرقايسىلىرىنى پاراكەندە قىلماي ئۆيۈمگە كېتەي، بالا - چاقىلىرىم ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

— ماقۇل ئەمىسە، ئەتە ئەتىگەنرەك كەلگىن.

— خوش، بېگىم،— ئىسمەت دورغا ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

3

رېھىمبەگ بۈگۈن بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئالدىراش ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كۈندىكى ئادىتى بويىچە گۈزەل، خۇش ھاۋالىق باغنى ئارىلىمىدى. ئۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ سەللىسى بىلەن تونىنى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ، گۈللۈك شاپاق دوپپىسىنى كىيىپ، ئاق يەكتەك بىلەنلا پېشايۋان ئالدىغا چىقىپ توۋلىدى:

— ھوي ھېكىم.

— خوش، بېگىم،— ھېكىم رېھىمبەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا پېشايۋان ئالدىدا ھازىر بولدى.

— سەن چاپسان بېرىپ ئىسمەتنى توۋلاپ كەل.

— خوپ، بېگىم، ھازىرلا ماڭاي.

ھېكىم تاشقارقى ھويلىغا چىققاندا، ئىسمەت دورغىمۇ ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ھېكىم دورغىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ياندى ۋە دورغىغا يۈزلىنىپ دېدى:

— بەگ ئاتام ھازىر سىلىنى توۋلاپ كەل دېگەنتى.

— مانا مەن كەلدىم، سەن ئەمدى ئىشىڭنى قىل، بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئۆزۈم ئاڭلايمەن،— ئىسمەت دورغا تاشقارقى ھويلىدىن

ئىچكەركى ھويلىغا كىردى. كۈنچىقىشقا قاراپ تۇرىدىغان، يەردىن ئىككى گەز كۆتۈرۈپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئايۋان - سارايلارغا قارىدى، ئاندىن پېشايۋان ئاستىدا باغقا قاراپ تۇرغان بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بېگىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدى رېھىمبەگ ئۇنىڭغا قاراپ،— نامازدىن يېنىپلا كەل دېسەم ھايال قالدىڭغۇ؟

— مۇنداق ئىش، بېگىم. مەن بامداتتىن يېنىپ مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتاتتىم، يول ئۈستىدە شەھەردىن چىققان دوتەي يامۇلىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ خىزمەتچى سىلىنىڭ قاشلىرىغا چىققان ئىكەن. مېنىڭ بۇ يەرگە كېتىۋاتقىنىمنى ئاڭلاپ، «دوتەي ئەتە لەڭگەردىكى باغ - ھويلىسىغا سەيلىگە چىقماقچى. رېھىمبەگ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن، مېھمانلارنى كۈتىدىغان ئىشقا كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىسۇن» دېدى. خىزمەتچى ماڭا بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە ھاۋالە قىلىپ قويۇشۇمنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. شۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىپ ھايالشىپ قالدىم.

رېھىمبەگ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن خەۋەردىن سوغۇق سۇغا چۈشۈپ ئەندىككەن كىشىدەك چۆچۈپ كەتتى ۋە ۋەھىمە يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى دورغىغا ئالايتىپ قويۇپ سورىدى:

— دوتەي راستتىنلا چىقامدىكەن؟

— يالغان ئېيتىشقا بېشىم ئۈننمۇ، بېگىم.

— قانچە كىشى ئىكەن؟

— بىلمىدىم، بېگىم.

دورغىنىڭ سۆزىدىن بەگ سەل جىددىيلەشكەندەك بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى مېھمان چاقىرىش توغرىسىدا كۆيۈپ - پىشىپ قىلغان ئوي - خىياللىرى، ئەتىكى مېھمانغا نېمە ئېلىپ، نېمە قويۇش توغرىسىدا ھازىر ئىسمەت دورغا بىلەن قىلىشماقچى بولغان پىكىرلىرى سۇغا چۈشكەن چالمىدەك بىراقلا ئېرىپ كەتكەن ئىدى.

بەگنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتتى، دوتەيدىن ئاغرىنىشقا ۋە ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماسلىققا ئامالى يوق. ئۇ بىرپەس كۆزىنى يۇمدى، كاللىسىدا ئىككى ئىش بىر - بىرىگە زىت هالدا توقۇنۇشماقتا ئىدى. مېهماننى چاقىرىش ئۈچۈن ئىككى كۈن بۇرۇن خەۋەر قىلىپ قويۇپ، ئەمدىلىكتە ئۆز گېپىدىن يېنىۋېلىش بەگ ئۈچۈن تولىمۇ سەتچىلىك ئىدى. بەگلەر ئىچىدە ئۆزىنى غۇرۇرلۇق دەپ ساناپ يۈرىدىغان رېهىمبەگكە بۇ خەۋەر تولىمۇ هار كەلدى. ئەمدى بۇ ئىشنى ئۈلپەتلىرىگە قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى. دوتەينىڭ بۇيرۇقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆز بىشىمچىلىك قىلسا، دوتەيگە يۈز كېلەلمەيتتى. «چوقۇم دوتەينىڭ دېگىنىنى قىلىشىم كېرەك. بۇ مېهماننى قاچانلا مېهمان قىلىۋالسام بولىدۇ».

رېهىمبەگ كۆزىنى ئېچىپ، تېخىچە ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئىسمەت دورغىغا قارىدى:

— ماگا قارا، ئىسمەت. مەن ئويلىنىپ قالدىم. مېهماندارچىلىقنى كەينىگە سۈرەيلى.

— نېمە؟— ئىسمەت دورغا چۆچۈپ بېگىمگە قارىدى،— باشقىلار «رېهىمبەگنىڭ بىلى بوشكەن، مېهماندارچىلىققا ئۆزى ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى چېدىماپتۇ» دېمەمدۇ؟ بىزنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى قىلغان شۇنچە كۆپ تەييارلىقىمىزچۇ؟

— هەي، تېخى قوي - پوي سويمىدۇققۇ، سېسىپ قالىدىغان بىرنېمە بارمىتى، مېۋىلەر تېخى شېخىدا، قويلار تېخى قوتاندىغۇ. قىلغان تەييارلىقىمىزنى دوتەينىڭ مېهمانلىرىنى كۈتۈشكە ئىشلىتەيلى.

— هەي بېگىم، بۇ قانداق گەپ؟ سىلى ئېيتقان مېهمانلار قەشقەردە يۈز - ئابرۇيى بار كىشىلەر تۇرسا، يۈزلىرىگە سەت تۇرمامدۇ؟ دوتەينىڭ مېهماندارچىلىقمۇ ئۆز يولىچە بولۇۋەرسۇن، سىلىمۇ مېهمانلىرىنى ئېيتىۋەرسىلە. سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىدىغانلار كۆپ بولغاندىكىن، بىر قىسىم ئادەمنى دوتەينى كۈتۈشكە ئاجرىتىپ قويسىلا بولمامدۇ؟

— هەي ئىسمەت، سەن تېخى ئىش بىلمەيدىكەنسەن، دوتەي كىم، بىز ئېيتقان مېهمانلار كىم؟ سەن بىلەمسەن، دوتەي دېگەن پۈتكۈل

قەشقەرنى ئالقىنىدا ئويىنتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېھمان ئىبلىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا بىزگە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلسا، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالسام ياخشى بولمايدۇ. مەن دېگەن يۇرت چوڭى. دوتەي ئاتايىن بىز تەرەپكە چىققاندا، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولمىسام قانداق بولىدۇ؟ «ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ، سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. دوتەينى مېھمان قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشتىن ئارتۇق ئىش يوق. بولدى، سەنمۇ ئارتۇقچە خىياللاردا بولما.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، مېھماندارچىلىقنى كەينىگە سۈرىمىز، خۇدادا كۈن تولا. خەيرلىك بىر كۈننى تالLAP مېھمان قىلساقمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. بۈگۈندىن قالدۇرماي سەن بېرىپ مېھمانلارغا ئېيتقىن. دوتەي غوجام لەڭگەردىكى باغ ھويلىسىغا سەيلىگە چىقماقچىكەن، بېگىم بۇ مېھماندارچىلىققا قاتناشمىسا بولمايدىكەن، شۇڭا مېھماندارچىلىقنى كەينىگە سۈرىدىغان بولدۇق، مېھماندارچىلىققا چىقىدىغان كۈننى ئايرىم خەۋەر قىلىدىغان بولدى، دېسەڭلا بولىدۇ.

— ماقۇل، بېگىم.

— ئەمىسە چاپسان بول. شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ، مېھماندار-چىلىققا ئېيتقان ھەممىسىگە مەن دېگەن بويىچە خەۋەر قىلىۋەتكىن. قايتاشىڭدا، دوتەي يامۇلغا يولۇقۇپ ئۆت، بىرەر خەۋەر بولسا ئۇقۇپ باققىن. ئىش سەن ئىبلىپ كەلگەن خەۋەردەك بولسا، چاپسان بېرىپ چاپسان قايتىپ كەلگىن، بولمىسا ئۈلگۈرەلمەيمىز.

— ئۇقتۇم.

— ئۇنداق بولسا، چاپسانراق يولغا چىق.

ئىسمەت دورغا بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تاشقارقى ھويلا ئارقىلىق ئاختىخانىغا كىرىپ، ئۆزى داۋاملىق مىنىدىغان ئاق قاشقىلىق ئېتىنى يېتىلەپ ھويلىدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

# ئىككىنچى باب

## دوتەيىنىڭ لەڭگىرىدە

### 1

بۇگۈن ئەتىگەندە يامۇلدىن چىققان بەش مەپە ئارقا - ئارقىدىن جاراڭلاپ مېڭىپ، ھېيتگاھ ئارقىلىق شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان نورىبېشى كوچىسىغا كەلدى.

كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى ھەرە كۆنىكىدەك بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان كىچىك دۇكانلار، تىككۈچىلىق، ئاشخانا، ساماۋەرخانا، ناۋايخانا، يەنە قانداقتۇر مىلىچ مال، گەزمال دۇكانلىرى، لەگىپۇگچى، باققاللارنىڭ غالتەكلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن بۇ يەرگە خېرىدارلار سۇدەك ئېقىپ كېلەتتى. ئۇلار چېچەك تاللاپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش دۇكان ئارىلاپ سودا قىلىشاتتى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا، ئادەملەر ئادەتتىكىدىن تاشقىرى كۆپ ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كەلگەن بەش مەپىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى ۋە مەپىكەشنىڭ ھەيۋە كۆرسىتىپ قامچا سوقۇشلىرى كوچىدىكى ئادەملەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. سانجاق ئادەملەر بىردىنلا ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ، كوچا ئوتتۇرىسىدا يول ئېچىلدى.

— دوتەي غوجام كېلىۋاتىدۇ، دوتەي غوجام كېلىۋاتىدۇ. پوش... پوش...— دوتەيىنىڭ مەپىسى ئالدىدا تۆت ئاتلىق چېرىك يول ئېچىپ توۋلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ سۆزلەر بىلەن تەڭ كوچىدا بولۇۋاتقان سودا - سېتىق ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ھەرىكەتلەر، ۋاراڭ - چۇرۇڭ،

شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بىسىقىپ، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دىققەت ـ ئېتىبارى ئالدىدىكى مەيگە چۈشتى. دوتەينىڭ مەيسى باشقا مەيلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. مەيىنىڭ شوتىسىغا بىر ئات، لىگىشىگىغا ئۈچ ئات قېتىلغان ئىدى.

ــ دوتەي غوجام نەگە بارىدىغاندۇ؟

ــ نەگە باراتتى، كۆكۈل ئېچىپ بەزمە قىلىدىغاندۇ؟

بەزىلەر جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ، دوتەي غوجام بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكۈچە قول باغلاپ تۇردى. بىرنەچچە بىكار تەلەپلەر، ئۇششاق باللار مەيلەرگە قىزىقىش ئىچىدە تەلمۈرەتتى. مەيلەر نوربېشىدىن ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىققاندا، ئاتلارنىڭ مېڭىشى ئىتتىكلىدى.

ما دوتەينىڭ ئەسلىي ئىسمى ما شياۋۋۇ بولۇپ، ئاتاقلىق خۇيزۇ ئۆلىما ما جىڭۋۇنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ يىڭنىك ـ يىڭنىك سىلكىنىپ كېتىۋاتقان چىرايلىق مەيە ئىچىدە كۆزلىرىنى يىرىم يۇمۇپ خىيالغا پېتىپ يالغۇز ئولتۇراتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ گۆسمەستەك قابىل ئادەم ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ، پېشانە ۋە يۈزىدە قورۇقچىلار پەيدا بولۇپ، قامىتىمۇ پۈكۈلگەن ئىدى. ما دوتەي مەيە ئىچىدە ئىككى ياققا يىڭنىك سىلكىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەنجان تاشيولىدا شەھەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان دېھقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئىككى ـ ئۈچ ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ، كۈن ئولتۇرغاندا مۈش كەنتىدىن يولغا چىققان ئوتۇنچىلار كېچىچە يول يۈرۈپ قوزا چۈش بىلەن كونىشەھەر (قەشقەر شەھىرى)گە كېلەتتى ـ دە، ئوتۇنلىرىنى سېتىپ، سودىلىقىنى قىلىپ يەنە ئاخشىمى قايتىپ كېتەتتى. توساتتىن يانىدىكى ئېتىزلىق تەرەپتىن بىر يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

شامال چىقسا ئەگىيدۇ
سەمەن يولىدا تېرەك.

ئانچە - مۇنچە كەپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

...

چوڭ يولدا بىرنەچچە ئىشەككە ئوتۇن ئارتىپ، قولىدىكى سىرىق سۆگەتنىڭ تايىقىنى ئالدىدىكى بىرەر ئىشەكنىڭ يانپىشىغا پات - پات سانجىپ قويۇپ كېتىۋاتقان 50 ياشتىن ھالقىغان جۇل - جۇل كىيىملىك دېھقاننىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان ناخشىسى ئاڭلاندى:

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە
كىم مۇرادىغا يەتتى.

...

بۇ ناخشا دوتەيىنىڭ خىيال قۇشلىرىنى قاناتلاندۇرۇپ، بىردىنلا ئۇنى ماتىتەي دەۋرىگە باشلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ماتىتەي كېلىپ قالدى. ماتىتەي (مافۇشىڭ) ئەسلىي خۇيزۇ، ئەرەبچە ئىسمى مۇھەممەد يۇنۇس بولۇپ، ئەل ئىچىدە «ماتىتەي» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن قۇرۇلغان قوشۇنىنىڭ 10- باتالىيونىغا قوماندان بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن. مافۇشىڭ قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ما جيۇۋمۇ «نىتەي» بولۇپ كەلگەن. ما فۇشىڭ يېڭىشەھەردە، ما جيۇۋ كونىشەھەردە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە «تىتەي»، «نىتەي» دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەل بار ئىدى. «تىتەي» دېگىنى دۇۋزىيە قوماندانى، «نىتەي» دېگىنى بىرىگادا قوماندانى دەرىجىلىك ئەمەل ئىدى. ماتىتەي ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ قەشقەردە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، خەلقنى زار - زار قاقشاتتى. خەلق ماتىتەيىنىڭ زۇلمى ئۈستىدىن ياڭ زېڭشىنغا كۆپلەپ ئەرز - شىكايەت قىلدى. ئۇزاق

ئۆتمەي ياڭ زىڭشىن بۇ توغرىدا ماتتەينى ئەيىبلەپ خەت ئەۋەتتى. ماتتەي ئاچچىقىنى يەرلىك كىشىلەردىن ئېلىپ، دەھشەت قىرغىنچىلىق قىلدى. ئەينى يىلى قەشقەرنىڭ ۋالىيسى جۇرۋيچى بىلەن قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئامبىلى ما شياۋۋۇ ئوتتۇرىسىدا پۇت تېپىشىش بولۇپ، ماتتەي ئەھۋالنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلمايلا، ئەملىنى ئېلىپ تاشلىدى. ياڭ زىڭشىن ئەھۋالنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ماتتەيگە سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي، جۇرۋيچىنى ئاقسۇغا ۋالىي، ما شياۋۋۇنى ئۈچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ ۋەقەنى ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلدى.

دېمەك، ئاتا ـ بالا ئىككىسى قەشقەردە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تولۇق ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن، ياڭ زىڭشىن ئۇنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كەلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قولىدا قورالىق قوشۇن بولغانلىقتىن، ما شياۋۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى پىلانلىدى. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان ما شياۋۋۇ تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، قوشۇن باشلاپ، ئۈچتۇرپان قاقشال يولى بىلەن ئاتلاندى. ئاقسۇ، كۇچادىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن رامىزانھاجى دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ يول بىلەن ماڭدى. بۇ ئىككى قوشۇن بىرلا ۋاقىتتا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ تەڭ ھەرىكەت قىلدى. ئاقسۇ، كۇچادىن كەلگەن ۋاڭ، گۇڭ ۋە قادىر جەڭگىنىڭ قوشۇنلىرى كونىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. رامىزانھاجى باشچىلىقىدىكى قوشۇن شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىش بىلەن تەڭ ئات سېلىپ كىرىپ، ما جيۇۋنىڭ ئادەملىرى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە يۇملاقشەھەرنى ئىگىلىدى. ما جيۇۋ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ، راۋاق تەرەپكە قاچتى. رامىزانھاجى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ تاپانچىسى بىلەن رامىزانھاجىنى ئېتىۋەتتى، لېكىن مىنۇت ئۆتمەيلا ماجيۇۋغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلدى. ما شياۋۋۇ قوشۇنى قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. بىر - ئىككى سائەت داۋام قىلغان قاتتىق جەڭ نەتىجىسىدە ماتتەي ئۆز رەقىبى ما شياۋۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەڭ ئالىي جازاغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەردە ئۈچ كۈن تۇردى.

ماتىتەي تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
خەلققە زۇلۇم قىلغاچ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

بۇ، ئەينى يىللاردىكى خەلق قوشىقى ئىدى. ماتىتەينىڭ قەشقەردىكى 10 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئاشۇنداق خاتىمە بېرىلدى...

مەپىنىڭ ئېغىر سىلكىنىپ توختىشى دوتەيىنى خىيال قوچىقىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ مەپىنىڭ پەردە تارتىلغان كىچىك ھاۋادىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىۋىدى، مەپىكەش بىر ئىشىنى چۆشەنگەندەك دوتەيگە چۈشەنچە بەردى.

— دوتەي غوجام، رىھمبەگ ئىستىقبالغا چىقىپتۇ، شۇڭا مەپىنى توختاتتىم.

دوتەي جاۋاب ئورنىغا سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. دەل شۇ چاغدا رىھمبەگ ۋە بىرقانچە يۇرت چوڭلىرى دوتەيىنىڭ مەپىسى ئالدىدا ھازىر بولۇشۇپ، قول باغلاپ سالام قىلىشتى.

— دوتەي جانابلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئامانمىكىن؟

دوتەي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاب قايتۇردى.

— بەگ ـ غوجاملارمۇ ئامان ـ ئېسەن تۇرغانسىلەر؟

— ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن جانابلىرىنىڭ سايىسىدا ياخشى تۇردۇق. ھەزرەتلىرىگە سەپەردە ھاردۇق يەتتى، خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ھاردۇق ئېلىپ ماگسۇنمىكىن دەپ...

— ھەرقايسىڭلارغا رەھمەت، مەنزىلگىمۇ يېتەي دەپ قاپتۇق، بىراقلا ئارام ئالاي.

مەپىكەش قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ ئاتلارنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن بەش مەپە ئۆتكەندىن كېيىن، رىھمبەگنىڭ مەپىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

## 2

«دوتەينىڭ لەڭگىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي بۇگۈن باشقىچە جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ قورۇ - جاينىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ ئىككى گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئويما نەقىش بىلەن قوپۇرۇلغان تۈۋرۈكلۈك پېشايۋان، نەچچە ئۇنلىغان ئايرىم خانىلار، تۈۋرۈك-لۈك پېشايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مېھمانخانا ۋە ئايرىم خانىلارنىڭ ئىشىكى كۆك سىرلانغان، پېشايۋان، ئايرىم خانا، مېھمانخانىلارنىڭ ئاستىغا تۆت چاسا پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان.

كەڭ قورۇنىڭ بىرنەچچە يېرىگە ئالما، ئۈجمە دەرىخى قويۇلغان بولۇپ، باراقسانلاپ ئۆسكەن ئىدى. ھويلىنىڭ ئارقىسى كەڭرى كەتكەن باغ بولۇپ، قاق ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىق سۇ توختىماي ئېقىپ شىپاڭ ئالدىدىكى كۆلگە قۇيۇلاتتى. شىپاڭ شۇنداق چىرايلىق، ھەيۋەتلىك ياسالغان، شىپاڭ ئاستىغا ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان، ئەتراپىدىكى خىلمۇخىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىغىغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ، كىشىنى مەستخۇش قىلاتتى. شىپاڭدىن 10 نەچچە مېتىر يىراقلىقتا ئاشخانا ۋە باغۋەننىڭ ئۆيى بار. ھويلىنىڭ بىرقانچە يېرىگە داش قازان ئېسىلغان، بىرنەچچە قاسساپ قوي سويۇۋاتاتتى، بىرنەچچە ئاشپەز، ناۋاي ئاش - تاماق تەييارلىقى بىلەن ئاۋارە ئىدى. شەھەردىكى چوڭ - چوڭ بايۋەچچىلەر دوتەينىڭ سەيلىسىنى قۇتلۇقلاپ، بىرنەچچە سازەندە، لەتىپىچى، قىزىقچى، چاقچاقچىلارنى، خىلمۇخىل سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ چىقىشقان؛ بەزىلىرى قوي - كالا، يەل - يېمىش ئېلىپ كېلىشكەن.

بۇ يەردە كېچىمۇ كۈندۈزگە ئايلىنىپ كەتتى. ئىش رىھىمبەگنىڭ ئويلىغىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئۇ بىر تۈرلۈك تەييارلىق قىلغان بولسا، باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر نەچچە تۈرلۈك تەييارلىق قىلىپ

كەلگەن ئىدى. بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى رىھىمبەگدىن بىسوراق
ئىلىپ بىرىلمايتتى. دوتەينىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۆچۈن سويۇلۇۋاتقان
قويلار كۆپەيمەكتە ئىدى. رىھىمبەگ ئۆزىنىڭ ساھىبخانلىقىدىن بەكمۇ
خۇشال، شۇ ۋەجدىن ئۇ پات ـ پاتلا دوتەينىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ
تۇراتتى. بۈگۈن سەيلە ـ تاماشىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. كۈندۈز-
دىكى باغ سەيلىسى، سازەندىلەرنىڭ يېقىملىق سازلىرى، ناخشىچى
سەتەڭلەرنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ مەجنۇنتالدەك
ئەۋرىشىم نازغىشلىرى، سەتەڭلەرنىڭ شوخ ـ ئويناق كۆزلىرىدىن لەززەت
ئېلىپ ھوزۇرلىنىش، ناۋات چاي بىلەن مەجۈن كاپ ئىچىپ كەيپ
سۈرۈش، يەنە كېچىلىك ئولتۇرۇشلاردىكى سۈتتەك ئاپئاق تۇڭگان
خېنىملىرىنىڭ ناز ـ كەرەشمە ئىچىدىكى كۈلكە ـ چاقچاقلىرى دوتەينىڭ
كۆڭلىنى بۆلەكچە كۆتۈرۈۋەتتى. دوتەينىڭ روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن
ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى سازەندىلەر تۈن تەڭگىچە نەغمە ـ ناۋا
قىلىشتى، داستان ئوقۇشتى، قوشاق قېتىشتى، ئاخىرىدا مەشرەپ
باشلىنىپ كەتتى. مەشرەپتىكى «بىر ئەرگە ئىككى خوتۇن ئېلىپ
بېرىش»، «تامغا سۈرەت تارتىش» قاتارلىق ئويۇنلاردىن دوتەي كۈلۈپ ـ
تېلىقىپ كەتتى. مەشرەپ ئاياغلاشقاندا، بىرقانچە تۇڭگان چۆرە قىز ـ
چوكانلار دوتەينىڭ خىزمىتىدە بولدى.

«بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، بۇ
يەرگە ھەر خىل مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن كەلگەنلەرمۇ يوق ئەمەس.
شەھەر بايۋەچچىلىرى، يامۇلنىڭ تۇڭگان چۆرىلىرى، ناخشىچى، سازچىلار-
نىڭ ئۆز ئالدىغا خىيالى بار ئىدى. سازچىلار دوتەيگە يارىغۇدەك نەغمە
قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىنئام ئېلىشنى ئويلىسا، ناخشىچى سەتەڭلەر دوتەي-
نىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك ناخشا ئوقۇپ ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر
بولۇشنى، ئۇسسۇلچى تۇڭگان چۆرە قىز ـ جۇۋانلار دوتەينىڭ كۆڭلىنى
ئۇتۇپ، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىششنى ئويلايتتى. بۇ سەيلە ـ تاماشا بىر
قىسىم بايۋەچچىلەر ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ، ئۇلار دوتەيدىن ئوغرىلىقچە
خىلمۇخىل ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. كەچتە دوتەي ئارام

ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ داڭلىق سەتەڭلىرى بايۋەچچە غوجاملارنىڭ تۇرالغۇسىغا ئوغرىلىقچە كىرەتتى- دە، ئۇلارغا شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ، دىلىنى ئېرىتىپ، ئۆزىگە رام قىلاتتى. سەتەڭلەر مۇنداق ئىشلارغا قابىل بولغاچقا، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا مانا مەن دېگەن بايۋەچچىلەرنى ئىندەككە كەلتۈرەتتى. بۇ ئىشتا بايۋەچچە - غوجاملارنىڭ كۆڭلى ئېچىلسا، موللاقچى سەتەڭلەرنىڭ ئالقىنى تەڭگىلەرگە توشۇپ كېتەتتى. ئىچەرمەن بېگىملەر ئۇچتىن - تۆتتىن ئۇلپەتلىشىپ ئىچىپ، چېكىشەتتى. پۇلدار غوجاملار بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا كىرىپ قىمارنىڭ قايناملىغا شۇڭغۇپ كېتەتتى. خۇرجۇن - خۇرجۇن پۇل، يامبۇ، كۈمۈش تەڭگىلەر تاڭ ئاتقۇچە بىرىنىڭ قولىدىن يەنە بىرىگە سۇرۇلۇپ، قولى ياپتا بولغان بىرسىگە ئامەت كېلىپ ھەميانلىرى كۈمۈشكە توشاتتى.

ئەتىگىنى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ناماز بامداتتىن كېيىن چۈش - پېشىنگىچە ئۇخلىشاتتى. سەتەڭلەرچۈش - پېشىن بىلەن قوپۇشۇپ، ھاردۇق يەتكەن بەگ - غوجاملارنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا ناشتىلىق بېرەتتى. تېخى ئۇلار كىمنىڭ كۆپرەك ئۇتقىنى، كىمنىڭ ئۇتتۇرغىنىغىچە بەش قولدەك بىلىشىپ، ئۇتقان بەگ - غوجاملارغا سالجىدەك چاپلىشۋالاتتى. بەزىسى بەگ - غوجاملارغا ئەركىلەپ، ئۇلاردىن ئاخشام ئۇتقان قىماردىن چوتا ئېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. قىسقىسى، دۇتەينىڭ بۇ قېتىمقى سەيلىسى بەگ - غوجاملار، خېنىملار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولدى.

رېھىمبەگ بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. ئۇ ھاۋايى - ھەۋەس قازانلىرىنىڭ ھەممىسىدە قاينىغان ئىدى. تەلىيىگە يارىشا، ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئوڭدىن كەلدى. ئۇ ئاۋۋال شەھەرلىك بىر خېنىم بىلەن بىر كېچىنى ئايرىم خانىدا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ چاڭگىلىنى تەڭگىگە توشتۇردى؛ يەنە بىر ئاخشىمى ئىچتى، چەكتى. قىماردىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، ئۇتقان پۇل، يامبۇ، كۈمۈشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىسمەت دورغا ئارقىلىق ئۆيىگە ئەۋەتتى. بەگ ئىسمەت دورغىنىمۇ ئىنئام بېرىۋىدى، ئۇ شەھەردىن چىققان بىر خېنىمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ يۈرگەچكە، نۇرغۇن پۇل بېرىپ بۇ خېنىم بىلەن بىر كېچە

يېتىپ ۋىسالىغا يەتتى. ئۆچىنچى كۈنى ئىسمەت دورغا باشقا بىر خېنىم بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، بىر كېچە ياتا - ياتمايلا پوتكۈل ۋەجىمدىن ئايرىلىپ كەتتى. بەگ ئىسمەت دورغىنى ئەتىسى غەمكىن هالدا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدۇڭ؟— دەپ سورىدى.

— بېگىم، بۇنى بىر دېمىسىلە، پوتكۈل ۋەجىمدىن ئايرىلىپ كەتتىم.

— سېنى ۋەجىڭدىن ئايرىۋەتكەن كىم ئۇ؟

— بولدى، بېگىم، ئۇنى سورىمىسىلا، ئۆزۈمدىن ئۆتتى. مەن بىر كىچىككىنە دورغا تۇرۇپ، باي - غوجاملار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەندىكىن، ماڭا بۇ ئىشمۇ ئاز.

— ئېيتقىنا، سېنى زادى كىم ئالداپ كەتتى؟

— گۈلسۈم سەتەڭ.

— گۈلسۈم سەتەڭ دېدىڭما؟

— شۇنداق.

— هەي، سەن بەكمۇ يامان يەرگە چۈشۈپ قاپسەن، ئۇنىڭ نامى بار سەتەڭ. پۇل - مېلى كۆپ بولسىمۇ، كۆزى پۇل - مالغا تويمايدۇ. قايسىبىر يىلى بىرنەچچە بايۋەچچە ئاغىنىلەر كۆڭۈل ئېچىپ كېلىمىز، دەپ يېڭىشەهەرگە چىقتۇق. شۇ چاغدا يېڭىشەهەرنىڭ قىچىچىدىكى گۈلسۈم سەتەڭنىڭ باغ - هويلىسىغا باردۇق. ئۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۆزىمۇ تازا تولغان چوكان چاغلىرى، بارماقلىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەكلىرىدە ئالتۇن بىلەزۈك، قۇلاقلىرىدا ئالتۇن زىرە، كۆكسىنى تولدۇرۇپ تۆت قاتار مەرۋايىت ئاسقان ئىكەن. ئۇ بىزنى باغدىكى شىپاڭدا كۈتتى. تاماقتىن بۇرۇن قولىنى يۇيۇپ كۆز ئالدىمىزدىلا يانچۇقىدىن بىر تۇتام يېپيېڭى پۇل ئېلىپ قولىنى سۈرتۈپ چىلاپچىغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن بايۋەچچىلەر تېپىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى، هەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. قايتاشىمىزدا هەربىرىمىز بىر چاڭگالدىن كۈمۈش قويۇپ قايتىپ كەلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ سەتەڭنىڭ نامى قەشقەرگە

تارىلىپ، بىر ئەمەلدار ئۇنى دوتەي ياموُلىغا ياندۇرۇپ كەپتىكەن. ھىلىمۇ سەن ئۇنىڭ قولىدىن تىرىك چىقىپسەن.

— شۇنداقمۇ بىگىم. مەن مۇنداق نامى بار سەتەڭ ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەپتىمەن.

— ئۇنىڭ ھازىر تېخى سوُنغان ۋاقتى، ئۇ چاغدىكى پەيزىنىڭ ئوندىن بىرى قالمىدى. نېمىلا بولغان بىلەن يەنە پۇل ـ مىلى كۆپ. ھەرھالدا مۇنداق سەتەڭلەردىن ھەزەر ئەيلىمىسەڭ بولمايدۇ.

3

مېھمانـدارچىلىقنىڭ ئاخىرقى كۈنى تولىمۇ خاسىيەتلىك كۈن بولدى. لەڭگەرنىڭ «بۆۋى ئانام» دېگەن يېرىدە چېلىشىش بىلەن ئوغلاق تارتىشىش بولدى. ئوغلاقچىلار «بۆۋى ئانام»دىكى كەڭرى سايدا سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرۇشاتتى.

ئوغلاق ۋە چېلىشىشقا مۇش، ئوپال، تاشمىلىق، بوراخىلتاي، زەمىن، سايۋاغ، پاختەكلە، ئاۋات، بەشكېرەم، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق يۇرتلاردىن كەلگەنلەر بەكمۇ كۆپ ئىدى. ئاۋۋال چېلىشىش مەيدانى راسلاندى. يۇرت بىلەن يۇرتنىڭ چېلىشچىلىرى مەيدانغا چۈشۈپ ھايال يوقلا ئايرىۋاش بولاتتى. ئىككىنچى قېتىمدا يەڭگەن چېلىشچىلارنى يەڭگەنلەر بىلەن سىلىپ، چېلىشچىلارنىڭ نوچىلىرى ئايرىلاتتى. ئاخىرىدا يېڭىپ چىققان ياكى تەڭلىشىپ قالغان بىرنەچچە كىشىلا قالاتتى.

چېلىش ئاخىرلىشىپ، ئوغلاق تارتىشىش باشلىنىش ئالدىدا رېھمبەگ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ ئوغلاق تارتىشىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ياش ۋاقىتلىرىدا يۇرت ـ يۇرتتا ئوغلاق تارتىشىش بولسا، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي مۇش، ئوپال، تاشمىلىق، بورا خىلتايلارغىچە بېرىپ ئوغلاقتا نەتىجە ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئەل ـ جامائەتتىن ھېيىقمىسا، ئوغلاققا چۈشكەن بولاتتى. ئۇ ھازىر يۇرتنىڭ چوڭى بولۇپ

قالدى، ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن ئوغلاق تارتىشىپ يۈرسە، يۈز - ئابرۇيىغا دەخلى يېتەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئىسمەت دورغىغا باغلىدى. بەگ ئىسمەت دورغىنى تۆنۈگۈن كېچىلەپ يۇرتقا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ يوگۇرۇك ئېتىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. بەگ:

— ئىسمەت، بۈگۈن مەن ئوغلاق تارتىشىشقا چۈشمىسەممۇ، خۇددى ئوغلاق تارتىشىشقا چۈشكەندەك بىر خىل خۇشاللىق يۈرىكىمنى ئوينىتىپ تۇرىدۇ. سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا يۇرت ئىچىدىكى ئوغلاق تارتىشىشلاردا خېلى - خېلى ئوغلاقچىلارنى يەڭگەن. مەنمۇ سېنى چېۋەر - چاققانكەن دەپ دورغىلىققا تاللىغان. ئەمدى سەن مەن ئۈچۈن، يۇرت خەلقى ئۈچۈن ئوغلاققا چۈشىسەن. ئەگەر ئوغلاقتا ئۇتۇپ چىقساڭ، چوڭ ئىنئام بېرىمەن. سېنىڭ مىنىدىغان ئېتىڭغا خېلى - خېلى ئاتلار تەڭ كېلەلمەيدۇ. «رېھىمبەگنىڭ دورغىسى ئوغلاققا چۈشىدىكەن» دەپ، ئەل - جامائەتنىڭ كۆزى ساڭا تىكىلمەكتە، ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغىن،— دېدى.

— ماقۇل، بېگىم. سىلى مۇنداق ئۈمىد كۈتكەن يەردە، مەن ئوغلاقنى چوقۇم تارتىۋېلىپ، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا تاشلايمەن.

— ئەركەكتەك گەپ قىلدىڭ. ئاشۇنداق قىلساڭ، سېنىڭدىن ئۆمۈر بويى رازى بولىمەن.

ئوغلاقچىلارنىڭ مەيدانغا چۈشۈشىگە بىرەر سائەت قالغاندا، رېھىمبەگ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئوغلاق تارتىشىش سورۇنلىرىدا كىيگەن تون - سەرپايلىرىنى ئىسمەت دورغىغا كىيدۈردى. بەگنىڭ كىيىمى دورغىغا بەكمۇ ياراشتى ۋە بەگزادىلەردەك سالاپەتلىك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاتقا مىنىۋىدى، ھەممەيلەننىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. بىلمىگەنلەر: «ۋاي، قايسى يۇرتنىڭ بەگزادىسىكەن ئۇ؟» دەپ سورايتتى. بىلگەنلەر بولسا، ئۇنىڭغا ھەۋەس ئىچىدە قاراپ قويۇشاتتى.

بۈگۈن بۇ سورۇندا يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن ئاشپەز، ناۋاي، باققاللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇزاق يىل ئىمتاس تۇرغان بۇ سايلىق بۈگۈن شاۋقۇن - سۈرەنلىك بازارغا ئايلانغان ئىدى. دوتەي ئۈچۈن ئالاھىدە ئېگىز تاختايلىق سەھنە قۇرۇلغان بولۇپ، دوتەي بىرنەچچە ھەمراھلىرى

بىلەن ئوغلاقچىلارنىڭ مەيدانغا كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. رىھىمبەگ ئوغلاق تارتىشىشنىڭ ئاقساقىلى سۈپىتىدە سورۇننى باشقۇرۇشقا بەلگىلەندى. ئۇ ئوغلاق تارتىشىشنىڭ جىمى قائىدە - يوسۇنلىرىنى بىلگەچكە، ئوغلاقچىلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى.

ئوغلاق تارتىشىش باشلاندى. رىھىمبەگ بوغۇزلانغان ئوغلاقنى مەيدانغا ئېتىۋىدى، چېۋەر بىر ئوغلاقچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئوغلاقنى يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، چاتىرىقىغا قىستۇرغان پېتى چەكسىز كەتكەن ساي ئىچىدە توپا - چاڭ توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرقانچە ئوغلاقچىلار تەگلا ئات سالدى. ئاتلار دۈپۈرلىشىپ چاڭ - توزان ئىچىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چېپىپ يۈرۈپ كەتتى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، ئوغلاقچىلار بىر - بىرلىرى بىلەن ئوغلاق تارتىشىپ ئاخىر قايتىپ كېلىشتى. ئوغلاق تاشلايدىغان جايغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار ئىچىدە ئىسمەت دورغىنىڭ ئېتى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇ چاتىرىقىدىكى ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن جايغا تاشلىغاندا، رىھىمبەگنىڭ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئىسمەت دورغىنىڭ قولىدىكى ئاتنى ئېلىپ، دورغىنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ كەتتى.

— يىگىتتەك ئىش قىلدىڭ، ئىسمەت. ئەل ئىچىدە يۈزۈمنى يورۇق، تىلىمنى ئۇزۇن قىلدىڭ. نېمە تاپساڭ سەن تاپ، خۇدا سېنىڭ پۇت - قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن.

— بېگىم، بۇ رەھمەتلىرىنى ماڭا ئېيتماي، مۇشۇ ئاتلىرىغا ئېيتسىلا. بۇ ئات بولمىغان بولسا، ئوغلاقنى ئېلىپ كېلىشىممۇ تەسكە چۈشەتتى. بۇ ئاتنى ياخشى باققان چاكارلارغا رەھمەت.

— شۇنداق، ئاتمۇ ئۈمىدىمنى يەردە قويمىدى.

ئىسمەت دورغا ئوغلاقتا ئۇتۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، دوتەي ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تارتۇقلىدى. رىھىمبەگ خۇشاللىقىنى ئىچ - ئىچىگە سىغدۇرالماي، دورغىغا بىرنەچچە تەڭگە تارتۇق قىلدى. دورغا بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن يوقاتقان ۋەجىنى بۇ قېتىم يەنە ئۈندۈرۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ،

رىھىمبەگىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە باشلانغان بۇ مېھمان كۈتۈش خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيى يۇرت ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تىكلەندى.

× × ×

جامائەت ئىچىدە پاراڭ بولسىلا، ھەممەيلەن ھېلىقى كۈندىكى ئوغلاق تارتىشىش توغرىسىدا ئاغىزى بېسىلماي سۆزلىشەتتى:

— بېگىمنىڭ ئېتى ھەقىقەتەنمۇ چېۋەر ئات ئىكەن. بېگىم، بۇ ئاتنى كىم باقىدۇ؟

— ئاتنى ھېكىم باقىدۇ.

— بېگىم، چاكارلىرى ئاتنى ياخشى بېقىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئىنئام بەردىلىمۇ.

— ئاتنى باقسا ئىنئام بېرىدىغان ئىش نەدە بار. بۇ دېگەن چاكارلارنىڭ ئىشى تۇرسا. شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بىرەر - ئىككى تەڭگە بېرەي دېگەن ئىدىم، بىراق خوتۇن - بالىسى يوق، بويتاق بولغاندىن كېيىن، بۇزۇپ چېچىۋېتەرمىكىن دېدىم. ئوبدانراق لايىق چىقسا، ئۇنى ئۆيلەپ قويارمەن.


— تازا توغرا ئويلاپلا. شۇنداق قىلسىلا بېگىم، يېتىمگە شەپقەت قىلسىلا، ھەج قىلغاننىڭ ساۋابىنى كۆرىدىلا.

— بېگىم، سىلىنىڭ ئاتلىرى ئوغلاقتا ئۇتۇپ چىققاندىن كېيىن تالاشقا چۈشۈپ قاپتۇمىش. ئاڭلىساق، خانئىبرىق قارىسى ئابدۇغوپۇر-ھاجىم بۇ ئاتقا خېرىدار بوپتىكەن، ئوپاللىق ئەمەتبەگ ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇ: «رىھىمبەگىنىڭ ئوغلاقتا ئۇتقان ئېتىنى ئالغىنىم ئالغان. خانئىبرىقلىق ئابدالنىڭ بۇ ئاتنى ئالغىنىنى بىر كۆرەي» دەپتۇ.

— ھا... ھا... ھا... تېخى شۇنداقمۇ ئىش بوپتۇمۇ؟ «سەۋزىندىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دەپ، مېنىڭدىن سورىمايلا تېخى ئېتىمنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا جېدەل - ماجىرا قىلىپ كېتىشكىنىنى.

— بېگىم، بۇ ئاتنى قولدىن چىقارمىسىلا جۇمۇ. بۇ قېتىمقى ئوغلاق سىلىگە شان - شۆھرەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە يۇرتىمىزنىڭ ئابرۇيىنىمۇ كۆتۈردى. بەگ - غوجاملار پۇلنى جىق بەرسە، يەنە بۇ ئاتنى سېتىۋەتمىسىلە.

— يوقسۇن، يوقسۇن، ساتامدىغان. بۇ ئاتنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن، ئاتايىن كۈندە ئىككى - ئۈچ ۋاخ يوقلايمەن.



# ئۈچىنچى باب

## يامۇل يارلىقى

### 1

بەشىنچى ئاي كىرىپمۇ شەھەر ئىچىدىكى ئېرىقلارغا سۇ كەلمەي، چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن توپا ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. قىشچە ھۆل - يېغىن بولمىغاچ، ئۇششاق - چۈششەك كېسەللىكلەر كۆپىيىپ كەتتى. قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ ئەتىيازنىڭ بېشىغىچە ئۆلۈم - يېتىم ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

تۈمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئايرىلغان بىر ئۆستەڭ سۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى بىلەن ئېقىپ «ئۆستەڭبويى» دېگەن جايدىن ئۆتۈپ شەرققە بۇرۇلۇپ، كەڭ كەتكەن زاراتگاھلىقنى ئايلىنىپ، «قۇمئېرىق مەھەللىسى» ئارقىلىق شەھەرنىڭ غەربىدىكى «توققۇزاق دەرۋازىسى» يېنىدىن شەھەر ئىچىگە كىرگەندە ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. XIX ئەسىردە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتكەندىن كېيىن، ئارىلىقتىكى سېپىلنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان شەھەر ئۆستىڭى ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شامالباغ يولىنى بويلاپ ئېلىنغان سېپىل ۋە خەندەكنىڭ ئارىلىقىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز بولغاچقا، شەھەرنىڭ سۇسىز قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياغاچ نور بېكىتكۈزگەن. يولۇچىلار ياغاچ نورنىڭ ئاستىدىن بىمالال ماڭالىغاچقا،

بېكىتىلگەن نور قاتناشقىمۇ تەسىر يەتكۈزمىگەن. شۇنداق قىلىپ، نور بېكىتىلگەن بۇ مەھەللىنىڭ نامى «نوربېشى» دەپ ئاتالغان.

نوردىن ئۆتكەن سۇ سېپىل ئاستى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، تارماق ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. نوربېشى ئېرىقىنىڭ بىر بۆلىكى «ئېگىز ئېرىق»تىن ئۆتكەندە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى ھېيتگاھ جامەسى ئىچىدىكى كۆللەرگە قۇيۇلاتتى. يەنە بىر تارمىقى جەنۇب تەرەپتىكى كۆللەرنى، جۈملىدىن ئۆستەڭبويى گۈزىرىدىكى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ چاپتۇرغان «تۆشۈكچە كۆل»، خەزىنىچىبەگ مەھەللىسىدىكى «تورۇمتاي كۆلى»، ئارقا ئوردا ياكى ئاق ئوردا مەھەللىسىدىكى قۇربان دورغا چاپتۇرغان «دورغىبەگ كۆلى»، «قارا قىر» دەرۋازىسى يېنىدىكى «تۇردى شەيخ كۆلى»، شۇنىڭدەك قۇمئېرىق (ھازىرقى ئوردائالدى)تىكى ئۆمەر ھاكىمبەگ چاپتۇرغان «ئوردا ئالدى چوڭ كۆلى»نى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى.

مانا ئەمدى شەھەر ئۆستىڭى قۇرۇپ كەتتى، شەھەر ئىچىدىكى كۆللەردىن سۇ ئىچىدىغان ئاھالىلەرنىڭ كۈنى قىيىنلاشتى. نۇرغۇن ئاھالىلەر تۈمەن دەرياسىدىن، بۇلاقبېشىدىن سۇ توشۇپ ئىچىشكە توغرا كەلدى. شەھەر خەلقى بۇ قىيىنچىلىققا چىدىماي، ئاخىر يامۇلغا ئەرز سۇندى. بۇ ئىش دوتەي يامۇلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، دوتەينىڭ بېشى قېتىپ، ئاخىر باش قوشۇش ئارقىلىق بىر پىكىرگە كېلىشنى ئويلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ، باش قوشۇش يىغىلىشىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىلىشقا شەھەر بويىچە كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىسلام داموللا، قازى داموللا، داموللا - ئۆلىمالار، مۇدەررىسلەر، ئاتىقى بار بايلار، بىر قىسىم بەگلەر ئىشتىراك قىلىندى. باش قوشوش مەجلىسىدە دوتەي سۆزلىدى:

— مۆھتەرەم مېھمانلار، بۈگۈن ھەرقايسىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار. ھەممىلىرىگە مەلۇم، يىل بېشىدىلا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ھۆل - يېغىن كەمچىل بولغاچقا، نۇرغۇن يۇقرالار كېسەللىكتىن ئۆلۈپ كەتتى. شەھىرىمىزنىڭ دائىرىسى كەڭ، پۇقرالار زىچ

ئولتۇراقلاشقان. شەھەر ئىچىدىكى ئېرىق - كۆللەر قۇرۇپ، يۇقرالار تۆمەن دەرياسىدىن سۇ توشۇپ ئىچىۋاتىدۇ. بىرقانچە يۇرتنىڭ مىراپلىرىنى سۇ بېشىغىچە ئەۋەتتىم، يۇقىرىدىمۇ سۇ ئاز ئىكەن، ئۇزاق يىل چېپىلمىغان شەھەر ئۆستىڭىنىڭ باش قىسمى تىنىپ كەتكەچكە، باشتىن كەلگەن بىر قىسىم سۇ سايغا ئېقىپ كېتىپ، شەھەر ئۆستىڭىگە سۇ كەلمەيۋاتىدۇ. شەھەر ئۆستىڭىگە سۇ باشلاش ئۈچۈن، تىنىپ كەتكەن جايلارنى چېپىشقا توغرا كېلىدۇ...

دوتەي سۆزلەۋېتىپ، ئولتۇرغانلارغا مەنىلىك قاراپ قويدى. مەجلىس ئەھلى لام - جىم دېمەي، جىمجىتلىق ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشاتتى. دوتەي يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شەھىرىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى بار. ھىندىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ئىران، ئىراق، تۈركىيەلەردىن بۇ شەھەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شەھەردە قۇرغاقچىلىق بولسا، شەھىرىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە، چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ يۈزىگىمۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا، تېز پۇرسەت ئىچىدە ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كېلىشتەك مۇشكۈل ۋەزىپىنى قايسى بەگلىك ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىسا بولار؟

— شەھەر ئۆستىڭىنىڭ باش قىسمى رېھىمبەگ سوراۋاتقان يۇرتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۆستەڭ چېپىشنى ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن،— دېدى قازى داموللا.

— بۇ دانا پىكىر بولدى،— دېدى ئىسلام داموللا،— رېھىمبەگ ئىشلىسە تازا مۇۋاپىق. شەھەر خەلقىدىن ھاشار پۇلى يىغىپ بېرەيلى. ئۇ پۇل بىلەن ھاشارچىلارنىڭ بىر ۋاخ قورسىقىنى باقسۇن.

— شۇنداق قىلايلى. شەھەر خەلقى ئۆز تىجارىتىنى قىلسۇن، بىراق ھاشار پۇلى تۆلىسۇن.

دوتەي داموللا - ئۆلىمالارنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، باش لىڭشىتىپ قويدى- دە، كەسكىن - كەسكىن قىلىپ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىدى:

— كۆپچىلىك ئېيتقاندەك، بۇ ئېغىر يۈكنى رېھىمبەگ ئۈستىگە

ئالسۇن. بۇگۈن ـ ئەتىدىن قالدۇرماي، ياмۇل نامىدىن يارلىق يېزىپ رىھىمبەگكە چۈشۈرەيلى، قالغان ئىشلارغا ياмۇلنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلىرى ياردەملىشىدۇ. مۆھتەرەم جانابلار، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارساق، ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان گەپ.

— دوتەي جانابلىرى، بۇ ئىشنى مەجلىستە بېكىتىپ، ۋەزىپىنى رىھىمبەگنىڭ زىممىسىگە ئارتىلا. ئەمدىكى گەپ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا قالدى. قانداق تاپشۇرۇقلىرى بولسا، مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا تاپىلىسىلا، بىز جان ـ دىل بىلەن ئورۇندايمىز،— دېدى پەرىشتىدەك ئايئاق ساقىلىنى تىترىتىپ سۆزلەپ يۇنۇس داموللام.

— مۇنداق قىلايلى،— دېدى ئىسلام قازى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،— مەن دوتەي جانابلىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن. ياмۇلدىن يارلىق چۈشسە، پۇقرالارنىڭ بويسۇنماي ئامالى يوق، شەھەر خەلقىمۇ ھاشار پۇلىنى غىڭ ـ پىڭ دېمەي بېرىدۇ. ياмۇلدىكى بىرنەچچەيلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن ھاشار پۇلىنى يىغسا، بىرقانچە قوي ـ كالا ئېلىپ بېرىپ سويۇپ ھاشارچىلارغا نەزىر قىلىپ بەرسە، ھاشار چاپقان خەلقنىڭ غەيرىتى ئېشىپ، ئۆستەڭ چېپىش ۋەزىپىسىمۇ تېز پۇرسەت ئىچىدە ئورۇندىلىدۇ. شەھەر خەلقىنىڭ ئارزۇسى ھەل بولۇپ، ئاۋام خەلق دوتەي جانابلىرىدىن رازى بولىدۇ. مانا بۇ، ئەل رايىنى مايىل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

— ئەمسە شۇنداق بولسۇن،— دوتەي ئىسلام قازىنىڭ پىكرىگە رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان پۇتۇكچىلەرگە قاراپ،— تېزرەك يارلىق چۈشۈرۈپ پەرمانىمنى رىھىمبەگكە يەتكۈزۈڭلار،— دەپ تاپىلىدى.

## 2

رىھىمبەگ ناماز ئەسىردىن يېنىپ جامائەت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ تاشقارقى ھويلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئاختىخانا ئالدىدا ئېتىنى سىيلاپ ـ تاراپ، قوناق يېدۈرۈۋاتقان ھېكىمنى كۆرۈپ،

ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.
— ھېكىم، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟
— بەگ ئاتا، ئاتنى تاراپ، قوناق يېدۈرۈۋاتىمەن.
— ناھايىتى ياخشى قىپسەن، ئاڭلىسام جىمى ئادەملىنىڭ كۆزى مۇشۇ ئاتتىكەن. خانئىرىق قازىسى ئابدۇغوپۇرھاجىم ئىتىمغا خېرىدار بوپتىكەن، ئۇپاللىق ئەمەتبەگ ئاڭلاپ، «ئاتنى ئۆزۈم ئالىمەن» دەپ، ھاجىمغا ھەسەت قىلىپ يۈرۈپتۇمىش.
— ئاتنى ساتمايدىغانلا؟
— مۇنداق ئىسىل ئاتنى ساتامدىغان. قارا ئۇنىڭ بويۇن - قۇلاقلىرىغا، بوينى قىسقا، يايلىسى ئۇزۇن، قۇلىقى كىچىك، پۇتى ئۇزۇن ھەم مەزمۇت. بۇ ئاتنى قولدىن چىقىرىپ قويسام، ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ تاپالماي قالىمەن.
— راست دېدىلە، بېگىم. مۇنداق ئىسىل ئاتنى تاپماق بەك تەس.
— سەنمۇ ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئاتنى ئوبدان باقتىڭ. بۇ ئەجرىڭنى يەردە قويمايمەن.
— بۇ دېگەن مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. سىلى دېگەن ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتسىلا، بۇ قانچىلىك ئىشتى. ئات ئوغلاقتا ئۇتۇۋېدى، ھەممىمىز خۇشال بولدۇق. مۇنداق ئاتنى قانچىلىك باقسا ئەرزىيدۇ، دېسىلە.
— ئاتقا ئوبدان قارىغىن- ھە.
رېھىمبەگ ئاختىخانىدىن ئايرىلىپ تاتلىق خىيالغا چۆمۈلۈپ، باغنى، گۈللەرنى ئارىلىدى. بۇ يىل يىل بېشىدىلا قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، باغقا بىرەر قېتىممۇ سۇ كىرمىدى. باغدىكى كۆلنىڭ سۈيىمۇ سارغىيىپ، غەلىتە تۈسكە كىرىپ قالغان ئىدى. رېھىمبەگ بىردىنلا يۇرت ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان قۇرغاقچىلىقتىن ئەندىشە قىلدى. «ئاڭلىسام، شەھەردىكى كۆللەردىمۇ سۇ قالماپتۇمىش، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىش يامان بولدى. بىزنىڭ يۇرتنىڭ يەرلىرىگىمۇ شەھەر ئۆستىڭىدىن سۇ كىرىدىغان تۇرسا. يۇرت ئىچىدىكى نەچچە يۈز مىڭ چارەكلىك يەرگە سۇ

بولمىسا، قانداقمۇ دىھانچىلىق قىلغىلى بولار؟»

شۇ چاغدا ھېكىم ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن پۈكۈلۈپ تۇرۇپ رەھىمبەگكە سالام قىلدى.

ــ بەگ ئاتا، سىلىنى يامۇلدىن چىققان بىرەيلەن ھويلىدا ساقلاپ قالدى.

بەگ ئىپسىنى يىغىپ ھېكىمگە قارىدى، ئاندىن بىر ئىشنى ئاڭقىرالمىغاندەك، ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ يامۇلدىن ئادەم چىقىپتۇ دىدىڭما؟

ــ شۇنداق بېگىم، يامۇلدىن بىرسى چىقىپتىكەن، تاشقارقى ھويلىدا سىلىنى ساقلاپ قالدى. بېگىم بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار دەيدۇ.

بەگ ئالدىراپ باغدىن چىقتى، تاشقارقى ھويلىغا چىقىپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان يامۇل خىزمەتچىسىنى كۆرۈپ، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ ئاتايىن يامۇلدىن چىققاندا، جانابلىرىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن. قېنى، ئۆيگە كىرسىلە.

يامۇل خىزمەتچىسى رەھىمبەگنىڭ باشلىشىدا پەلەمپەي ئاتلاپ پېشايۋانغا چىقىپ، بەگنىڭ مېھمان كۈتىدىغان ئايرىم خانىسىغا كىردى. بەگ ئۇنى دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىگە باشلىدى. خىزمەتچىلەر ھايال يوقلا داستىخان بىلەن چاي كەلتۈردى. بېگىم يامۇل خىزمەتچىسىنى چايغا زورلاپ، ئۆزى يەنە تاتلىق خىيالغا چۆمۈلدى. «قانداقلا بولمىسۇن، بۇ يامۇل خىزمەتچىسى ماڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۆتكەندە لەڭگەردىكى سەيلىدە دوتەي مەندىن بەكمۇ رازى بولغان، دوتەي بۇ ئىش ئۈچۈن بولسىمۇ مېنىڭ مەرتىۋەمنى يۇقىرىلىتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنمىدۇ؟ ھېچ بولمىسا، يەنە مېنىڭ بەگلىكىمگە بىرقانچە يۇرتنى قوشۇپ بەرگەنمىدۇ؟!»

رەھىمبەگ ئاشۇنداق خىيال بىلەن بۇ كىشىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. خىزمەتچىمۇ بەگنىڭ خىيالىنى چۈشەنگەنـ

ـدەك، چاينى بىر ـ ئىككى ئوتلاپ، پىيالىنى داستىخانغا قويۇپلا، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى.

— ھۆزۈرلىرىغا كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئايىمنى ئېيتىپ ئۆتەي. بۇ يىل يىل بېشىدىلا قۇرغاقچىلىق بولدى. يېزىدىمۇ، شەھەردىمۇ سۇ قىس بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ شەھەر خەلقى ئىچىدىغان سۇدىن قىسىلىپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك دوتەي جانابلىرى شەھەر كاتتىلىرى بىلەن يىغىلىش قىلىپ، شەھەر ئۆستىڭىنى چېپىشنى مەسلىھەت قىپتىكەن. مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئۆزلىرىگە يارلىق ئەۋەتتى،— دېدى ـ دە، قويۇن يانچۇقىدىن خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان يارلىقنى ئېلىپ رېھىمبەگكە قوش قوللاپ سۇندى.

بەگ يارلىقنى ئېلىپ ئېتىك ـ ئېتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئېغىر تىنىۋالدى، يارلىقنى كۆرۈپ بەگنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىگە يۈكلەنگەن بۇ مۈشكۈل ۋەزىپە توغرىسىدا ئويلىنىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقى يوغىناپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھازىر مۈشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى. دوتەينىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلماي نىمە ئامال. «ياق، مەن بۇ ئىشنى قىلمايمەن» دېسۇنمۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس. «ئاتقان ئوق يانمايدۇ» دېگەندەك، يامۇلنىڭ يارلىقى مۇقەددەس ئىدى.

— دوتەي جانابلىرى خاتىرجەم بولسۇن،— دېدى بەگ يامۇل خىزمەتـ ـچىسىگە،— ۋەزىپە قانچىلىك مۈشكۈل بولسىمۇ، ئۇنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنداشقا تىرىشىمەن.

— بېگىم، دوتەي جانابلىرى سىلىگە بەك ئىشىنىدىكەن، شۇنچە كۆپ بەگلەر ئىچىدە سىلىگە ئەقىدە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىسىلا. دوتەي جانابلىرى ھاشارغا چىققانلارنىڭ تامىقى ئۈچۈن شەھەردىكى تىجارەتچىلەردىن پۇل يىغىپ بېرىدىغانلىقىنى سىلىگە تاپىلاپ قويۇشنى ئېيتتى.

— شۇنداقمۇ؟— دېدى بەگنىڭ تۇتۇلغان چىرايى سەل ـ پەل ئېچىلىپ،— دوتەي جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت.

رېھىمبەگ دوتەيىنىڭ بۇ قېتىم ئۆزىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىدىن چەكسىز خۇشال بولدى. چۈنكى، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ خەزىنىسىگە نۇرغۇن پۇل كىرەتتى. تېخى بۇنىڭدىن سىرت، قول ئىلكىدە بارلار بېگىمگە ھاشار پۇلى تاپشۇراتتى. ئۇ ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان مەنپەئەتنى ئويلاپ جانلىنىپ كەتتى.

— دوتەي جانابلىرىغا ئېيتىپ قويسىلا، مەن چوقۇم دوتەيىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىمەن.

— ماقۇل، ئەمىسە مەن قايتاي،— دېدى ياMۇل خىزمەتچىسى دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نېمىگە ئالدىرايلا، ئاران بىر كەلگەندە كەچلەپ كىرىپ كەتسىلە. خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇتۇپ قوي سويدۇراي، ئالدىلىرىغا تۇزۇكرەك چىقالمىدۇق.

— رەھمەت، ھازىر قايتىپ كىرىپ دوتەي بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئىشنىڭ جاۋابىنى بېرىمەن.

— دوتەي بىلەن كۆرۈشكەندە، مېنىڭ ياخشى گېپىمنى كۆپرەك قىلىپ قويارلا،— دېدى رېھىمبەگ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ياMۇلنىڭ يارلىقنى ئورۇندايدىغانلىقلىرى توغرىسىدا دوتەي جانابلىرىغا ياخشى گەپلىرىنى قىلىمەن.

رېھىمبەگ ياMۇل خىزمەتچىسى بىلەن پاراڭلاشقاچ ھويلىغا چىقتى، ھېكىم مېھمانىنىڭ ئېتىنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. رېھىمبەگ تەكەللۇپ بىلەن بىر خالتا قۇرۇق يەل - يېمىشنى سوۋغا قىلىپ، مېھماننى ئۇزىتىپ قويدى.

3

ئۆستەڭ چېپىش ھاشىرى شەھەردىكى چوڭ كىچىك سودىگەرلەر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغىچە ھەممىنىڭ بېشىغا كەلدى. ياMۇلدىن يارلىق چۈشكەندىن كېيىن، ياMۇل بىر ھەسسە يارلىق چۈشۈرسە، ھاشار

ئۆچۈن پۇل يىغقۇچى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار يامۇلنىڭ يارلىقىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ئىككى ھەسسە ھاشار پۇلى يىغاتتى. بۇ ئىش چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلا ئۆچۈن بىر قېتىملىق بايلىق توپلاش بولدى.

شەھەر كوچىلىرىدا «ئۆستەڭ چېپىش ھاشىرى»غا پۇل ـ پۇچەك يىغىدىغانلار كۈن بويى ئۆكسۈمەيتتى، دورغا ـ يايىلار ئۆيمۇئۆي، دۇكانمۇدۇكان ئارىلاپ يۈرۈپ پۇل يىغىپ، بىر قىسمىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرسا، قالغان قىسمىنى ئۆز يانچۇقىغا سالاتتى. بۇ ئىشنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن دورغا ـ يايىلار بارغانچە ئىتتىكلەپ كەتتى. بارغانلا جايدىن پۇل يىغىۋالمىسا قايتىپ كەلمەيدىغان، بېرىدىغان پۇلى بولمىسا، مال ـ مۈلۈك ئالىدىغان بولدى. پۇل ـ مېلى بولمىغانلارنى ھاشارغا ھەيدىدى. پۇلى يوق يوقسۇللارنىڭ بېشى قاتتى. ئامالسىز قالغان شەھەردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۆستەڭ سېلىقىنى تۆلىيەلمەي ھاشارغا ماڭدى. شەھەر ئىچىدە يوقسۇللار كۆپ بولغاچقا، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئادەملەر ھاشارغا ئېلىپ چىقىلاتتى. بۇ ئىشتا شەھەردىكى ئىگە ـ چاقىسىز تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇللارغا بەك ئۇۋال بولدى. ھاشارغا بېرىدىغان پۇلنى بېرەلمەيدىغان، ھاشارغىمۇ چىقالمايدىغانلارغا قىلچە رەھىم قىلىنماي، دورغا ـ يايىلار ئۇلارنى ئۇردى، تەڭ تۇرغانلارنى سولىدى. سېلىقنى بەرمىگەنلەرنىڭ ئۆي ئىچىنى بۇلاپ ـ تالىدى. شەھەر ـ يېزىلاردا قىيامەت قايىم بولدى.

يېزىدىكى ھاشار شەھەردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. رېھىمبەگ يۇرت ـ يۇرتتىكى يۈزبېشى، ئونبېشى، دورغا ـ يايىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئومۇمىي خەلقنى ئۆستەڭ ھاشىرىغا ھەيدىدى. بىر قىسىم بايلار ھاشار ئۆچۈن پۇل تۆلىدى. ئەزەلدىنلا ھاشار ـ مەدىكارغا كۆنۈپ كەتكەن دېھقانلار غىڭ ـ پىڭ قىلماي ھاشارغا ماڭدى. پۇلى يوق بىر قىسىم دېھقانلار ئاشلىق ـ تۈلۈك، چارۋا ماللىرىنى سېلىق ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ قېتىمقى ئۆستەڭ ھاشىرىدا رېھىمبەگ يەنە بېيىدى. ساگلىرىغا ئاشلىق ـ تۈلۈك، قوتانلىرىغا چارۋا مال پاتمىدى. بەگ بىر ھەسسە سېلىق چۈشۈرسە، يۈزبېشى، ئونبېشى، دورغا دېگەنلەر ئىككى ھەسسە سېلىق

يىغىپ يانچۇقلىرىنى تولىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ پايدىدىن ۋاز كېچەلمەي، مەھەللىمۇ مەھەللە تىمىسقىلاپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى ئۆيلەرگىچە كىرىپ، پۈتكۈل يۇرت ئىچىنى ئالا قويمىدى. ئۆستەڭ ھاشىرىغا ئۇچرىمىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى. دېھقانلار بۇ ھاشاردىن زار قاقشىدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان قىش دېھقانلارنىڭ ئۆگزىسىنىمۇ قۇرۇقداپ بولدى. ئاپرېلدا قۇرۇق كاتتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. دېھقانلار يەنە بىر - ئىككى مو يەرگە قوغۇن، تاۋۇز، سەي - كۆكتات تېرىمىسا بولمايدۇ. قوش كالىسىغا ھەلەپ بەرمىسە سايان سۆرىيەلمەيدۇ. ھازىر 5- ئاي، بۇغداي 7- ئايدا پىشىدۇ، يېڭى ئاشقا يەنە ئىككى ئاي بار. بىر قىسىم دېھقانىنىڭ قولىدىكى ئاشلىق ئاران بىر ئايغا يېتىدۇ، يەنە قالغان ئايغىچۇ؟ ھازىر دېھقانىنىڭ ھالى بىلەن ھېسابلىشىدىغان ھېچ كىشى يوق. يۈزبېشى، ئونبېشى دورغا - يايى دېگەنلەر دېھقانلارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى يوق، ھەممىسى قانداق قىلىپ ئۆز يانچۇقىنى پۇلغا تولدۇرۇشنىڭ غېمىدە يۈرىدۇ.

ئىسمەت دورغا ئېتىنى مىنىپ گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، ھاشار بولۇۋاتقان جايغا كېلىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ ئاي - مۇشۇ كۈنلەردە ناھايىتى مەغرۇر يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ دوتەي غوجام سەيلىگە چىققان ھېلىقى چاغدىكى ئوغلاق تارتىششتا بېگىمنىڭ ئېتىنى مىنىپ ئوغلاقتا ئۇتتۇۋىدى، بېگىم ئاز - تولا ئىنئام بېرىپ، يالاڭ قەۋەت يېپتا ئۇچۇرۇپ، بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ ماختاپ قويۇۋىدى، ئۇ يۇرت ئىچىگە پاتماي قالدى. ئەمدى «ئۆستەڭ ھاشىرى» كەلگەندە، ئىسمەت دورغا تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇ يۇرت ئىچىدە ھەرقانداق ئادەمگە گۈركىرىيەلەيدىغان، يوغان - يوغان تولۇپ ئالايدىغان، گېپى ئۆتمىسە قامچىسىنى ئىشلىتىدىغان بولدى.

ئىسمەت دورغا ئات ئۈستىدە قىڭغىر ئولتۇرۇپ ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، چالا قالغان خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى. رىھىمبەگ تونۇگۈن ئۇنى قىچقارتىپ، ھاشارچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىۋىدى، يۇرت - يۇرتتىن ھەيدەلگەن ھاشارچىلارنى سانى بىلەن ئېيتىپ

بەردى، بەگ خۇشاللىقىدىن ئۇنى ماختاپ كەتتى. بۈگۈن كەچقۇرۇن بەگنىڭ ئىش مەيدانىغا چىقماقچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇ بەگدىن بالدۇرلا ئىش مەيدانىغا كېلىۋاتاتتى، يىراقتىن ئىسمەت دورغىنى كۆرگەن ھاشارچىلار ئاغزى بىسىلماي ئۇنى تىللىغىلى تۇردى.

— بۇ غالچا بۇ يەرگە كېلىپ يەنە نېمە شۇملۇقلارنى قىلىدىغاندۇ؟

— نېمە شۇملۇقلارنى قىلاتتى، بىگىم ئەل - ئاۋامنى قاقشىتىپ يىغقان ھاشار پۇلىدىن ئىنئام بەرگەن بولسا، شۇنىڭ تاتلىقىدا بىزنى كېچە - كۈندۈز ئىشلەتكىلى كەلگەن گەپ.

— ئۇنىڭ خوتۇنىنى يۈزبېشى بىلەن ئاشنا ئويناي دىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

— ئۇنداقتا، خوتۇنىنى سولاپ بېرىپ، يۈزبېشىدىن ئىنئام ئالىدىكەندە.

— ئارىمىزدىن بىرەر ئەركەك چىقىپ ئۇنىڭ خوتۇنىنى جايلىمىغاندىن كېيىن، يۈزبېشى جايلىسا نېمە بوپتۇ.

— ھەي تۇرەك، سېنىڭ ئۆيۈڭ دورغىنىڭ ئۆيىگە يېقىن. دورغا يوق چاغدا ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنى جايلاپ قويساڭ بولمامدۇ؟

— قويۇڭلا بۇ گېپىڭلىنى، مۇنداق قىلسام ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمەن، جالاپ خوتۇنى دەپ دورغىنىڭ تايىقىنى يەمدىمەن؟

— قويە سېنى، نېمىدىن قورقاتتىڭ. چۆچەكلەردە باينىڭ خوتۇنى مالايلىرى بىلەن ئوينىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. ئىشقىلىپ، سەن كارغا كەلمەيسەن. بىر - ئىككى قېتىم تېتىغۇدەك بىر ئىش قىلىپ قويساڭ، دورغىنىڭ خوتۇنى ئاشنىسىغا دەپ يۈرۈپ ساڭمۇ ئۇنبېشىلىق مەنسىپىنى ئېلىپ بېرەتتى.

— ھا... ھا... ھا...

تۇرەك سەل قىزاردى- دە، چېپىۋاتقان كەتمىنىنى تاشلاپ، نۇرەكنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى:

— ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، كىم كارغا كەلمەيدىكەن؟ سىڭلىڭنى ئەكەلمەسەن، كارغا كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بىر كۆرسىتىپ قوياي.

— هاي... هاي... چاقچاق دېگەن چاقچاق بولسۇن. دورغىنىڭ خوتۇننى تالىشىپ ئۇرۇش - جېدەل قىلماڭلار،— يېشى 30 دىن ئاشقان بىر يىگىت ئارىغا چۈشۈپ، بۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى.

— يوقىلاڭ گەپنى تالىشىپ ئۇرۇشقۇدەك نېمىسى بار. ھەممىمىز بىر يۇرتنىڭ بالىلىرى تۇرۇپ، ئۇرۇش - جېدەل قىلساق قانداق بولىدۇ؟

— شۇنداق، ھەممىمىز ئاكا-ئۇكىغا ئوخشاش تۇرۇپ بىھۇدە جېدەل قىلساق بولمايدۇ. كۆچۈڭلارنى كەتمەنگە ئىشلىتىپ، چامنى چاپسانراق چاپساق، بالدۇرراق قايتىپ كېتىمىز ئەمەسمۇ؟

بىرسى بىرنېمە دېسە، يەنە بىرسى بىرنېمە دەپ، بۇ ئىككىسىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ جېدەل قىلىشىغا يول قويمىدى. تۇرەك ئاچچىقىدا بىر كەتمەن لاي ئېتىۋىدى، ئۇلارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان دورغىنىڭ پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالدى. ھېلىقى گەپلەرنى يىراقتىن ئاڭلاپ ئوغىسى قايناپ كەلگەن دورغىنىڭ ئەمدى تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— قايسى ھېجىقىز بۇ، ماڭا ئەيمەنمەي لاي ئاتقان؟

ئۈستەڭ چېپىۋاتقانلار ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. يۈز - كۆزى لايغا مىلىنىپ كەتكەن دورغىنى كۆرۈپ ھەممىيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھۇ جالاپ خوتۇننىڭ بالىلىرى، لاي ئاتقان قايسىڭ؟

— كىم جالاپ خوتۇننىڭ بالىسىكەن، جالاپلىقنى خوتۇنۇڭدىن سورا!

— كىمنىڭ خوتۇنى جالاپىكەن، خەپ توختاپتۇر، ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام،— دورغا يۈزىدىكى لاينى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، يوغان - يوغان قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى.

ھايال ئۆتمەيلا ئىسمەت دورغا تۆت چېرىكنى باشلاپ كەلدى. تۇت دېسە، تۇت دەپ تۇرەك دېگەن يىگىتنى ئۈستەڭ قېشىغا تارتىپ چىقتى. ئىككى چېرىك ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ چەمبەرچاس باغلىدى. ئىسمەت دورغا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلىدى:

— كىمكەن دېسەم، تۇرەك نوچىكەنغۇ. قېنى، ئەمدى سېنىڭ ھېلىقى ئىشتانغا پاتمىغان بىرنېمەڭنى كۆرۈپ باقاي!

ھاشار چېپىۋاتقانلار كەتمەنلىرىنى تاشلاپ، گۈررىدە ئۇنىڭ قېشىغا ئولاشتى:

— ئىسمەت دورغا، سەن تولا ھەددىڭدىن ئاشما. كىمنىڭ بوزەك قىلىپ كۆزگە ئىلمايسەن. ھاشارغا ھەيدەپ، بۇلاپ - تالاپ بوزەك قىلغىنىڭ ئاز كېلىپ، ئەمدى يەنە نېمە قىلماقچىسەن؟

— مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق كۆپچىلىك. ئۇنىڭ ئىشتانىغا پاتمىغان بىرنېمىسىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار،— ئۇ تۇرەكنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، قولىدىكى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن پېشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ،— ھە نوچى، ئەمدى كارامىتىڭنى كۆرسەتمەمسەن؟— دېدى.

— تۇفى... ھۇ ئىپلاس غالچا!— تۇرەك ئىسمەتنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى، ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشتى، ئىسمەت دورغىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ يېنىدىكى ئىككى چېرىككە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇلار دورغىنىڭ قولىدىكى قامچىنى ئېلىپ، تۇرەكنى قامچىلاشقا باشلىدى. تۇرەك ئاچچىق تاياق ئازابىغا چىدىماي، تىنىمسىز ئىڭرىدى.

— كۆرۈپ قويۇش،— دېدى ئىسمەت دورغا كۆرەڭلەپ،— كىم ئىشقا دەخلى قىلىدىكەن، ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، يىراقتىن ئات سېلىپ كەلگەن رېھىمبەگ ئاتتىن چۈشمەيلا ۋارقىرىدى:

— ئىش ۋاقتىدا توپلىشىپ ئاللا - چۇقان سېلىشقا سەۋەبچى بولغان كىم؟

— مۇشۇ ھەزىلەك، بېگىم،— دېدى ئىسمەت دورغا بىر چەتتە باغلاقلىق تۇرغان تۇرەكنى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن كۆرسىتىپ،— ئۆستەڭ ياقىلاپ كېلىۋاتسام، مېنى كۆزگە ئىلماي سەت گەپلەرنى قىلىپ تىللاۋاتىدىكەن، دەل تۆپىگە چۈشۈپتىمەن. ئۇنى ئاز دەپ، بىر كەتمەن لاي بىلەن ئاغزى - بۇرنۇمنى چاپلىۋەتتى.

— دورغا يالغان ئېيتىدۇ بېگىم، تۇرەك ئۇنى قەستلەپ ئاتمىدى. بىر كەتمەن لاي ئېتىۋىدى، دورغىنىڭ يۈز - كۆزىگە چاچراپ كەتتى شۇ.

— بولدى - بولدى. يەر - زېمىن، ئاۋام خەلق سۇغا تەشنا بولۇۋاتسا،

ئۆستەڭنى تېزرەك چېپىپ سۇنى باشلاشنىڭ غېمىدە بولماي، دورغا بىلەن گەپ تالاشقان، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلغان گەدەنكەشلەر قاتتىق جازالىنىدۇ!— رېھىمبەگ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئەتراپتىكىلەرگە ئالىيىپ قارىدى، ئاندىن ئىسمەت دورغىغا ئېيتتى،— بۇ گەدەنكەشنى قاتتىق ئۇرۇپ باشقىلارغا ئىبرەت قىل، ئۆلۈپ كەتسە ئۆستەڭنىڭ قېشىغا كۆمۈۋەت. يەنە كىم گەدەنكەشلىك قىلسا، ئۇنىمۇ باغلاپ ئاس!

— ماقۇل، بېگىم، ماقۇل.

× × ×

هاشار - مەدىكارچىلىقتا چوڭ - كىچىك جېدەل - ماجىرالار بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى هاشار ئىلگىرىكىسىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. رېھىمبەگ «مۇشۇنداق قىلمىسام، هاشارنى تۈگىتەلمەيمەن» دەپ ئويلايتتى، كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلا ئادەمنى قاتتىق جازالاپ، زالىملىقىنى كۆز - كۆز قىلاتتى.

ئۆتكەن كۈنى رېھىمبەگ ئەمگەك مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چىقتى. شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىيا - چىيا ئاۋازى چۆل - جەزىرىنى بۆلەكچە جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. لېكىن، بۇ يەردە ئادەم كۆپ بولسىمۇ ئىش - ئەمگەكنىڭ ئاقمايۋاتقانلىقى، هاشاردىن قاچىدىغان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان رېھىمبەگ تېخىمۇ سەپرالىنىشىپ كەتتى. ئۇ دوتەي يامۇلغا كىرىپ ئەھۋال ئېيتىپ، 20 — 30دەك چېرىكنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى تۆتتىن - بەشتىن بۆلۈپ، هاشارچىلارنىڭ تەرتىپىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلدى. رېھىمبەگ ئىشتا سۇسلۇق قىلغانلارنى چېرىكلەرگە دەپ ئېسىپ ئۇرغۇزدى. ئۇ هاشارچىلاردىن كىم ئىش - ئەمگەكتە سۇسلۇق قىلسا، ئۇنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خېلى ئۇزاق ۋەزخانلىق قىلدى.

چېرىكلەرنىڭ تاياق ئازابىغا چىدىماي ئىش مەيدانىدىن قېچىپ

كەتكەن توّت كىشىنى يوُرت - يوُرتقا ئادەم ئەۋەتىپ توّنوگوّن توُتوُپ كەلگەن ئىدى. رېھىمبەگ بوُ توّت كىشىنى چىرىكلەرنىڭ يالىشى بىلەن هاشارچىلارنى جازالاش ئوّچوّن ياسىغان جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ، هەربىر كىشىنى 50 دەررە ئوُرغوُزدى، ئاندىن ئوُلارنىڭ پوُتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قىلىپ بىر كېچە ئېسىپ قويۇۋىدى، تېنى ئاجىزراق بىرسى تاياق ئازابىدىن ئوّلوّپ كەتتى، ئوُنى ئوّستەڭ قېشىغىلا كوّموّۋەتتى. رېھىمبەگ موُنداق قىلماسلىقنى ئوّتوّنگەن سالاچىلارنىمۇ باغلاپ، ئوُندىن دەررە ئوُرغوُزدى. موُشوُ كوّنلەردە رېھىمبەگنىڭ ياۋۇزلوُقى چېكىگە يەتتى. پوّقرالار ئوُنىڭدىن بىزار بولدى. بوّگوّن رېھىمبەگ هاشارچىلارنى ئارىلاپ يوّروّپ، ئىش مەيدانىنى كوّزدىن كەچوّردى. ئوُ ئوّستەڭ بويىدا قولىنى كەينىگە توُتوُپ، دوپپىسىنى سەل كەينىگە سوّروّپ قويوُپ، ئوّستەڭ چېپىۋاتقانلارغا كوّز يوّگوّرتوّپ قوياتتى. ئەمگەك قاينىمىغا چوّككەن ئىش مەيدانىدىكى سانسىزلىغان كەتمەنلەر «يالت - يوُلت» قىلاتتى. بوُ قاينام - تاشقىنلىقنى كوّروّپ رېھىمبەگنىڭ كەيپى كوّتوّروّلوّپ قالدى. «كوّپنىڭ كوّچى كوّپكەن. موُنداق تەگداشسىز كوّچ بىلەن تاغنى تالقان، چوّلنى بوستان قىلغىلى بولىدىكەن. دېھقاننىڭ قوُدرىتىگە هېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىكەن...»

رېھىمبەگ بەش كوّن بوُروُن ئالۋان - ياساق ئوّچوّن يىغقان بەش كالا بىلەن 30 — 40 قوينى سويوُپ، هاشارچىلارغا كەڭ نەزىر بەردى. 10 تاغاردىن ئارتوُق گوّروّچ سېلىپ ئاش ئېتىپ بېرىۋىدى، هاشارچىلار مانا بوّلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى. «دېھقان دېگەن شوُنداق ساددا خەق. بىرسى ئوُنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلمىسىلا ئوّز ئىشىنى قىلىۋېرىدوُ. ئوُلارنىڭ قولىدىن بىرسى كەتمىنىنى تارتىۋالمىسىلا، خوُشال يوّروّۋېرىدوُ. كەتمەن ئوُلارنىڭ خوُشاللىقى، بايلىقى، غوُروُرى. بىراق، ئوُلارنىڭ شادلىقىدىن ئەلمى تولا. ئوُلار بەزىدە خوُشاللىق ئىزدەيمەن دەپ، ئوّزىگە خاپىلىق تېپىۋالىدوُ. خاپىلىقمۇ بەزىدە خوُشاللىققا بوسوُغا بولالايدوُ...»

— بېگىم،— دېدى بىرسى،— دوتەي جانابلىرى كەلدى.

رېھىمبەگ خىيالدىن چوّچوّپ بېشىنى كوّتوّردى، ئوّستەڭ بويىدا

ئاتلىرى تەرلەپ كەتكەن قورالىق ئۈچ چېرىك بىلەن دوتەي تۇراتتى. رېھىمبەگ دوتەينىڭ ئالدىغا كەلدى.


— دوتەي جانابلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا يۈز مىڭ رەھمەت.

— ئۈستەڭ ھاشىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋېتىپتۇ،— دېدى دوتەي ئاتتىن چۈشمەي.

— خوش تەقسىر، ئۈستەڭمۇ پۈتەي دەپقالدى.

دوتەي مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. يامۇلدىن چىققان چېرىكلەر ئۇنى ئورىۋېلىشتى. دوتەي بىرنەچچە چېرىك بىلەن رېھىمبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېتىنىڭ بېشىنى كۆنچىقىشقا بۇرىدى...

ھەپتىدىن كېيىن ئۈستەڭگە سۇ باشلاندى. ھاشارچىلار قىقاس - چۇقان ئىچىدە بۇ غەلىبىنى ئالقىشلىدى.



# تۆتىنچى باب

## يۇزبېشىنىڭ ھېيلىسى

### 1

ئىسمەت دورغىنىڭ ئۆيى تۆمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا يېقىن يار بېشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى بوك - باراقسان دەرەخلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. يار ئاستىدىكى سازلىقتا قاراسۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭ، ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتى شال ئېتىزى بولۇپ، دېھقانلار بۇ يەردە يىل بويى شال تېرىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ، قىش پەسلىدە بۇ كەگرى سازلىقتا مال باقىدۇ.

ئىسمەت دورغىنىڭ قورۇسى چوڭ، ئايۋان - ساراي ئۆيلىرىمۇ كەگرى. ياز كۈنلىرى ھويلىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئەپچىل. شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان قاراسۇ ئۆستىڭىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دەرياغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا ئىككى تاشلىق تۈگمەن چۆرۈلگەن. تۈگمەنىنىڭ ئەتراپى قويۇق تاللىق، جىغانلىق، بۇ يەر توشقانلارنىڭ ماكانى. قاراسۇدا بېلىق كۆپ، ئىسمەت دورغىنى دورغا قىلغان مۇشۇ يەرنىڭ بايلىقى، يەنى قاراسۇ تۈگمىنى، ئوت - چۆپى، ئوتۇن - ياغىچى. تېخى پات - پات قاراسۇ ئۆستىڭىدە سۇ چاشقىنىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىرنەچچە يۈز تۇياق چارۋىسى، 3—4 ئېتى، 6—7 دەك ئىنەك كالىسى مۇشۇ سازلىقتا ئوتلاپ كۆپىيىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپ بايلىق ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ ئىككى تاشلىق تۈگمىنى كېچە - كۈندۈز چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. ئۇ تۈگمەنگە قاراشقا بىر كىشىنى ياللىۋالغان بولۇپ، ئىسمەت

دورغا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. تۆگمەنگە قارايدىغان كىشىنىڭ غەلىتىرەك مىجەزى بار، يۇرت - مەھەللىدىمۇ، تۆگمەندىمۇ ئادەملەرگە ئارىلاشمايدۇ. ئوشۇق - تۆشۇك گېپى يوق، كۆنى ئۆتسە باشقا ئىش بىلەن كارى يوق.

ئىسمەت دورغا بۈگۈن كەچتە تۆگمەنگە كېتىۋېتىپ، چوڭ يولدىن ئاتلىق ئۆتۈۋاتقان ئىمىن يۈزبېشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئۆتكەندە ئۇرۇشۇپ قېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، يۈزبېشى دورغىغا ناماقۇل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار يەنە سالام - سەھەت قىلىشىدىغان بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يۈزبېشى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئىسمەتخان.

— قەيەرگە كېتىۋاتىسىلا؟

— سۈللۈغدىكى ياسىنبايىنىڭ ئۆيىگە مەشرەپكە كېتىۋاتىمەن. ئۆزلىرى نەگە كېتىۋاتىسىلا؟

— تۆگمەنگە، ئابلا تۆگمەنچى ئاغرىپ قاپتىكەن، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەچتە تۆگمەنگە قاراۋاتىمەن.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە جانلىرىنى قىينايدىلا؟

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، تىرىكچىلىككەن. تۆگمەنگە قارىمىسام تېخى، ئەل - يۇرتنىڭ ئىشىنى قىلمىسام تېخى، تۆگمەنگە قارىمىسام غەللىسى قاچىدىكەن، ئۆگۈت ئەكەلگەنلەر تۆگمەننى ئېگىز - پەس تەڭشەپ قويۇپ بۇزۇۋېتىدىكەن، شۇڭا كۆز - قۇلاق بولاي دەپ چىقتىم.

— ئوبدان قىپتىلا، خۇداغا ئامانەت.

ئىمىن يۈزبېشى ئۇچىسىغا ئاق جۇۋا كىيىپ، سازلىقتا چۆشۈپ كېتىۋاتقان دورغا بىلەن خوشلىشىپ، ئۇنىڭغا يېنىش - يېنىش قاراپ قويدى. «ئاپلا، مەشرەپنى دەپ بىر پۇرسەت قولدىن كېتىدىغان بولدى. بۈگۈن كەچتە ئىسمەت دورغا ئۆيدە يوقكەن. ئۇ تۆگمەندە ياتسا پۇرسەت كەلدى، دېگەن گەپ. ۋاي ئىسىت، بالدۇرراق بىلگەن بولسام كاشكى، مايسەم بىلەن كۆرۈشۈپ قويغان بولسام بوپتىكەن. خەير، بوپتۇ، مەشرەپكە

بىرىپ قايتىپ كېلىپ كۆرۈشسەممۇ ئۈلگۈردۇ. تېخى ئۇ چاغدا ئەل جىمىققان چاغ، كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تېخىمۇ ياخشى...»

ئىمىن يۈزبېشى سۇللۇغدىكى مەشرەپكە قاتنىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە ياسانغان ئىدى. ئۇ بۇكۈن ساقال - بۇرۇتىنى چەكتۈرۈپ، قارا شىم - پەشمىتىنى كىيىپ، سېرىق تاۋار بەلۋاغ باغلاپ، خۇرۇم ئۆتۈكىنى مايلاپ، قىممەت باھالىق سەرپۇش تۇمىقىنى باسۇرۇپ كىيىپ، ئات ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، سۇللۇغلۇقلارنىڭ ئالدىدا ئىپتىنى ئوينىتىپ كەلدى. يۈزبېشى مەشرەپ بولىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، ياسىنباي سالام بېرىپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ئۇنىڭ ئېتىنى قولىدىن ئالدى.

ئۆي ئىگىسى ياسىنباي كەكە ساقال، ۋىجىك ئادەم ئىدى. ئۇ قولىدىكى ئاتنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— رەھمەت يۈزبېشى، رەھمەت،— دېدى يۈزبېشىنىڭ يوغان قوللىرىنى كىچىك قوللىرى بىلەن سىقىپ،— شەھەردىكى غوجاملارمۇ چىقتى. قېنى سارايغا، غوجام بىلەن ھەمداستىخان بولۇشقا مەرھەمەت.

ياسىنباي مانا شۇنداق پۇرسەت تاپسىلا ھېچ كىشىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغان، باي بىلەنمۇ، كەمبەغەل بىلەنمۇ ئۆلپەتلىشەلەيدىغان، مېھماندارچىلىققا يارايدىغان، پەنىنىمۇ، دىنىنىمۇ تەڭ تۇتۇپ ماگىدىغان ئادەم. ئۇ ئورۇسچىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ ئاز - تولا سۆزلىيەلەيدۇ، بەزىدە تېخى خېلى ئوقۇغان مولىلارمۇ بۇ كىشىدىن كىتابلارنىڭ يەشمىسىنى سورايدۇ...

ھويلىدا بىر قازاندا شورپا، بىر قازاندا پولۇ تەييارلىنىۋاتاتتى. قازان بېشىدىكى ئادەملەر قوي گۆشىنى پارچىلاپ قازانغا تاشلىماقتا. يۈزىنى تور رومال بىلەن ياپقان ئاياللار قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتاتتى.

— بېگىم كەلمەپتىغۇ؟

— بېگىمنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزرىسى بار ئىكەن، ئۆيدە شەھەردىن چىققان مېھمىنى بولغاچقا كېلەلمەي قالدى.

— ئۆيگە مەرھەمەت،— ياسىنباي ئۇنى سارايغا باشلىدى.

سارايىنىڭ ھەممە يېرىدە گىلەم، گىلەم ئۈستىگە كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، مېھمانلار لىق تولغان ئىدى. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى بۇ يۇرتتىكى دېھقانلار مەشرەپ ئوينىياش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. يېزىلاردا مۇنداق مەشرەپ ئۆزۈلمەيدۇ. بۇ يەرگە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ بايلىرى، يۇرت ـ يۇرتتىن كەلگەن داڭلىق چاقچاقچى، لاپچى، گەپچىلەر، سازەندە، ناخشىچىلار توپلىنىشىدۇ. چاقچاقچىلار قىزىق ـ قىزىق چاقچاقـلىرى بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرەتتى. مۇنداق مەشرەپلەردە ناخشا ـ ئۇسسۇل، چاقچاق، يېيىش، ئىچىشتىن باشقا گەپ بولمايدۇ. باي ـ غوجاملار قاتناشقان مەشرەپلەرگە يوقرالاردىن قاتنىشىدىغىنى ناھايىتى ئاز. چۈنكى، بۇ مەشرەپكە قاتنىشىدىغانلار كىرىلىپ ماڭىدىغانلار، چوڭ سۆزلەيدىغانلار...

مەشرەپ باشلانغاندا، سازەندىلەر «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەشرەپ ئەھلى داستاننى بېرىلىپ تىڭشىماقتا ئىدى، ناخشا ـ ساز تازا ئەۋجىگە چىقتى. ئىمىن يۈزبېشى بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ناخشا ـ ساز ئاڭلىسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى يەنە دورغىنىڭ ئايالىدا ئىدى، «بۈگۈن تازا پۇرسەت كەلگەن ئىدى. ئىسىت، دورغىنىڭ تۇگمەنگە چۈشىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسامچۇ، كاشكى...»

ئىمىن يۈزبېشى ئىسمەت دورغىنىڭ ئايالى مايسەم سەتەڭ بىلەن ئىش ـ پەش تارتىشىپ يۈرگىلى بەش يىلدىن ئاشتى. ئىسمەت دورغىنىڭ بۇرۇنقى ئايالى قازا قىلىپ كېتىپ، بۇ ئايالنى قىز ئالغان ئىدى. مايسەم يوقسۇز دېھقاننىڭ قىزى بولۇپ، دورغىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۈچىسى ئىلىنغۇدەك كىيىم ـ كېچەك، قورسىقى تويغۇدەك ئاش ـ تاماق كۆردى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان ئىدى، ھازىرغىچە تۇغمىغان بولسىمۇ، ئىسمەت دورغىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن قالغان ئىككى بالىسىنى بېقىپ، ئۆينىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ ئولتۇراتتى.

ئىمىن يۈزبېشىنىڭ يۇرت ئىچىدە كىمنىڭ خوتۇنى چىرايلىق بولسا شۇنىڭغا كۆز سالىدىغان، مەقسىتىگە يەتمىسە بولدى قىلمايدىغان

خۇي - مىجەزى بار ئىدى. ئىسمەت دورغا ئۆيلىنىپ ئۈچ ئاي بولغاندا، ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنى توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەر يۈزبېشىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ يەتتى. ئىمىن يۈزبېشى بۇ چىرايلىق ئايالنى كۆرۈش مەقسىتىدە، ئىسمەت دورغا يوق چاغلاردا بىرنەچچە قېتىم بىرەر ئىشقا باھانىدەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چوكانغا گەپ ئەگىتىپ چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ باقتى، ئاخىر بولمىغاندا نۇرغۇن پۇل خەجلەپ تۇزاققا چۈشۈردى. مايسەم دەسلەپ قورقتى، كېيىن يۈزبېشى «خاتىرجەم بول، ئەگەر ئىشىمىزنى دورغا سېزىپ قېلىپ، سېنىڭ تالاق خېتىڭنى بەرسە، مانا مەن خوتۇنۇمنىڭ تۆپىسىگە ئالىمەن» دەپ مەيدە قاقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇننىڭمۇ يۈرىكى توختاپ، دورغىغا يوغان - يوغان گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. دورغا يوق چاغنى بىلىپ قالسا، يۈزبېشى ئوغرىلىقچە دورغىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مايسەم بىلەن ئويناپ كۆڭۈل ئاچاتتى. يۈزبېشى بۇ ئىشنى ھەرقانچە مەخپىي تۇتقان بولسىمۇ، مەھەللە - كويلار بىلىپ كەتتى. يۈزبېشى مۇشۇ مەھەللىگە ئۆتسىلا، سۇغا چىققان ئاياللار قاپاقلىرىنى يەرگە قويۇپ، يۈزبېشى قايسىبىر كۈنى دورغىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى، قايسىبىر كۈنى تۈن يېرىمىدا دورغىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى. يۈزبېشىنىڭ پات - پات تۈن يېرىمىدا قاراسۇ ئۆستىڭىدە بويىنى سۇغا سېلىشىمۇ مانا شۇ ئىشتىن ئىدى...

ئۆيدە مەشرەپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. يۈزبېشىنىڭ قۇلىقىغا نە ساز، نە ناخشا، نە مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۈلكىلىك ئويۇنلىرى كىرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پەقەت مايسەم كېلىۋالدى. ئۇنىڭ سۈتتەك ئاق بىلەكلىرى، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان شەھلا كۆزلىرى، لىغىلداپ تۇرىدىغان تولغان كۆكسى، ناز بىلەن بېقىشلىرى يۈزبېشىنىڭ خىيالىدىن زادىلا چىقمايتتى. شېرىن خىيال ئۇنى زادى تىنچلاندۇرمايتتى.

مۇقام ئاخىرلاشقاندا، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاتۇش ناخشىلىرى باشلىنىپ كەتتى، سازەندىلەر سازنى ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكىدى. كىشىلەر

ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىرنەچچە كىشى ئىمىن يۈزبېشىنى ئۇسسۇلغا تارتتى، بىراق ئۇنىڭ ھەۋىسى قوزغالمىدى. ئۇ سورۇندىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ئامال بولماي لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇردى، ئاخىر ئۇسسۇلمۇ تۈگەپ، پولۇ تارتىلدى. پولۇدىن كېيىن مەشرەپكە كەلگەنلەر تۈن قاراڭغۇسىدا ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۆيىدىن چىقتى. ئىمىن يۈزبېشى كۆمۈش ئېگەر - جابدۇقلۇق ئاتلار بىلەن يولغا چىققان مېھمانلاردىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

## 2

تۈرەك بۈگۈن ئىسمەت دورغىدىن ئۈچ ئېلىشنىڭ تازا پەيتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دورغىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۇ كەچقۇرۇن مەھەللىدىكىلەردىن دورغىنىڭ تۈگمەندە قالغانلىقىنى بىلگەن ئىدى.

ئۆتكەن قېتىم شەھەر ئۆستىڭىنى چاپقاندا، باشقىلار دورغىنىڭ خوتۇنى توغرىسىدا چاقچاق قىلىشقاندا، دورغا تۈرەكتىن ئۈچ ئېلىپ خەلقئالەم ئالدىدا ئىزا - ئەلەم قىلدى. تۈرەك شۇنىڭدىن بۇيان دورغىنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۈچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. بۈگۈن دورغا بىر كېچە ئۆيدە يوق. مۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى. تۈرەك ھېلىدىن - ھېلىغا ئىسمەت دورغىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىنى كۆزىتىپ باقتى. سەل نېرىراقتىكى تۈگمەن يولىغا بېرىپ بىرھازا قاراپ باقتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا، دورغىنىڭ ئۆيىگە يانداش باشقا ئۆيلەرمۇ يوق ئىكەن.

تۈرەك ئۆگزىگە چىقتى، ھويلىغا قارىدى. ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئايۋان - ساراي ئۆيدە دورغىنىڭ ئايالى ياتاتتى. تۈرەكنىڭ كۆز ئالدىغا ھەممە ئادەم قىزىقىدىغان ئالتۇن چىشلىق، ھەممىلا ئادەمگە كۆلۈپلا گەپ قىلىدىغان دورغا باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان بۇ خوتۇن كەلدى. دورغا بۇ خوتۇننى توي - تۆكۈنلەرگە چىرايلىق ياساندۇرۇپ ھارۋا قېتىپ يولغا

سالاتتى. ئۇ ئاشۇنداق چىرايلىق ياسىنىپ ماڭغان چىغىدا، ئەرلەر ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشاتتى. شۇنداق چاغلاردا دورغا خوتۇنىنى يات ئەرلەردىن كۆنلەپ ئۆرۈشۈپمۇ قالاتتى.

ئىمىن يۈزبېشى بىرەر ئەرنىڭ مايسەمگە گەپ تاشلاپ چاقچاق قىلغىنىنى بىلىپ قالسا، مايسەمنى كۆنلەپ، ئۇنىڭغا گەپ تاشلىغان كىشىنىڭ بىرەر ئىشىنى باھانە قىلىپ، چوقۇم دەككىسىنى بەرمەي قالمايتتى. تۇرەك بۇ ئىشلارنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇزۇن قارا بەلۋېغىنى يېشىپ، تۆگلۈكنىڭ بەل ياغىچىغا باغلىدى. ئۇ ئالدىراپ بەلۋاغقا ئېسىلىپ ئايۋانغا چۈشتى، ئاندىن سۆيىنى سىيلاپ يۈرۈپ ئۇگغا بۇرۇلدى ۋە مايسەم ياتىدىغان ھۇجرا ئىشىكىنى ئاستا ئىتتىرىپ ئاچتى. ئۆينىڭ تۆگلۈكىدىن ئايىنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. مايسەم ئۆينىڭ بىر چېتىدىكى كارىۋاتتا يېنىك-يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. تۇرەك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي قالدى، قاتتىق ھاياجاندىن يۈرىكى زىيادە سوقۇپ، ھېيىقماستىن گويا خوتۇنىنىڭ قوينىغا كىرگەندەكلا كىيىمىنى سېلىپ مايسەمنىڭ قوينىغا شۇڭغۇدى. مايسەم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاۋۇل بىر گەۋدە چىقىۋالغان، يىرىك بىر قول ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قايرىپ، ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ بولغان ئىدى.

— ۋايجان!

— ئاۋازىڭنى چىقارساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن،— دېدى تۇرەك ساقال باسقان يۈزىنى ئۇنىڭ پاختىدەك يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ.

مايسەم ئىلاجسىز قالدى، ئۆزىنى ئۇگدىسىغا تاشلاپ ئەرنىڭ رايىغا يول قويدى. ھايال ئۆتمەي قوپال تەن ئۇنىڭ مىخچاقتەك يۇمشاق، نازۇك بەدىنىگە چاپلاشتى. دورغىدىن تىلەپ تاپالمىغان ھۇزۇرنى مانا بۇ يات ئەردىن كۆردى.

— سەن كىم، نېمانچە قاراملىق قىلىسەن؟— دەپ پىچىرلىدى مايسەم.

— مەن تۇرەك.

— ئاپلا، بۇ ئىشنى باشقىلار ئۇقۇپ قالسا يامان بولىدۇ.
— ھېچكىم ئۇقمايدۇ، ئۆزۈڭنى قويۇۋەت.
— بولىدى ئەمدى، نېمانچە قوپاللىق قىلىسەن، جىنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدۇڭغۇ. ئەمدى چۈشۈپ كەت. نېمە قىلاي دەيسەن؟
— مۇرادىمغا يېتەي دەيمەن،— دېدى تۇرەك.
ھەر ئىككىسى شەھۋانە نەپسىنى قاندۇرۇپ، تاتلىق سىزىم، شېرىن تۇيغۇدىن مەست بولغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۆگزىدە دۈپۈر - دۈپۈر ئاڭلاندى.
— ۋاي ئىست، چاپسان بول، جىنىڭنى ياقىغا ئال، تۇيۇق چۈشۈپ قالغان چېغى. بىكار ھەر ئىككىمىز رەسۋا بولىمىز.
تۇرەك ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتان - كۆڭلەكنى كىيدى. ئۇ بەلۋېغى ئارقىلىق تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، غۇۋا ئاي يورۇقىدا كالتەك تۇتقان ئىككى ئادەمنى تۈڭلۈك بېشىدا كۆردى. ئىشىكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئىشىك قۇلۇپلىنىۋېتىلگەنلىكىنى سەزدى. ھايال ئۆتمەي ئايۋاننىڭ ئىشىكى قاتتىق ئېچىلىپ، كالتەك - چوماق تۇتقان 5 — 6 ئادەم ئۆيگە بېسىپ كىردى- دە، تۇرەكنى ئۇرۇشقا باشلىدى.
تۇرەكنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى مەشرەپتىن قايتىپ مەھەللىنى كۆزىتىپ تۇرغان يۈزبېشى كۆرگەن ۋە ئۆي - ئۆيىدىن ئادەم يىغىپ كەلگۈچە خېلى ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. يۈزبېشىنىڭ ئادەملىرى تۇرەكنى مەھكەم باغلىۋالدى.
— سۇ قاينات،— دەپ بۇيرۇدى ئىمىن يۈزبېشى،— بۇ خۇمسىنىڭ مەقئىتىگە قايناق سۇ قۇيساق، 40 كۈنگىچە سوگىدىن قان كېلىپ ئۆلىدۇ،— ئۇ باش - كۆزى قانغا بويالغان تۇرەكنىڭ ياڭىقىغا بىر مۇشت سالدى،— ھۇ خۇمسى، كىمنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن؟— يۈزبېشى تۇرەكنىڭ چاترىقىغا بىرنى تېپىۋىدى، ئۇ ئېچىنىشلىق چىرقىراپ كەتتى،— بۇ خۇمسىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ دوگخايتىڭلار!
بىرسى يۈزبېشىنىڭ قۇلىقىغا: «دورغا ئاڭلاپ قالسا ئۆي بۇزۇلىدۇ،

قازاننىڭ تۈۋتىكى يېپىقلىق پېتى قالغىنى ياخشىمىكىن» دەپ پىچىرلىدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى يۈزبېشى، — مۇشۇنداق خۇمسىلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. بۇ ئىش شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپ ئەمەس. نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن ھو گۇيلار! زىناخورغا قانداق جازا بەرسە بولىۋېرىدۇ.

يۈزبېشى قارا چىراغ يورۇقىدا پەگاھتىكى نوگاينى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچلۇق تەرىپىنى كەستى.

— سۇ قاينىدىمۇ؟

— قاينىدى.

— ئۇنداق بولسا ئىشنى باشلاڭلار.

بىرنەچچەيلەن تۇرەكنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ، بېشىنى پەسكە ئېگىپ دوڭغايتتى. چىراغ تۇتۇپ بىر ئۇاتقان يىگىت يۈزبېشىغا يالۋۇردى:

— يۈزبېشى، رەھىم قىلسىلا. ئۇ تېخى ياش، ئۇنداق قىلساق ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، تۇل قالغان ئانىسى قانداق قىلىدۇ، تاغدەك گۇناھى بولسىمۇ مەن تىلىۋاللاي.

— ياق، بولمايدۇ، قايناق سۇنى ئەكەل.

قايناق سۇ قازان بىلەنلا كەلتۈرۈلدى. دورغا نوگاينىڭ ئۇچىنى تۇرەكنىڭ مەقئەتىگە تىقىپ تۇرۇپ قايناق سۇ قۇيۇۋىدى، تۇرەك ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ كەتتى. قايناق سۇ 2 — 3 تاۋاقچە قۇيۇلۇپ بولغاندا، تۇرەك ھوشىدىن كەتتى.

— قېنى سەن مايسەك؟ — دېدى يۈزبېشى ئەلەم بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ، — ھەممە ئىشنىڭ بېشى سەن جالاپ، سېنىڭ بوينۇڭغا ئېشەكنىڭ بىرنېمىسىنى ئېسىپ، يۈزۈڭگە قارا سۈرتۈپ سازايى قىلمىغۇچە بۇ كوچىدىن يانمايدىغان ئوخشايسەن.

ئىشتانسىز، ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا قالغان مايسەمنى ئىككى كىشى ئىتتىرىپ ئۆيدىن ئايۋانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى يۈز-كۆزىنى يېپىۋالغان بولۇپ، قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى. يۈزبېشى

مايسەمنىڭ تولغان كۆكسىگە يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ زەردە قىلدى.

— دورغا ساپلا ۋاپاسى يوق خوتۇنلارنى ئالىدۇ. ئۇ كۆڭلى قارا بولمىسا، بۇ بۇزۇق جالاپنى ئالمىغان بولاتتى،— ئىيتەۋە، جالاپ،— دېدى يۈزبېشى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ،— تۈرەكنىڭ تېگىدە نەچچە قېتىم ياتتىڭ؟ قاچان پۈتۈشكەن؟

— مەن پۈتۈشمىگەن، ئۇ ئۆزى تۆگۈلۈكتىن چۈشۈپ...

— ھۇ رەسۋا جالاپ، سېنى يوقاتمىغۇچە يۇرت ئىچى پاكلانمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۆيىمۇ، يۇرتىمۇ بۇلغىدىڭ، ئەمدى بۇ پاسكىنىچىلىقنى تۈمەنىنىڭ بارلىق سۈيى بىلەن يۇساقمۇ ئېرىمەيدۇ. چاپسان بول، دورغىنى چاقىرىپ كەل،— دېدى يۈزبېشى يېنىدىكى بىرىگە،— ھازىر ئۇنىڭ كۆنلۈكى، ئۆچمەنلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، مايسەكنى يۈزمىڭ پارە قىلىۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى. بىراق، بولىدىغان ئىش بولدى، ئەسلىدە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ئۆچنى ئاچچىقىنى باسالماي تۈرەكتىن ئالدى.

— يۈزبېشى، دورغىغا بۇ ئىشنى قانداق خەۋەر قىلىمىز؟

— قانداق خەۋەر قىلاتتىڭ، «بۆگۈن كېچە سىلى ئۆيدە يوق، ئۆيگە سوغۇق قول تېگىپتۇ» دېسەڭلا بولىدۇ.

— ماقۇل.

تۈن تەگىدىن ئاشقاندا ئىسمەت دورغا ئاللا ـ كاللا ئىيتىپ ئۆيگە كىردى ـ دە، بىرمۇنچە كىشىنى كۆرۈپ، مەگدەپ تۇرۇپ قالدى.

— يۈزبېشى، زادى نېمە ئەھۋال؟

— ئۆيگە ئوغرى كىرىپتۇ، ئىشىك ـ تۆگۈلۈكۈگنى مەھكەم تاقىماپسەن!

دورغا قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا دالاندا تۆگۈلۈپ ياتقان تۈرەكنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي، تۈرەكقۇ بۇ!

— شۇنداق، ئۇ ساڭا قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپتۇ.

— نېمە ئوغرىلاپتۇ؟

— خوتۇنۇڭنىڭ پالان نېمىسىنى!— يۈزبېشىنىڭ زەردىسى قايناپ، ئىشىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىۋەتتى.

— ۋاي ئىست، ما ئەقىلسىز خوتۇن نېمە پوق يەيدۇ! ئەل - يۇرت ئىچىدە نومۇسقا ئۆلتۈرەي دېدىڭمۇ؟

ئىسمەت دورغا خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئىككى تەستەك سالدى، مايسەم تاياق زەربىسىدىن چىرقىراپ كەتتى.

— مېنى مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋەت، مەن سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلەي. ھەممە ئىشنى قىلغان مۇشۇ يۈزبېشى دېگەن ئىپلاس!

— يۈزبېشى سېنى تۇتۇۋېلىپ ئوبدان قىپتۇ. سەن جالاپ ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق قىلاتتىڭ! سەندەك خوتۇنۇم يوق، ئۆيدىن چىق بۇزۇق، ئۈچ تالاق!— ئىسمەت دورغا خوتۇنىنى گەجگىسىدىن ئىتتىر-گىنىچە ئايۋاندىن ھويلىغا، ھويلىدىن تالاغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— ماۋۇ زىناخورنى تالاغا تاشلىۋېتىڭلار، ئۆلۈكىنى ئىت يېسۇن،— دېدى يۈزبېشى قېشىدىكىلەرگە قاراپ.

تۆتەيلەن تۇرەكىنىڭ پۇت - قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يۈزبېشى ئەمدى مەقسەتكە يەتكەندەك، يېنىكلەپ قالدى.

3

— داد بېگىم! يۈزبېشى ئوغلۇم تۇرەكنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

رېھىمبەگ كۆز ئالدىدا قان يىغلاپ ئولتۇرغان بۇ جۇل - جۇل كىيىملىك قېرى ئايالغا قاراپ، ئەس - ھوشىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراشقا باشلىدى:

— ئالدىرىماي سۆزلە.

چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان، يۈزى شاپتۇل قېقىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بۇ موماي ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بېگىم، سىلى دېگەن يۇرتنىڭ ئاتىسى، ئەرزىمنى سورىمىسىلا بولمايدۇ. مەن ئىمىن يۈزبېشىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىۋاتىمەن. ئوغلۇم

ئۇراخۇن شەھەر ئۆستىگىنى چاپقۇچە ئىسمەت دورغا بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتىكەن، دورغا ئۇنى خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىپتۇ. ئوغلۇم شۇنىڭدىن بىرى كوچا ـ كويلارغا ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر دورغىنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي، ئۇنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ قويۇپتۇ. يۈزبېشى ماراپ تۇرۇپ ئوغلۇمنى تۇتۇۋېلىپ، مەقئەتتىگە قايناق سۇ قۇيۇۋېتىپتىكەن، ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۆلۈپ كەتتىما؟ ئۆلۈپ خوپ بوپتۇ، كىشىنىڭ رىزقىغا قارا سانىغان ئادەم مانا شۇنداق بولىدۇ.

— بېگىم، ئوغلۇم ناھەق ئۆلۈپ كەتتى.

— ئوغلۇڭ قانداقمۇ ناھەق ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ ئۆستەڭ ھاشىرىدىكى ئىشنى تەگەپ قالدىڭ. ئۆستەڭ چېپىش يامۇلنىڭ يارلىقى، سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ يۈزبېشى، دورغىلار بىلەن جېدەل قىلغىنى دوتەينىڭ پەرمانى بىلەن قارشىلاشقانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئوغلۇڭ ئاشۇ چاغدا دورغىنىڭ تايىقىدا ئۆلگەن بولسا، ھېچقانداق سورىقى بولمايتتى. مانا مەن ئۆستەڭ ھاشىرىدا غوۋغا چىقارغان ھەم ھاشاردىن قاچقانلارنى ئۆلگۈچە ئۇرۇپ، ئۆلۈكىنى ئۆستەڭ قىېشىغا كۆمۈۋەتسەم، كىم ماڭا بىرنېمە دېيەلىدى؟ سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ يەنە بىرنەچچە ئاي ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگىنىگە خۇرسەن بول، ئەسلىدىغۇ مۇشۇنداق لۈكچەكلەرنى ئۆستەڭ ھاشىرىدىلا يوقىتىۋېتىدىغان گەپكەن. سېنىڭ ئوغلۇڭ ئۆستەڭ ھاشىرىدا غوۋغا چىقاردى، دورغىنىڭ خوتۇنىغا زورلۇق قىلدى ھەم دورغىنىڭ ئۆيىنى بۇزدى، بۇ گۇناھى بىلەن ئۆلۈمگە مەھكۇم. يۈزبېشى توغرا قىپتۇ. ئەگەر مەن بولسام ئوغلۇڭنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، ئۇ چاغدا تېخىمۇ قىينىلىپ ئۆلگەن بولاتتى. ئوغلۇڭ زىناخورلۇق قىلىپ دورغىنىڭ ئۆيىنى بۇزغاچقا، ئۇنىڭغا بەش سەر كۆمۈش تۆلەيسەن!

— بېگىم، رەھىم قىلسىلا، ئوغلۇمنىڭ دەۋاسىنى قىلسام، ئۇنى بىر تەرەپ قىلماقتا يوق، مەن يەنە دورغىغا پۇل تۆلەمدىمەن؟ سىلى بۇ دەۋانى توغرا سورىمىدىلا.

— سېنىڭچە، يۇرت بۇزۇقى زىناخورلار بىلەن كارىم بولمىسا

بولىدىكەندە؟

— ئۇنداق دېمىدىم، بېگىم.

— تولا ۋالاقلىما، ھۇ ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان قېرى!

— مەن قازىخانىغا بارىمەن.

— قازىخانىغا بارامسەن، دوتەي يامۇلىغا بارامسەن، نەگە بارساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

تۇرەكىنىڭ ئانىسى غوتۇلدىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

— قېنى سەن يۈزبېشى؟

— مانا مەن بېگىم،— دېدى خېلى بۇرۇن ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ تۇرغان يۈزبېشى بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— يۈزبېشى، سەن ئىسمەت دورغا بىلەن بۇ قېرى دەللىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆلاغ - ئۆلمىكى بولسا سېتىپ، ئىسمەت دورغىنى ئۆيلەپ قوي.

دەل شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە ئىسمەت دورغا كىرىپ كەلدى، رېھىمبەگ دورغىغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ قارىمىدى، سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالمىدى. قاپاق تۈرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— دورغا، ئېيتە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— تۇرەكىنىڭ ئانىسى بېگىمگە ئەرز قىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كېلىشىم.

— ھە، ئەرزگە قارىتا گەپ - سۆزۈڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار بېگىم. بۇ زىناخور مېنى ھالال جۈپتۈمدىن ئايرىۋەتتى، ئاچچىقىمدا خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتتىم. مەن دېگەن كۈن بويى سىرتتا يۈرىدىغان ئادەم، سازلىقتىكى ئىككى تاش تۈگمەنگە قارىمسام تېخى، ئەلنىڭ ئىشىنى قىلمىسام تېخى، ئۆي ئىشىنى قىلمىسام تېخى.

— ئۇنداقتا، بولەكتىن ئۆيلىنىپ، بېشىڭنى ئوڭلىۋال.

— ئۇغۇ ئاسان ئىش. لېكىن، قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئەرز قىلغىنىغا مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. «خوتۇن كىشى دېگەن جۇۋالىدۇرۇزغا ئوخشاش، كىرىسىمۇ - چىقسىمۇ ئىلىپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار. يەنە توي قىلسام بىرمۇنچە چىقىم.

— چىقىم قىلىپ قىز ئالاتتىڭمۇ، بىرەر ئەردىن چىققان خوتۇننى

ئالساڭمۇ بولىدىغۇ؟ خاتىرجەم بول، مەن ئۇ قىرىدىن 5 سەر كۈمۈش ئېلىپ بېرىمەن.
— ئۇغۇ شۇنداق، بېگىم. بىرى بىرىگە ئوخشىمايدىكەن، ھەرقانچە چىرايلىق خوتۇننىمۇ مايسەمگە تەڭ قىلمايتتىم. بۇ ئىپلاس ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى سېتىپ، ئىت يېمىگەن پوقنى يېدى.
— ھەي، ئۇ خوتۇنغا كۆڭلۈڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق خىيالىڭ بولسا، بۇ يولنى ئۆزۈم مېڭىپ، ئىككى باشنى بىر يەرگە ئەكېلىپ قويۇشىمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ جۇمۇ، — دېدى ئىمىن يۈزبېشى گەپكە ئارىلىشىپ.
— ھەي، بۇ ئىش خەلقئالەمگە يېيىلىپ كەتتى، ئەمدى بولمايدۇ، — دېدى ئىسمەت دورغا.
— جاھاندا ئازمايدىغان كىشى بارمۇ؟ سەن ئىشىڭنى قىل، بۇ ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. تۆرەكىنىڭ ئىشىمۇ يۇرتقا ئوبدان ئىبرەت بولدى. سېنىمۇ خوتۇنۇڭ بىلەن ياراشتۇرۇپ قويايلى.
— خوتۇننى تالاق قىلىۋەتكەن تۇرسا، — دېدى رېھىمبەگ.
— شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۇنى بىرسىگە نىكاھ قىلىپ، بىر ئاخشام ئۆتكەندىن كېيىن قايتا نىكاھىغا ئالسا بولىدۇ.
— مۇنداق قىلىش نومۇس، — دېدى دورغا سەل ئاچچىقلىنىپ، — ئەل ئىچىدە بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟
— بۇ ئىشنى يەڭ ئىچىدە قىلىمىز.
— ئەستاغپۇرۇللا، مۇنداق قىلساق قانداق بولار؟
— قانداق بولاتتى، شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن بولىدۇ.
— ماقۇل ئەمسە، بۇ ئىشنى سىلىگە تاپشۇردۇم.
يۈزبېشى بېگىمنىڭ ئالدىدا ھەممە ئىشنى ساقايتقىنىغا خۇرسەن ئىدى. ئۇنىڭدىكى يەنە بىر خۇشاللىق — قولىدىن كەتكەن نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دورغىنىڭ رازىلىقىنى ئالغانلىقىدا ئىدى. ئىككىيلەن بېگىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. يۈزبېشى ئۆي تەرەپكە قايرىلىدىغان دوقمۇشتا دورغا بىلەن ئۇزاق گەپلىشىپ، ئاندىن ئايرىلدى.

يۈزبېشى ھەپتىدەك يول مېڭىپ بۇ ئىشنى قۇراشتۇردى. يۇرت ئىچىدە تولغان بىر موللىنى تېپىپ، مەقسىتىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىككى سەر كۈمۈش بەردى. مايسەمنى يەڭ ئىچىدە يۈزبېشىغا نىكاھ قىلىپ، بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇپ، ئاندىن ئىسمەت دورغىغا نىكاھ قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشتى. بۇ ئىشنىڭ يامىنى شۇكى، دورغىنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئالغان كىشى بىلەن بىر كېچە بىر ئۆيدە بولۇپ، ئەرنىڭ بېلىگە ئارغامچا باغلاپ، بولغۇسى ئېرى تۈڭلۈك بېشىدا ئارغامچىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان شەرت بار ئىدى. يۈزبېشى دورغىدىن بۇ ئىشنى بەكمۇ مەخپىي تۇتمىسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش يۈزبېشى دېگەندەك مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدىغان، نىكاھ قىلىپ بىر كېچە دورغىنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولغان كىشىنى دورغىغا قەتئىي بىلدۈرمەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ھەپتىدىن كېيىن ھەممە تەييارلىق پۈتتى. نىكاھ ئىشىنى ئەلدىن يوشۇرۇن تۇتۇشتى. مايسەم يۈزبېشىغا بىر كېچىلىك نىكاھ قىلىندى، يۈزبېشى ئىشىك - تۈڭلۈكنى تاقاپ مايسەم بىلەن بىر يوتقانغا كىردى. يوتقانغا كىرىش ئالدىدا، يۈزبېشى تۈڭلۈكتىن ساڭگىلاقلىق ئارغامچا بىلەن بېلىنى باغلىۋالدى. تۈن تەڭ بولغاندا، ئىسمەت دورغا چاقىرتىپ كېلىندى، ئۇ تۈڭلۈكنىڭ بېشىدىكى ئارغامچىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. ئارغامچا ھەر قېتىم لىڭشىغاندا، دورغىنىڭ يۈرىكى جايىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، بۇ دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتتى. لىڭشىغان ئارغامچىنى بىر كېچە تۇتۇپ ئولتۇرۇش ئىسمەت دورغىغا قاتتىق ھار كەلدى. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدىكى خۇشاللىقنى ئويلىغاندا، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى.

دورغىنىڭ خوتۇنى بىلەن يېنىشىدىغان ئىشى غىمىسسىدە ھەل بولدى. يۈزبېشى بۇ ئىشتىن كېيىن يۇرت ئىچىدە بۆلەكچىلا باش كۆتۈرۈپ قالدى، ئىسمەت دورغىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. بۇ، قىسمەتتىن بولغان ئىشمۇ ياكى تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ، زادى بىلىپ بولمايتتى.

# بەشىنچى باب

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

1

تۇمەن دەرياسى بويىدا بىر ئۆمۈر ئىجارىكەشلىك قىلىپ، بەخت ئوتى كۆزى بىلەن كۆلۈپ قارىماي ئالەمدىن ئۆتكەن جاپاكەش دېھقان ئىسلامنىڭ ئوغلى ھېكىم رېھىمبەگكە يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگىلى سەككىز يىل بولدى. پەسىللەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا كۆلۈپ قارىمىدى. تومۇزنىڭ پىژ - پىژ ئاپتىپى ئاتا - ئانىسىدىن 11 يېشىدا يېتىم قالغان ھېكىمنىڭ بەدىنىنى پولاتتەك تاۋلىدى، قىشنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتتى. بوران - چاپقۇن ئۇنى قەيسەر، ئىرادىلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭ چىرايى سەل قارىداپ قالدى.

يادىچىلار مەھەللىگە يادىنى ھەيدەپ كەلگەندە، ھېكىم ئېتىزلىقتىن قايتتى. ئۇ بەگ ھويلىسىغا كىرگەندە، ھەر كۈنلۈكى ئىشتىن يانغاندا ئالدىغا ئويناقلاپ يۈگۈرۈپ چىقىدىغان ئويناق كۈچۈكنى كۆردى. ھېكىم بېشىنى سىيلاپ قويۇۋىدى، كۈچۈك قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يالىدى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرىدەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. كۈچۈكنىڭ چېقىر كۆزلىرى «مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى» دېگەندەك تەلمۈرەتتى.

ھېكىم ئىشچان يىگىت ئىدى. ئۇ ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى يوغان سېۋەتكە سامان تولدۇردى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى گۈلدۈرمىگە چىلاپ -

يۈيۈپ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئوقۇرغا تۆكۈپ كېپەك سېپىپ ھەلەپ ئەتتى. ئۇ ئۇي ـ كاللارغا ھەلەپ بېرىپ بولۇپ، ئۆرىقتىكى سۇ بىلەن ئەمدىلا قوللىرىنى يۇيۇۋاتقاندا، رېھىمبەگ تولدى:

— ھېكىم، ھوي ھېكىم، قېنى سەن؟

— خوش، مانا مەن.

ھېكىم پېشايۋان ئالدىغا كېلىپ سۆكۈتتە تۇردى. رېھىمبەگ ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يەرلەر ھەيدىلىپ بولدىمۇ؟

— ھەيدىلىپ بولدى.

— ئاتقا بوغاز، ئۇي ـ كاللارغا ھەلەپ بەردىڭمۇ ؟

— بەردىم.

— ئاۋۋال قورسىقىڭنى غەمله، كېيىن ساڭا گەپ بار.

— ماقۇل.

ھېكىم تاشقارقى ھويلىدىكى قوتانغا ياندىاش كەپىسىگە كىرىپ كەتتى.

× × ×

رېھىمبەگنىڭ ھويلىسىدىكى دېدەك قىز نۇرپاشا ھېكىمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان ئىدى. ئۇ بەزى ـ بەزىدە قومۇش نېيىنى مۇڭلۇق پەدىگە چېلىپ يۈرەك تەلپۈنۈشىنى ئىزھار قىلاتتى. قىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، بېگىمنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشاتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئەركىن ـ ئازادە مۇڭدىشىشقا پۇرسەت تاپالماي يۈرۈشەتتى.

ھېكىم كۈندە دېگۈدەك بۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئىتىز ـ ئېرىق ئىشى ئالدىراش چاغلاردا، نۇرپاشا ئىشلەمچىلەرگە ئاش ـ تاماق ئېلىپ باراتتى ياكى كەچقۇرۇن ھېكىم تاماققا چىقمىسا، ئۇنىڭغا تاماق ئەكىرىپ بېرەتتى. قىز بەگ ھويلىسىنىڭ ئارقىسىدىكى تورۇسى ئىسلىق،

پاكار ئۆيدە سەلىمە دېگەن نان ياقىدىغان ئايال بىلەن بىللە ياتاتتى.

ھېكىم مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن يوتقىنىنى بېشىغا قاتلاپ، گىرەلەشكەن قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، تولگۇلۇكتىن كۆرۈنگەن تولۇن ئايغا قاراپ ياتتى. كۆڭۈل دەردىنى تۆكەي دېسە، ئۇنىڭ دەردىگە يېتىدىغان بىرەر مۇڭدىشى يوق ئىدى. ھېكىم تاماقىنا چىقىشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، نۇرپاشا ئاپقۇردا ئاش كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— رەھمەت، مېنى دەپ ئاۋارە بوپسەن،— دېدى ھېكىم.

— ھېچقىسى يوق.

— يېقىندىن بېرى يېگى گەپ - سۆز ئاڭلىدىڭمۇ؟

قىز بېشىنى سىلكىپ سۆكۈتكە چۆكتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى، روھى چۈشكۈن ئىدى.

— ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياق، بىراق بېشىم بەك قاتتى.

— نېمە؟

— رېھىمبەگدىن قانداق قۇتۇلارمەن؟

— ھۇ، قىرى تۈلكە، بۇ خوتۇنبازنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى قارا،— ھېكىم قىزنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

رېھىمبەگنىڭ ياۋۇز نىيىتى قىزنىڭ يۈرىكىنى مۇشۇكتەك تاتىلىماقتا ئىدى. بىرگە ئۆتكەن يىللار مابەينىدە ھېكىم بۇ قىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، پاك نىيەت ۋە زېرەكلىكىنى ياقتۇرۇپ قالدى. دەسلەپكى چاغلاردا قىزنىڭ ياردىمىنى «ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق» دەپ چۈشەنگەن بولسا، كېيىنچە ئۇنىڭ قەلبى مۇھەببەت ئىشقى بىلەن تېپچەكلىدى. بۈگۈن قىز ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. ھېكىم قىزغا ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشنى ئويلايتتى. ھېكىم زېرەك بولغاچقا، قىزنىڭ مۇشكۈل شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، قەلبىدىكى يالقۇنلاپ تۇرغان ئىستىكىنى بېسىۋالدى. ئۇ قىزنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئېغىر بىر ئۇھ، تارتىپ قويدى-دە، بېشىنى چايقاپ:

— خاتىرجەم بول، مەن سېنى چوقۇم مۇنداق كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن،— دېدى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

قىز رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن قايرىلىپلا تالاغا ماڭدى، ھېكىم ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئېغىر جاراھەت پەيدا قىلىپ، ۋۇجۇدىنى دەرد - ئەلەم چۇلغىۋالدى- دە، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇنقى بىر ئىش كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ھېكىم كەچقۇرۇن ئىشتىن كېلىپ تۇرۇشىغا، بەگنىڭ ھويلىسىغا ئاتلىق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكىمگە رىھىمبەگنى چاقىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. بەگنى چاقىرىش ئۈچۈن، ھېكىم ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. رىھىمبەگ يالاڭۋاش، كۆڭلەكچان ھالدا نۇرپاشانى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان ئىدى. نۇرپاشا بولسا تىپىرلاپ، بەگنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. بەگنىڭ بىر قولى قىزنىڭ ئىشتانبېغىدا، قىز چىرقىراپ ئۆزىنى بېشىغا كىيگەن ئىدى. ھېكىم ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش بىلەنلا رىھىمبەگ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. نۇرپاشا يۇلقۇنۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقانچە ئىشىكتىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— بېگىم، سىلىنى بىرسى ئىزدەپ كەپتىكەن.

— مېنىڭدىن ئىجازەتسىز نېمىشقا ھۇجرامغا كىرىسەن، كۆزۈمدىن يوقال!— رىھىمبەگ ئاچچىق ئارىلاش ھېكىمنى تىللاپ كەتتى،— ھۇ يېتىم ئوغلاق، ئەدەپ - قائىدىنى بىلمەيدىغان. قاچانلا قارىسا ئادەم بار - يوق دېمەي، كالىدەك ئۆسۈپلا كىرىدۇ!

ئەتىسى ئەتىگەندە رىھىمبەگ «يادىلارنى جاڭگالغا ئاچىقمىدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن ھېكىمنى قوغلاپ يۈرۈپ، يىلان قامچىسى بىلەن باش - كۆزى يېرىلغۇچە ئۇردى. ھېكىم بۇ ئىشتىن قاتتىق ئازابلاندى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىزنى بۇ ھالەتتە كۆرۈش ئۇنى نەچچە كېچە ئۇخلاتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، نۇرپاشامۇ خىجىللىقتىن ھېكىمگە ئۇدۇل كەلمىدى. بۈگۈن يەنە نۇرپاشانىڭ ئېيتقىنى ئۆتكەنكى ئىش بىلەن

قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ چىدىغۇسىز ئازابلىدى. ھېكىم تولا ئويلاپ، ئاخىر بولمىغاندا بۇ دوزاختىن قۇتۇلۇشنى، قىزنى قانداق قىلىپ ئاچ بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدى...

— ھېكىم، ھوي ھېكىم!

رېھىمبەگنىڭ ئاۋازى ئازادە ياسالغان مېھمانخانىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، دېرىزە ئارقىلىق ھېكىمنىڭ كەپىسىگە ئاڭلاندى. مۇشۇ كۈنلەردە رېھىمبەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ، بىرجۇپ كۆزى غەزەپكە تولۇپ، بەگكە نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. «بۇ زالىم يەنە نېمە دەيدىغاندۇ؟...»

ھېكىم كەپىسىدىن چىقىپ، ياغاچ ئويما نەقىش ئىشلەنگەن تۆۋرۈكلۈك پېشايۋاندىن ئۆتۈپ، كەشىنى سېلىپ، گۈللىرىگە ئالتۇن ھەل يالتىلغان ئىشىكنى ئېچىپ كىردى- دە، تۆردە يانپاشلاپ ياتقان رېھىمبەگكە سالام بېرىپ، بەگدىن ئىجازەت سوراپ ئولتۇردى. قىممەت باھالىق تون كىيىپ، بېلىگە شايى بەلۋاغ باغلىغان رېھىمبەگ ياستۇققا يۆلەنگەن گەۋدىسىنى سەل قىمىرلىتىپ قويۇپ، ھېكىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. بەگنىڭ يېقىمسىز قارىشىدىن ھېكىم سەل قورۇنغاندەك، يەر ئاستىدىن مېھمانخانىغا نەزەر سالدى. دېرىزىلىرى باغ تەرەپكە قاراپ ئېچىلغان چوڭ، يورۇق مېھمانخانىنىڭ تام - تورۇسلىرى نەقىش بىلەن پارقىراپ، رەڭگارەڭ بوياقلار كۆزلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىۋالاتتى. يەرگە سېلىنغان چوغدەك چىمەن گۈللۈك گىلەملەر، تەكچىدىكى ئاجايىپ ۋە خىلمۇخىل جانان چىنىلەر شۇنچىلىك كۆركەم كۆرۈنەتتى.

— ۋاقىت يېتىپ قالدى،— دېدى بەگ زورىغا كۈلۈمسىرەپ،— تاغقا چىقىپ چارۋىلارغا ئوتلاق ئۇقۇشۇپ چۈشكىن.

كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان يامان غەرەزنى بايقىغان ھېكىم ئۈن - تىنسىز جىمىپ كەتتى. بەگ سوئالىنىڭ جاۋابسىز قالغىنىغا سەل تەئەججۈپلىنىپ قالدى. ھېكىم بەگنىڭ تەلەتىگە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بىر خىل غەزەپ ئۇچقۇنلىرىدىن ئۆزىنى تۇزىۋالدى.

— خوش بېگىم، بارسام باراي.
— ھىم، شۇنداق قىل. ئەتە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يولغا چىق، خۇرجۇن - قاچىلىرىڭنى مەن تەييارلىتىپ قويىمەن.
بەگنىڭ سۆزى ھېكىمدا بىر خىل ئەندىشىنى كۆچەيتتى، بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ خىيالغا چۆمدى. شۇ ئارىدا سىرتتىن سەلىمە چاقىرىۋىدى، ئۇ غەمكىن ھالدا مېھمانخانىدىن چىقتى.

## 2

رېھىمبەگ ئىلگىرى سەمەن تەۋەسىدىكى شامالباغ، تۇغ، كالتە بازار، ئاتاغۇ، دۆڭئېرىق، خەلۋاپ، تىكەنبېشى، كۆكئېرىق قاتارلىق يۇرتلارنى سورايتتى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن دوست تارتىشىپ، لەڭگەر، مورتوم، سۇللۇغ، مۇش، پاختەكلى قاتارلىق يۇرتلارنىمۇ سورايدىغان بولدى. ئۇنىڭ زالىملىقى يۇرت ئىچىدىكى ھەممە كىشىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى.
رېھىمبەگ ئۆمرىدە بىرقانچە قېتىم ئۆيلەندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئايالى ئايتىللانىڭ سەككىز يىل بۇرۇنقى گۈزەل ھۆسن - جامالى گويا تونۇلغۇنىكىدەكلا ئۆتۈشكە باشلىدى. يەل - يېمىش تۆكمە بولغان ئەلۋەك كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە رېھىمبەگ شەھەردىكى ئەل - ئاغىنىلىرىنى مېھمانغا چاقىردى. مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر بايۋەچچىلىرى ئىدى. ئەنجان رەستىدىن چىقىدىغان سوپىھاجىمنىڭ ئايالى بۇزۆھرە خېنىم ئىنايىتىللاھاجىمنىڭ قىزى ئايتىللانى بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. رېھىمبەگ مېھمانلارنى ساپ ھاۋالىق، نەقىشلىرى قۇياش نۇرىدا چوغدەك يالتىراپ تۇرغان مېھمانخانىغا باشلىدى. زىياپەتتىن كېيىن رېھىمبەگ ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى سۆزلەپ مېھمانلارنى كۈلدۈردى. كېيىن باغقا يانداش مېھمانخانىدىن چىققان يېقىملىق ناخشا بىلەن دۇتارنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى:

ئۆستەڭ قېشى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە،
كىمنى سۆيدۈڭ قەلەمقاش.

ئاي ئايدىڭمۇ - ئايدىڭمۇ،
ئايدىڭغىمۇ تويدۇڭمۇ؟
بىر سۆيۈپ كېتىۋېلىپ،
مېنى دەردكە قويدۇڭمۇ؟

ئاق قۇشقاچ مېنىڭ بولسا،
ئېغىزىمدا دان بەرسەم.
ۋاپادار نىگارىمنىڭ
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

ناخشا رېھىمبەگنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ، پاراڭ بىلەن ئولتۇرغان سوپىھاجىمغا ئىما - ئىشارەت قىلىۋىدى، بەگنىڭ ئىشارىتىدىن بىر ئىشنى چۈشەنگەن سوپىھاجىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى- دە، سىرتقا چىقتى. بەگمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باغقا كىردى.

رېھىمبەگ لەپتىنكى بىر جۈپ ئالمىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، قىزارغان ئالمىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان سوپىھاجىمدىن سورىدى:

— ھاجىم، ئالمىغا ھەۋەسلىرى كېلىۋاتامدۇ؟

— ۋاي - ۋاي، نېمىدېگەن قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار بۇ؟

— مۇنداق قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار بىزنىڭ باغدىلا ئەمەس، شەھەر ئىچىدىمۇ تولۇپ يېتىپتۇ؟

— شەھەردىن نەدە مۇنداق ئالمىلار چىقسۇن دەيلا؟

— شەھەرنىڭ ئالمىلىرىنى بىلمەيدىكەنلا، ھېلىدىن بېرى شەھەر-

دىن چىققان بىر ئالما مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى.

— قايسى ئالمىنى دەيلا؟— دېدى سوپىھاجىم گەپنىڭ تېگىگە يەتمىگەندەك.

— قايسى ئالما بولاتتى، ئاشۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئالما.

مېھمانخانىدىن چىقىۋاتقان ناخشا ئاۋازى تېخى توختىمىغان ئىدى. سوپىھاجىم ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزنىڭ ئايتىللا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىلىپ قالدى. شۇڭا، رېھىمبەگكە مەنىلىك قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— قانداق، ناخشا يارىدىمۇ؟— دېدى.

— ياھ، خويمۇ چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىكەن.

— بۇ خېنىمنىڭ خۇلقى - مىجەزى شۇنداق ياخشى بولغىنى بىلەن ئەردىن تەلىيى كەلمىدى.

— ئۇنداقتا، خېنىم تۇل ئوخشىمامدۇ؟

— ئىككى - ئۈچ قېتىم ياتلىق بولدى. مىجەزى كەلمىدىمۇ - قانداق، بولۇشالماي ئاجرىشىپ كەتتى. خېنىم شوخ، مېھرى ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئۇنداقتا، ھاكاۋۇر ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇ تەرىپىمۇ بار. بىراق، سەل يوغانچىراق، ياخشى يەپ - ياخشى كىيسەم دەيدۇ، بىراق ئەرلەر بۇ تەرىپىنى ياقتۇرمايدۇ.

— ئائىلىسىنىڭ قول ئىلكىدە باركەندە؟

— شۇنداق، قول ئىلكىدە بار. خېنىم شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، ئۆيدىكىلەردىن ئوغرىلىقچە بەگ - غوجاملارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بېرىپ دۇتار چېلىپ بېرىدۇ، تېخى.

— مۇنداق دېسىلە،— رېھىمبەگ سوپىھاجىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل شۈكلەپ قالدى.

— ھاجىم، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام،— دېدى رېھىمبەگ،— بۇ خېنىمنى ياقتۇرۇپ قالدىم، بىراق ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل قورقۇپ قېلىۋاتىمەن.

— نېمە، خېنىمنى ئەمرىلىرىگە ئالاي دېگەنمىدىلە؟
— شۇنداق، سەل بەگۋاشراق ئوخشايدۇ.
— خېنىم كۆكۈللىرىگە ياققان بولسا، ئۇ تەرىپىنى تۈزلەپ كەتكىلى بولىدۇ.

رېھمبەگ ئىككىلىنىپ قالدى. دۇتار چېلىش ئاخىرلىشىۋىدى، سوپىھاجىم بەگكە دېدى:
— خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقاملا- يە؟
— كۆرۈشسەك كۆرۈشۈپ باقايلى. بىراق، ئاياللار ئولتۇرغان يەرگە كىرسەك نامەھرەم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟
— سىلى يات ئادەم ئەمەس، «خېنىمنىڭ دۇتارىنى ئاڭلاپ بەكمۇ سۆيۈنۈپ، سىلىگە رەھمەت ئېيتقىلى كىرىۋىدىم» دەيلا.
— ناھايىتى ياخشى ئەقىل كۆرسەتتىلە،— دېدى رېھمبەگ ئېچىلىپ - يېيىلىپ،— بولىدۇ، سىلى دېگەندەك قىلايلى،— رېھمبەگ مېھمانخانىغا كىرىپ مېھمانلار بىلەن سالاملاشتى، تىللاخېنىمنىڭ چالغان دۇتارىنى ماختاپ رەھمەت ياغدۇردى، ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتتى:

ئېگىز - ئېگىز تاغلاردىن
سىيرىلدىم تۈزگە.
چىن كۆڭلۈمدىن ئاشىق بولۇپ،
كۆيدۈمەن سىزگە.
چاي تۇتماستىم مەن ئەگەردە،
كۆيمىسەم سىزگە.
ئىزھار قىلىڭ كۆڭلىڭىزنى
مەن بىچارىگە.
قۇلاق سالماي ئاھۇزارىمغا
كەتسىڭىز ئۆيگە.
ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

تىللا خېنىم رىھىمبەگ سۇنغان چاينى تەزىم بىلەن ئېلىپ بىر ئوتلاپ ئىچىۋېتىپ، چەينەكتىن پىيالىغا چاي قۇيۇپ بېرىپ ئېيتىپ رىھىمبەگكە تۇتتى:

يىگىت - يىگىت، مەردان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي، ئاڭلاڭ يىگىت.
خەلقىئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
مەنمۇ كۆيەك، خۇما يىگىت.
تاغقا چىقسام دۇلدۇل يىگىت،
باغقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت.
قىسىۋالسام بىر گۇل يىگىت،
سۆزى شېكەر قوبۇل يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم سىزگە،
چاينى تۇتتۇم تەزىم سىزگە.

تىللاخېنىم تۇتقان چاينى رىھىمبەگ پۈكۈلۈپ تەزىم بىلەن ئىككى قوللاپ ئالدى. چاينى ئىچىۋېتىپ تەزىم بىلەن پىيالىنى تىللاخېنىمغا سۇندى. ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى...

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رىھىمبەگ بۇرۇنقى خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئايتىللاغا ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. مانا ئەمدى رىھىمبەگ ئۆز ھويلىسىدا دېدەك بولۇپ ئىشلەۋاتقان نۇرپاشا دېگەن قىزغا چاڭگال سېلىش غەرىزىدە، نەپسى تاقىلداپ تاقىتى تاق بولدى. كۆڭلىدە پىلان قۇرۇپ، ھەممە ئىشنى ئاللىبۇرۇن سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ تونۇگۇن ئەمەتباي، تاھىرھاجى، قادىر-چوڭ، مۇھەممەتھاجى، تۇردى قارىم قاتارلىقلار بىلەن قىسقىغىنە سۆھبەتتە بولدى. ئەمەتباي قىلىن ئەتلەس كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئورۇق يۈزىنى قاپلىغان قويۇق قارا ساقىلىنى سىيلاپ:

— ئاڭلىشىمچە، رىھىمبەگ ھەزرەتلىرىگە دوتەي غوجامنىڭ ئىلتىپا-تى ناھايىتى يۇقىرىمىش،— دېدى

— شۇنداق، بۇ ناھايىتى ئېنىق گەپ،— دېدى قادىرچوڭ قويۇق ئۇزۇن قاشلىرىنى يىمىرىپ،— خۇدا خالىسا يېقىنقى كۈنلەردە جانابلىرىنى ئالىي مەنسەپ بىلەن تەبرىكلەيمىز.

— قەيەردىن ئاڭلىدىڭلار؟— رىھىمبەگ گويا ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق كىشىدەك بويىنىنى قىسىپ سورىدى.

— دوتەي جانابلىرى بىر قېتىملىق مەجلىستە سىلىنى ياقلاپتۇ. شۇ مەجلىستە بولغان ھەمسۆھبەتلىرىمدىن ئاڭلىدىم.

— شۇنداق خەۋەرلەر بار. خۇدا ئۆزىگە سادىق بەندىسىگە مەرتىۋە بېرىشنى ئايىماس،— دېدى مۇھەممەتھاجى.

رىھىمبەگ خىزمەتچى چاقىرىپ داستىخان يىغىلاشقا ئەمر قىلىۋىدى، مېھمانلار زادى ئۈنىمىدى.

— بېگىم، ئوشۇقچە كايىمىسىلا، غىزانى كەگرى يېدۇق،— دېدى قادىرچوڭ قولىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئويىنىتىپ،— بىردەم - بىرىمدەم مۇڭدىشايلى،— ئۇ رىھىمبەگكە سوغداشتى،— ئاڭلىسام، سىلىنى يەنە بىر خوتۇن ئالىدىكەن دەيدۇ.

— كىمدىن ئاڭلىدىلا؟— رىھىمبەگ چۆچۈگەندەك ئىتتىكلا قادىرچوڭغا قارىدى.

— بىر يېقىن دوستۇمدىن ئاڭلىدىم.

— ئەمدى بۇ ياشقا يەتكەندە ئۇنداق خىياللارنى قىلساق قانداق بولىدۇ؟

— ھەي بېگىم، كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن. سىلىدەك بەگلەر بىر - ئىككى خوتۇننى ئارتۇق ئالسا نېمە بوپتۇ. سىلى دېگەن قوللىرىنى قاياققا ئۇزاتسىلا يېتىدۇ، يا پۇل - پۇچەكتىن خىجالەتلىرى بولمىسا.

— كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام،— دېدى رىھىمبەگ قادىرچوڭنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ،— ئۇنداق خىيالدىمۇ نېرى بولمىدىم. كۆڭۈلنى دەپ خوتۇننى كۆپەيتىۋالسام، ساق بېشىمغا ئاغرىق تېپىۋالىدىكەنمەن.

— بۆلەك ئۆي تۇتۇپ بەرسىلە بولىدىغۇ. شەھەر دېگەن ئىنا، ئىككى سەكرەپلا كىرىپ چىققىلى بولىدۇ، يا بولمىسا شەھەردىن ئۆي تۇتۇپ بەرسىلە. شەھەردە نى - نى چىرايلىق قىزلار بار، ئىككى - ئۈچ تىللا خەجلىسىلە چۆمۈلۈپلا كېتىدۇ.

— قادىرچوك، ئايتىللانىڭ خۇي - پەيلىنى سىلى بىلمەيلا، ئۆيلىنىشنىڭ گېپىنى قىلساملا توت پۇتى ئۆرە قالىدۇ. بۆلەك يەردە ئۆي تۇتۇپ بەرسەمغۇ بولىدۇ. بىرى، ئىقتىساد بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن، يەنە بىرى، يېڭىياچىلىقتا خوتۇننى بۆلەك ئۆيدە قويۇپ، مەن بۇ يەردە ياتسام كۆڭلۈم قويمايدىكەن.

— تازا گەپ قىلىدىكەنلا، سىلى دېگەن بەگ تۇرسىلا، سىلى ئالغان خوتۇنغا كىم چېقىلالايتتى. قۇلىقىمىز خېلى - خېلى گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىدۇ. پۇلى بار سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە خوتەندىن بىرنى، كۇچادىن بىرنى ئالىدىغانلار بارغۇ؟

— ئۇ دېگەن سودىگەر، «دېھقانغا پۇتۇن خوتۇن، سودىگەرگە يولدا خوتۇن» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىلى؟

قادىرچوك ئادىتى بويىچە كۆزىنى قىسىپ، يېنىۋاتقان شامغا بىرپەس قاراپ تۇردى، ئاندىن بەگ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بايا سىلىگە چاقچاقمۇ قىلدىم، راستىنى ئېيتسام، مۇنداق خىيال مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ بار. بىر ئاغىنىمىز خوتەننىڭ كېرىيەدىن بىر لايىق تېپىپتىكەن، ئۇ يەرگە مېنى باشلاپ باردى. ئادەم بالىسى دېگەنمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن. ھېلىقى دوستۇم «بۇ قىزنى ئەمرىڭگە ئالسىلا نىكاھ قىلىپ قويىلى» دېۋىدى، سەل ئىككىلىنىپ قالدىم، ئەمرىمگە ئالاي دېسەم خوتەنگە باغلىنىپ قېلىپ، بالا - چاقامنى تاشلىۋېتىدىغاندەك، ئالماي دېسەم قىزنىڭ چىرايلىقلىقى، ئىچىمدە بىر ئوت كۆيۈپ، كۆڭلۈمگە بىر ئىشتىياق سېلىپ قويدى. نائىلاج قايتىپ كېلىپ، قولۇم ئىشقا بارمىدى، ئۆزۈم قەشقەردە بولغان بىلەن كۆڭلۈم خوتەندە چۆرگىلەپ يۈرىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، ئۆزلىرىنىڭ موتىكى تۇرۇپ مېنى قىچقىلاپتى-
كەنلا- دە، ئەگەر ئۇنداق خىياللىرى بولسا مانا مەن ياردەم قىلاي.
خوتەندە بولمىسا، قەشقەردە ئۆي تۇتۇپ بەرسىلىمۇ بولىدىغۇ؟

— بۇمۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى، قېنى، ھەر ئىش بولسا
كېڭىشىپ قىلارمىز،— دېدى قادىرچوڭ.

— ھە، نېمە دەپ كۇسۇرلىشىۋاتىسىلەر؟— دېدى ئەمەتباي
رېھىمبەگ بىلەن قادىرچوڭغا قاراپ،— بىلسەم - بىلمىسەم، يەنە شۇ قىز -
چوكاننىڭ گېپىغۇ دەيمەن.

— ئەمەتباي، سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما،— دېدى قادىرچوڭ
قويۇق، ئۇزۇن قارا قاشلىرىنى يىمىرىپ،— ۋاقتى كەلگەندە ئۇقۇپ
قالىسەن،— قادىرچوڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ، ئاندىن قولىدىكى گۆھەر
كۆزلۈك ئۈزۈكىنى ئوينىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— بېگىم، بىر ئىش
توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلاي دېۋىدىم، جانابلىرى نېمە دەرلىكىن؟

— بىزنىڭ خالىس نىيىتىمىز ھەمىشە دوست - يارەنلەرگە خىزمەت
قىلىشتىن ئىبارەت،— دېدى رېھىمبەگ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

قادىرچوڭ تار پېشانىسىنى پۈرۈشتۈردى. كۆزىنى قىسىپ، يېنىۋاتى-
قان شامغا بىرپەس قاراپ تۇردى، ئاندىن يەنە بەگ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ
دېدى:

— يېقىندا دادامنى ھەج قىلدۇرماقچى ئىدىم، قۇرۇق قول يولغا
سېلىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي تۇرىدۇ. پات يېقىندا كەشمىرگە مال
ئاپىرىدىغان سودىگەرلەر بىلەن يولغا چىقماقچى. 40 تۆگىگە مال يۈكلەپ
بېرەيمىكىن دەيمەن...

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپتىلا، سىلىرنىڭ ھاجەتلىرى قانچىلىك
دەرىجىدىكىن؟— دېدى رېھىمبەگ كۈلۈمسىرەپ.

— ھازىرچە 40 — 50 تىللا بولسا يېتەر.

— ماقۇل.

رېھىمبەگ بېشىنى سەل - پەل ئېگىپ خىيالغا پاتتى، تىجارەت
ئەھلى بىلەن ئالاقىدە بولۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى يادىغا كەلدى،

قادىرچوڭنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىغا ئىشەندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىككىلىنىپ، مۇشكۈل بىر مەسىلىگە دۇچار بولغاندەك، جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ جىمغۇر ھالىتىنى سەزگەن قادىرچوڭ دەررۇ سۆز باشلىدى:

— جانابلىرى، ئىككىلەنمىسىلە، ئىشنىڭ ئاخىرىدا سىلىنىمۇ قۇرۇق قويمايمەن. جانابلىرىنىڭ ھەرقانداق خىزمىتىگە تەييارمەن.

— سودا ئىشى دېگەنگە نۇرغۇن پۇل كېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. پۇلنىڭ ئىشىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، شۇنداقتىمۇ بۇ خەيرلىك ئىشقا مەنمۇ شېرىك بولاي، ماڭىمۇ بىر ھەسسە بولسۇن.

مۇنداق تەكلىپنى ئەسلا كۈتمىگەن قادىرچوڭ تار ۋە پۈرۈشكەن پېشانىسىنى تاتىلاپ قويدى، كېيىن قانداقتۇر يالغان كۈلكە بىلەن:

— ئۆزلىرىنىڭ بەختى، تاجۇدۆلىتى ئالدىدا بۇ ئىشلارنىڭ سىلىگە نېمە ھاجىتى؟— دېدى.

— بولىدۇ،— دېدى بەگ كەسكىن قىلىپ، ئاندىن ئوغلىنى چاقىرىپ 50 تىللا ئاچىقىشنى بۇيرۇدى. بىرپەستىن كېيىن رىھىمبەگنىڭ ئوغلى كۆن ھەميانىنى ئېلىپ چىقتى. بەگ كۆن ھەميانىنىڭ ئاغزىنى يېشىپلا 50 تىللانى شاراقلىتىپ تۆكتى. قادىرچوڭ تىللانى ساناپ، قايتىدىن ھەميانغا سېلىپ بەگكە رەھمەت ئېيتىپ، ھەميانىنى قويۇن يانچۇقىغا سالدى.

رىھىمبەگ شۇ چاغدا بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ئۆزئارا مۇڭدىشىۋاتقانلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئېيتتى.

— مېھمانلار، مېنىڭمۇ ھەرقايسىلىرىغا دەيدىغان ئازراق گېپىم بار. يات ئارىدا شەھەردىن مېھمان چاقىرماقچى بولۇۋاتىمەن، خەۋەرلىشىپ تۇرارسىلەر ھە.

— بېگىم، ھەرقانداق خىزمەتلىرىگە بىز تەييار،— دېيىشتى ئۇلار بەگنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك.

بەگنىڭ ئۆلپەتلىرى خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى، بەگ ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدىلا ئۇزىتىپ قويدى.

## 3

نۇرپاشا ياتىدىغان ئۆينىڭ جەنۇبقا قارىغان پەنجىرىسىدىن تولۇن ئاينىڭ كۆمۈش شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. قىز تېخى ئۇخلىمىغان، پەنجىرىدىن ئايغا تىكىلگىنىچە ياتاتتى. ئايدىڭ كېچىدە دەل - دەرەخ ياپراقلىرى ئارىسىدىن كۆمۈش تەڭگىدەك چۈشكەن شولىلار قىزنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرى ئۈستىدە جىلۋە قىلاتتى. «تووۋا، بەگ مېنى نېمىشقا تولا بوزەك قىلىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نىيىتى نېمىدىگەن يامان- ھە؟»

نۇرپاشانىڭ خىيالىنى سىرتتىكى مۇڭلۇق نەي ئاۋازى بۆلۈپ تاشلىدى، يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتتى. ئۇ تولغىنىشقا باشلىدى. نەي ئاۋازى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى، ئۇ ھەر قېتىم نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكىدە سۆيگۈ ئوتى يالقۇنجايتتى. ئۇ خىيال قىلغانسىرى يۈرىكى ئېچىشتى. بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى...

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ھېكىم رىھىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قادىرچوڭنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن كۆكئېرىققا كېتىۋاتاتتى. ئۇ پىژ-پىژ ئاپتاپتا بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ بىر باغنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا كېلىپ توختىدى. ئېرىقتىن نېرىراقتىكى ئۆي ئالدىدا بىر موماي يىپ ئېگىرىپ ئولتۇراتتى.

— ئوغلۇم، كىمنى ئىزدەيسەن؟— دېدى موماي مۈكچەيگەن ئورۇق گەۋدىسىنى توغرىلاپ، ياداڭغۇ يۈزى، چوڭقۇر پىلىلداپ تۇرىدىغان خىرە كۆزلىرى بىلەن ھېكىمگە قاراپ.

— كۆكئېرىققا كېتىۋاتقان، ئۇسساپ كېتىپ بىر چىنە سۇ بېرەمسىكىن دەپ كېلىۋاتىمەن.

موماي ئاق داكا رومال سالغان بېشىنى قىمىرلىتىپ:

— ماقۇل بالام، ماقۇل. قىزىم ساڭا سۇ ئاچىقىپ بەرسۇن،— دېدى- دە، ئۆي تەرەپكە قاراپ،— نۇرپاشا، نۇرپاشا،— دەپ توۋلىدى.

هايال ئۆتمەي بۇك - باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىكى پاكار، بىر تەرىپى يىقىلىپ چۈشكەن ئەسكى تاملىق ئۆي ئىچىدىن بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ھېكىمنى كۆرۈپ، نومۇس قىلىپ يەرگە قاراپ ئاستا مېڭىپ كېلىپ، ھېكىمدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىراقتا توختىدى. قىز غۇنچە بوي، بۇدرۇققىنە كەلگەن چىرايلىق ھۆسنى قامىتىگە ياراشقان، ئاناردەك يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىرايلىق مېڭى بار، قەلەمقاش، خۇما كۆز، بىلەكتەك توملۇقتىكى قارا ئۆزۈن چېچى كاسىسىغا چۈشكەن، چىرايىدىن زېرەكلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، 14 — 15 ياشلاردىكى قىز ئىدى. ھېكىم ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قارىدى ھەم ئىچىدە مۇنداق گۈزەل قىزنى تۇغقان ئانىسىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. قىزنىڭ گۈزەللىكى قايسىبىر شائىر يېزىپ قالدۇرغان، ئۆزى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتتا تەرىپلىگەنگە ئوپموئوخشايتتى.

ئەنىڭكىم ئاي يۈزىدە مەڭ ياراتتى،
ساچى بىلەن بويىنى تەڭ ياراتتى.

— چوڭ ئانا، مېنى نېمىشقا چاقىردىڭ؟— دېدى قىز سەل خىجىل بولغاندەك.

— ماۋۇ ئاكاڭغا قېتىق بىلەن دوغ ئېتىپ، نان ئاچىقىپ بەر،— دېدى موماي.

قىز يەر ئاستىدىن ھېكىمگە قارىدى- دە، ئۈنچىقماستىن كەينىگە قايرىلدى. موماي يەنە قىزنى تۈۋلىۋېلىپ، ئۆيىدىن كىگىز ئالغاچ چىقىشنى تاپىلىدى. قىز ھايال ئۆتمەي كىگىزگە قوشۇپ كۆرپە ئېلىپ چىقتى- دە، ھېكىمگە جاي راسلىدى، كېيىن قولىدىكى دوغ بىلەن ناننى ئۇنىڭغا سۇندى. ئۆزى نېرىراق بېرىپ مومىسىنىڭ ئېگىرگەن يىپىنى دۈگىلەك توپ ئېتىپ بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھېكىم تەشنالىق ئىچىدە دوغ ئىچىۋاتسىمۇ، لېكىن كۆزى ھېلىقى قىزدا ئىدى. ئۇ بەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىدىغان باي قىزلىرىنى كۆپ كۆرگەن

بولسموُ، لېكىن بۇ قىز ھېكىمنى ھەيران قالدۇردى.

موماي ئۇچنى ئېگىرىپ بولۇپ، ئىش ـ كۆشىنى يىغىشتۇرۇپ، مۆكچىيىپ ماڭغىنىچە ھېكىمنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قايسى يۇرتتىن سەن بالام؟

— كالتە بازاردىن، رېھىمبەگنىڭ يىللىقچىسىمەن،— ھېكىم ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى، ئاندىن،— چوڭ ئانا، بۇ سىلىنىڭ قىزلىرىمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇ مېنىڭ نەۋرەم، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئىشلەپ تاپقىنىمىز ئالۋانغا يەتمەيدۇ. بەگ ـ غوجامنىڭ دېھقان بىلەن كارى يوق، ھە دېسىلا سېلىقنى بەر دېگەن. تېخى ھېلىراقتا دورغا ـ ياينلار ئىشىك ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئالۋان ـ ياساقنى سۆيلىدى. «ئەگەر بىر ئاي ئىچىدە ئالۋان ـ ياساقلارنى تۆلىمىسەڭ قىزىڭنى قەرزگە ھېسابلاپ بەگنىڭ ھوزۇرىغا يىللىقچىلىققا ئېلىپ كېتىمىز» دەيدۇ،— مومىينىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، يۈزىنىڭ سۆڭەكلىرى يېپىشقان تېرىسى ئاقاردى،— بار ـ يوقىمىزنى ئېلىپ بولدى، قانداق قىلارمىز؟ بىر چارەكلىك يەرگە[1] بۇغداي تېرىغان ئىدۇق، پىشىپ تۆكۈلۈپ كەتتى. جېنىم بالام، ئورۇشقا قۇربىم يەتمىدى، مالال كۆرمىسەڭ ئورۇشۇپ بەرسەڭمۇ بوپتىكەن.

موماي ئاق كىرىپ پاخپايغان بېشىنى ئورۇق مۆرىلىرى ئارىسىغا قىسىپ، يەرگە قاراپ سۆكۈت ئىچىدە ئولتۇردى.

— ماقۇل موما، ئورغاقلىرىنى ئېلىپ چىقسىلا.

— نۇرپاشا، قېنى سەن قىزىم؟

— مانا مەن،— دېدى قىز ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ.

— چاپسان بول، ئورغاق ئېلىپ چىق.

قىز ھايال ئۆتمەي ئىككى ئورغاق ئېلىپ چىقتى.

---

[1] بىر چارەكلىك يەر — بىر چارەك، يەنى 20 جىڭ ئۇرۇقلۇق چېچىلىدىغان ئېتىزلىقنى كۆرسىتىدۇ.

— بالام،— دېدى موماي،— ئاۋۇ چوڭ يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېرىق بويىدىكى كىچىك ئېتىز شۇ. سەنمۇ ئېتىزلىققا بارغىن قىزىم،— موماي ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قاراپ،— ئۆچكەڭنى يېتىلىۋال، ھاۋا يانغاندا ئۇنى بىردەم چۆرگىلەتكىن، مەن بىر قازان قايناتاي.

نۇرپاشا ئانارنىڭ دانىسىدەك لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى- دە، «ماقۇل» دەپ بېرىپ، ئۆچكىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئېتىز بېشىغا بارغاندا، ئۇ ئۆچكىسىنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئېرىقتىكى شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا پۇتلىرىنى چىلاپ، سالقىندا جىم ئولتۇردى. ھېكىممۇ قىزنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، قىز خىجىللىقتىن قىزاردى- دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— سىلى كۆكئېرىققا ئادەم قىچقارغىلى بارىمەن دېگەنغۇ؟

— ئەسلىدە شۇنداق ئىدى، موملىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويسام بولمايدۇ- دە.

— كەچ قالامدىلا؟

— ياق، كەچ قالمايمەن.

قىز ھېكىمنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ياردەملىشىپ ئورما ئورۇشۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى. قىز چاچلىرىنى تۈزەپ، ئىزا تارتقاندەك قىلىپ يەرگە قارىۋالدى. ھېكىم قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، كېيىن ئۇلار بىر-بىرىگە ئوغرىلىقچە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. قىز-يىگىت بىردەم مۇڭدىشىپ، كۈن قايرىلغاندا ئورمىغا چۈشتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، نۇرپاشانىڭ مومىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئائىلىنىڭ قالغان قەرزى ئۈچۈن نۇرپاشا بەگ ھويلىسىغا ئۆي خىزمەتچىلىكىگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى...

قىز شۇلارنى ئويلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، نەي ئاۋازى تېخى توختىمىغان ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى نۇرپاشا ئېتىزلىققا ھېكىمگە تاماق ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ

ئولتۇرۇپ نەي چېلىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ھېكىمنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قىز يۈرەكنى تىترىتىپ چىقىۋاتقان نەي ئاۋازىدىن ۋە ھېكىمنىڭ چوغدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈيلىپ، ئېلىپ بارغان تامىقىنى ئېتىز بېشىدا قويۇپلا قېچىپ كەتكەن ئىدى.

× × ×

نۇرپاشا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ياتقان سەلىمەنى تىۋلاپ باقتى،كۈن بويى ئېغىر ئىش قىلىپ ھارغان سەلىمە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە نەي ئاۋازى چىققان تەرەپنى نىشان قىلىپ ماڭدى، توساتتىن نەي ئاۋازى توختاپ قالدى. ئۆرۈك دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، قىزنىڭ ئالدىدا ھېكىم پەيدا بولدى. قىز ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، ۋۇجۇدىدا جان قالمىدى. ھېكىم قىزغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى.

— ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

— ياق.

— مېنىڭمۇ ئۇيقۇم كەلمىدى. سەلىمە ئۇخلاپ قالدىمۇ؟

— ھەئە.

— نۇرپاشا، مەن ساڭا بىر ئىشنى ئېيتايمۇ؟

— ئېيتە.

— مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سەنچۇ؟

— مەنمۇ شۇ...— دېدى نۇرپاشا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

— قوشۇلساڭ، ئىككىمىز توي قىلايلى.

— مۇشۇ يەردىمۇ؟

— ياق، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىمىز.

— قاچان؟

— بۈگۈن كېچىدىلا.

— راستما؟
— ئەلۋەتتە.
ئۇلار بىرھازا جىم تۇرۇشتى، بىردەمدىن كېيىن قىزنىڭ كۆچلۈك تەپتى يىگىتنى ئۆزىگە تارتتى. يىگىتنىڭ يۈرىكى هاياجان ئىچىدە تىنىمسىز سوقۇپ كەتتى-دە، قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى. قىزمۇ هاياجاندىن تىترەپ كەتتى.
— سەن مېنى راستىنلا ئېلىپ قاچامسەن؟— دېدى قىز هېكىمگە لاپپىدە بىر قاراپ، ئۇنىڭ ئوت چاقنىغان كۆزلىرى گويا ئاسمان بوشلۇقىدىكى يۇلتۇزغا ئوخشايتتى.
— ئەلۋەتتە، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟
يىگىت قىزغا تىكىلدى، ئايئاق ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك بەدىنى سەل تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى.
— هېكىم، سەن بەك ياخشى جۇمۇ،— دېدى قىز توم ۋە قارا چېچىنى ئىككى قولىدا ئويناپ تۇرۇپ،— ساڭا ئېيتالماي كەلگەن گەپلىرىم كۆپ، يالغۇز قالساملا بەگ ماڭا يامان نىيەتتە بولىدۇ. بىراق، مەنمۇ بوش كەلمىدىم،— قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. تولۇن ئاي قوگۇر رەڭ بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. قىز بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالدى،— ئاڭلىسام، بېگىم سېنى تاغقا هەيدەپتۇ، سەن تاغقا كەتسەڭ، بەگ مېنى...
— خاتىرجەم بول، تاغقا بارمايمەن. بۈگۈن كېچىدىلا بۇ يەردىن قېچىپ كېتىمەن. مەن بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟
— مەنمۇ بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم.
— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەهمەت. چاققان جابدۇنۇپ چىق، سەن مېنى مۇشۇ باغنىڭ كەينىدىكى چۈشۈرگىنىڭ بېشىدا ساقلاپ تۇر، ئىككىمىز شۇ يەردە كۆرۈشەيلى.
— ماقۇل.

# ئالتىنچى باب

## ئىككى قاچقۇن

1

ياز

شاماللىرى باغ - باراڭلاردىكى چىچەك، كۆكاتلارنىڭ جانغا ئارام بېغىشلىغۇچى خۇش پۇرىقىنى ئېلىپ كەلمەكتە. سېغىش قۇياشتىن نۇر ئەمگەن باغلاردىكى قىزىلگۈللەر قۇياشقا تەزىم قىلىپ كۈلمەكتە.

رىھىمبەگ بامدات نامىزىدىن ناھايىتى خۇشخۇش ياندى، باغقا كىرىپ مېۋىلەرنى ئارىلىدى. باغ ئىچى كۈندىن - كۈنگە قىزىرىۋاتقان كۈن نۇرى بىلەن ياشارماقتا ئىدى. كۆل بويىدىكى پىچانلار كۆكىرىپ يېشىل مەخمەل توس ئالغان، ئەتراپتىكى رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈزەللىكى ئۆز ھۆسنىنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇراتتى. سۈزۈك ئاسماندا كەپتەرلەر موللاق ئېتىپ ئۇسسۇل ئويناشماقتا. رىھىمبەگ باغ ئىچىنى تاماشا قىلىپ، خىلمۇخىل گۈزەل مەنزىرىلەرگە بويىنى ئاغرىپ، كۆزى تالغىچە قارىدى. باغدىن چىقىپ ھويلىدىكى تەشتەكلەردە ئېچىلغان، ئېچىلىنىشقا باشلىغان گۈللەرنى كۆزدىن كەچۈردى. بۈگۈن تېخىچە گۈللەرگە سۇ قۇيۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ بەگنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— سەلىمە، ھوي سەلىمە، قېنى سەن؟

ھايال ئۆتمەي سەلىمە بەگ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە پۈكۈلۈپ سالام بېرىپ:

— خوش بېگىم،— دېدى.

رېھىمبەگ قوللىرىنى شىلتىپ سەلىمەگە كايىپ كەتتى.

— ئويغىتىپ قويمىسا پوقۇقا پېتىپ ئۇخلىشىسەن! نامازدىن يانغىلى نى ئالەم، نېمىشقا گۈللەرگە سۇ قۇيۇشمىدىڭ؟

سەلىمە بىرپەس سۈكۈتكە چۆكتى. بەگ ئۇنىڭ قورقۇپ، جىمىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ:

— شۈكلەپ كەتتىڭمۇ؟ ئېيتقىنا، بىرەر ئىشقا يولۇقتۇڭمۇ؟— دەپ سورىدى كۆزلىرىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىپ،— ئېيتە، نېمە ئىش؟

سەلىمە لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. بەگ سەۋرسىزلىنىپ ئۇنىڭغا شالىنى چاچتى:

— چاپسان ئېيت، زادى نېمە ئىش بولدى؟

سەلىمە بۈركۈت ئالدىدىكى توشقاندەك تىترەپ، تولىمۇ مىسكىن ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بۈگۈن كېچە نۇرپاشا قېچىپتۇ.

— نېمە؟— بەگنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ، قوشۇملىرى تۈرۈلدى،— نەگە قېچىپتۇ، بىلەمسەن؟

— خۇدا ھەققى، ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار، لېكىن قەيەرگە قاچقانلىقىدىن خەۋىرىم يوق.

— ئۇنى سەن قاچۇرۇۋەتمىسەڭ، ئۆزى قاچالامتى؟— رېھىمبەگ ئاچچىقىنى باسالماي، ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى،— كۆزۈمدىن يوقال!— دېدى، ئاندىن ئالدى - ئارقىسىغا مېڭىپ نۇرپاشانى تىللاشقا باشلىدى،— نۇرپاشا چوقۇم ھېكىم بىلەن قاچتى. خەپ توختاپتۇرۇش، تېرەڭنى تەتۈر تىلمايدىغان بولسام.

رېھىمبەگ توختىنى تۇۋلاپ، ئىسمەت دورغىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۈگۈن كېچە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئىسمەت دورغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان پەلەمپەي ئارقىلىق گەجلەنگەن تاملىرى بېزەلگەن مېھمانخانىغا كىرىپ قوش ياستۇق قويۇپ، ئىككى قات كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى

تاشلىدى. ئۇ ئۇزۇن يول بېسىپ ھاردۇق يەتكەن كىشىدەك، بەدىنىدە ئاللىقانداق بىئاراملىق سېزىپ، بېلى، پۇتى ئاغرىپ تۇراتتى. بايا سەلىمەدىن ئاڭلىغان يامان خەۋەر ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى بوشاشتۇرۇپ، خىيالىنى چارچىتىپ قويغان ئىدى. ئۇ بىرپەس خىيال سۈرۈپ سۈكۈتكە چۆكتى، ئىچى تىتىلداپ، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتتى. تاشقىرىدا چاكارلارغا ئىش جىبكىلەۋاتقان ئايتىللانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى- دە، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، ناھايىتى ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. سىرتتىن خىزمەتكار ئايال كىرىپ بەگنىڭ ئورنىنى يىغدى، ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇردى.

بەگ مېھمانخانىدا ئازراق ناشتا قىلدى. دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىدىن كۈننىڭ نۇرى ئۆيگە چۈشۈپ گىلەمنىڭ ئۈستىدە چاقنىسا، ئۇ نۇرنىڭ يەنە بىر بۆلىكى مىس لىگەن ئۈستىدىكى قاتلىما ۋە قويۇق سۈتلەنگەن قايماق چاي ئۈستىدە ئوينايتتى. بەگ بىرئازدىن كېيىن خىزمەتچىنى چاقىردى.

— ھە، ئوي كوچىلىق ئۇرايىم تېۋىپنى چاقىرىپ كەلدىڭمۇ؟

— چاقىرىپ كەلدىم.

— ئۇ قېشىمغا كىرسۇن.

— ماقۇل بېگىم.

ھايال ئۆتمەي بېشىغا سەللە ئورىغان، قەددى پۈكۈلگەن، 60 ياشلاردىكى تېۋىپ كىرىپ كەلدى. بەگ ياتقان ئورنىدىن سەللا قىمىرلاپ قويدى. تېۋىپ بەگكە سالام بەرگەندىن كېيىن: «جانابلىرىغا خىزمەت قىلاي دەپ كېلىۋىدىم» دېدى. بەگ ئۆزىنىڭ تاۋى يوقلۇقىنى ئېيتتى.

— مۇبارەك تومۇرلىرىنى تۇتۇپ كۆرسەممىكىن؟

بەگ قامىتىگە ياراشقان ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىپ ئۇزاتتى. تېۋىپ ئۇنىڭ قولىنى ئۇزاق تۇتۇپ سۈكۈتكە چۆكتى، كېيىن ئېغىر تىنىۋېلىپ:

— بېگىم، كۆڭۈللىرى پەرىشان كۆرۈنىدۇ، باشقا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، بۇ دەرد ئاغرىقى ئوخشايدۇ. دەرد ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولغان

كىشىگە دۇنيادا ئىككىلا داۋا تېپىلىدۇ: بىرى، مەقسىتىگە يېتىش، يەنە بىرى، شاراب ئىچىش. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا شىپالىق يوق.

بەگ سۈس كۈلدى، بېشىنى قانداقتۇر رازىمەنلىك بىلەن مىدىرلىتىپ قويدى.

— ئۆمۈرنىڭ تېگى تۆگىدى، ئەمدى ئىتتىك قەدەم بىلەن ئاخشام قاراڭغۇسىغا كېتىۋاتىمىز.

— جانابلىرى، ئۈمىدسىزلەنمىسىلە، — تېۋىپ بەگنىڭ ئاق سانجىلغان ساقىلىغا قاراپ شۈك بولىدى، ئاندىن، — سىلىگە دورا ئەۋەتىپ بېرەي، — دېدى.

رىھىمبەگ بېشىنى مىدىرلىتىپ قويدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ دېرىزىدىن ھويلىغا قارىدى. ۋاقىتنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ خۇشىياقمىغان ھالدا تېۋىپقا رۇخسەت قىلدى. تېۋىپ بەگكە سالامەتلىك تىلەپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

رىھىمبەگنىڭ ھالى پەرىشان ئىدى. ئۇ سىرتقىمۇ چىقماي مېھمانخانىدا يانپاشلاپ يېتىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

— نېمانچە جىمىپ كېتىلا، — دېدى بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى ئايتىللا مېھمانخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ.

رىھىمبەگ خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئېتىبارمۇ قىلمىدى. ئەكسىچە، قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىش توغرىسىدا ئىشارەت قىلدى. بەگنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ كەيپىنىڭ ناچارلىقىنى بىلىپ، گەپ - سۆزسىز چىقىپ كەتتى.

ھېكىم نۇرپاشانى ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن، بەگنىڭ كەيپىياتى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن، پات - پات چىلىم تارتىپ خۇماردىن چىققاندا سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولاتتى. رىھىمبەگ بىرنەرسىدىن ئاچچىقلانسا، شالاڭ ۋە يېرىك ئۆسكەن ساقاللىرى تىكىلىشىپ، قوش ئېڭەكلىرى لىپىلداپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى بىر ھەپتىدىن بېرى بېسىلمىدى. ئۇ بىرپەس قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۆي ئىچىنى ئايلانغاندىن كېيىن، يادىغا بىر ئىش يەتكەندەك،

ئايتىللانى توۋلىدى.
— ئايتىللا، هوي ئايتىللا!
— خوش بېگىم.
بەگنىڭ توۋلىغان ئاۋازىدىن چالا سېمىز، قوشۇما قاش ئايتىللا-خېنىم قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، بەگنىڭ ئالدىدا هازىر بولدى. بەگ خوتۇنىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:
— ئاچچىق قىلىپ بىر چەينەك چاي دەمله.
— خوش، هازىر.
هايال ئۆتمەي بەگنىڭ خوتۇنى دەملەنگەن چاينى چەينەك بىلەن كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بەگ پىيالىغا چەينەكتىن چاي قۇيۇۋېتىپ ئىچىپ بولۇپ ئېيتتى.
— مېنىڭ نۇرپاشاغا كۆزۈم چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەن بىرەر جايدا ئاغزىڭدىن چىقارمىغان بولغىيدىڭ؟
— ياق بېگىم، هېلىقى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا هېكىم كىرىپ قاپتىكەنغۇ، سىلى شۇ كۈنى هېكىمگە ئاچچىقلاپ كەتتىلىغۇ؟
— هىم، توغرا، توغرا،— دېدى بەگ ئەقىل تاپقاندەك،— مەنمۇ ئاشۇ هېكىمدىن گۇمانلانغان ئىدىم. راست، شۇ ئىش يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار قېچىپ كەتتى.
— خاتىرجەم بولسىلا، ئەۋەتكەن ئادەملىرى بۇ چاغقىچە قاچقۇنلار-نىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتقاندۇ. «جان بولسا جاهان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن.
— «كۆڭۈل دېگەن ئۆزىدىن چوڭ»دەپتىكەن خوتۇن، ئۇنىڭ زاتى پەس بولسىمۇ، هۆسنى پاكىز ئەمەسمۇ.
ئايتىللا قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ بەگكە دومسايدى ۋە ئاچچىق ئارىلاش:
— قىزىمىز ئېگىكىمىزگە تاقاشتى، يەنە شۇ گەپتىن قالمايلىغۇ؟
— ساقال ئاقاردى دېمەكچىمۇسەن؟ «ئەر قېرىسا قىز ئالىدۇ، قىز

قىرىسا كىم ئالىدۇ» دەپتىكەن.
— بەللى، مۇنداق گەپكەندە تېخى،— دېدى ئايتىللا نارازىلىق ئاھاڭدا، ئاندىن ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى.

## 2

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، تۈن يېرىمدا باشلانغان قىمار تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. يۇرت ـ يۇرتتىن كەلگەن بايۋەچچىلەر تۇتام ـ تۇتام پۇل بىلەن قىمارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرمەكتە. قىمار سورۇنىغا نۇرغۇن پۇل بىلەن كىرگەن جەزخورلارمۇ بۇ سورۇندىن كۆپرەك نەپ ئېلىش كويىدا ئىدى. رېھىمبەگنىڭ بەختى ئېچىلىپ قولى تازا ياپتا بولدى. ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك ئەمەتباينىڭ ئۆيىگە يىغىلغان بايۋەچچىلەر قىمارنىڭ ئوتىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن مۈگە باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۆيلىرىگە تارقىلىشاتتى. رېھىمبەگ باشقا ئىشلاردا زومىگەر بولسىمۇ، قىماردا توختاشلىق ئىدى، قىمارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىغا ھۆرمەت قىلاتتى. كۆپ ئۇتتۇۋالغان چاغلىرىدا مەردلىك قىلىپ قىمار ئەھلىگە چوتا بېرەتتى. كىچىكىدە ئاتا ـ ئانىسى ئارزۇلاپ باققان، باللىق ۋاقتىدا دادىسى ئۇنى كۆپىنچىسى توي، مەشرەپ، ئويۇن ـ تاماشا، قىمارخانىغا بىللە ئېلىپ بارغاچقا، ئۇ 12 يېشىدىلا مەھەللىدىكى باللار بىلەن داچەن ئويناپ يۈرۈپ قىمارغا قىزىقىپ قالغان، يېشى 18گە يەتكەندە چوڭ سورۇنلارغا بېرىپ قىمار ئويناشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇزاق يىللىق قىمار ئويناش جەريانىدا پىشىپ يېتىلىپ، ھازىر چوڭ قىمارۋازلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى...
بەگ ئۇتقان پۇللىرىنى ئەمدىلا يىغىشتۇرۇشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ خىزمەتكارى كىردى ـ دە، رېھىمبەگكە مەكتۇپنى ئۇزاتتى.
— بېگىم، سىلىگە شەھەردىن مەكتۇپ كەپتۇ.
رېھىمبەگ ئەمەتباينىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى، بىردىنلا يۈزىگە خۇشاللىق يۈگۈردى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ

قويدى. «ئىلگىرى بەش يۇرتنى سورايتتىم، مانا ئەمدى قاسىمبەگ يامۇلغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇ سورايدىغان بەش يۇرتنى مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. مەنمۇ دوتەيىنىڭ ئىلتىپاتىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسام بولماس»؟

ئۇ يەنە مېھمانخانىدىن چىقىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «دۈشمەنلىرىم قان يۇتۇپ ئۆلسۇن. ئىشقىلىپ، قىلغان ئەقىدەم يەردە قالماپتۇ. قەشقەر بىزنىڭكى، ئەمدى يۇرت بىزنىڭكى».

بەگ قىمارۋازلارنىڭ يېنىغا چىقتى، ئەمما قىمارغا ئارىلاشماي ئولتۇردى. قوزا چوڭ مەزگىلىدە ئۆيگە قايتىپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇپ، ئۇتقان پۇللارنى سانىغاندىن كېيىن، كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ دېرىزىدىن باغقا قارىدى، قۇياشنىڭ زەر نۇرلىرى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، دېرىزىدىن مېھمانخانىغا چۈشۈپ تۇراتتى. مېۋىلىك كۆچەتلەر ئارىسىغا تېرىغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر باغ ئىچىدە تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى ھاسىل قىلغان ئىدى.

رېھىمبەگ دېرىزىدىن باغقا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، سىرتتىن ئىسمەت دورغا كىرىپ كەلدى- دە، بەگكە سالام بەرگەندىن كېيىن، تەمتىرەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— بېگىم، ئون نەچچە كۈندىن بېرى قاچقۇنلارنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، يىراق - يېقىن يۇرتلارنىڭ ھەممىسىگە باردىم. بىراق، ئۇ بۇزۇقلارنى ئۇچرىتالمىدىم.

رېھىمبەگ ئارقىسىغىمۇ ئۆرۈلمىدى، كۆزلىرىنى باغ ئىچىدىكى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە، ئالتۇن ئۈزۈك سالغان بارمىقىنى قاسىلدىتىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ، ئون نەچچە كۈننى بىكارغا ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟
— يوقسۇ، ئىزدىدىم. يېڭىسار، يەكەنلەرگىچە باردىم.
— ئاڭلىسام، يېڭىساردا سەيلە - تاماشىدا بوپسەن.
— يوقسۇ، ئۇنداق ئىش يوق تەقسىر. سىلىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە

يۈرت ئارىلاپ قاچقۇنلارنى ئىزدەش بىلەنلا بولدۇم.
— خوش، ئۇنداقتا پەيزاۋاتقا باردىڭمۇ؟
— يوقسۇ، ياندۇرما ـ يامانىياردىن ياندىم.
— كىشىلەر ئۇ يەردە لاغايلاپ يۈرگىنىڭ توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزدىغۇ؟
— مەن جانابلىرىنىڭ خىزمىتىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئورۇنداشقا تىرىشتىم. ئادەتتىمۇ ئىشنىڭ چالا قىلىشىنى يامان كۆرەتتىم. بىراق...— ئىسمەت دورغا يەرگە قاراپ دومسىيىپ، بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، خىجىللىق ئارىلاش سۆزلىدى،— بېگىم، ئەمدى نېمە ئىش قىل دېسىلە، شۇنى قىلاي.
— ھەپتە ئىچىدە قاچقۇنلارنى تۇتۇپ كەلمىسەڭ، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!
— خۇدا بۇيرۇسا تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ، سىلىنى خۇشال قىلىمەن.
بەگنىڭ ئاق سانجىلغان ساقاللىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى. قاچقۇنلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى كونا خاتىرىلەرنى جانلاندۇرۇپ، يۈرىكىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ھەسرەت ئوتى يېقىپ، ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ، ئازابقا سالدى. نۇرپاشانىڭ گۈزەللىكتە تولغان ھۆسنى، لەۋلىرىنىڭ قىزىللىقى، نەيدىن ئىنچىكە ئاۋازى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. بەگنىڭ خىيالى قۇيۇن بولۇپ چۆللەرنى كەزدى، جاھاننى بۇلۇتتەك نەچچە ئايلاندى، ئەمما ئۇلارنى قوغلاپ ـ قوغلاپ يېتەلمىدى. بەگ قىزنىڭ ۋەسلىگە يەتسە، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزىرىدىغاندەك، چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك ئىشلار يۈز بېرىدىغاندەك ئىدى. باغدا كاككۇك سايرىدى، ئۇ گويا بىر پۈتىنى دېرىزىگە ئىگىشكەن، بەرگلىرى، چېۋىقلىرى بىلەن دېرىزىگە تەبىئىي زىننەت بولغان دەرەختە سايراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بەگ خۇدىنى بىلمىگەندەك، دەرد ـ ئەلەم بىلەن جىم بولۇپ قالدى، كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ۋە ئارقىسىغا شارتىدە بۇرۇلۇپ، تېخىچە لام ـ جىم دېمەي شۈمشىيىپ تۇرغان دورغىغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىپ قاراپ، زەردە بىلەن تەئەددى قىلدى:

— نېمە بۇتتەك قاراپ تۇرىسەن؟ بۇيرۇغان ئىشنى قىل!

ئىسمەت دورغا ئىككى پوكولوپ بەگكە تەزىم قىلدى ۋە كەينىچە مېڭىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

× × ×

ئويما نەقىشلىك دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى شامال بىر - بىرىگە يېنىك ئۇرۇپ، تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئېچىپ - ياپاتتى. شىرە ئۈستىدىكى قەغەزلەر شىلدىرلاپ ئۇچۇپ كېتىشەتتى. بەگنىڭ ئەمرى بويىچە نىزامىددىن خەتتات بوگون ئەتىگەن چاقىرتىپ كېلىنگەن ۋە يۇرت - يۇرتقا پەرمان يېزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ چېچىلىپ كەتكەن قەغەزلەرنى يىغىپ ئورنىغا قويدى، كېيىن ئۇچى ئۇپراپ كەتكەن قومۇش قەلەمنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئۇچلىدى، ئاندىن سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن دوۋەتكە پاتۇرۇپ، قەغەزگە ھەر خىل ھەرپلەرنى يېزىپ كۆردى. تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى يۇرتنىڭ يۈزبېشىغا قارىتىلغان پەرماننى يېزىشقا باشلىدى. ئۇ ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى يېنىك ئېچىلدى، نىزامىددىن قەلەمنى شىرە ئۈستىگە ئاستا قويۇپ ئىشىككە قارىدى. بەگ مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كىردى، ئاندىن تارالمىغان ساقىلىنى تىترىتىپ:

— پەرمانلارنى يېزىپ بولدۇڭمۇ؟— دەپ سورىدى.

— يېزىپ بولدۇم،— دېدى نىزامىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بەگنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ.

— قېنى ئوقۇ.

نىزامىددىن ئىككى قاچقۇننى تۇتۇش توغرىسىدىكى پەرماننى شىرە ئۈستىدىن ئېلىپ، كۆزىگە يېقىن ئاپىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى...

— بولدى، توختا. بۇنى بىرنەچچە نۇسخا كۆچۈرۈپ، ھەرقايسى يۇرتتىكى يۈزبېشىلارغا تارقات.

— خوپ.

## 3

كۆز پەسلى، پات - پات يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى بىر - بىرلەپ تۆكۈلۈپ نەم يەرگە يېپىشاتتى. شەھەر كوچىلىرىدا ئادەملەر پاتقاقچىلىقتىن مېڭىشتا قىينىلاتتى.

ئىسمەت دورغا كۆزنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، ئىككى تەرىپى سۇۋادان تېرەكلەر قاپلىغان يولدا تەبىئەت ۋە ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەر توغرۇلۇق ئويلاپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. قوللىرىنى باغلاپ بىر - بىرىگە چېتىپ قويغان، روھى چۈشكۈن ھېكىم بىلەن نۇرپاشا يالاڭ ئاياغ ھالدا ئاتنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يۈزى ئاغرىق ئادەملەرنىڭكىدەك سارغىيىپ كەتكەن، نۇرپاشا كېتىپ - كېتىپ ھالسىزلانغاندەك ھېكىمگە يۆلىنىپ ماڭاتتى. ئۇلار بازار ئىچى بىلەن ماڭماي ئارقا يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. يولۇچىلار دورغىنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان قىز - يىگىتكە قاراپ ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە خۇلاسىگە كېلىشەتتى.

— گۇناھى نېمە ئىكەن بۇ بىچارە قىز - يىگىتنىڭ، — دەپ خۇرسىنىپ قويۇشاتتى. دورغا ئالدىدا كېتىۋاتقان قىز - يىگىتكە يىرگىنچلىك كۆزى بىلەن قاراپ خىياللارغا چۆمۈلەتتى.

— مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، ئەمدى سەنلەرنى ئاپىرىپ بېگىمگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىنئام ئالىمەن.

دورغا بۇلارنى ھەيدەپ كۈن ئولتۇرغاندا يۇرت ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ھېكىم بىلەن نۇرپاشا دورغىنىڭ ئالدىدا تۆت قەدەم يىراقلىقتا كېتىۋاتاتتى. يۇرت - مەھەللىدىكىلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى. ھېكىم بىلەن نۇرپاشا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپتىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قارىدى. كۆرگەن - بىلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك يەرگە قارىۋالاتتى. تۇساتتىن توپ ئىچىدىن بىرسى قاتتىق ۋارقىرىدى:

— نۇرپاشا!

بۇ توختىنىڭ ئايالى رەۋنىخان ئىدى. ئۇ توپ ئىچىدىن ئىتتىلىپ چىقىپ نۇرپاشانى قۇچاقلىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە تاشلىنىپ، يۈرەكتىكى دەرد - ئەلەملىرىنى كۆز يېشى ئارقىلىق ئىزھار قىلىشتى. شۇ چاغدا ئىسمەت دورغا بىلىدىكى قامچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ رەۋنىخاننىڭ باش - كۆزىگە ئارقا - ئارقىدىن بىر - قانچىنى ئۇردى ۋە تەلەتىنى تۈرۈپ، قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ:

— يوقال! بۇلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىرىڭ گۇناھقا شېرىك بولغىنىڭ،— دېدى، ئاندىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، نۇرپاشاغا ھەيۋە قىلدى،— ھۇ شەرمەندە قانجۇق، ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان!

ئۇلار بىر - بىرىدىن نائىلاج ئايرىلىشتى.

— خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن،— دېدى ئەل - جامائەت.

ھېكىم بىلەن نۇرپاشا ئەتراپتىكىلەرگە تەلمۈرۈپ كۆزىنى ئۆزمەي قارىدى ۋە كۆز ئىشارىتى قىلىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. رەۋنىخان ئاچچىق تاياق ئازابىنى ئىچىگە يۇتۇپ پاك مۇھەببەت ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقان بىر جۈپ ياشنىڭ كەينىدىن كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا خېلى ۋاقىتقىچە قاراپ تۇردى. ئۇلار بەگنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكەنىدىن كېيىن، پاك مۇھەببەتكە تولغان ئىككى يۈرەكنىڭ بەختىگە دۇئا قىلىپ، ھەسرەت ئىچىدە ئۆيلىرىگە قايتتى.

ھېكىم بىلەن نۇرپاشانىڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان رېھىمبەگ پېشايۋان ئاستىدىكى كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتاتتى. دورغا ئۇلارنى ھويلىغا ئېلىپ كىرگەندە، رېھىمبەگ ئېتتىكلا ئورنىدىن تۇردى. ئىسمەت دورغا بەگ بىلەن سالاملاشتى.

— بېگىم، تاپشۇرۇقلىرى بويىچە قاچقۇنلارنى تۇتۇپ كەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى قىپسەن. ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم سولاپ قوي، ئەتە سوراق قىلىمەن.

ئىسمەت دورغا ئۇلارغا كەچلىك تاماق بەرگەندىن كېيىن، ئايرىم خانىلارغا سولاپ قويدى. ئەتىسى قوزا چۆش مەزگىلىدە رېھىمبەگ ئۇلارنى

بىر ـ بىرلەپ سوراق قىلدى.

— ھوي پاسىق ھارىمى، ئېيتە، نېمىشقا شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلىپ يۈرىسەن؟— رىھىمبەگ قان قۇيۇلغاندەك قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ھېكىمنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى.

— باشقا غەرىزىم يوق بېگىم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا كېلىشىپ قويغان.

— جۆيلىمە، ھۇ تۈزكور، نەچچە يىلدىن بېرى تۈزۈمنى يەپ تۇرۇپ، سېنىڭدىن كەلگەن ۋاپا شۇمۇ؟

— ...

— نۇرپاشانى نىكاھىڭغا ئالدىڭمۇ؟

— ئالدىم.

— نەچچە كۈن بولدى.

— 60 كۈن.

ھېكىمنىڭ جاۋابىدىن بەگنىڭ شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ، ئېڭىكى ئاستىدىكى ساڭگىلاپ قالغان گۆشلىرى لىپىلداپ، كۆزلىرىگە قىزىللىق تېقىلدى ۋە ئۆزىنى باسالماي، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان دورغا ـ يايىلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— بۇ ھارامدىن بولغان توڭگۇزنى ئۆلگۈچە ئۇرۇڭلار!

دورغا ـ يايىلارنىڭ قامچىسى ھېكىمنىڭ بەدىنىگە ھەر قېتىم تەگكەندە، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىن قىپقىزىل قان تېرە ئۈستىگە تەپچىپ چىقاتتى. ئۇ دەسلەپ يىگىتلىك غۇرۇرىنى ساقلاپ، ئېغىر ئازابقا بەرداشلىق بەردى، كېيىن سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ، رىھىمبەگكە تىل سالدى.

— ھۇ ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان قانخور مۇناپىق. سېنىڭ ئالدىڭدا ئادەم دېگەننىڭ ئوت ـ خەسچىلىك قىممىتى يوقمۇ؟ بۇ يۇرتتا سېنىڭ زۇلمىڭنى تارتمىغان ھېچبىر ئىنسان قالمىدى. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۆلۈكۈڭنى ئۆرتەپ، كۈلۈڭنى كۆككە سورۇمايدىغان بولسام، خەپ توختاپتۇر!

رىھىمبەگ غەزىپىنى باسالماي، ئىسمەت دورغىغا ھېكمەتنى قاتتىق ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. دورغا ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتما ـ تالاڭ بولغۇچە ئۇردى، ھېكمەت تاياق ئازابىدىن ھوشىدىن كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىسمەت دورغا بەگنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلگەندە بەگ تېخى بامدات نامىزىدىن كىرمىگەن ئىدى. بەگنىڭ خوتۇنى ئايىتىللاخېنىم دورغىغا بەگنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، خىزمەتچىلەرگە چاي بۇيرۇدى. دورغا چاي ئىچكەچ بەگنىڭ ھۇجرىسىدا ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە كېلىدىغان ئىنئامنىڭ شېرىن خىيالىغا چۆمۈلۈپ ئويغا پاتتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «خۇدا سېنى شۇنداقمۇ ئۇچراشتۇرۇپ قويارمۇ؟» ئۇ يەنە تاتلىق خىيال قاينىمىدا ئۆزۈشكە باشلىدى...

ئىسمەت دورغا ھېلىقى كۆنى بەگدىن داۋىسىنى ئىشتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، بەشكېرەملەرنى ئارىلىدى. يېڭىئۆستەڭ ئارقىلىق ياندۇرمىغا، ئاندىن پەيزاۋاتقا باردى. ئۇ نۇرپاشانىڭ پەيزاۋاتنىڭ شاپتۇل دېگەن يېرىدە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بارلىقىنى باشقىلاردىن ئېنىقلىۋالغان ئىدى.

ھېكمەت نۇرپاشانى ئېلىپ قاچقان كېچىسى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ پەيزاۋاتنىڭ شاپتۇلغا يېتىپ كېلىپ، نۇرپاشانىڭ نەۋرە تۇغقىنى ئابدۇللا قارىينى تېپىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئابدۇللا قارىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، يۇرت ـ مەھەللىگە بىر قازان نەزىر بېرىپ، بۇ يەردىكى مەسچىت ئىمامىنى چاقىرىپ كېلىپ، كەچقۇرۇن نۇرپاشانى ھېكمەتكە نىكاھ قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدى ھەم ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى بېرىپ، ئاز ـ تولا سەرەمجان بىلەن ئۆي ئايرىپ قويغان ئىدى. ھېكمەت ئابدۇللا قارىينىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ شەپقىتىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ كەلدى. نۇرپاشا بولسا رىھىمبەگنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغىنىغا بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بەردى.

تونۇگۇن يىگىشەردىن پەيزاۋاتقا قاراپ ئاتلىق يولغا چىققان ئىسمەت دورغا بۇگۇن كەچ پېشىن بىلەن پەيزاۋاتنىڭ شاپتۇل يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئات ئۈستىدە بىر كۈن ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەچكە، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر ئۆيدىن قونالغۇ تېپىپ شۇ يەرگە چۈشتى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە ئېتىنى سوۋۇتقاچ ئازراق ناشتا قىلدى، ئاندىن ئېتىنى ئوتقا قويۇشتىن بۇرۇن سۇغىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ ئۆستەڭ تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا يىراقتىن قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا كېلىۋاتقان، بېشىغا ئاق داكا رومال سالغان بىر قىز كۆرۈندى، ئۆستەڭ سۈيى ۋىلىق - ۋىلىق كۆلكىسى بىلەن قىزنى قارشى ئالماقتا ئىدى. ئات ئۆستەڭگە ئېگىشكەندە، دورغا قۇياش نۇرى جىلۋە قىلىپ تۇرغان سۇدا قىزنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ قالدى.

— ياھ، نېمىدېگەن چىرايلىق قىز- ھە. سەھرادىمۇ شۇنداق ساھىبجامالىلار ياشايدىكەن،— دېدى دورغا بۇ قىزغا ھەسەت قىلىپ. ئۇ ئاتتىن چۈشتى- دە، قىزنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى.

— خېنىم، ئۆزلىرى مۇشۇ يۇرتتىن بولامدىلا؟

قىز روملىنى قايرىپ قاراپ ئىسمەت دورغىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. دورغىمۇ قىزنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. قىز نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى، بىردەمدىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يىغىپ، تېخى سۇ ئالمىغان قاپىقىنى تاشلاپلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى. قىز ئالدىدىكى ئاتلىق كىشى رىھىمبەگنىڭ چاپارمىنى ئىسمەت دورغا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلدى- دە، چوڭ يولدىن ئۆتۈپ، بۇك - باراقسانلىق مەھەللىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئىزدەپ كەلگەن كىشى بىلەن مۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن دورغا گويا پادىچىغا جاڭگالدىن ئالتۇن ئۇچرىغاندەك خۇشال بولدى- دە، ئات سىلىپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. دورغا قىزغا يېتىشىۋېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئۇنى تۇتۇۋې- لىپ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ، يانچۇقىدىن تانا ئېلىپ باغلاپ، تانىنىڭ بىر ئۇچىنى ئاتنىڭ باش بېغىغا چىگىپ، ئاتنى يېتىلەپ، ئۇنىڭ

تۇرۇشلۇق جايىغا ئېلىپ كەلدى. ھايال ئۆتمەي بۇ ئىشتىن ھېكىم بىلەن ئابدۇللا قارىم خەۋەر تاپتى. ئىسمەت دورغا ئۇلارنىڭ ياخشى گەپلىرىنى رەت قىلىپ، ھېكىم بىلەن نۇرپاشانى ئېلىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئابدۇللا قارىم بىلەن جېدەل قىلدى. ئاخىر بۇ يۇرتنىڭ يۈزبېشىنى ئىزدەپ تېپىپ، رېھىمبەگ نامىدا يېزىلغان پەرمانىنى كۆرسىتىپ، يۈزبېشىغا پارا بېرىپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ھېكىم بىلەن نۇرپاشانى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ، ناماز بامداتتىن كېيىن يولغا چىقتى...

ئىسمەت دورغىنىڭ خىيالىنى ئىشىكنىڭ قاتتىق ئىتتىرىلىشى بۆلۈپ تاشلىدى. ئىشىكتىن رېھىمبەگ كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنە سالاملاشقاندىن كېيىن، سەللىسىنى قوزۇققا ئېلىپ قويدى، ئاندىن تون چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ، دورغىدىن سورىدى.

— تۈنۈگۈن تاپىلىغان خىزمەتلەرنى ئورۇندىدىڭمۇ؟

— ئورۇندىدىم بېگىم، سىلىنىڭ ئەمرلىرىنى ھەرقايسى يۇرتتىكى يۈزبېشىلارغا يەتكۈزدۈم.

— ناھايىتى ياخشى، ھازىر بېرىپ قازى - مۇپتىلارغا ئېيتىپ قوي، شامدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلسۇن.

— ماقۇل بېگىم.

— باشقا گەپ- سۆزۈڭ بارمۇ؟

— باشقا گېپىم يوق،— دېدى ئىسمەت دورغا ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ بەگدىن بىرنەرسە تەمە قىلغاندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئىككى قەدەم ماڭغاندا، بەگ ئۇنى توۋلاپ توختاتتى.

— بۇياققا كەل.

— خوش.

— لەۋزىدىن يېنىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، تاپان ھەققىڭنىمۇ بىراقلا ئېلىپ قايت!— رېھىمبەگ سۆگكىچىدىكى ھەميانىدىن بىرنەچچە تەڭگە ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى،— ئاز بولسىمۇ بالا - چاقاڭ بىلەن خىراجەت قىلغىن.

— مۇنداق قىلىسىلا سەت بولىدىغۇ؟ بىگىمىنىڭ كىمىنىڭ، بىزنىڭ كىمىنىڭ؟— بەگنىڭ ئالدىدا سۈلكەت قىلدى دورغا.

— ئۇنداق ئەمەس،— دېدى بەگ دورغىغا،— ھەرقانداق ئىش ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى.

ئىسمەت دورغا بەگنىڭ قولىدىن تەڭگىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ:

— ئاتىدارچىلىق قىلغانلىرىغا رەھمەت،— دېدى- دە، يېنىك قەدەم ئېلىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ناماز ئەسىردىن كېيىن، رېھىمبەگنىڭ مېھمانخانىسىغا يىغىلغان يۇرت چوڭلىرى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. بەگ ئۇلارغا قويى سويۇپ شورپا سالدى، كېيىن گۆش بېسىپ پولۇ تارتتى. تاماقتىن كېيىن، رېھىمبەگ ئۇلار بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ، گەپكە ياپسا كەلگەندە ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

— ھەممىڭلارغا مەلۇم، ھېكىم مېنىڭ زېمىنىغا تېگىدىغان ئىش قىلىپ، يۇرت ئىچىدە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. تونۇگۈن ئۇنى سوراق قىلغان بولسامۇ، يەنىلا جاھىللىق قىلىپ مېنىڭ بىلەن ئۆچلەشتى، ھەتتا «تىرىكلا بولىدىكەنمەن ئۆلۈكۈڭنى ئۆرتەپ، كۈلۈڭنى كۆككە سورۇيمەن» دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى بارلىقى ئېنىق. ئاڭلىشىمچە، قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىپ تۇرۇپمۇ مېنىڭدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرۈپتىمىش. ئۇ ئەگەر مېنىڭ قولۇمدىن سالامەت قۇتۇلسا، يەنە بىر چاتاق تېرىيدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ ۋەقە ھەقىقەتكە يېقىن،— دېدى رېھىمبەگكە يېقىن ئولتۇرغان مۇھەممەتھاجى يوتىسىغا كاچاتلاپ قويۇپ،— بەگنىڭ ھويلىسىدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدىمۇ مۇنداق قارا نىيەتلەر بار. باشقا يۇرتنىڭ بەزى بەگلىرىمۇ بېگىم بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ. يالاڭتۆشلەر ئىچىدىمۇ بېگىمگە قەست قىلىدىغانلار بار. ھېكىمنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئۆتكەندە نۇرپاشانى ئېلىپ قاچتى، كېيىن بېگىمنى دوتەي يامۇلىغا چاقتى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك.

— بىز يۇرتتىكى مۇنداق پىتنىلەرگە يول قويماسلىقىمىز ۋە يەنە يۇرتنى ئادىل سوراپ، بىھۇدە قان تۆكۈش بىلەن پۇقرانى نارازى قىلماي ئۆتۈشىمىز كېرەك،— دېدى تاھىرھاجى.

— بۇ بىر تەرەپلىمىلىك پىكىر،— دېدى ئەمەتباي،— ئۇچقۇنىنىڭ يانغىنغا ئايلىنىشى، يەڭ ئىچىدىكى خەنجەرنىڭ ئاخىر بىر كۈن غەزەپلىك قولدا يالتىرىشى تۇرغان گەپ. يۇرت سوراۋاتقان ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە ھەربىر قەدىمىمىزنى ئويلاپ بېسىشىمىز كېرەك.

— جانابلىرى، مۇنداق ئىشلارغا قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلمىسىلىمۇ بولاتتى،— دېدى مۇھەممەتھاجى قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ قويۇپ.

— نېمىشقا؟— دېدى رېھىمبەگ ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ.

— كەلسە ـ كەلمەس پىتنىلەرگە قۇلاق سېلىپ، شىكايەتلەرگە چۆكۈپ، ئۆمۈرگە ئىكەك سېلىپ ئۇيراتمىسىلا. مۇنداق ئىشلارنى بىزگە تاپىلىسىلىمۇ قىلىۋېتەلەيمىز.

— سىزنىڭ گېپىڭىزمۇ توغرا،— دېدى رېھىمبەگ،— ئەگەر ئادىللىق قىلىدىم دەپ جازانى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولساق، بىر قىسىم يامان نىيەتتىكى كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ تومۇرىغا پالتا ئۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بەگلىكنى ساقلاپ قېلىشىمۇ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش. سۆزۈمنى يىغىنچاقلىسام، ئەتە ھېكىمنى خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلماقچى. ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قويماقچىمەن.

— بېگىم توغرا ئېيتتى،— دېدى تاھىرھاجى،— يۇرت ئىچىدە بىر ـ ئىككىسىنى خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلمىسا، قالغىنى چۆچۈمەيدۇ. ھېكىمـ ـنىڭ ئىبرەت قىلىنىشى يەنە بىزنىڭ يۇرت سورىشىمىزغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

رېھىمبەگ يۈزبېشى، قازى ـ مۇپتىلارنى ئەتە بولىدىغان ئىشتىن خەۋەردار قىلغاندىن كېيىن، كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. مەزىن خۇپتەنگە ئەزان ئېيتقاندا، ئۇلار ئورنىدىن قوزغىلىشتى.

# يەتتىنچى باب

## ئازابلىق كۈنلەر

### 1

كالتە بازاردا زومچەك - زومچەك ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىپ، ئەسكى تاملار خارابىسى بۇ يۇرتنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

تۈنۈگۈن رېھىمبەگنىڭ پەرمانى بىلەن ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى كۆل بېشىدا ئۆسكەن قاپاق تېرەك ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. رېھىمبەگ تېخى يېتىپ كەلمىگەچكە، جازا مەيدانى ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، بەگنىڭ دورغىلىرى بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ قىستىشىۋاتقان جامائەتكە قامچىسىنى تەڭلەپ پوپوزا قىلاتتى. كۈن قوزا چۈش بولغاندا، رېھىمبەگ بىلەن يامۇلنىڭ ئىككى ھۆكۈمەت خادىمى، ئۈچ نەپەر ساقچى جازا مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بەگنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قىيا - چىيا، ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقان جامائەت بىردىنلا قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى. دورغىلار سورۇننى كېڭەيتكەندىن كېيىن، بەگ بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ مەقسىتىنى خەلققە ئۇقتۇردى. ئۇ ھېكىمنىڭ قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ، سوراق جەريانىدا بەگ بىلەن قارشىلىشىپ، بەگنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئاغزىغا ئېلىپ، گۇناھىغا توۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، گۇناھىنى كۆپەيتىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن يامۇلنىڭ تەستىقى بىلەن باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ھېكىمگە ئېغىرلىتىپ جازا بېرىدىغانلىقىنى

ئېيتتى. رېھمبەگ سۆزلەۋاتقاندا، 6 — 7 نەپەر چوماقچى ھېكىمنى باغلاپ جازا مەيدانىغا ھەيدەپ كېلىشتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دورغىلارنىڭ يالىشى بىلەن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ كېلىندى. ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قېرىنداشلىرىغا تەمكىن ۋە ھېسداشلىق بىلەن قاراپ قوياتتى.

دوتەي يامۇلىدىن كەلگەن ئېگىز بوي، ياپما قاپاق، مۇرىلىرىگە كۆن قاپلىق ئوقدان، بېنىغا ياغاچ غىلاپلىق ماۋزىر ئاسقان ساقچى ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، كانىيىنى كېرىپ ۋارقىرىدى:

— خالايىق، تىنچ!— ئۇنىڭ ئاۋازى ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك جاراڭلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن يامۇلنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ جازانامىسىنى جاكارلىدى، كېيىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ھېكىمنى قاتتىق جازالاشنى بۇيرۇدى.

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا چوماقچىلار ھەش - پەش دېگۈچە ھېكىمنى ئارغامچا سېلىنغان قاپاق تېرەككە ئاستى. خالايىق ئۇپپۇر- توپپۇر بولۇشتى، توپ ئىچىدە قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. دورغا قامچىسىنى ئېلىپ ھېكىمنى يالىڭاچلاپ 50 دەررە ئۇردى. قاتتىق تاياق ئازابىدىن ھېكىمنىڭ بەدىنى تىتما - تالاڭ بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. «بىر تاياقنىڭ كۆزى بار، بىر تاياقنىڭ كۆزى يوق» دېگەندەك، تاياقلار ئۇنىڭ يامان يېرىگە تېگىپ، جېنىغا زامىن بولدى. رېھمبەگ ھېكىمنىڭ كۆن پاتقۇچە ئېسىقلىق تۇرۇدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ساقچىلار بىلەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، توختى باشلىق بىرقانچە يىگىت دورغىلارنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي، ھېكىمنى قاپاق تېرەككە ئېسىقلىق تۇرغان يەردىن يېشىۋالدى. توختى ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ نەپسىنى تىڭشىدى، ھېكىم جان ئۈزگەن ئىدى.

2

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شاملى يالىڭاچلانغان دەل - دەرەخلەرنى

ھۆشتەك چالغۇزۇپ، زىمىستان سوغۇقنى باشلاپ كەلدى.

ئەتراپتا قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، دېھقانلارنىڭ ئىتىزلىقتىكى جاراڭلىق ناخشىلىرى ئاڭلانمايتتى. قىشلىق ئوتۇن ئۈچۈن كۆتەك يېرىۋاتقان كىشىلەر ئۇيەر - بۇيەردە ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئەنجان تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان كالتە بازاردىكى مەھەللىلەرنىڭ تار ۋە ئەگرى - توقاي كوچىلىرى، ئەنجان تاملىق باغ - ھويلىلىرى، زومچەك - زومچەك ئۆيلەر كۆرۈنەتتى. يار ئاستىدا بىر خىل رىتىم بىلەن ئېقىۋاتقان تۇمەن دەرياسىنىڭ شارقىرىشى ۋە يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن قۇرۇق شاخلارنىڭ شىلدىرلىشى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

ئاچچىق تۇتۇندىن قارىيىپ كەتكەن مورا بېشىدا يانغان جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقى گۈللىرى ئۆچۈپ تىتما - تالاڭ بولۇپ كەتكەن كىگىز ئۈستىدە يامرايتتى. تاختايلىرى كونىراپ قېيىپ قالغان ئىشىك يوچۇقىدىن كىرگەن سوغۇق شامال چىراغ يالقۇنىنى لەپىلدىتەتتى. نۇرپاشانىڭ قورسىقى تولغاپ ئاغرىغانلىقتىن ئۇخلىيالمىدى، بىردەم تىترەپ، بىردەم تەرلەيتتى. ئۆي ئىچىنى قاپلىغان ئېغىر نالە كىشىنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سالاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئىڭرىغان ئاۋازى كۆچىيىپ، ھويلىدىكى رېھىمبەگنىڭ چوك خوتۇنى ئايتىللانى زادىلا ئۇخلاتمىدى. ئايتىللا ئورنىدىن تۇرۇپ، چىراغ يېقىپ، قورۇ - قوتان جايلاشقان قاراڭغۇ تەرەپكە كەلدى ۋە نۇرپاشاغا تەئەددى قىلدى:

— نېمىشقا مۇساپىرنىڭ كۆچۈكىدەك غىڭشىپ ئادەمنى ئۇخلاتمايسەن؟

— خېنىم، قورسىقىم ئاغرىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ،— نۇرپاشا ئىڭىشىپ تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى چاڭگاللىۋالدى.

ئايتىللا بىرئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، غورا يېۋالغان كىشىدەك يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ زەردە قىلدى:

— ھە، ئەمدى بىلدىم، تولغاق يەۋېتىپسەن. دە. ھارامدىن بالا تاپقان نائەھلىنىڭ بۇ جايدا تۇغۇشى ئائىلىمىزنىڭ شان - شەرىپىگە تۇغرا

كەلمەيدۇ. ئۆيدىن چىق، بالىنى قەيەردە تاپقان بولساڭ، شۇ يەرگە چىقىپ تۇغ!

ئايتىللانىڭ ئاچچىق سۆزلىرى نۇرپاشانىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلدى. ئۇ ئايتىللانىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، يىلىنىپ - يالۋۇردى.

— جېنىم خېنىم، ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئاجىزە ئايال، رەھىم قىلسىلا، مۇشۇ ئۆيدە يۈكۈمدىن بوشىنىۋالاي.

— نىمە، مەن بۇ ئاھانەتنى قانداق كۆتۈرىمەن؟ تولا ۋالاقلىماي كۆزۈمدىن تېز يوقال!

ئايتىللانىڭ زەھەردەك سۆزى قوشۇلۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان نۇرپاشانى يەنە تولغاق تۇتتى. ئۇ ئاچچىق تولغاق ئازابىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يۇمىلاپ چىرقىراپ كەتتى. شۇ چاغدا كارا - كاراڭنى ئاڭلىغان رېھىمبەگنىڭ دېدىكى سەلىمە يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە ئايتىللاغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— خېنىم، رەھىم قىلسىلا. خۇدا ھەققى، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالاي،— سەلىمە ئۆز قىزى ئالدىدا مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان مېھرىبان ئانىدەك نۇرپاشاغا يوپۇشتى. ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ،— «يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدايىم». خۇدايىم ساڭا ئاسان يولنى بېرەر...— دېدى.

ئايتىللا يەنە شالىنى چېچىپ، سەلىمەگە بۇيرۇق قىلدى:

— سەلىمە، ئۇنى چاپسان ھويلىدىن چىقىرىۋەت!

بۇ چاغدا رېھىمبەگ ئويغىنىپ ھويلىغا چىقتى. گەپنىڭ تېگى - پېيىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شالىنى چاچتى.

— ھۇ قاغىش تەگكەن پاسكىنا، ھارامدىن بالا تاپقان گۇناھنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن! مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. سېنىڭ ئۆلۈكۈڭنى ئىت يېسىمۇ گۇناھىڭ تۈگىمەيدۇ.

— قېنى سەن، سەلىمە؟ بۇ پاسىقنى ئىتقا تاشلاپ بەر! بۇ زىناخور خوتۇننى تىرىك كۆمۈۋەتسىمۇ زېمىن قوينىغا ئالمايدۇ.

— بېگىم، مەن ئۇنى تىلىۋالاي،— سەلىمە بەگنىڭ جاۋاب

بېرىشنى كۈتمەيلا نۇرپاشانى هويلىدىن چىقىرىۋەتتى،— جېنىم بالام، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئامال قىلالىسام، سېنى يۆلەپ بىرەر قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئۇلاشتۇرۇپ قويسام بولاتتى...— سەلىمە ئاي قاراڭغۇسىدا پېشايۋان ئاستىدا ئۆزلىرىگە يامان كۆز بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئايتىللاغا قاراپ قويىدى- دە، كېيىن يەنە ئېغىر خۇرسىندى،— ئاللا ئىگەمگە تاپشۇردۇم. خۇدا ئاسان يول بېرەر، لېۋىڭنى چىشلەپ بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە ئۇلىشىۋالغىن.

— سەلىمە، ئىشىكنى تاقاپ قايتىپ كەل!

ئايتىللا ئۇنىڭغا سەت ۋارقىرىدى.

× × ×

تاڭ سۇزۇلۇپ، كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان يۇرتنى ئارىلاپ يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى. تۈگۈلۈكتىن خىرە - شىرە يورۇقلۇق ئۆي ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىغاندا، ئىگەلەپ يىغلىغان بوۋاق ئۆي ئىچىنى بېشىغا كىيدى. رەۋىخان چىرايلىق زاكىلانغان بۇۋاقنى قولىغا ئېلىپ بەزلەۋاتقاندا، نۇرپاشا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بوۋاقنى كۆكسىدىكى تېشىپ تۇرغان مېھىر بۇلىقىدىن قانغۇدەك سۈغاردى ھەم باغرىغا بېسىپ ئۇيقۇغا كەتتى. رەۋىخان تام مەش ئوچىقىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئاچچىق تۈتۈن چىقىرىپ پۇشۇلداپ كۆيۈۋاتقان قوناق شېخىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئارىسىدا شۇۋىگۈرۈچ قايىنتىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى.

تۈنۈگۈن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئۇ ئېرى توختىنىڭ جۇۋازخانىسىغا كېتىۋاتقاندا، رېھىمبەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا هوشسىز ياتقان نۇرپاشانى ۋە ئۇنىڭ ئايىغىدىكى كىندىكى كېسىلمەي، ئىمجان ياتقان بوۋاقنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. رەۋىخان بالىنىڭ كىندىكىنى كېسىپ، ئىسسىق چۈمكەپ، ئانا - بالىنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. نۇرپاشا خېلى ئۇزاقتىن كېيىن هوشىغا كەلدى. رەۋىخان ئۇنىڭ

پېشانىسىدىكى سوغۇق تەرنى ياغلىقى بىلەن سۈرتتى، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن: «نۇرپاشا، ئاق يوللۇق بولدۇڭ، بالاڭ ئوغۇلكەن، دادىسىغا قويۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدۇ» دېدى...

رەۋىخاننىڭ خىيالىنى كېچىچە رېھىمبەگنىڭ جۇۋىزىنى ھەيدەپ، ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئېرى توختى بۆلۈپ تاشلىدى.

— كەلسىلە، توكدىلىمۇ، قورساقلىرى ئاچتىمۇ؟

رەۋىخان ئېرىگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى. توختى ئوچاق ئالدىدا زوڭ ئولتۇرۇپ بىر تال قوناق شېخى بىلەن كولۇكدىكى كۈلنى تارتىپ ئىسسىندى- دە، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان نۇرپاشاغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى ۋە قايغۇلۇق سىلىنغان ھالدا:

— ھېكىم تولىمۇ ئىشچان يىگىت ئىدى. ئۇ ھايات بولغان بولسا، ئوغلىنى كۆرۈپ بېشى كۆككە يەتكەن بولاتتى،— دېدى.

ئېرىنىڭ سۆزى رەۋىخاننىڭ كۆڭلىگە ئاچچىق ئەستىلىكلەرنى سېلىپ ئۆتتى، بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، لەۋلىرى تىترەپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۇششاق قورۇق باسقان يۈزىدە قايغۇ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

توختىنىڭ ياللىراپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئۇزاق يىل جاپالىق مېھنەت سەندىلىدە سوقۇلۇپ پىششاقلانغاندىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، دوپدوغىلاق گەۋدىلىك، قويۇق قارا ساقاللىق، قاڭشارلىق، 35 ياشلار چامىسىدىكى يىگىت بولۇپ، ئۆزى نامرات بولسىمۇ، كۆڭلى يۇمشاق، باشقىلار ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىنى ئايىمايتتى.

توختى تۈنۈگۈن ئاز - تولا سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن، قوزا چۈش بولغاندا كالتە بازارغا باردى. مىنىپ كەلگەن سۇر ھاڭگىنى دەڭگە ئەكىرىپ ئاختىخانىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، خۇرجۇنىدىكى ئىككى چارەكچە ئاق قونىقىنى يۇدۇپ، جوۋا (ئاشلىق بازىرى) تەرەپنى نىشانلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ جوۋىغا كېلىپ، بىردەم خېرىدار ساقلاپ ئولتۇردى. جوۋا قىزىغاندا، قونىقىنى ئانچە باھا تالاشمايلا سېتىپ، خۇرجۇننى دولىسىغا سېلىپ بازار ئايلاندى. توختىنىڭ ئۆزى بازاردا بولسىمۇ، خىيالى

ئىگە - چاقىسىز تۇغۇتلۇق ئايال نۇرپاشادا قالغان ئىدى. ئۇ قوناق ساتقان پۇلىغا ئازراق گۈرۈچ، ياغ، گۆش، يېرىم خام، ئىككى توقاچ سوپۇن سېتىۋېلىپ ياندى...

توختى ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە كولۇڭدىكى ئۇتىنىڭ يالقۇنىغا قاراپ ئەسنىدى. ئۇ كېچىچە بەش جۇۋاز يۈكىنى ھەيدەپ كەلدى، شۇڭا كۆزلىرىدە ئۇيقۇسىراش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ۋۇجۇدىنى ھارغىنلىق چىرمىۋالغان ئىدى.

— ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ. قېنى رەۋشخان، پەگاھقىلا ئورۇن سېلىپ بېرىڭلا.

— ئاۋۋال قورساق تويغۇزسىلا، ئاندىن ئورۇن سېلىپ بېرەي.

رەۋشخان تەگنىدىن بىر زاغرىنى ئېلىپ، ئۇنى ساپال قاچىغا ئۇششاق ئوشتۇپ، ئۈستىگە چاي قۇيۇپ ئېرىنىڭ ئالدىدا قويدى. توختى ئەسنەۋېتىپ قاچىنى قولىغا ئالدى، چاينى بىر - ئىككى سۈمۈرۈۋېلىپ رەۋشخانغا بۇرالدى.

— بالا تۇغۇلغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئەتىدىن قالدۇرماي بالىغا ياخشىراق بىر ئىسىم قويۇشنى ئۇنتۇمايلى.

رەۋشخان پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاققا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. چۈنكى، ئۇ توختىدىن ئىككى پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىسى تۇغۇلۇپ بىر - ئىككى ئايلىق بولۇپلا چاچراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بالىغا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە توختى بامدات نامىزىغا ھەممىدىن بۇرۇن چىقتى. ئۇ نامازدىن كىرگۈچە رەۋشخان ھويلا - ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چاچتى. بامدات نامىزىدىن كېيىن، توختى مەھەللىدىكى مەسچىت ئىمامىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، بارات ئېيىدا تۇمەن دەرياسى بويىدا ئازاب - ئۇقۇبەت دۇنياسىغا كۆز ئاچقان بۇ پەرزەنتكە «بارات» دەپ ئىسىم قويدى. رەۋشخان ھاياجىنىنى باسالماي، تۈنۈگۈن توختى كالتە بازاردىن قوناق سېتىپ ئەكەلگەن يېرىم خام بىلەن بىر توقاچ سوپۇننى ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

بارات تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغۇچە رەۋىخان نۇرپاشانى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشى كۈتتى، ئۇنىڭ تامىقىنى ۋاقتى - قارايىدا بېرىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. نۇرپاشا ئۆزىگە شۇنچىلىك غەمخورلۇق قىلىۋاتقان رەۋىخانغا پات - پات تەشەككۈر ئېيتىپ قوياتتى.

— جېنىم رەۋىخان ئاچا، ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ ناھايىتى ساۋابلىق ئىش قىلدىڭىز. مەن سىلىنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ھېلىمۇ بىزنىڭ ئېغىرىمىزنى كۆپ كۆتۈردىلە، ئەمدى مەنمۇ ئانامدىن قالغان ھېلىقى كەپەمگە بېرىپ كۈنۈمنى ئالاي.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا، سىلى - بىزگە تۇزۇت كەتمەيدۇ. سىلى بولسىلا - بولمىسىلا يەنە كۈنىمىز ئۆتۈۋېرىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش - زىمىستان كېلىۋاتسا، نېمىشقا مۇنداق گەپلەرنى قىلىلا. بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، قىشنى مۇشۇ ئۆيدە چىقىرىۋالسىلا، ياز يورۇغاندا بىر گەپ بولار.

نۇرپاشا قانچە قىلغان بىلەنمۇ رەۋىخان ئۇنى بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە قويمىدى. ئۇ نائىلاج ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنى مۇشۇ ئۆيدە بېقىپ، باھار كەلگەندە ئانىسىدىن مىراس قالغان بىر ئېغىز ئۆيگە كۆچۈپ باردى. توختى بىلەن رەۋىخان يەنە قاراپ تۇرمىدى. رەۋىخان بۇ بىتەلەي ئايالنىڭ بالىسىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. نۇرپاشا بايلارنىڭ ئۆيىدە كۈنلۈك ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىسا، رەۋىخان ئۇنىڭ بالىسىنى بېقىپ بەردى. توختىمۇ پات - پات كېلىپ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم قىلاتتى.

نۇرپاشا رىھىمبەگنىڭ ھويلىسىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، سەلىمە ئۇنى بىرقانچە قېتىم يوقلاپ كەلدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ئۆزىدىن ئېشىنغان بىرقانچە نېنىنى ئالغاچ كېلەتتى. رىھىمبەگمۇ نۇرپاشانىڭ كەتكىنىدىن ئانچە بەك ئەپسۇسلىنىپ كەتمىدى. بەگنىڭ نۇرپاشانى دېدەك قىلىپ ئىشلىتىش خىيالى بولسىمۇ، ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ كېلىپ

ئايالى ئايتىللا بىلەن تەڭگىبەس قىلىشنى خالمايتتى. شۇڭا، رېھىمبەگ بۇ توغرىدا ئارتۇقچە گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئايالى ئايتىللانىڭ شۇ كۈنى كەچتە ئۇنى ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ، نۇرپاشانىڭ كوچىدا ئۆلۈپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن ئىدى. ئەتىسى ئۇنى توختىنىڭ ئايالى رەۋىخان ئۆيىگە ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. نۇرپاشانىڭ دىلى ئازار يېگەچكە، بەگنىڭ ھويلىسىغا ئالدىنى قىلمىدى.

3

كۈنلەر مانا شۇنداق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مېھرىبان ئانا نۇرپاشا ئوغلىنىڭ بالدۇرراق چوڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ قاتارغا قېتىلىپ ئادەم بولغاندا ھامان بىر كۈنى دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سورايدىغانلىقىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنەتتى. ھازىرمۇ ئوغلى پات - پات دادىسىنىڭ خەقىشىنى قىلىدىغان بولۇۋالدى. بارات ئىككى ياشقا كىرگۈچە رەۋىخان بېقىپ بەردى. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئانىسى كۆتۈرۈپ ئىشلىگەن يېرىگە ئېلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۈنى بايلارنىڭ ئىشىكىدە ئۆتەتتى. نۇرپاشا كۆپىنچىسى بايلارنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلاتتى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. يىللار ئۆتۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك بوران - چاپقۇنلىرىدا باراتمۇ ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇپ ئوقۇش يېشىغا يەتتى.

نۇرپاشا بۈگۈن ئەتىگەندە باراتنى ئەگەشتۈرۈپ قادىرچوڭنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، يولدا ئاتلىق كېلىۋاتقان رېھىمبەگكە ئۇچراپ قالدى-دە، بەگنى كۆرۈپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. رېھىمبەگ گويا ئۇنىڭ بالىسىنى بۇلاپ كېتىدىغاندەك، باراتنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي رومال بىلەن يۈزىنى يېپىپ رېھىمبەگكە سالام قىلغىنىچە جايىدىن قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى. رېھىمبەگ ئۆزى ئىشلەتكەن ھەرقانداق دېدەكنىڭ مېڭىش- تۇرۇشىدىنلا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى

بىلىۋالالايتتى. شۇڭا، ئۇ يول ئۈستىدە يۈزىنى ياپقان ھالدا بالىسىنى تۇتۇپ ئۆزىگە سالام قىلىپ تۇرغان نۇرپاشانى تونۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتنى توختاتتى - دە، ئاتنىڭ ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ نۇرپاشاغا تىكىلىپ قارىدى. نۇرپاشا ئەيمىنىپ قورققىنىدىن يەرگە قارىغىنىچە لام - جىم دېمەي تۇراتتى.

رىھمىبەگ 50 ياشتىن ھالقىغان، سىمىزلىكىدىن گەدەن گۆشلىرى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك تۈرۈلۈپ چىققان، ساقىلىغا ئاق سانجىغان، قورسىقى سەل تومپىيىپ چىققان، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن زالىملىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، قاپىقى يامان بولۇشىغا قارىماي، يۈرۈش - تۇرۇشقا، كىيىنىشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ھازىر ئۈچىسىغا ئاق خەسىدىن يەكتەك، تېشىغا شايى تون، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان مەسە- كالاچ كىيىپ، ئاق سانجىلغان ساقال - بۇرۇتىنى ياسىتىپ، بېشىدىكى گۈللۈك شاپاق دوپپىنىڭ ئۈستىگە چىلگىدەك سەللە ئورىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق كىيىنىشى قامىتىگە تولىمۇ يارىشىپ، بىر خىل سۈر ۋە سالاپەت پەيدا قىلاتتى.

— ھە، نۇرپاشامۇسەن؟

— شۇنداق، بېگىم.

— نېمىشقا بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرىسەن؟

— ئىشلەپ جان باقايمىكىن دەپ.

— كىمنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتىسەن؟

— قادىرچوڭنىڭ ئۆيىدە.

— نېمىشقا قادىرچوڭنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپمىدىڭ؟

— ئۆيۈم يالغۇز، ئەتىگەندە بېرىپ، كەچتە كېلىۋاتىمەن.

— تالادا لاغايلاپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالسام، تاياق ئاستىدا ئۆلىسەن.

— ماقۇل بېگىم.

رىھمىبەگ گەپنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ، ئۆز يولىغا ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى يىتكەندىلا نۇرپاشانىڭ يۈرىكى جايىغا

چۈشتى. نېمىشقىدۇر ئۇ ھەر قېتىم رېھىمبەگنى كۆرسە گويا ئەزرائىلنى كۆرگەندەك قورقۇپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالاتتى. بارات ئانىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ سورىدى:

— ئانا، ئۇ كىشى كىم؟

— رېھىمبەگ.

— رېھىمبەگ دېگەن كىم؟

— يۇرتىنىڭ چوڭى.

— بەگ دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

— بەگ دېگەن يۇرتنى سورايدۇ، كىم گېپىگە كىرمىسە جازالايدۇ.

— بەگ دېگەن ئەسكىمۇ؟

— ئۇنداق دېمە بالام، ھەممە كىشى بەگدىن قورقىدۇ. بەگ نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلىدۇ. پۈتكۈل يۇرتنىڭ تېزگىنى بەگنىڭ قولىدا بالام. بەگنىڭ يەر - زېمىنى، چارۋا ماللىرى كۆپ، تاغار - تاغارلاپ ئاشلىقى، ھېسابسىز پۇلى، باغ - ھويلىسى بار. شۇڭا، بەگ ھەممە كىشىنى باشقۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا، بەگ دېگەن ئەسكىكەن. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى تۇرۇپمۇ بىزدەك كىشىلەرگە بەرمەيدىكەن.

— بىزگە خۇدايىم بېرىدۇ، بالام.

— مەن چوڭ بولسام سېنى باقىمەن، يەر تېرىيمەن، جىق بۇغداي - قوناق ئالىمىز. ئۇچاغدا بىزمۇ بەگدەك باي بولىمىز.

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

ئانا - بالا سۆزلىشىپ قادىرچوڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى. قادىر-چوڭنىڭ ئايالى تۇرنىسا خېنىم كايىپ كەتتى:

— ماڭا قارا، نۇرپاشا، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە كېلىشنى تاپىلىسام يەنە ۋاقتى قالغىنىڭنى. ماڭ، چاپسان بول، نانغا خېمىر يۇغۇرۇۋەت، ئەتە شەھەردىن مېھمان چىقىدىغانلىقىنى بىلمەسەنغۇ.

— مانا ھازىر خېنىم، بىردەمدىلا تەييار قىلىمەن.

نۇرپاشا ھايت - ھۇيت دېگۈچە چوڭ تەڭنىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم

خېمىر يۇغۇرۇپ چۈمكەپ قويدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تونۇر بېشىغا چىقىپ، تونۇرنىڭ كۆلىنى ئالدى، ئۆگزىدىن شاخ تاشلاپ تونۇرغا ئوت ياقتى، كۆز باغلانغۇچە نان ياقتى...

بارات ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك شوخ چوڭ بولدى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بولسىمۇ مەكتەپكە بېرىشقا قادىر بولالمىغان ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مەھەللىدىكى قاسىمچوڭنىڭ ئوغلى رەخمەتكە ئەگىشىپ مەھەللىدىكى قارىيخانىغا كەلدى. بالىلار بورا ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزى تالغۇچە ۋارقىراپ سۈرە ئوقۇۋاتاتتى. پاتمىغانلىرى پېشايۋان ئاستىدىكى پاخال ـ مىسىل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرار قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «تاختا»دا ئىدى. ھويلىنىڭ شەرقىدىكى پېشايۋان ئاستىدا بىرمۇنچە بالىلار كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ غوڭشىپ ـ غوڭشىپ سۈرە يادلىماقتا ئىدى.

كۈن قوزا چۈش بولاي دېگەندە، ئېڭىكى ئاستىدا بىرنەچچە تال ساقىلى بار موللام چىۋىق تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە بالىلارنى ئارىلاپ بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزى باراتقا چۈشكەندە، شالاڭ ساقىلىنى دىر ـ دىر تىترىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى.

— كىمنىڭ بالىسىسەن؟

— دادىسى يوق يېتىم.

موللام تەئەججۈپكە تولغان كۆزلىرىنى باراتقا تىكىپ، زەھەرلىك شالىنى چاچتى.

— يوقال، تېز يوقال! ھۇ ھارامدىن بولغان نائەھلى، سېنى ئوقۇتۇش شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپ!— موللام قولىدىكى چىۋىق بىلەن باراتنىڭ باش ـ كۆزىگە تاسىلدىتىپ بىرنەچچىنى سېلىپ، ئۇنى قارىيخانىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

بارات يىغلىغان پېتى ئۆيگە بېرىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى. ئانا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ سورىدى:

— جېنىم بالام، نېمە بولدۇڭ؟

بارات دەمداردەك بۇقۇلداپ سۆزلىيەلمەي قالدى، بىرپەستىن

كېيىن يىغىسىنى توختىتىۋېلىپ:
— قارىيخانىغا بارسام موللام ئۇردى،— دېدى.
— نېمىشقا؟
— «سەن ھارامدىن بولغان، سېنى ئوقۇتمايمەن» دېدى،— بارات ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.
نۇرپاشا ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇنى كۆكسىگە بېسىپ بېشىنى سىيلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى.
— جېنىم بالام، بۇنىڭدىن كېيىن قارىيخانىغا بارمىغىن.
— قاسىمچوڭنىڭ بالىسى ئوقۇيدىكەنغۇ؟
— بالام، ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن، ئاناڭدا موللامغا بېرىدىغان پۇل يوق. موللام كەمبەغەلنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتمايدۇ.
— ئانا، بىز نېمىشقا كەمبەغەل؟ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دادىسى باركەن، مېنىڭ دادام يوقمۇ؟
ئانىنىڭ يۈرىكە قايغۇ ـ ھەسرەت يېپىشىپ، كىرپىكىگە ئىككى تامچە ياش ئىلىنىپ قالدى. «جېنىم بالام» دەپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئانا سولغۇن يۈزلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى. بارات ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدا ئىللىپ، راھەتلەندى. ئۇ ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن بېشىنى ئاجراتتى. دە، يەنە سوئال قويدى:
— ئانا، مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟
— بالام، سەن بۇلارنى سورىما،— دېدى نۇرپاشا،— ئۇنىڭ ئاچچىق ئەلەمگە تولغان كۆزلىرى قەلبىدە تېخى ئۆچمىگەن خورلۇقنى ئۈنسىز سۆزلەپ تۇراتتى.
— موللىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ مۇشۇنداق خار، بالىلارنىڭ ئالدىدا بوزەك بولۇشۇم دادامنىڭ يوقلۇقى،— دېدى بارات ئانىسىنىڭ ئېغىر قايغۇسىدىن كۆچ ئالغاندەك جانلىنىپ،— مەن ئەمدى ئۇ موللىنىڭ چىۋىقىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋېتىمەن.
نۇرپاشا باراتنىڭ قەتئىيلىكىدىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:
— داداڭمۇ شۇنداق غەيرەتلىك يىگىت ئىدى،— دېدى.

ئانىسىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا بارات يەنە يېپىشىپ، سوئال قويۇپ تۇرۇۋالدى.

— ئانا، دادام قانداق غەيرەتلىك ئىدى، دەپ بېرە؟

— ماقۇل بالام،— نۇرپاشا مۆڭلۈق كۆزلىرىنى باراتقا تىكتى،— بالام، داداڭنىڭ ئىسمى ھېكىم، ئۇ رېھىمبەگنىڭ يىللىقچىسى ئىدى،— دېدى ۋە باراتنىڭ دادىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى...

— جېنىم بالام، ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟— دېدى نۇرپاشا قۇچىقىدىكى باراتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ياق، ئانا، ئۇخلاپ قالمىدىم، ئاخىرىنى ئېيتامسەن؟

— ماقۇل.

نۇرپاشا ھېكايىسىنى ئېيتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، بارات ئانىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا تىكىلدى، ئاندىن ئوغلىغا ئاللادىن بەخت ۋە ئۆمۈر تىلىدى: «ئېھ، ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا، ئوغلۇمنى پاناھىڭدا ساقلاپ، ئۇنىڭغا خىزىرنىڭ ئۆمرىنى، سۇلايمان تەختىنى ئاتا قىلغايسەن، مەندەك بىچارە مەزلۇمنى غەم - قايغۇدىن يىراق قىلغايسەن».

بارات دادىسى توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ئاڭلاپ، كۆپ بويى خىيال سۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. نۇرپاشامۇ ئوغلىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىچىمۇ چوڭقۇر قايغۇرۇپ يۈرەتتى. لېكىن، بارات باشقىلارغا ئوخشاش ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرمەيتتى. ئۆيىنغىلى چىقسا، بىردەمدىلا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. دە، مەيۈس ھالدا بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇراتتى. ئانىسى ئۇنىڭدىن: «بالام، نېمىشقا خاپا بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ سورىسا، ئۇ:

— ئانا، مېنى مەھەللىدىكى باللار بوزەك قىلىدۇ. تۈنۈگۈن ئاخشام ياسىن قارىنىڭ بالىسى ئۇرۇپ قېچىۋىدى، ئۆيىگە بېرىپ دادىسىغا دېسەم، ئۇنىڭ دادىسى بالىسىغا گەپ قىلماقتا يوق، مېنى تىللىغان پېتى ھويلىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. «مېنىڭمۇ دادام بولغان بولسا، ئۇلار مېنى

بوزەك قىلمايتتى» دەپ، يىغلىغان پېتى قايتىپ كەلدىم. ئانا، دادام نېمىشقا ئۆلۈپ كەتكەن؟

— جېنىم بالام، سەن دېگەن كىچىك، چوڭ بولساڭ دەپ بېرىمەن، مۇنداق گەپنى هازىر مېنىڭدىن سورىما، ماقۇلمۇ؟

— ياق، ئېيتىپ بېرە، ئانا. باشقا باللارنىڭ هەممىسىنىڭ دادىسى بار ئىكەن، نېمىشقا مېنىڭ دادام يوق؟

— جېنىم بالام، سېنىڭمۇ داداڭ بار ئىدى، رېهىمبەگ داداڭغا زىيانكەشلىك قىلغان.

— دادامنى بەگ ئۆلتۈرۈۋەتكەنمۇ؟

— هەئە.

— نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتكەن؟

— ...

— ياق، ئېيتىپ بەرمىسەڭ ئۇنىمايمەن!

— ماقۇل، بالام، ئېيتىپ بېرەي، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا.

نۇرپاشا باراتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۇپىنىڭ تۆرىدە ئولتۇردى ۋە هېكىم توغرىسىدىكى هېكايىنى يەنە داۋاملاشتۇردى...

× × ×

نۇرپاشا هېكايىسىنى تۈگىتىپ، ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن باراتقا قارىدى:

— ئوغلۇم، داداڭ مانا شۇنداق ئۆلۈپ كەتكەن.

— مەن چوقۇم دادامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن. دادامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن رېهىمبەگنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇيمەن، — دېدى بارات قەتئىي ئىشەنچ بىلەن.

— شۇنداق قىلساڭ هەقىقىي ئوغۇل بالا بولالايسەن، — دېدى نۇرپاشا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

# سەككىزىنچى باب

## يىغلىق

1

كۆن ئېگىلگەن چاغ ئىدى. پالىلداپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ۋە كەڭ شايى تون كىيگەن، ئاق سانجىلغان ساقىلىنى چەكتۈرۈپ ياسىتىپ، بېشىغا چاققان سەللە ئورىغان رېھىمبەگ پېشىنىدىن يېنىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ سەللىسىنى قوزۇققا ئىلىپ، تونىنى سېلىۋېتىپ، باغقا كىرىپ ئارام ئالدى.

باغنىڭ كەينىدىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى بەگنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ يىللىقچىسى ھېكىممۇ مانا مۇشۇنداق مۇڭلۇق نەي چالاتتى، ئاخىر بەگ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن چىرايلىق قىز نۇرپاشانى نەيىنىڭ كۈيى ئارقىلىق ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ ئېلىپ قاچقان ئىدى. رېھىمبەگ ئۆلپىتى ئەمەتباينى كۈتۈۋېرىپ زېرىكتى، يولغا چىقىپ قاراپ بېقىش غەرىزىدە دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. شائىر مەھزۇننىڭ غەزىلىنى بىر ئاشىق تەسىرلىك ئوقۇپ كېتىپ باراتتى:

كەلدى يارىم جىلۋە بىلەن باغ ئارا،
گۈل خىجىل بولدى كىرىپ ياپراغ ئارا.
لالە كۆردى ئارىزى خالىنى كىم،
غەرق ئولۇپ قان ئىچرە قالدى داغ ئارا.

سەۋرى قالدى لاي ھەسرەتكە پاتىپ،
قەددى رەپتارىنى كۆرگەن چاغ ئارا[1].

چوڭ يولدا ئات مىنىپ كېلىۋاتقان بىر كىشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى تونۇشتەك بىلىندى. بەگ دىققەت قىلىپ قارىۋىدى، ئەمەتباي ئىكەنلىكى ئايان بولدى. ئۇ رىھىمبەگكە يېقىنلاشقاندا، ئاتتىن چۈشۈپ ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ، بەگ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئەجەبمۇ ساقلاتتىڭ ئەمەتباي، ناماز ئەسرنى شەھەردە ئوقۇرمىز دېسەم يەنە بولمىدى.

— ئازراق ئىش بىلەن ھايالشىپ قالدىم.

— شەھەردىن قاچان يانىمىز؟

— خۇدا بۇيرۇغان كۈنى. ھېلىقى يەرگە مېنىمۇ باشلاپ بارارلا؟

رىھىمبەگ ئەمەتبايغا يەر ئاستىدىن دومسىيىپ قارىدى:

— گەپنى ئاز قىل، شەھەرگە بارغاندا بىر گەپ بولار.

— ماقۇل، چاپسانراق جابدۇنسىلا.

بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن، بەگنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ بىر خىزمەتكار چىقتى، بەگ ئېتىغا مىندى، ئەمەتبايمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

رىھىمبەگ ناماز پېشىندىن كېيىن، كەچلىك تاماق ئۈستىدە دوتەينىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغا قىلغان ۋە ئۇنىڭ تاشايىنىدا 10 چارەكلىك يەرنىڭ ئاشلىقىنى يىلمۇيىل ئۆكسۈتمەي ما دوتەيگە ئەكىرىپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدىلەشكەن ئىدى، شۇڭا ما دوتەيمۇ بەگدىن مىننەتدار بولدى.

تۇڭگان خېنىمنىڭ بەزمىخانىسى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، پۇلدار بايلار بۇ يەرگە كېلىپ تۇڭگان خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ ئارقىلىق شەھەردىكى ئاتىقى بار خېنىملار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1987- يىل 1- سانىدىن ئېلىندى.

كېتىشەتتى. رىھىمبەگ تۇڭگان خېنىمنى بۇ بەزمىخانىدىن ناھايىتى تەستە تاپتى.

— ياللا خېنىم، سىلىنى ئەجەبمۇ ئىزدەپ كەتتىم،— دېدى بەگ خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيىدە بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان جايىدىن تۇڭگان خېنىمنى تېپىپ،— ھېلىمۇ كېلىدىغىنىمنى بۇرۇنلا ئېيتىپ قويغىنىم، بولمىسا زە....

— بېگىم، سىلىنىڭ يوللىرىغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزۈم تېشىلىپ كەتتى، ئاخىر سىلى كەلمەي بۇ يەردە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان. قارىسىلا، ماۋۇ خېنىم بولامدىكەن؟ بىر كۈن كەچكىچە بۇ خېنىمنى ئىزدەپ تاپىنىم تېشىلىپ كېتەيلا دېدى، مىڭ تەستە خېنىمنى ماقۇل كەلتۈرۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشىم.

رىھىمبەگ يېشى تېخى 30 غا بارمىغان، ئۆزى زىلۋا، بېلى بىر تۇتام، ئىنچىكە قاشلىرىغا كۆيدۈرۈلگەن بادام بىلەن قاشلىق ئەتكەن، بوينىغا توشقۇزۇپ مارجان ئاسقان، قوللىرى ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن توشقان، بىلىكىگە بىر جۈپ بىلەزۈك سالغان، تەلەتىدىن ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان سەتەڭ بىلەن يېقىملىق سالاملاشتى.

— بېگىم، بىزنى ساقلاتمىسىلا جۇمۇ؟ ئەگەر سىلىدىن باشقىسى بولسا، ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغان بولاتتىم.

— مەنمۇ ئالدىرىدىم خېنىم، بىراق ھېلىقى بىللە كەلگەن ھەمراھىم ئۇخلىماي، بىردەم كېچىكىپ قالدىم.

— ماقۇل ئەمىسە، كۆڭۈللۈك ئويناڭلار،— دېدى تۇڭگان خېنىم چىقىپ كېتىۋېتىپ،— ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشەيلى!

خېنىم بەگكە بىرپەس دومسىيىپ ئولتۇردى، بەگ نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي خېنىمغا يېقىن سىلجىدى:

— خېنىم، سىلى بىلەن تۇنجى ئۇچراشتۇق، بۈگۈن كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەك، سىلى نېمە دېسىلە شۇنى قىلىپ بېرەي.

— ئاڭلىسام، سىلىنى بەك توشقان باي دەيدۇ، شۇنچىلىك باي تۇرۇپ، بىر كېچە كۆڭۈل ئېچىشقا بىرنەچچە تەڭگە خەجلەشتىن

قورقمايدىغانلا؟

— ھەي خېنىم، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بىرنەچچە تەڭگە نېمىگە ئەرزىيتتى، پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىغۇ؟

— خېلىي مەرد ئوخشايدىلا، ئەگەر كۆڭلۈمدىكىدەك پۇل خەجلىسىلە، سىلى بىلەن تاشلاشمايمىز جۇمۇ،— خېنىم شۇنداق دېدى - دە، رىھىمبەگنى مىقلىداپ تۇرىدىغان يۇمشاق كۆكسى بىلەن يېنىك ئىتتىرىپ، كۆزىگە تىكىلىپ، لىككىدە قاش ئېتىپ قويدى.

— خېنىم، ئارام ئالمايمىزمۇ،— دېدى بەگنىڭ نەپسى تاقىلداپ.

— ئالدىرىمىسىلا، ماڭا بېرىدىغانلىرىنى چىقارسىلا،— خېنىم قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ بەگكە قولىنى تەڭلىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەن ئۇنداق نامەردلەردىن ئەمەس، كۆڭۈل خۇشى ئىشقىمۇ پۇل بەرمەيدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟

— ئۇنداق دېمىدىم،— دېدى خېنىم خۇلق كۆرسىتىپ،— ئىشنىڭ بېشىدا ئاز - تولا ھىممەت كۆرسەتسۇنمىكىن دەيمىنا؟

— ماقۇل، ماقۇل، بۇ قائىدىنى مەنمۇ بىلىمەن،— دېدى بەگ ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ھەميانغا قولىنى ئۇزىتىپ بەش تەڭگە ئېلىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا سالدى. خېنىم تەڭگىلەرنى قولىدا ئوينىتىپ، ئاز كۆرگەندەك ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى، بەگ يەنە ئۈچ تەڭگە ئېلىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا سالدى.

— ئەمدىغۇ بولغاندۇ خېنىم، قالغان كەم - كۈتىلىرى بولسا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايمەن.

— بوپتۇ بېگىم، تونۇشقانلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلاي،— خېنىم تەڭگىلەرنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، بەگنىڭ دولىسىغا كۆكسىنى يېنىك سۈركەپ قويدى، ئاندىن،— يۈرسىلە، قالغان گەپنى يوتقانغا كىرىپ قىلىشايلى،— دېدى - دە، بەگنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى...

رىھىمبەگ ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، بېشى قېيىپ، بېلى ئاغرىپ ئورنىدىن تۇردى، ھامامدا يۇيۇندى، ھامامدىن چىقىپ خېنىم

بىلەن بىللە ناشتا قىلدى.

يېڭى مۇھىتتا يات، تونۇمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىدىن بىرقانچە ياش چوڭ بەگ بىلەن تەقدىرىنىڭ ئۆزىگە سالغان قىسمىتىدىن پۇل - پۇچەك ئالدىدا خۇدىنى بىلمەي بىر كىچىنى ئۆتكۈزگەن بۇ خېنىم توڭگان خېنىمنىڭ تەلىمى بىلەن رىھىمبەگكە خۇش مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك تۈز ۋە چىرايلىق بۇرنى، ھەرىكەتلىرىدىكى نەپىسلىك رىھىمبەگكە يېقىپ قالغان ئىدى. رىھىمبەگ ئاخشاملىقتا يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش توغرۇلۇق ۋەدىلى- شىپ تاشقىرىغا چىقىۋىدى، توڭگان خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— بېگىم، ھارمىغايلا، كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدىلىمۇ؟ — دېدى توڭگان خېنىم.

— ئۆزلىرىگە رەھمەت، خېنىم. ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

قەددى سەل پۈكۈلۈپ، چېچى ئاندا - ساندا ئاقارغان بولسىمۇ، كۆزىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇرىدىغان توڭگان خېنىمنىڭ رىھىمبەگ بىلەن ئۆلپەتچىلىكى بار ئىدى. رىھىمبەگ ئاخشام ھېلىقى ھاكاۋۇر ياش خېنىمنىڭ قوينىغا كىرگۈچە توڭگان خېنىم ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزۈپ ھەر خىل تەييارلىقلارنى كۆرگەن، ھەتتا بەگ بىلەن ھېلىقى خېنىم خىلۋەت خانىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئىشىكتە خېلى ئۇزاق تىنىڭ تىڭشاپ تۇرغان ئىدى. بەگ بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ھىجىيىپ ھەميانىغا قول سېلىپ بىر سىقىم تەڭگە ئېلىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا سالدى.

— خېنىم، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى خىزمەت قىلدىلا.

— بۇ سەتەڭلەرنىڭ بىرلا ئارزۇسى بار،— دېدى توڭگان خېنىم تەڭگىلەرنى يېڭىگە تۈگۈۋېتىپ،— ئۇ بولسىمۇ سىلىدەك كۆڭۈل ئاچىدىغان پۇلى كۆپ بايلار بىلەن يۈرۈشتىن ئىبارەت.

— سىلىگە كۆپ تەشەككۈر،— دېدى رىھىمبەگ توڭگان خېنىم بىلەن خوشلىشىپ.

## 2

رېھىمبېگ ئەمەتباي ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇ بەگنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئىدى. بەگنى كۆرۈپلا ئەمەتباينىڭ چىرايى تۇتۇلدى، بەگكە تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنى چايغىمۇ تەكلىپ قىلماي چاي ئىچىۋەردى.

— ئەمەتباي، چېچىڭدىن ماڭىمۇ قويامسەن؟— دېدى رېھىمبېگ چاقچاق ئارىلاش.

— ئاخشىمى قوندۇرۇپ، ئەتىگەندە چاي بەرمەيدىغان قانداق قىلىن جۇۋانكەن ئۇ بېگىم؟ «يامان نىيەت يامان تىلەكتە» دېگەندەك، كېچىدە مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قايسى چۈشنى كۆردىلە؟

— قايسى چۈش بولاتتى، شېرىن چۈش كۆردۈم.

— قويسىلا سىلىنى، يول ئۈستىدە قىلغان ۋەدىلىرى قېنى، مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپلا غىپپىدە قاچقانلىرى نېمىسى؟

— ئەمەتباي، كۆڭلۈڭگە ئالما، مەن شۇنداقلا بىر بېرىپ باققان ئىدىم، يۇناق يۇناقتا كەپقىلىپ قايتىپ كېلەلمىدىم، سېنىڭ گېپىڭنى يا بۇرۇنراق دېيىشمەپتۇق. ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمە. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن.

— گەپىڭىغۇ شۇنداق دەيلا، لېكىن ئىشقا كەلگەندە بىزنى ئۇنتۇپ قالىلا، سىلى ئويۇن ـ تاماشا قىلسىلا، بىزنىڭمۇ نەپسىمىز تاقىلدايدىكەن، بېگىم. سىلى بىلەن شەھەرگە بىللە كىرگەندىكىن، بىزگىمۇ كىچىككىنە ئىلتىپات قىلىپ قويغان بولسىلا بېشىمىز كۆككە يەتكەن بولاتتى.

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن،— دېدى رېھىمبېگ ئەمەتباينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە ئالىيىپ،— گەپ دېگەننىڭمۇ يولىدا بولغىنى ياخشى.

— تېرىكمىسىلە بېگىم، شۇنداقلا دەپ قويدۇم.

رېھىمبېگ ئاچچىقلانغان پېتى سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەمەتباي ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئۇزاق ئولتۇردى. رېھىمبېگ كىرمىگەندىن

كېيىن، ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ سىرتقا چىقتى، ئاندىن ھېيتـ ـگاھقا كېلىپ ئادەملەر توپىدىن ئۆتۈپ، ئۇچرىغان تونۇش - بىلىشلىرىگە قەدەمدە بىر سالام بېرىپ، ئەنجان رەستىدىكى كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، بىرسى ئۇنى چاقىرىپ قالدى. ئەمەتباي قايرىلىپ قارىۋىدى، دوقمۇشتىكى دۇكاندىن بېشىنى چىقىرىپ قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان زوردۇنبايىنى كۆردى. ئۇلار سالاملاشتى، زوردۇنباي ئەمەتبايغا قاتلىما ئورۇندۇق قويۇپ بەردى، گۈللۈك چەينەكتىن بىر پىيالە چاي قۇيدى. ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چايدىن لاچىندانە بىلەن قەلەمپۇرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

— ھە، مۇنداق ئالدىراش قەيەرگە چىقتىڭلا؟

— ئەنجان رەستىدىكى بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە.

زوردۇنباي كېلىشكەن، سۆلەتلىك ئادەم ئىدى، ئۇ بېشىغا زەيتۇن رەڭلىك شايى دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق چۇچۇنچىدىن ئۇزۇن كەمزۇل كىيىۋالـ ـغان، تۆش يانچۇقىغا سېلىۋالغان سائەتنىڭ سېرىق زەنجىرىنى چاپاننىڭ تۈگمىسىگە ئىلىپ قويغان ئىدى. تونۇش- بىلىشى كۆپ ھەم ئۆزىمۇ خۇش پېئىل، چىقىشقاق بۇ ئادەمنىڭ دۇكىنى شەھەردىكى سودا - ئۇچۇرنىڭ مەركىزى ئىدى.

— ھەي، باي غوجام، سودىلىرى قانداقراق؟ ھەجگە بېرىش ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟— دەپ سورىدى ئەمەتباي.

— ھەي، پېقىرنىڭ مال - دۇنياسى كۆپ بولغان بىلەن تەلىيى تەتۈركەن. بۇ يولنى تولا قاتراپ تاپىنىم تېشىلىپ كېتەيلا دېدى. دوتەي يامۇلىغا كۆندە نەچچە رەت قاتىرساممۇ ئىش ئېپىگە كەلمەيۋاتىدۇ. سىلىـ ـنىڭ قانداقلا بولسۇن دوتەي غوجام بىلەن باردى - كەلدىلىرى قويۇق. پۇرسەت بولسا دوتەي غوجام بىلەن ئۇچراشقاندا، مۇشۇ ئىش توغرىسىدا بىر- ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويغان بولسىلىكەن.

— ھەي، بۇ قانچىلىك ئىشتى غوجام، يېقىندا دوتەي غوجام بىز تەرەپكە سەيلىگە چىقماقچى. شۇ چاغدا پۇرسەت تېپىپ، بۇ گەپنى ئېيتىپ قويسام بولىدىغۇ؟

— رەھمەت، ئىشىمىز ئىش بولۇپ قالسا سىلىنىڭ قىلغانلىرىنى ياندۇرىمەن.

— ھە، بۇ دېگەن ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، دوست - بۇرادەر تۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە تەۋازۇ قىلساق بولمايدۇ.

— ئاڭلىسام، دوتەي غوجام پات - پات لەڭگەرگە چىقىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ دەيدۇ.

— ھەي غوجام، بۇ دېگەن دوتەينىڭ ئىلكىدىكى ئىش، قەيەرگە چىقسەن دېسە شۇ يەرگە چىقىدۇ، كىم بىلەن كۆڭۈل ئاچىمەن دېسە ئۆزىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟

— ئاڭلىسام، دوتەي غوجامنىڭ بىرنەچچە تەتەي كۇتكۇچىلىرى بار ئىكەن، دوتەي غوجامنىڭ خىزمىتىنى شۇلار قىلارمىش.

— ھەي، ئۇ دېگەن دوتەي، نېمە ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. غوجام، مۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى. مۇنداق گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا ياخشى بولمايدۇ. سىلىمۇ مۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز قۇلاق سالمىسىلا، خەير - خوش.

ئەمەتباي زوردۇنباي بىلەن خوشلىشىپ، ئەنجان رەستىنىڭ ئىچىدىكى كوچىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تونۇشىنىڭ ئۆيى ئىچكەركى كوچىدا ئىدى. كىرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە ئېچىلغۇدەك پاكىز، ئازادە ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆركەم گۇللەر تىزىۋېتىلگەن، يوغان بىر يامىدا بىر تۈپ ئەنجۈر ھويلىغا باشقىچىلا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. پەلەمپەيدىن چىقىدىغان مەنزەر ئۆيىنىڭ ئالدى چىرايلىق ۋادەك بىلەن توسۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭگارەڭ گۇللەر تىزىلغان. بۇ گۇللەر خۇش پۇراق چېچىپ، ھويلا ئىچىنى گويا كىچىك بىر باغچىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئەمەتباي بىرپەس جىم تۇرۇپ ئۆي ئىگىسىنى توۋلىدى. مەنزەر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چىرايلىق رومال ئارتقان بىر جۇۋان بېشىنى چىقىرىپ، زىل ئاۋاز بىلەن ئىنكاس قايتۇردى.

— كىم؟

— مەن.

جۇۋان ئىتتىك چۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىپ ئەمەتباينى كۆردى- دە، توساتتىن كەلگەن مېھماندىن خۇدۇكسىرىگەندەك قىلىپ، بىردەم تۇرۇۋې- لىپ، ئاندىن كۆرۈشتى.

— ۋاي، ئەمەتبايمۇ سىلى؟ قانداقلارچە يېقىرنىڭ كۆلبىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىلا؟ ئۆيگە كىرسىلە، ئۆيگە.

جۇۋان ئەمەتباينى ئاستىنقى قەۋەتتىكى مېھمانخانىغا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاستىغا خاڭدەن كۆرپە سالدى، ھايال ئۆتمەي چاي دەملەپ كىردى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى.

— خېنىمغا كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى ئېيتسام،— دېدى ئەمەت-باي،— ئاخشام رېھىمبەگ بىلەن دوتەي يامۇلىدا قونۇپ قالغان ئىدۇق. بەگ مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ كېچە سەيلىسى قىپتۇ. مەنمۇ بەگكە ئۇقتۇر- ماي بىردەم ـ يېرىمدەم ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دەپ...

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئۇنداق بولسا ئۈستىدىكى ئۆي خالىي، نېمىش قىلساق بولۇۋېرىدۇ، شۇ يەرگە چىقىپ كېتەيلى.

خېنىم ئەمەتباينى باشلاپ مەنزەر ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئۈستى-دىكى مەنزەر ئۆيمۇ شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن ئىدى. ئىككىيلەن بىرپەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خېنىم كەچ كىرگىچە ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى. كەچ كىرگەندە ئەمەتباي مۇشۇ ئۆيدە خېنىم بىلەن ئورۇن سېلىپ يېتىپ قالدى.

3

رېھىمبەگ شەھەرگە كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالدى. بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى ئايتىللا- خېنىم بۈگۈن ئەتىگەندە قايناپ چېچىلىشقا باشلىدى.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ئۈچ كۈن بولدى، بېگىمنىڭ دېرىكى يوق. بىر يۇرتنىڭ بېگى ئۈچ كۈنگىچە يوقاپ كەتسە يۈزبېشى، ئونبېشى،

دورغا ـ يايى دېگەن نېمىلەر ئىزدەپمۇ قويمىدى. بېگىم بولسا بۇيرۇقىدىن چىقمايدىغان بۇ غالچىلار ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ھويلىغا دەسسەپمۇ قويمىدى. تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرى بېگىمدىن ئىنئام ئېلىپ، كۆچۈكتەك يېلىنىپ يۈرۈشكەن نېمىلەر ئەمدى قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. بېگىم قايتىپ كەلگەندە، بۇ نېمىلەر بىلەن ھېسابلاشماي قويمايمەن.

— ھېمىت، قېنى سەن؟

— مانا مەن، خانئاچا.

— بېگىم توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق.

— چاپسان بول، ئېشەكنى توقۇپ شەھەرگە كىرىپ، بېگىمنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ چىق!

— گەپلىرىنى مىڭ مەرتىۋە ئاڭلايمەن، لېكىن بېگىمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى مەن بىلمىسەم.

— سەن بىلمىسەڭ، يۈزبېشى بىلىدۇ، يۈزبېشىنى تېپىپ بېگىمنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىڭلار.

— ماقۇل.

ھېمىت چىقىپ كېتىپ ئانچە ئۇزاققا قالماي يۈزبېشىنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، پېشايۋان ئالدىغا كېلىپ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— خېنىم، يۈزبېشى كەلدى.

خېنىم ئالدىراش چىقىپ يۈزبېشىغا قارىدى. تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىمايلا ئۇنىڭغا كايىپ كەتتى.

— بېگىم شەھەرگە كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى، بۇ ئىشتىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟

— خەۋىرىم بار خېنىم، خەۋىرىم بار، مېنىمۇ بىللە كىرىپ چىقايلى دېگەن، يۇرتنىڭ ئىشى بىلەن ۋاقتىم يەتمەي قالدى.

— سىلى دېگەن يۈزبېشى، بېگىمنىڭ يۆلەنچۈكى. ئۆيلىرىنىڭ ئاسلان چاغلىق بىرنەرسىسى يىتىپ كەتسە ئىزدەيلا يۇ، بىر يۇرتنىڭ

بىگى دىرەكسىز يوقىلىپ كەتسە، ئىزدەپ باقايمۇ دىمەيلىغۇ؟ ماۋۇ ئىسمەت دىگەن بىرنىمە بىگىمنىڭ قۇيرۇقىدىن چىقالمايتتى، بىگىم بىلەن تەگلا ئۇمۇ يوقاپ كەتتى. يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىسىلا، ئونبىشى، دورغا - يايىلارنى تىپىپ شەھەرگە كىرىپ بىگىمنىڭ ئىز - دىرىكىنى قىلىپ چىقسىلا. ھىممەت، بولدى، سەن ئىشىڭنى قىل!

— خىنىم، سىلى مىنى غوجامنىڭ ئىز - دىرىكىنى قىلمىدى دەپ كايىپ كىتىۋاتىسىلا. ئاڭلىشىمىزچە، ئىككى - ئۈچ كۈندىن بىرى شەھەرنىڭ ۋەزىيىتى بۆلەكچىكەن. شۇڭا بىز ئەنسىرەپ، ئىسمەت دورغا بىلەن ئىككىمىز تۈنۈگۈن بىگىمنىڭ ئىز - دىرىكىنى قىلىپ شەھەرگە كىرگەن. شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئىتىكلىك ئىكەن. نىمىلا بولمىسۇن، يەنە شەھەرگە كىرىپ بىگىمنىڭ ئىز- دىرىكىنى قىلىپ چىقاي، خوش ئەمىسە.

— توختاپتۇرسىلا يۈزبىشى، سىلىگە دەيدىغان گىپىم بار.

— خىنىم، نىمە گەپ؟

— بىگىمنىڭ ئىز - دىرىكىنى ئالسىلا، ئۇنى ئاچىقسىلا.

— ماقۇل، بىگىمنى شەھەردىن ئىلىپ چىقىشنىڭ ئامالىنى چوقۇم قىلىمەن.

ئىمىن يۈزبىشى خىنىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. خىنىمنىڭ كۆڭلى پەرىشان، كەيپى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. ناۋادا بىگىم بىرەر ھاۋادىساتقا ئۇچراپ كىلىشمەسلىككە يولۇقسا، بۇ يۇرتنىڭ بەگلىكى باشقا بىرسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كىتىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ چاغدا خىنىمنىڭ بۈگۈنكىدەك باياشات تۇرمۇشى كەلمەسكە كىتەتتى ھەم قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلىمايتتى. مانا، بىگىم يوقاپ كىتىۋىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنى يوقلاپ قويايمۇ دىمىدىغۇ؟...

خىنىم خىيال ئارىلاش ھۇجرىسىغا كىردى، ئارام ئالماقچى بولۇپ، قوش ياستۇق قويۇلغان خاڭدەن كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ بىردەم تورۇسقا، بىردەم دىرىزە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ باغقا قارىدى، بىراق كۆڭلىدىكى خىياللار زادىلا يوقالمىدى، كۆزىنى يۇمۇپ تام تەرەپكە

ئالدىنى قىلىپ يېتىۋىدى، ئۇيقۇسى كەلمىدى. خېنىم قانچىلىك ياتتى-كىن تاڭ، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ پەرىشان ئىكەنلىكىنى بىلگەن خىزمەتكارلارمۇ يوقلاپ كىرمىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا، هويلىدا ئىسمەت دورغا پەيدا بولدى. خىزمەتكارلار خېنىمنىڭ ئارام ئېلىپ ياتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى، دورغا بېگىم توغرۇلۇق خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. خېنىمنى خىزمەتكار سەلمە ئويغىتىپ، ئىسمەت دورغا بېگىمنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، خېنىم دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، دورغىنى چاقىرتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خېنىم، ئالتۇن بويلىرى ئامانمىكىن؟— دورغا خېنىم ياتقان هۇجرىغا كىردى.

— خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى. هە، شەهەردىن نېمە خەۋەر ئەكەلدىڭ؟ بېگىم بىلەن ئۇچراشتىڭمۇ، يۈزبېشىنى كۆردۈڭمۇ؟

— بېگىمنىمۇ، يۈزبېشىنىمۇ كۆرمىدىم،— دەپ گېپىنى باشلىدى ئىسمەت دورغا،— بۈگۈن ئەتىگەن شەهەرگە كىرسەم، ئېتىشىش توختاپتۇ. مەن سابىرهاجىمنى تېپىپ بېگىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغاچ، بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خوجىنىيازهاجى قەشقەرگە كېلىپ چولاق زىخۇي بىلەن تۇتۇشۇپ قاپتۇ-دە، چولاق زىخۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ قوغلاپ، يېڭىشەهەرنىڭ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ، ئۇلار دەرۋازىنى تاقاپ يېتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىيازهاجى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە كېتىپتۇ. شەهەرنى مۇهاپىزەت قىلىۋاتقان كىچىك ئاخۇن ئاستىن ئاتۇشقا، بىر قىسىم قوشۇننى ئېلىپ ئوبۇل هەسەنهاجىم ئۇستۈن ئاتۇشقا، ئورازبەگ قىرغىز ئۇلۇغچاتقا، يۈسۈپجان قۇربېشى يېڭىسارغا كېتىپتۇ. شەهەردىكى بايلار قولىغا چىققاننى ئېلىپ سەهراغا چىقىپ كېتىپتۇ. سابىرهاجىم ماڭا: «بېگىمنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بېگىمنىڭ بالا - چاقىلىرى ئەنسىرىمىسۇن. شەهەردىكى قالايمىقانچىلىق تىنچلانسا، بېگىم قايتىپ چىقىدۇ» دېدى.

— خۇداغا شۈكرى، بېگىم سالامەت ئىكەن،— دېدى ئايتىللا خېنىم.

× × ×

ھەپتىدىن كېيىن رېھىمبەگ شەھەردىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالى ئايتىللا، چوڭ ئوغلى ئەختەم تۆرەم، قىزى ئايزۆھرە، كىچىك ئوغلى نۇرمۇھەممەت بەگنىڭ ئالدىغا چىقتى. بەگنىڭ ھويلىسى يەنە شاۋقۇن ـ سۈرەنگە چۆمدى، ئۇنى يوقلاپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىشتى. بەگ كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرگە شەھەردە بولغان ئۇرۇش ئەھۋا-لىنى قىسقا ـ قىسقا سۆزلەپ بەردى. ناماز ئەسىردىن كېيىن، كېلىپ ـ كېتىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. بەگنىڭ ھوجرىسىدا ئىمىن يۈزبېشى، ئىسمەت دورغا ۋە بىرقانچە ئونبېشى قالدى. ئەمدى ئۇلار ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشتى.

— بېگىم، مەن سىلىنىڭ دېرەكلىرىنى قىلىپ كىرگەن كۈنى شەھەردە قاتتىق سوقۇش بولۇپ كەتتى دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟— دەپ سورىدى ئىمىن يۈزبېشى.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئۇنى بىر دېمەڭلار. ئۆمرۈمدە ئۇق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، قورقۇپ جېنىم تۇمشۇقۇمغا كەپقالدى.

— مۇنداق دېسىلە بېگىم. گەپلىرىدىن قارىغاندا، خېلى جىق سوقۇش[1] بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— سوقۇش بولۇپمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق سوقۇش بولمىدى. ئۇ كۈنى مېنىڭ دوتەي بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بولغاچقا، دوتەي يامۇلىغا كىرسەم، يامۇلنىڭ ھەممە يېرىنى زىخۇيچىلارنىڭ ئەسكەرلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. دوتەي جانابلىرىنىمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمىدى. ئارقامغا يېنىپ ھېيتگاھقا كەلسەم، بۇ يەردىمۇ ئەسكەرلەر قىمىرلاپ كېتىپتۇ. ھېيتگاھتا ئىككى ـ ئۈچتىن توپلىشىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانلاردىن ئاڭلىشىمچە، زىخۇيچىلار شەھەرنىڭ مۇھىم جايلىرىنى ئىگىلەپ، قىشلىق كىيىم

[1] 1934- يىلى قەشقەردىكى «فېۋرال پاجىئەسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تىكتىۋرۇش ئۈچۈن، شەھەردىكى جىمى كاسىپلارنى يىغىۋاپتۇ، سودى-گەرلەرنىڭ ماتالىرىنى بۇلاپ چىقىپتۇ، تامچى ۋە ياغاچچىلارغا ئات ئىغىلى سالدۇرۇپتۇ، ياخشى ئىشلىمىسە ئۇرۇپ - سوقۇپتۇ. قورالىق ئەسكەرلەر يېزىلارغا ئوتۇن - سامان يىغقىلى چىقىپتىكەن، پۇقرالار ئوتۇن - سامان بەرمەكتە يوق، ئۇلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپتۇ، ئەسكەرلەر قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ. تۆمەن دەرياسىغا ئات سۇغىرىشقا كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى پىدائىيلار تارتىۋېلىپ، ئۇرۇپ - سوقۇپتۇ...

— بېگىم، ئىككى تەرەپ خېلى قاتتىق سوقۇشۇپتىمىشقۇ؟

— ھەي، سەن بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— شەھەردىن قېچىپ چىققان بىر سودىگەردىن.

— سەن ئاڭلاپسەن، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم،— دېدى رېھىمبەگ،— مەن بۇ نەس باسقان شەھەردىن قايتىپ چىقاي دېسەم، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى تاقاقلىق. بىرەر تونۇش - بىلىشىمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتەي دەپ يامۇل ئالدىغا كېلىشىمگە قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى. سودىگەرلەر دۇكاننى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. مەنمۇ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاچتىم. بىر دالدىنى تېپىپ، سۇبھانالللانى يۈزمىڭ قېتىم ئوقۇپ مارىسام، دوتەي يامۇلىنى ئىگىلىۋالغانلار تاشقارقى ھويلىغا چاقلىق پىلموت قۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن پىدائىيلارنى ئوققا تۇتۇپ ئۈچمىدەك تۆكۈۋەتتى. پىدائىيلار تۆت تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋىدى، نۇرغۇن «ئامىن» چىلار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، پىدائىيلارغا قوشۇلدى. سوقۇشۇش بىرئاش پىشىم داۋام قىلىپ، ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم چىقىم بولدى. پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى «يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم» دەپ، ئەنجان رەستىگە قاراپ ئات سالدى. زىخۇيچىلار ئۇلارنىڭ يولىنى قاتتىق توستى، پىدائىيلاردىن بىرنەچچىسى ئاتنىڭ قارنىغا چۈشۈۋېلىپ، ئۇلاردىن بىرقانچىسىنى يەر چىشلىتىپ، ياۋاغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. قاپسىلىپ قالغان پىدائىيلار ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى «لىجىڭ» يامۇلىغا توپلىشىپ، ئۆزىنى قوغدىدى. سوقۇشۇش ناماز ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. مەن كىرگۈدەك تۆشۈك تاپالماي، بىر

ھىندى پۇقراسىغا پۇل بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدىم. ئۇھ، بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىزقىم بار ئىكەن، ئاتا ـ ئانام دۇئا قىپتىكەن.
— ئاخىرى قانداق بولدى؟— دېدى ئىسمەت دورغا.
— ئۆيدىن چىقماي مۆكۈنۈپ ياتقان تۇرسام، مەن نەدىن بىلەي،— دېدى رېھىمبەگ.
— ھە ئىسمەت، ئەمدى گەپنىڭ ئاخىرىنى مەن دەپ بېرەي،— دېدى يۈزبېشى.
— سىلى قانداق بىلىدىلا؟— دېدى ئىسمەت دورغا يۈزبېشىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.
— يىغىلىق بولغاندا گەرچە مەن شەھەردە بولمىساممۇ، قۇلىقىم شەھەردە بولىدى. بۇ گەپنى ھەربىي ھالەت تۈگىگەندىن كېيىن، شەھەردىن چىققانلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.
— قېنى، ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟— دېدى ئىسمەت دورغا يۈزبېشىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ.
— قانداق بولاتتى، زىخۇيچىلار پىدائىيلارغا ھىيلە ئىشلىتىپتۇ،— دېدى يۈزبېشى،— قانداق قىپتۇ دېمەمسىلەر، زىخۇيچىلار ئىككى كىشىنىڭ قولىغا ئاق بايراق بىلەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ، پىدائىيلار تەرەپكە ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر «قورال تاپشۇرساڭلار كەچچىلىك قىلىمىز» دەپتۇ. پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى تەسلىم بولۇشنى، يەنە بىر قىسمى ئاخىرىغىچە ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. پىدائىيلار ئۆز ئىچىدە مۇنازىرىلىشىپ تەسلىم بولۇشقا كېلىشىپتۇ. شۇ چاغدا زىخۇيچىلار تۇشمۇتۇشتىن قول سېلىپ، پىدائىيلارنى تۇتۇپ قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ، پۇت ـ قولىغا كىشەن، كويزا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتىكەن، ئۇلار تەسلىم بولغانغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلىشىپتۇ...
— ئەجەبمۇ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان نامەرد بىرنېمىلەركەن ھە،— دېدى ئىسمەت دورغا ئېغىر خۇرسىنىپ.
— ھەي،— دېدى رېھىمبەگ سۆھبەتكە ئارىلىشىپ،— مەن كېيىنكى ئىشنى سۆزلەپ بېرەي،— ئۇرۇشتىن كېيىن ھەربىي ھالەت بولدى.

زىخۇيچىلار ئۇچرىغانلا ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆي - ئۆينى بۇلاپ، خوتۇن - قىزلارنى ئاتا - ئانىسىغا، ئەرلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ نومۇسىغا تېگىشتى. ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا ھېلىقى تەسلىم بولغان پىدائىيلارنى دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ئىككى قاتار قىلدى ۋە خەلقنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئۆزبېكلەرنىڭ پېشۋاسى ئەھرارخان تۆرەم ئۇلارنى تىلىۋالغان بولسىمۇ، سۆزى رەت قىلىندى. پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى پىلىموت بىلەن قىرىپ تاشلاندى. «ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئۈچ كۈن» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن جاكارچىلار كوچىلاردا ئەسكى داسنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ھەربىي ھالەتنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەتىسى كوچا - كوچىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ تاۋۇتى چىقتى. بامدات نامىزىدا باشلانغان مېيىت ئۇزىتىش پېشىنگىچە داۋاملاشتى. پاشىپلار جەسەتلەرنى ھارۋىغا بېسىپ گۆرىستانغا ئاپىرىپ ئورەك كولىتىپ، ئۈستى - ئۈستىگە قويۇپ كۆمۈپ تاشلىدى. شۇ كۈنى شەھەر دەۋازىسى ئېچىۋېتىلدى، مەن شەھەر-دىن چىقىپلا بىر مەپىنى كىرا قىلىپ، ئاران دېگەندە ئۆيگە كېلىۋالدىم. خۇدانىڭ ئالدىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىم باركەن، ھەرنېمە بولسا تىرىك قالدىم،— دېدى رېھىمبەگ ئېغىر خۇرسىنىپ.

— بېگىم، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئاپتىكەنلا،— دېدى ئىسمەت دورغا،— چوڭ قىرغىنچىلىق ئىچىدىن سالامەت قايتىپ چىقىپتىلا. بېگىم، مۇشۇ ئالەمدە يەيدىغان رىزقلىرى باركەن، ئەتىگىچە قارىيقۇرئانلارنى يىغىپ قۇرئان ئوقۇتۇپ قويايلى.

— شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلايلى،— دېدى ئىمىن يۈزبېشى ئىسمەت دورغىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

4

— بېگىم، بېگىم، ئىش بولمىدى!

— زادى نېمە ئىش؟ ئالدىرىماي سۆزلە.

— خەلۋاپتا ئۇۋا كېسەللىكى[1] تارقىلىپتۇ.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟— رېھىمبەگ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىسمەت دورغىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— پوتكول سەمەنلىكنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. خەلۋاپلىق بىرەيلەن ئۇلۇغچاتقا بېرىپتىكەن، ئۇ يەردىن سۇغۇر تېرىسى سېتىۋېلىپ قايتىپ كېلىپلا يېتىپ قاپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۇ كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يۇرتتا بەش كىشى ئۆلۈپتۇ. تېۋىپلار بۇنى «يۇقۇملۇق كېسەلكەن، بىگىم ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىڭلار» دەپتۇ. بوگۈن ئەتىگەن شۇ يۇرتنىڭ دورغىسى بىزنىڭ ئۆيگە كەپتىكەن، ئەھۋالنى ئاڭلاپلا سىلىگە مەلۇم قىلغىلى كەلدىم.

— ئەھۋال راستتىنلا شۇنداقمۇ؟

— ئەھۋال شۇنداق بولمىسا دورغا كېلەمتى.

— مەن بۇ گەپنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىدىم، دوتەي يامۇلىنى خەۋەرلەندۈرەمدۇق - يا؟

— خەۋەر قىلىپ قانداق قىلاتتىڭ، «خۇدادىن بىتەقدىر قىل تەۋرىمەيدۇ» دەپتىكەن. يۇرت - يۇرتتا گۇناھىكەبىرلەر كۆپىيىپ ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغىغان گەپ. شۇڭا، ئاللاتائالا بەندىلىرىگە مۇشۇنداق جازا بېرىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، بۇ ئىشقا سەل قارىساق بولماسمىكى. يۇرت - يۇرتتا يۇقرالار ئۆلسە، سىلى بەگ تۇرۇپ تەدبىر كۆرمىسىلە، قانداق بولار؟

— ئۆلسە، خۇدادىن قارغىش ئالغانلار ئۆلىدۇ. سەن بۇ ئىشقا باش قاتۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

ئىسمەت دورغا سولىشىپ چىقىپ كەتتى. بەگ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياستۇققا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. «بۇمۇ ئاللانىڭ

---

[1] 1935- يىلى سەمەن يېزا خەلۋاپ كەنتلىك بىر سودىگەر ئۇلۇغچاتقا بېرىپ سۇغۇر تېرىسى سېتىۋېلىش تۈپەيلىدىن، شۇ كەنتتە ئۇۋا (چۇما) كېسەللىكى پەيدا بولغان.

بەندىلىرىگە بەرگەن جازاسى، يۇرت ـ يۇرتتا ھېكىم بىلەن نۇرپاشاغا ئوخشاش پاسىقلار كۆپىيىۋاتسا، ھېلىمۇ جاھان ئۇگىدا ـ دۆم بولماي تۇرۇۋاتىدۇ... ئۆلسە ئۆلمەمدۇ، بىرسى ئۆلسە ئونى تۇغۇلىدۇ. پۇقرا دېگەن ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدۇ».

شۇنداق قىلىپ، رىھىمبەگ بۇ ئىشقا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى. بۇ خەۋەر دوتەينىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتكەندىلا، دوتەي ئۇنى قىچقارتىپ قاتتىق تەنبىھ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن رىھىمبەگ سەل چۆچۈدى. بىراق، يەنە قاتتىق تەدبىر قوللانمىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە دوتەينىڭ «رىھىمبەگ، سەن دېگەن پۈتكۈل يۇرتنىڭ ئاتىسى. پۇقرا بولمىسا، يۇرت بولمىسا، ساڭا نەدىكى بەگلىك. بەگلىكتىن ئايرىلساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ يەر تېرىيالامسەن، تىجارەت قىلالامسەن؟ بولارمۇ ئاسان ئەمەس. ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولىدۇ. سەن يەنە بىخەستىلىك قىلىدىكەنسەن، ئەمىلىڭنى ئېلىپ تاشلايمەن. يۇرتقا ئىگە بولمىغان بەگنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى!...» دېگەنلىرىنى ئويلاپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

رىھىمبەگ دوتەينىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ قالدى. «ئەگەر پۇقرا بولمىسا، يۇرت بولمىسا بەگلىكنى قانداق يۈرگۈزۈمەن. راست، پۇقرا بولمىسا بەگلىك بولمايدۇ، بەگلىك بولمىسا مەن نېمىش قىلىمەن. مەن يا يەر تېرىيالمسام ياكى باشقا ھۈنەر ـ كەسپىم بولمىسا، قانداق قىلىمەن؟ ئۇنداقتا، شەھەرگە كىرىپ تىجارەت قىلايمۇ؟ سودىگەرچىلىك دېگەنمۇ بىر كەسپتە، پۇل بولغان بىلەن سودىنى جايىدا قىلالمىسا، مالنى جايىدا سېتىۋالالمىسا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق زىيان تارتىدىغان ئىش يوق...»

رىھىمبەگ مۇشۇلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ كېسەللىكنى ۋاقتىنچە تىزگىنلىمىسە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى ـ دە، دەرھال ئىمىن يۈزبېشىنى چاقىرتىپ كەلدى.

— يۈزبېشى، — دېدى بەگ، — خەلۋاپتا ئۇۋا كېسىلى تارقىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە كىشى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سىلى بۇ توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز ئاڭلىدىلىمۇ؟

— ئاڭلىشىمچە، بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋېتىپتۇ. مەن بىر تېۋىپتىن مەسلىھەت سورىسام، ئۇ: «بۇنداق كېسەلنى ئۆي سەرەمجانلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسە بولىدۇ» دەيدۇ.

— ھەي، بۇ قانداق گەپ؟ ئۇنداق بولسا، بۇ بەك يامان كېسەل ئوخشايدۇ. دەرھال سىلى بېرىپ دورغا - يايلارغا ئېيتسىلا، خەلۋاپ كەنتى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغانلار بېرىپ - كېلىشنى توختاتسۇن. يۇرت - يۇرتقا ئادەم ماڭدۇرۇپ، مېنىڭ يارلىقىمنى پۇقرالارغىچە يەتكۈزسىلە. پۇقرالار ۋاقتىنچە سىرتقا چىقمىسۇن، ئۇياق - بۇياققا بارىدىغان ئىشلارنى ۋاقتىنچە توختاتسۇن. يۈزبېشى، سىلى بىر قىسىم ئادەمنى تەشكىللەپ، خەلۋاپ كەنتىگە بارىدىغان يوللارنى قامال قىلسىلا. بۇ كەنتتىكىلەر ھەرگىزمۇ باشقا جايلارغا بارمىسۇن.

— ماقۇل.

ئىمىن يۈزبېشى خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رىھىمبەگ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۆتكەن قېتىم شەھەردىكى قىرغىنچىلىق كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇپلا، بۇ ئىشنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىشى ئۇنى قاتتىق ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. زامانىنىڭ زۇلمىدىن «ئۇھ» دېگۈچىلىكى قالمىغان خەلق ئەمدىلا دېمىنى ئېلىۋېدى، بۇ ئىش يۈز بەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەر خىل خىياللار چۇلغىۋالدى، «شەھەردە ئېتىشىش بولغاندا، ئۆزۈمنى دالدىغا ئالمىغان بولسام، مەنمۇ تىرىك قالمىغان بولاتتىم. ئەمدى زىخۇيچىلاردىنمۇ يامان بىر بالايىئاپەت يۈت - قولىنى ساڭگىلىتىپ كەلدى. بۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئامالىنى قىلمىسام، بەگلىكتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن...»

رىھىمبەگ مېھمانخانىدا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى تىللا-خېنىم كىرىپ كەلدى. بەگ خوتۇنىنىڭ كىرىپ كەلگىنىگە ئېتىبار قىلماي، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈردى.

— بېگىم، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىلا؟— دېدى ئايالى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى يېنىككىنە قويۇپ.

— ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەۋاتىمەن.

— سىلى ئەل - يۇرتتا نېمە ئىش بوپتۇ؟

— تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ، خەلۋاپتا ئۇۋا كېسىلى تارقىلىپ بىرقانچە كىشى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپتۇ. مەنمۇ بېرىپ ئەھۋالنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— بېگىم، سىلى ئۇ يەرگە بېرىپ، بۇ ئىپلاس كېسەلنى يۇقتۇرۇپ كېلەي دەمىلا؟ ئۇ يەرگە سىلى بارماي، باشقىلارنى بۇيرۇسىلىمۇ، ئادەم ئەۋەتىپ بىر تەرەپ قىلسىلىمۇ بولىدۇ، بېگىم.

— ھەي خوتۇن، سەن مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمىساڭچۇ. بارامدىم - بارمامدىم، بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— بېگىم، تازا گەپ قىلىدىكەنلا، ماڭا سىلى بولمىسىلا بولمايدىكەن. بىرقانچە كۈن شەھەردىن قايتىپ كېلەلمەي تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا دورغا، يايى، يۈزبېشى، ئونبېشى دېگەن نېمىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئىزدەپمۇ قويمىدى. ناۋادا ئۇ يەرگە بېرىپ سىلىگە بىر ئىش بولۇپ قالسا، بىز قانداق قىلىمىز؟

خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىدىن رېھىمبەگنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېرىگەندەك بولدى- دە، خوتۇنىغا قاراپ سۈس كۈلۈمسىرىدى:

— ماقۇل، دېگىنىڭچە بولسۇن، بارمىسام بارماي.

خوتۇنى ئۇنىڭ سۆزىدىن رازى بولغاندەك، قاشلىرىنى ئوينىتىپ نازلىنىپ كۈلۈپ قويدى...

كەچتە سىرتتا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ھايال ئۆتمەيلا ئىسمەت دورغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە، شەھەردىن كېلىشىڭمۇ؟

— شۇنداق، شەھەردىن كېلىشىم.

— مېنىڭ تەدبىر كۆرگىنىمنى دوتەيگە مەلۇم قىلدىڭمۇ؟


— مەلۇم قىلدىم، ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتتىم، بارلىق تېۋىپلارنى تەشكىللەپ، كېسەللەرنى بىر جايغا يىغىپ داۋالايدىغان

بولدى. بۇ ئىشنى ئۆلكىگە مەلۇم قىلىپ، ئورۇستىن ياردەمگە دوختۇر چاقىرىدىغان بولدى.

— ناھايىتى ياخشى. سەن ئىمىن يۈزبېشىنى تېپىپ، يۇرت ئىچىگە كىرىپ - چىقىدىغانلارنى داۋاملىق قاتتىق تىزگىنلەڭلار.

× × ×

دوتەي يامۇلىدىكىلەر شەھەردىكى نۇرغۇن ئەمچى، تېۋىپلارنى تەشكىللەپ، بۇ كېسەللىكنى داۋالاش جەھەتتە چوڭ ھەرىكەت ئېلىپ باردى. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىدى. ھەپتىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قىسىم دوختۇرلار بىلەن دورا يۆتكەپ، بىر ئايدىن ئارتۇق داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ كېسەللىك تىزگىنلەندى.



# توققۇزىنچى باب

## مەرىيەت مەشئىلى

### 1

بىر جۇمە كۈنى چۈش مەزگىلىدە ئۈچ ئاتلىق ئەسكەر كالتە بازارغا چىقتى. ئۇلار مەسچىت يېنىدىكى چوڭ كۆلنىڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشتى. بىر ئەسكەر ئۈچ ئاتنى تېرەككە باغلاپ قويدى، بىر ئەسكەر يەنە بىرەيلەننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىجاڭ، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟— دەپ سورىدى.

— جۈمە نامىزىغا ئاز قالدى،— دېدى سىجاڭ،— بىرەر جاينى تېپىپ تەرەت ئېلىۋالايلى،— ئۇ شۇنداق دەپ مەسچىت تەرەپكە مېڭىۋىدى، مەسچىتنىڭ بېقىنىدىلا بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

سىجاڭ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، بالىلارنىڭ ئاۋازى چىققان ئۆي تەرەپكە يېقىنلاشتى. سىرتتىن قارىغاندا دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، سەل پاكارراق قوش قانات ئىشىكلىك، ئۈستىدىن تۈگۈلۈك قويغان بولسىمۇ، چوگۈلۈكىدىن غۇۋا يورۇپ تۇرىدىغان، توپا - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆينىڭ ئاستىغا سېلىنغان پاخال- مىسلىنىڭ ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھەپتىيەك، تاختىدىكى ئۇششاق سۈرە - ئايەت، ھەرپلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتقان، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرغان بالىلارنى كۆردى. سىجاڭ خېلى بىر ۋاقىتقىچە بۇ ۋەيرانە ئۆيگە،

توپا چىراي، جۇل - جۇل كىيىملىك باللارغا قاراپ ئىغىر خۇرسىندى- دە، توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆيگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، يېقىنلا جايدا سۇرە يادلاۋاتقان بىر بالىدىن سورىدى:

— بۇ، سىلىنىڭ مەكتەپمۇ؟

— شۇنداق، بۇ بىزنىڭ قارىيخانىمىز.

— ئېتىڭ نېمە؟

— بارات.

— قارىيخانىدا نەچچە بالا ئوقۇيسىلەر؟

— 50 — 60 تەك بالا ئوقۇيمىز.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— دادام يوق.

— موللاڭلار كىم؟

— يۇنۇس قارىم، ئەنە ئاۋۇ كىشى،— دېدى قولىدا ئۇزۇن چىۋىقنى تۇتۇپ، باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ئوتتۇرا بوي، ئېگىكىدە شالاڭ ساقىلى بار كىشىنى كۆرسىتىپ.

— موللام، هوي موللام!

بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان موللام چۆچۈپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى- دە، قولىدىكى چىۋىقنى تاشلاپ، ئىتتىك سىجاڭ تەرەپكە يۈزلەندى.

— ئۆزلىرى قارىيخانىنىڭ موللىسى بولامدىلا؟

— شۇنداق، مېنى موللا دېگىلىمۇ بولمايدۇ، كىچىكىمدە ئاتا - ئانام ئازراق ئوقۇتۇپ قويۇپتىكەن. باللار بىلىمسىز بولۇپ قالمىسۇن، بىلگىنىمنى ئۆگىتىپ قوياي دەپ، مەسچىتنىڭ بۇ ۋەخپە ئۆيىدە باللارنى ئوقۇتۇۋاتىمەن.

— بالا ئوقۇتۇشقا بۇنىڭدىن ياخشىراق ئۆي چىقمىدىمۇ؟

— بۇ ئۆيىنىڭ تېپىلغىنىغىمۇ شۈكۈر قىلمىساق بولمايدۇ.

— بۇ ئىش بىلەن يۇرت چوڭلىرىنىڭ كارى يوقكەندە.

— هازىرغىچە بىرەر يۇرت چوڭى بۇ يەرگە كېلىپ باقمىدى.

— مۇنداق دېسىلە. ماقۇل، سىلىنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى سىجاڭ بۇ موللام بىلەن خوشلىشىپ.

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى - زاتىنى سورىماپتىمەن، — دېدى موللام ئېگىز بوي، ئۇستىخانلىق، كەڭ گەۋدىلىك، ئۆتكۈر كۆزلۈك بۇ كىشىگە سىنچىلاپ قاراپ.

— ھە، مەن مامۇت سىجاڭ[1] بولىمەن.

موللام ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىققىنىچە:

— سىجاڭ جانابلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا چىقىپ بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە رەھمەت، — دېدى.

---

[1] مامۇت سىجاڭ 1887- يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان. ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان، كېيىن سودا - تىجارەتكە ئارىلىشىپ ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە سەمەي، قازان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى شەھەرلەر، ھەتتا موسكۋا، پېتربورگقىچە بارغان، ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىشىغا ياردەملەشكەن. 1931- يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە، ئۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىرلىكتە تۇرپان خەلق قوزغىلىڭغا قاتناشقان، مەخسۇت مۇھىتى قۇربان بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان. قوزغىلاڭچىلار جەنۇبقا چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەندە، مامۇت سىجاڭنى شېڭ شىسەي ئۆز تارمىقىدىكى 6- شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەھمۇت بولۇپ، قەشقەردە مامۇتقا ئۆزگەرگەن. ئۇ قەشقەر شەھەر ئوردا ئىشىكىدىكى ۋاقىتلىق مەدرىسەنى پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتكەن؛ توختاجىنىڭ مەكتىپى، نوربېشى مەكتىپىنى ئېچىپ، زىيالىيلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، قەشقەرنىڭ يېڭى زامان مائارىپى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. 1974- يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋاھىد قەشقەرى سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندا، «ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆمەرباي ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن گەپ تارقالغان. مامۇت سىجاڭ قەشقەردە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئابدۇقادىر داموللام چەتئەل كۈچلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى دەلىللىگەن. 1937- يىل 4- ئاينىڭ 2- كۈنى ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن مامۇت سىجاڭ بىرقانچە يېقىنلىرىنى ئېلىپ، يېكسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزا تەۋەسىدىكى ھاسا ياكى ئارامەھەللە دېگەن جاي ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ بايئاخۇن ئەزىزنى جىياڭ جېيشىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان، كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ 1944- يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ،— دېدى مامۇت سىجاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن موللام بىلەن خوشلىشىپ قارىيخانىدىن چىقىپ كەتتى.

موللام ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى. مامۇت سىجاڭنىڭ بۈگۈن قارىيخانىدىكى باللارغا كۆيۈنگەنلىكى ئۇنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر لەرزىگە سالدى. تېخى قارىسى يېتمىگەن سىجاڭغا قاراپ، بىر ـ ئىككى ئاي ئىلگىرى شەھەردىكى ساۋۇت موللامدىن ئاڭلىغان ئىشلار ئۇنىڭ يادىغا كەلدى...

× × ×

بۈگۈن شەھەردە قاتتىق سوغۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۈزۈلمەي قار ياغقانلىقتىن، كوچا ـ رەستىلەردىكى قار بىر قەۋەت مۇز بولۇپ قاتقان ئىدى. شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىكى دۇكاندارلار سوغۇقنىڭ يامانلىقىدىن ئۇچىسىغا جۇۋا، پۇتلىرىغا پىيما كىيىشىۋالغان، بەزىلىرى چەكمەن چاپانغا ئورىنىۋېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن كوچىلاردا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. سارايدىن سارايغا مال توشىغۇچى ھامماللار، بالداق بىلەن ئەپكەش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. ئۇچىسى يېلىڭ، جۇل ـ جۇل كىيىملىك كىشىلەرمۇ، كەمچەت ياقىلىق جۇۋا، بەقەسەم تون، كەمچەت ياكى قاما تۇماق كىيىپ كېرىلىپ يۈرىدىغان بايۋەچچىلەرمۇ پات ـ پات ئۇچراپ قالاتتى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا دۈگدەيگەن يېتىمچىلەر ئاچچىق سوغۇقنىڭ دەستىدىن بىر ئورۇندا جىم تۇرالماي ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. يېتىمچىلەرنىڭ ئاچ ـ توق، سوغۇقتىن توڭلاپ قالغانلىرى پات ـ پات ئۇچراپ قالاتتى.

مۇشۇنداق سوغۇقتا بۇ شەھەردە «گۆلەخ» دەپ ئاتىلىدىغان ھامام كۆلخانىسىدا يەنە ئۆزگىچە ھايات داۋاملىشاتتى. بۇ يەردىكى بىر توپ يېتىمچى باللارنىڭ ھەممىسى يېلىڭ ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تىزى ئوچۇق، بەزىلىرى يالاڭ ئاياغ، بەزىلىرىنىڭ مەيدىسى ئوچۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ

كۆپىنچىسى بوينى بىلەن تەڭ قىزىق كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتاتتى. باش - كۆزلىرى كۆلگە بۇلانغان، پۇت - قوللىرى قاسماق بۇ باللار ھەر يەر - ھەريەردىن كېلىپ بۇ يەرگە توپلاشقان، بەزىسى ئاتا - ئانىلىرىدىن يېتىم قالغان باللار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن يېتىپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىشاتتى، ھېكايە ئېيتىشاتتى.

كوچا دوقمۇشىدا بىر توپ سالاپەتلىك ئادەملەر كۆرۈندى. ئۇلار توپتوغرا گۆلەخ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. باللار بۇلارنى كۆرۈپ قورقتى، بىر - بىرىگە كۇسۇرلىشىپ: «بۇلار بىزنى گۆلەختىن قوغلىغىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ» دېيىشىپ، كۆمۈلۈپ ياتقان كۈل ئارىسىدىن ئاستا - ئاستا سۇغۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى.

— توختاڭلار، قاچماڭلار، بىز سىلەرنى گۆلەختىن قوغلىغىلى كەلمىدۇق، بەلكى گۆلەختىن قۇتقۇزغىلى كەلدۇق.

باللار بىر ئىشنىپ - بىر ئىشەنمەي توختىدى- دە، تامنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ مارىشىپ تۇردى. باللار ھەقىقەتەنمۇ ھەيران بولۇشاتتى، چۈنكى ئۇلار ياشاۋاتقان گۆلەخكە بىرقانچە يىلدىن بېرى مۇنداق سالاپەتلىك ئادەملەر زادىلا ئاياغ بېسىپ باقمىغان ئىدى. ئادەتتە بۇ يەرگە سوغۇقتا توڭۇپ، پاناھ جاي تاپالمىغان ئىگە - چاقىسىز يېتىمچىلەر، تىلەمچى - دىۋانىلەردىن باشقا ئادەملەر كەلمەيتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە مۇنداق سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭ كېلىشى يېتىمچى باللارنى ئەندىشىگە سالدى، بەزى باللار ھەيران بولدى، «بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ چوقۇم گۆلەختىن قوغلىغىلى، يا بولمىسا تۇتقىلى كەلگەن گەپ».

كەلگۈچىلەر ئىچىدىن ئېگىز بويى، ئۇستىخانلىق، كەڭ گەۋدىلىك، ئۆتكۈر كۆزلۈك بىر كىشى گۆلەختىن قوپۇپ قېچىۋاتقان باللارغا مېھرىبانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— باللىرىم، قورقماڭلار. مەن سىلەرنى گۆلەختىن قۇتقۇزغىلى كەلدىم،— دېدى كۆيۈمچانلىق بىلەن.

قېچىپ كېتىۋاتقان باللار بىر - ئىككىدىن كېلىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادالغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. ھېلىقى

ئېگىز بوي، سالاپەتلىك كىشى:

— بۇ يىل سوغۇق بەك قاتتىق بولدى. ئاڭلىسام، ئىگە - چاقىسىز بىرنەچچە كىشى پاناھلىنىدىغان يېرى يوق، كوچىدا توڭلاپ قاپتۇ. بىز ئىسسىق ئۆيدە يېتىپ، سىلەر كوچىدا قالساڭلار بولمايدۇ، مەن سىلەرنى ئىسسىق ئۆيگە ئەكېتىمەن، قانداق؟— دېدى.

— راستىنلا ئەكېتەمدىلا؟— دېدى بالىلارنىڭ بىرى چاڭقىلداق ئاۋازى بىلەن،— بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز، ئۆي - ماكانىمىز يوق، شۇڭا كۆلگە كىرىۋالغان. سىلى بىزنى ئەكېتىدىغان يا بىزنىڭ دادىمىز بولمىسىلا؟— ئۇ بالا سۆزلەپ بولۇپلا تىلىنى چىقىرىپ باشقا بالىلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— توغرا، توغرا،— دېيىشتى بالىلار بىر ئېغىزدىن،— بىز سىلىنى تونۇمىساق، سىلى بىزنى نېمىشقا ئەكېتىدىلا؟

— مەن شەھەر خەلقىنىڭ ئاتىسى. كىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، شۇنىڭ بېشىنى سىلايمەن، مەن سىلەرنىڭ ئاتاڭلار.

— بۇ كىشى مامۇت سىجاڭ. ئۇ باشقىلاردىن ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنىڭ كوچىدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سىلەرنى ئىسسىق ئۆيگە ئەكەتكىلى كەلدى،— دېدى يەنە بىر سالاپەتلىك كىشى.

— ياخشى، ياخشى،— دېدى بالىلار سەكرىشىپ.

شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارىغان بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ھىجىيىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، ھىجىيىپ كۈلۈشلىرىدىن ئىشەنمەسلىك ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئارىدىن بىرسى كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— دادا، سىلى راستىنلا شەھەرنىڭ ئىگىسى بولاملا؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىلەر، مەن سىلەرنى ھەرگىزمۇ ئالدىمايمەن. مانا بۇ كىشى يۈسۈپ داموللا، ئەنە ئاۋۇ كىشى ئابدۇۋەلى خەلپەت، مانا بۇ كىشى ساۋۇت موللام، ئاۋۇ كىشى سىلەرگە شەپقەت قولىنى سوزغان زوردۇنباي دېگەن كىشى بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىككى يۈرۈش ئۆي تەييارلىدى. بىز بىلەن يۈرۈڭلار. بىز سىلەرگە ئىسسىق ئۆي،

ئىسسىق غىزا تەييارلىدۇق.

مامۇت سىجاڭ خەلقپەرۋەر، ئەمەلىيەتچى ھەم روھلۇق، پائالىيەتچان كىشى ئىدى. بۇ يىل سوغۇقنىڭ قاتتىق بولغانلىقىنى، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقان يېتىم - يېسىر، يوقسۇز كىشىلەرنىڭ كۆپلۈ-كىنى بايقاپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. مانا ھەش - پەش دېگۈچە پۈتكۈل يەر - جاھاننى سوغۇق قاپلىدى، مۇنداق سوغۇقتا شەھەر يوقسۇللىرى، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار، ئىگە - چاقىسىز مۇساپىرلارغا دەل ۋاقتىدا غەمخورلۇق قىلىنمىسا، ئۇلار سوغۇق-تىن توڭلاپ ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن شەھەردىكى بىر قىسىم بايلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۆت دەرۋازا ئىچىدىكى بىر قىسىم يوقسۇل كىشىلەرنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ قىشلىق ئىسسىنىشى، كىيىم - كېچەكلىرى، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. مانا بۈگۈن بۇ يەرگە كەلدى.

باللار مامۇت سىجاڭنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. سىجاڭ بىلەن بىللە كەلگەن بىرنەچچە كىشىمۇ ئۇدۇللا زوردۇنباي باللار ئۈچۈن راسلاپ قويغان ئۆيگە كەلدى. ئۆي ئىچى ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، باللارغا كېتەرلىك يوتقان - كۆرپە بىلەن كىيىم - كېچەكمۇ تەييارلاپ قويۇلغان ئىدى.

باللار ئوچاقتا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلغان بۇ كىشىلەردىن ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇلار مۇنداق جانغا ئارام بېرىدى-غان يېقىملىق ئوتنى كوچىلاردا نان تىلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئاشپەزنىڭ ئوچىقى ۋە ناۋايىنىڭ تونۇرىدا كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئوتلار بۈگۈنكى ئوتقا زادى ئوخشىمايتتى. بۈگۈنكى ئوت ئۇلارنىڭ سوغۇقتا توڭلىغان بەدىنى-نىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتكۈل قەلبىنى ھەقىقىي ئىللىتقان ئىدى.

باللار ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ قانغۇدەك ئىسسىنغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كىشى كېلىپ ئۇلارنىڭ چىچىنى ئالدى. يۇيۇندۇرۇشقا مەسئۇل ئادەم چىچىنى ئېلىپ بولغان باللارنى ھاماممغا ئاپىرىپ بىر - بىرلەپ

سوپۇنلاپ يۇيۇپ قويدى. قاسماق باسقان باللار بىردەمدىلا پاكىزلىنىپ، بۆلەكچىلا ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ھەربىر باللىغا بىرقۇردىن قىشلىق كىيىم كىيدۈرۈپ قويۇلۇۋىدى، بىر - بىرىنى تونۇيالمىغاندەك بولۇپ كېتىشتى. ئارقىدىنلا باللارنىڭ ھەر بىرىگە گۆش باسقان بىر قاچىدىن ئىسسىق پولۇ كەلتۈرۈلدى. باللار پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشىپ، تىللىرىنى تامشىپ كېتىشتى.

ناماز ئەسىردىن كېيىن مامۇت سىجاك بۇ يېتىم باللارنى يەنە يوقلاپ كەلدى. ئۇ باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ باللارنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. تېخى ھېلىلا قاسماق باسقان بۇ باللار ئەمدى تونۇغۇسىز ھالدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. مامۇت سىجاكنى كۆرۈپ باللار گۇررىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— سىجاك دادا، سىجاك دادا، قارىسىلا؟ بۇ كىيىملىرىمىز يارىشىپتىمۇ؟

— بەللى، تازا يارىشىپتۇ. بۆلەكچىلا ئادەملەردىن بولۇپ كېتىپسىلەر. ھازىر مەنمۇ سىلەرنى تونۇيالمايۋاتىمەن،— دېدى مامۇت سىجاك باللارنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ،— ھەي باللىرىم، ئەمدى مەن سىلەرگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، سىلەر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇڭلار. مانا ماۋۇ كىشى ساۋۇت موللام، سىلەرنىڭ ئۇستازىڭلار. بۇ كىشى سىلەرگە دىندىن ھەم پەندىن دەرس بېرىدۇ. سىلەر ياخشى ئوقۇپ بىلىم ئالساڭلار ئۆزۈڭلەرگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى. بىزنىڭ مىللىتىمىز خار ۋە زەبۇن-لۇق ئىچىدە ئۆتكەن مىللەت، بىز مۇنداق زەبۇنلۇقنى تۈگىتىپ، مىللىتىمىزنى ئاقارتىپ، ئۇنى يېڭى ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىسەك، چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئىش قىلغان بولىمىز. سىلەر ياخشى ئوقۇساڭلار چوقۇم ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقالايسىلەر. قانداق، ئوقۇش ئىرادەڭلار بارمۇ؟

— ئوقۇش ئىرادىمىز بار. چوقۇم ياخشى ئوقۇپ ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىمىز!

مامۇت سىجاك باللارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى:

— باللىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇشۇڭلار ھەقسىز بولىدۇ. سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارغا مەخسۇس بىر كىشىنى مەسئۇل قىلىپ بېكىتتىم. مەن پات - پات كېلىپ سىلەرنى يوقلاپ تۇرىمەن. ئەمدى سىلەر كوچىلاردىكى ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلار ئەمەس. شۇڭا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ياخشى ئۆگىنىڭلار.

— چوقۇم سىجاڭ دادامنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىمىز، — دېدى باللار بىر ئېغىزدىن ئۈنلۈك قىلىپ.

ماموت سىجاڭ بۇ يەردىن كېتىش ئالدىدا يېتىم - يېسىر باللار - نىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ خوشلاشتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا يېڭى باشلانغان بۇ غەمخورلۇقنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى، تەرەققىياتى، ۋەتەنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، مىللەتنىڭ پارلاق ئىستىقبالى كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى...

2

ھەر جۈمە كۈنى بىرەر يۇرتقا چىقىپ، جامائەت بىلەن بىرگە جۈمە نامىزى ئوقۇپ ئادەتلەنگەن ماموت سىجاڭ بۈگۈن كالتە بازاردىكى ھېلىقى قارىيخانىدىن چىقىپ بىر يەردىن سۇ تېپىپ تەرەت ئالدى. ئىككى قوغدىغۇچىسى بىلەن ئەل - جامائەت ئارىسىغا كىرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن خاتىپ ۋەزخانلىققا چۈشتى. خاتىپنىڭ گېپى تۈگىشىگە ماموت سىجاڭ سۆز باشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت، مەن ماموت سىجاڭ. يۇرت قوۋمى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىمگە بەكمۇ خۇشالمەن. مەن ھەر جۈمە كۈنى بىردىن يۇرتقا چىقىپ جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇپ، ئەل - يۇرت بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن شەھەردىن چىقىپ دەل چۈشتە بۇ يۇرتقا كېلىپ، مەسچىت يېنىدىكى ئاۋۇ بىر ئېغىز ئۆيگە كىرسەم، 50 — 60 باللا توپا -

تۇزان تـوزۇپ تۇرـدىغان ئۆيـدە پاخال ئۈستـىدە ئولتـۇرۇپ سۈرە ـ ئايـەت يادلاۋېتىپـتۇ. ئـۆي ھـەم قاراڭغـۇ، ھـەم توپا ـ تـوزان ئـىكـەن. ئـۇلارنىڭ موللىـسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇقۇشۇمچە، بۇ قارىيخانىغا يۇرت چوڭلىرىدىن بىرەرسىمۇ كـېلىپ باقماپـتۇ. بـۇ يـۇرتـنىڭ بېگـى كـىم؟— دەپ سـورىدى مامۇت سىجاڭ.

— مەن،— دېدى مېھرابقا يېقىن جايدا ئولتـۇرغان رېھمبـەگ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ،— جانابلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدىن بىخەۋەر قاپتىمىز.

— بۇ گېپىڭنى قوي،— دېدى مامۇت سىجاڭ كەسكىن قىلىپ،— ئوقۇۋاتقان باللار كىمنىڭ بالىلىرى؟

— ...

— سېنىڭ بالا ـ چاقاڭ بۇ مەكتەپتە بارمۇ؟

— ...

— يۈزبېشى قايسىڭ؟

— يۈزبېشى يېڭىسارغا كەتكەن.

— بۇ مەكتەپتە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئوقۇمدۇ؟

— ئوقۇيدۇ،— دېدى رېھمبەگ.

— رېھمبەگ، سەن ئېيتىپ باقە، يۇرتۇڭدا نەچچە باي بار؟

— بايلار خېلى كۆپ، جانابلىرى.

— بالا ـ چاقىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلگۈمىز بار سىجاڭ جانابلىرى، بىراق شۇ... — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ھەرقايسىڭنىڭ چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىشىڭگە، مېھمان چاقىرىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىشىڭغا پۇل باركەنۇ، مەكتەپ سېلىشقا پۇل يوقمىكەن؟ رېھمبـەگ، بـۇ يـۇرتـتىكى بـايلارنى سانا، ئىسمىنى بىر ـ بىردىن تـوۋلا، رېھمبەگ ئىسمىنى ئاتىغان بايلار ئورنۇڭدىن تۇرۇش!

رېھمبـەگ يۇرتتىكى بايلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ توۋلىدى. ئىسمى ئاتالغان بايلار سالپىيىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مامۇت سىجاڭ ئۇلارغا سوئال قويدى:

— سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟
— ئوقۇيدۇ.
— مۇشۇنداق توپىغا مىلىنىپ قانداق ئوقۇيدۇ؟
— ...

— بىر يۇرتتا مەكتەپ بولمىسا، بالىلار ئوقۇشسىز قالىدۇ. خەلقىمىزنى نادانلىقتىن قۇتۇلسۇن دەيدىكەنمىز، بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. باشقا خەلقلەر مائارىپ ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغاچقا، تەرەققىياتى بىزدىن ھەر تەرەپلىمە ئۈستۈن. ئۇلار ئايروپىلاندا ئۇچۇۋاتسا، بىز قاچانغىچە ئېشەكنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، توپا ـ توزانغا كۆمۈلۈپ ياشايمىز؟ مەن بۇ يۇرتتا بالىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپ يوق، پاخال ئۈستىدە توپا ـ توزانغا بۇلغىنىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىرقىسىما بولدى. يۇرتتا بىر مەكتەپ بولۇشى زۆرۈر. مەن جامائەت ئالدىدا ئاشكارا ئېيتىپ قوياي، مەكتەپ ئۈچۈن 15 چارەكلىك ئوبدان يەر ئاجرىتىلىدۇ. يەرنى ھەل قىلىش ئىشىغا رىھىمبەگ مەسئۇل بولىدۇ. تۆت سىنىپنىڭ تېمىنى قوپۇرۇشنى تۇردىباي؛ يېپىق، سۇۋاق، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ياستىشنى ھاپىزباي ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. مەن ھەر ئايدا بىر قېتىم چىقىپ سوراشتە قىلىمەن. قېنى، قايسى باي مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدىكەن، قالغىنىنى ئۆزى بىلسۇن! مېنىڭ گېپىم تۈگىدى جامائەت،— دېدى مامۇت سىجاڭ،— ئەمدى خاتىپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قايتساڭلار بولىدۇ.

— مېنىڭ باشقا گېپىم يوق،— دېدى خاتىپ جامائەتكە قاراپ،— مامۇت سىجاڭ بىزگە ناھايىتى ياخشى تەكلىپ بەردى. ئەل ـ جامائەت ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ بۇ قۇتلۇق ئىشنى قوللايلى. پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، سىجاڭنىڭ دېگىنى بويىچە يۇرتىمىزغا مەكتەپ سېلىپ، بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن يول ئاچايلى.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمىز!— دەپ توۋلاشتى ئەل ـ جامائەت بىر ئېغىزدىن خاتىپنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

جامائەت مەسچىتتىن قايتقاندا، رىھىمبەگ ۋە بىرنەچچە بايلار

پايپېتەك بولۇپ ماموت سىجاگىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— سىجاڭ جانابلىرىنىڭ بۇ يەرگە چىققىنىدىن بىخەۋەر قاپتۇق، ئالدىلىرىغا چىقالمىغانغا ناھايىتى خىجىلمىز. شۇڭا، بىردەم - يېرىمدەم ھاردۇق ئېلىپ قايتسىلىمىكىن دەيمىز.

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت. ھەرقايسىڭلار مەن تاپىلىغان ئىشنى ياخشى ئىشلىسەڭلار، مەن خۇرسەن بولىمەن.

— سىجاڭ جانابلىرى، بۇ قانداق بولغىنى،— دېدى رېھىمبەگ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن،— يۇرتىمىزغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان چاغلىرىدا ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ بىرەر پىيالە چېيىمىزنى ئىچمەي كەتسىلە كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت رېھىمبەگ،— دېدى ماموت سىجاڭ،— ھازىر ئىشىم ئالدىراش، ۋاقىت چىقىرىپ كېلىپ چېيىڭنى ئىچىپ كېتىمەن. بايا مەن تاپىلىغان ئىشنى سەن ۋاقتىدا قىلساڭ، چېيىڭنى ئىچكەندەك بولىمەن. خەير - خوش، 8- ئايدا مەكتەپنى كۆرگىلى چوقۇم چىقىمەن.

3

مەكتەپ سېلىش رېھىمبەگنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەندىن كېيىن، مەكتەپنى قانداق سېلىش توغرىسىدا تولا ئويلاپ ئۇنىڭ بېشى قاتتى. بۇ ئىش ئىجتىمائىي ئادىتى تۈپۈلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى. ئۇ مەكتەپ سالدىغان يەرنى قەيەردىن، كىمدىن ئېلىش توغرىسىدا كۆپ بويى خىيال قىلىپلا يۈرەتتى. چۈنكى، يەرنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ئىشنى ھەل قىلىشتا ئىقتىسادقا تايانسىلا بولمايتتى. بۇ توغرۇلۇق ئۇ يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كېڭەش ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى.

تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدا مەكتەپنى سېلىشقا باب كېلىدىغان 15 چارەكلىك يەر بولۇپ، بۇ يەر بەش ئادەمنىڭ قولىدا ئىدى. يەر ئىگىلىرى

يۇرت ئىچىدە بولسىغۇ ئاسانغا چۈشەتتى. بىراق، يەرلەرنىڭ كۆپرەكى شەھەردىكى بايلارنىڭ ئىدى. مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئۇ شەھەرگە ئۈچ قېتىم قاترىدى. بىراق، ئۇلار يەرلەرنى پۇلغا سېتىپ بەرگىلى ياكى باشقا يەرگە تېگىشىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. رەھىمبەگ ئۇلارنى مېهمانغا چاقىرىپمۇ باقتى، سېتىۋالغان يەرگە بىر ھەسسە ئارتۇق پۇل بېرەي دەپمۇ باقتى، بىراق يەر ئىگىلىرى ئۇنىمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇنىماسلىقىدا مۇنداق سەۋەبلەر بار ئىدى: بىرى، يەرنىڭ سۈيى باشتا بولۇپ، سۇ كەلسىلا ئاچقىلى بولاتتى. يەر چوڭ يولنىڭ بويىدا بولغاچقا، ئوغۇتنى يەرگە ھارۋىدا قۇيسىمۇ، ئېشەكتە قۇيسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئېتىزلىقنىڭ يولى ھوسۇل يىغىپ، خامان ئېلىشقىمۇ ئەپلىك ئىدى. رەھىمبەگ مەكتەپ سالىدىغان يەر توغرىسىدا ئويلىنىپ، ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. بۇغدايىنى ئورۇپ بولۇشىغا بەش كىشىنىڭ قولىدىكى 15چارەكلىك يەرگە مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان 20 چارەكلىك يەرنى تېگىشىپ، يەر ئىگىلىرى ئۇنىسا ـ ئۇنىمىسا ئورمىدىن كېيىنلا ئىش باشلىماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇ ئويلىغىنى بويىچە ھېمىتنى چاقىرتىپ كىردى.

— خوش بېگىم، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن.

— سەن بېرىپ ئىسمەت دورغا بىلەن ئىمىن يۈزبېشىنى، يۇرت ئاقساقاللىرىدىن تۇردىباي، ھامۇتباي، ھاپىزباي، قادىرباي، سەمەتبايلارنى چاقىرىپ كەل!

— ماقۇل بېگىم، ھازىرلا ماڭاي،— دېدى ھېمىت ۋە بەگنىڭ ھۇجرىسىدىن ناھايىتى ئىتتىكلا چىقىپ كەتتى.

× × ×

ئىمىن يۈزبېشى بۈگۈن خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلمىغىلى بىر ئايدىن ئاشقان بولۇپ، قار يېغىپ تۇرىدىغان قاپىقىغا قارىغان كىشى ئەيمىنىپ گەپ قىلالمايتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چەكمەن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تۇرۇپ باللىرىغا زەردە قىلدى:

— ناماز ۋاقتى بولاي دېدى، قاچانغىچە غەپلەتكە پېتىپ ئۇخلى-
شىسەن!؟

— مانا ھازىرلا قوپاي دادا،— دېدى چوڭ ئوغلى كۆزلىرىنى ئۇۋۇ-
لاپ، بىرنېمىدىن ئەندىككەندەكلا ئورنىدىن تۇردى.

— ناماز ۋاقتىغا بالدۇركەنغۇ،— دېدى تەرەتكە سۇ بېرىۋاتقان يۇزبې-
شىنىڭ ئايالى سانىيە بۈۋى.

— باللارنى بوزۇۋاتقان سەن!— دېدى يۇزبېشى ئايالىغا
ئاچچىقلاپ.

— قاچانلا قارىسا، باللارغا ياخشى گېپى يوق،— دېدى ئايالى
غوتۇلداپ.

يۇرت ئىچىدە تەگدىشى يوق ھېسابلانغان بۇ خوتۇن ئېرىدىن 12
ياش كىچىك بولسىمۇ، ھازىر چاچلىرى ئاقىرىپ، يۇزبېشىنىڭ ئانىسىغا
ئوخشاپ قالغان ئىدى. سانىيە بۈۋى يۇزبېشىدىن بەشنى تۇغدى. بىراق،
ئىمىن يۇزبېشىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سانىيە بۈۋىدىن چاندى. ئۇ
كۈن بويى ئۆيگە كىرمەي، توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشىدىن قالمىدى.
خوتۇن - باللىرىنى خورلاپ، تالاغا قارىدى. پات - پات يېرىم كېچىدە
سازلىقتىكى قاراسۇ ئۆستىڭىگە چۈشۈپ بويىنى سۇغا سالاتتى. سانىيە
بۈۋى بۇنى بىلمەسلىككە سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى
ئۆزىدىن كۆرە، بەش بالا ئىدى. باللار چوڭ بولدى، ئالدى 15كە، ئاخىرى
سەككىزگە كىردى. چوڭى، ئوتتۇرانچىسى ۋە كەنجىسى ئوغۇل، ئوتتۇرى-
دىكى ئىككىسى قىز. ئىسمەت دورغىنىڭ ئايالى مايسەم سەتەڭ بىلەن
ئېرى ئاشنا ئوينايدىغانلىقىنى بىلەتتىيۇ، لېكىن يۇزىگە سالمايتتى.

باللار دادىسىنىڭ زەردىسىدىن ئورنىدىن تۇردى. ئاتقا بوغۇز
بېرىپ سۇغاردى، ئوتۇن كەسلىدى، ھويلىنى سۈپۈردى. باللارمۇ بۇنداق
ئىشلارغا كۆنۈك ئىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپ دادىسىنىڭ تىللىرىنى ئاڭلاپ
تۇراتتى. ئىمىن يۇزبېشىنىڭ خاپىلىقى ھېلىقى كۈنى مامۇت سىجاڭ
يۇرتقا چىقىپ ئەل - جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇپ مەكتەپ سېلىش
توغرىسىدا يۇرتتىكىلەرگە بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلغان كۈندىن باشلاندى.

مامۇت سىجاڭ يۇرتقا چىققان كۈنى ئىمىن يۈزبېشى «ئوغلاق تارتىشىش بولىدىكەن» دەپ يۇرتتىن بىرنەچچە كىشىنى ئېلىپ يېگىسارغا كەتكەن ئىدى. مامۇت سىجاڭ مەسچىتتە ئىمىن يۈزبېشىنى سوراۋاتقىلى كىرگەن ئادەملىرىدىن، بىرسى ئۇنىڭ بىرقانچە كىشى بىلەن ئوغلاق تارتىشىشقا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدى. بۇنى ئاڭلاپ سىجاڭ كايىپ قېلىۋىدى، بەگ ئۆزىگە ئېلىپ سەل خىجىل بولدى. «خەپ توختاپتۇر،— دېدى بەگ ئىچىدە،— دەشنامنى مەن ئىشىتتىم. قايتىپ كەلگەندە بىر ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام...»

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئىمىن يۈزبېشى سالپايغان پېتى قايتىپ كەلدى. ئۇ ياقا يۇرتقا بېرىپ ئوغلاقتا ئۇتتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ ياراملىق ئاتلىرىنى، ئون نەچچە ئوغلاقچىنى بىرگە ئەكېتىپ ئۆلگۈدەك تىپىرلاپمۇ ئوغلاقتا ئۇتالمىدى. ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىشىگە رەھىمبەگ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ يەتكۈدەك داۋىسىنى بەردى. مانا بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئىززەت- نەپسىگە ھار كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ قايىقىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئىمىن يۈزبېشىنىڭ قايىقى نامازدىن كىرىپمۇ ئېچىلمىدى. بۈگۈن ئەتىگەن بامداتتىن يېنىپ ئىسمەت دورغا بىلەن پاراڭلىشىپ، گەپ مەكتەپ سالىدىغان يەر مەسىلىسىگە كەلگەندە، شەھەرگە كىرىپ يەر ئىگىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن - كۆرۈشمىگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئىسمەت دورغا تېخى كۆرۈشمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنـ ـدىمىغانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن يۈزبېشى ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى. دورغىمۇ بوش كەلمەي: «مەن سىنىڭ ئەمەس، بېگىمنىڭ دورغىسى، بۇ ئىش بىلەن سىنىڭ نېمە كارىڭ! مەن بۇ توغرۇلۇق بەگكە جاۋاب قىلىمەن» دېدى. ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ ئاخىر ئۇرۇشۇپ قالدى. يۈزبېشى ئاچچىقىغا پايلىماي، دورغىنى بىرنەچچە ئېغىز تىللىۋەتتى. ئەمما، يۈزبېشى ئۆيىگە كېلىپلا دورغىنى تىللىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. «قانداقلا بولمىسۇن، دورغىنىڭ خوتۇنىغا قانات سۆرەپ يۈرگىلى 5 — 6 يىل بولدى، 5 — 6 يىللىق باردى - كەلدى دورغىنىڭ خوتۇنى بىلەن

مېنى مېھىر ـ شەپقەت يىپى بىلەن مەھكەم باغلىدى. ھەي، يامان بولدى، خەقنىڭ ئىشىنى دەپ، دورغىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا قانداق ئاياغ باسىمەن، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان ئاشنىدارچىلىقىمىز سۇغا چىلىشىپ قالارمۇ؟»

ئىمىن يۈزبېشى مانا مۇشۇنداق خىيال بىلەن ئۆيگە كىردى، خوتۇنى ھازىرلاپ قويغان چاينىمۇ ئىچمىدى، ئۇنىڭ چىرايى سەل تۇتۇق ئىدى.

— بىرەرسى بىلەن توۋلىشىپ قالدىڭىزمۇ ـ نېمە، چىرايلىرى نېمانداق بۆلەكچە بولۇپ كەتتى؟

— ئىشىگىنى قىل، سېنى بىرسى سوراقچى قويدىمۇ، يىغلامدىمەن ـ كۈلەمدىمەن، ئۆزۈمنىڭ ئىشى!

سانىيە بۇۋى يۈزبېشىنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق سەزگەندە، سورىغان سوئالىغا ئۇنىڭدىن مانا مۇشۇنداق جاۋاب ئالاتتى. ئىمىن يۈزبېشى خىيال سۈرۈپ ئايۋاندا ئولتۇرغاندا، ھېمىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يۈزبېشى ئاتا، بېگىم سىلىنى چاقىرىپ كەل دېگەن.

— سەن كېتىۋەر، ھازىرلا ئارقاڭدىن يېتىمەن.

ھېمىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈزبېشى يەنە خىيالغا پېتىپ قالدى. بەگنىڭ ئالدىغا بارسا، ھېلىقى مەكتەپ سالدىغان يەر توغرىسىدا ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى، قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى گويا گەجگىسىگە تاش باغلاپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى.

يۈزبېشى بەگنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ھەممىدىن كېيىن كەلگەنلىكىنى سەزدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى يۈزبېشى ئىشىكتىن كىرىپ، ئولتۇرغانلارغا قاراپ يېرىم ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياغ تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

رېھىمبەگنىڭ بۇگۈن باي ـ غوجاملارنى يىغىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس

ئىدى. ئىككى كۈن بۇرۇن مامۇت سىجاڭ رىھىمبەگنى چاقىرتىپ مەكتەپ سېلىش ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىنغۇدى، رىھىمبەگ تىلىنى چايناپ بەزىبىر سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى. مامۇت سىجاڭ ئۇنىڭغا: «يا مەكتەپنى سالىسەن، يا بولمىسا بەگلىكتىن كېچىسەن» دەپ كەسكىن ئېيتىغۇدى، بىرنەچچە كۈن ئۇيقۇسى كەلمىدى. رىھىمبەگچە بولغاندا، ئۇنى ـ بۇنى دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بۇ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدى. بىراق، مامۇت سىجاڭ ئۇنىڭغا يول قويمىدى. شۇڭا، بەگ ئىلاجسىز قالغاندا بۇگۈنكى يىغىلىشنى ئۇرۇنلاشتۇرغان، بۇ يەرگە يۇرت ئىچىدىكى ئاتاقلىق بايلار يىغىلىشقان ئىدى. داستىخان ئىككى قېتىم يېگىلانغاندا قوزا چۆش بولدى. ئاخىرقى داستىخانمۇ سېلىنىپ مېھمانلارغا پولۇ تارتىلدى. پولۇدىن كېيىن چاي كەلتۈرۈلدى، چايدىن كېيىن بەگ دۇئا قىلىپ داستىخان يىغىشتۇرۇلدى، ئاندىن بەگ بىر پىيالە چاينى ئىچىپ، گېلىنى بىر ـ ئىككى قېتىم قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— مۆھتەرەم مېھمانلار، ئەمدى بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپ ئۆتەي، ھەرقايسىلىرى يۇرتىمىزنىڭ ئاقساقاللىرى، مەن يۇرت سوراشتا ھەرقايسىلىرىغا تايىنىپ كەلدىم. ھەرقايسىلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن يۇرتىمىزدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق. ھەممىڭلارغا مەلۇم، مامۇت سىجاڭ ئۆتكەن قېتىم يۇرتىمىزغا بىر مەكتەپ سېلىش ۋەزىپىسىنى بەرگەن، لېكىن ھازىرغىچە يەرنى بىر تەرەپ قىلالمىدۇق. يەر ئىگىلىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشكەن بولساقمۇ، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى. بۇغدايىغا ئورغاق تەگسىلا يەر ئىگىلىرى بىلەن بىر سۆزلىشىپ، بولمىغاندا يەرنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ مەكتەپكە ئىش باشلىمىساق بولمايدۇ. سىجاڭ ئېيتقاندەك، بۇ ئىشقا يۈزبېشى بىلەن مەن مەسئۇل. تۇردىباي دەرھال خىش قۇيدۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئىسمەت دورغا ياردەملەشسۇن. تام قوپۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغاچ، سۇۋاق ئىشلىرىغا ھامتىباي، ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى ياساشقا ھاپىزباي مەسئۇل بولسۇن. يەنە 10 كۈندىن كېيىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلايمىز. يۈزبېشى بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە يەر ئىگىلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ كۆرسۇن.

ھەرقايسلىرىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، يۇرتىمىزدىكى يىگىدىن سىڭلىمىدىغان مەكتەپكە شەپقەت قولۇڭلارنى سۇنۇپ، كۆپرەك يار ـ يۆلەكتە بولساڭلار.

ـــ ئەلۋەتتە يار ـ يۆلەكتە بولىمىز،ـــ دېيىشتى مېھمانلار.

رېھىمبەگ مېھمانلارنى ئۇزاتقاندا، ناماز ئەسىر بولغان ئىدى.

4

مەكتەپ سالىدىغان يەردىكى بۇغداي ئورۇلۇپ بولغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئىمىن يۈزبېشى بۇ يەردە يېرى بار تۆت ئادەمنىڭ ئىككىسىگە بىر چارەكلىك يەرگە بىر يېرىم چارەكلىك يەر كۆرسىتىپ بېرىش توختامى بىلەن ئىككى چارەكلىك يەرنى ھەل قىلدى. يەنە 13 چارەكلىك يەرنىڭ ئىگىسى شەھەردە بولۇپ، بىرى شەھەردىكى ساۋۇت ئۆكتەم، يەنە بىرى ھاشىم چويۇن دېگەن باي ئىدى. ئۇلار ئىككى ھەسسە يەر ئالماشتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىپ، جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى. ئىمىن يۈزبېشى ئەھۋالنى رېھىمبەگكە مەلۇم قىلىۋىدى، بەگ ناھايىتى كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى:

ـــ بۈگۈندىن باشلاپ خىش قۇيۇشنى باشلاۋېرىڭلار، بۇ ئىش خۇسۇسىدا كېلىپ چىققان ھەرقانداق چاتاققا ئۆزۈم ئىگە!

ئىمىن يۈزبېشى رېھىمبەگنىڭ سۆزىنى تۇرۇدىبايغا يەتكۈزدى. ئۇ دەرھال ئادەم تەشكىللەپ خىش قۇيدۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ساۋۇت ئۆكتەم بىلەن ھاشىم چويۇن بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ بۇ يەرگە چىقتى. ئۇلار ئۆز يېرىنىڭ بېشىغا كېلىپ ھەيران قالدى. بۇ يەردە خىش قۇيۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يۇرتتىكى دېھقانلار بولۇپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. ساۋۇت ئۆكتەم بىلەن ھاشىم چويۇننىڭ قۇيقا چاچلىرى تىكلىشىپ، غەزىپىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى ـ دە، ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ۋارقىرىدى.

ـــ كۆپچىلىك، بۇ يەرنىڭ ئىگىسى بىز، سىلەر بىزدىن بىسوراق

نېمىش قىلىۋاتىسىلەر؟!

— نېمىش قىلاتتۇق، مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن خىش قۇيۇۋاتىمىز،— دېدى بىرنەچچە دېھقان تەڭلا جاۋاب بېرىپ.

— دەرھال ئىشنى توختىتىڭلار، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىتىمىز.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. دېھقانلار خىش قۇيۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى. ساۋۇت ئۆكتەم بىلەن ھاشىم چويۇننىڭ باشلاپ چىققان ئادەملىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى كەتمەنلىرىنى تارتىپ خىش قېلىپلىرىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. پۈتكۈل ئادەم گۇررىدە ئولىشىپ ئۇلارنى ئارىغا ئالدى. ئارىدىن بىر ياش يىگىت چىقىپ ئۇلارغا سوئال قويدى:

— باي غوجاملار، زېمىن بولسا يۇرتنىڭ زېمىنى، يەرگە يەر تېگىشىپ بېرەيلى دېسەك تېخى ئۇناشماپلا. شۇڭا، بىز بۇ يەرگە بىر مەكتەپ سېلىپ قويايلى، دەپ خالىس ئەمگەك قىلدۇق. گەپ - سۆزلىرى بولسا رېھىمبەگكە بېرىپ ئېيتىشسىلا.

— بىز رېھىمبەگنى تونۇمايمىز، يەرنى ئالتۇن - كۈمۈشكە سېتىۋالغان، يەردە ھەرقايسىڭنىڭ ھەققى يوق، تېزدىن كۆزىمىزدىن يوقىلىش!

— كۆزىمىزدىن سەنلەر يوقال! يۇرت بىزنىڭ، زېمىن بىزنىڭ. بىز مەكتەپ سېلىپ خەيرلىك ئىش قىلىمىز دېدۇققۇ!

ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر بولمىغاندا، بۇلار بىر - بىرى بىلەن ياقا تۇتۇشۇپ قالدى. ئىككى تەرەپ يومداقلىشىپ، دېھقانلار شەھەردىن چىققان بايلارنىڭ ئادەملىرىنى لاي ئازگاللىرىغا تىقىۋەتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان رېھىمبەگ بىلەن ئىمىن يۈزبېشى دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى.

— توختاڭلار،— دېدى رېھىمبەگ ئۇلارغا قاراپ،— ئىش بولسا چىرايلىق ھەل قىلايلى. ئۇرۇش - جېدەل قىلىشنىڭ پايدىسى يوق.

— بېگىم، بىز ئۇرۇش - جېدەل قىلمىدۇق. خىش قۇيۇۋاتساق، ماۋۇ كۆكەملەر كەتمەن بىلەن قېلىپلىرىمىزنى تارتىۋالدى، ئۇنىڭ

ئۈستىگە بىزنى ھاقارەتلىدى. زېمىن بىزنىڭ يۇرتىمىز تۇرسا، بىز بۇ يەرگە مەكتەپ سالىمىز دېسەك، نېمىشقا يەرنى بەرگىلى ئۇنىمايدىكەن!؟

شۇ چاغدا ساۋۇت ئۆكتەم بىلەن ھاشىم چويۇن رېھىمبەگنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بېگىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باي غوجاملار، ھەرقايسىلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشقانلىرىغا رەھمەت. بۇ يەردە ئۇرۇش - جېدەل يۈز بېرىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كېلىشىم.

— بېگىم، ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا، يەر - زېمىن بىزنىڭ تۇرسا، بىزدىن بىسوراق بۇ يەرگە خىش قويغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشنى سىلى بىلەمدىلا؟

— بىلىمەن، بۇ ئىشنى قىلىشقا مەن بۇيرۇغان.

— بۇ زادى قانداق گەپ؟

— مەن يەرنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئۈچ قېتىم ئادەم كىرگۈزدۈم، بىراق ھەرقايسىلىرى بۇ ئىشنى رەت قىلىشتىلا. شۇڭا، مەن ئىلاجسىز بۇ ئىشنى قىلدىم. ئەمدى كىمگە بېرىپ ئەرز قىلىشسىلا مەيلى. مەنمۇ بۇ ئىشنى مامۇت سىجاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قىلدىم.

— نېمە، مامۇت سىجاڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى دەمدىلا؟

— سىجاڭ مۇشۇ يەرگە مەكتەپ سېلىشنى بۇيرۇغان، شۇڭا مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق.

ساۋۇت ئۆكتەم بىلەن ھاشىم چويۇن ئەمدى ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. يەنە چىڭ تۇرۇۋېلىپ قارشىلىق قىلسا، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە قالمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. چۈنكى، شۇ كۈنلەردە قەشقەردە يۇنۇسبەگ ۋالىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى ھېچنېمىگە ئۆتمەيتتى. مامۇت سىجاڭ ھەممە ئىشنى چاڭگىلىغا ئېلىپ سوراۋاتقاچقا، ھەممە ئادەم مامۇت سىجاڭدىن تەپ تارتاتتى، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىقتا ئامالسىز ئىدى.

— مامۇت سىجاڭ بۇ يەرگە مەكتەپ سېلىشنى ئېيتقان بولسا، بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق،— دېدى ساۋۇت ئۆكتەم بىلەن ھاشىم چويۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 15 چارەكلىك يېرىگە 20 چارەكلىك يەر

تېگىشىپ بېرىش توختامى بىلەن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان يەر ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، مەكتەپ سالدىنغان يەرمۇ ئاخىر ھەل بولدى. ئورمىدىن كېيىن خىشلار قۇيۇلۇپ، مەكتەپنىڭ قورۇسى ئەنجان تامنىڭ ئىچىگە ئېلىندى. مەكتەپ ئورۇس پاسونىدا كۆتۈرمە قىلىپ كارىدورلۇق، ئاستى پوللۇق قىلىپ تۆتتىن سەككىز سىنىپ قىلىپ سېلىندى. يەنە بىر تەرەپكە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، چايخانا، ئامبار، قىرائەتخانا قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەكتەپ سىنىپىنى پۈتكۈزۈشمۇ ناھايىتى قىيىنغا توختىدى. تۇردىباي ئۆزىدىن چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىقتىسادنى چىقارغان بولسىمۇ، پول ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن ياغاچ ـ تاش كەتكەچكە، ياغاچ ـ تاشنى پۇقرادىن يىغىشقا توغرا كەلدى. ياغاچ ـ تاشنى بىرنەچچە كىشى بەرگىلى ئۇنىمىدى، ياغاچ كەسكىلى كەلگەن پۇقرالار بىلەنمۇ ياقىلاشتى. مىڭ بىر جاپادا ياغاچ ـ تاشنى تىلىدۇرۇپ، سىنىپنىڭ ئاستىغا ئورۇس نۇسخىدا پول قىلدۇردى. تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھامۇتباي نۇرغۇن پۇلغا ياغاچ ـ تاش سېتىۋېلىپ، يەتمىگەنلىرىنى ئالۋان ـ ياساق ھېسابىدا پۇقرادىن يىغىپ، يېپىق ئىشلىرى بىلەن سۇۋاقچىلىقنى قىلىپ، سىنىپ، ئىشخانا، ئامبار، چايخانا قاتارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولدى. بۇ ئىشتا قول ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، تامچى ـ ياغاچچىلار ھەقسىز ئىشلىدى. دېھقانلار ئۆي قاتارى بويىچە كۈنلۈكى 10 ئۆيلۈك دېھقان مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. دېھقانلارمۇ قاراپ تۇرمىدى، پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار ئاشلىق ـ تۈلۈك، ياغاچ ـ تاش، ھەتتا بەزىلىرى ئۇلاغ ـ ئۇلمەكلىرىنىمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلدى.

ھاپىزباي قۇرۇلۇش پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتا تەييار قىلغان سەككىز سىنىپقا كېتىدىغان ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار سىنىپلارغا تىزىلدى. مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرى، ھاجەتخانىلىرىمۇ سېلىنىپ بولدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتكۈچە رېھىمبەگ، ئىمىن يۈزبېشى، يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى ھەر كۈنى مەسچىتتە جامائەتكە بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش توغرىسىدا كۆپچىلىكنى ياردەم قولىنى كۆپرەك سۇنۇشقا دەۋەت

قىلدى. رېھىمبەگمۇ يېتىشمىگەن يېرىگە قاراپ تۇرمىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ياغاچ - تاش كېسىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ كەملىگەن ئورۇندۇق - ئۈستەللىرىنى ئېتىشكە ھەمكارلاشتى. رېھىمبەگ يەنە شەھەردىكى ئەل - ئاغىنىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ھال ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ياردىمىنى ئېلىپ، مەكتەپنىڭ سىرچىلىق، ئاقلامچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. يۈزبېشى مەكتەپكە چوڭ دەرۋازا ئەتتۈرۈپ بەردى.

8- ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ يۇرتتا سەككىز سىنىپلىق، كارىدورلۇق، ئاستى پوللۇق بىر مەكتەپ قەد كۆتۈردى. رېھىمبەگ بۇ ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكىنىدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قورۇلۇشىنى پۈتكۈزگىچە تارتقان جەبىر - جاپالىرى كۆپ بولسىمۇ، بۇ ئىشتىن ئۇ تولىمۇ رازى بولدى. بۈگۈنكى مۇراسىمغا نۇرپاشا باراتنى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن يۇرت بايرام تۈسىنى ئالدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن دېھقانلار، ئۇششاق باللار مەكتەپ قورۇسىغا يىغىلدى. مامۇت سىجاڭ ۋەدىسى بويىچە مەكتەپ قورۇلۇشىنى كۆرگىلى چىقتى. رېھىمبەگ مامۇت سىجاڭنى باشلاپ چىرايلىق ياسالغان سەھنىدىن ئورۇن ئالدى ۋە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك ھالدا:

— يۇرتىمىزنىڭ قوۋم - جامائەتلىرى، تىنچلانغايسىلەر! ھازىر مامۇت سىجاڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىدۇ،— دېدى.

يىغىن مەيدانى قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمجىتلىققا چۆمدى. مامۇت سىجاڭ قەددىنى رۇسلاپ جامائەتكە سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جامائەت.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىجاڭ جانابلىرى.

مامۇت سىجاڭ سالامدىن كېيىن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز! مەن بۈگۈن بۇ يۇرتقا چىقىپ جامائەت بىلەن يەنە بىر قېتىم يۈز كۆرۈشكىنىمگە تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. مېنى خۇرسەن قىلغىنى شۇكى، بۇ يۇرتتىكى ئەل - جامائەت بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ بىر خاسىيەتلىك ئىش قىلدىڭلار، بۇ خاسىيەتلىك ئىش مېنى بەكمۇ خۇرسەن قىلدى. بىزنىڭ

خەلقىمىز نادان، مەدەنىيەت ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باللىرىمىز ئوقۇشسىز قالدى. ئوقۇشسىز قالدى دېمەك — نادانلىقتا قالدى دېگەن گەپ. مەن 3 — 4 ئاي ئىلگىرى بۇ يۇرتقا چىقىپ، باللارنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، توپا - توزان ئىچىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئازابلانغان ئىدىم، شۇڭا يۇرت چوڭلىرىغا بىر مەكتەپ سېلىشنى تەۋسىيە قىلغان. مېنىڭ بۇ گېپىم بىلەن يۇرت چوڭلىرى ئىش باشلاپ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپتۇ. ئەل - ئاۋام تېگىشلىك كۈچ چىقىرىپ ياردەم قولىنى سۇنۇپتۇ. مەن ئەل - ئاۋامغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز، ئەمدى يۇرتىمىزدا مەكتەپ قەد كۆتۈردى. باللىرىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ، شۇڭا ھەممەيلەن باللىرىمىزنى مەكتەپتە ئوقۇتايلى. مەكتەپ يېقىندا ئوقۇش باشلايدۇ. مۇئەللىملەرنىمۇ سۆزلىشىپ قويدۇق، مېنىڭ ئۈمىدىم ھەممىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە مەكتەپنىڭ ئوقۇشىنى قوللاپ كەتسەك دەيمەن.

مامۇت سىجاڭ ئەتراپقا تەكشى كۆز يۈگۈرتتى. جامائەت بىر ئېغىزدىن «باللىرىمىزنى ئوقۇتىمىز» دېيىشتى. مامۇت سىجاڭ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. يىغىندىن كېيىن، ئۇ رېھىمبەگنىڭ باشلىشى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى. مەكتەپ ئۆگزىسىدە چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇناي پۈتكۈل يۇرتنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان بۇ زېمىننى غەپلەتتىن ئويغاتماقتا ئىدى. قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن مەكتەپ قورۇسىدا ساما ئەۋجىگە چىقتى. ساما سېلىۋاتقان قېرى - ياش دېھقانلار خۇشاللىقىدىن ئىلىم - مەرىپەت بۆشۈكى بولغان بۇ يېڭى مەكتەپكە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى.

مۇراسىمدىن كېيىن، رېھىمبەگ مامۇت سىجاڭنى مېھمانغا چاقىرىپ بىر كېچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. مەشرەپكە كەلگەنلەر زىيادە كۆپ بولدى. مامۇت سىجاڭ تولىمۇ خۇشال ئىدى. بۇ خەيرلىك ئىشنىڭ سىجاڭنى خۇشال قىلغىنىدىن پەخىرلەنگەن رېھىمبەگنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ، بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

## *قانلىق قىساس*

### 1

بارات بۈگۈن تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ خەتنىسىنى قىلغىلى بىر ئاي بولغاچقا، سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن ئىدى. ئانىسى ئۇنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇندۇرۇپ، پاكىز ئېرتىپ، قاتلاپ قويغان كىيىملىرىنى كىيدۈردى. ئۇ كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن، شوخلۇق قىلىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئانا، كىيىملىرىم يارىشىپتىمۇ؟— دېدى.

— جېنىم بالام، ياراشقۇدەك نېمىسى بار. ھېيت تۇرۇپمۇ ساڭا ھېيتلىق كىيىم ئېتىپ بېرەلمىدىم،— ئانا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى- دە، باراتنى باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭ يېڭىلا چۈشۈرۈلگەن سويمىدەك بېشىنى سىلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

ئانا - بالا ئالدىراپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ھايال ئۆتمەي كۆز يېتىم يەردىكى تۇپراقبېشىغا يېتىپ كەلدى. تۇپراقبېشىغا كېلىپ - كېتىۋاتقان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. مانا بۇ كەڭرى كەتكەن زاراتگاھلىقتا ھايات بىلەن خوشلاشقان سانسىز ئادەملەر مۇشۇ زومچەك - زومچەك قەبرىلەر ئاستىدا ياتماقتا. مانا، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن ھېكىممۇ تۇپراققا قېتىلىپ يېتىپتۇ. نۇرپاشا ھېكىمنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھازا ئاچتى. باراتمۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ

يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پۇچىلىنىپ يىغلىدى. خەتمقۇرئاندىن كېيىن، قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز توختى پەيدا بولۇپ، ھېكىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۈرە ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئۈلارمۇ قايتىدىن يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، تىلاۋەت ئاخىرلاشقاندا ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى. توختى: «ئىلاھا ئامىن، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن» دەپ دۇئانى ئاخىرلاشتۇردى.

نۇرپاشا باراتنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ پۇچقاقلىرىدىكى توپىنى قاقتى، ئاندىن بېشىنى سىيلاپ، قولىدىن تۇتۇپ:

— بالام، داداڭنىڭ قەبرىسىنى ئېنىق كۆرۈۋال، يات - يات يوقلاپ تۇرغىن،— دېدى.

بارات سەبىي كۆزلىرىنى قەبرىگە تىكىپ بىرپەس خىيالغا پاتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى سىرنى ئانىسى ئۇزاقتىن بېرى يوشۇرۇپ، ئاخىر ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. توختى:

— داداڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى ئۇنتۇما،— دېدى باراتنىڭ تۇتۇلغان چىرايىغا قاراپ.

بارات گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، ئەمما گەپ قىلالمىدى، توختىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆچمەس قىساس ئوتى سالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاسمان گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغاندا يۈز بېرىدىغان بىر خىل سېزىم چۇلغىۋالدى. شۇتاپتا ئۇنىڭغا تىكىلگەن ئانىسىنىڭ چىرايىدا ئۈمىد شولىسى ئەكس ئەتتى.

— بالام، چاپسان بول، نامازغا ئۈلگۈرەلمەيسەن. چاپسانراق بېرىپ تەرەت ئالغىن.

— ماقۇل.

ئانا - بالا ئىككىيلەن تۇپراقبېشىدىن ئايرىلدى. بارات تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە قاراپ ماڭدى.

× × ×

يەر - زېمىنغا كۆلۈپ قاراپ ئەمدىگىنە كۆتۈرۈلگەن سېخىي قۇياش

بۇ قەدىمىي يۇرتقا ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى سېپىشكە باشلىدى. ئازنا مەسچىتىنىڭ ئىچى پاكىز، ئازادە ئىدى. جامەنىڭ تام ـ تورۇسى ۋە مېھرابقا ئىشلەنگەن ئويما نەقىشلىرى تۈرلۈك ـ تۈمەن رەڭلەردە ۋاللىداپ، تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. جامەنىڭ ئىككى تەرىپى كىچىك ھۇجرىلار بىلەن ئورالغان، ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى مەيدان پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلگەن ئىدى.

يۇرتتىكى پۈتكۈل ئادەم كوچا ـ كوچىدىن ئازنا مەسچىتكە قاراپ تەكبىر بىلەن سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرغان، ئۇچىسىغا ھەر خىل رەختلەردىن تون كىيىشكەن بەگ ـ غوجاملار، قازاندەك سەللە يۆگىگەن داموللا، قازىلار، ئىشان ـ سوپىلار، مۇپتى ـ ئاخۇنۇملار توپ ـ توپ ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ تەرەپ ـ تەرەپتىن جامەگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يارىشىملىق شىم ـ پەشمەت كىيگەن ئون نەچچە ياشلىق، ھەتتا 5 — 6 ياشلىق باي باللىرىمۇ، مۇبارەك ھېيتتا يېڭى كىيىمگە قۇربى يەتمىگەن دېھقانلار، چېچى ئۆسۈپ، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن يېتىم ـ يېسىر، جۇل ـ جۇل كىيىملىك يوقسۇزلار، ماتا كۆڭلەك، تامبال كىيىۋېلىشقان يالاڭ ئاياغ باللارمۇ بار ئىدى. بارات ئاشۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئازنا مەسچىتنىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى، تېرەك ـ سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كەڭ ھويلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بارات بىر توپ كىشىلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مەسچىتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، سەپ ئارىسىغا قىستالدى. كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، جامە ئىچىدىكى ئىككى مۇنبەر ئۈستۈرىسىدىكى پەشتاقتا تۇرغان يەتتە نەپەر «سەپپان» چىلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ئاۋاز ئۇلاپ، «ئەسسالاتو سەپپان ـ سەپپان» دەپ قايتا ـ قايتا تەكرارلاشتى. «سەپراس»تىن كېيىن ناماز باشلىنىپ، بىردەمدە ئاخىرلىشىپ، ئازنا مەسچىت ئالدى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. نامازدىن يانغانلار تۇغانى بۇزۇپ قاچقان سۇدەك سىرتقا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

دوست ـ بۇرادەرلەر، كۆرگەن ـ بىلگەنلەر بىر ـ بىرىنىڭ ھېيتىنى

مۇبارەكلەشمەكتە. بارات ئازنا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا رىتىملىق چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايىنى، ئىشتىياق بىلەن ساما سېلىۋاتقان كىشىلەرنى، قايناق سۈرەن - شاۋقۇن ياڭراپ، ئادەملەر دىگىرىدەك چايقىلىپ تۇرغان مەيدانىنى بىردەم قىزىقىپ تاماشا قىلدى. ئۇ ئەتراپتىكى يېڭى كىيىم كىيگەن كىشىلەرگە قاراپ، تىتىلىپ كېيگۈچىلىكى قالمىغان بولسىمۇ، يۇيۇپ، يامىغان كىيىملىرىنى سىيلاپ قويدى.

بارات نامازدىن يېنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئانىسى چىگىت يېغىدا قۇيماق سېلىپ قويغان ئىدى. ئۇ قىزىق قۇيماق بىلەن بىر قاچا چاينى ئىچىپ قورساق توقلىغاندىن كېيىن، ئانىسى بىلەن شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

بۈگۈن شەھەر ئىچىدە ئادەملەر كۆپ بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر، كوچا - كوچىدىن چىققانلار ھېيتگاھقا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ ھېيتگاھقا كەلدى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۈستىدىكى پەشتاقتا چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايچىلار شادىيانىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. جامەنىڭ بىر چېتىدىكى كەگرى سەيناد 50 ياشلار چامىسىدىكى، ئۇچىسىغا يوللۇق بانارىستىن تون كىيگەن، ئېگىز بوي، ئاق سېرىق بىر ۋايىز كەگرى سورۇن تۈزۈپ، شاگىرتلىرىنى دوست تارتقۇزۇپ، ئەتراپقا توپلىشىۋالغان نۇرغۇن ئادەملەرگە قاراپ، قوللىرىنى ئاۋازى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، «ئىبراھىم ئەدھەم ھەققىدە قىسسە»[1]دىن پارچە ئوقۇماقتا ئىدى:

... ھەزرەت سۇلتاننى چۈشىدە كۆرۈپ «ھەي بۇزرۇكۋار، خۇدايىتائالا سىزگە نىمە ئاتا قىلدى؟» دەپ سورىدى. سۇلتان ئىبراھىم «خۇدايىتائالا گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت ئەيلەپ جەننەت ئاتا قىلىپ، دىدارىنى ۋەدە قىلدى،— دېدى، ئاندىن سۆكرە،— بىر ئالىي جاي كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى مىسلى ئەرشئەلادەك» دېدى، ئاندىن سۆكرە

---

[1] ئابلىز مەسۇم نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىلى نەشر قىلغان «ئىبراھىم ئەدھەم ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

سۇلتانىنىڭ مۇرىتلىرى پەيغەمبەرلەرنى، بۇزرۇكۋارلارنى ۋە باشقا پادىشاھ-لارنى ياد ئېتىپ، ئۆز ھالىغا يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدىلەر:

بۇ دەردى بى باقا ئىچرە نەچە ئەرلەر گادا بولدى،
گۆرىستان ۋەسرە ئىچرە رەسۇلۇللا پاناھ بولدى.

...

ۋايىزنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شاگىرت ئۆزىگە قاراپ قول شىلتىشى بىلەن سوزۇپ - سوزۇپ دوست تارتتى. ۋايىز غەزەلنى رىتىم-لىق، دانە - دانە ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆرە تۇرۇۋالغانلارنى ئولتۇرۇشقا دالالەت قىلدى.

ھېيتگاھ سەيناسىنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشلىرىدا تىلەمچى، دىۋانىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بارات بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئادەملەر ئولىشىۋالغان كىچىككىنە سورۇنغا قاراپ بوينىنى سوزدى. يۈزى يېپىقلىق بىر ئايال 8 — 10 ياشلىق بىر قىزى بىلەن ھۆكمەت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىزى قولىدىكى بىر جۈپ ياپىلاق تاشنى ئانىسى چېلىۋاتقان ساپايىغا تەڭكەش قىلىپ، بىر - بىرىگە ئۇرۇۋاتاتتى.

سەن - سەن دۇنيا، سەن دۇنيا
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن.
مەن - مەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.

...

ھۆكمەت ئېرىپ، مۇساپىرلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ، كىشى قەلبىگە ئاللىقانداق بىر مۇڭ سېلىپ ئۆتەتتى. باراتمۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، سەدىقە بېرىۋاتقانلارغا قاراپ يانچۇقىنى سىيلىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا پۇل يوق ئىدى، شۇڭا كىشىلەر توپى ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ، ئانىسى بىلەن ئوردا ئالدى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

## 2

بۈگۈن هاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆپكۆك ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. رېھىمبەگ ئىككى كۈندىن بېرى بەكمۇ ئالدىراش ئۆتتى. تۈنۈگۈن ئۆيدىكىلەر بىرقانچە جانلىقنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، نەچچە ئون ئوت خېمىر ئېتىپ، مېۋە - چېۋىلەرنىمۇ تەييارلاپ قويدى.

رېھىمبەگنىڭ هويلىسى باشقىچە جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ شەھەردىن چىققان يامۇل ئەمەلدارلىرىنى كۈتۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ مېھمانخانىسى مېھمانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن تولغان بولۇپ،مېھمانلار چىرايلىق مېھمانخانىغا سېلىنغان خاگدەن كۆرپىلەر ئۈستىدە ئازادە ئولتۇرۇپ، داستىخان ئۈستىدىكى خىلمۇخىل يەل - يېمىش، سۈت - قايماقلىق چاي، ئۇلار ۋە كەكلىك گۆشىدىن پىشۇرۇلغان كاۋاپ، خىلمۇخىل غىزانى يەپ - ئىچىپ، كۈلۈپ يايرىشىپ ئولتۇ- رۇشاتتى.

— بېگىم، سورۇنغا قىزىقچىلار تەكلىپ قىلىنماپتۇغۇ؟— دەپ سورىدى تاھىرھاجى.

— ئۆزلىرىمۇ چاقچاقچى، لەتىپە ئۇستازلىرىدىنغۇ، قىزىقچىلىقنى باشلاۋەرسىلە،— دېدى رېھىمبەگ كۈلۈپ قويۇپ.

— ياق، مەن يۇرت چوڭلىرى بار يەردە چاقچاق قىلىشنى تاشلىغانمەن.

— بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا زۇنۇنبەگ ئەدىپىگلىنى بەردىغۇ دەيمەن،— دېدى مۇھەممەتهاجى زاڭلىق ئارىلاش.

— قاچان؟

— ئۇنداق بولسا، مەن ئېسىگلىگە سېلىپ قوياي،— دەپ مېھمان- لارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى مۇھەممەتهاجى،— ئۈچ يىل بۇرۇن زۇنۇنبەگ توققۇزاقتا مېھماندارچىلىقتا قىچقىرىۋىدى، ئۇ يەرگە تاھىرھاجىمۇ بارغان ئىكەن. داستىخان هەر خىل تائاملار بىلەن كۆمۈلۈپ

كەتتى، بىراق تاھىرھاجى غىزاغا ئېغىز تەگكۈزمىدى. بۇنى كۆرگەن ساھىبخان «ھاجىم، كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ شويلىغا تاۋى بارلىقىنى ئېيتتى. ساھىبخان بىر چىنە شويلىنى ھاجىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ «قول بالىسى قىلىپ ئەتتۈردۈم. قېنى، ئېغىز تەگكۈزسىلە» دېدى. ئەتىگەندىن بېرى بىرنەرسە يېمەي ئولتۇرغان تاھىرھاجى شويلىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ، گېلىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپ تىپىرلاۋاتقاندا، يېنىدىكى داۋۇت قىزىقچى بىر چەينەك سوغۇق چاينى ئۇنىڭ ئاستىدىكى كۆرپىگە قۇيۇۋەتتى. بۇنى كۆرگەن زۇنۇنبەگنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ «داۋۇت، بۇ نېمە قىلىق؟» دەپ كايىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ «بېگىم، ھاجىم ئاتام شويلا يەپ گېلى كۆيۈپ قالدى. ھېلى ئۇ ئارقىسىدىن چىقىرىپ كۆرپىنى كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن دەپ، كۆرپىنى نەملىۋەتتىم» دېدى. «ياق، ئۇنداق ئەمەس،— دېدى تاھىرھاجى ئىتتىكلا ئورنىدىن قوپۇپ،— شويلا بەك ئوخشاپتۇ. شويلىنى مەن يېسەم داۋۇت كۆشەپ ئولتۇردى. يا بىرەر قوشۇق بەرمەپتىمەن، ئاخىر شويلىنى يەپ تۈگەتسەم، ماڭا ھەسەت قىلىپ سىيىپ تاشلىدى» دېدى. سورۇندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا تۇردى قارىم ئېغىز ئېچىپ «بولدى - بولدى، چاقچاق دېگەنمۇ ئۆز ھېسابىدا بولغىنى ياخشى. چاقچاق بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چىگىش بۇرادەرلەرنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپ، بۇ ئىشنى بېسىقتۇردى. ئەمدىغۇ ئېسىگلىگە كەلگەندۇ.

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە ئالدىم،— دېدى تاھىرھاجى،— ئۇ چاغدا ھەممە ئىشنى ھېلىقى داۋۇت قىزىقچى قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت بىلەن بىر يەردە ئولتۇرمىدۇق.

سورۇندىكىلەر مانا شۇنداق ئەسلىمىلەرنى سۆزلىشىپ خېلى ئۇزاق پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن، ئازراقتىن مۇسەللەس ئىچىشتى. ھەممىشە ئىچىملىك ھەم قىمار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كېچىلەرنىڭ ھاردۇقى چىرايىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مۇھەممەتھاجى سەل كەيىپ بولۇپ، قىيسىق كۆزلىرى بىلەن ئەمەتبايغا قارىدى ۋە قولىغا مۇسەللەس

قۇيۇلغان چىنىنى ئېلىپ، «خوش» دەپ ئىچىۋەتتى.

— كۆتۈرە، ئەمەتباي، بۇلبۇلنىڭ قاتارىدا تورغاينىڭ سايرىشىغا نۆۋەت كەپتۇ. تورغاي ئاۋازىنى تىڭشىغۇچىلارمۇ باردۇ؟

— مانا كۆتۈردۈم،— دېدى ئەمەتباي سۆزىنى بۆلۈۋەتكەن تاھىرھاجىغا يەر ئاستىدىن گۆلىيىپ قاراپ، ئاندىن مۇسەللەسنى سۈدەك سۈمۈرۈۋەتتى. مۇھەممەتھاجى چىرايلىق كىيىنگەن كۈتكۈچىنى ئىشارەت قىلىپ، قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىۋىدى، ئۇ ھايال ئۆتمەي ئىككى سازەندىنى باشلاپ كىردى. سازەندىلەر شاھ مەشرەب غەزەللىرىنى شوخ ئاھاڭغا چېلىپ، ئوقۇپ، سورۇننى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتتى:

جانان، يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم،
شەككەر لەبىڭنى سۆيگەلى كەلدىم.
ئوتدەك تۇتاشىپ ياندى يۈرەكىم،
كۆيە - كۆيە، كۈل بولغەلى كەلدىم.
...

ناخشا - ساز خامۇش دىللارنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. مەنسەپدارلار ئۆزىنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى سۈرۈشكە باشلىدى.

بۈگۈن كەلگەن مېھمانلار بەگ ھويلىسىدىكى يىللىقچىلارنى زادى ئارام تاپتۇرمىدى. خىزمەتكار، يىللىقچىلار باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بارات چوڭ كۆلدىن سۇ توشۇپ، كۈپلەرنى توشتۇرۇۋاتاتتى.

× × ×

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارات 11 — 12 ياشلارغا كىرىپ، خېلىلا بوي تارتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قوي كۆزىدىن شىجائەت نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئانىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئەسلىگەندە، قەلبىدە قىساس ئوتى يالقۇنلاپ، قاچانلا بولسۇن رېھىمبەگدىن قىساس

ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بارات سەككىز ياشتىن ئاشقاندا، دادىسىنىڭ كونا قەرزىنى قايتۇ-رۇشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن، رىھىمبەگ قەرز ھېسابىغا ئۇنى قوي بېقىپ بېرىشكە قايتۇرۇپ كەلدى. ئوغلىدىن بىرەر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان نۇرپاشا ئۇنى پاناھ تارتىپ نائىلاج رىھىمبەگنىڭ ھويلىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئانا ـ بالا كۈندۈزى كۆرۈشەلمىسىمۇ، كەچقۇرۇن بىر ئۆيگە جەم بولاتتى. نۇرپاشا ئانا-بالا ئىشلەپ ھېكىمنىڭ قەرزىنى ئۈزۈۋېتىپ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى ئويلايتتى.

بارات رىھىمبەگنىڭ قورۇسىغا كەلگەندىن كېيىن، بەگنىڭ قويلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ھوشۇر دېگەن يىگىتكە قوشۇپ قويۇلدى. ھوشۇر ياخشى يىگىت بولغاچقا، باراتنىڭ كىچىكلىكى ۋە تەن قۇرۇلۇ-شىنىڭ ئاجىزلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جاڭگالغا چىققان چاغلاردا ئۇنىڭغا كۆپرەك ياردەملىشەتتى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ھوشۇر بەگنىڭ قويلىرىنى ھەيدەپ تاغقا چىقىپ كەتتى. تاغقا چىقالمىغان قوزا بىلەن ئورۇق قويلار ئۇنىڭغا قالدى. ئۇ مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان سازلىقلاردا قويلارنى ئوتقا قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ بېلىگە تۈگۈۋالغان قاتتىق زاغرىسىنى بۇلاق سۈيىدە نەمدەپ قورساق توقلىدى، ئاندىن بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، قېرى سۆگەت ئاستىدىكى بۇلاق بېشىدا ئۇخلاپ قالدى.

بارات ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ قويلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ساناپ كۆردى، قويدىن ئىككىسى كەم چىقتى. ئۇ پەرىشان بولغان ھالدا قوينى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئىككى قوي شاللىقنىڭ يېنىدىكى چوڭ زەيكەشكە چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغان ئىكەن، ئادەم چاقىرىپ قوينى زەيكەشتىن تارتىپ چىقاردى. كەچقۇرۇن رىھىمبەگ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ باراتنى ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىگە ئېسىپ قاتتىق ئۇردى. ئانىسى بۇ خورلۇققا چىداپ تۇرالماي،

رىھىمبەگكە ئىسلىپ يالۋۇرۇپ، ئوغلىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. بەگ نۇرپاشانى ئىتتىرىۋېتىپ: «ھەرقايسىڭنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قېلىشۋاتىدۇ. بۈگۈن ئىككى قوينى ئۆلتۈردۈڭ، ئۆتكەن قېتىم بىر قوينى يىتتۈردۈڭ. مانا ئەمدى كونا - يېڭى ھېسابنى بىراقلا قىلىشىمىز» دەپ شالىنى چاچتى.

نۇرپاشا ۋۇجۇدىدىكى غەزىپىنى باسالماي، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن: «ئانا - بالا ساڭا ئىشلەۋاتىمىز، ھېكىمىنىڭ ئۆمرى سېنىڭ قولۇڭدا تۈگىدى، ئەمدى ئوغلۇمنىڭ بەختىنى پايخان، ئۆمرىنى خازان قىلماقچىمۇسەن؟!» دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا بەگنىڭ قامچىسى نۇرپاشانىڭ باش - كۆزىگە تەگدى. بارات بەگنىڭ قولىدىكى قامچىغا ئېسىلدى، رىھىمبەگ باراتنىڭ يانپىشىغا بىرنى تەپتى. نۇرپاشا يۈگۈرۈپ كېلىپلا بەگنىڭ قولىنى چىشلىۋالدى. بەگ تۈگۈلۈزدەك چىرقىراپ ئادەم چاقىردى. رىھىمبەگنىڭ ئىككى ئادىمى كېلىپ، ئۇنى پېشايۋان تۈۋرۈكىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. بۇ ئىش ئۈستىگە بەگنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئەختەم تۆرەم سىرتتىن تۆت كۆزلۈك بۆرە ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى - دە، باراتقا قارىتىپ كۈشكۈرتۈپ قويدى، غالجىر ئىتلار باراتنى تالاشقا باشلىدى. رىھىمبەگ پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ بەھۇزۇر تاماشا كۆردى. بارات ئازاب ئىچىدە چىرقىراپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى. نۇرپاشا ئاللا - چۇقان كۆتۈردى.

كەچقۇرۇن ئېتىزلىقتىن قايتقان توختى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كېلىپ بەگكە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ گۇناھىنى تىلەپ، ئۇلارنى باغلاقتىن بوشاتتى. ئانىسى باراتنى تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلغاچقا، يارىسى ئوڭلىنىپ، سىرتقا چىقىپ ئۇششاق - چۈششەك ئىش قىلىشقا باشلىدى...

— بارات، قېنى سەن؟

باراتنىڭ خىيالىنى بەگنىڭ خوتۇنى ئايتىللانىڭ توۋلىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ئەپكەش كۆتۈرۈپ كىرگەندە پېشايۋاندا ئانىسى بىلەن خىزمەتچى گۈلنازخان سەۋزە قەلەم قىلىشۋاتاتتى. مېھمانلار بۈگۈن ئۇزايدى -

ـغانلىقى ئۈچۈن بەگ تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. كەچقۇرۇن پولۇغا بېسىش ئۈچۈن قويلار سويۇلدى. بەگ ھويلىسى مېھمانلار، مېھمانلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى، كۈتكۈچى ـ خىزمەتكارلارنىڭ «ھە، قېنى» دېگەن ئاۋازى بىلەن تولغان ئىدى.

مېھمانلار خۇپتەن ۋاقتىدا ئۈزىدى. رېھىمبەگ ئېغىناقلاپ كەينىدىن چىقىپ كۆزلىرىنى قىسىپ ھىجىيىپ، ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتتى. ئۇ گويا ئەڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك، ھېلى ئۇ ھارۋا يېنىغا، ھېلى بۇ ھارۋا يېنىغا دوڭغاقلايتتى. بەگ مېھمانلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقاندا، ھارۋىكەشلەر قىيا ـ چىيا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى.

3

— ھوي ئايتىللا، قېنى سەن؟

— لەببەي، بېگىم.

— بۇياققا كەل، قېشىمدا ئولتۇر،— دېدى رېھىمبەگ خوتۇنىغا يېقىنچىلىق قىلىپ.

ئايتىللا 40 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، پەرداز قىلىشتىن قالمىغان ئىدى. رېھىمبەگ ئۇنىڭ كۆكرىپ قالغان قاش ـ قاپاقلىرىغا قاراپ تەبەسسۇم ئارىلاش ئېيتتى:

— بۈگۈنكى مېھمانلار سېنىڭچە قانداقراق ئۈزىتىلدى؟

— ناھايىتى ياخشى ئۈزىتىلدى،— دېدى ئايالى قاش-قاپاقلىرىنى ئوينىتىپ.

— راست ئېيتتىڭ، خوتۇن. بۇنداق چاغدا ئۆزۈڭمۇ بوش كەلمەيسەن. بۈگۈنكى يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭ، سۆلكىتىڭ مېھمانلارغا ياراپ قاپتۇ.

— ۋېيەي، شۇ گەپمىدى تېخى، نېمە دەيدىغاندۇ دېسەم. «چىراي سۆيدۈرىدۇ، خۇلقى كۆيدۈرىدۇ» دەپ بېكار ئېيتىمىغان.

— يارايسەن خوتۇن، يارايسەن. «خۇلقى سازنىڭ كۆڭلى يار»

دېگەندەك، سېنىڭ قەلبىڭ، مېھرىڭمۇ ئىسسىق. مېھمانلار سەندىن مەمنۇن بولۇپ رەھمەت ئېيتىشتى.

— بېگىم، مېھمانلار مەندىن ئەمەس، بەلكى سىلىدىن رازى بولغاندۇ. سىلى دېگەن مېھماندوست، يۇرتنى ئوبدان سوراۋاتىدىلا. يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى سىلىنى ھۆرمەتلەيدۇ، سىلىدىن ئەيمىنىدۇ.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ،— دېدى رېھىمبەگ،— بۇ يۇرتتا مېنىڭ سۆزۈمنى چىشلىغىلى ئالمايدىغان بىرنەچچىسى بار. مەن ئۇلار بىلەن كېيىنچە بىرنېمە دېيىشەرمەن. بىر قىسىم يالاڭتۆشلەر ھەددىدىن ئېشىپ، دورغىلارغا يېنىشىۋاتىدۇ. دورغا دېگەن بەگنىڭ تىرىكى ئەمەسمۇ؟— ئۇ ئايالىغا قارىغانچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئەل - ئاۋام دېگەن بىر پادا، پادىنى يولغا سېلىش ئۈچۈن پادىچىغا تاياق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ۋەزىيەتتە تەۋرىنىش كېلىپ چىقىدۇ.

— ئۇ دېگەنلىرىڭىز راست، بېگىم. ئەمما، بەزى دورغا - يايلارمۇ سىلىنىڭ ناملىرىنى سېتىپ، پۇقراغا زۇلۇم قىلىپ، ئىناۋەتلىرىنى تۆكۈۋاتىدۇ. مۇنداق ئادەملەرگە يول قويماسلىق كېرەك،— دېدى ئايىتىللا.

رېھىمبەگ ئۆز - ئۆزىگە: «ھەرنېمە بولسا ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر خوتۇن پېشانەمگە پۈتۈلۈپتىكەن» دەپ پىچىرلىدى.

كەچ كىردى. تالا بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئايىتىللا پېشايۋانغا قارىتىپ ئېچىلغان مېھمانخانا دېرىزىسىدىن باراتنى توۋلىدى.

— ھوي بارات، قېنى سەن؟

— مانا مەن.

بارات پېشايۋان ئالدىدا ھازىر بولدى. ئايىتىللا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپ تاپىلىدى:

— خىزمەتكارلارغا ئېيتىپ قوي، قورۇ - قوتان، ھويلا - ئارامغا ياخشىراق قارىسۇن، سەلىمە قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپ ئاندىن ئۇخلىسۇن!

بارات ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۇدۇلدىكى مېھمانخانىدا رىھىمبەگنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تارتىۋاتقان خورىكىدىن ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى سەزدى، ئاندىن ئۇ ياتقان مېھمانخانىغا ئوغرىلىقچە سەپسالدى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپتا گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. يىراقلاردا ئاندا - ساندا قاۋىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازى بىلەن بەگ ھۇجرىسىدىن چىققان خورەك ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

بارات كالا قوتىنى يېنىدىكى كىچىككىنە قاراڭغۇ كەپىسگە قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ چىراغنى ياندۇرۇپ، سۇپىغا ئورۇن - كۆرپە سېلىپ ئۇخلىماقچى بولدى، لېكىن قەلبىدە قاتتىق ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، بۈگۈن ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، خىيال دولقۇنلىرى ئىچىدە ئۇخلىيالمىدى. قەلبىگە پاتمىغان ئۆچمەنلىك ئۇنى ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ۋۇجۇدىدا قەيسەر بىر ئىرادە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ خىيالى بارغانسېرى كۈچىيىپ، دادىسىنىڭ پاجىئەلىك ھېكايىسى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەتراپنى تىڭ تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئەتراپ جىمجىت، مېھمانخانىدىن توختىماي چىقىۋاتقان خورەك ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالغان ئىدى. بارات كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ خېلى ئۇزاق خىيال سۈردى. «خەلقنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان رىھىمبەگنى ئۆلتۈرۈپ، دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىم كېرەك. بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى. مەن ئۆلسەم قىساس ئېلىپ ئۆلىمەن. بۇ، بەگنىڭ جەبىر - زۇلمىنى تارتىپ ياشىغاندىن مىڭ ياخشى!...»

ئوچۇق ئاسمان بوشلۇقىدىكى سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، گويا تۈن قوينىغا چىراغ ياققاندەك، كائىناتقا تەكشى نۇر چېچىپ تۇراتتى. غۇر-غۇر شامال باراتنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، قەلبىدىكى قىساس ئوتىنى كۈچەيتەتتى. ئۇ ئۆزىدىكى تەشۋىشلىك خىياللارنى ئۇنتۇدى- دە، كەسكىن بىر قارارغا كېلىپ ئارقىسىغا يېنىپ كەپىسگە كىردى. تاشپەنەرگە

ياقىدىغان بىر قاپاق يەر يېغىنى ئېلىپ، مېھمانخانىنىڭ پېشايۋانىغا قاراپ ئېچىلغان دېرىزىسى يېنىغا كەلدى. قوش قاناتلىق دېرىزىنىڭ بىرسى قىيا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئاشۇ دېرىزىدىن 2 — 3 قەدەم نېرىۋاقتىكى كارىۋاتتا رىھىمبەگ خورەك تارتىپ ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولغان ئىدى. بارات دېرىزىدىن ئۆي ئىچىنى تولۇق تىڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدە رىھىمبەگدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى سېزىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قىيا ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن مېھمانخانىغا كىرىپ، كارىۋاتنىڭ بىر چېتىگە يوشۇرۇندى. ئۇ بىرپەس تىڭشاپ ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى- دە، قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ يەريېغىنى بەگ ياتقان كارىۋاتقا، ئۆي ئىچىگە تۆكتى، ئاندىن دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئىچىدىن ئېتىپ، لوكلىرىنى مەھكەملەپ كىلىتاك سېلىۋەتكەندىن كېيىن، خاتىرجەم بولغاندەك ئېغىر بىر تىنىدى- دە، ئورۇس گۇگۇت بىلەن ئوت يېقىپ ناھايىتى تېزلا ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.

ئوت لورقۇراپ كۆيۈشكە باشلىدى. باراتنىڭ يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل جىددىيلىك قاپلىۋالدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە ھۇجرىنى ئايلىنىپ ئانىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇنى ئويغىتىپ ئەھۋالنى قىسقىچە ئېيتتى، ئاندىن ئانىسى بىلەن توختىنىڭ ئۆيىگە كىردى. توختى ئەھۋالنى ئاڭلاپ دەككە - دۈككىدە ئولتۇرالماي قالدى.

— بارات، سەن يامان قىپسەن. ئەگەر بەگنىڭ دورغا - يايىلىرى بىلىپ قالسا ھايات قالمايسەن، تېز قېچىپ كەت،— دېدى توختى، ئاندىن نۇرپاشاغا قارىدى،— بارات بىلەن تېز قېچىڭلار. باشقا يۇرتقا چىقىپ كېتىڭلار!

ئۇلار توختى بىلەن خوشلىشىپ، زاراتگاھلىققا قاراپ يولغا چىققاندا، مېھمانخانىدىكى ئوت ئارقىدىكى بېدىخانىغا كېڭىيىپ، پۈتكۈل ھويلا ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن، بەگ ھويلىسىدا ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلدى. بارات ئانىسى بىلەن تۇپراقبېشىغا بېرىپ دادىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن:

— جېنىم دادا، رېھىمبەگ سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بوپتىكەن، مەن ئۇنىڭدىن قىساس ئالدىم، سەن ئەمدى خاتىرجەم ياتقىن،— دېدى.

— دادىسى، ئوغلىمىز رېھىمبەگدىن قىساس ئېلىپ، ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلدى،— دېدى نۇرپاشا كۆز يېشى قىلىپ.

ئۇپۇق يۈزى ئاقىرىشقا باشلىغاندا، ئانا ـ بالا ئىككىسى تۇپراقبېـ شىدىن ئايرىلىپ، تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، توختىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە پاخال بازىرىدىكى كېرىم ئاخۇنباينىڭ دېڭىگە كەلدى. كېرىم ئاخۇنباينىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئورۇندا سوقا ـ تۆگمەنلىرى، شەھەردە ئىككى ـ ئۈچ دەڭ ـ سارىيى بولۇپ، ئەنجان ۋە ئىلىخودىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۇنىڭ سارىيىغا چۈشەتتى. ئۇلارسودا ـ سېتىقىنى تۈگەتـ كەندە، مۇشۇ سارايدىن ئات، تۆگىلەرگە مال ئارتىپ ماڭاتتى.

بارات بىلەن نۇرپاشا كېرىم ئاخۇنباينى ئىزدەپ كەلگەندە، ناماز بامداتنىڭ ۋاقتى بولغان ئىدى. هايال ئۆتمەي ئۇ مەسچىتتىن قايتىپ كىردى. نۇرپاشا كېرىم ئاخۇنبايغا كېلىشتىكى سەۋەبنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئوغلىنى ئەنجانغا ياكى ئىلىخوغا چىقىدىغان كارۋانـ لارغا قوشۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. كېرىم ئاخۇنباي بۇنىڭ سەۋەبنى سورىغاندا، نۇرپاشا بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى، بۇ يەردە كىرەرگە ئۆي ـ ماكانى يوقلۇقىنى قوشۇپ قويدى. كېرىم ئاخۇنباي نۇرپاـ شانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرپەس خىيالغا چۆكتى، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ ئېيتتى:

— بۈگۈن شەھەردىكى ياسىن قارىم دېگەن سودىگەر 40 تۆگىگە مال ئارتىپ ئىلىخوغا چىقماقچى، بۇ تازا ياخشى پۇرسەت، بىراق ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئادىمى باردە.

— خۇدا يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ، ئوغلۇمنى ئاشۇ سودىـ گەرلەرگە قوشۇپ ئىلىخوغا يولغا سېلىپ قويسىلا.

كېرىم ئاخۇنباي خېلى ئۇزاقىچە ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئاندىن كەسكىن ئىپادە بىلدۈردى:

— بوپتۇ، ياسىن قارىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتىپ باقاي.

ئىككىسىگلار چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇشتى. ئۇلار ئىلىخوغا مۇشۇ سارايدىن ماشىدۇ. ماللىرىمۇ ئەنە ئاۋۇ ئامبارغا قاچىلاقلىق. ئۇنىڭ تۆگىلىرىگە ئىككى - ئۈچ ئادەم قاراۋاتىدۇ.

بارات ئۇنىڭ سۆزىدىن قەۋەتلا خۇشال بولدى. بۇ كۆيۈمچان كىشىنىڭ خەيرخاھلىق قىلىپ، ياسىن قارىم دېگەن سودىگەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ يولىنى مېڭىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، شەپقەتتىن چەكسىز سۆيۈندى. بۇرۇن «بايلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەس» دەپ ئويلايتتى. بۈگۈن بېشىغا تازا كۈن چۈشكەن چاغدا بۇ كىشى خەيرخاھلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «بايلارنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشى كىشىلەر بار ئىكەن» دېگەن قاراش ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇنجى قېتىم شەكىللەندى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي كېرىم ئاخۇنباي قايتىپ كەلدى:

— ئەھۋالىڭلارنى ياسىن قارىمغا ئېيتتىم، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئادەملىرى تولۇق ئىكەن، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ماقۇل بولدى، بۈگۈن يولغا چىقىدۇ. سىلەرمۇ جابدۇنۇپ قويۇڭلار،— دېدى.

— رەھمەت، غوجام، بىزدەك يېتىم - مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىيلىغانلىرىڭىزغا ئاللا ھەرەمگە بارغاننىڭ ساۋابىنى بېرەر،— دېدى نۇرپاشا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئەمدى ئوغلىڭىزنى يولغا سېلىشنىڭ كويىدا بولۇڭ.

— ماقۇل.

كېرىم ئاخۇنباي نۇرپاشاغا شۇلارنى تاپىلاپ، ئۇلارنى سودىگەر ياسىن قارىمنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. ياسىن قارىم 45 ياشتىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، ئاق پىشماق كىشى ئىدى.

— ئەھۋالىڭلارنى ئاڭلىدىم،— دېدى ئۇ باراتنىڭ باش - ئايىغىغا بىرقۇر سەپسېلىپ،— ئەسلىدە كارۋان دېگەنگە ئېلىپ ماڭىدىغان يۈكتىن باشقا قىلمۇ ئېغىر كېلەتتى. بىراق، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار باشقىچىرەك بولغاچقا، خۇدا يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قوياي. يول يىراق، سەپەر مۈشكۈل، بالىمۇ كىچىككەن. مالنى تۆگىلەرگە ئارتىمىز،

مىنىدۇرۇپ ماڭمىدىغان ئارتۇق تۆگىمۇ يوق، تۆگىگە ئارتىلغان يۈك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سەللا بىخەستىلىك قىلساڭ ياكى مۈگدەپ قالساڭ، يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشسەن، كۆتۈلمىگەن جاپامۇ بار تېخى، بەرداشلىق بېرەلەمسەن؟

— چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيمەن،— دېدى بارات.

— يەنە بىر گەپ، خىزمەتكارلارغا ياردەملىشىپ تۆگىلەرگە ئوت ـ چۆپ سالىسەن، يۈك چۈشۈرۈش، يۈك ئارتىشقا ياردەم قىلىسەن، بولامدۇ؟

— پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمەتلىرىگە تەييارمەن. مەندەك بىر يېتىمنىڭ بېشىنى سىيلىغانلىرىغا خۇدا سىلىگە ھەرەمنىڭ ساۋابىنى بېرەر.

— بولدى، بولدى، ئۇنداق دېمە، مەن بۇ ساۋابلىق ئىشنى خۇدا يولىدا قىلىۋاتىمەن، ھازىرلا يولغا چىقىمىز. باشقا جايغا كەتمەي مۇشۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇر. ئوسماق تۆگىچى دېگەن كىشىگە تاپىلاپ قويدۇم، شۇ كىشى سېنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئاش ۋاقتى بىلەن مااللار تۆگىلەرگە ئارتىلدى. بارات ئانىسى ۋە ئۆزىگە شەپقەت قىلغان كېرىم ئاخۇنباي بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى. ئۇ ئاخىرقى تۆگىگە جايلاشتۇرۇلدى. «مەھكەم ئولتۇر،— دېدى ئوسماق تۆگىچى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ،— يولدا ئۇخلاپ قالساڭ يىقىلىپ چۈشىسەن». كارۋان تۆگىلىرى دەڭدىن چىقىپ، ياۋاغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ چوڭ يولنى بويلاپ ئىلىخوغا قاراپ يول ئالدى. خۇشاللىقىدىن باراتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ئۇ تۆگە ئۈستىدە بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك تەۋرىنەتتى. شۇ كۈنى نۇرپاشامۇ يىراق سەھراغا سەپەر قىلدى.

ئىككىنچى قىسىم

# سەرسانلىق كوچىسىدا

# ئون بىرىنچى باب

## يېتىمنىڭ ئىگىسى

1

يامغۇردىن كېيىنكى دالا شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، تاغ باغرىدىكى يېشىل ئورمانلار، قويۇق ۋە كۆپكۆك ئوت - چۆپلەر گويا يەر يۈزىگە يېشىل گىلەم يايغاندەك كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تۇراتتى. كۈلۈپ ئېچىلغان تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدى كىشىنى مەست قىلاتتى. كۆپكۆك ئاسمان ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك تاغ سۇلىرى، تىنىم تاپماي سايراۋاتقان قۇشلار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. غەربتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارلىق چوققىلاردا ئەكس ئەتكەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى.

باراتنىڭ دوستلىرى توپلىغان ئوتۇنلىرىنى چوڭ يول بويىغا توشۇپ بولۇپ، يەنە ئوتۇن يىغىش ئۈچۈن تاغقا كېتىشتى. بارات شەھەردىن ھۆسەيىن ناۋاي چىقارتىدىغان ھارۋىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ يامغۇردىن كېيىنكى گۈزەل مەنزىرىدىن زوقلىنىپ، ناھايىتى روھلىنىپ يىراق - يىراقلارغا تىكىلىپ، ھېلىدىن - ھېلىغا شەھەردىن چىقىدىغان ئات ھارۋىسىغا تاقەتسىزلىك بىلەن قارايتتى. «ئۇلار بىرەر ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالغانمىدۇ؟» دەپ شۈبھە بىلەن كۈنگە قاراپ ۋاقىتنى مۆلچەرلەيتتى، شەھەردىن چىقىدىغان ھارۋىنى زارىقىش بىلەن كۈتەتتى. تاغ شاملى ئۇنى چوڭقۇر ۋە خىلمۇخىل ئوي - خىياللاردىن رېئاللىققا

قايتۇردى...

قەشقەردىن مال ئېلىپ چىققانلار سەپەرنىڭ 48- كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۈچ دەرۋازىغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن پېشىن بولغان ئىدى. يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، پات - پات پۇشۇلداپ قويۇشاتتى. ئۇلار توپا دەڭ ئەتراپىغا يېقىنلاشقاندا، مەسچىتلەرنىڭ بىرىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. سودىگەر ياسىن قارىمنىڭ «خوش، مۇشۇ جايدا توختايلى، ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن سارايغا چۈشىمىز» دېگەن گېپى بىلەن خىزمەتچىلەر ساراي ئالدىدا توختىدى. چوڭ ئەگىن داغدام ئېچىلغان بولۇپ، سارايۋەن ھېزىمبەگ پېشىن نامىزىغا تەرەت ئېلىۋاتاتتى. ئۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقتى- دە، ياسىن قارىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ: «بەللى، بەللى، ئالتە شەھەرلىك ئەزىز مېھمانلار، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ مېڭىپسىلەردە، 45 كۈن بۇرۇن سىلەرنىڭ يولغا چىققان خەۋىرىڭلارنى كارۋانلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم» دەپ چاقچاق قىلدى. ھېزىمبەگ ياسىن قارىم بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئاندىن خىزمەتچىلەر بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن: «قېنى، ئىچكىرى كىرىشسىلە» دېدى.

خىزمەتكارلار مال ئارتىلغان تۆگىلەرنى ساراي ئىچىگە يېتىلەپ كىردى. يۈك چۈشۈرۈلۈپ، تۆگىلەر ئوتقا قويۇلدى. بارات بىللە كەلگەن خىزمەتچىلەر بىلەن ھېزىمبەگ كۆرسەتكەن يان ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ ئىشى 40 تۆگىگە ئوت - سامان سېلىش بىلەن سۇغىرىش بولدى. بىر ئايدىن كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ كېلىنگەن ماللار سېتىلىپ بولدى، ياسىن قارىم ئەمدى ئۈرۈمچىگە مال تارتىشقا تەييارلاندى. بارات سودىگەرلەر بىلەن بۇ سەپەرگە چىقىشنى خالىمىدى، ئۇ غۇلجىغا كەلگەن بىر ئاي ئىچىدە ئۆزىگە تەقدىرداش مۇساپىر يېتىمچىلەر بىلەن تونۇشۇپ، چىقىشىپ قالغان ئىدى. ياسىن قارىم ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا باراتنى چاقىرىپ، ئاز - تولا خىراجەت پۇلى بەردى ۋە ئۆزى 4 — 5 ئايغا قالماي كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سودىگەرلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھېزىمبەگنىڭ سارىيى باراتـ

ـنىڭ پاناھلىنىدىغان جايى بولدى. ئالتە شەھەرلىك يىتىمچىلەر مۇشۇ سارايدا يېتىپ ـ قوپۇشاتتى. بارات مۇساپىرچىلىق كوچىسىغا كىرگەن ـدىن كېيىن، ئىغىر كۆڭلەرنى، ھەپتە ـ ئايلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئۆز ئەقىل ـ ئىدرىكى، كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈردى، بۇ يەرگە خېلى كۆنۈپمۇ قالدى، ۋاقىتنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمىدى، ئىش تاپسا كۆڭلۈك ئىشلىدى، ئىش تاپالمىسا تاغقا چىقىپ ئوتۇنچىلىق قىلدى. قىيىن ئىشلارمۇ ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرى ئىرادىسىنى تاۋلىدى. ئۇ ئاخىر «مۇقىمراق ئىش تېپىشىم كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدى...

باراتنىڭ خىيال يىپلىرىنى يىراقتىن جاراڭلاپ كېلىۋاتقان خادىك ـنىڭ ئاۋازى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كېلىۋات ـقان خادىكقا سەپسىلىپ قارىدى. گىلەم سېلىنغان خادىك ھارۋىغا چىلان تورۇق شاش ئات قوشۇلغان، ھارۋىكەش بۆجىنى[1] تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سىلكىپ، ئاتنى چاپسان مېڭىشقا قىستايتتى. بارات ئۆزىگە ئون نەچچە قەدەم قالغان ھارۋىنى تولۇق كۆزىتىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇن دوۋىلىرى ـنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئىلگىرىكى ھالىتى بويىچە يانپاشلىدى.

شاش ئات ئويناقلاپ يول كەسمەكتە ئىدى، خادىك ھارۋا باراتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، يولغا چېچىلىپ كەتكەن ئوتۇنلارنى بېسىپ ئۆتكۈچە ئىككى تەرەپكە قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا خادىك ھارۋىدىكى بىر كىشى باراتقا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى. بارات ھارۋىدى ـكى كىشىنى ئېنىقراقمۇ كۆرەلمىدى.

بارات بەگ ـ دورغىلارنىڭ زۇلۇم ـ كۆلپەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ ـرۈپ خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا بىرسى سۇغۇرۇپ ئالغاندى ـكىدەك قاتتىق ئازابلاندى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يىلاندەك سوزۇلۇپ تىنىق ئاققان تۈمەن دەرياسى، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن گۈزەل باغ ـ ۋادىلار كەلدى. رىھىمبەگنىڭ زۇلمىدىن كۆڭلى غەش، ئەلەمدىن

---

[1] بۆجە — چۇلۋۇر.

يۈرىكى قان بولۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى ئەزىزانە قەشقەرنى تاشلاپ، تاغ - جەزىرىلەردە تەلمۈرۈپ يۈرۈش ئۇنىڭ جان - جىنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئازابلىق خىيال قۇچىقىدىن ئۆزىنى يىغىپ يول تەرەپكە كۆز تاشلىدى. چوڭ يولنىڭ بويىدا يامغۇر سۈيىگە مىلەنگەن رەڭدار بىر گىلەم خۇرجۇن تۇراتتى. بارات ئورنىدىن تۇرۇپ خۇرجۇنغا يېقىنلاشتى، يىراقتا تىكىلدى. خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن هارۋىغا يېتىشىۋېلىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى. «ئېھتىمال ھېلىقى باينىڭ چۈشۈپ قالغان خۇرجۇنىدۇ، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەي...»

بارات ئىككىلەنمەستىنلا ئېغىر خۇرجۇننى يەردىن ئېلىپ يۈدۈگىنىچە، كېتىۋاتقان هارۋىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

— هاي... توختاڭ... توختاڭ!— ئۇنىڭ ئاۋازى تاغ ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. ئۇ ئاشۇ تەرىقىدە توۋلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ «هارۋا چوڭ يولنىڭ ئەگىمىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە چوقۇم يېتىشىۋېلىشىم كېرەك» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئېغىرخۇرجۇننى يۈدۈپ يۈگۈرۈۋېرىپ باراتنىڭ دېمى كېسىلىپ، پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىغانلىقتىن، يامغۇر سۈيىگە تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، هەيۋەتلىك تاغلار قىڭغىيىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، ۋەھىمىگە چۈشكەن هالدا يىراققا تىكىلدى. كۈتۈلمىگەن ئاۋازدىن هارۋىكەش بوۋاي هارۋىنى توختاتتى، باي ئارقىسىغا قارىدى. خۇرجۇن يۈدۈۋالغان، 11 — 12 ياشلاردىكى يالاڭ ئاياغ بىر بالا هارۋىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتىن هارۋىكەش بوۋاي پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى- دە، باراتنى يۆلىدى.

— بالام، نېمە ئىش؟

— تاغا... تاغا... خۇرجۇن...— بارات هاسىراپ، بوۋاينىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىدىن باينىڭ خۇرجۇنى چۈشۈپ قالغانلىقىنى

سېزىپ، كەيپىياتى جانلىنىپ كەتتى ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ پايپاسلاپ بىرىپ، ھارۋىدىكى بايغا خەۋەر قىلدى.

— باي غوجام، سىلىنىڭ چۈشۈپ قالغان خۇرجۇنلىرىنى بۇ بالا تېپىۋېلىپ ئەكەپتۇ.

ئاللىقانداق ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرغان باينى ھارۋىكەشنىڭ سۆزى چۆچۈتىۋەتتى.

— خۇرجۇن!

باينىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، روھىي ھالىتى جىددىيلەشتى. ئۇ ھودۇققان ھالدا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىكى يۆلەككە قارىدى، راست دېگەندەك خۇرجۇن يوق ئىدى. باي شۇ ھامان ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۆملەپ قوپۇۋاتقان بالىغا قارىدى. بالىنىڭ قولىدا لايغا مىلەنگەن گىلەم خۇرجۇن تۇراتتى. باي بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تۇرقىدىن ياداڭغۇراق، ئاق ماتا يىرتىق كۆڭلەك ئىچىدىكى ئورۇق ئېتىدىن قوۋۇرغىلىرىنى بىر - بىرلەپ سانىغىلى بولىدىغان بۇ يېتىمچى بالىغا باي تولۇق قارىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇنى قەيەردىن تېپىۋالدىڭ؟— دەپ سورىدى.

— چوڭ يولدىن.

باي خۇرجۇن ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىۋاتاتتى. بارات خۇرجۇننى بايغا ئۇزاتتى.

— مانا خۇرجۇنلىرى، چۈشۈپ قالغان يەردىن ئېلىپ كەلدىم، كۆرۈۋالسىلا.

باي بىر تىزى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پۇشۇلدىغىنىچە خۇرجۇننىڭ ئىزمىسىنى يەشتى. خۇرجۇن ئىچىدە قىزىل شەلپەرگە ئوراقلىق بىرنەچچە باغلام قەغەز پۇل تۇراتتى. باي پۇلنىڭ پېچىتىنى خۇرجۇن ئىچىدە تۇرغۇزۇپ بىر - بىرلەپ سانىدى. ئۇ ئۆزى ساناپ سالغان پۇللارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى-دە، بالىغا يۈزىنى توغرىلاپ قايىللىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. بارات يەر ئاستىدىن قارىدى. باي ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە، لايغا مىلەنگەن

جوُل ـ جوُل كۆڭلىكىگە قاراپ بىرئاز ئۈچى سىيرىلدى ۋە:
ــ ئىنساپىڭغا رەھمەت،ــ دېدى.
بۇ ئىش باينى راستتىنلا ھاياجانغا سالغان بولۇپ، مۇساپىر بالىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ئۇنى ھەقىقەتەن قايىل قىلغان ئىدى.
ــ قەيەردىن سەن؟
ــ قەشقەردىن.
ــ قەشقەرنىڭ نەرىدىن؟
ــ سەمەندىن.
ــ ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟
ــ ئانام بار، دادام يوق.
ــ قانداق تىرىكچىلىك قىلىسەن؟
ــ ئوتۇنچىلىق بىلەن.
ــ قەيەردە يېتىپ ـ قوپىسەن؟
ــ قەيەردە ئىشلىسەم شۇ يەردە.
باي قويۇن يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.
ــ مۇساپىر بالا ئىكەنسەن، ئاق كۆڭۈلكەنسەن، بۇ پۇلنى خىراجەت قىلغىن.
بارات بايغا قاراپ قويدى ـ دە، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن رەھمەت ئېيتىپ:
ــ ئانام ماڭا «تېپىۋالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسە ساۋاب بولىدۇ» دېگەن،ــ دېدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يول بويىدىكى ئوتۇن دۆۋىسىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.
ــ ھوي بالا، توختا! ھوي بالا، توختا!!
بارات باينىڭ توۋلاشلىرىغا قۇلاق سالمىدى. ئېھتىمال ئاڭلىمىغاندۇ، باي تىت ـ تىت بولغان ھالدا ھارۋىكەش بوۋايغا بۇيرۇق قىلدى:
ــ ھارۋىنى كەينىگە ياندۇر!
باي ھارۋىغا چىقتى، ھارۋىكەش بوۋاي ھارۋىنى ھېلىقى بالا تەرەپكە ھەيدىدى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا باي ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بالىنىڭ

ئالدىنى توسۇۋالدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ:
— مۇساپىر بالا، نېمىشقا قاچىسەن؟— دېدى.
باراتنىڭ يۈزى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. ئۇ تىرنىقىنى تاتىلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ لام - جىم دېمەي تۇراتتى.
— مېنىڭدىن تارتىنىۋاتامسەن،— دېدى باي ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ. بارات يەر تېگىدىن باينىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك، ئۇۋاق قاپىقىدا يارىشىملىق مېڭى بار، سالاپەتلىك كىشى ئىدى،— مەن ساڭا ئۆز لايىقىدا بىرەر ئىش تېپىپ بەرسەم دەيمەن.
بارات ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، بايغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ مەن سېنى ئالداۋاتمايمەن، چىن دىلىم بىلەن ئېيتىۋاتىمەن.
بارات ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئىككىلىنىپ قالدى.
— قانداق؟— باي سوئال نەزىرىدە باراتقا تىكىلدى.
بارات يەرگە قارىغىنىچە تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇردى.
— خاتىرجەم بول، ماڭا سېنىڭ ھېچقانداق ئېغىرىڭ چۈشمەيدۇ. ئاش - تاماق، يېتىپ - قوپۇشۇڭ بىزنىڭ ئۆيدە بولىدۇ. سەن ئىشلىسەڭلا بولدى.
بارات باينى تەڭلىكتە قويماسلىق ئۈچۈن، بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن جاۋاب بەردى:
— ماقۇل، بارسام باراي، لېكىن ھازىر بارالمايمەن. شەھەردىن ھارۋا بىلەن دوستلىرىم چىقماقچى، ئۇلار چىقسا ئوتتۇنى ھارۋىغا بېسىپ بېرىپ، دوستلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي.
باي ئۇنىڭغا يېقىملىق قاراپ قاشلىرىنى لىككىدە قىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ماقۇل، شەھەردىن چىقىدىغان ھارۋا بىلەن دوستلىرىڭنى كۈتەيلى. ئۇلار كەلسە ئەھۋالنى ئېيتىپ خوشلىشىۋالغىن.
بارات بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ ئوماق، سوزۇنچاق يۈزىدە

خۇشاللىق نۇرى چاقنىدى.

غەربكە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرى يامغۇردىن كېيىنكى ئوتلاق، ئېدىرلارغا چۈشتى. قۇياش تاغ باغرىدىكى يېشىللىق ئارىسىدا گۈزەل كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان ئىدى. يىراقتىن ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، شەھەردىن ئىككى ئاتلىق ھارۋا چىقىپ كەلدى. ھارۋا ئۈستىدە باراتنىڭ دوستلىرى، ھۆسەيىن ناۋاينىڭ ئىككى شاگىرتىمۇ بار ئىدى. بالىلار ھارۋىدىن چۈشۈپ بارات بىلەن باينىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. بارات بولغان ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، بالىلار خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى.

— باي ئاكا، بىزنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتسىلە، بىزمۇ بارات بىلەن بىللە كېتەيلى،— بالىلارنىڭ بىرسى بىرنېمە دېسە، يەنە بىرسى بىرنېمە دەپ، باينى ئورىۋېلىشتى.

— ھەممىڭلارغا تاۋاپ ماۋۇ دوستۇڭلارنى ئېلىپ كېتەي. ئەگەر سىلەر قىلغۇدەك ئېپىدە ئىش تېپىپ قالسام، چوقۇم سىلەرنى ئىزدەيمەن،— دېدى باي.

بالىلار خۇشال بولۇپ ئوتۇنلارنى قول - قول ھارۋىغا باستى ۋە ئارغامچا بىلەن بىرنەچچە يېرىدىن مەھكەم تېڭىۋەتكەندىن كېيىن، بارات بىلەن خوشلاشتى، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەشتى.

— خەير - خوش، «ياخشى دوست جاندىن ئەزىز» دەپتىكەن، ياخشى كۆن كۆرگىنىڭدە بىزدەك مۇساپىر دوستلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.

باراتنىڭ ئوماق كۆزلىرى پارقىراپ، كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن چىققان ياش ئىككى مەڭزىگە يالىدى. ئۇ ئارانلا:

— تاشلىمايمەن، ھەرگىز تاشلىمايمەن، يەنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىلەرنى يوقلايمەن،— دېيەلىدى ۋە كۆز يېشى ئارقىلىق دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى.

بالىلار ئوتۇن بېسىلغان ھارۋا ئۈستىگە قونۇۋېلىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئايرىلىشتى. بارات ئىككىلەنمەستىنلا ھارۋىغا چىقتى، ئېسەدەپ كۆز يېشى قىلىپ يەلكىسىنى قىستى.

— نېمىگە شۇنچىۋالا كۆڭلۈڭنى بۇزىسەن، سېنىڭ تۇرىدىغان جايىڭ بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى ھېچقانچە كەلمەيدۇ. خالىغان ۋاقتىڭدا دوستلىرىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيسەنغۇ؟

باراتنىڭ قەلبىگە ئايرىلىشنىڭ ئەلىمى چاڭگال سېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك، مىسكىنلىك ئەكس ئېتەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن باينىڭ خىيالىدىن بالا چېغىدىكى ئېچىنىشلىق كۈنلەر يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

## 2

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دېرىزىلىرى غەربكە قاراپ ئېچىلغان باغ ھويلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. لەرزان شامال ھويلىدىكى ئالما شاخلىرىنى ئېگىپ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزە راملىرىغا سۆيدۈرەتتى. ھويلىدا پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ، بەزى - بەزىدە ياپراقلىرىنى يېنىك تىترىتەتتى. يامغۇردىن كېيىنكى ئالەمنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلانغان تورغايلار تىنماستىن سايرايتتى. ئالما شاخلىرىدىكى ئالمىلارمۇ تورغايلارغا جور بولغاندەك تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ئايىمنىسا تەقەززالىق بىلەن ئېرى سەدىردىننى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ خېلى ياشىنىپ قالغان ئايال بولۇپ، چېكە چاچلىرى ئاندا - ساندا ئاقىرىشقا باشلىغان، ماڭلىيىدا ئىككى قەۋەت چوڭقۇر قورۇقچىلار ئىز قالدۇرغان، ئويچان، سەل قىسىلغان كۆزلىرىنىڭ ئاستىدا ئۆمۈچۈك تورلىرىغا ئوخشاش قورۇقچىلار يىغىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزى سائادەت كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ يانپاشلىدى. ئانا پات - پات دېرىزىدىن سىرتقا قۇلاق سالاتتى، شامالنىڭ ئەنسىز شۇۋىرلاشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە تىنچسىز تۇيغۇلارنى پەيدا قىلاتتى. سائادەت ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ:

— ئانا، دادام نېمىشقا كەلمەيدۇ؟— دېدى.

— خاتىرجەم بول، داداڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئېھتىمال

شەھەردە مۇھىمراق بىر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ،— دېدى ئايىمنىسا خىيالىنى يىغىپ، قىزىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

ئايىمنىسا ئۆزىمۇ سەدىردىندىن سەل ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتى. يامغۇرنىڭ نېمىدىن كۆتۈرۈلگەن ھور باغ ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا يېنىك تۇتەك ھاسىل قىلىپ، بارا ـ بارا تارقالماقتا ئىدى. ئايىمنىسا باغ ئىچىگە ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ سائادەتكە دېدى:

— سائەتكە قاراپ باققىنا، قانچە بوپتۇ؟

ئايىمنىسا سۆزلەۋاتقاندا سىرتتا ئىشىك چېكىلدى. سائادەت ھويلىغا چىقتى، ئىشىك ئېچىلىپ سەدىردىن كىردى.

— دادا.

— جېنىم بالام.

سائادەت ئوقتەك ئېتىلىپ دادىسىغا يېپىشتى. دادىسى ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئايىمنىسا ئېرىنىڭ قولىدىكى گىلەم خۇرجۇنىنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— تىنچ ـ ئامان كەلدىڭىزمۇ؟ ئەجەبمۇ يولغا قاراتتىڭىزلا.

— تىنچلىق، يول ئۈستىدە بىرئاز ھايال بولۇپ قالدىم،— سەدىر-دىن سۆزلەۋېتىپ ئىشىككە قارىدى،— قېنى، تارتىنماي ئۆيگە كىرىۋەر-گىن،— دېدى.

جۇل ـ جۇل كىيىملىك بارات شۈمشەيگىنىچە ئۆيگە كىردى.

— بۇ كىم؟

— قەشقەرلىك مۇساپىر بالىكەن. يولدا نەچچە مىڭ سوم پۇل بىلەن خۇرجۇن چۈشۈپ قاپتىكەن، ئارقامدىن ئەكېلىپ بەردى. بۇ بالىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە مەستلىكىم كېلىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى قىپسىلا،— دېدى ئايىمنىسا ئۇنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، ئالدىغا ئىسسىق چاي بىلەن نان قويدى، ئاندىن باراتنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ سورىدى،— بالام، ئىسمىڭ نېمە؟

— بارات.

— ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟

باراتنى بىشنى چايقاپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

ئايمىنىسا چايدىن كېيىن، باراتنىڭ كونا كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بىرقۇر يېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ مېھرىبان تەبەسسۇمىدىن باراتنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەدىردىن رەتلىك كىيىنگەن باراتنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ «ئالتە شوئار» مەھەللىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مۇسابايوفلارنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا يېقىنلاشتى.

مۇسابايوفلار 1885- يىلى 200 ئىشچىسى بار يەرلىك تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان ئىدى. 1904- يىلىغا كەلگەندە ھۇسەنبايىھاجى ئىنىسى باۋۇدۇنبايىنى گېرمانىيىگە تىجارەت قىلىشقا ۋە زاۋۇت كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئۇ گېرمانىيە سانائىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق كۆن - خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتى ئېلىش قارارىغا كەلگەن. باۋۇدۇنباي گېرمانىيىنىڭ مايىن دەرياسى بويىغا جايلاشقان فرانكفورت شەھىرىدىكى «فرانكفورورام ئاسايىن» زاۋۇتىغا ئالدىن 500 تىللا زاكالەت بېرىپ، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى زاكاز قىلغان، ستانوك ۋە كەپشەرلەش ماشىنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغان، يەنە ئىنژېنېر، رېمونت مۇتەخەسسىسى، ئېلېكتر مېخانىكى، تېلېگراف خادىمى، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش مۇتەخەسسىسى قاتارلىق تېخنىك خادىملارنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلغان. گېرمانىيە سانائەت شىركىتى توختام بويىچە زاۋۇتنى 1906- يىلى پۈتكۈزۈپ بەرگەن. شۇ يىلى گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملارنىڭ مەسئۇللۇقى بىلەن زاۋۇت ئۈسكۈنىسى رۇسىيە ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە توشۇپ كېلىنگەن. ھۇسەنبايىھاجى 1909- يىلىدىن باشلاپ زاۋۇتنى ئۆزى باشقۇرغان. ئۇ 1926- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سابىت ئەپەندى 1933- يىلىغىچە باشقۇرغان. ھازىر مىجىت ئەپەندى[1] باشقۇرۇۋاتقان بۇ زاۋۇتتا تېرە، چەم،

[1] مىجىت ئەپەندى 1938- يىلىغىچە، تەلئەت ئەپەندى 1950- يىلىغىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن مىجىت ئەپەندى، ئابدۇلئەزىز، ئىسمائىل، ئابدۇقەييۇم ئەپەندىلەر 1955- يىلىغىچە باشقۇرۇپ كەلگەن، 1955- يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلگەن.

خۇرۇم، كۆن - بىشۇدىن باشقا، ئات ھارۋا جابدۇقلىرى ئىشلەپچىقىرىلاتتى. زاۋۇتنىڭ ئالدىدا باياندا ي ئارقىلىق سۆيدۈگىغا، ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان چوڭ يول بار ئىدى.

سەدىردىن باراتنى ئەگەشتۇرۇپ غازىبباينىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، غازىبباي يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ، دىقماق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ 45 ياشلار چامىسىدىكى پاكار بوي، دوپىدوغىلاق ئادەم بولۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئەمدىلا ئاق كىرىشكە باشلىغان، ماڭلىيىدا 3 — 4 قەۋەت سىزىقچىلار ئىز قالدۇرغان، سالاپەتلىك كىشى بولۇپ، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ئىش بېشى ئىدى.

سەدىردىن غازىبباي بىلەن سالاملىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى. دۇئادىن كېيىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، ئاندىن تونۇگۇن يول ئۈستىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى غازىببايغا سۆزلەپ بېرىپ، باراتنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى بالا ئىشچىلىققا ئېلىش توغرىسىدىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

— گەپىنىڭ راستىنى ئېيتسام،— دېدى غازىبباي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ،— ھازىرچە بۇ تەلىپىڭنى قاندۇرالمايمەن، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ھازىر ئايمۇئاي زىيان تارتىۋاتىمىز. سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلىپ بۇ بالىنى ئىشقا ئالسام، ئۇ قىلغۇدەك قايسى ئىش بار دەيسەن؟ باشقا تەرەپتىن ئىزدىنىپ باققىن.

غازىبباي سەدىردىنى سىنىغاندەك، دېرىزىدىن بۇلۇتسىز ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ جاۋابى سەدىردىنىڭ كاللىسىدا يېڭى ئوي - خىياللارنى تۇغدۇردى. ئۇ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئېيتتى:

— ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغىمۇ قويۇشقا بولمامدۇ؟

غازىبباي قىمىر قىلماي، كۆزىنى سەل قىسىپ كەسكىن جاۋاب بەردى:

— بايا ئېيتتىمغۇ، ئۇ قىلغۇدەك قانداق ئىش بار؟

سەدىردىنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى، تىترىگەن بارماقلىرىدىن يۈرىكىنىڭ تەرتىپسىز سوقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى- دە، غازىبباي بىلەن خوشلىشىپ، باراتنى ئەگەشتۇرۇپ

ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سەدىردىن باراتنى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىدى...

سەدىردىنمۇ مۇساپىرچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ تېگى- تەكتى قەشقەرلىك بولۇپ، دادىسى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق نامرات دېھقان ئىدى. ئۇ يوقسۇزلۇق ئىچىدە كۈن كەچۈرگەن، يۇرتتا سۇ قىس بولۇپ دېھقانچىلىق بىلەن جان باقالمىغاچقا، شەھەرگە كىرىپ مەدىكار ئىشلىگەن. سەدىردىن يەتتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. بىر يىلى قىشتا سەدىردىننىڭ دادىسى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. ئۇ كىچىك بولغاچقا، دادىسىنى ئىشلەپ باققۇدەك قۇربى يوق ئىدى. سەدىردىن كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە دادىسىنىڭ كېسىلىگە قارىغان، قوشنىلىرى ۋە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ خەۋەر ئېلىشىمۇ ئانچە ئۇزاققا بارمىغان. دادىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قىش ئوتتۇرىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتا- ئانىسىنىڭ بار- يوق مۈلكى دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن تۈگىگەن سەدىردىن قارا يېتىم بولۇپ، قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كوچىلاردا تېنەپ يۈرگەن. ئۇ 10 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسىنىڭ سودىگەر بىر تۇغقىنى غۇلجىغا ئاچىقىپ كەتكەن. سەدىردىن ئۇ كىشىنىڭ سودا ئىشىغا ياردەملەشكەن، كېيىن سودىگەر تۇغقىنى سەدىردىننى يېتىم- يېسىرلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەرگەن. سەدىردىن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ چىقىپ، مۇسابايوفلارنىڭ كۆن- خۇرۇم زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. ئۇ ئاكا- ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشىپ، ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆن- خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ھېساباتىنى قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. ھازىر زاۋۇتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ھېساباتچىلىرىدىن بولۇپ قالغان...

سەدىردىن ئۆيگە كەلگەندە، ئايىمنىسا چۈشلۈك تاماق ئېتىۋاتاتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدى. ئايىمنىسا سەدىردىننىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەلدى. ئۇ گەپ قىلماستىن تاماق يەپ، قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇۋەردى. سائادەت

بىلەن باراتمۇ تاماقتىن باش كۆتۈرمىدى. ئايمىنىسا ئىرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ تاماق يېگەچ ئېرىنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ، ئىشنىڭ ئوڭايسىز تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى بىلدى.

— غازىباي نېمە دېدى؟ — ئۇ تاقەت قىلالماي سورىدى.

— نېمە دەيتتى، باراتنى كىچىك، ئۇ قىلغۇدەك ئىش يوق، باشقا جايدىن ئىش ئىزدەپ بېقىڭلار، دەيدۇ.

— نېمىشقا شۇنداق دېگەندۇ؟ پوتكول زاۋۇتتىن ئۇ قىلغۇدەك ئۇششاق - چۈششەك ئىشمۇ چىقمىغانمىدۇ؟ بوپتۇ، بۇ توغرۇلۇق غەم يېمىسىلە، «ئېغىرنى يەر كۆتۈرەر، رىزقىنى خۇدايىم بېرەر». بىز خۇدا يولىدا ئۇنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ قويايلى.

ئايمىنىسانىڭ سۆزىدە بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان سەدىردىن كەسكىن قىلىپ ئېيتتى:

— ئېيتقانلىرىڭ تامامەن توغرا، ئۇنى مۇسابايوفلارنىڭ مەكتىپىدە[1] ئوقۇتساق قانداق؟

— ئوقۇسا ياخشى ئەمەسمۇ. ھېچبولمىغاندا ئاق - قارىنى تونۇپ، تەربىيە كۆرۈپ ئادەم بولۇپ قالسا ساۋابى بولىدۇ.

---

[1] مۇسابايوف ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياۋروپادىكى سانائەت ئىنقىلابى ۋە يېڭى زامان مائارىپىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدا يېڭى مائارىپ، يېڭى تېخنىكا بەرپا قىلىشقا بەل باغلىغان. 1870- يىلى مۇسا ھاجىمنىڭ ئوغلى باۋۇدۇنباي قازان شەھىرىدىن ئۈچ نەپەر مۇئەللىمنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلغان. ئۇلار «خانلىق مەدرىسە»دە دىنىي دەرستىن سىرت، تىل، ھېساب، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن دەرس بەرگەن. شۇ يىلى باۋۇدۇنباي غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدىكى مەدرىسەدە تۆت سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇپ، تىل، ھېساب، ئەرەب، پارس تىلى ۋە تارىخ دەرسى تەسىس قىلغان؛ 1905- يىلى غۇلجىدا «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» قۇرۇپ، ئۈچ قارار 580 نەپەر بالا تەربىيىلىگەن. ئۇ 1905- يىلى غۇلجىدا قۇرغان «ھۈنەر - كەسىپ مەكتىپى» 1912- يىلى «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى» قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. باۋۇدۇنباي 1913- يىلى «نۇرانە مەكتىپى»، «سايرامىيە مەكتىپى»، 1916- يىلى «مەكتىپى نۇر»، ئەلاباي قورۇسىدا «ئەلاباي قورۇ مەكتىپى»، 1924- يىلى «دەرنەك مەكتىپى»، 1938- يىلى «مۇراد مەكتىپى»نى قۇرغان ۋە ئاساسىي چىقىمىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان.

سەدىردىن ئۈستىدىن بىر ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلدى ۋە باراتتىن سورىدى:
— ئوقۇشنى خالامسەن؟
ئۇ سەدىردىننىڭ ئالدىدا لام - جىم دېمەي تىرناق تاتىلاپ تۇردى. سەدىردىن سوئالنى تەكرارلىدى، بارات ناھايىتى پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
— كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن.
— قەيەرگە؟
— دوستلىرىمنىڭ قېشىغا.
— نېمىشقا؟
— سىلىنى خىجىل قىلىپ قويىدىغان ئوخشايمەن.
— ئۇنداق دېمە،— دېدى سەدىردىن سۇس تەبەسسۇم قىلىپ،— يەنە كەتسەڭ شۇ مۇساپىرچىلىق كوچىسىغا بارىسەن. ھازىرچە سەۋر قىلىپ تۇرغىن. سەن مېنىڭ جېنىمغا باراۋەر كېلىدىغان زاۋۇتنىڭ خىراجەت پۇلىنى تېپىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن ئەقىللىق بالا. سېنى قايتۇرۇۋېتىشكە قانداقمۇ يۈزۈم چىدايدۇ. ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىش مېنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم، سەن خاتىرجەم بول،
سەدىردىن قەلبىدىكى سۆزلەرنى دېدى. باراتمۇ قايىللىق بىلەن سەدىردىنگە قارىدى. دادىسىنىڭ گېپىنى سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلىغان سائادەت خۇشال ھالدا سەكرىگەن پېتى ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرى يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ تۇراتتى.
— سەنمۇ ئوقۇيدىغان بولدۇڭ، ئىككىمىز مەكتەپكە بىللە بارىمىز، قانداق؟— دېدى سائادەت باراتنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ.
بارات ئىزا تارتقاندەك يەرگە قارىۋالدى ۋە جاۋاب ئورنىغا ئىللىققىنە تەبەسسۇم قىلدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## مەكتەپ بەخت بۆشۈكى

1

سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. باغلار يامغۇر سۈيى بىلەن تېخىمۇ ياپيېشىل تۈسكە كىرگەن، سۇۋادانلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سېرىق تۆچتەك پارقىراپ قالغان. كۆز پەسلىدە مۇنداق يېغىن پات-پات بولۇپ تۇراتتى. يامغۇر توختاپ يېنىك شامال چىقىپ، بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈشكە باشلىدى. قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن يەر يۈزىگە ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ، ئېگىز-پەس ئۆيلەر ئارىسىنى، باغ، كوچا، مەيدانلارنى قىزىل نۇرغا پۈركىدى.

سەدىردىن سومكا ئېسىۋالغان بارانى ئەگەشتۈرۈپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى»گە ئەكەلگەندە، مەكتەپ ئىچى قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى. «ھۈسەينىيە مەكتىپى» ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ غۇلجا شەھىرىدە 1889-يىلى قۇرغان ئىككىنچى مەكتىپى ئىدى. ئازادە سىنىپ، يۈرۈشلەشكەن ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قوراللانغان بۇ مەكتەپتە ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساقتا قۇرۇلغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» بىلەن ئوخشاشلا شىپائىيە، ئانا تىل، ئەرەب تىلى، رۇس تىلى، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تەنتەربىيە، رەسىم، تارىخ، ھېساب، مۇزىكا، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان، ئىقتىسادىي كاپالىتى يەنىلا ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى، خەلقنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى. ئوقۇتقۇچىلىرى تۈركىيىدىن، رۇسىيىدىن ۋە ئىكساق مەكتە

يىدىن يۈتكەپ كېلىنگەن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە پائالىيىتى جانلاندۇرۇلغان ئىدى. بۇ «ھۈسەينىيە مەكتىپى»مۇ مۇسابايوفلارنىڭ ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، يەنىلا ھۈسەنبايىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئىقتىساد ئۇخشاشلا ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئىگىلىكىدىن سەرپ قىلىناتتى.

سەدىردىن باراتنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرگەندە، ئۈستۈن ئاتۇش ئىكىساق كەنتىدىكى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»نى 1907- يىلى تۈنجى قاراردا پۈتكۈزۈپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان شاۋۇدۇن قارىي، موللا مۇھەممەت قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار سەدىردىننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سالاملاشتى، سەدىردىن كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى شاۋۇدۇن قارىي سەدىردىننىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ، — تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش قىپسىلا، باللار ئوقۇغاندا بىلىملىك كىشىلەردىن بولالايدۇ. بىر مىللەت ھۆرلۈككە چىقىشىنىڭ يولى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ دىلىنى ئاقارتىپ، كۆزىنى يورۇتۇش. ئاممىنىڭ كۆزى ئاق - قارىنى، دىلى ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلىسە، ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىش يولىدا ماڭالايدۇ.

بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار باي، كەمبەغەل، يۇرت ئىچى ياكى سىرتى دەپ ئايرىلمايتتى، كىمنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولسا، كىم ياخشى ئوقۇسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەقدىرلىنەتتى. ياخشى ئوقۇغانلار ئارىسىدىن ئەڭ ياخشىلىرىنى تالىلاپ چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىلەتتى. كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىلەتتى، يىراقتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، ياتاق راسخوتى، كىيىم - كېچەكى ھەل قىلىپ بېرىلەتتى.

مەكتەپ مەسئۇلى باراتنى سىنىپقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، سەدىردىن بىلەن يەنە بىرپەس پاراڭلاشتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئازادە، يورۇق سىنىپ - ئىشخانىلارغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا

قارىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيداگوگىكىلىق ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار خىل، ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى، مىللەتنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئاقارتقۇچىلىرى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، ئەستايىدىل دەرس تەييارلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈپ دەرس بېرەتتى.

— يەنە بىر ئىشنى سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي،— دېدى شاۋۇدۇن قارىي سەدىردىن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ،— بۇ بالا ھەپتىدە بىر قېتىم سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىدۇ. مۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشىغا قۇلايلىق بولىدۇ. ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاشقا خېلى كۆپ ۋاقىت چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىشتە تېز ئالغا بېسىپ كېتەلەيدۇ.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى،— دېدى سەدىردىن.

شاۋۇدۇن قارىي سەدىردىننى مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

× × ×

بارات مەكتەپكە كىرىپ ئۆگىنىشتە تېز ئالغا باستى. چۈنكى، ئۇ يۇرتىدا مامۇت سىجاڭ باشچىلىق قىلىپ قۇرۇپ بەرگەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقىرىۋالغاچقا، ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلەپ، مەكتەپ ئىچىدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. باراتنىڭ ھەركۈنى دەرستىن كېيىن ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئوقۇغۇچىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ تىرىشچان روھىنى بىرقانچە قېتىم ماختىدى.

بۈگۈن شاۋۇدۇن قارىي مۇئەللىم ئانا تىل دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سورىدى. ئۇ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان باراتتىن:

— سەن ئېيتىپ باقە، «ۋەتەن» دېگەن نېمە؟— دەپ سورىدى.

بارات چاچراپ ئورنىدىن تۇردى- دە، مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا تېز جاۋاب بەردى:

— «ۋەتەن» دېگەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىمىز.

— ساۋاقداشلار،— دېدى مۇئەللىم باراتقا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ،— باراتنىڭ ئېيتقىنىمۇ ئاساسەن توغرا بولدى، مەن بۇنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەي. «ۋەتەن» دېگەن ئۇقۇم كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا ئۆسۈپ ئۇلغايغان خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكىنىڭ مەركەزلىك بىرىكمىسىگە قارىتىلىدۇ. «ۋەتەنپەرۋەر» ئۇقۇمى بولسا ئۆز ۋەتىنى، خەلقى كامالەتكە يېتىش يولىدا يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن جان پىدا قىلالايدىغان ئاڭلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر كىشى ۋەتەننى جان پىدالىق بىلەن سۆيىدۇ. ساۋاقداشلار، «مائارىپ»، «مەرىپەت» قاتارلىق بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇلار ئىنسان، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇش دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ئاشۇ نۇرلۇق مەشئەلنى ياندۇرۇپ تۇرغۇچى دەل مەكتەپ بىلەن مۇئەللىم. دېمەك، مەرىپەت بىلەن دىلى ئېچىلغان ئەۋلادلار ئۆز تەقدىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنى تەقدىرىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، ۋەتەندىن بىر ھەسسە بەھرىمەن بولسا، ئۇنىڭغا يۈز ھەسسە جاۋاب قايتۇرۇشقا پىداكارلىق كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. مەرىپەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمى ئادەملەرنىڭ سالاپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئەقىل - ئىدرىكىنىڭ كامالەتكە يەتكەن - يەتمىگەنلىكى، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ يېتىلگەن - يېتىلمىگەنلىكىگە قارايدۇ. مۇشۇنداق سەۋىيىگە پەقەت مەرىپەت ئارقىلىق ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار مەجبۇرىيەتلەرنىڭ رولچىلىرى دەل مەن ئۆتكەندە سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن مەمتىلى ئەپەندى[1]

[1] مەمتىلى ئەپەندى 1901- يىلى ئاتىنىن ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1909- يىلى ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى»دە ئوقۇغان. 1920- يىلى ئۇ دادىسى بىلەن غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بارغان، 1924- يىلى تاشكەنتتىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان. مەمتىلى ئەپەندى ئىككى يىلدىن كېيىن تۈركىيىگە چىقىپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغان، 1932- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئاتۇشتىكى 74 كەنتتە بىردىن مەكتەپ قۇرغان. ئۇ 1936- يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەردىكى «تېرەكلىك» تۈرمىسىدە پاجىئەلىك ھالدا قەتل قىلىنغان.

گە ئوخشاش كىشىلەردۇر. ھەربىر ساۋاقداش ئوقۇشنىڭ مەقسىتى، نىشانىنى بىلىپ ياخشى ئۆگىنىشى، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزىگە تەتبىقلىشى لازىم. مەن سىلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەپ، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىگە ئايلىنىپ، خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، مەدەنىيەتلىك قىلىپ تەربىيلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزلىرىدىن تولىمۇ روھلاندى. ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن «چوڭ بولغاندا چوقۇم يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە تۆھپە يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرىمىز» دېيىشتى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ دەرستىن چۈشتى. مۇئەللىم سىنىپتىن چىقىۋېتىپ باراتنى توۋلىدى. بارات دەرھال مۇئەللىمنىڭ قېشىغا كەلدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى.

— ئۆگىنىشىڭدە قىيىنچىلىق بارمۇ؟

— قىيىنچىلىق يوق.

— مەن بەرگەن «يولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بولدۇڭمۇ؟

— ئوقۇپ بولدۇم.

— ھە، قانداق تەسىرات ئالدىڭ؟

— تەسىراتىم بەكمۇ كۈچلۈك، مۇئەللىم. مەنمۇ چوڭ بولسام پاۋىل كورچاگىنغا ئوخشاش قولۇمغا قورال ئېلىپ دۈشمەننى يوقىتىش يولىدا بارلىقىمنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلىمەن.

— ياخشى، ياخشى، سەن ئۇ كىتابنى ئوقۇپ ھەقىقىي تەسىراتقا ئىگە بوپسەن. يەنىمۇ تىرىش، مەن ئۆگىنىشتە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىمەن. ئۆيگە بارساڭ مېنىڭدىن سەدىردىنگە سالام ئېيت.

— ماقۇل مۇئەللىم.

بارات دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى، سائادەت كىرىپ كەلدى.

— ئەتە دەم ئېلىش كۈنى تۇرسا، ئۆيگە قايتماي كىتاب كۆرۈۋاتقى-نىڭىزنى قاراڭ،— دېدى سائادەت قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن باراتقا قاراپ. ئۇ گەپ قىلغاندا تال - تال كىرپىكلىرى لىپىلداپ، قاشلىرى يىمىرىلىپ كېتەتتى.

سائادەت باراتتىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيتتى، ئۇ سىنىپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى، ئائىلىدە كۆپىنچە باراتقا ياردەم قىلاتتى. ئۇ ئاتا - ئانا خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن، ھازىر ئۆز ئاكىسىدەك بولۇپ قالغان باراتنى ياخشى كۆرەتتى. بارات ياشتا سائادەتتىن چوڭ بولسىمۇ، لېكىن بىلىم جەھەتتە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ خىجىللىق ھېس قىلاتتى. قايىنام - تاشقىنلىق ھايات بۇ ئىككىيلەننى تەبىئىي دوستلاشتۇردى. بىر كۈنى بارات يولدا كېتىۋېتىپ، ۋەتەنپەرۋەر زات مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا ئوقۇتقۇچىسىدىن ئاڭلىغان ھېكايىنى سائادەتكە سۆزلەپ بەردى.

— نېمىدېگەن تەسىرلىك- ھە،— دېدى سائادەت.

— مەن بۇ ھېكايىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا، بىرقانچە كېچە ئۇخلىمىدىم. ئۇ بەك قەيسەر ئادەمكەن، ماڭا ئوخشاش يېتىمچىلىك كوچىسىدا يۈرۈپ كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتىكەن. مەن چوڭ بولغاندا چوقۇم مەمتىلى ئەپەندىدەك خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىدى-غان ئادەم بولىمەن.

— يارايسىز بارات،— دېدى سائادەت.

## 2

مۇسابايوفلار ئەينى مەزگىلدە ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە بارغاندا چەت ئەللەرنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇ زاۋۇتلاردا يولغا قويۇلغان تېخنىكىلىق باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنىڭ مەشغۇلاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. تېخنىك ئىشچى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان مۇساھاجىم يۇرتقا

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخنىك ئىشچى مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن.

مۇساھاجىم 1895- يىلى ئۇستون ئاتۇشنىڭ ئىكساقتا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاغرىپ قالغان. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغۇللىرى ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايغا «مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇڭلار، خىراجەتنى ئومۇمىي ئىقتىسادتىن ئاجرىتىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. 1904- يىلى باۋۇدۇن مۇسابايوف گېرمانىيە سانائەت شىركىتىدىن كۆن - خۇرۇم زاۋۇت ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تەييارلىق قىلىپ، ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇپ، ئىمىر داموللا، نىزامىددىن قاتارلىق چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. بۇ مەكتەپ بارغانسېرى كېڭىيىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن بالىلار كېلىپ ئوقۇغان. مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىري تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، گېرمانىيىلىك ئىنژېنېر ماگىن كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسى، تېرە ۋە پىششىق مەھسۇلاتلارنى پىريوم قىلىش ھەققىدە دەرس ئۆتكەن...

بارات ئۈچ يىل ئوقۇپ خېلى بىلىم ئىگىلىدى. سەدىردىنىنىڭ ئۇنى ئەمدى غۇلجىدىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە ئوقۇتۇپ، ياراملىق بىر ھۈنەر - تېخنىكا ئۈستىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. مەكتەپتە يەنە ياغاچچىلىق، تامچىلىق، موزدۇزلۇق، ماشىنىچىلىق قاتارلىق 10خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر - تېخنىكا سىنىپى تەسىس قىلىنغان. ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولۇپ، مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار خالىسا غۇلجىدا قالاتتى، خالىمىسا ئۆز يۇرتىغا كېتىپ ھۈنەر - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىناتتى. يۇرتىغا قايتىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ يول خىراجىتى بېرەتتى. بۇ مەكتەپتە يەنە زاۋۇت بوغالتىرلىق كەسپى، ستاتىستىكا كەسپى بويىچە سىنىپلار تەسىس قىلىناتتى. ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ تىرىكچىلىك

قىلسا، ئاز ساندىكىسى زاۋۇتتا ئىشلەيتتى، بەزىلىرى مۇسابايوفلارنىڭ سودا ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالاتتى. گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان زاۋۇت باش بوغالتىرى، كاسسىر، ستاتىستىكا خادىمى، پىلان خادىمى، كاتىبات مەسئۇلى قاتارلىق تېخنىك خادىملار زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بۇ مەكتەپتە كەسپىي دەرس ئۆتەتتى. نەتىجىدە بوغالتىر، كاسسىر، ستانوكچى، سلىسار، ئەيلەمچى قاتارلىق خادىم ۋە تېخنىكلار يېتىشىپ چىقاتتى.

سەدىردىن باراتنى كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكا سىنىپىغا ئوقۇشقا بەردى. بارات ئۆگىنىشتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، دەرسلەرنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى، ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ بوش ۋاقتى چىقسا، ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگەنگەندىن سىرت، رۇس تىلى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى. ئۇ دەرستىن چۈشكەن ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىلاردىن ھارماي - تالماي سوراپ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۆگىنىشتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىدىن ئوقۇتقۇچىلار قايىل ئىدى.

مەكتەپنىڭ دەرس ئۆتۈش، ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولغانلىقتىن، بۇ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇغان ئوقۇغۇچى ھۈنەر - تېخنىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ، زاۋۇتقا كىرسە تەمتىرىمەي ئىشلىيەلەيدىغان ياراملىق ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقالايتتى. بارات ئوقۇش جەريانىدا خېلى كۆپ ھۈنەر - تېخنىكا ئىگىلىۋالدى. ئۇ سەدىردىنىنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىش ئۈچۈن، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ئىش بېشىغا زاۋۇتتا ئىشلەش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلدى. بىراق، سەدىردىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ زاۋۇتتا ئىشلىشىگە قوشۇلمىدى. چۈنكى، سەدىردىننىڭ باراتنى يەنە ئوقۇتۇپ بىلىملىك ئادەم قىلىش خىيالى بار ئىدى. بارات ئۆزىنىڭ زاۋۇتتا ئىشلىشىگە سەدىردىننىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى ئىش بېشىدىن ئۇقۇپ، بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە سەدىردىن باراتنىڭ غەمكىن يۈرگەنلىكىنى

كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتى.

— يېقىندىن بۇيان يورۇش - تۇرۇشۇڭدا چوشكۇنلۇك بار، بۇ نىمە ئۆچۈن؟— دېدى سەدىردىن باراتنىڭ مىسكىن چىرايىغا تىكىلىپ،— ئەگەر بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەن بولساڭ ماڭا ئېيتقىن، قانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن.

— باشقا قىيىنچىلىقىم يوق،— دېدى بارات بېشىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ،— مېنىڭ زاۋۇتتا ئىشلىگۈم بار ئىدى. ئاڭلىسام، سىز مېنىڭ زاۋۇتقا بېرىشىمغا قوشۇلماپسىز؟

— شۇنداق، بۇ ئىشنى مەن ساڭا ئېيتماقچى ئىدىم، بىراق ۋاقتىم يەتمەي سەن بىلەن سۆزلىشەلمەي قالدىم. مېنىڭمۇ باشقا مەقسىتىم يوق. زاۋۇت دېگەنگە قاچانلا بولمىسۇن بېرىپ ئىشلىسەڭ بولۇۋېرىدۇ. ھازىرقى گەپ كۆپرەك بىلىم ئىگىلەشتە. مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كۆپرەك بىلىم ئىگىلىسەڭ، كەلگۈسىدە چوقۇم ياراملىق كىشى بولۇپ چىقالايسەن.

— سىزنىڭچە، مەن يەنە ئوقۇمدىمەن؟

— شۇنداق.

— قايسى مەكتەپتە؟

— مۇشۇ مەكتەپتىكى پىلان، كاتىبات سىنىپىدا يەنە ئىككى يىل ئوقۇيسەن، قانداق؟

— سىز مۇنداق دېگەن يەردە مەن يەنە نىمە دېيەلەيتتىم. ئوقۇسام ئوقۇي،— دېدى بارات.

— ھە، ئەمدى يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ بالام،— دېدى سەدىردىن خۇشلۇقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ،— مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇساڭ نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولىسەن. ساڭا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى مەلۇماتلىق. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغانلارغىمۇ ئاشۇنداق ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتىدىغان گەپ، بۇ دېگەن تېپىلمايدىغان ياخشى پۇرسەت. سەن مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قەدىرلىمىسەڭ، كېيىن پۇشايمان قىلساڭمۇ بىكار. بىلىم بولسىلا قەيەرگە بارساڭ خار بولمايسەن. ئەقلىڭ بىلەن ئويلاپ كۆرگىن، بىلىملىك بولساڭ خاتا يولغا ماڭمايسەن،

بىلمىسەڭ بولسا مەرتىۋەڭ يۇقىرى بولىدۇ، باشقىلار ھۆرمەت قىلىدۇ. مېنىڭمۇ كۆڭ - خۇرۇم زاۋۇتىدىكى غازىبايىنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقىنىمغا بىر قانچە يىل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ياخشى ئوقۇمىغان بولسام، مۇشۇنداق چوڭ زاۋۇتنىڭ ھېساب چوتىغا ئولتۇرالمايتتىم. سەن بۇنىمۇ ئويلاپ قوي. مېنىڭ ھازىر سېنى كاتىباتلىق بىلەن ستاتىستىكا كەسپىدە ئوقۇتۇشۇممۇ سەۋەبسىز ئەمەس. ھازىر زاۋۇتتا ئاشۇ كەسپتىكى خادىملار كەمچىل، ئاشۇنداق خادىملارغا موھتاج. سەن ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقساڭ مەنمۇ خۇشال بولىمەن.

سەدىردىننىڭ دەلىل بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى باراتنى قايىل قىلدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— چوقۇم ياخشى ئوقۇپ ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويمايمەن، كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق كىشى بولۇپ چىقىشقا تىرىشىمەن.

— مانا بۇ گېپىڭ بولىدۇ،— دېدى سەدىردىن رازى بولغاندەك، باراتقا ئاتىلىق مېھرى بىلەن قاراپ.

3

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بارات مۇشۇ تۆت يىل ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن كەسپىي بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئۇ ھازىر زاۋۇتقا كىرسە ئىشچى، ئىشخانىغا كىرسە ھېساباتچى ھەم كاتىپ بولالايتتى. ئۇنى ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. سەدىر-دىن بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— ئەمدى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان ئوخشايسەن. يېقىندا سائادەت دوختۇرلۇق كۇرسىغا ئۆرۈمچىگە ماڭىدۇ. مەن زاۋۇتقا ئۆسكۈنە سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالمۇتاغا چىقىدىغان بولدۇم. سەن ئائىلىدە قېلىپ ئايىمىنىسا ھەدەڭگە ياردەملەشمىسەڭ بولمايدۇ. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سېنى مۇۋاپىقراق بىر ئىش تېپىپ ئورۇنلاشتۇرىمەن،— دېدى.

سەدىردىن ئەينى ۋاقىتتا باراتنىڭ باش - كۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن

سىيلاپ شاپائەت قىلغان، بۇگۈنكى كۈندە سەدىردىننىڭ ھاجىتى چۈشكەندە، ئۇ نېمە دېيەلەيتتى.

— باشقا گېپىم يوق، سىز قانداق ئىشقا بۇيرۇسىڭىز مەن شۇنى قىلىشقا رازى، — دېدى بارات.

— ئۇنداق بولسا ئوقۇشتىن ئۈمىد ئۈز. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سائادەتنى ئۇزىتىمىز، ئۆيدە ئايىمنىسا بىلەن ئىككىڭلار قالىسىلەر، ئۇ چاغدا سەن ئۆينىڭ ئىچىگە - يېنىك ئىشلىرىنى زىممەڭگە ئالىسەن. يەنە زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىمۇ بار. ماقۇل، قالغان گەپلەرنى كېيىنچە قىلىشارمىز، — دېدى سەدىردىن.

× × ×

سەدىردىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. ئايىمنىسا قول قولىغا تەگمەي سائادەتنى جابدۇۋاتاتتى، ئۇ قىزى ئۈچۈن تىكتۈرگەن كىيىم - كېچەكلەرنى قاتلاپ چامادانغا سالدى. بارات ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى چىرايلىق قاتلاپ ئەدىيالغا يۆگەپ تاڭدى. سائادەتنىڭ دوستلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى گۈلنىسا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ ئۇنى جابدۇشقا ياردەملىشىۋاتاتتى. مانا سائادەتنى ئېلىپ كېتىدىغان ئات ھارۋىسىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۆي ئىچىدە ئوپۇر - توپۇر باشلاندى. سائادەتنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ، دوستلىرى تەييارلىغان سوۋغىلىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشتى.

— ماڭىدىغان ۋاقىت يەتتى. قېنى، ھارۋىغا چىقايلى، — ھارۋىكەشنىڭ بوم ئاۋازى سىرتتا ئاڭلاندى.

بارات مېھمانخانا ئۆيدە سائادەت بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى.

— سائادەت، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ياخشى ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزۈشىڭىزنى تىلەيمەن، — دېدى بارات كۆڭلۈمسىرەپ.

— تەلپـــگىزنى ھەرگـــىز يـــەردە قويمايمـــەن،— دېـــدى ســـائادەت قىزىرىپ. ئۇ كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى يوشۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، بارات بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان، مەكتەپتىكى كۆگۈللۈك چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

باراتنىڭ قەلبىگە ئايرىلىشنىڭ ئېغىر ئەلىمى چاڭگال سىلىۋالغان ئىدى. دېرىزىدىن كىرگەن سوغۇق شامال سائادەتنىڭ چېچىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. قوشنا قىزلار ۋە قوشنىلار ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ھارۋىغا بېسىۋاتاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئورۇن راسلاۋاتاتتى. سىرتتىن ئايىمنىسانىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سائادەت كۈمۈش قاپلىق يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ ئىككى قوللاپ باراتقا تۇتتى:

— بۇ سائەت مېنىڭدىن سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگۈچە سىزگە ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن،— سائادەتنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى.

— سائادەت، قېنى سەن سائادەت!؟— ئايىمنىسانىڭ ئارقا-ئارقىدىن توۋلىشى سائادەتنى ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. سائادەت كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى-دە، زورىغا كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرگەن پېتى ھارۋىنىڭ قېشىغا چىقتى.

— جېنىم بالام، ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بولغىن. كىشىنىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتىسەن، ئۆز بىلگىنىڭچە ئىش قىلىپ قالمىغىن، مەكتەپ ئىچىدە مۇئەللىملەرنىڭ سۆزىدىن چىقمىغىن، مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلىگىن.

بارات كىچىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، سەدىردىن ئۇنى ھارۋىنىڭ بىر چېتىگە ئورۇنلاشتۇردى.

— خەير-خوش!— دېدى سائادەت.

## 4

بارات كەچلىك تاماقتىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە كىتاب ئوقۇدى. كەلگۈسىنىڭ تاتلىق خىياللىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى.

ئۇ دېرىزىدىن جىمجىت كوچىغا قۇلاق سالدى. كوچىدا ئادەم تىۋىشى ئاڭلانمايتتى. ئۇ دېرىزىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى، ئاي پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. كوچىلار، ھويلىلار سۈتتەك يورۇق ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە سائادەتكە يۆتكەلدى. «سائادەت تىنچ - ئامان يېتىپ بارغانمىدۇ، ئۇ ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ؟ سائادەت ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندە چوقۇم دوختۇر بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ نۇرانە كۆزلىرى، ئوماق يۈزى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەر...»

بارات خىيال سۈرۈپ، تۈن يېرىملاشقاندا ئۇخلاپ قالدى، ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەنلا ئويغىنىپ، يۇيۇنغاندىن كېيىن مېھمانخانىغا كىرسە، سەدىردىن ئايىمنىسا بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. سەدىردىن چايدىن كېيىن باراتقا سالماق ئاۋاز بىلەن نەسىھەت ئاھاڭىدا ئېيتتى:

— بىرقانچە يىلدىن بېرى ساڭا ئاتا بولۇپ كېلىۋاتىمەن، ئەھۋالىڭنى غازىبايغا ئېيتسام سۆزۈمگە قۇلاق سالماي كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئالمۇتاغا بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئائىلە ئەھۋالىم توغرىسىدا ھال ئوقۇدۇم، سېنىڭ خىزمەت مەسىلەڭ ھەل بولمىسا ئۇ يەرگە بارالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم. تۈنۈگۈن ئۇ مېنى چاقىرىپ ئىشخانىدا ئايرىم پاراڭلاشتى. «سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئويلىشىپ قويدۇم، بىز ئىش بېجىرىپ كەلگۈچە بارات سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى ۋاقىتلىق بېجىرىپ تۇرسۇن. بىراق، ئۇ تېخى ياش، ئۇنىڭغا بىر ياردەمچى قوشۇپ بېرىمەن، بوغالتىر ئابدۇللا ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ. بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئويلىشىپ ئىشقا قويىمىز» دېدى. ئەمدى سەن دوست - دۈشمەن ئالدىدا مېنى يەرگە قارىتىدىغان ئىش قىلماي ياخشىراق ئىشلىگىن. كۆپچىلىك بىلەن چىقىشىپ ئىش قىلساڭ زىيان تارتمايسەن، غازىباينىڭ سۆزىدىن چىقمىغىن، ياخشى ئىشلەپ ئىشەنچىگە ئېرىشسەڭ چوقۇم زىيان تارتمايسەن. سۆزلىرىمنى قولىقىڭدا تۇتقىن، ماقۇلمۇ؟

— سىلەر بىرقانچە يىلدىن بېرى ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىسىلەر. تۇزۇڭلارنى كۆپ يېگەن بولساممۇ خىزمىتىڭلارنى ئاز قىلدىم.

ئىشقىلىپ، سىلەر مېنى ئۆز بالاڭلار قاتارىدا كۆرۈپ ياخشى تەربىيىلى-دىڭلار. ھېلىمۇ نېمە دېسەڭلار شۇنى قىلىمەن.

بارات سۆزلەۋېتىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۆز ئاتىسى ئورنىدا خەيرخاھلىق قىلىۋاتقان سەدىردىنگە چىن كۆڭلىدىن قايىل ئىدى. ئۇ ھاياجىنىنى بېسىپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى.

— باشقا گېپىڭ بولمىسا، ھازىر غازىبايىنىڭ قېشىغا بارىمىز، سالماق-راق بول،— دېدى- دە، سەدىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ باراتنى ئەگەشتۈ-رۈپ غازىبايىنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

غازىباي ئىشخانىسىدا ئېگىز بوي، لەڭگۈش، ئورۇق، ياڭاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن 30 — 35 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار كىرىپ غازىباي ۋە ھېلىقى كىشى بىلەن سالاملاشتى.

— ئولتۇرۇڭ،— دېدى غازىباي ساپادىن ئورۇن كۆرسىتىپ.

ھېلىقى كىشى چىنە چەينەكتىن ئىككى پىيالە چاي قۇيۇپ سەدىردىن بىلەن باراتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللا ئىدى. بارات پىيالىدىن كۆتۈرۈلگەن ھورغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى كىشىگە قاراپ قويدى. غازىباي باراتنىڭ باش - ئايىغىغا تولۇق سەپسېلىپ، ئابدۇللاغا قاراپ بېشىنى ئىما قىلىپ:

— بۇ يىگىت سەدىردىننىڭ ئوغلى، ئىسمى بارات. ئۇ سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كەسپدىشىڭىز، ھېسابات ئىشلىرىدىكى ھەمراھىڭىز ھەم سەپدىشىڭىز بولىدۇ،— دېدى، ئاندىن قويۇق قارا قاشلىرى ئاستى-دىكى سۇرلۇك، نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سەدىردىنگە تىكتى ھەمدە ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ، باراتقا يۈزلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— يېقىندا مەن خوجايىنىمىز تەلئەت ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تېخنىكا يىگىلاپ، ئۈسكۈنە - سايمان سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا، ئالمۇتاغا چىقماقچى بولۇۋاتىمىز. ۋاقتىنچە سەدىردىننىڭ ئىشىنى بېجىرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئىشەنچلىكرەك دەپ قاراپ بۇ ئىشنى ئىشلەشكە سىنى لايىق تاپتۇق. بەزى قىيىنچىلىق-

لارغا دۇچ كەلسەڭ ئوغلۇم ئەسئەت بىلەن كۆپرەك مەسلىھەتلىشەرسەن، خىراجەتنى ئەسئەت قىلىپ بېرىدۇ، ماتېرىيال سېتىۋېلىش ۋە دوگوۋور ئىشلىرىغا ئۇ مەسئۇل بولىدۇ،— غازىباي سوئال نەزىرى بىلەن باراتقا تىكىلدى.

— سىلەر ماڭا ئاتا، سىلەر تاپىلىغان خىزمەتنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇندايمەن،— دېدى بارات.

سەدىردىن ھېساباتلارنى بوغۇپ جاۋىنگە سېلىپ پېچەتلىدى. يېڭى ئاتچوت يازىدىغان دەپتەرلەرنى بىر- بىرلەپ باراتقا تونۇشتۇردى، ھېساب قائىدىلىرىنى چۈشەندۈردى. غازىباي كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىدىن باراتنى خەۋەردار قىلدى، ئابدۇللادىن ئۇنىڭغا كۆپرەك ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

سەدىردىن ساپادىن قوزغىلىپ كىيىم ئاسقۇچتىن پەلتو بىلەن دوپپىسىنى ئالدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ئۇدۇلدىكى تام سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسى كەچ سائەت توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ھە، قايتامسىز؟— دېدى غازىباي ئورنىدىن تۇرۇپ.

سەدىردىن ئىشىك ئالدىغا بېرىپ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئازادە ئۆيگە نەزەر سالدى، ئۆي جاھازلىرى رەتلىك بولۇپ، دېرىزىدىكى ھەر خىل گۇللەردىن خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى. سەدىردىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك غازىبايغا قارىدى.

— ھە، گېپىڭىز بارمىدى؟

— زاۋۇتنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئامانلىق مەسىلىسىنى ئويلاشماپتىمىز، بولۇپمۇ كېچىلىك ئامانلىق ئۈستىدە باش قاتۇرماي بولمايدۇ. ئامباردىكى بېسىلىپ ياتقان شۇنچە كۆپ كۆن - خۇرۇملاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا، بىر - ئىككى ساقچى قويايلىمۇ؟

— ھەي، ئەمدى قانداق ئۆلگۈرەر. ئەتە ئەتىگەندە ماڭىدىغان گەپ. ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولۇپ، بۇ توغرىدا ئويلاشماپتۇق.

— مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ،— دېدى غازىباي.

— جىسەكچىنى ئىككى قىلايلى، — دېدى سەدىردىن ئۇنىڭغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ.

— ماقۇل، ھازىر بار بىرىگە يەنە بىرىنى قوشايلى.

غازىباي بىلەن سەدىردىن ئىشىك ئالدىدىلا خوشلاشتى.

× × ×

ئەتىسى ئايىمنىسا سەھەر تۇردى، ئاخشام ياپقان سەپەر توقاچلىرىنى قاچىلىدى، سەدىردىننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى بوغچا قىلدى. چايدىن كېيىن سەدىردىن باراتنى ئالدىغا چاقىردى.

— بارات، قانداقلا بولمىسۇن زاۋۇتنىڭ بوسوغىسىدىن پۇتۇڭنى ئالدىڭ، سەن تېخى ئىشنىڭ ئېپى - سېپىنى بىلمەيسەن. ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلان، قىيىنچىلىقتا يولۇقساڭ ئەسئەتكە ئېيتقىن. ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ تاشلىۋەتمە، ھەدەڭگە كۆپرەك ياردەملەش، سائادەتكە پۇل - پۇچەك، كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ تۇرۇڭلار، مەنمۇ سىلەرگە خەت ئەۋەتىمەن...

قوزا چۈش مەزگىلىدە ھارۋا سەدىردىننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئايرىلىپ، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ چوڭ يولغا چىقتى. ھارۋىكەش قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ ھەيۋە قىلدى، دوپىدوغىلاق سېمىز ئات قەدەملىرىنى تېزلەتتى.



# ئون ئۈچىنچى باب

## مەكتۇپ

1

سۈرلۈك ئىشخانىنىڭ دېرىزىسىگە قارامتۇل دۇخاۋا پەردە تارتىلغانلىقتىن، كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. دېرىزىنىڭ سول تەرەپ تامدىكى ئىلى ۋادىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن دېكوراتسىيە، ئوڭ تەرەپتىكى ئەينەكلىك جازىلاردا ھەر خىل قۇشلارنىڭ رەسىمى، ئوتلاق ھەم دەريا - كۆللەرنىڭ مەنزىرىسى، تۇرنىلارنىڭ كۆك ئاسمان بوشلۇقىدا قاتارلىشىپ ئۇچۇۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن ھەر خىل مەنزىرىلىك رەسىملەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىشخانىنىڭ بىر چېتىگە يېزىق ئۈستىلى، قەغەز، سىياھ، قەلەمدان ۋە تېلېفون جايى - جايىغا رەتلىك قويۇلغان ئىدى. ئىشخانىنىڭ بىر چېتىگە سېرىق چاچلىق قىزنىڭ يېرىم ئايىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيكىلى قويۇلغان بولۇپ، قىزنىڭ كۆزى بىلەن يېرىم ئاي خىلمۇخىل رەڭدە يېنىپ تۇراتتى. بۇ، سوۋېت كونسۇلخانىسىدىكى ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ ئىشخانىسى ئىدى.

ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ يۈز تېرىسى سالپىيىپ كەتكەن بولۇپ، سۆرۈن ۋە قاتمال كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىلگىرى تاشكەنت، ئوش، نەمەنگان، سەمەرقەنتلەردە سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. رۇسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، سودا شىركەتلىرىدە ئىشلىگەن، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىدا سودا مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئىۋان نىكولايېۋىچ مال - دۇنيانى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى،

تمسقىلاپ يۈرۈپ غازىباي بىلەن ئۆلپەتلىشىپ، تېز چىقىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھايانكەشلىك ئوقتىگە بىر ئۆلۈش پاي قوشۇپ، ھەر يىلى ساپ ئۆسۈمنى ئېلىپ تۇراتتى. غازىبايمۇ پۇلغا موھتاج بولسا ئۇنى تاپاتتى.

ئېۋان نىكولايېۋىچ ساپادا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغىنى بىلەن ئىچى تىت - تىت، كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئۇ «ھازىر ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى، ئابدۇللا قول ئاستىمدىكى ئادەم. غازىباينىڭ چوڭ ئوغلى ئەسئەت ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، ئۇنى بىر ئىلاج قىلىپ كەتكىلى بولار، لېكىن بارات...» دەپ ئويلاۋاتاتتى، تۇساتتىن ئىشىك چېكىلدى.

— رۇخسەت.

— تەقسىر، بىر كىشى جانابلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، — دېدى كاتىپ لىنا خېنىم ئىشىكنى ئېچىپ.

— كىمكەن؟

— كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدىن كەلدىم دەيدۇ.

— كىرسۇن.

— خوپ.

لىنا خېنىم ئابدۇللانى باشلاپ كىرگەندە، ئېۋان نىكولايېۋىچ بايىقىدەكلا ساپادا كېرىلىپ يېنىچە ئولتۇراتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى- دە، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سۇندى. ئېۋان نىكولا- يېۋىچ خەتنى ئېلىپ ئابدۇللاغا نەزەر سالدى.

— ھە، ئابدۇللامۇ سىز؟ تازا دىققەت قىلماپتىمەن، كەچۈرۈڭ.

ئابدۇللا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېگىشىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ھەزرەتلىرى، پېقىرغا ئىشىنىپ مۇھىم بىر ئىشنى تاپشۇرغانتىلە، بۇ ئىشنى پېقىر بەجا كەلتۈردۈم. مانا بۇ خەتتە بۇ ئىشلار ئېنىق يېزىلدى.

ئېۋان نىكولايېۋىچ خەتنى ئېچىپ ئانچە - مۇنچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى- دە، چىرايى ئېچىلىپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي:

— خاراشوۋوت، ئوچىن خاراشو[1]، — دېدى- دە، لىنا خېنىمغا باش

[1] خاراشوۋوت ئوچىن خاراشو — ياخشى، ياخشى، ناھايىتى ياخشى.

لىڭشىتىپ چىقىپ كېتىش ئىشارىتىنى قىلدى. لىنا خېنىم چىقىپ كەتتى. ئىۋان نىكولايېۋىچ قويۇن يانچۇقىدىن بىر توپ پۇلنى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا پوككىدە قويدى، ئاندىن سۆرۈن، قاتمال تەلەتىگە كۈلكە يۈرگۈرتۈپ، — ئاز بولسىمۇ چاي پۇلى، قېنى ئېلىڭ، — دېدى.

«پوك» قىلىپ قويغان پۇلنىڭ ئاۋازى ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى.

— ھازىرقى ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدىلىق، سىلىنىڭ ئەسئەت بىلەن تۇنجى قېتىم قىلغان سۆھبەتلىرى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپتۇ. ئەس-يادى لىنا خېنىمدىلا قالدى. يېقىندىن بۇيان ئۇنى كۈندە دېگۈدەك مەست ئۇچرىتىمەن، ئۇمۇ قەپەس ئىشىكىدە دانلاۋاتىدۇ، قەپەسكە كىرسىلا ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ. گەپ ئەمدى ھېلىقى بارات دېگەن نېمىدە قالدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئىۋان نىكولايېۋىچ ھىيلە-مىكىرلىك كۆزلىرىنى قىسىپ، قىسقىغىنە خىيال سۈرگەندىن كېيىن، — بۇنىڭغىمۇ چارە بار. ئەسئەت بىلەن باراتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىش كېرەك، كېيىنكى نەتىجىدىن خەت ئارقىلىق غازىبايىنى خەۋەردار قىلىپ قويساقلا، ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنى شۇ.

— بۇ گەپنىڭ جېنى بار، — دېدى ئابدۇللا خۇشامەتگويلۇق بىلەن، — ئىشقىلىپ، مەن بۇ ئىشتا كۈچ چىقىرىمەن. ئەھۋالدىن ۋاقتى-ۋاقتىدا سىلىنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن.

— ناھايىتى ياخشى. پىلانىمىز ۋۇجۇدقا چىقسا سىزنى قۇرۇق قويمايمەن. ئەگەر ئىشىمىز پاش بولۇپ قېلىپ، زاۋۇتتىن ھەيدىلىپ كەتسىڭىزمۇ ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك بايلىققا ئىگە بولىسىز.

ئابدۇللا بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقسا، ئۇ ئوتتۇرىدىن زىغىرىق چىقىرىپ خېلى پۇلغا ئىگە بولاتتى. بۇ پۇلغا ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ شەپقىتىنى قوشقاندا...

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئىۋان نىكولايېۋىچ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — مەن پات ئارىدا چوڭ بىر زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزلاردىن

بىرقانچىنى ئۆلتۈرۈشقا قاتناشتۇرىمەن. بۇ ئۆلتۈرۈشقا سىزنى چىللىمايمەن، بۇنىڭغا ئەسئەت بىلەن بارات قاتنىششى زۆرۈر. ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىقسا مەنمۇ گۇۋاھچى بولۇپ غازىبايغا خەت يازىمەن. شۇ چاغدا ئەسئەت يازغان خەتكە مىنىڭ ئىسپاتىمنى قوشۇپ ئەۋەتسەكلا تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى. ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىقسا، سىلىگە چوڭ پايدا يەتكۈزىمەن.

— ماڭىلا ئەمەس، سىزگىمۇ چوڭ پايدىسى يېتىدۇ.

ئىككىيلەن تەڭلا قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

## 2

سەدىردىن بىلەن غازىبايلار ئالمۇتاغا كەتكەندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرى باراتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. زاۋۇتنىڭ تۈرلۈك سېخلىرى ۋە چوڭ - چوڭ بۆلۈملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە قاتنايدىغان جايلارغا ئايلىنىپ قالغاچقا، ئۇ كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدە زېرىكىشلىك ھېس قىلاتتى. ئايىمنىسا ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئۇ ياتىدىغان مېھمانخانىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆي ئىچىنى سۈپۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۆي ئىچىنى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى.

بارات تاماقتىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. قەدىمىي شەكىلدە ياسالغان ئىش ئۈستىلى، ئورۇندۇق ۋە كىتاب جازىسىدا نۇرغۇن كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى. «سائادەت ئۇلۇغ غايىگە يېتىش ئۈچۈن نەقەدەر ئۇرۇنغان- ھە؟ قارىغاندا، بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرمۇشنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ كۆرگەن، لېكىن بۇ سىرلار كىتابقا يېزىلمىغان».

بارات ياخشىراق بىر كىتاب تېپىش غەرىزىدە ئۆيەر - بۇيەرنى ئاختۇرۇپ كۆردى. تۇساتتىن ئۇنىڭ قولىغا سائادەتنىڭ سۈرىتى چىقىپ

قالدى. بارات سائادەتىنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان خۇشخۇي چىرايىغا، جانىنى شەيدا قىلارلىق ئاھۇ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى سىغىنىش ئىستىكى چۇلغىۋالدى. سۈرەتكە قاراپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بەزلەشكە تىرىشىپ، كىتاب ئوقۇۋاتقاندا، ئايىمنىسا كىردى.

— بارات، سىزنى ئەسئەت دېگەن بىرسى چاقىرىپ كەپتۇ.

— ئۇ قېنى؟

— ئىشىك ئالدىدا.

بارات مېھمانخانىدىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇرا بويى، قاڭشارلىق، بۇرۇت قويغان، ئاق پىشماق، 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت تۇراتتى. بارات ھېلىقى يىگىت بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئاندىن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— خوش، مەن ئالدىراشلا كەلگەن،— ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال كونۋېرتنى چىقىرىپ ئۇزاتتى.

بارات كونۋېرتنى يىرتىپ، ئىچىدىن ئۇيغۇرچە يېزىلغان تەكلىپ قەغىزىنى سۇغۇرۇۋالدى. خەتتە ئۇنى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا زىياپەتكە چاقىرغان ئىكەن.

— قېنى، ئولتۇرۇپ كۆرەي،— دېدى بارات ئىككىلىنىپ.

— بارمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ كىشى دېگەن دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، قولى ئوچۇق، مەرد ئادەم. دادامنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ بولسىمۇ بېرىڭ. ئەتە چۈش بىلەن كۆك كۆۋرۈكتە ئۇچرىشايلى،— ئەسئەت خوشلىشىپلا كېتىپ قالدى.

بارات ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە، خىيالى ئەتە بارىدىغان زىياپەتكە يۆتكەلدى. «ئۇلار مېنى نېمە ئۈچۈن زىياپەتكە چاقىرغاندۇ؟ غازىباي بىلەن تەلئەتنىڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى. بىراق، مېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق، بارمىسام قانداق بولار؟ بارمىسام ئەسئەتنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالارمۇ؟ كېيىنكى مۇناسىۋىتىمگە دەخلى يەتسە، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ

قالمسۇن...»

ئۇ يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. «ھازىر زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى يامان ئەمەس، ھېسابات ئىشلىرىمۇ جايىدا. يەنە ئىككى - ئۈچ ئاي چاتاق چىقارماي ئىشلەپ كېتەلىسەم، غازىبايمۇ مېنىڭدىن رازى بولار، ئۇنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ قالسام مۇقىمراق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كېتەرمەن».

ئەتىسى بارات كۆك كۆۋرۈككە يېتىپ كەلگەندە، ئەسئەت ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار پاراڭلىشىپ زىياپەت زالىغا كىرىپ ھەممە مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى. لىنا خېنىم ئۇلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇردى، كۈتكۈچىلەر خاس ئورۇنغا باشلىدى. باراتقا يېقىنراق جايدا ئولتۇرغان غەيرىي كىيىنىۋالغان كۈتكۈچى قىز يۈز - كۆزىگە ئادەتتىن تاشقىرى پەرداز قىلغان بولۇپ، ساپسېرىق چاچلىرىنى قۇلاق ئۈستىدىن قاتلىمىدەك يۆگەپ تۈگۈۋالغان، چاچ ئارىسىغا ياقۇتتىن كۆز قويغان تارغاق قىسىۋالغان ئىدى. ئۇ قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ بارات بىلەن ئەسئەتنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئەسئەت بايۋەچچىلەرگە خاس سۆلكەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى. چايدىن كېيىن تاماق تارتىلدى، ئاندىن قىسقىغىنە سۆھبەت باشلاندى. شەھەر بايۋەچچىلىرى، سودىگەرلەر قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئىتى پۇل ئۈستىدە سۆز ئېچىپ، پايدا - زىيان توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئېۋان نىكولايىۋىچ ئەسئەتنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ شىنجاڭدا ئۇزاق تۇرغانلىقتىن ئۇيغۇرچىنى تولۇق بىلەتتى.

— ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە قىلغۇچىلىك ئىشمۇ يوق ئىدى. ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى - كۆكسىنى ئېچىپ كەتسۇن دەپ...— ئۇ ئاۋازىنى سىلىق - سىپايە چىقىرىپ ئەسئەتكە قاراپ تىلىنى چاينىدى،— غازىباي كەتكەندىن كېيىن سىلىنى يوقلاپ بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار ئىدى. بىراق، ئالدىراش بولۇپ قېلىپ يوقلىيالمىدىم.

— رەھمەت،— دېدى ئەسئەت ئورنىدىن قوپۇپ، سىلىق ۋە يېقىملىق سۆلكەت بىلەن،— ئۆتكەن قېتىم ئابدۇللادىن ئەۋەتكەن

پۇللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئائىلىمىزگە قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. يەنە بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ ئەۋەتىپلا، بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— ئىنسان روھىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ھەقىقىي ئوزۇق تاماشا، «بىر قېتىم كۈلگەن كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك ئۆمرى ئۇزىرىدۇ» دەپ دانالار توغرا ئېيتقان. خەۋەرلىرىدە باردۇ، دادىلىرى غازىباي ھەزرەتكىمۇ كۆڭۈل ئېچىش-ـنى كۆپرەك تەۋسىيە قىلغانمەن. ھازىر زاۋۇتىنىڭ پۈتكۈل مەسئۇلىيىتى سىلىنىڭ زىممىلىرىدە، پايدا بىلەن زىيانمۇ سىلىنىڭ زىممىلىرىگە ئارتىلىدىغاندۇ ھەقاچان. شۇڭلاشقا، سىلى بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەت بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

كۈن ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشكەندە، سورۇن قايتىدىن تۈزۈلۈپ ھەممەيلەن ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ قايتىدىن ئورۇن ئېلىشتى. داستىخان يېڭىلىنىپ يەنە زىياپەت باشلاندى. خىزمەتچىلەر ئەسئەت بىلەن باراتنى يۇقىرىغراق باشلىدى. ئۇلار بايۋەچچە - مەنسەپدارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. سۆلەتلىك ياسانغان سۇرلۇك بايۋەچچىلەر بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەزىيەت ئۈستىدە بولۇۋاتقان پىتنىلاردىن ئۈجۈر - بۈجۈرىگىچە سۆزلىشىپ بىر - بىرى بىلەن گەپ تالىشاتتى. ھاراق ئېچىش باشلانغاندا ئەسئەتنىڭ يېنىدا سېرىق چاچ بىر قىز توساتتىن پەيدا بولدى ۋە قولىدىكى رومكىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ، يەنە بىر رومكىدىكى ھاراقنى ئۇنىڭ بىلەن سوقۇش-ـتۇردى، ئاندىن ھاۋا رەڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ سەتەڭلەرگە خاس نازلىنىپ قاراشلىرىدىن، پوستەكچىدەك ئاقارتىۋالغان چىرايىدىن مەككارلىق، مەغرۇرلۇقتەك كىشى چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر خىل ھالەت سېزىلىپ تۇراتتى. بارات زالدىكى ھەممە كىشىنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈردى. يۈزىنى سېرىق ساقال - بۇرۇت باسقان، يوغان بېشىدا بىرنەچچە تاللا سارغۇچ تۈك قالغان ئېۋان نىكولايىۋىچ يېنىدىكى ئايال بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ خالار - خالماس كۈلكە بىلەن بىرنەرسە دېۋىدى، قېشىدىكى خانىم زىلۋا قوللىرىنى بىر-

بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ، زالدىكى ئاسما چىراغقا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. شۇ چاغدا باراتنىڭ قېشىدىمۇ بىر قىز پەيدا بولدى. قىز ئۇنىڭ يەلكىسىنى سىلىكىدى ۋە خىزمەتچىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى. ئالدىغا ئاق پەرتۇق تارتىۋالغان ئايال خىزمەتچى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. قىز خىزمەتچى ئايالغا سىلىق ۋە ياسالما ئاھاڭ بىلەن ئېيتتى:

— بىر بوتۇلكا ۋوتكا، ئىككى بوتۇلكا شامپانسكى.

خىزمەتچى ئايال يېنىككىنە باش لىڭشىتتى.

— مېنىڭ بىلەن ئولتۇرۇشنى خالامسىز؟— دېدى قىز باراتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا ئىپىل ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى. مۇلايىم، سىلىق - سىپايە قىلىپ سۆزلىدى،— يىگىت، سىز بەك قاۋۇلكەنسىز، ھەمسۆھبەتكە يارايدىكەنسىز. قورۇنماي، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇڭ.

— مەن مۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئولتۇرۇپ ئۆگەنمىگەچكە، بىرئاز قورۇنۇۋاتىمەن.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنىڭ مەنىسى بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ئىدى. قىز تاتلىق ۋە مۇلايىمغىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئىككى رومكىغا تەڭلا ھاراق قۇيۇپ باراتنى ئىچىشكە زورلىدى. بارات ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىم، ئىچىشنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن،— دېدى.

قىزنىڭ چىرايى تۇرۇلدى. ئۇ ئاچچىق بىلەن رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىپ، رومكىنى زەردە بىلەن باراتنىڭ ئالدىغا قويدى- دە، كۆزلىرىگە تىكىلىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ شاپىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، نېرىراقتا يالغۇز ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر بايۋەچچىنىڭ قېشىغا كەتتى.

پىلاستىنكا قويۇلۇپ تانسا باشلانغاندا، ئەسئەتكە ئۇقتۇرمايلا بارات زالدىن چىقىپ كەتتى. كۆزلىرى ئۆتكۈر، سېرىق بودۇر چاچلىق بىر قىز ئەسئەتنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئەسئەت كۈچلۈك، سېمىز بىلەكلىرى بىلەن قىزنىڭ زىلۋا بەللىرىنى قوروپ تۇتتى. قىزنىڭ نازۇك ۋە ئۇزۇن

قوللىرى ئۇنىڭ دولىسىغا يېپىشتى. قىز چۆرگىلەۋېتىپ، پات ـ پات قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ، ئەسئەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايتتى. مۇزىكا توختىدى، سىرىق چاچلىق قىز ئۇنى قولتۇقلاپ ئايرىم خانىگە ئېلىپ كىردى. ئوتتۇرىغا يۇمىلاق جوزا، ئىككى يانغا ئىككى كىشىلىك پۇرژىنىلىق ساپا قويۇلغان بۇ خانە تولىمۇ خالىي ئىدى. ئىككىيلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە چۈشتى. سىرىق چاچ خىزمەتچى ئايالنى چاقىرىپ بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن بىر تەخسە گۆشلۈك سەي بۇيرۇدى. قىز هاراق قۇيغاچ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ئىسمىم ئاننا، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ كۆتكۈچىسى بولىمەن،— دېدى ئۇ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سۈلكەت بىلەن.

— دادام ئۇزاقتىن بېرى سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ يۈرەتتى. بۈگۈن كۆرۈشۈشكە ناهايىتى ياخشى پۇرسەت بولدى.

سىرىق چاچلىق قىز بىرئاز سۆكۈتتىن كېيىن، ئەسئەتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى، ئاندىن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، تەلەپپۇزىنى باشقىچىرەك چىقىرىپ، گويا تەشۋىشلىنىۋاتقاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— ئاھ، مۇھەببەت، مۇھەببەت مېنىڭ قەلبىمنى ئىگىلەپ، مۇھەببەت سەۋداسى بولۇپ قالدىم،— دېدى، ئاندىن ئەسئەتتىن قولىنى ئاجرىتىپ، هاۋا رەڭ كويتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇدرۇق كۆكسىنى تىترىتىپ يەنە قاقاقلاپ كۈلدى.

ئەسئەت ئۇنىڭ تېتىقسىز ھەرىكەتلىرىدىن زېرىكىپ، «چىقىپ كەتسەم بولاتتى» دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ سۇنۇق چىرايىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا قىز ئەسئەتكە بىر رومكا هاراق تۇتتى. ئۇ رومكىنى دەرھال كۆتۈرۈۋەتتى، بېشى قىيىپ ئىككىنچى رومكىنى كۆتۈرۈشكە ھالى قالماي بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. سىرىق چاچ ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى تۇتۇپ سىلكىدى:

— يىگىت، مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟

— ھۆرمەتلىك خانىم، ماڭا قويغان مۇھەببىتىڭىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن،— دېدى ئەسئەت ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ.

سېرىق چاچ ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى تۇتتى ۋە كۆزلىرىگە سىرلىق تىكىلىپ:

— قەدىرلىكىم، ئېيتقانلىرىڭىز راستمۇ؟— دېدى ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاندىن خېنە يېقىلغان ئۇرۇق بارماقلىرىنى ئەسئەتنىڭ بىلىكىدىن يۆتكەپ، ئەتىر سېپىلگەن بۇدرۇققىنا كۆكسىنى يېقىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق،— ئەسئەت مەستلىكتىن ئۆزىنى تۇتالماي قىزارغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— سۆيۈملۈكۈم، كۆڭۈل رىشتىم سىزگە باغلاندى...

قىز ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، خېلى ئۇزاق سۈكۈتكە چۆككەندىن كېيىن، خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئەسئەتكە ئۇزاق تىكىلىپ، ئۇنىڭ ئىسسىق لېۋىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى.

ئەسئەت كۆپرەك ئىچكەنلىكتىن، پۇت - قوللىرى تىترەپ، ئاياغلىرىدا مادار قالمىدى. ئۇ يالغۇز خانىدىن چىققاندا ئىككى ياققا ئەگىپ تۇراتتى. ئىككى خىزمەتچى ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ بىردەم كېرىلىپ ئولتۇردى- دە، بېشى ئىختىيارسىز ساڭگىلاپ كەتتى. بىر - ئىككى پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ ئەتراپقا قارىدى. مېھمانلار تارقىلىپ، زال ئىچى بوشاپ قالغان، ئىككى خىزمەتچى ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغىلا قاراپ قالغان ئىدى. ئەسئەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. دەلدۈڭۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ تولۇلدى:

— بارات، قېنى سەن!؟

— ھەمراھىڭىز خېلى بۇرۇنلا كېتىپ قالغان،— دېدى خىزمەتچى ئۇنىڭغا،— كېتەلمىسىڭىز، مېھمانخانىدا قونۇپ قېلىڭ.

— كېتىمەن... مەن چوقۇم كېتىمەن، مېنى تاشلاپ كەتكەن خۇمسىنى تاپىمەن!... خەپ، مەن سېنى مۇنداق نامەردلىك قىلار دېمەپتىكەنمەن!...

ئەسئەت ئېگىز ـ پەس دەسسەپ چوڭ يولغا چىقتى. مېڭىش نىشانىنى بىلىۋېلىپ، دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشا ئاۋازى يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى.

هاراق ئىچتىم، بوزا ئىچتىم،
ئايسىخان داغلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرىدۇ،
قەلىقە ياغلىق بىلەن.
...

3

ئەسئەت زىياپەتتىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىلا غەرق مەست هالدا بارات ئولتۇرغان ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىپ، ۋارقىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى:
— قېنى سەن، بارات دېگەن خۇمسى؟
بارات چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە هودۇققان هالدا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.
— مانا مەن، نېمە بولدىڭىز، ئەسئەت ئاكا.
ئەسئەت گەپ ـ سۆزسىزلا باراتنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ۋە ئۇنى ئىشىكنىڭ كەينىگە نىقتاپ تۇرۇپ سوراق قىلدى.
— هوي خۇمسى، تۈنۈگۈن نېمىشقا مېنى تاشلاپ كەتتىڭ؟
— قېشىمدىكى قىز مېنى هاراق ئىچىشكە زورلىغانلىقتىن.
— نېمىشقا هاراق ئىچمىدىڭ؟
— ئىچىشنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن.
— بايۋەچچىلەر ئالدىدا سەن مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈردۈڭ.
— مەن سىلىگە ناماقۇل بولاي.
بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا كىرىپ كەلدى، كۈتۈلمىگەن

جىدەلنى كۆرۈپ، گويا ئاق يەردىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدى ۋە ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشىدەك ئۇلارنى سالا قىلدى.

— بولدى، بولدى، جىدەل قىلماڭلار. ھوي بارات، سېنىڭمۇ تازا ئادەمگەرچىلىكىڭ يوقكەن، ساق تۇرۇپ كەيپ كىشى بىلەن تەڭ بولدۇڭمۇ؟ ئەسئەتجاننىڭ خۇيىنى بىلمەمتىڭ؟

شۇ چاغدا ئەسئەت يەنە توپتەك ئۆرلەپ كەتتى.

— ھوي قەلەندەر، سېنى كىم بىلمەيدۇ، تىرنىقىڭ ئىللىغلى ئىككى كۈن بولماي تۇرۇپ، ئادەم زاڭلىق قىلغىنىڭنى قارا. بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن بىر يولدا ماڭغۇچى بولما!

ئابدۇللا ئەسئەتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئاچىقىپ كەتتى ۋە بىرنى ئىككى قىلىپ باراتنى چىقىشتۇردى، ئەسئەتنىڭ ئايالارغا كۆپ پۇل خەجلىگەنلىكى، ھېسابىنى قالايمىقان تۇتۇپ، پۇلنى بۇزۇپ - چېچىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىر دۆۋە پىتنە-پاساتلارنى «بارات دېدى» دەپ ئەسئەت بىلەن ئۆچلەشتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن باراتنىڭ توغرا گەپلىرىگە ئەسئەت قۇلاق سالمايدىغان، كېيىنچە باراتقا نەق پۇل تۇتقۇزمايدىغان بولۇۋالدى...

ئايىمنىسا بۈگۈن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا باراتقا سەدىردىندىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى بەردى. ئۇ پوچۇركىنى تونۇدى، يوغان - يوغان يېزىلغان خەتنى ئوقۇۋاتقاندا، سەدىردىننىڭ دائىم تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان قاپىقى، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئەسلىدى. سەدىر-دىن گويا باراتقا تىكىلىپ تۇرۇپ، تەمكىن سۆزلىمەكتە ئىدى:

«بارات، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ سەن ئارقىلىق زاۋۇتتىكى بارلىق ئىشچىلارغا، كۆرگەن - بىلگەن ئەل - ئاغىنىلەرگە، سەن ئۈچۈن ئانا بولغان ئايىمنىساغا، قىزىم سائادەتكە كۆپتىن - كۆپ سالام. سالا-مەت تۇرۇۋاتامسىلەر، سائادەتتىن خەت كەلدىمۇ؟ ئۆي ئىچى تىنچلىق، تۇرمۇشۇڭلار خاتىرجەم ئۆتۈۋاتامدۇ؟ بىز تىنچ، سالامەت،

ھازىر ئالمۇتىدا تۇرۇۋاتىمىز. غازىباي بىلەن بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى. نۇرغۇن زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، بىر قىسىم ئەلا سوپەتلىك ئوسكۈنىلەرنى سېتىۋالدۇق، پىلانىمىزدا يەنە بىرنەچچە ئورۇنلارنى كۆرمەكچى. بىز ئانا ۋەتىنىمىز، گۈزەل شەھىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يار، ئاغىنىلىرىمىزنى سېغىنىپ ئەسلەپ پاراڭ قىلىشىمىز...

بىز موسكۋانى زىيارەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، زاۋۇتىمىزدىكى ئەسئەت بىلەن ئابدۇللانىڭ نامىدا يېزىلغان ئۈچىنچى خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. نېمە دېسەم بولار؟ بۇ خەت سېنىڭ ئۈستۈڭدىن يېزىلغان شىكايەتنامە ئىكەن. غازىباي خەتنى ئوقۇپ بەك ھودۇقۇپ كەتتى، مەنمۇ ئەجەبلەندىم. خەتتىكى بەزى گەپلەر ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. سېنىڭ مۇنچىۋالا تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىڭ مېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن، ماگىدىغان ۋاقىتتا قىلغان نەسىھەتلىرىم ساڭا زادىلا كار قىلماپتۇ. ئەسئەت، ئابدۇللا، ھەتتا ئىشچىلارمۇ سەندىن نارازى ئىكەن.

بارات، مەن ساڭا ئاتىلىق ھۆرمىتىم بىلەن شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ باشقىلارنى كۆزدە تۇتمىساڭ ياخشى بولمايدۇ. بىلىپ قويغىنكى، بۇ ئىش سەن ئۈچۈن چوڭ سىناق، سەن ھاياتقا بولغان نەزەر - دائىرەڭنى كېڭەيتكىن، مۇشۇ ئاساستا باللىق بۇرچۇڭنى ئادا قىل. ئاخىرىدا ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم شۇكى، غازىباي سېنى ئىشتىن بوشىتىش توغرىسىدا خەت يازماقچى بولغان ئىدى، مەن توسۇپ قويدۇم. بۇ قېتىم ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى قىلدى.

خەير، توغرا يولدا مېڭىپ مېنىڭ كۆتكىنىمدەك ئادەم بولۇپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

سالام بىلەن سەدىردىن
1940- يىل 2- ماي، ئالمۇتا»

بارات خەتنى ئوقۇپ تولىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ زاۋۇتتىن چىقىپ ئالتە شوئار مەھەللىسىنى ئارىلاپ باياندايى ئارقىلىق سۈيدۈڭ، ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، باياندايىنىڭ غەربىدىكى چوڭ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئەتراپ جىمجىت، ئۆستەڭ سۈيى تىمتاس ئاقماقتا. بارات ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇنتال تېگىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، كاللىسىدا سوئال تۇغۇلدى، «نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇنداق بوھتان چاپلىنىدۇ، بۇ چوقۇم ئابدۇللانىڭ ئويۇنى، ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن ئۆچلىشىدۇ، ئەسئەتچۇ؟... ئېھتىمال، ئۇ مېنىڭ ۋاقىتلىق ھېساب باشقۇرۇشۇمغا ھەسەت قىلىۋاتقاندۇ؟»

بارات زىيايەت زالىدىن چىقىپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئويلاپ ھەسرەتلىك تىندى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇللادىن كۆردى. ئارىمىزدا شۇنداق ئىنسانلارمۇ باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزى يۇقىرىغا ئۆرلەش ۋە بەختلىك ياشاشنى ئويلايدۇ، ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان ۋە مۇشۇ يولدا تىرىشىۋاتقان كىشىلەرنى پالاكەتكە ئىتتىرىدۇ. مۇنداق ئادەملەر يالغۇز ئابدۇللا ئەمەس، جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تېپىلىدۇ.

بارات ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، ئاندىن مەقسەتسىزلا شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سەدىردىندىن كەلگەن خەت ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. بارات بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كاۋاپ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۈستىگە كۆك خالات كىيگەن، شاپ بۇرۇتى ئاقارغان، پاكار بويى، دوپپىدوغىلاق كاۋاپچى باراتنى خۇش چىراي كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئارقىسىنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى. بارات 10 زىخ كاۋاپنى تەخسىگە سېلىپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋىدى، چىرايلىق بىر يىگىت يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بارات يىگىتكە سالام بېرىۋىدى، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب سالام قىلدى. ئىككىيلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت گۈللۈك تاش پىيالىغا

تولدۇرۇپ هاراق قۇيۇپ باراتقا سۇندى:

— سىزمۇ دەردمەن كۆرۈنىسىز، قېنى، بۇنى ئىچىڭ.

ئۇلار ئىچىشكەچ پاراڭلاشتى. بۇ يىگىت مۇھەببەت يولىدا ۋاپاسىز قىزلاردىن پەشۋا يېگەن دەردمەن ئىكەن. ئىككىيلەن خېلى كۆپ ئىچىپ ئېغىرلاشتى. بارات ئورنىدىن تۇردى.

— ئىككىمىز ئىككى بوتۇلكىنى بوشاتتۇق، ئەمدى يېتەر.

مەست يىگىت ئەلەڭ - سەلەڭ دەسسەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ باراتنىڭ قولىغا ئېسىلىپ كەيپچىلىكتە سۆزلىدى:

— ئولتۇرۇڭ دەيمەن. بۈگۈن تۈن تەڭگىچە ئىچىشىمىز، سىزدە پۇل بولمىسا، مانا مەندە بار،— مەست يىگىت يانچۇقىنىڭ ئەستىرىنى ئۆرۈپ، بىر سىقىم پۇلنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— رەھمەت،— بارات مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئولتۇرۇڭ دەيمەن. كېتەلمىسىگىز مەن ئاپىرىپ قويىمەن،— هېلىقى يىگىت باراتنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار يەنە بىرپەس ئىچىشتى، بارات قوپۇشقا تەمشەلگەندە، هېلىقى يىگىت ئۇنىڭ قولىغا يېپىشىۋالدى،— مەن سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن، سىزگە ئېيتىدىغان دەردىم كۆپ.

شۇ چاغدا ئارىغا كاۋاپچى چۈشتى:

— دۇكاننى تاقايدىغان ۋاقىت بولدى. مەن ئىككىڭلارغىلا قاراپ قالدىم.

ئۇلار ئىلاجسىز هالدا دەلدەڭشىگىنىچە كاۋاپخانىدىن چىقتى.

× × ×

بۈگۈن ئابدۇللا باراتنى چاقىرتىپ بىر پارچە خەتنى تەڭلىدى.

— نېمە خەت؟

— ئوقۇساڭ بىلىسەن.

بارات خەتنى ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ خەتتە باراتنىڭ ئىشتىن

بوشتىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىشنى ئابدۇللا ۋاقتىنچە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى يېزىلغان، خەت تەگكەن كۈنى ھېساباتنى ئابدۇللاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق ئېنىق بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدى. بارات ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا گۈس - گۈس دەسسەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## سەرسانلىق كوچىسىدا

1

بارات كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئايىمنىسا تاماق كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى تاماقنى باراتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى:

— نېمىشقا توۋلىسام چىقمايسەن؟

— مىجەزىم يوق.

— تامىقىڭ سوۋۇپ قالدى،— ئايىمنىسا ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا، پېشانىسىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس سوغۇق تەر تامچىلىرىغا قاراپ تەئەججۇپلەندى،— ئۇنداق بولسا، تامىقىڭنى يەپ ياخشىراق ئارام ئالغىن،— دېدى ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىپ، ئاندىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بارات كېچىچە زادى ئۇخلىيالمىدى. تۇساتتىن يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس بىر جاراھەت پەيدا قىلدى. ئۇ ئېغىر سۈكۈتكە چۆككەن ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ خىيال سۈرەتتى، سەدىردىننىڭ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئېسىگە ئالدى، ئابدۇللانىڭ تولىمۇ پەسكەش، ۋىجدانسىز ئادەملىكىنى چۈشەندى. ئابدۇللا باراتنىڭ بەخت يولىغا ئازغان كۆمۈپ، ئۇنى ئىنسانغا خاس تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن سۈيىقەست قاپقىنى قۇرۇپ، ئۇنى نابۇت قىلىشقا ئۇرۇندى.

چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرى باراتنىڭ ئىزدىنىش ئارزۇ-سىنى كۆچەيتىپ، مەكتەپتىن ئىبارەت بىلىم يۇرتى ئۇنىڭ ياشلىقتىكى چۇۋالچاق پىكىرلىرىنى يىغىنچاقلاپ، نېگىزلىك قاراشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇللا ئەسئەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ غازىبايغا يالغان خەت يېزىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىغا قاپقان قويغانلىقىنى بارات ئەمدى تولۇق بىلىپ يەتتى. سەدىردىندىن كەلگەن خەت ۋە غازىباينىڭ ئاخىرقى قېتىم يازغان خېتىنىڭ سەۋەبچىسىمۇ يەنىلا ئابدۇللا ئىدى. ئۇ ئەمدى بۇ يەردىن كېتىپ باشقىچىرەك تۇرمۇش يولى تېپىشنى ئويلىدى. شۇڭا، ئۇ تۈن يېرىمدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىمنىساغا يېزىپ قالدۇرغان خېتىنى تەكيە بېشىدا قويۇپ بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئايىمنىسا ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئۆي ئىچىنى كۆزەتتى. ئايىمنىسا يېنىك - يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ تۇيدۇرماي ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى. «كۆز پەسلى كەلسە قۇشلار ئۆزىگە ئىسسىق ماكان ئىزدەيدۇ. ئەمدى مېنىڭمۇ ماكانىمغا كېتىدىغان ۋاقتىم كەلدى. ھەرنېمە بولسا، تاڭ سۈزۈلگۈچە بارىدىغان يېرىمگە بېرىۋالاي».

بارات شۇ خىيال بىلەن ھويلىدىن تالاغا چىقتى. ئۆزى بىرقانچە يىل ھايات كەچۈرگەن قورۇغا ئۇزاق تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلدى، ئاندىن پىچىرلىدى: «ماڭا ھاياتلىق يولى تېپىپ بەرگەن، بېشىمنى سىيلىغان قەدىردانلىرىم، مەن چوقۇم بەرگەن تۇزۇڭلار ئۈچۈن جاۋاب قايتۇرىمەن».

ئەتراپ قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەرگە قارىدى، دەرەخ شاخلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شىلدىرلاپ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۈگۈنكى قاراڭغۇ كېچە باراتقا قىيا ئاچقان بەخت ئىشىكىنى ياپقان كېچە ئىدى. بارات شەھەرنى نىشان قىلىپ مېڭىپ تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

# 2

قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن گۈرۈلدەپ ئۆتۈۋاتقان يېنىك شامال يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ ئۇيەر - بۇيەردىكى ئەخلەت دۆۋىلىرى ئۈستىدىكى دۆۋىلىشىپ كەتكەن تاشلاندۇق كۆن - خۇرۇم پۇرۇچلىرىنى يېنىك لەپىلدىتەتتى.

تۈن قاراڭغۇسىدا زاۋۇت قورۇسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان، رەتلىك سېلىنغان ئامبارلارنى كۆزەت قىلىۋاتقان جېسەكچىنىڭ ياغاچ كالتىكىدىن چىققان «تاق - تاق» ئاۋاز كېچىنىڭ ئېغىر جىملىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. جېسەكچى زاۋۇت قورۇسىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئەتراپىنىڭ تىنچ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ بىردەم ئارام ئېلىش مەقسىتىدە ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يانچۇقىدىن موخۇركا خالتىسىنى ئالدى. بىر تال موخۇركا ئوراپ سەرەڭگە ياقتى. لېكىن، غۇر - غۇر شامال سەرەڭگىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ ئاخىر بىر تال سەرەڭگىنى قولىنى دالدا قىلىپ ئېهتىيات بىلەن يېقىپ، موخۇركىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ شوراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئامبارنىڭ غەربىدە بىرقانچە كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ، بىرسى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ تېرەكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى، ئاندىن جېسەكچىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېقىنلاشتى- دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن تاشلىنىپ جېسەكچىنىڭ گېلىنى بوغدى. كۆلەڭگىنىڭ قولى بىرپەستىن كېيىن ئۇنىڭ كېكىردىكىدىن ئاجرىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كۆلەڭگە سەرەڭگە يېقىپ بەلگە قىلدى، ئامبار كەينىدىن ئىككى كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ جېسەكچىنىڭ پۇتىدىن سۆرەپ ئامبارنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىققا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. جېسەكچىنى بوغقان ئېگىز بوي، لەگلۇش بىرسى ئۈچ قېتىم سەرەڭگە ياندۇرۇۋىدى، شۇ هامان تەرەپ - تەرەپتىن بىرنەچچە كىشى ئامبار ئەتراپىدا پەيدا بولدى. جېسەكچىنى

بوغقان ئېگىز بوي لەڭگۈش يانچۇقىدىن ئاچقۇچ ئېلىپ خاتىرجەم ھالدا ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىشىك ئېچىلىش بىلەن تەڭ بىرنەچچە كىشى ئامبار ئىچىگە كىرىپ، ھەرقايسىسى بىردىن يەشىكنى كۆتۈرۈپ زاۋۇتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تامدىن تېشىلگەن تۆشۈك ئارقىلىق يەشىك - يەشىك مالنى سىرتقا توشۇدى. دەسلەپ ئامبارغا ئاچقۇچ سالغان ئېگىز بوي كىشى قويىنىدىن 3 — 4 بوتۇلكا بېنزىن ئېلىپ ئامبار ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپ چاچقاندىن كېيىن، سەرەڭگە يېقىپ ئوت تۇتاشتۇردى. ئوت قىزىل يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، ئېگىز بوي كىشى خاتىرجەم بولغاندەك زاۋۇت قورۇسىدىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. يەشىكلەر بېسىلغان ئون نەچچە ھارۋا بايانداي ئارقىلىق سۆيدۈڭغا، ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان چوڭ يولغا چۈشتى. ھارۋىلار مۈڭلۈق غىچىرلاپ يول كەسمەكتە ئىدى.

زاۋۇت قورۇسى بەش چاقىرىم يىراقلىقتا قىزىل يالقۇن ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇ تەرەپتىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى. ھېلىقى ئېگىز بوي لەڭگۈش ھارۋىلارنىڭ بىرىدىكى يەشىكلەرنىڭ ئۈستىدە پاختىلىق كەمزۇلنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، كۆڭلىنى ۋەھىمە چۇلغىۋالغان بولۇپ، سىيرىلىپ كەتكەن چاپىنىنى تارتىپ يېپىنىۋېلىپ، بۇلۇتلۇق ئاسمانغا كۆز تىككىنىچە خىيالغا پاتتى. «ئەنە، باراتىنىڭ ئۆمۈر يولىغا قويغان قاپقان ئىشقا ياراۋاتىدۇ، قېنى ئەمدى ئۇنىڭ شەھەر كېزىپ ھەشەمەتلىك سارايلاردا، چارلاقلاپ تۇرىدىغان يورۇق زاللاردا كۆڭۈل ئاچقىنى؟ كەلگۈسىدە سائادەتنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگىنى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيال، كەلگۈسىدە سائادەت چوقۇم مېنىڭ بولىدۇ. غازىبايىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپ، زاۋۇتنىڭ ھوقوقىنى ئىگىلەيمەن. ئەمدى بارات ئۈچۈن بەختلىك تۇرمۇش ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشكە ئوخشايدۇ...»

قاراڭغۇ كېچىدە ھارۋا بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ بارماقتا. ھارۋىنىڭ چوقىيىغا يۆلىنىپ دوپپىسىنى قېشىغىچە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان ھارۋى-

ـكەش ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ 30 نەچچە يىلدىن بېرى ھارۋىكەشلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن ئىدى. ھارۋىنىڭ غىچىرلىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇللانىڭ خىيالى جاھان كەزمەكتە. شۆھرەتنىڭ مەست قىلغۇچى تۇيغۇلىرى ئابدۇللانىڭ كۆڭلىگە لەززەت بېغىشلاپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇرغان يۈرەكنىڭ دولقۇنلىرى كۆڭلىنى تىنچلاندۇرمايتتى. «ئاق يۈزلۈكلەرنىڭ دىلى قارا بولۇشىغا ھەيران قالما، ئۇنداقلارنىڭ تېشى ئاق بولغىنى بىلەن ئىچى قارىدۇر»، مۇنداق قارا نىيەتلەر پۈتۈن دۇنياغا قارا ئىز سېلىپ، دۇنيانى كېزىپ يۈرۈشىدۇ.

پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ مورىلىرى قارىيىپ كۆرۈنىدۇ، ھارۋىلارنىڭ ئەنسىز غىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. زاۋۇت ئىچىدىن چىققان ئوت يالقۇنى كۆچىيىپ، ئىس - تۈتەكلەر ئاسمان بوشلۇقىنى قاپلىغان بولۇپ، ھارۋىلارنىڭ تاراق - تۇرۇق، غىچىر - غىچىرى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىپ، بۇ غىچىرلاش، تاراق - تۇرۇقلار بارغانچە كۆچىيىپ بارىدۇ. يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ مۇڭلۇق غىچىرلاش كىشى كۆڭلىگە ھەسرەتلىك مۇڭ سېلىپ ئۆتىدۇ...

ھارۋا ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى. ئابدۇللا ھارۋا ئۈستىدىن پەسكە ئېگىشىپ قارىدى- دە، ھارۋىكەشكە سەت ۋارقىرىدى:

— ھە، نېمە ئىش؟

— بايۋەچچە، ئالدىمىزدا شەپە بار.

— ھۇ توخۇ يۈرەكلەر! شۇنچە كۆپ ئادەم تۇرۇپمۇ شەپىدىن قورقۇمدىكىنە؟

دەل شۇ چاغدا تۆت ئاياغلىق بىر مەخلۇق شىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ھارۋىكەش ئېتىنى قامچىلىۋىدى، ماڭماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ ئاتنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتكەندە، سېرىق ئىتقا ئوخشاش بىرنېمىنىڭ يول چېتىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. «ئۆلۈپ قالغان تۈلكە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ھارۋىكەش ئۇچىسىدىكى جۇۋىنى سېلىپ، جۇۋا بىلەن بېسىۋالدى، لېكىن ئۇ بىرنېمە مىدىر - سىدىر قىلمىدى. جۇۋىنى قايرىپ قارىسا، ئوۋچىلارنىڭ ئوغىسىنى يەپ ئۆلۈپ

قالغان تۆلكە ئىكەن. ھارۋىكەش تۆلكىنى ئېلىپ تاغارغا سېلىۋاتقاندا، ئابدۇللا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى- دە، ھارۋىكەشكە ۋارقىرىدى:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— ئۆلۈپ قالغان تۆلكىنى تېپىۋالدىم.

— ھە، تەييارغا ھەييار بوپسەنده!— دېدى ئابدۇللا. تۆلكە سېلىنغان تاغارنى ھارۋىكەشتىن تارتىۋالدى،— بۇ ئولجا ماڭا مەنسۇپ، سەن ھارۋاڭنى ھەيدەشنى بىل!

ھارۋىلار يول بويىدىكى ئۆتەڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئابدۇللا بىرنەچچىنى چۈشكۈرگەندىن كېيىن، تاراقلىتىپ چوڭ ئەگىنىنى ئۇردى. چوڭ ئەگىن غىچىرلاپ ئېچىلىپ كالتە - كالتە يۆتىلىپ بىر قېرى چال چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپقا تولۇق كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن، ئابدۇللانى تونۇپ:

— قېنى، ئىچكىرى كىرىڭلار باللىرىم،— دېدى.

چوڭ ئەگىن ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ھارۋىلار ساراي ئىچىگە كىردى. يەشكلەر چۈشۈرۈلۈپ ئابدۇللانىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك ئەتراپقا بىرقۇر قارىۋېلىپ، يانچۇقىدىن موخۇركا ئېلىپ ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ، شورىۋالغاندىن كېيىن، قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ھېلىقى چال بىلەن گۇدۇڭشىپ سىرلىق بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقان پاكار بوي كىشىنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئۇ كىشى ھارۋىكەشلەرگە كىرا ھەققىنى تارقىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھارۋىكەشلەر ئاتلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا سامان سېلىنغان تورۋىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى. ئابدۇللا سارايۋەننى توۋلىدى:

— ھەي ھەسەن ئاكا، پەنەرنى ئېلىپ چىققىنا!

سارايۋەن چال تاش پەنەرنى يورۇتۇپ چىقتى. ھارۋىكەشلەر ھالقا بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئىككى چاڭگال كۆمۈش ئۇزاتتى:

— مانا ماۋۇ پۇلنى ئىككى تەڭگىدىن تارقىتىپ بېرىڭلار.

پاكار بوي بىرسى بوۋاينىڭ قولىدىكى تاش پەنەرنى ئالدى، يەنە بىر كىشى هارۋىكەشلەرگە پۇل تارقىتىپ بەردى. پاكار بوي كىشى قولىدىكى بىرقانچە تەڭگىنى ئابدۇللاغا ئۇزاتتى.
— مانا ماۋۇ ئېشىپ قالغىنى.
ئابدۇللا تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن:
— هەسەن ئاكا، بۇياققا كەلگىنە،— دەپ توۋلىدى. چال دوڭغاقلاپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ چالنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ ئېيتتى،— كېچىچە سېنى ئۇخلاتمىدۇق، بىئارام قىلدۇق، كەچۈرگىن. بۇ ماللار بىرنەچچە كۈن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە هارۋا ئۇقۇشۇپ يۆتكەپ كېتىمىز. ئاز بولسىمۇ بۇ سېنىڭ خىراجىتىڭ،— ئۇ قولىدىكى بىرنەچچە تەڭگىنى هەسەن ئاكىغا ئۇزاتتى،— كىمى بولسا مالنى يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن تولۇقلىۋېتىمەن. سەن شەھەردىن چىققان هېزىمباي دېگەن سارايۋەن كىشىنىڭ هارۋىسىغا بۇ ماللارنى بېسىپ بەرگىن.
بوۋاي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغاندەك، يەلكىلىرىنى قىمىرلىتىپ، ئاپئاق ساقاللىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:
— بولىدۇ، شەھەردىن هارۋا چىققۇچە بۇ ماللارنى ساقلاپ، هارۋىغا ئۆزۈم بېسىپ بېرىمەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار.
هارۋىكەشلەر هارۋىلىرىنى هەيدەپ سارايدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كەتتى. پاكار سوقما تام بىلەن ئورالغان ئاختىخانىنىڭ بىر تەرىپىدىكى غوۋا ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان جايدا بىر ئورۇق ئات كالپۇكلىرىنى ساڭگىلاتقانچە مۈگدەپ تۇراتتى. ئات هارۋىسىنىڭ يېنىدا بۇرۇتىغا ئاق سانجىلغان ساقاللىق بىر كىشى ئۆزۈن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇراتتى.
— خەير - خوش، هەسەن ئاكا بىز قايتايلى.
ئابدۇللا هەسەن بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، هارۋىكەشنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىپ ۋارقىرىدى:
— هوي قېرى جوهۇت، قوپمامسەن!

مۆگدەپ قالغان بوۋاي دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئاتنىڭ ئوقۇرىدىكى سامانلارنى يىغىشتۇرۇپ، هارۋىنى جابدۇدى.

— كەچۇرسىلە، بايۋەچچە، غەپلەت بېسىپ مۆگدەپ قاپتىمەن، — دېدى.

ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى هارۋىغا چىقىشتى. هارۋىكەش قامچىسىنى تارسىلدىتىپ سوققاندىن كېيىن، هارۋا چوڭ ئەگىندىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

× × ×

بارات سەدىردىنىنىڭ ئۆيىدىن، زاۋۇتتىن ئايرىلىپ هېزىمبەگنىڭ سارىيىغا كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولدى. بۇ سارايغا كۆپىنچە ئالتە شەهەرلىك سودىگەر، ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلار چۈشەتتى، ئۆتكۈنچىلەر چۈشىدىغان بۇ ساراي بۇگۇن باشقىچە ئاۋات ئىدى.

بارات سەدىردىنىنىڭ ئائىلىسىدىكى چاغدا كەلگۈسى تۇرمۇشقا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، تاسادىپىي كېلىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلىمىغان ئىدى. غېرىبلىق - مۇساپىرلىق ئانىسىغا بولغان سېغىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بارات يۇرتىدىن ئايرىلغان بىرقانچە يىل ئىچىدە ئانىسىنى پات - پات ئەسلەپ تۇراتتى. ئانىسىنى چۈشەپ قېلىپ، چۈشەكەپ ئانىسىنى تۇۋلاپ ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ هازىر ئانىسىنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قانغۇچە مۇڭداشقۇسى، دەردىنى تۆكۈپ، تارتقان ئازابلىرىنى ئېيتىپ بەرگۈسى كېلەتتى.

بارات مۇساپىرچىلىق كوچىسىغا يەنە قەدەم باسقاندىن كېيىن، ئېپىدىرەك ئىش بولسا ئىشلەپ، تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى، لېكىن ئېپىدىرەك ئىش تاپالمىدى. بارات بۈگۈن ئەتىگەن ناشتا قىلىۋاتقاندا، چاچ - ساقىلىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، ئۇچىسىغا ئاق خەسىدىن يەكتەك كىيىپ، بېلىنى شايى بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغان هېزىمبەگ

كىرىپ كەلدى.

— قىينى ھېزىمكا، يۇقىرى ئۆتسىلە.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ بىر - ئىككى كۈندىن بېرى ھېچ كۆرۈنمەيسەنغۇ، بىرەر جايدىن ئېپىدىرەك ئىش تاپالىدىڭمۇ؟— دەپ سورىدى ھېزىمبەگ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ئۇيەر - بۇيەرگە باردىم، ئېپىدىرەك ئىش تاپالمىدىم.

— ئېپىدىرەك ئىش بولسا قىلامسەن؟

— قانداق ئىش؟

— مەندە بىر ئات ھارۋىسى بار، ھەيدەپ بېرەمسەن؟

— ماقۇل.

3

توپادەڭ ئەتراپىدىكى چايخانا ياز كۈنلىرى كەچتە قىزىپ كېتىدۇ. ئىشتىن يانغانلار ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ بىر - ئىككى چەينەك چاي ئىچىپ مۇڭدىشىدۇ. بۇ چايخانىغا كۆپىنچىسى ياشانغانلار كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر بار. بەزىلەر ئالتاي، چۆچەك، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى توغرىسىدا پاراڭ قىلىشسا؛ بەزىلەر قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا توغرىسىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە قىلىشىدۇ.

بۇ چايخانىدا بىرنەچچە مۇساپىر بالىلار ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خېرىدارلارغا چاي تۇشۇسا، بەزىلىرى سۇ توشۇپ چاي قاينىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. چايخانىنىڭ كەڭ سۇپىسىدا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلار ئىچىدە دوغلاقراق كەلگەن، قارا قاش بىر يىگىت يېنىدىكى ئېگىزرەك بىرسىنى نوقۇپ، چايخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئېسىقلىق تەمبۇرنى ئىشارەت قىلىشىدى، ئېگىز بوي يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ تەمبۇرنى قولىغا ئالدى- دە، پەدىسىنى تۈزەپ، ناخشا ئوقۇشقا باشلىدى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

...

ئېگىز بوي يىگىت تەمبۇرنىڭ تارىنى يېنىك چېكەتتى. تەمبۇر ئاۋازى يارىلانغان كۆڭۈللەرگە تېگىپ، تاملارنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن ئەكس سادا كېلىپ، چايخانا ئىچىنى پىغانلىق ناخشا ساداسى قاپلىدى. تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق كۈيىدىن ھەممە كىشى سۈكۈت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئوچاق ئالدىدا چاي قايىنىتىۋاتقان بىر مۇساپىر يىگىت ناخشىنى بەكمۇ بېرىلىپ تىڭشىماقتا ئىدى. يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ ناخشا كىشى قەلبىگە مۇھەببەت ئەستىلىكلىرىنى سىلىپ ئۆتەتتى. بىر يىگىت تەمبۇر چېلىۋاتقان يىگىتكە كۆزىنى قىسىۋىدى، ئۇ تەمبۇر چېلىشنى توختىتىپ قويدى. شۇ چاغدا يەنە بىر يىگىت سۆز باشلىدى.

— ئاغىنىلەر، چاي ئىچىشىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

— ئەمدى نېمىش قىلىمىز؟— دېدى يەنە بىرسى.

— نېمىش قىلاتتۇق،— دېدى بىر يىگىت،— سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلىمىز.

— شۇنداق قىلايلى.

ئۇلار سوقا ـ سۆھبەت قىلىشقىنىچە چايخانىدىن چىقىپ كەتتى. توساتتىن چايخانا خوجايىنى توختاشھاجىمنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھوي نۇردۇن!

— مانا مەن ھاجىمكا.

— سەن چىقىپ بىر خىش چاي سېتىۋېلىپ كىرگىن.

— ماقۇل.

ھېلىقى يىگىت قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي چايخانىغا بۇرۇتلۇق، پاكارراق بىر بايۋەچچە كىردى. ئۇ ئەتراپقا تولۇق كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن،

كارىۋات ئۈستىدە خالىي ئولتۇرۇپ، دەملەنگەن چاينى چەينەكتىن پىيالىغا قۇيۇپ سورۇۋاتقان ئېگىز بوي، سالاپەتلىك سودىگەر كۆزى چۈشتى ـ دە، ئىتتىك قەدەم ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قارىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھارمىغايلا.

ئېگىز بوي سودىگەر ئۇنى يېنىدىكى بوش جايدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بايۋەچچە ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، مۇلايىم كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئۇزاقتىن بويان كۆرۈنمەيدىلىغۇ؟— دېدى.

— سودا ئىشى بىلەن بولۇپ كۆرۈشەلمىگىنىممۇ راست.

— ھەزرەتلىرى، يەنە بىر يەرگە سەپەر قىلامدىلا؟

— مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە تۇرپانغا چۈشمەكچىمەن.

— مەنمۇ قەشقەر تەرەپكە سەپەر قىلماقچى ئىدىم، يولغا چىققۇچە ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كەلدىم. دۇكان تاقاقلىق ئىكەن، ھەرنېمە بولسا بۇ يەردە يۈز كۆرۈشۈپ قالدۇق.

ئېگىز بوي سودىگەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىدى، كېيىن ئېھتىرام بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم. ئەپسۇسكى، سىلىنىڭ قەشقەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدا مېنىڭ تۇرپانغا جابدۇغىنىم تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولدى،— دېدى

— كېرەك يوق، سودىگەر دېگەن سودا بىلەن جان باقىدىغان تۇرسا، بۇنى ئەيىب سانىغىلى بولامتىمۇ؟

— بۇغۇ شۇنداق، لېكىن بىللە بارساق ياخشى بولاتتى.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، خۇدا خالىسا مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىز ۋىسال تاپقۇسى.

ئېگىز بوي سودىگەرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ چەينەكنى پىيالىغا ئېڭىشتۈرگەن ئىدى، چاينىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ، چاي دەملەۋاتقان خىزمەتچى بالىغا قاراپ:

— ھەي ئۇكا، بىزگە بىر چەينەك چاي ئەكەل،— دېدى.

خىزمەتچى بالا چەينەكنىڭ ئۈستىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، بىر چەينەك چاينى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ بەردى.

— بۇ يىگىتنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ؟— دېدى بايۇەچچە ئىگىز بوي سودىگەرگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— شۇنداق،— دېدى سودىگەر،— مەن بۇ يېتىمچى باللارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قەشقەردىن بىللە ئېلىپ چىققان. ئۆتكەن قېتىم قەشقەرگە بارغاندا بىر يېتىمچى بالىنىڭ ئانىسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ ئوغلىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئاڭلىسام، مەزلۇمنىڭ ئېرىنى بەگ ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن، بالىسى بەگنىڭ ھۇجرىسىغا ئوت قويۇپ غۇلجىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى يىراق سەھرالاردا كۆنەكەپ يۈرۈپتۇ. ئۇ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ غۇلجىغا بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىشىمنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئىلاجىم نىمە، بۇ قېتىم ئاجىز مەزلۇمنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقتىم، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوغلىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالمىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققانلار ئىشلەمچى بولۇپ يېزىغا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ مەزلۇمنىڭ قولىغا ئاز ـ تولا پۇل بېرىپ ئوغلىنى ئىپىۋېلىشنى ئېيتتىم. ئۇ مەزلۇم ئوغلۇمنى تاپقاندىن كېيىن، سۆيدۈگۈدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا كېتىمەن دەۋاتاتتى.

— ناھايىتى ياخشى ئىش قىپسىلا، بىر ئاجىزەنى يۆلەپ ھەج قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئاپتىلا،— دېدى بايۇەچچە.

ناماز ئەسىر قىستىغانلىقتىن، ئۇلار ئورنىدىن قوزغىلىشتى. چايخانا خوجايىنى توختاشاھاجىم ھېلىقى ئىككى خېرىدارنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، مەسە ـ كالىچىنى كىيىپ، دۇرۇت ئېيتقىنىچە مەسچىتكە كەتتى. چايخانىدا خېرىدارلارمۇ ئۈزۈلدى. نۇردۇن ئارام ئېلىش ئۈچۈن كارىۋات ئۈستىگە يانپاشلىدى. توساتتىن چايخانىغا 40 ياشتىن ھالقىغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاق داكا رومىلىنى سەل قايرىۋېتىپ نۇردۇنغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە سورىدى:

— ئوغلۇم، توختاشاھاجىمنىڭ چايخانىسى مۇشۇمۇ؟

— ھە، مۇشۇ، بىرەرسىنى ئىزدەملا،— دېدى نۇردۇن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— نۇردۇن دېگەن يىگىتنى ئىزدەيمەن.

— نۇردۇن دېگەن مەن بولىمەن،— دېدى ئۇ ئايالنىڭ باش ـ ئايىغىغا تولۇق سەپسېلىۋالغاندىن كېيىن.

ھېلىقى ئايال سەل جىددىيلىشىپ قالدى ـ دە، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ:

— جېنىم ئوغلۇم، سەن نۇردۇن بولامسەن، سېنى ماڭا خۇدا يەتكۈزدى. سېنى ئىزدەپ ئىككى كۈن ئاۋارە بولدۇم، سەنمۇ قەشقەرلىكمۇ؟

— ھەئە،— نۇردۇن ھەيران بولغان ھالدا جاۋاب بەردى.

— سەن قەشقەرنىڭ نەرىدىن؟

— ئاۋاتتىن.

— غۇلجىغا قاچان چىققان؟

— سەككىز يىل بولدى.

— قەشقەردىن چىققان بارات دېگەن بالىنى تونۇمسەن؟

ئىشىكتىن كىرگەن شامال ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئالاڭغۇراتتى. نۇردۇن ھېلىقى ئايالغا يېقىنراق كېلىپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— سىلى باراتنىڭ نېمىسى بولىدىلا؟

— ئانىسى بولىمەن،— ئايال بىرھازا سۈكۈتتە تۇردى، كېيىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ئوغۇللىرى بۇ يەرگە قاچان چىققان؟

— بەش يىل بۇرۇن.

— راستما؟

— ھەئە.

نۇردۇن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئايالمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى ۋە ناۋات كىرى بولغان ئاق داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئېيتتى:

— بالام، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى. مۇڭدىشىشقا ئازراق ۋاقتىڭ يېتەرمۇ؟
— ئەلۋەتتە يېتىدۇ. نېمە گەپلىرى بولسا ئېيتىۋەرسىلە.
— بۇ يەر سۆزلىشىشكە ئەپسىزكەن، باشقا جايدا سۆزلەشسەك بولامدۇ؟
— ماقۇل، سىلى سىرتتا تۇرۇپ تۇرسىلا. خوجايىن كەلسە، مەن رۇخسەت سوراپ چىقاي.
توختاشھاجىم ناماز ئەسىردىن قايتىپ كەلگەندە، نۇردۇن قەشقەر-دىن بىر تۇغقىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ رۇخسەت ئېلىپ، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئورۇق، ئېگىززەك بىر ئايال خىزمەتچىگە تاپىلاپ قويۇپ دۇكاندىن چىقىپ باراتتىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئايال نۇردۇننى باشلاپ كوچىنىڭ چېتىدىكى تورۇسى ئىسلانغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كىردى، نۇردۇننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىپ، ئاندىن بېشىدىكى روملىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئەكەلدى.
— بالام، سەن بارات بىلەن قانداق تونۇشسەن؟— دېدى ئايال نۇردۇنغا قاراپ.
— بىز كونا تونۇش،— دېدى نۇردۇن،— ئىككىمىز ھېزىمباي دېگەن كىشىنىڭ سارىيىدا تونۇشقان، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتۇنچىلىق قىلىپ كۆپ ئۆتكۈزدۇق. يامغۇرلۇق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ بىر كۆزى پۇل بىلەن توشتۇرۇلغان خۇرجۇننى تېپىۋاپتۇ ۋە خۇرجۇننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇ ياخشىلىقى ئۇچۇن باي شۇ كۈنىلا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە بىللە ئېلىپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە، ھازىر شۇ باي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىمىش.
ئۇنىڭ سۆزىدىن ئايالنىڭ كۆزىدە شادلىق يېشى ئەگىدى.
— باراتنىڭ ھازىرقى تۇرۇشلۇق جايىنى بىلەمسەن؟
— كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدا ئىشلەۋېتىپتىمىش.
— مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىلدىن ئاشتى،— دېدى ئايال

كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ،— ئۇ دادىسىنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئامانىتى ئىدى.

ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. كەچ كىرگەندە نۇردۇن نۇرپاشا بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىدىن چىقتى.

× × ×

ھېزىمباي ناماز ئەسىردىن كېيىن سىرتقا چىقتى. ئۇ كوچا ئارىلاپ مېڭىپ دوقمۇشتىكى دۇكان ئالدىغا كېلىپ توختىدى- دە، دۇكاندار ياسىن قارىم بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

ياسىن قارىم كوچا دوقمۇشىدىكى سايىۋەن تۇتقان دۇكان ئىچىدە ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى. ئۇ ھېزىمبەگنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغىلىپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى دۇكان ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. دۇكان ئىچىدىكى پەشتاختىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامنىڭ تاكچىلىرىگە، پەشتاختا ئۈستىگە توپ - توپ يۇڭ رەختلەر، بەقەسەم، دۇخاۋا تىزىپ قويۇلغان ئىدى. ياسىن قارىم مۇلايىم، سىلىق، لېكىن سودا ئىشلىرىدا قاتتىق ئىدى. ئۇ ھەر قانداق ھاجەتمەننى يۇمشاق گەپ بىلەن مايىل قىلىپ، ئۆز ماللىرىنى خېرىدارلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇچە ماختايتتى، بەزى مالنىڭ كىراسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئىزلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خېرىدارغا ئۆز ماللىرىنى ئەڭ تۆۋەن نەرخقە چۈشۈرۈپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى سودىسى ئۆزى كۈتكەندەك بولمىدى، شۇڭا ئىچ - ئىچىدىن پۇشقۇنۇپ ئولتۇرغاندا ھېزىمباينىڭ كېلىشى ئۇنىڭدا يېڭىچە بىر ئوي - خىيال ھاسىل قىلدى، ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى بىكارلاپ، ئۆزى پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— ئۆزلىرىنىڭ قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي.

— ئۆتكەن قېتىمقى ئىش توغرىسىدا سىلى بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كېلىۋىدىم.

— قايسى ئىشنى دەيدىلا؟

— ھېلىقى سىلى دېگەن توشۇيدىغان مال توغرۇلۇقچۇ؟

— ھە، مۇنداق دېسىلە،— ئۇ سەل ئېسىنى يىغىپ، ئاندىن ھېزىمىدىن كۆزىنى باشقا ياققا يۆتكەپ، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، سەل - پەل سۈكۈتتە چۆككەندىن كېيىن دېدى،— ھە، توغرا، توغرا، ھېلىقى يۆتكەيدىغان ئاياغ دېسىلە. بۇ توغرۇلۇق قاشلىرىغا مەسلىھەتكە بارماقچى ئىدىم، كەلگەنلىرى ناھايىتى بەلەن بوپتۇ. مال يۆتكەش ئۈچۈن ئادەم ئۇقۇشمىغانلا؟

— يوقسۇ.

— يۆتكەيدىغان ماللار ئاياغمىدى؟

— مال ئىگىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسمى كۆن - خۇرۇم، بىر قىسمى ھەر خىل ئاياغمىش.

— مال ئىگىسى بىلەن قانداق تېپىشىپ قالدىلا؟

— بۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن،— دەپ، بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ سۆس تەبەسسۇم بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى سودىگەر،— بىر كۈنى دۇكاننى تاقاپ جۈمەگە تەرەت ئالاي دەپ مېڭىۋاتسام، سالاپەتلىك بىر كىشى ئالدىمغا كەلدى ۋە سالاملاشقاندىن كېيىن «ياسىن قارىي دېگەن سىلى بولامدىلا؟» دەپ سورىدى. «خوش، مەن بولىمەن» دېدىم. «مەندە ساتىدىغان كۆن - خۇرۇم، ئاياغ بار ئىدى،— دېدى ھېلىقى كىشى،— ئۇرۇمچىگە يۆتكىمەكچى ئىدۇق، شېرىكىمىز يول ئۈستىدە ئاغرىپ قالدى. مالنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ بىرقانچە سودىگەر بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىم، ھەممىسىنىڭ قولى قىسقىكەن، ئۆزلىرىنىڭ نام - ئاتاقلىرىنى ئاڭلاپ پۇتۇشۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس دەپ كەلدىم. مانا بۇ، ئاياغلارنىڭ ئەۋرىشكىسى». ھېلىقى كىشى قولتۇقلىۋالغان تۈگۈنچەكنى ئېچىدىن ئەر - ئاياللارچە ئاياغلارنى ئېلىپ پەشتاختىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇنى سىنچىلاپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىم، خېلى يامان ئەمەس تىكىلگەن ئاياغلار كەن. خېلى دەتالاشتىن كېيىن، ئاياغ بېشىدا بىر تەڭگىدىن چۈشۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، مال ئىگىسى بىلەن كېلىشىپ قالدۇق. بۇ مالنى ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان چوڭ يول بويىدىكى ھەسەن

بوۋاينىڭ ئۆتكىدىن يۆتكۈۋېلىشىمنى ئېيتتى.
— ئاياغ بېشىدا ئىككى تەڭگە ئۇندۇرۇۋالدىم دېسىلە. ئۆزلىرىمۇ بوش كەلمەيلا، — دېدى ھېزىمباي سودىگەرنى ماختاپ، — مېنىڭ مۇددىئايىم توغرا چىقتى. مەنمۇ دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن. مال توشۇيدىغان ئادەم ئۇقۇشۇپ قويغان ئىدىم.
— كىمنى؟
— سىلى قەشقەردىن ئېلىپ چىققان ھېلىقى باراتنى.
— ياخشى قىپتىلا، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەندەك، بۇ مالنى ھازىرچە سىلىنىڭ سارايىغا يۆتكەپ، كېيىنچە قەشقەرگە يۆتكىسەممىكىن دەيمەن، سىلىنىڭچە قانداق؟
— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، سارايدا بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بىكار. مالنى قاچان يۆتكەيمىز؟
— يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن يۆتكەيلى. بۇ ئىشتا سىلىنىمۇ، مال يۆتكىگەن ئادەمنىمۇ ئوبدان رازى قىلىمەن.
— ھە، راست، سىلىگە ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن باراتنىڭ ئانىسىنى قەشقەردىن ئالغاچ چىققان. مالنى توشۇپ بولغاندا، ئۇنى ئانىسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قوياي.
— باراتنىڭ ئانىسى قېشىمغا كەپتىكەن، توختاشھاجىمنىڭ چايخانىسىدىكى نۇردۇننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتىمەن. بارات مالنى توشۇپ بولۇپلا سىلى بىلەن كۆرۈشسۇن.
ھېزىمباي سودىگەر بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

# ئون بەشىنچى باب

## دەرد - ئەلەم

1

تەگرىتاغىنىڭ چوققىلىرىنى قاپلىغان ئاپئاق قار ئەتىگەنكى شەپەق نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىرايتتى. جىمجىت شەھەرنىڭ تار ۋە ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرى، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان ئۆيلىرى كۆڭۈلگە ئاللىقانداق بىر مۇڭ سېلىپ تۇرىدۇ. ئۆكتەبىرنىڭ سوغۇقى شەھەرلىكلەرنىمۇ ئالدىرىتىپ قويغان. ئۇلار قىشىچە قالايدىغان كۆمۈرلىرىنى سوغۇق چۈشۈشتىن بۇرۇن ئەكىلىۋېلىش، بالا - چاقىلىرىنىڭ يېلىك - يوپۇقلىرىنى غەملىۋېلىش ئۈچۈن ھاۋانىڭ ئىللىقراق بولۇشىنى تىلەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشقاندەك، كۈلۈپ چىققان قۇياش شەھەرگە نۇر چاچماقتا ئىدى.

ئانىسى توغرۇلۇق تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ خەۋەر باراتنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي، ئۆزىنى باسالماي سەكرەپ كەتتى، مېھرىبان ئانىسىنى ھازىرلا ئىزدەپ تېپىپ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلىۋەتكۈسى كېلەتتى. «ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئانام مېنى ئىزدەپ شۇنچە يىراق يەردىن كەپتۇ. ئەتىلا توختاشھاجىمنىڭ چايخانىسىغا بېرىپ نۇردۇننى ئىزدەپ تېپىپ، ئانامنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرۈشىمەن. ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرىگە تەشنا باغرىمنى قاندۇرىمەن. ئانا، خۇدا بىزنى يەنە ئۇچراشتۇرىدىغان بولدى. ئېغىر كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا مەن سېنىڭ مەڭگۈ

خنزمنتىگده بولمەن...»

ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن قۇياش نۇرى قىيا چۈشۈۋاتاتتى. بارات ئويلىغانسىرى ھاياجانغا چۆمۈلۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، قولى ئىشقا بارمىدى، گېپىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇ ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، توختاشھاجىمنىڭ چايخانىسىغا بېرىپ، نۇردۇننىڭ باشلىشى بىلەن ئانىسى ئولتۇرغان ئۆيگە كەلدى. ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپلا ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئانا ـ بالا يىغلاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بارات ئانىسىنىڭ ئاقارغان چاچلىرىنى، قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىنى سىيلىدى. نۇرپاشا ئوغلىنى قايتا ـ قايتا باغرىغا باستى، باش ـ كۆزلىرىنى سىيلىدى. ھەر ئىككىيلەن كىچىچە ئۇخلىماي ئۆتكەن ـ كەچكەن كۈنلەر توغرىسىدا مۇڭداشتى.

بارات ئەتىسى ئەتىگەندە ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ھىزىمباينىڭ سارىيىغا كېلىپ، ئاتنى ھارۋىغا قېتىپ مال توشۇش ئۈچۈن سەھەردىلا يولغا چىقتى. بارات ئاق بوز ئات قېتىلغان يار ـ يار ھارۋىنى ھەيدەپ بىرىنچى بولۇپ شەھەردىن چىقتى. ئۇزاقتىن بۇيان ھارۋىغا قوشۇلمىغان ئات پات ـ پات بېشىنى سىلكىپ ئويناقشىپ ماڭاتتى، يۈك بېسىلمىغان قۇرۇق ھارۋا تاراقلاپ كوچىنى بىر ئالاتتى. ئاتنىڭ ئىتتىك مېڭىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدە تەشۋىش پەيدا قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ باللىق چاغلىرىدا قوش ھەيدىگەن، كالا ھارۋىسى ھەيدىگەن، لېكىن ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ باقمىغان، شۇڭا ئاتنىڭ ھارۋىنى ئېلىپ قېچىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شەھەردىن چىقىپ چوڭ يولغا چۈشكەندە، ئاتنىڭ مېڭىشى سىلىقلاشتى. دالا ئۈستىدە ئاندا ـ ساندا قاغىلار ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. بەزى قاغىلار ئۇيەر ـ بۇيەردە سەكرەپ يۈرۈشەتتى. بەزى ـ بەزىدە مىلتىق ئاسقان ئوۋچىلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. دالىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغايغان، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئانچە ـ مۇنچە تۆكۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ تېنى يالىڭاچلىنىپ قالغان، ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنىڭ غوللىرى، سۆرەم سالغاندا قېپقالغان ئاپتاپپەرەس قورايلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. يىراقتا قۇلاقچىسىنى قايرىپ كىيىپ ئولتۇرغان يادىچى باللار

كۆزگە چېلىقاتتى. يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق پادىچى ناخشىسى يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ شەھرىگە بېرىپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

جاڭگالدىكى توشقاننىڭ،
چىغلىقتا ئۇۋاسى بار.
مەن يېتىم مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار.

...

يۈرەك تارىنى چەككۈچى بۇ مۇڭلۇق ناخشا باراتنى مەپتۇن قىلىۋالدى. ھارۋا يىراقلىغانسېرى ناخشا ئاۋازى پەسىيىشكە باشلىدى. سالقىن تاغ شامىلى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىيپاپ ئۆتتى. بارات قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ قەشقەردىن چىقىپ قورايچىلىق قىلغان يىللىرىدا ۋە كۆمۈرگە ماڭغان چاغلاردا بۇ يولنى تالاي قېتىم بېسىپ ئۆتكەن ئىدى. يول ئېگىز - پەس بولغاچقا، ھارۋىمۇ غىچىرلاپ ماڭاتتى. تۇساتتىن ھاۋا بۇلۇتلىنىپ، قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى.

بارات ئۆتەڭ سارىيىغا يېقىنلاشقاندا، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى بىلەن چاقماقنىڭ چېقىشى ئاسماننىڭ ئاياغ تەرىپىگە سۈرۈلۈپ، ھېزىمبەگ ئېيتىپ بەرگەن ئۆتەڭ كۆرۈندى. بۇ ئۆتەڭ پاكار - پاكار سوقما تاملار بىلەن قوپۇرۇلغان ئىدى. بارات ئۆتەڭ سارىيىغا يېتىپ كەلگەندە، ھارۋا سوقۇپ زېدە قىلىۋەتكەن ئەگىز دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتى ئوچۇق تۇراتتى. بارات ھارۋىنى ئەگىز دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ، ساراي ئىچىگە كۆز تاشلىدى. ئۇ يەر - بۇيەرگە تۆكۈلگەن بېدە ئارىلاشتۇرۇلغان سامان يۇقۇندىلىرى، ئاتنىڭ تېزەكلىرى، ئادەم ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ

ئىدى. بارات ئاتنى سوقما تام بىلەن قوپۇرۇلغان ئاختىخانىنىڭ تۇۋرۇكىگە باغلىدى. ئاتنىڭ تورۋىسىغا سامان تۆكۈپ، تورۋىنى ئاتنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، ئۆزى ئەتراپقا سەپسالدى. سارايىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىرقانچە ئېغىز بوش ئۆي تۇراتتى. ئۇ ئادەم بار دەپ پەرەز قىلغان بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۆيدىن 60 ياشلار چامىسىدىكى ئاق ساقال بىر چال چىقتى.

— هە، ئوغلۇم، كىمنى ئىزدەيسەن، قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟

— شەھەردىن كېلىۋاتىمەن، ھەسەن ئاكىنى ئىزدەيمەن.

— سېنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟

— ھېزىمكام، ئەنە ئاۋۇ ئۇنىڭ ھارۋىسى.

بوۋاي تۇۋرۇككە باغلاقلىق ئاق بوز ئاتقا سەپسېلىپ قارىۋېلىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— توغرا - توغرا، ئەنە ئاۋۇ ھېزىم ئاخۇنىنىڭ ئاق بوز ئېتىنى تونۇۋالدىم.

بوۋاينىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا بارات سودىگەر ياسىن قارىنىڭ بۇ ماللارنى سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداق ئوغلۇم،— دېدى ئۇ،— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار. ئۇ تۈنۈگۈن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خوجايىن ياسىن قارىم: «باراتنى تاپقانلىرى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بۇ مالنى ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم توشۇمىسۇن» دەپتۇ. قارىغاندا خوجايىن سېنى تونۇيدىكەن.

— ئېھتىمال تونۇسا كېرەك. مېنىڭ بۇ شەھەردە ئىشلىمىگەن يېرىم ئاز.

بوۋاي ئۇنى باشلاپ مېڭىپ، مال چۈشۈرگەن ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىدى، يانچۇقىدىن ئاچقۇچ ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ:

— قېنى ئوغلۇم، ھارۋاڭنى بۇ ياققا تارتقىن، مالنى ھارۋىغا باسايلى،— دېدى.

بوۋاينىڭ ياردىمى بىلەن بارات يەشىكتىكى ماللارنى بىرپەستە

هارۋىغا بىسەپ بولدى.

— قېنى، ئارغامچا ئېلىپ كەل، ئۇنى ئىككى - ئۈچ يەردىن تارتىپ چىڭ تېڭىۋېتەيلى،— دېدى بوۋاي.

بارات ئارغامچىنى هارۋىنىڭ هالقىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، هارۋا چاقىغا پۇتىنى تىرەپ تۇگۈلۈپ تارتىپ چىگىتتى ۋە بىر - ئىككى قاتلام چىگىتىۋەتكەندىن كېيىن، بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

× × ×

ئادەتتە شەھەر بىلەن ئۆتەڭ ئارىلىقىنى كۈنىگە ئىككى قېتىم قاتنىغىلى بولاتتى. بارات سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، بەش كۈنلۈك ئىشنى ئۈچ كۈندە تۈگەتتى. ئۇ ئىشنى بىر - ئىككى كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق تۈگىتىپ، ئانىسى بىلەن جەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بارات ئاخىرقى بىر قېتىملىق مالنى بېسىپ ھەسەن بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

بارات سەرگەردانلىق كوچىسىدا يۈرگەن مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە تۇرمۇشنىڭ ئېگىز - پەس يوللىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئات هارۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، «تۇرمۇش بەختنىڭ بۆشۈكى، بەختنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، تۇرمۇش بەزى چاغلاردا بەختنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇش، توي قىلىش، باللىق بولۇپ ئاتا - ئانا بولۇش تۇرمۇشنىڭ ئىنسانغا تەقدىم قىلغان مېۋىسى، بۇ مېۋە ئاشۇ بۆشۈكتە چوڭ بولغان، ئاشۇ مۇنبەت تۇپراقتا ۋايىغا يەتكەن. ئايرىلىشچۇ؟ كىشىنى بىزار قىلىدىغان بۇ ئاتالغۇنىمۇ يەنە شۇ تۇرمۇش ئىنسانغا تەقدىم قىلىدىغۇ؟...» دەپ ئويلىدى. بارات باللىق چاغلىرىدا ئانىلىق مېھرىگە قانغۇدەك چۆمۈلمىگەن، ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئانا قەدرىنى بىلمىگەنگە ئەپسۇسلىنىشقا، يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. «ئاھ، مېھرىبان ئانا، سەن ماڭا ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلدىڭ، كائىنات ئۇيقۇغا پاتقاندا سەن تالاي كېچىلەر كىرپىك قاقماي، مۇڭلۇق ئاۋازىڭ

بىلەن مېنى ئەللەي ئېتەر ئىدىڭ...»

باراتنىڭ كۆڭلىگە سىغمىنىش ئىستىكىدە ئېزىدىغان يەنە بىر مۇڭ چۈشتى. ئۇ كۆڭلىنىڭ نېمىگىدۇر ئېزىلىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن، يىراقتىكى قارلىق چوققىلارغا تىكىلدى. ئەمما، ئۇ يەردە كۆڭۈلنى بەزلەيدىغان ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئېتىز - قىرلاردا ياپيېشىل كۆكاتلار يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، كۆڭۈلگە ئاللىقانداق بىر مۇڭ سالاتتى. مانا، ھاۋا رەڭ كۆكلەك كېيىپ، چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان سائادەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ سائادەتنى ئوقۇشقا ئۇزاتقان چاغدىكى كۆننى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشتى. بىراق، زاۋۇتتىن ھەيدىلىش بىلەن مۇنداق تاتلىق خىياللارنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ كەتكەن ئىدى، نېمىشقىدۇر بۈگۈن يەنە خىيال قىلىپ قالدى. باش - ئايىغى يوق ھەر خىل خىياللار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. شەھەردىكى مەسچىتلەرنىڭ بىرىدىن ناماز ئەسرگە ئېيتىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «خۇدايا، يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى، ھەرنېمە بولسا بەك كەچ قالماي شەھەرگە كىرىۋالدىغان بولدۇم، ياسىن قارىمدىن پۇلۇمنى ئېلىپلا ئانامنىڭ قېشىغا كېتەي...»

تاراقلاپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى باراتنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ تاشلىدى. دولىسىغا مىلتىق ئاسقان ئىككى نەپەر ساقچى بارات ھەيدەپ كېلىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەندىن كېيىن، مىلتىقنى تەڭلەپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ھوي ھارۋىكەش، ھارۋاڭنى توختات!

بارات خىيالدىن ئويغىنىپ ئۇلارغا قارىدى ۋە بوجىنى تارتىپ ھارۋىنى توختاتتى. ساقچىلار ئاتلىرىدىن چۈشتى.

— بۇ ماللارنى قەيەردىن ئەكېلىۋاتىسەن؟

— ھەسەنبايىنىڭ ئۆتىڭىدىن.

— قەيەرگە ئاپىرىسەن؟

— شەھەرگە.

— بۇ ماللار كىمنىڭ؟

— قەشقەرلىك سودىگەر ياسىن قارىمنىڭ.

— ھۇ، ھارامزادە كاززاپ، قارا سىنىڭ گەپچىلىكىڭنى، بارات دېگەن يېتىمچى سەن بولامسەن!؟— دېدى دوپىدوغىلاق شاپ بۇرۇت ساقچى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

— ھەئە، مەن بولىمەن.

— خېلى خورىكى بار نېمىكەنغۇ بۇ!— دېدى ئېگىز بوي ساقچى دېۋەيلەپ كەلگىنىچە مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن باراتنىڭ يانپىشىغا بىرنى سالدى.

مىلتىقنىڭ پاينىكى قاتتىق تەگكەنلىكتىن، باراتنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەزىپىنى بېسىپ چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا ئادەمنى بىكاردىن - بىكار ئۇرىسەن!؟— دېدى.

— نېمىشقا ئۇرىسەن؟ مانا ئەمدى ئۇرمىغىنىمنى كۆر!

ئېگىز بوي ساقچى مىلتىق تەڭلەپ كەلگەن ئىدى، شاپ بۇرۇتلۇق ئۇنى توسۇۋالدى. ئېگىز بوي قولىدىكى مىلتىقنى پەسكە چۈشۈرۈپ، باراتقا ئالىيىپ زەردە قىلدى.

— ھوي يالاڭتۆش، ھارۋا ئۆزۈڭنىڭمۇ؟— شاپ بۇرۇت باراتتىن سورىدى.

— ياق، توپا دەڭلىك ھېزىمباينىڭ.

— سەن...؟

— مەن ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ بەردىم.

— ھارۋىدىكى يەشىكلەردە نېمە بار؟

— بىلمەيمەن.

شاپ بۇرۇت تاتاردى ۋە ئىتتىكلا ھارۋىدىكى يەشىكلەرگە يېپىشتى.

— كىشىنىڭ ئامانىتىگە قول سېلىش يولسىزلىق،— دېدى بارات ئاچچىق ئارىلاش.

شاپ بۇرۇت ساقچى ئۇنىڭ كېكىردىكىدىن بوغۇپ ئۇگدىسىغا ئىتتىرىۋەتتى، ئاندىن مىلتىقنىڭ سىداۋى بىلەن بىر يەشىكنى سانجىپ

تارتتى- دە، يەرگە چۈشۈرۈپ چۈۋۈپ، ئىچىدىكى ئاياغلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. ئىگىز بوي ساقچى شاپ بۇرۇتنىڭ «ئۇنى باغلا!» دېگەن بۇيرۇقىنى ئاڭلاپلا ئاتنىڭ غانجۇغىسىدىن تانا ئېلىپ باراتنىڭ گەجگىسىگە تىزلاپ، ئۇنى قاتتىق باغلىدى، ئاندىن ياۋىدا قالانغان ئاتنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ، ئاتنىڭ باشبېغىنى شاپ بۇرۇتنىڭ ئېتىغا باغلىدى. شاپ بۇرۇت هارۋىنى ئىگىز بوي ساقچىغا تاپشۇردى، ئۆزى ئاتقا مىنگەندىن كېيىن، باراتنى ئالدىغا سېلىپ شەھەرلىك ساقچىخانىغا ئېلىپ كەتتى.

2

قاراڭغۇ، زەي تۈرمىنىڭ پەنجىرىسىدىن ئاستا - ئاستا يورۇق چۈشۈشكە باشلىدى. بارات هوشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ تۈرمىداشلىرى بېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ، يۈزلىرى ئىششىپ، چىرايى سارغىيىپ، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ، بېشىدىكى كونا دوپپىسى چىرايىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ كۆرسىتەتتى. لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۈرمىداشلىرى ئۇنىڭ هوشىغا كەلگەنلىكىنى سېزىپ، تۇشمۇتۇشتىن توۋلاشتى.

— بۇرادەر، كۆزۈڭنى ئاچ.

40 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، يەنە بىر كىشى تاۋاقتىكى سۇنى قوشۇق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيدى. بارات بىر قوشۇق سۇنى «غۇرت» قىلىپ يۇتۇپ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا تىكىلىپ قارىدى. شۇ چاغدا تاراقلاپ كېلىۋاتقان گۇندىپاينىڭ ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، هايال ئۆتمەي 13- نومۇرلۇق كامېرنىڭ ئىشىكى داراڭىدە ئېچىلىپ، گۇندىپاينىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بارات، سوراققا چىق!

بارات ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كامېردىن كارىدورغا چىقتى. گۇندىپاي ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ ئىشىكنى ئەتتى، ئىككى ساقچى

ئۇنى يالاپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇدۇلدىكى ئۆگزىدە ھەربىي فورما كىيگەن ئەسكەرلەر پوستتا تۇراتتى. ساقچىلار باراتنى يالاپ توپتوغرا تۈرمە ھويلىسىنىڭ ئالدىدىكى كارىدورلۇق ئىشخانىنىڭ سوراقخانىسىغا ئېلىپ كىردى. 45 ياشلار چامىسىدىكى سېمىز، دوپدوغىلاق سوراقچىنىڭ ئالدىـ ـدا ساقال ـ بۇرۇتى خەت تارتقان، ئۇستۇبىشىغا يىرتىق كىيىم، پۇتىغا شاۋرۇندىن ياماق سېلىنغان ئاياغ كىيىۋالغان گەۋدىلىك بىر يىگىت تۇراتتى. سوراقچى ئۇنىڭغا سوغۇققىنا قاراپ قويدى. بارات ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئېتىبار قىلمىغاندەك، بىر پۇتى سەل ئالدىغا چىققان ھالدا ئۆرە تۇردى. كالۋۇتۇن يۆگەپ پۆپۈك چىقارغان تاماكا خالتىسىدىن تاماكا ئېلىپ يۆگەپ تۇتاشتۇرغان سوراقچى تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورـ ـۋېلىپ بىرپەس سۆكۈتكە چۆككەندىن كېيىن، باراتقا تىكىلدى ۋە ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. سوراقچىنىڭ كاتىپى يېزىشقا تەييارلاندى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— بارات.

— قەيەرلىكسەن؟

— قەشقەرلىك.

— غۇلجىغا قاچان چىققان؟

— ئالتە يىل بۇرۇن.

— نېمە كەسىپ قىلىسەن؟

— ئىلگىرى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىدا ئىشلەيتتىم، ئىشتىن ھەيدەلـ ـگەندىن كېيىن، ئىشلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

— ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟

— ئانام بار، دادام يوق.

— شەھەردە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭ بارمۇ؟

— ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ بېشىمنى سىيلىغان سەدىردىندىن باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يوق.

— سەدىردىن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

— ئۇ ئالتە يىلدىن بېرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ مېنىڭ ھالىمدىن

خەۋەر ئېلىپ كېلىشۋاتىدۇ.

— كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدا نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

— زاۋۇتقا كىرىشتىن ئىلگىرى مەكتەپتە ئوقۇيتتىم، سەدردىن بىلەن غازىباي ئالمۇتاغا مېڭىش ئالدىدا زاۋۇتنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىنى بېجىرىپ تۇرۇشقا بېكىتىپ قويغان.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— غازىباينىڭ خەت يېزىدە ئەۋەتكەن بۇيرۇقى ئارقىلىق زاۋۇتتىن ھەيدەلدىم.

— ئۇ يەردىن كېتىپ نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— توپا دەڭدىكى ھېزىمباينىڭ سارىيىدا يېتىپ - قوپۇپ كۈنلۈك ئىشلەپ تۇرمۇش ئۆتكۈزدۈم.

— گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟

— مەن ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىم، ھېزىمباينىڭ ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆتەڭ سارىيىدىكى ئامباردىن ھېزىمباينىڭ سارىيىغا مال يۆتكەپ كېلىۋاتقىنىمدا ساقچىلار تۇتۇپ كېلىشتى.

— نېمە ئۈچۈن جىسەكچىنى ئۆلتۈرۈپ، زاۋۇت ئامبىرىغا ئوت قويۇپ مال ئوغرىلىدىڭ؟

— مەن... مەن... ئۇنداق قىلمىدىم،— سوراقچىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قويغان سوئالى باراتنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن يول ئۈستىدە تۇتۇلۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتتى، پۈتكۈل بەدىنىنى قارا تەر بېسىپ، پېشانىسىدىن چىققان تەر ئىككى چېكىسىنى يالاپ، ئەمدىلا چىققان ساقاللىرىنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

سوراقچى قىمىر قىلماي، ئۈنچىقماي باراتقا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئېگەك گۆشلىرى لىغىلداپ، پارقىراپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى تەئەججۈپكە تولدى. ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— 30- سېنتەبىر نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ئۇ كۈنى تاغدىن ئوتۇن توشۇپ ساتتىم.

— جاھىللىق قىلساڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن.

باراتنىڭ جاۋابىدىن تېرىككەن سوراقچىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، بۇرۇتلىرى لىكىلداپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. ئۇ بىردەم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قارا خورۇم سومكىنىڭ سىيرتمىسىنى ئېچىپ، ئىسپات قەغەزنىڭ پۈكۈلگەن جايلىرىنى تەكشىلەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— خەت تونۇمسەن؟

باراتنىڭ كۆزى ئالدىدىكى ئىسپات قەغىزىگە چۈشتى. نامەلۇم ئادەملەر تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىسپات خېتىنىڭ باراتقا بەرگەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىدىكى غەزەپ - نەپرەتنى بېسىۋېلىپ ئولتۇردى.

— دەلىل - پاكىتلارغا نېمە دەيسەن؟

بارات سوراقچىنىڭ چىرايىغا تىكىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى- دە:

— پۈتۈنلەي تۆھمەت!— دېدى.

سوراقچى ئادەم چاقىردى، ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى.

— بۇنى ئازراق ئەدەپلەپ قويۇڭلار!— دېدى سوراقچى.

— كۆردۈڭمۇ؟— دېدى كىيىمىنى سېلىپ تاشلىغان يۇڭ مەيدە بۇلۇڭدىكى جازالاش قورallىرىنى باراتقا كۆرسىتىپ،— بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز گۆشىسىز غىزا يېمەيدۇ، گۇناھىڭنى تەن ئالمىساڭ بىزدىن ياخشىلىق كۆتمە!

باراتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ سۆزلىدى:

— نېمە جىنايىتىم ئۈچۈن مېنى قىينايسىلەر؟

چېقىر كۆز ساقچى تەئەججۈپكە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئالايدى.

— مانا ئەمدى قىينىمىغىنىمنى كۆر!— دېدى يۇڭ مەيدە بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

چېقىر كۆز تانا ئېلىپ كېلىپ باراتنى قاتتىق باغلىۋەتتى، ئاندىن

داقىرىتىپ سۆرەپ كېلىپ دارغا ئاستى. دارنىڭ ئارغامچىسى تارتىلغاندىن كېيىن، بەدىنى قاتتىق ئاغرىغان بارات چىرقىراپ كەتتى. ساقچىلار ئېتىبارسىز قاراپ تۇرۇشاتتى. يۇڭ مەيدە مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— گۇناھىڭنى بويىنۇڭغا ئالامسەن؟

— ...

چېقىر كۆز قولىغا قامچا ئېلىپ، باراتنىڭ كىيىمىنى يىرتىپ تاشلاپ ئۇرۇپ ھارغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۇرۇۋىدۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، تەرىنى سۈرتتى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تاپانچىسىنى ئوقلاپ، باراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەيۋە قىلدى:

— ئىقرار قىلمىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن.

سوراقچى يېقىن كېلىپ باراتقا دېۋەيلەپ تۇرغان يۇڭ مەيدىنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئېتتىرىۋەتتى. دە، سىلىق تەلەپپۇزدا:

— مەن ئەزەلدىنلا پۇقرالارنى ياقلايمەن. بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەي دېسەڭ گۇناھىڭنى ئىقرار قىل، يەنە شېرىكلىرىڭنى ئېيتىپ بېرىپ گۇناھىڭنى تىلىسەڭ، سېنى قويۇپ بېرىمەن.

بارات بېشىنى كۆتۈرۈپ سوراقچىغا ھومايدى:

— مېنىڭ گۇناھىم يوق، شېرىكىممۇ يوق.

سوراقچىنىڭ ئىشارىتى بىلەن يان ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى ساقچى بىر كىشىنى ئېلىپ كىردى، بۇ ئابدۇللا ئىدى.

— بۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن.

— سەنچۇ؟

— تونۇيمەن،— دېدى ئابدۇللا بېشىنى يەردىن سەل - پەل كۆتۈرۈپ. ئۇ قوللىرىنى ئىككى يانغا سىلىپ يەردىن ئۈستۈن قارىماي تۇراتتى.

— ھە، ئېيتە،— دېدى سوراقچى ئابدۇللاغا چەكچىيىپ،— ئۇ جىبەكچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئامبارغا ئوت قويۇپ قايتقاندا قەيەردە ئۇچراشقانىڭ؟

— هە ... — ئابدۇللا تەمترەپ تىلىنى چاينىدى،— كەچقۇرۇن قاۋاقخانىدىن كېلىۋاتسام، ئامبار ئارقىسىدىكى تېشىلگەن تامدىن باراتنىڭ چوڭ يولغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

بارات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇللاغا تىكىلدى ـ دە:

— توفى! ھۇ قارا تىل مۇناپىق، يالغان گۇۋاھلىق بەرسەڭ تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالامدۇ؟— دېدى.

باراتنىڭ سۆزىدىن ئابدۇللا بىر قەدەم ئارقىسىغا چېكىنىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. سوراقچى ساقچىلارغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئىككى ساقچى ئابدۇللانى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— دەلىل ـ ئىسپاتلارغا نېمە دەيسەن؟— دېدى سوراقچى باراتنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ.

— ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى تۆھمەت،— دېدى بارات.

سوراقچى ئۇنىڭ ئەيۋەشكە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇڭ مەيدىگە بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ ئىتنىڭ كۆچۈكىنى ئۆلگۈچە ئۇرۇڭلار!

يۇڭ مەيدە باراتنى قامچا بىلەن ھارغىچە ئۇردى. ئۇنىڭ بەدىنى تاياق زەربىسىدىن تىتىلىپ كەتتى. سوراقچى باراتنىڭ ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈزىگە قارىۋىدى، بارات سوراقچىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى.

— نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن، ئۇنى قاتتىق جازالاڭلار!— سوراقچى ئالاقزادە بولغان ھالدا بۇيرۇق قىلدى.

چېقىر كۆز ئوتقا سېلىپ قويغان قىپقىزىل ياپىلاق تۆمۈرنى ئېلىپ باراتنىڭ بەدىنىگە ياقتى. «پاژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى، ئۆي ئىچىنى قاڭسىق پۇراق قاپلىدى...

## 3

غازىباينىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسى شەھەرنىڭ چېتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. غازىباي بىلەن سەدىردىن چۈشكەن خادىك شەھەرنىڭ

چېتىدىرەك بىر خالىي كوچىغا كىرىپ، پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان قەدىمىي ئورۇس نۇسخىسىدىكى مەنزەرىلىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چېكە چاچلىرى ئاقارغان غازىباي سەدىردىن بىلەن خادىكتىن چۈشتى. ئۇ مانچېستېر دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ قەددىنى رۇسلاپ، ئاندا- ساندا ئالدىراپ كېتىۋاتقان كوچىدىكى ئادەملەرگە، ئالتە ئايدىن ئارتۇق ئايرىلىپ كەتكەن قورۇسىغا كۆز يۈگۈرتتى.

— ئۆيگە كەلدۇقمۇ؟— دېدى هارۋىكەش خادىكتىن چۈشمەي، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ.

— هەئە،— دېدى ئۇ دىققىتىنى يىغىپ سەدىردىنگە قاراپ،— بىزنىڭ ئۆيدە دەم ئېلىڭ، هاردۇقىڭىز چىققاندا كېتەرسىز.

— ياق، ئۆيگە كېتەي، سىزگىمۇ هاردۇق يەتتى.

سەدىردىن غازىباي بىلەن خوشلىشىپ خادىككە چىقتى. هارۋىكەش خادىكنى ياندۇرۇپ، كوچىدىن چىقىپ ئاستا يورۇپ كەتتى. غازىباي خادىك كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ، خادىكنىڭ قارىسى يىتكەندە، ئاندىن دوپپىسىنى كىيدى- دە، يان تەرەپكە بۇرۇلۇپ هويلىغا كىردى. بۇ هويلىدا ئورۇس نۇسخىسىدا بىر - بىرىگە قارىتىپ سېلىنغان تۆت يورۇق ئۆي تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسى پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان تۆت چاسا هويلا ئىدى. هويلىنىڭ چۆرىسىدە بىرقانچە تەشتەكتە خىلمۇخىل گۈل تۇراتتى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسىلانغان، چۆرىسى خىش بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان گۈلزارلىق، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە شاخلىرى باراقسانلاپ، پاكىز ۋە تىپتىنچ هويلىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئىككى تۈپ ئالما، دەرەختىن تۆكۈلگەن ئاندا- ساندا يوپۇرماقلار تۇراتتى. غازىباي ئالمىلارغا قاراپ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئېسىگە ئالدى:

مىۋىلىك باغقا كىرىپ، كۆردۈم چىرايلىق ئالمىنى،
ياپراق ئارا جىلۋە قىلار، گويا دېگەندەك «ئال» مېنى.

غازىباي مىيىقىدا كۈلۈپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى: «سەنمۇ ئۆسۈپ-

سەن، بولۇققا كىرىپسەن». ئۇ ئۆيگە قاراپ مېڭىپ پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ پېشايۋانغا قارىدى. مېھمانخانا ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ تاۋىدىنىغا ئەينەك سېلىنىپ، تاۋىدان ئۈستىگە يېشىل تور پەردە تارتىلغان ئىدى. غازىباي ئىشىكنى ئېچىشقا تەمشەلدى - دە، يەنە بىرئاز ئىككىلىنىپ ئۆي ئىچىگە قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى، ئاندىن قولىدىكى چامادانىنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا قويۇپ، ئىشىكنى يېنىككىنە چەكتى. ئۆي ئىچىدىن شەپە ئاڭلىنىپ، غازىباينىڭ ئايالى گۈلسۈمئاي چىقتى. ئۇ غازىباينى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، باش - ئايىغىغا قاراپ تىنچلىق سوراۋېتىپ ئۆي تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— باللىرىم، داداڭلار كەلدى،— دېدى.

غازىباينىڭ بالا - چاقىلىرى قىقاس - سۈرەن سېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلغان ئاتا - باللار ھاياجان ئىچىدە كۆرۈشتى. ئەسئەت، ئوبۇلخەيرى، ئەلى، ساجىدەم دادىسىنىڭ قوللىرىغا يېپىشتى. غازىباي ئوماق باللىرىنىڭ مەڭزىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن تاتلىقىنە سۆيۈپ قويدى، كېيىن ئايالىدىن تىنچلىق سورىدى.

غازىباي بىلەن گۈلسۈمئاينىڭ ھاياجانلىق ئۇچرىشىشى بىرنەچچە قېتىم بولدى. بىرىنچى قېتىم ئۇلار دەسلەپتە ئوتتەك مۇھەببەت باغلىغان چاغ، يەنى 30 يىل بۇرۇن كۈرەدىكى چوڭ ئانىسىنىڭ ھويلىسىدىكى باغدا بولغان ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ نوتا چاغلىرى ئىدى. گۈلسۈمئاي بىلەن غازىباي بىر نەۋرە بولۇپ، كۈرەدىكى چوڭ ئانىسى ئۇلارنى باغ سەيلىسىگە چاقىرغان ئىدى. بويىغا يەتكەن بۇ ئىككى ياش باغ ئىچىدە بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ، كەلگۈسىدە ئۆمۈرلۈك تۇرمۇش قۇرۇش يولىدا ۋەدە قىلىشقان. ئۇلار مانا شۇ ۋەدىسى بويىچە بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، بالا - چاقىلىق بولدى. ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مۈلۈكلەرگە غازىباي ۋارىس بولۇپ، كېيىنچە ئاز - تولا پۇل تېپىپ دەسمىي قىلىپ ئايلاندۇرۇپ كارخانىغا پاي قوشتى. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆز ھاياتىدا بۈگۈنكىدەك زور ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

غازىباينىڭ قايتىپ كەلگەن خەۋىرى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاق-لىرىغىچە تارقالدى. كەچقۇرۇن كۆرگەن - بىلگەنلەر يوقلاپ كەلدى. زاۋۇت-تىكى ئىشچىلار يوقلاپ كەلگەندە، غازىباي ھويلىغا چىقىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. مېھمانخانا چىرايلىق بېزەلگەن، ئۆينىڭ ئىككى تېمىغا چىرايلىق ۋە ئازادە گىلەم تارتىلغان، دېرىزىلەرگە يېشىل تور پەردىلەر تارتىلىپ، خىلمۇخىل گۈللەر تەشتەك بىلەن قويۇلغان، پولغا ئىران نۇسخىدىكى گىلەم سېلىنىپ، تورۇسقا ئاسما گازۋاي چىراغ ئېسىلغان. ئۇنىڭ سۇزۇك يورۇقى دېرىزىنىڭ تور پەردىسىدىن ئۆتۈپ، ھويلىنىمۇ ئايئاق قىلىپ يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. ھايال ئۆتمەي مېھمانخانا ئۆيگە داستىخان سېلىنىپ، ھەر خىل نازۇنېمەتلەر تىزىلدى. ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا چىنىنى تولدۇرۇپ ئەتكەنچاي قويۇلدى، غازىباي ئۆزى ئەكەلگەن ھەر خىل يېمەكلىككە تەكلىپ قىلدى. ھايال ئۆتمەي سەدىر-دىن كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. غازىباي ھەممەيلەنگە تاماكا تۇتتى. ئۇلار تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، زاۋۇت توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى.

— ئامبارغا ئوت قويۇلۇپ كۆن - خۇرۇملار كۆيۈپ تۈگەپتۇ،— دېدى غازىباي ھېچ كىشى ئېيتىشقا پېتىنالمىغان گەپنىڭ ئۇچىنى چىقى-رىپ،— زاۋۇتنىڭ جېسەكچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئېغىر جىنايەت يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بارات زاۋۇتتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن يۈز بېرىپتۇ. ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولدۇم،— ئۇ ناھايىتى تەمكىن سۆزلى-سىمۇ، لېكىن سەدىردىنىڭ يۈرىكىگە بازغان ئۇرغاندەك تەسىر قىلدى. غازىباي ئېغىر بىرنى تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— «ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا» دېگەندەك، باراتنىڭ قىلمىشلىرى... ئۇنداق - مۇنداق زىيان كەلتۈرمەپتۇ. ئۇ يالغۇز ئۆزىگىلا ئەمەس، زاۋۇتتىكى ئىشچىلارغا مۆلچەرلىگۈسىز زىيان كەلتۈرۈپتۇ،— غازىباي ساپادا ئولتۇرۇپ، تورۇستىكى ئاسما گازۋاي چىراغقا قاراپ بىرھازا خىيال سۈردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىكى گۈللەرنىڭ ئالدىغا كەلدى، خۇددى گۈللەر-دىن لەززەت ئېلىۋاتقاندەك ئاق كىرگەن چېچىنى سىيلاپ قويۇپ، ئاستا

بۇرۇلدى، ئاچچىق ئەلەم تولغان كۆزلىرىنى سەدىردىنگە تىكتى،— مۇنداق دېسەم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەندەك، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى يامان غەرەزنى سىزمۇ بىلمىگەن بولغىيدىڭىز. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ھەممىمىزنى يەرگە قاراتتى.

سەدىردىن يۇرىكىدىكى ئاچچىق ھەسرەتنى بېسىۋېلىپ:

— «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، قىلغان ئەجرىم بىكار كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ،— دېدى.

غازىباي سەدىردىننىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىشچىلار ۋەكىللىرىنى يىغىپ، سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئابدۇللامۇ قاتناشتى.

— بۈگۈن ھەممىمىز يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز،— دېدى غازىباي كۆپچىلىككە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ،— ئىشچىلار ئارىسىدا بارات توغرۇلۇق ئوخشىمايدىغان پاراڭلارنى ئاڭلىدىم، بەزىلەر ئۇنىڭ زاۋۇتتىن ھەيدىلىپ ھەپسىگە ئېلىنىشى ناھەق بولدى دېيىشسە، بەزىلەر ئۇنىڭغا بۇ جازا ھەق بولدى دېيىشىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ھەرقايسىڭلارنى يىغىپ بۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇق. قېنى، قانداق سۆزۈڭلار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار.

غازىباي سۆزلەۋېتىپ چىنە چەينەكتىن پىيالىگە چاي قۇيدى ۋە ئۇنى بىر ـ ئىككى قېتىم ئوتلاپ ئەتراپقا تەكشى كۆز سالدى. ئابدۇللا ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، گويا ھەقىقەت ئىشىكىنى ئېچىپ تاشلىغاندەك سۆزلىدى:

— ھەرقايسىڭلار سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن، بارات ھەممە ئىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى. توغرا مەسلىھەت بەرسەك، گېپىمىزگە قۇلاق سالمىدى. ئاخىر يەنە زاڭ مال بىلەن قولغا چۈشتى. ئەگەر گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز، باشقىلاردىن سوراپ بېقىڭ،— دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلار كەتكەندىن بۇيان زاۋۇتتا جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى، باراتنىڭ

كەيپ - ساپا يولىدا مېڭىپ، زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ - چاچقانلىقى توغرىسىدا ۋەز ئوقۇپ، بارغانچە ئەزۋەيلەپ كەتتى،— باراتنىڭ قىلمىشى ناھايىتى ئېغىر، ئۇ زاۋۇتتىن كېتىپمۇ زاۋۇتقا ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزدى، تېخى بەزىلەر بۇ گۇناھكارغا يان باسماقتا...

ئابدۇللانىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرىدە ئاللىقانداق غەزەپ ئوتى ياندى. ئۇ ئېغىر تىنىپ، سەدىردىن بىلەن غازىبايغا تىكىلدى. ئابدۇللا گېپىنىڭ باشقىلارغا تەسىر قىلمىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ئابدۇللانىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرسى ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئېيتتى.

— بۇ ئىشتى سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك!

سەدىردىن ئولتۇرغان ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك، خىيالچانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر باراتنىڭ مۇشۇنداق قارىلىنىشىغا ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئاچچىق ئازاب ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى كۈچەيتىپ، يۈرىكى سىقىلدى.

— ئابدۇللانىڭ سۆزلىرى بەرھەق،— دېدى ئاق سېرىق، كۆك كۆز، ئېگىز بوي كىشى.

سورۇندىكى تالاش - تارتىشتا ئابدۇللانىڭ ئادەملىرى كۈچلۈك كەلگەنلىكتىن، باشقىلار باراتنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى قىلىشقا پېتىنالمىدى. سەدىردىن ئۆزىنى گويا تەمتىرەپ يۈرگۈچى كۆلەڭگىدەك سېزەتتى. ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن باراتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ئۆتۈشكە باشلىدى. «بارات نىجاتلىق يولى ئىزدەپ قەشقەردىن چىققان بىر مۇساپىر ئىدى. ئۇنىڭغا كىملەر زىيانكەشلىك قىلىپ، مۇنداق ئېغىر گۇناھ ئارتىلىپ قالدى؟...»

ياخشى نىيەتلىك بىرقانچە كىشىلەر ئۇنىڭ زورمۇزور قارىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا پۇشقۇنۇپ، ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. ئەھۋالدا باشقا ئۆزگىرىشمۇ بولمىغانلىقتىن، غازىباي بۇ ئىشنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ

باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە زاۋۇت قورۇسىغا بىر توپ ئادەملەر بېسىپ كىردى. غازىباي قىيا - چىيادىن ھودۇقۇپ سىرتقا چىقتى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كالتەك - چوماق بولۇپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ياپما قاپاق، شاپ بۇرۇت، ئوتتۇرا بوي بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىدى:

— بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق، قاتىلدىن قىساس ئالىمىز، ئەگەر ھۆكۈمەت جازالىمىسا بىزگە چىقىرىپ بەرسۇن، ئۇ جېسەكچى كېرىمنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن، بىز ئۇنى چاناپ ئۆلتۈرىمىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەر قايسىڭلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تاقىتىمىز تاق بولدى، ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز. بۈگۈن بىر تەرەپ قىلمىساڭلار، بارىدىغان يەرگە بارىمىز!

غازىباينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئۇ بىرنىمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە يەنە بىرنەچچەيلەن تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشتى:

— بىز قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز. ئادەم ئىشلىتىشنى بىلىسىلەرۇ، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىگە بولمايسىلەر؟ بىزگە قاتىل كېرەك، قاتىلنى چىقىرىپ بېرىڭلار!

— ھوي خەق، نېمىشقا قاراپ تۇرۇشىسەن،— دېدى سېرىق ساقال چوقۇر كىشى،— بىز بۇ جايغا غازىباينىڭ بويىنى كۆرگىلى كەلمىدۇق، دەۋا قىلغۇاتىمىز. ئەگەر دەۋايىمىزنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىسا، غازىباي بىلەن سەدىردىننى ئالدىمىزغا سېلىپ، ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپىرىمىز.

غەزەپلەنگەن كىشىلەر توپىدىن غازىباي بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا چېكىندى.

— توختاڭلار، توختاڭلار!

توساتتىن پەيدا بولغان ئابدۇللا ئارىغا چۈشۈپ غۇلچىنى كەڭ كېرىپ، غازىباينى قوغداپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— بۇرادەرلەر، ۋەقە يۈز بەرگەندە غازىبايلار بۇ جايدا يوق ئىدى. ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەت، ھۆكۈمەتمۇ، ئاللامۇ ئۇنى كەچۈرمەيدۇ. كىمنىڭ جېنىغا كىم زامىن بولىدىكەن، ئۇ كىشى قەتئىي جازاغا

تارتىلىدۇ. جېدەل - ماجىرا بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ ھەر ئىش بولسا ئۆز يولى بىلەن ھەل قىلايلى.

— شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلايلى، ھەر ئىش بولسا ئالدىرىماي گەپ - سۆز بىلەن بىر ئىش قىلايلى،— دېدى غازىباي پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشىۋېلىپ،— «ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ». سىلەرنىڭ پىكرىڭلار بولسا قانۇنغا سۇنۇڭلار، شۇنداقتىمۇ قولىمىزدا دەلىل - ئىسپات بولمىسا گېپىمىز سۇغا چىلىشىپ قالىدۇ.

— دەلىل - ئىسپات بولمىسا دەۋا قىلىپ نېمە قىلىمىز؟— دېدى شاپ بۇرۇتلۇق كىشى،— ئامبارغا ئوت قويغاندا چۈشۈپ قالغان ياغ بوتۇلكىسىنى ئابدۇللا تېپىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئادىمى، ئابدۇللانى يالغان گەپ قىلىدۇ دەپ قايسىڭلار ئېيتالايسىلەر؟

سېرىق ساقال، چوقۇر كىشى قوينىدىن بېنزىن پۇراپ تۇرغان بوتۇلكىنى ئېلىپ غازىبايغا ئۇزاتتى. غازىباي بېنزىن قاچىلانغان ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ماركىسىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدى. ساقچىلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندا، باراتنىڭ ئىشخانىسىدىن مۇشۇنداق ھاراق بوتۇلكىسى چىققان ئىدى.

— بۇنى نەدىن تاپتىڭلار؟

كىشىلەر يەنە قىقاس - چۇقان كۆتۈردى:

— جىسەكچى كېرىمنى ئۆلتۈرگەن جايدىن.

غازىباي كۆپچىلىكنى قايىل قىلغۇدەك گەپ تاپالماي، پېشانىسىدە پەيدا بولغان بىلىنەر - بىلىنمەس سوغۇق تەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ ئېيتتى:

— تۇغقانلار، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار. بۇ، غەلىتە ئىشكەن، زاۋۇتىمىزدا ئەزەلدىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن، جىنايەتچى چوقۇم جازالىنىشقا تېگىشلىك، ئەھۋال بىر تەرەپ بولغۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار.

غوۋغا قىلىۋاتقانلار قايىنغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى. ئابدۇللا كۆپچىلىككە قاراپ:

— تۇغقانلار، شۇنداق قىلىڭلار، غازىباينى تەگلىكتە قويماڭلار!— دېدى.

غوۋغا قىلىپ كەلگەنلەر بىر - ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. غازىباي ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلدى. ھازىر غازىباينىڭ ئەس - يادى كۆيۈپ كەتكەن زاۋۇت بىلەن كۆن - خۇرۇملاردا قالدى. «باراتقۇ زاڭ مال بىلەن تۇتۇلدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىنى ساقچى مەھكىمىسى بىر تەرەپ قىلىدۇ. لېكىن، كۆيۈپ كەتكەن زاۋۇتنىڭ زىيىنىنى كىم تۆلەپ بېرىدۇ؟ غازىباينىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ - تىرمىشىپ بەرپا قىلغىنى بىر يولىلا ۋەيران بولۇپ كەتسە، ئەمدى كېيىنكى ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟» ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇشۇنىڭدىن باشقا خىيال يوق ئىدى. زاۋۇتتا كۆيۈپ كەتكەن مال - مۈلۈك ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئويلىغانسېرى بۇ ئاچچىق زىيان ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. ئۇ كۈن بويى ئېغىر خىياللار ئىلكىدىن قۇتۇلالمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، كەلگۈسى ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىشنى ئويلايتتى ۋە بۇ ئىشنى چاپسانراق بىر تەرەپ قىلمىغاندا چوڭ ۋەقە تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يامۇلغا ئالاقە يازدى. ئۇ ئالاقىنى ئابدۇللاغا تەگلەپ:

— يامۇل بېگىنى تېپىپ ئېيتقىن، بۇ يەردىكى قاتىللىق دېلوسىنى تېزرەك تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلسۇن،— دەپ تاپىلىدى.

× × ×

ئابدۇللا زاۋۇتتىن ئوغرىلىغان ماللارنى ئۆتەڭ سارىيىغا ئاپىرىپ قويغان كۈنى شەھەرگە كىرىپ سودىگەر ياسىن قارىم بىلەن ئۇچراشتى ۋە بۇ ماللارنى ئۇنىڭغا ئەرزان باھادا سېتىپ بەردى. ئابدۇللا بۇ ماللارنى باراتنىڭ توشۇيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىرنەچچە كىشىگە پۇل بېرىپ ئۇلارنى گۇۋاھچى سۈپىتىدە شەھەرلىك ساقچىخانىغا ئېلىپ باردى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ساقچىلار كېلىپ ئېنىقلىغاندىمۇ

باراتتىن گومانلانغاچقا، بۇ ئىشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ساقچىلار باراتنىڭ ئۆزى ئوغرىلىغان ماللىرىنى شەھەرگە توشۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى. شەھەرلىك ساقچىخانا ئىككى نەپەر ساقچىنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئەھۋال ئابدۇللا دېگەندەك بولۇپ چىقتى. ساقچىلارنىڭ كۆرگىنى بىلەن ئابدۇللانىڭ ئېيتقىنى ئوخشاش چىققانلىقتىن، ساقچىلار باراتنى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇللا ئۆز كۆلەڭگىسىدىن ئەنسىرەپ، سودىگەر ياسىن قارىمغا نۇرغۇن پايدا بېرىپ، شەھەرگە توشۇلۇپ بولغان ماللارنى قەشقەرگە يۆتكەپ كېتىشنى ئېيتىپ، بۇ سودىگەرنىمۇ كۆزدىن يوقاتقان ئىدى. ئۆتەك سارىيىدىكى ھەسەن بوۋاي بىلەن ھېزىمبايلارمۇ ئابدۇللانىڭ قىستىشى بىلەن بۇ يەردىن ۋاقىتلىق كېتىپ قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا ئىز قالدۇرمىغاچقا، ھازىرچە خاتىرجەم ئىدى. ئەگەر ئىش چىگىشىپ قالغان تەقدىردە ئابدۇللا ھەممە ئىشنى باراتقا ئارتىپ قويۇپ، ئۇنى ھالاكەت ئورىسىغا ئىتتىرىش قارارىغا كەلدى. «مانا، بارات قەپەسكە سولاندى، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ ئۇنى قەپەستىن چىقارماي يوقىتىش كېرەك».

ئابدۇللا يامۇلغا يېتىپ كەلگەندە، يامۇل بېگى ئۆز بۆلۈمىدە بىر چېرىك بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇللا يامۇل بېگىنىڭ بۆلۈمىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق - يورۇق سالاملاشتى. يامۇل بېگى تەگىنە قورساق، قوش ئېڭەك، گازىر كۆز، ياپما قاپاق، 50 ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، غازىباينىڭ ئالاقە قەغىزىنى چىقىرىپ سۇندى. يامۇل بېگى ئۇنىڭغا غىل - پال كۆز يۈگۈرتۈپ، كۆزلىرىنى قىسىپ سۈكۈتتە چۆكتى:

— بۇ ئىشنى بىز تەكشۈرۈۋاتىمىز، لېكىن گۇناھكار ئىز قالدۇرمىغانلىقتىن، بىر تەرەپ قىلىش تەس بولۇۋاتىدۇ.

— بۇ ۋەقە زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىساق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ،— دېدى ئابدۇللا ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، ئاندىن زاۋۇتتا بولغان غوۋغانى ۋە زىيانلانغۇچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ سەدىردىن بىلەن قىلغان ماجىراسىنى

ئۇقۇشلۇق قىلىپ سۆزلىدى.

يامۇل بېگى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى. ئۆز ھىيلە-مىكرىنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن ئابدۇللا كۆڭلىدە بىرئاز خاتىرجەم بولدى. ئۇ ئەمدى قايتىپ كەتمەكچى بولدى. يامۇل بېگى «بىرئاز توختاپ تۇرۇڭ» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى-دە، ئالدىدىكى شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بارات ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغان ماتېرىيالنى ئالدى. ئۇنى ۋاراقلاپ ئېچىپ ئابدۇللانىڭ بارات ئۈستىدىن ئىشەنچلىك قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ، غازىبايىنىڭ ئەۋەتكەن ئالاقىسىنى ماتېرىيالنىڭ ئارقىغا چاپلاپ قويدى، ئاندىن ئابدۇللاغا يالت قىلىپ قارىدى-دە:

— راستلىقى ئۈچۈن ئىسمىڭىزنى يېزىپ، قولىڭىزنى بېسىڭ،— دېدى.

ئابدۇللا ئۆزى ئېيتقان پاكىتلىرىنىڭ ئاخىرىغا قولىنى باستى، كېيىن يانچۇقىدىن بىر چاڭگال كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى-دە:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن غازىباي ئەۋەتتى،— دېدى.

يامۇل بېگى ئابدۇللادىن مىننەتدار بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ۋاقتىڭىز يەتسە كېلىپ، ئەھۋال بولسا پېقىرغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇڭ. ھېلىمۇ بۇ ئىشنى ئېنىقلاشتا سىز كۆپ ياردەم قىلدىڭىز. غازىبايغا ئېيتىپ قويۇڭ،— دېدى يامۇل بېگى ئابدۇللاغا قاراپ،— ئۇ خاتىرجەم بولسۇن، بۇ ئىشنى پات يېقىندا بىر تەرەپ قىلىمىز.

# ئون ئالتىنچى باب

## ئەلچى

### 1

سائادەت تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار، سائادەتنىڭ دوستلىرى كىردى. سائادەت دوستلىرىغا مەكتەپ ھاياتىدىكى قايناق تۇرمۇش توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەردى. گۈلنىسا ئۇنىڭ قېشىغا يىقىن بېرىۋېلىپ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى. ئىككىيلەن ئوخشاش ئەتلەستىن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك كىيگەنلىكتىن، بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇلار بۇرۇنقى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتىشتى. ئاخىرىدا سائادەت گۈلنىسانىڭ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغىنىنى سېزىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرمايسەن؟

گۈلنىسا كۆڭلىدىكى قايغۇ - ھەسرەتنى ھەرقانچە قىلىپ يوشۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، سائادەت ئۇنى سېزىۋالدى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. گۈلنىسا پاراڭ ئارىلىقىدا سائادەتتىن:

— بارات توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ئانامدىن سورىسام، تېخىنىڭا ئۆگىنىشكە كەتتى دەيدۇ،— سائادەت گۈلنىسانىڭ سوئالىدىن گۇمانلىنىپ قالدى،— ئاداش، بۇ ئىشنى ئوچۇقراق ئېيتقىنا، باراتقا زادى نېمە بولدى؟

گۈلنىسا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى

ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئاڭلىسام، بارات بىر كېچىدىلا بۇ يەردىن كېتىپتۇ.

— نەگە كېتىپتۇ؟

سائادەت سەل جىددىيلىشىپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشقاندەك بولدى ـ دە، گۈلنىساغا تىكىلىپ سورىدى:

— بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

— سەۋەبىنى ئاناڭدىن سورا.

سائادەت لېۋىنى چىشلەپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سۈكۈت قىلغىنىچە گۈلنىسانى ئۇزىتىپ قويدى. راست، كېلىپ ـ كەتتىلەر بىلەن بولۇۋاتقان ئانىسى بىلەن هال ـ مۇڭ بولۇشقا ئۇنىڭ ۋاقتى يەتمىگەن ئىدى. شۇڭا، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ يىگىنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغان ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، ئاڭلىسام بارات بۇ يەردىن كېتىپتۇ، نېمىشقا مېنى بۇ ئىشتىن بۇرۇنراق خەۋەردار قىلمىدىڭ؟

ئايىمنىسا ئۈيچان كۆزلىرى بىلەن سائادەتكە تىكىلىپ قاراپ مىسكىن ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— جېنىم بالام، سېنى پاراكەندە بولمىسۇن دەپ ئېيتمىغان. ئۇ هازىر سولاققا چۈشۈپ قاپتۇ.

— ئۇ نېمە گۇناھ قىپتىكەن؟— سائادەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بىلمىدىم،— دېدى ئايىمنىسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ،— بەزى ئادەملەر ئۆلمىگەن ئادەمگە كېپەنلىك تىكىشىدىكەن.

سائادەت ئانىسىنىڭ هەسرەتلىك چىرايىغا تىكىلدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى، ۋۇجۇدىدىكى تىترەكنى باسالماستىن، دېرىزىدىن باغقا قاراپ سۈكۈتكە چۆكتى. «باراتنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىگە كىم سەۋەبچى بولدى؟» بۇ پىكىر سائادەتنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. بىردىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— بالام،— دېدى ئايىمنىسا قولىنى سائادەتنىڭ دولىسىغا يېنىك

ـكىنە قويۇپ، — ئاڭلىغان خەۋەردە بارات بىر كېچىدە زاۋۇتقا كېلىپ جىبسە كچىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن كۆن - خۇرۇم ئاياغلارنى ئوغرىلاپ، ئامبارغا ئوت قويۇپ قېچىپ كەتكەنلىكتىن، ئوغرىلىغان مال بىلەن تۇتۇلۇپ قاپتىمىش، ئىش مانا مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن تۇرسا، بىزدە نېمە ئامال دەيسەن؟ داداڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىز بۇ ئىشنىڭ بىر تەرەپ بولۇشىنى كۈتۈۋاتىمىز.

— ئانا، بارات ئاكام ئۇنداق قارانىيەت ئەمەس، ئۇ ھەرگىز مۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر گەپ بار.

— قىزىم، بىزنىڭمۇ شۇنداق خىيالىمىز بار، داداڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ئاز يول ماڭمىدى. بارىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە باردى، بىراق ئامال بولمىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ، تەسىرى يامان ئىش بولغاچقا، ھازىرچە بىر تەرەپ قىلىش بەكمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ غېمىمۇ شۇ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇۋالساق دەيمىز.

— بۇ سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىكى گەپ، — دېدى سائادەت ئاچچىقلاپ، — سىلەر ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولساڭلار، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيتتى ھەم بۇ ئىشمۇ يۈز بەرمەستى.

— بالام، سەن ئۇقمايسەن، باراتنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىگە بىز سەۋەبچى ئەمەس، غازىباي زاۋۇتقا خەت يېزىپ ئۇنى ئىشتىن توختاتقانلىقتىن، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ھار كېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، كېيىنكى ئىشلارنى مەنمۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن.

— ئۇنىڭغا چوقۇم بىرسى زىيانكەشلىك قىپتۇ. مەن چوقۇم بارات ئاكامغا زىيانكەشلىك قىلغان قارانىيەت مۇناپىقنى تېپىپ چىقىمەن!

سائادەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جاسارەت شۇنچىلىك كۈچلەندىكى، ئۇ ياشلىقىدىكى ساقچىلار بىلەن دەۋالىشىپ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ تۈۋىگە يېتىشنى ئويلايتتى.

سەدىردىن تونۇگۈن ئايىمىسا بىلەن سۆزلىشىپ، قىزىنى مەكتەپكە يولغا سېلىش توغرىسىدا تەييارلىق قىلىشنى تاپىلىدى.

ئايمىنىسا سائادەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ - دەزماللاپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى، لېكىن سائادەتنىڭ مەكتەپكە قايتىش خىيالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى باراتنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشتا قالدى. شۇڭا ئۇ، ئانىسىنىڭ ئالدىراپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىغا قىلچە ئېتىبار قىلمىدى. ئايمىنىسا: «قىزىم، نېمىشقا غەمكىن يۈرىسەن؟ تەتىل ۋاقتىڭمۇ توشۇپ قالدى، مەكتەپكە قايتىش خىيالىڭدىمۇ يوققۇ؟» دېسە، سائادەت: «ئانا، سەن مېنى مەكتەپكە بېرىشقا زورلىمىغىن. بارات ئاكام تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ، سىلەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈۋاتىسىلەر. مەن مەكتەپكە بارماي، ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغا ياردەم قىلىمەن» دېدى.

سائادەت مەكتەپكە قايتىشنى رەت قىلىپ، بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرى كار قىلمىدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە مېھمانخانا ئۆيدىكى سىم كارىۋاتتا دېرىزىدىن باغقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. بەزىدە ئاسماننىڭ بىر چېتىدىكى پارچە - پارچە بۇلۇتلار-نىڭ ئۈزۈپ يۈرۈشىنى كۆزىتەتتى. مېھمانخانا ئىچىدە ئىككى كىشىلىك كارىۋات بولۇپ، ئۆينىڭ ئىككى تېمىغا گىلەم تارتىلغان، ئۇدۇلدا ئەينەكلىك ئىشكاپ، دىۋان، ئۈستەل، تومپۇچكا، ھەر خىل چىنە - قاچىلار، ۋازىلاردا گۈللەر تۇراتتى. دېرىزىلەرگە يېشىل تور پەردە تارتىلغان بولۇپ، دېرىزە ئېچىقلىق، يېشىل تور پەردە قايرىپ قويۇلغان، كارىۋات ئۈستىدىكى خاڭدەن كۆرپىدە قاپلىما كىرلىككە گۈللەر چېكىلگەن ئالما ئۇرۇقى تاشلىق دۇخاۋا يوتقاننى بېلىگىچە يېپىنىپ، قارا ۋە ئۇزۇن چاچلىرىنى ياستۇقنىڭ سىرتىغا تاشلاپ، ئاپئاق ماموق ياستۇق ئۈستىدە ئېگىكىنى ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان قولى بىلەن تىرەپ، دېرىزىدىن باغقا قاراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇتقاشتەك مەڭزىنىڭ قېنى قاچقان، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يۇيۇپ قويغاندەك يالتىرايتتى. ئايمىنىسا ھايات ئۆز قىزىغا ئاتا قىلغان بۇ گۈزەللىكتىن لەززەتلىنىپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىن-لاشتى ۋە مۆڭلۈق كۆزلىرىگە تىكىلدى. بىراق، سائادەت دېرىزىدىن باغقا تىكىلگىنىچە ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن

ئانا سەل ئوڭايسىزلاندى- دە، ئۆزىنى باسالماي زەردە قىلدى:
— بالام، مەن ساڭا كۆپ نەسىھەت قىلدىم، بىراق سەن ئاڭلىمىدىڭ، كۆن بويى «بارات، بارات» دەپلا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغىنىڭدىن كۆرە، مەكتىپىڭگە قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟— ئايمىنىسا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سائادەتكە ئۇزاق تىكىلدى.
قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ قىلچە تەسىر قىلمىغىنىنى، ئەمدى ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىنى ئاللىقاچان دەپ بولغانلىقىنى ئويلىدى- دە، ئىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ كەينىگە قايرىلىپ،— سائادەت، سەن ئەمدى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا، يەنە جاھىللىق قىلساڭ بولمايدۇ،— دېدى ۋە ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى.
سائادەتنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر- بىلىنمەس تىترەپ، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى، بەدىنى ئېغىرلىشىپ، ئۇنى سوغۇق تەر باستى. ئۇ دېرىزىنىڭ يەنە بىر قانىتىنىمۇ ئېچىۋېتىپ، سەلكىن شامال بىلەن كىرگەن ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئالدى.

## 2

سائادەتنىڭ ئائىلىسىدە قېلىشى ئابدۇللانى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ سائادەتنى قانداق قولغا چۈشۈرۈشنى خىيال قىلىدىغان بولدى.
ئابدۇللا تەلەي سىناپ بېقىش نىيىتىدە قورسىقىدىكى مۇددىئاسىنى ئەلچى ئەۋەتىپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ ھامىسى ھەرقانداق ئىشنى ئېپى- سېپىدە قىلالايتتى. مەھەللە- كويلار تويى ئۈچۈن ئەلچىلىككە دائىم ئۇنى بىللە ئېلىپ باراتتى. مەھەللە- كويلارنىڭ توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ئىشلىرى ئۇ ئارىلاشماي ئوڭۇشلۇق بولمايتتى.
شۇڭا، ئابدۇللا كۆپ باش قاتۇرۇپ ھەنىپىنى ئەلچىلىككە تاللىدى. ئۇ ھامىسى ھەنىپىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاراڭلاشقاچ مۇددىئاسىنى ئېيتتى.
ھەنىپە پاكار بوي، سېمىز، كەڭ قارا قاشلىق، 50 ياشلار چامىسىدىكى گەپدان ئايال ئىدى.

— ياخشى ئويلاپسەن، سىنىڭ يولۇڭنى مەن ماگمىسام كىم ماگىدۇ؟ بۇ يولنى ئۆزۈم مېڭىپ ئىشىڭنى چوقۇم ئىش قىلىمەن. «قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال، ئاتا كۆرۈپ قىز ئال» دەپتىكەن، سائادەت سەدىردىن ئۇچۇن يالغۇز قىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئابرۇيلۇق ئادەملەر. «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپتىكەن بالام، ۋاقتى ئۆتكەن ئىش سوۋۇپ قالغان ئاشقا ئوخشايدۇ. ياخشى مەسلىھەتكە يامان غەرەز ئارىلىشىپ قالمىسۇن، ئەتىدىن قالدۇرمايلا بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلايلى.

— ماقۇل، سىلىگە رەھمەت،— دېدى ئابدۇللا ئۇنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشاۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سائادەتنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سىيماسى گەۋدىلەندى.

ئىككى كۈندىن كېيىن سەدىردىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھەنىپە پەيدا بولدى. ئايىمنىسا چۈشلۈك تاماققا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ھەنىپە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا سائادەت ئوچۇق دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ باغدىكى قۇشقاچلارنىڭ ئۇچۇشىغا، بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىغا قۇلاق سېلىپ، «قۇشقاچ ئېگىز ئۇچسا ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ، قۇشقاچلار غەمدىن يىراق، ئۇلار خالىغان يەرگە ئۇچالايدۇ، قۇشقاچلار نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە؟» دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ھويلىدىكى كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى. ئۇ «بىرەر تاغىلىرىمنىڭ ئايالى بولسا كېرەك» دېگەن خىيال بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ھايال ئۆتمەي مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن ناتونۇش ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. مېھمان سائادەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. سائادەت چاقچاقلىق بىلەن مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى. مېھمان ئورنىدىن قوپۇپ قايتىدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراپ جايىدا ئولتۇردى. سائادەت ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئاپتۇۋاغا سۇ قۇيۇپ، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مېھماننىڭ قولىغا سۇ بەردى، ئايىمنىسا داستىخان تەييارلىدى. چايدىن كېيىن ھەنىپە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقتۇردى، ئاندىن ئېلىپ كەلگەن بوغچىسىنى يېشىپ، قىممەت باھالىق رەختلەرنى ئايىمنىسانىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئالدىراشچىلىقتا شۇنداقلا بىر كېلىپ قالدىم،— دېدى.
— نېمانچە تەزگىنگەنلا،— دېدى ئايىمنىسا ئۇنىڭغا قاراپ.
— لايىقىدا ئىش قىلالمىدىم،— دېدى ھەنىپە گەپنىڭ بولىدىغان يېرىنى ئېيتىپ،— ئابدۇللامۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، ھەرقايسىلىرىغا ئىناق - سىناق، ئۇبدان يىگىت، يېقىندىن بېرى توي قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپتىكەن، بىرنەچچە يەردىن لايىق كۆرسەتسەم ئەرزىمىدى. سائادەت قىزدەك ياخشى لايىق تۇرۇپ باشقا جايغا قىز سوراپ بېرىشقا كۆڭلۈم قويمىدى.
— ئۇبدان قىپلا، خۇدا ئىككى ياشنىڭ رىزقىنى قوشقان بولسا، چوقۇم دېگەنلىرىدەك بولار.
سائادەت دالاندا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ ئەلچىنى ئابدۇللانىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ خۇيى تۇتۇپ قالدى. ئىچى سىقىلىپ باغقا كىرىپ، ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ تۆزۈپ كەتكەن گۈللەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىراق، ئۇنىڭدىنمۇ تېگىشلىك بەھرە ئالالمىدى. ئۇنىڭ دەريا ياقىسىغا بارغۇسى ۋە كەڭ دالىغا چىقىپ كۆكسىنى شامالغا تۇتۇپ ماڭغۇسى كېلەتتى. ئەگەر بارات مۇشۇ يېقىندا بولسا، يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆز يېشى قىلىپ، مۇڭ - زارىنى ئېيتىپ كۆڭلى - كۆكسىنى كىچىككىنە بولسىمۇ بوشىتىۋالغان بولاتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇمكىن ئەمەس ئىدى...
ئايىمنىسا مېھماننى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىقتى. مېھمانخانا جىمجىت ۋە بوش قالغان ئىدى. سائادەت يۈگۈرگەن پېتى مېھمانخانىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاۋاتقاندا، ھويلىدا ئانىسىنىڭ «دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قىزىمنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ خەۋەر بېرەيلى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. سائادەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ھازىر سائادەتنىڭ بارلىق ئوي - خىيالى باراتتا بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبى سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ يېنىغا تەلپۈنۈپ

كېتىۋاتقاندەك ئىدى. سائادەت ئىلگىرى بارات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قېرىنداشلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتى دەپ بىلەتتى. باراتمۇ سائادەتنى ھەرقانچە ياخشى كۆرگەن بىلەن، سەدىردىن بىلەن ئايىمنىسادىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايتتى. سائادەت بۇگۈن ئەلچى كەلگەنلىكىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى ئابدۇللاغا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان باراتتىن ۋە ئاتا - ئانىسىدىن سىر تۇتۇپ كەلگەن بۇ ئىشنى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرۇپ ئاشكارىلىدى. «مەن باراتنى ياخشى كۆرىمەن، ھەرگىزمۇ ئابدۇللاغا تەگمەيمەن. مېنىڭ باراتقا بولغان مۇھەببىتىمنى ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ...»

3

ئايىمنىسا مېھمانخانىدا سەدىردىننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بەزىدە ئەگمە راملىق كاككۇك سائىتىگە، بەزىدە بولسا دېرىزە سىرتىدىكى كۆكنى قاپلىغان كەچكى شەپەق نۇرىغا قاراپ قوياتتى. ئۇ سەدىردىننى ساقلاۋېتىپ تىت - تىت بولۇپ تاماققا تۇتۇندى، ئۇ سەينى يۇيۇپ، گۆش بىلەن سەينى توغراۋاتقاندا سەدىردىن ئىشتىن قايتىپ كەلدى.

— ئەجەبمۇ تەقەززا قىلدىڭىز.

سەدىردىن ئايالىنىڭ بىرەر گېپى بارلىقىنى سېزىپ سورىدى:

— بىرەر گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق،— دېدى ئايىمنىسا سەدىردىننىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ. ئۆزى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن سائادەتكە ئەلچى كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تەپسىلىي يەتكۈزدى.

— سېنىڭچە قانداق قىلىمىز؟— دېدى سەدىردىن سول كۆزىنى قىسىپ.

— قانداق قىلاتتۇق، قىزىمىز رەسىدە بولدى، ئوقۇشقا بارمىغان

ـدىن كېيىن توينى قىلىۋەتسەكمىكىن.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋەتمىسەك، بىزگە بىرەر خاپىلىق تېپىپ بېرەرمىكىن دەيمەن. ئاڭلىسام، ئۇ باراتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋېتىپتىمىش.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ نېمە قىلىدىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدىم، «يېتىمغا ئاتا بولساڭ بۆكەڭ لاتا بوپتۇ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. يېقىندىن بۇيان ساقچىلار كېلىپ يەنە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراۋاتىدۇ،— دېدى ئايىمنىسا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— «سۆزلىسەڭ سۆز چىقىدۇ، قوچۇۋەرسەڭ كۆز چىقىدۇ». گەپنىڭ قىسقىسى، سائادەتنى ياتلىق قىلىۋېتەيلى. ئابدۇللامۇ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان، بىر - بىرىمىزنى ئوبدان بىلىشىمىز. سەن ئۇنىڭ گېپىنى ئېلىپ باققىن،— دېدى سەدىردىن.

تۈنۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا يېتىۋالغان سائادەتنى ئانىسى تۇۋلاپ ئويغاتتى. سائادەت ھۇرۇنلۇق بىلەن ئۆرۈلۈپ يوتقانىنى بىر چەتكە قايرىپ تاشلىدى. تۈنۈگۈن كەچتە دېرىزە پەردىسىنى تارتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، قوش راملىق دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى كارىۋات ئۈستىدىكى يوتقانغا چۈشۈپ تۇراتتى. كېچە كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇرغان سائادەتنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچلۇق ۋەھىمە قاپلىۋالغان ئىدى، شۇڭا ئانىسىنىڭ تۇۋلاپ ئويغىتىۋېتىشىدىن ئاغرىندى. ئۇ بۈگۈن كېچە كۆرگەن چۈشىنىڭ يەنە داۋام قىلىشىنى تىلەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ باقتى، ئەمما ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دېرىزە تەكچىسىگە تىزىپ قويۇلغان گۈللەرگە قارىدى. گۈللەر ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سائادەت بۈگۈن چۈشىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىلىپ كەتكەن باراتنى كۆردى...

سائادەت بىر گۈزەل ئالمىلىق باغدا تۇراتتى. ئۇ قىزارغان ئالمىلارغا قاراپ قولىدىكى بىر جۈپ ئالمىنى ئويناپ باراتتى. تۇساتتىنلا بىر ئالما ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى، ئۇ قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى، بىر توپ ئالما

شىخىدا يوپيۇرماقلار ئارىسىدىن كەپتەرنى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك ئولتۇر-
غان بارات «گۈس» قىلىپ يەرگە سەكرىدى. ئۇنى كۆرگەن سائادەت
ھودۇقۇپ لەۋلىرى تىترەپ، يۈزلىرى ئوتتەك يېنىپ، بېشى ساڭگىلاپ
كەتتى.

— قەيەرگە ماڭدىڭىز؟— دېدى بارات ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

سائادەت ئۈنچىقماي، پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ چېچىنى ئويناپ
تۇراتتى. ئۇ سۇس تەبەسسۇم قىلىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— سىزمىدىڭىز، ئەجەبمۇ قورقۇتتىڭىز،— دېدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق
كۆزلىرىگە، ئاناردەك يۈزىگە قاراپ بارات سۆكۈتكە چۆكتى،— يۈرۈڭ،
ئايلىنىپ كېلەيلى،— دېدى سائادەت. ئۇنىڭ ئوماق يۈزى، خۇما كۆزلىرى
كۆتۈرۈلۈپ يەنە يەرگە ئاغدى.

ئۇنىڭ شۇنداق مۇلايىم قاراپ تۇرۇشى «مەن سىزنى ياخشى
كۆرىمەن» دېگەندەك، باراتنىڭ كۆڭلىگە ھېچ نەرسە بىلەن تەڭلەش-
تۈرۈپ بولمايدىغان ئىسسىق بىر تۇيغۇنى سېلىپ ئۆتتى. بۇلار باغ
ئايلىنىپ باغ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ
توختىدى. ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقى يېشىل گىلەم سېلىپ قويغاندەك
ئىدى. ھاۋا زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ئېرىقنىڭ ئىككى قاسنىقى قۇياش-
نىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن ئىدى. بۇلار ئېرىق ياقىسىدا ئېچىلغان
گۈللەرنىڭ ئارىسىغا چۆكتى. بارات ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سائادەتكە
سۆزلەپ بەردى. سائادەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى، بىردەم
سۈكۈتكە چۆككەندىن كېيىن، قولىدىكى بىر جۈپ ئالمىنى باراتقا
ئۇزاتتى. ئۇ سائادەتنىڭ ئاپئاق بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتمەي ئۆزىگە
تارتتى، سائادەت ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن باراتنىڭ سەممىي، دەردلىك،
تەسلىم قىلدۇرغۇچى كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دېڭىزدەك تىنىم-
سىز دولقۇنلىماقتا ئىدى، باراتنىڭ يۈرىكىنىمۇ غەيرىي بىر ئوت چىرمىۋال-
دى، سائادەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، باراتنىڭ دەردلىك كۆزلىرىگە
قارىدى.

— بىز مۇشۇ جايدا تونەيلى،— دېدى بارات.

— نېمىشقا، بىز تونۇشقاندىن بېرى ماكان يوقمۇ؟

— ماكان يوق، مەن يەنىلا ئۆي - ماكانسىز، مېنى ساقچىلار تۇتۇپ سولاشتى، ئەتە - ئۆگۈن ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىدۇ، شۇڭا سىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدىم.

— سىز... سىز نېمە دەۋاتىسىز؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

سائادەت تىترەپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا باراتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ كۆز يېشى قىلدى.

— مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن،— ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن باراتنىڭ قوللىرىنى مەهكەم تۇتتى. باراتمۇ ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىدى، سائادەت ماغدۇرسىزلىنىپ باراتقا يۆلەندى، ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ مۇهەببەت قىزغىنلىقى بىلەن غۇنچىدەك لەۋلىرىگە قانغۇچە سۆيدى. ئۇنىڭ يۈرىكى هاياجان بىلەن ئويناپ كەتتى، هاياتىدىكى بەختلىك كۈنلەر قايتىدىن باشلانغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتتى.

— توي قىلايلى، ماقۇل دەڭ،— دېدى سائادەت باراتقا يالۋۇرۇپ، ئاندىن بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ئۇزاق يىغلىدى.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟

— نېمىشقا يىغلىمايمەن، پات يېقىندا تويۇم بولىدىكەن.

— كىمگە؟

— ئابدۇللاغا.

— ئۆيدىكىلەر قوشۇلدىمۇ؟

— قوشۇلدى،— دېدى سائادەت ئېچىنىپ ئۆكسۈپ.

— سائادەت، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مەن سىزنى بۇ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن، ئۇ چاغدا بىز بەختلىك ئائىلىدە ئىناق ئەر - ئايال بولۇپ ياشايمىز.

— راست ئېيتىۋاتامسىز؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداق بولسا ئامەت ۋە بەختىمنى سىزدىن كۈتىمەن.

توساتتىن ھاۋا ئۆزگىرىپ، سوزۇق ئاسماندا قارا بۇلۇتلار قۇترىدى. ئىرىق بويىدىكى ياۋا گۈللەر ئارىسىدىن تەلەتى سەت، چىرايى سۈرۈن ئابدۇللا ئاچ بۆرىدەك ئىتتىلىپ چىقىپ بىر غىرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى خەنجىرىنى سوغۇرۇپ باراتقا ئىتتىلگىنىچە ئۇنىڭ كۆكسىگە سالدى. بارات سەنتۈرۈلۈپ ئىرىققا قاپلىشىپ قالدى...

سائادەت شۇ چاغدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، ئانىسى ئاشخانىدىن چىقىپ كايىپ كەتتى

— مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇخلىغان بارمۇ؟ قىز بالىنىڭ سىپىڭدەك ھۇرۇن بولغىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن!

سائادەت يۇيۇنۇپ، ئەتىگەنلىك چىيىنى ئىچىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىردى، لېكىن كۆڭلى ھېچ نەرسىنى تارتمىدى. چايدىن كېيىن سەدىردىن ئىشقا كەتتى. ئۆي ئىچىدە بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئېغىر جىملىقنى بۇزۇپ ئايىمنىسا سۆزلىدى:

— قىزىم، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

— نېمە گەپ؟

ئايىمنىسا ئاستا سائادەتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— قىزىم، سەن ئوقۇشنى خالىمىدىڭ، سېنىڭ رايىڭغا بېرىپ بىزمۇ سېنى ئوقۇشقا بېرىشقا قىستىمىدۇق. نېمىلا قىلما سەن بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنى يەرگە ئۇردۇڭ،— ئايىمنىسا ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— جېنىم بالام، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىنى قايغۇ - ھەسرەت باسقانلىقى ئېسىڭدە، بارات بىلەن ئاكا - ئۇكىدەك ئۆگىنىپ قالغان ئىدىڭلار، بىراق ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قالدى. قىز بالا دېگەن ھامان كىشىنىڭ بالىسىكەن، يېقىندىن بۇيان باش ئاغرىقى بولۇۋاتىدۇ،— ئايىمنىسانىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرى سائادەتنىڭ دەردلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئايىمنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ تاراقلىتىپ ساندۇقنى ئېچىپ ھېلىقى ئەلچى خوتۇن ئېلىپ كەلگەن بوغچىنى ئالدى،— مانا بالام، ئابدۇللانىڭ ھاممىسى قىز سوراپ كەپتۇ،— دېدى ئايىمنىسا بوغچىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەختلەرنى بىر - بىرلەپ

سائادەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، مۇلايىم، سىلىق هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى،— داداڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق، سىنى ئابدۇللاغا بەرمەكچى، سىنىڭ مەيلىڭ بولسۇن ـ بولمىسۇن، بۇ بەربىر قىزىم.

— جىنىم ئانا، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئابدۇللاغا تەگمەيمەن،— دىدى سائادەت كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى هەم قاتتىق، هەم كەسكىن ئىدى. سائادەتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ، چىرايى تۇتۇلدى، كۆزلىرىدە هەسرەت يىشى ئەگىدى. «بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ تەلىپى ئىكەن، ئىش ئەمدى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ» دەپ ئويلىغان سائادەت لىۋىنى چىڭ چىشلەپ، كەينى ـ كەينىدىن بىشىنى چايقىدى،— جىنىم ئانا، قەلبىمنى نىمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن، سەن... زادى سەن...

ئايىمنىسا هەيران بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. سائادەتنىڭ كەسكىن جاۋابى ئۇنى تەئەججۈپكە سېلىپ قويدى. سائادەت كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئايىمنىسا نىمە دىسە ماقۇل دەپ كەلگەن مۇلايىم، سەممىي قىز ئىدى. ئەمدىلىكتىچۇ؟... ئايىمنىسا گىپىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق رەت قىلىۋاتقان قىزىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ناهايىتى ئاچچىق بىلەن:

— رايىڭغا بىرىپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق، ئەمدى سىنىڭ هەددىڭ ئەمەس،— دىدى.

سائادەت يەنە كۆز يىشى قىلدى، كىيىن هەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇپ:

— جىنىم ئانا، سىلەر نىمە ئۈچۈن مىنى توي قىلىشقا زورلايسىلەر، نىمىشقا مىنىڭدىن سورىماي توي قىلىشقا قوشۇلىسىلەر، مەن پاك ۋىجدانىمنى هەرگىز بۇلغىمايمەن!— دىدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئەلچى ئايال ئەكەلگەن بوغچىنى پىرقىرىتىپ دالانغا چۆرۈۋەتتى.


بۇ دىققەتچىلىككە چىداپ تۇرالمىغان ئايىمنىسا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم سائادەتكە تىل سالدى:

— كۆزۈمدىن يوقال، سىنىڭدەك بەگۋاش قىزنى باققۇچە هايۋان باقسام بولاتتى!

بۇ سۆز سائادەتنىڭ يۈرىكىگە ھەرە چاققاندەك تەگدى.

— ماقۇل، بۇ ئۆيدىن پات ئارىدا يوقىلىمەن،— دېدى ۋە مېھمانخانىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

سائادەتنىڭ ئوماق كۆزلىرىدىن ئايدەك يۈزلىرىگە ياش تامچىلىرى سىرغىدى. ئۇ ياستۇققا يۈزىنى قىلىپ ئۇزاق يىغلىدى، قاپاقلىرى ئىششىپ، لەۋلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتتى. گويا قايغۇ ـ ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەمنىڭ دەشت ـ سەھراسىنى كېزىۋاتقان سائادەتكە ئەمدى ئۆزىنى يىغىغا زورلاشتىن باشقا ئىلاج قالمىغاندەك تۇيۇلدى.



# ئون يەتتىنچى باب

## دوستلۇق رىشتى

### 1

ئايدىڭ كېچە. يۈزى سارغايغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان سائادەتنىڭ كاللىسىدا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىرلا نەرسە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى راھەتتەك، ئۇنىڭ بۇ راھەتنى ھېچكىم بۇزالمايدىغاندەك، ئۇ مۇشۇ مەقسەتكە يەتسىلا مەڭگۈ خاتىرجەم بولىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ھەربىر قەدەمنى ناھايىتى ئالدىرىماي بېسىپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا كېلىۋاتاتتى.

دالا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باغ - ۋارانلار، يول تەرەپكە ساڭگىلىغان دەرەخنىڭ شاخ - پۇتاقلىرى گاھىدا سائادەتنىڭ ياغلىقىنى ئىلىۋالاتتى. يېشىل يوپۇرماقلار ئۈستىدە سۈزۈك ئاينىڭ كۈمۈش نۇرى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ ماڭغانسېرى مەھەللە، ئۆيلەر شالاڭلىشاتتى. يول بارا - بارا پايانسىز دالىغا چىقتى. يىراقتىن قارىغاندا تاغلارغا چۈشكەن يېڭى قار پارقىراپ كۆرۈنەتتى، كۆك يۈزىدە ئۇيەر - بۇ يەردە پارچە - پارچە بۇلۇت ئۆملىشەتتى. ئىزغىرىن شامال چۆلنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھىدىنى دىماغقا ئۇراتتى.

سائادەت يىراقتا پارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق سوئال - جاۋابمۇ يوق. ئۇ ھازىر يەنە بىرنەچچە يۈز قەدەم مېڭىپ پانىي دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشقا جەزم قىلغان ئىدى.

شۇنداق، «ساپ ۋىجدانلىق قىزلار ئىشق - مۇھەببەتنى ئېتىقادقا ئوخشاش مۇقەددەس بىلىدۇ. ئۇلار كۆڭلىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى ئۈچۈن گاداي يىگىتنىڭ خاراب گەمىسىنى پادىشاھلارنىڭ ئېسىل سارايلىرىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ، جۇل - جۇل چاپانلىق پادىچى يىگىتنى شاھزادىلەرگە تېگىشمەيدۇ. ئۇلار پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بىر نىشان - بىر مەقسەتكە، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىدۇ. ئەگەر مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىسا، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى پۈتۈن ئۆمرىگە، ئۆزلىرىگە جورا قىلىپ ھەسرەت بىلەن ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ».

سائادەت مانا شۇنداق قىزلاردىن ئىدى. ھاياتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۇنى ئەركىن مۇھەببەت يولىدىن ئازدۇرالمىدى، پاك مۇھەببىتىگە كىر يۇقتۇرالمىدى. تۈنۈگۈنكى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

تۈنۈگۈن كەچ ئۇنىڭ تويى توغرىسىدا يەنە ئەلچى كەلدى. يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى سائادەت گۈلنىسادىن ئاڭلاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرى تاشلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن يۈرىكى سىقىلىپ، كۆڭلى پەرىشان بولغان ئىدى. سائادەت ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتقاندا، دوستى گۈلنىسا ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەزلەپ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگەن ئىدى. سائادەت ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، كۆز ياشلىرى قۇرۇپ، چىرايى تاتىرىپ، دىۋاندا باغقا قاراپ ئۈن - تىنسىز ئۇزاق ئولتۇردى. گۈلنىسا بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ قېشىدا قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. قېرىشقاندەك گۈلنىسامۇ سائادەتنىڭ قېشىدا ئۇزاق ئولتۇردى- دە، ئۇزاق مۈگدىشىپ ئۇخلاپ قالدى.

سائادەت ئويغانغاندا گۈلنىسا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاشخانا ئۆيىنى ئۇزاق تىڭشىدى، دادىسى سەدىردىن خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئاستا ھويلىغا چىقتى، ئايئاق ئاينىڭ نۇرىدا ھويلىدىن تالاغا چىقىپ كەڭ دالىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بۈگۈن كەچ سائادەت گۈلنىسادىن يەنە بىر

ھەپتىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئابدۇللاغا زورمۇزور تويغا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھايات ياشاشتىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن، گۈلنىسا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بوران - چاپقۇنىنىڭ شەپىسىنى بىلىپ قېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەتمەي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆلۈمگە ھېچبىر ئىككىلەنمەي يۈرمەي ئۆز پۈتى بىلەن مېڭىپ كەلدى.

سائادەت بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرياغا قارىدى، ئاي ئاسماندا ئەمەس، دەريادا كۆرۈندى. سائادەت ماڭا - ماڭا نىشانغىمۇ يەتتى. سۇرلۇك ئېقىۋاتقان دەريا ئاي نۇرىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ھەيۋەتلىك دولقۇنلار شىددەت بىلەن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ئۇنچىدەك چاچرىغان سۇ تامچىلىرى سائادەتنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۆيۈپ ئۇنى ئەندىكتۈردى. دەريا سالقىنى ئۇنىڭ چۈۋۈلغان چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈپ كۆكسىگە ئۇرۇلدى، ئۇ ئاستا كۆزلىرىنى يۇمدى، كۆڭلىدىن ئاللىقانداق خىياللار كېچىپ، لەۋلىرى زەئىپ پىچىرلىدى. «پاك ۋىجدانىم بىلەن ئۆلمەن، سۇ مېنى ئۆز قوينىدا ئەللەيلەپ، مەن بارماقچى بولغان مەڭگۈلۈك راھەت باغچىسىغا ئەكېتىدۇ». ئۇنىڭ لەۋلىرى پىچىرلاشتىن توختاپ، كۆز ئالدىدا باراتنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندى، سۈرەتتەك قېتىپ قالغان بارات دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ كېتىۋاتقان سائادەتكە قاراپ ئېتىلدى. ئانىسىنىڭ يىغا - زار قىلىپ ئۇنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ قىلغان نالە - پەريادى قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغاندەك بولدى. سائادەت يەنە كۆزىنى يۇمدى. ئەمدى ئۇنىڭ قولىقىغا باراتنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە - پەريادى ئاڭلاندى. «جېنىم سائادەت، مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇ؟ مەن ھازىر ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىندىم، سېنىڭدىن باشقا قۇتقۇزغۇچى كىشىم يوق، سەن ئۆلۈپ توگەيسەن، مەنمۇ ھاياتتىن خوشلىشىمەن، مېنى قۇتقۇز، ئىككىمىز بىللە... بىللە...»

سائادەتنىڭ لەۋلىرى يەنە پىچىرلىدى، كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مېھرىبان دوستى گۈلنىسا كەلدى، گۈلنىسا ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆيگە سۆرەۋاتاتتى، مۇڭلۇق ئاۋازدا «جېنىم دوستۇم، مېنى تاشلاپ كېتەمسەن؟» دەۋاتقاندەك بىلىندى. «ئاھ،

سائادەت، ئاتا ـ ئاناڭنى زار قاقشىتىپ سىنىڭ ئۇچۇن كۆيۈپ پۇچىلىنىۋاتقان باراتنى داغدا قويۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ قانچىلىك راھىتىنى كۆرەرسەن؟ ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا تاش يۈرەكلىك قىلىسمۇ، ئەمدى ئۇلارنى بىر ئەرەت كەچۈرگىن. سەن ئۇلارغا باغرى تاشلىق قىلمىغىن»، «ھايات نېمىدېگەن تاتلىق، ئېغىر كېسەللەرمۇ جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ، مېيىپلار، ئەمالار، ھەتتا ئۆلتۈرۈلمايدىغان مەجرۇھلارمۇ ھاياتنىڭ تاتلىقلىقىدىن ياشاشنى خالايدۇ...»

سائادەت ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلەۋاتقاندا، يىراقتىن بىر قىزنىڭ ئۆز ئىسمىنى سوزۇپ «سائادەت!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى. «بۇ كىمدۇ، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ؟»

سائادەت ھودۇقۇش، ئېسەنگىرەش ئىچىدە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى. ئاۋاز ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكس سادا پەيدا قىلىپ جاراڭلىدى. ئۇ يەنە يىراققا قارىدى. يىراقتىن بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمىدى، «ئېھتىمال، ئۇمۇ بىرەرسىنى ئىزدەپ چىققاندۇ».

سائادەت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ دەريا ياقىسىغا قاراپ ماڭدى.

— سائادەت، توختا! مەن گۈلنىسا.

سائادەت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆزى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان گۈلنىسانى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئون قەدەم، بەش قەدەم، مانا ئۈچ قەدەم قالغاندا توختىدى. ئىككىلىسى ئېغىر ھاسىرايتتى. سائادەت گۈلنىساغا ئۆزىنى ئاتتى. ھەر ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. سائادەت ئۇنىڭ كۆكسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— نېمىشقا كەلدىڭ؟

— سېنى ئىزدەپ.

— مېنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭ؟ قارا، ئىز قوغلاپ كەلگىنىڭنى.

— نېمىشقا ئىزدىمىگۈدەكمەن، سەن مېنىڭ دوستۇم تۇرساڭ.

سائادەت، سەن نېمە قىلماقچىسەن؟

— مەن... مەن...

سائادەت ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. گۈلنىسا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— دوستۇم، سەن تېخى ياش، سەن بىلەن بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز پارلاق، سەن يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ ئابدۇللاغا تېگىشنى خالىمىغانغا ئۆلۈۋېلىش كېتەمتى. سەن بۇنداق قىلساڭ ئاتا - ئاناڭنى، باراتنى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالدۇرىسەن. ھايات يولى ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي، سەنمۇ بۇنى چۈشىنىسەن. باراتنى ياخشى كۆرىدىغان خىيالىڭ بولسا، مەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا ياردەم قىلاي. بارات بىلەن توي قىلىشقا ئاتا - ئاناڭنى كۆندۈرەي، لېكىن سەن مەن بىلەن قايتىپ كېتىشكە ۋەدە بەر، ماقۇلمۇ؟

سائادەت ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى-دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. گۈلنىسامۇ ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئىككىيلەن دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ ئۇزاقىچە كۆز يېشى قىلىشتى. تاڭ يورۇپ، تۇمانلىق تاغ كەينىدىن قۇياش ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرگۈچە مۆگداشتى. دەريا ياقىسىدىكى يالپۇزلار يېشىل مەخمەلدەك كۆكىرىپ يالتىراپ تۇراتتى. جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى تاڭ شەپىقىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاللىقانداق گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلىپ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. يولۇچىلار بۇ جايدىن ئۆتكەندە ھاردۇق ئالماي ئۆتمەيتتى. سائادەت بىلەن گۈلنىسا ئېقىن سۇدا يۈزىنى يۇدى. يانچۇقىدىن قولياغلىق ئېلىپ يۈزىنى سۈرتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدا قالغان بىر بۇردا ناندا ناشتا قىلىشتى. ناشتىدىن كېيىن، سائادەت گۈلنىساغا:

— ئاداش، سەن ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت،— دېدى.

— سەنچۇ؟

— مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مېنىڭ نەگە بېرىشىمنى، نېمىش قىلىشىمنى سورىما، مەن باراتقا بولغان پاك سۆيگۈم بىلەن

بەختىمنى تاپىمەن.

— خاتا ئويلاپسەن، سەنمۇ ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت، ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەر سېنى سوراپ قالسا مەن نېمە دەيمەن، ئۇيەر - بۇيەردە قاتراپ يۈرۈپ بەخت ئىزدىگىنىڭ تازا ياخشى بولماسمىكىن؟

— سېنىڭچە قانداق قىلىمەن؟— دەپ سورىدى سائادەت.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت، مەن ئاپىرىپ قوياي، ئەگەر قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمساڭ، ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارايلى. بىراق، سەن ئۆيگە قايتمىساڭ، ئۆيۈڭدىكىلەر كېلىپ سېنى سورىسا مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

— نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتىڭ، نەسىھەت قىلسام ئۇنىماي باراتتى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۇنى ئىزدەپ تۈرمىگە كەتتى دېگىن.

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا، شۇنداق دەي، هازىرچە بىر - ئىككى كۈن ئاچامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرغىن، قالغان مەسىلىهەتنى شۇ يەردە قىلىشايلى.

سائادەت گۈلنىسانىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. گۈلنىسا «ئۆيدىكىلەرگە كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ چىقاي» دەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. سائادەت چوڭ يولنىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئېرىق بويىدا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بىرپەستىن كېيىن گۈلنىسا چىقىپ كەلدى. ئۇلار يول بويى پاراڭلىشىپ مېڭىپ، گۈلنىسانىڭ ئاچىسى جەمىلەنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. گۈلنىسا سائادەتنى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندە، جەمىلە بالىلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك چېيىنى بېرىۋاتاتتى. جەمىلە ئۇلار بىلەن يىقىملىق كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى. جەمىلە سائادەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، قولىدىن كېلىدىغان ياردىمنى ئايىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئۇلار چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە هال - مۇڭ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. كەچقۇرۇن گۈلنىسا سائادەتنى مۇشۇ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى.

× × ×

سائادەت بۇگۈن ئەتىگەن جەمىلەنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندا گۈلنىسا كىرىپ كەلدى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئاداش، مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى سائادەت گۈلنىسانىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ.

— ئەسلىدىغۇ ھەر كۈنى سېنى يوقلاپ تۇرسام بولاتتى، بىراق سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭنى چاندۇرۇپ قويماي دەپ يوقلاپ كەلمىدىم. قانداق، زېرىكىپ قالدىڭمۇ؟

— زېرىكسەم ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇدۇم شۇ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن كۈنى ئايمىنىسا ھەدەم سېنى ئىزدەپ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتىكەن، ئانام ئايمىنىسا ھەدەمگە «سائادەت بۇ ئۆيگە كەلمىدى. گۈلنىسا ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن» دەپتىكەن، ئايمىنىسا ھەدەم سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى قىلالمىغانلىق توغرۇلۇق ئانامغا ھال ئېيتىپ كۆز يېشى قىلىپ دەرد تۆكۈپ قايتىپ كېتىپتۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ، — دېدى سائادەت ئېغىر خۇرسىنىپ.

مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە سائادەتنىڭ روھىي كەيپىياتىدا بىرۆلەكچىلا ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. گۈلنىسا ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن سائادەتكە سوئال قويدى.

— سائادەت، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلىشنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ھازىر بېشىم تازىمۇ قاتتى، ھەرقايسىڭلار مېنى بىر يولغا سېلىڭلار.

سائادەت غەمكىن ئولتۇرۇپ بىر تال توم ۋە قارا چېچىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىكارچىلا ئۇنى چۇۋۇپ، ئۆرۈپ ئولتۇراتتى. جەمىلە گۈلنىساغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ سورىدى:

— سائادەتنىڭ باشقا تونۇش - بىلىشلىرى بارمۇ؟

— مەن ئۇنى بىلمەيمەن،— دېدى گۈلنىسا سائادەتكە قاراپ قويۇپ،— ئاڭلىشىمچە، باراتنىڭ ئانىسى بىر - ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇنى ئىزدەپ قەشقەردىن كەپتىكەن، ئوغلى بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشكەنچە، كېيىن ئوغلىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي، شەھەردىكى توختاشھاجىمنىڭ چايخانىسى ئەتراپىدىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتىمىش. مەن ئانامنى باراتنى سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھېزىمباينىڭ سارىيىغا ئەۋەتسەم، ھېزىمباينىڭ بىر كېچىدىلا ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەنلىكىنى، باراتنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەنلىكىدىن باراتنىڭ ئانىسىنىڭمۇ خەۋەر تاپقانلىقىنى ھېزىمباينىڭ خوتۇنىدىن ئاڭلاپتۇ. مېنىڭچە، سائادەتنى باراتنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويساقمىكىن.

— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ،— سائادەت گۈلنىسانىڭ سۆزىدىن ئەقىل تاپقاندەك، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بېرى ھەل قىلالمىغان بىر تۈگۈن يېشىلگەندەك، ۋۇجۇدى يۇمشاپ ئۆزىدە يېنىكلىك ھېس قىلدى- دە، گۈلنىساغا قاراپ،— ئاداش، بۇ گەپنى ئوبدان ئېيتتىڭ، باراتنىڭ ئانىسىنى تېپىپ، ئاندىن باراتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلايلى،— دېدى.

— شۇنداق قىلايلى،— دېدى گۈلنىسا.

2

— توختاشھاجىمنىڭ چايخانىسى مۇشۇمۇ؟

— ھەئە، بىرەرسىنى ئىزدەمدىڭلا؟

گۈلنىسا بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن:

— نۇردۇننى ئىزدەپ كېلىۋىدىم،— دېدى جانان چىنىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا.

يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا تاتلىق بىر سېزىم پەيدا قىلدى. ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان غۇنچە بوي، قويۇق قارا قاشلىق، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن:

— نۇردۇن دېگەن مەن بولىمەن،— دېدى كۆلۈمسىرەپ.

گۈلنىسا يىتتىلىرىپ قويغان قەدىرلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— سىز باراتنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن،— دېدى يىگىت.

— باراتنىڭ ئانىسى ئوغلىنى ئىزدەپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، بۇ راستمۇ؟

— راست، مەن باراتنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەن.

— باراتنىڭ ئانىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

گۈلنىسا يىگىتنىڭ سۆزىدىن تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ يىگىتتىن ئۆزىنى باراتنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— ماقۇل، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ.

يىگىت چايخانىغا كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي قايتىپ چىقتى-دە، گۈلنىسانى ئەگەشتۈرۈپ باراتنىڭ ئانىسى تۇرۇشلۇق ئۆيگە باشلاپ باردى. ئۇ ئىككىيلەننى ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ، خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

— مەن سىلىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم،— دېدى باراتنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن گۈلنىسا،— ھەرنېمە بولسا ئۇچراشتۇق. سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى.

— بالام، سىلى مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كەلدىلە؟

— مەن سىلىنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىم.

— قېنى ئېيتسىلا، زادى نېمە ئىش؟

— مۇنداق ئىش، ئوغۇللىرى بارات بىلەن مېنىڭ سائادەت دەيدىغان دوستۇم ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. بارات باشقىلارنىڭ سۈيىقەستى بىلەن زاۋۇتتىن ھەيدىلىپ كېتىپ، ئۆتەڭ سارىيىدا مال توشۇۋاتقاندا ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپتۇ. دوستۇم سائادەت بۇ گەپنى

ئـاگلاپ ئوغـۇللىرىنى تۇرمـىدىن قۇتۇلدۇرىمـەن دېگـەن نىيـەت بىلـەن ئۆيدىن چىقىـپ كەتكەن ئىدى. ھازىر مېنىـڭ ئاچامنىـڭ ئۆيىـدە، شۇڭا سىلىنى تېپىـپ كۆرۈشۈپ، ئانـدىن ھېلىقـى سائادەت دېگـەن دوستۇمنى باشلاپ كېلەي دەپ سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدىم.

— ۋاي شور پېشانەم، ئوغلۇمنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتىمۇ؟ تېخى نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشكەن ئىدىم. ئۇ ماڭا «بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىشىم بار، تۈگىتىپلا قايتىپ كېلىمەن» دېگەن. ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى سارايغا بېرىۋىدىم، ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كەلدىم. ئۇنى نېمىشقا كەلمەيدىكىن دېسەم، ئۇ يەنە پېشكەللىككە يولۇقۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

نۇرپاشا ئۆكسـۈپ - ئۆكسـۈپ يىغـلاپ كـەتتى. گۈلنىسا ئـۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئۇنى يىغىدىن توختاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەتىلا سائادەتنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ قىزنىڭ بىر مەزگىل نۇرپاشاغا ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭلىنى تىنچىتىپ، نۇرپاشا بىلەن خوشلاشتى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا گۈلنىسا سائادەتنى نۇرپاشانىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. نۇرپاشا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مېھمانلارنى تۆرگە باشلاپ ئاستىغا كۆرپە سالدى. ئۈچەيلەن خېلى ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. نۇرپاشا باراتنىڭ ئىلگىرىكى سائادەتنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، سائادەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە سائادەتكە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتتى.

— مەنمۇ بۇ يۇرتقا مۇساپىر، — دېدى نۇرپاشا سائادەتكە، — تۇرمۇشىڭىزدىن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە خەۋەر ئالىمەن.

— رەھمەت، مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، — دېدى سائادەت.

ئىككىيلەن ئۇزاق مۇڭدىشىش داۋامىدا بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشتى. سائادەت ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى نۇرپاشاغا سۆزلەپ بېرىۋـدى، ئۇنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغان نۇرپاشا سائادەتنىڭ ھەقىقەتەن قەيسەر قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ھەر تەرەپلىمە، مەزمۇنلۇق، قىزغىن داۋام ئەتتى. نۇرپاشامۇ ئۆز

كەچۈرمىشلىرىنى سائادەتكە قىسقىچە سۆزلەپ بەردى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ خىيالغا كەتتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ،— دېدى سائادەت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، مەن بىرەر ئامال تېپىپ بارات ئاكامنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىمەن. بارات گۇناھسىز، بىز ئۇنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمىز.

— جېنىم قىزىم،— دېدى نۇرپاشا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ،— مېنىڭ بۇ يۇرتتا ئوغلۇمدىن باشقا باشپاناھىم يوق. مەن بىر تۇل خوتۇن، ھازىر ئىككىمىز ئانا ـ بالا بولۇپ ئۆتسەك، غورىگىل تۇرمۇشقا كۆنەلەرسىزمۇ؟ مېنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر غېمىم ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇشتا قالدى. ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋالسام ھەممە ئارزۇيۇم ھەل بولاتتى.

— ئانا، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بارات گۇناھسىز، مەن بىرەر ئامال قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ سىز بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.

— قىزىم، شۇنداق قىلسىڭىز مەن خۇشال بولاتتىم.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

— مەڭ قىزىم، بىرقانچە يىلدىن بېرى ماۋۇ پۇلنى ئۇنىڭ تويىغا ئىشلىتەرمەن دەپ تېرىپ ـ تۆشەپ يىغىپ قويغان ئىدىم. مۇشۇ پۇلنى خەجلەپ ئوغلۇمنى قۇتقۇزغىلى بولسىلا مەيلى،— دېدى نۇرپاشا بىر تۈگۈنچەكنى سائادەتكە ئۇزىتىپ.

— بۇنى قويۇپ تۇرۇڭ، سىزگە لازىم بولىدۇ،— دېدى سائادەتمۇ يانچۇقىدىن بىر تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ،— بۇنىڭدا ئانام تويۇم ئۈچۈن ئېلىپ قويغان بىر جۈپ ئالتۇن زىرە بىلەن تۆت تال ئۈزۈك بار، مەن بۇنى سېتىپ باراتنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشلىتەي.

— ياق قىزىم، مېنىڭكىنى ئىشلىتەيلى. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، جېنىمىز ھايات قالسىلا پۇل ـ پۇچەك دېگەننى تېپىۋالىمىز.

ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق تالىشىپ، ئاخىر نۇرپاشانىڭ پۇلىنى ئىشلىتىشكە كېلىشتى. گۈلنىسا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. كەچ كىرىپ خۇپتەنگە ئەزان چىقتى. ئۇلار نېرى ـ بېرى ئورۇن

سىلىپ يېتىشتى. سائادەتنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ھازىر ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى باراتتا ئىدى. پات ـ پات ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، كۆكسىدە بىر ئاغرىقنى سېزەتتى. شۇ خىيالنىڭ ئەسىرىدە، ئۇ تۈن يېرىملاشقاندا ئۇخلاپ قالدى.

سائادەت ئەتىسى ئەتىگەندە يامۇلغا بېرىپ يامۇل بېگىنى ئىزدەپ كەلگەندە، يامۇل بېگى ئىشكاپلارغا ئېگىشىپ قاراپ بىر نەرسە ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ سائادەتنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. سائادەت بىرپەس جىم تۇرۇپ يېنىككىنە يۆتىلىپ قويۇۋىدى، يامۇل بېگى ئۆرۈلۈپ سائادەتكە قاراپ قويدى ۋە:

— بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟— دەپ سورىدى.

— ھەئە، بارات دېگەن گۇناھكارنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن.

— ئولتۇرۇڭ،— دېدى يامۇل بېگى سائادەتكە ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ،— ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، سىز ئۇنىڭ نېمىسى بولىسىز؟

— مەن ئۇنىڭ تۇغقىنى بولىمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ،— يامۇل بېگى سەل خىيال سۈرۈۋېلىپ،— نېمە گېپىڭىز بار، ئېيتىۋېرىڭ،— دېدى سائادەتكە تىكىلىپ.

— ئاڭلىسام،— دەپ سۆزىنى باشلىدى سائادەت،— ساقچىلار باراتنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوغرىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلەپتىمىش. ئەسلىدە بىر قىسىم كىشىلەر باراتقا زىيانكەشلىك قىلغان. ئاڭلىسام، بىر قىسىم كىشىلەر يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن گۇناھ ئارتىلىپتۇ. مەن ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە بىردىنبىر گۇۋاھچى. بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى، ئوت قويۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوغرىلىق قىلىشنىڭ بارات بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئەمما، بارات گۇناھكار بولۇپ تۈرمىگە سولاندى. شۇڭا، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن. باشقىلار پۇل خەجلەپ ئۇنى تۈرمىگە سولاتقان بولسا، مەنمۇ پۇل خەجلەپ ئۇنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ كەتمەكچى،— ئۇ نەچچە ئون سەر كۈمۈش تەڭگە چىگىلگەن تۈگۈنچەكنى يېنىدىن چىقاردى. يامۇل بېگى تۈگۈنچەككە ئاچ كۆزلۈك بىلەن

قاريدى- ده، سائادەتكە:

— چىرايلىق قىز، كېچىكىپ قاپسىز، ئۇ ئىككى كۈن بۇرۇن سوراق قىلىندى. تەپتىش ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەيىبنامە سۇنۇپتۇ،— دېدى.

— باشقا ئامال قىلغىلى بولماسمۇ؟

— ئەمدى باشقا ئامال يوق،— دېدى ياموۇل بېگى،— سىز ئۇنىڭغا قانداق كېيىم چىقىرىدىغانلىقىنى كۈتسىڭىز بولىدۇ.

سائادەت ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ لام-جىم دېمەي، ياموۇل بېگى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

× × ×

سەدىردىنىنىڭ ئائىلىسىدە يەنە كۆڭۈلسىزلىك باشلاندى. ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە سائادەتنىڭ غېمىنى يەپ، ئايىمنىسانىڭ يېگىنى ئاش، كىيگىنى كىيىم بولمىدى، قىزىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. سائادەتنىڭ ئىز- دېرىكىنى ئۇقالمىغاندىن كېيىن، ئۆيگە كېلىپ زار- زار نالە قىلىپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئايىمنىسا تۇرۇپ - تۇرۇپ «سائادەت نېمىشقا بىزنى تاشلاپ كېتىدۇ، نېمىشقا هازىرغىچىلىك قايتىپ كەلمەيدۇ؟...» دەپ، سائادەتنى ئاغرىنىپ قالاتتى.

ئايىمنىسا سائادەتتەك تولغان چاغلاردا سەدىردىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزهار قىلغان ئىدى. دەسلەپتە سەدىردىنگە كۆڭۈل بەرمىگەن، كېيىنچە ئۇنى كۆرگۈسى كېلىدىغان، خىيال قىلىپ ئىچى سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۇنى ئىزدەپ شەهەرگە بېرىش قارارىغىمۇ كەلدى. بىراق، خىجىل بولۇپ، ئۇنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ چاغلاردا ئايىمنىسا تولاراق زېرىكىش هېس قىلدى. يېزىدىكى يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئەلچىلىككە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ قېچىپ يۈرۈپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى، كېيىن ئىشىق ئوتى ئۇنى يەنە شەهەرگە

سۆرىدى. سەدىردىنىنىڭ ئائىلىسىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كەلدى. شۇ چاغدا ئايمىنىسا خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولدى، بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە ئېيتمىدى. «ئىشقىنىڭ زۇلمى ئالدىدا پاسىق ھەم پارسا (تەقۋادار)لار ئوخشاش. ئۇ ئاشىقنىڭ كۆڭلىگە مەشۇقىنىڭ ھاۋاسىنىمۇ سالىدۇ، ئۆزىنى ئويىنىتىپ ئاشىقنىڭ جېنىنىمۇ ئالىدۇ. ئىشىق دېگەن شۇنداق نەرسە، مانا سائادەت ئىشىق يولىدا بىزدىن كەچتى. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىگە بىز سەۋەبچى بولغاندىمىز...»

ئايمىنىسا خىيال بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ خېمىر يۇغۇرۇۋاتقاندا سەدىردىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايمىنىسانىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى سېزىپ لام - جىم دېمەي ئولتۇردى. ئايمىنىسا قايرىلىپ سەدىردىنىنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە قارىدى.

— سائادەتتىن خەۋەر بارمۇ؟— دېدى مىسكىن ئاۋازدا.

سەدىردىن ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە بېشىنى چايقىدى، ئاندىن تولىمۇ چۈشكۈنلۈك بىلەن:

— تۈنۈگۈن ئادەم ياللاپ ھەممە يەرنى ئىزدەتتىم. ئۆزۈم ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيىنى ئارىلىدىم. ئەمدى بارمىغان سەھرا قالدى، ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئۇ يەردىن خەۋەر ئېلىپ باقارمەن.

— ھەي، ئۇنىڭ يېزىغا بېرىشى قانداق بولاركىن،— دېدى ئايمىنىسا ئىككىلىنىپ،— مەن ئۆتكەن قېتىم ئۇنىڭ بىلەن يېزىغا بارغاندا، دادام، ئانام ناھايىتى خۇشال بولغان ئىدى. مەن سائادەتنىڭ پات يېقىندا تويى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزگەندە تېخىمۇ خۇشال بولغان ئىدى. بىز ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق، سائادەت ھويلىدىكى تەكشى ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتمىدى، ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ چوڭ ئانىسىغا شەرەت قىلدى، كېيىن شەيتانلىق قىلىپ: «چوڭ ئانا، ماۋۇ گۈللەرگە قارا، ئەجەبمۇ چىرايلىق ئېچىلىپتۇ» دېدى. ئانام ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ سائادەتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە گۈللەرگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ: «بىزنىڭ ئۆمۈرنىڭ كۈزى كەلدى قىزىم، قانداق؟ سېنىڭمۇ گۈلۈڭ ئېچىلدى، گۈلۈڭ توزۇغىچە تويۇڭنى

قىلىۋەتسەك بولاتتى، بىرەر يىگىتنى تاللىدىڭمۇ؟» دېدى كۈلۈمسىرەپ. سائادەتنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى ۋە ئانامغا چالۋاقاپ: «ھۇ، ئۆلمىگۈر قېرى» دېدى. شۇ چاغدا دادام: «ھوي قىزىم، چوڭ ئاناڭنى رەنجىتمە، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە سېنىڭ توييۇڭنى كۆرمەكچى» دېدى. شۇ چاغدا سائادەت: «چوڭ دادا، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار» دېدى. «ئەخمەق قىز،— دېدى ئانام سۆزىنى داۋام قىلىپ،— يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، مەنمۇ سېنىڭدەك چاغدا يىگىتلەر پېيىمگە چۈشۈپ توي قىلىش تەلىپىنى قوياتتى. بىراق، مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيتتىم. يىگىتلەر بولسا گۈل ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ تۈن تەڭگىچە ناخشا توۋلاپ مەھەللىمىزدىن كەتمەيتتى. ھەي، ئۇ زامان شۇنداق بىر زامان ئىدى...» دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتكەن ئىدى.

— مېنىڭچە، سائادەت يېزىغىمۇ بارمىدى،— دېدى ئايمىنىسا.

— ئۇنداق بولسا نەگە كەتكەندۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇ بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە.

— سېنىڭچە، بۇ تويدىن يېنىپ كەتسەك بولارمۇ؟

— نېمە ئىلاج، قىزىمىز توغرا تاپمىسا يېنىپ كېتىمىز.

— ھەي، قارا سېنىڭ گېپىڭنى، بۇ قېتىم ئابدۇللانى قولدىن چىقىرىۋەتسەك، بېشىمىزغا قونغان بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇپ قويغاندەك ئىش قىلىمىز. ئۇ غازىبايغا «مەن بۇ تويىنى ئەل - يۇرت ئالدىدا چوڭ قىلىمەن، پۇلنى ئايىماي خەجلەيمەن» دەپتۇ.

— بىراق، قىزىمىز قوشۇلمىسا نېمە ئامال،— دېدى ئايمىنىسا قىيا ئۇچۇق دېرىزىدىن باغقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى سائادەتنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ئىشقىنىڭ پاك يالقۇنى ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئۇ ئەمدى چۈشەندى، قەلبىدىكى قايغۇ - ئەلەمنىڭ يەنە كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئايمىنىسانىڭ كۆز ئالدىدىن سائادەتنىڭ چىرايلىق ھۆسنى يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن مېھمانخانىغا كىرىپ ئىشكاپنى ئېچىپ ئالبومنى قولىغا ئېلىپ، بىرنەرسە ئىزدىگەندەك خىيال بىلەن ئالبومنى ۋاراقلىدى.

3

تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۆكۈش، ھەرە چىشىدەك قارلىق چوققىلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۈن ئىسسىغان چاغلاردا تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن قۇياشنىڭ نۇرى بۇ مۇڭلۇق جاينى تېخىمۇ ئىسسىتىۋېتەتتى. بۇ يەرگە قامالغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇتىدا كىشەن بولۇپ، نەچچە ئاي، نەچچە يىللاپ سىرتقا چىقمايتتى. كىشەن يالاپ كەتكەن پۇتلىرى يىرىڭداپ يارا بولۇپ كېتەتتى. بىرقانچە مەھبۇسلار ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتەتتى.

پۇتى كىشەنلەنگەن بارات تار ۋە قاراڭغۇ، يالغۇز كىشىلىك زەي كامېردا ياتقان ئىدى. بۈگۈن توساتتىنلا تۈرمە ئىشىكى ئېچىلىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر كىشى ئۇنىڭغا قېتىلدى. بارات بۇ يات كىشىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ئۈن - تىنسىز يېتىۋەردى. ئىككىيلەن خېلى ۋاقىتقىچە بىر - بىرىگە گەپ قىلىشمىدى. ئاخىر بولمىغاندا باراتنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ، تۈرمىگە يېڭى كىرگەن مەھبۇسنىڭ قېشىغا كەلدى. ھېلىقى مەھبۇس ھېرىقىپ كەتكەن كىشىدەك پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تامغا يۆلىنىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. باراتمۇ مەھبۇسنىڭ قېشىغا يېقىنراق كېلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى. مەھبۇسمۇ باراتقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ سۆزلىدى:

— تۈرمىگە كىرگىنىڭگە قانچىلىك بولدى؟

— ئالتە ئايدىن ئاشتى.

— تېخى بىر تەرەپ قىلىمىدىمۇ؟

— ياق.

— گۇناھىڭ ئېغىرمۇ؟

— گۇناھىمنى بىلمەيمەن، ئۇلار مېنى بوھتان بىلەن سولاپ قويۇشتى.

— ئوغرىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەنمىدىڭ؟

— خۇدا ئىمان ئېيتقان بەندىسىنى بۇ ئىشتىن ساقلىسۇن.
— بولمىسا نېمىشقا تۇرمىدە ياتىسەن؟
— بوھتان دېدىمغۇ، ئىشقىلىپ بىرسى ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى.
— ھە، ئۆيلەنگەنمىدىڭ؟
— ياق.
— قەيەرلىكسەن؟
— قەشقەرلىك.
— ئاتا - ئاناڭ بارمۇ ؟
— ئانام بار، دادام يوق.
— ھەي، ئىگە - چاقاڭ يوقكەن،— دېدى ھېلىقى كىشى.
بارات پەنجىرىدىن چۈشكەن خىرە يورۇقلۇقتا ئۇنىڭغا تەپسىلىي قارىدى. ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، تاياق ئازابىدىن باش - كۆزلىرى يېرىلغان، قاپقارا قېشى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزىدىن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرى پارلاپ تۇراتتى.
بارات بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇ كىشىدىن گۇمانلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭمۇ ئېغىر ئازاب چەككەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.
— سىزمۇ ناھەق سولانغانمۇ؟
ھېلىقى كىشى ئېغىر ئۇھ تارتتى، ئاندىن باراتقا قاراپ:
— جاھاندىكى تەڭسىزلىككە قايناپ سولاندىم،— دېدى.
— تۈرمىگە كىرگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟
— بىر يىلدىن ئاشتى.
— نېمىشقا بىر تەرەپ قىلمىدى؟
— گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردۇڭ، شېرىكلىرىڭنى پاش قىلمىساڭ قويۇۋەتمەيمىز دەۋاتىدۇ.
— بالا - چاقىڭىز بارمۇ؟
— يوق، شەھەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بار.
— پات - پات يوقلاپ تۇرامدۇ؟

— ئېھتىمال يوقلاپمۇ كەلگەندۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى.
— ھەي، قانداق زامان بولۇۋاتىدۇ،— دېدى بارات خۇرسىنىپ.
— قانداق زامان بولاتتى، مۇشتۇمزورلارنىڭ زامانى بولۇۋاتىدۇ،— دېدى ھېلىقى كىشى ئۆز - ئۆزىگە قايناپ،— ھازىر يېزىلاردىكى دېھقانلار- نىڭ كۆن بويى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ قورسىقىنى باقالمايۋاتقانلىقىنى، شەھەردە بولسا قول ھۆنەرۋەن، كاسىپلارنىڭ تېخىمۇ خانىۋەيران تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ جاللات شىڭ شىسەي خەلقنى قىرغىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمايۋاتىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتىدۇ. بىز بۇلارغا قاچانغىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرىمىز؟ ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارساقلا ئۆز - ئۆزىمىزنى قوغدىيالايمىز. سەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟
بارات قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇ گويا بەخت دەرۋازىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تېپىۋالغاندەك، چەكسىز ئىشەنچ، خۇشاللىق، يېنىك- لىك ھېس قىلدى.
— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز، سىز مېنى توغرا يولغا باشلىدىڭىز، مەنمۇ شۇنداق قاراشقا كەلدىم. ئەگەر تۈرمىدىن سالامەت چىقىپ قالسام، زوراۋانلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن.
— «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دەپتىكەن، يىگىت، ئەمدى يىگىتلىك غۇرۇرۇڭغا مۇناسىپ گەپ قىلدىڭ. ھازىر نىلقىدا ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. تۈرمىدىن تىنچ - ئامان چىقىپ قالساڭ، نىلقىغا چىقىپ شۇلارغا قېتىلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقىن.
— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز، چوقۇم دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن. بىراق، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي، سىز نېمە كەسىپ قىلىسىز؟
— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.
— ئىسمىڭىز نېمە؟
— قادىر.

سىرتتىن دوكۇر ـ دوكۇر ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار جىم بولۇشتى، ساقاللىق كىشى ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. تۆرمە ئىشىكى ئېچىلىپ، گۇندىپاينىڭ ئارقىسىدىن قوراللىق ئىككى ئەسكەر كىرىپ ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرۇشتى. قاپىقى سىيلىنغان گۇندىپاي باراتنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ ئۇنى چاقىردى. بارات ئورنىدىن تۇردى. ئەسكەرلەر ئۇنى يالاپ كارىدوردىن ھويلىغا ئېلىپ چىقتى ۋە ئىشخانىغا ئەكىردى. بۇ يەردە ئۈچ ھەربىي ئەمەلدار ئولتۇراتتى. بىرسى ساقلىنى پاكىز قىرقىلغان، كاپكازچە بۇرۇت قويغان، سېمىز، ئىككى چەتتىكىسى ئېگىز بوي بولۇپ، قولىدا ماتېرىيال سومكىسى تۇراتتى. قوشۇمىلىرىنى تۈرگەن دەۋاگەرلەر بىر چەتتىكى ئۇستەلدە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. سېمىز كىشى تولۇك باسقان قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ، تاماكا ئىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىپ ئولتۇراتتى. ياقىسى سېمىز بويىنىغا پېتىپ كەتكەن ئۇ كىشى كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئالدىدىكى جاۋابكارغا كۆز تىكتى. بارات پۈتىدىكى ئېغىر كىشەننى شاراقشىتىپ ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ دىقماق قوللىرى بىلەن ئالدىدىكى قەغەزنى ئېچىپ، پۆكۈلگەن جايلىرىنى تەكشىلەپ، ياسالما ئاۋاز بىلەن ئەيىبنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى. باراتنىڭ بولغاچقا، قىمىر قىلماي دىققىتىنى يىغىپ، ئەيىبنامىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. سوتچى ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ سوراقنى باشلىدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— بارات.

— يۇرتۇڭچۇ؟

— قەشقەردىن.

— كەسپىڭ نېمە؟

— ئىلگىرى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىدا ۋاقىتلىق ھېساباتچى بولغان، كېيىن زاۋۇتتىن ھەيدىلىپ ئىشلەمچىلىك قىلدىم.

— نېمىشقا زاۋۇتتىن ھەيدەلدىڭ؟

— باشقىلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق تۆھمىتى بىلەن.

— 30- سېنتەبىر كېچىسى نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ئۇ كۈنى كۈندۈزى تاغدىن ئوتۇن ئەكەلدىم، كەچقۇرۇن نوغاي-گۇرتتىكى مۇستاپا دېگەن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ئازراق پاراڭلىشىپ قايتىپ كەلدىم.

— كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ جىبەكچىسى كېرىمنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا 30- سېنتەبىر كېچىسى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ جىبەكچى كېرىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئامبارغا ئوت قويۇپ، ئوغرىلىق قىلدىڭ؟

— سوتچى جانابلىرى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى يالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قىلىنغان تۆھمەت، جانابلىرىنىڭ ئەھۋالنى ئېنىقراق تەكشۈرۈپ ئادىل بىر تەرەپ قىلىشلىرىنى سورايمەن،— دېدى بارات تەمكىنلىك بىلەن.

— دەلىل - پاكىتلارغا نېمە دەيسەن؟— دېدى سوتچى ئۈستەلنىڭ بىر چېتىدىكى بېنزىن بوتۇلكىلىرىنى كۆرسىتىپ،— مانا بۇ بوتۇلكىلارغا بېنزىن قاچىلاپ ئامبارغا ئوت قويغىنىڭمۇ يالغانمۇ؟


— بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت، سوتچى جانابلىرى، مەن ھېچقاچان ئامبارغا ئوت قويمىدىم. ماڭا بىرسى زىيانكەشلىك قىلدى.

— ئۇنداقتا سەندىن سوراپ باقاي،— دېدى سوتچى،— سەن ئوغرىلىغان ماللارنى ئات ھارۋىسى بىلەن ئۆتەڭ سارايدىن شەھەرگە يۆتكەۋاتقان چېغىڭدا ساقچىلار تەرىپىدىن زاك مال بىلەن تۇتۇلغانلىقىڭ راستمۇ؟

— مەن ھېزىمباينىڭ ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆتەڭ سارىيىدىن مال توشۇشقا كېلىشكەن. مەن بۇ ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى بىلمەيمەن.

— ماۋۇ ماللارنى سەن توشۇغانمۇ؟— دېدى سوتچى بىر يەشىكتىكى ئاياغنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ.

— مەن توشۇغان، بىراق مەن بۇ مالنى ئوغرىلىمىغان.
— ئالدىڭدا پاكىت تۇرسىمۇ يەنە قايىل بولمايسەنغۇ؟ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا ئوغرىلىققا كىرىپ، جىسەكچى كىرىمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، زاۋۇت ئامبىرىغا ئوت قويغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قاتىل ھېسابلىمامسەن؟— دېدى سوتچى تېرىكىپ.
— ياق، مەن قاتىل ئەمەس، مەن گۇناھسىز، بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت. بىرسىگە يالغان بىلەن تۆھمەت قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ قارا يۈزىنى داغلىغان بولىدۇ. يالغان سۆز ئاز بولسىمۇ گۇناھ، زەھەرنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش، شۇڭا مەن بۇ ئەيىبنامىنى تۆھمەت ھېسابلايمەن. ماڭا ئۇۋال قىلماي، بۇ ئىشنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن!
— بۇنىڭدىن باشقا ئېيتىدىغانلىرىڭ بارمۇ؟
— بار، مەن قاتىل ئەمەس. مەن زاۋۇتتىن قايتىپ كېتىپ بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ ئىش يۈز بېرىپتۇ. مەن زاۋۇتتىن كېتىپ ھېزىمباينىڭ سارىيىدا تۇردۇم، مەن توشۇيدىغان مالنى ھېزىمباي ئۇقۇشۇپ بەرگەن، مەن ھېزىمباينىڭ ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ مال توشۇدۇم، ئات ھارۋىسى ئۇنىڭ تۇرسا، مەن ئۆزۈم ئوغرىلىغان مالنى ئۆزۈم توشۇمدىمەن؟ بۇ ئىشقا سارايۋەن ھېزىمباي بىلەن سودىگەر ياسىن قارىملار گۇۋاھ...
سوتچى باراتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاۋېتىپ، چېكىپ بولغان تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلىدى ۋە قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئولتۇردى.
— كىمكى گۇناھسىزنى ئورىغا ئىتتىرىدىكەن، ئۇ ھامان ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ، بۇ گويا ئەينەكنىڭ يۈزى نەمدىن خىرەلەشكەندەك بىر ئىش. ھەق - ناھەق ھامان ئايدىڭلىشىدۇ، يالغانچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈچىلەر ئەقىلسىزدۇر...
بارات سۆزلەۋېتىپ تىترەپ كەتتى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى غەزەپ - نەپرەتكە تولدى، كۆكسى قىسىلدى، ئىچى تىتىلداپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلىپ، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇ-لىشىپ كەتتى.




# تۇرمىدىن قېچىش

## 1

دەرەخلەردە قالغان - قاتقان يوپۇرماقلارنى بوران ئۇچۇرۇپ چۇشۇرمەكتە. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بوران دەھشەتلىك ھۆركىرەپ دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، شەھەرنى چاڭ - توزانغا توشتۇرۇۋەتتى.

بۈگۈن كېچە سائادەت كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ خىيالى باراتتا ئىدى، قانداق قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش توغرىسىدا ھەر خىل چارىلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى. ئەگەر باراتنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىسا، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىش خىيالى بار ئىدى. بۇ خىيال ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ باغلىرىدىن، ئاسمانغا تاقاشقان تاغلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى. بۇ ھال خۇددى يۈرەكنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك ئەلەم ۋە ھەسرەت ئىدى. «ئاشىقلار قان يۇتمىغۇچە ۋىسالغا يېتەلمەيدۇ، ئۇلار كەۋسەر شەربىتى تاپسىمۇ ئۇنى قاندەك لەززەتلىك بىلمەيدۇ».

سائادەت خىيال سۈرۈپ تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇخلاپ قالدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىلا ئاندىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى قوللىرىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئۇۋۇلاپ راھەتلىنىپ كېرىلدى، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ئەتكەنچاي ئىچتى.

— ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. باراتقا بىرەر قۇر

قىلىنراق كىيىم ئاپىرىپ بەرسەكمىكىن،— دېدى سائادەت.

— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز بالام، ئۆتكەن قېتىم بۇ ئىش ئېسىمگە كەلگەنتى. بازارغا سىز بىلەن بىللە بېرىپ كېلەرمىز دېگەن نىيەت بىلەن كىيىم ئالمىغانتىم، ئەمدى بىللە بېرىپ ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ئاپىرىپ بېرەيلى.

— شۇنداق قىلايلى.

— قىزىم، سىز ئوغلۇمنى قۇتقۇزىمەن دەپ كۆپ يول ماڭدىڭىز، بىراق بۇ ئىش ھەل بولمىدى. ياموۇل بېگى، ساقچىخانا، تۈرمە ئەمەلدارلىرى ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىكەن.

— توغرا دېدىڭىز، بۇ پارىخور ئەمەلدارلارغا پۇل بولسىلا بولىدىكەن، مەن تۈرمە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈپ باقايمىكىن.

— ھېلىمۇ سىز بۇ يولنى كۆپ ماڭدىڭىز، بۇ قېتىم ئىنساپقا كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بۇ يولنى يەنە بىر قېتىم مېڭىپ بېقىڭ بالام، خۇدا چىققان دۆۋىڭىزنى ئېگىز، رىزقىڭىزنى زىيادە قىلار. ئىلاھىم، شۇ يالغۇز ئوغۇلنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن،— دېدى نۇرپاشا تەگرىگە سېغىنىپ.

— ھەسرەت چەكمەڭ ئانا، پۇل بىلەن ھەل بولىدىغان ئىش بولسا، ئۆزىمىزدىكى پۇلغا تونۇش - بىلىشلىرىمدىن ئازراق پۇل سوراپ قېتىش - قوياش قىلىپ بۇ يولنى يەنە مېڭىپ باقاي، ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بالام، سىز سىرتقا چىقمىسىڭىز بولاتتى،— دېدى نۇرپاشا خاتىرجەم بولالمىغاندەك.

— ئانا، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چىقىپ ئازراق پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ ھايال بولمايلا قايتىپ كىرىمەن، قايتاشىمدا ئۇنىڭغا بىرەر قۇر كىيىم ئالغاچ كېلەي، ئاندىن ئىككىمىز تۈرمە ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەچ باراتنى يوقلاپ كېلەيلى.

— خۇداغا ئامانەت، تىنچ بېرىپ، سالامەت قايتىپ كېلەرسىز قىزىم.

سائادەت ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا كوچىدىن ئالدىراش قايتىپ

كىردى، ئاندىن ئىككىيلەن باراتنى يوقلاش ئۈچۈن تۈرمىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ مېڭىپ، كوچىدىكى ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ كەتتى.

چاڭ- توزان ئۆرلەپ تۇرىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قارا بۇلۇتتەك ئىسلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە. يول بويىدىكى كىچىك دۇكانلاردا سودىگەرلەر ئۆز مېلىنى سېتىش بىلەن ئاۋارە، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ خېنىملارنى يېتىلىشىپ، تىنىمسىز گازىر چېقىشىپ ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. سائادەت نۇرپاشانى باشلاپ بارات بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۈرمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، مىلتىق تۇتقان ئەسكەرلەر ئۇلارنى توسۇۋالدى.

— نېمە ئادەمسەن؟

— بارات دېگەن گۇناھكارنىڭ تۇغقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدۇق.

— تۈرمە باشلىقىنىڭ رۇخسىتى بولمىسا، خالىغانچە ئادەم كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ!

— جېنىم بالام، مەن دېگەن باراتنىڭ ئانىسى، بىزنىڭ كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى باشلىقىڭلار بىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن سوراپ باقاي، سىلەر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار.

مىلتىق ئاسقان ئەسكەردىن بىرى ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم ئېلىپ تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن تۈرمە باشلىقى قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ ساقال- بۇرۇتىغا ئاق سانجىلغان، گەۋدىلىك، ئەمما بىرئاز مۈكچەيگەن كىشى ئىدى. ئۇ بىرقانچە قەدەم مېڭىپ ھېلىقى ئەسكەرگە بىرنېمە دېۋىدى، ئەسكەر ھېلىقى ئىككىيلەنگە كىرىشنى ئىشارەت قىلدى، يەنە بىر ئەسكەرگە گۇندىپاينى توۋلاشقا بۇيرۇق قىلدى. ھايال ئۆتمەي گۇندىپاي تۈرمە باشلىقىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. تۈرمە باشلىقى گۇندىپايغا ئۇلارنى

بارات بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تاپىلاپ يەنە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا نۇرپاشا بىلەن سائادەت گۇندىپايىنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئىدى. گۇندىپاي 60تىن ئاشقان، چاچ ـ ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، پېشانە ۋە يۈزلىرىنى چىمبەرقۇت تالاسىدەك قورۇق باسقان كىشى ئىدى. گۇندىـپاي ئۇلارنى تۈرمىنىڭ هويلىسىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى چوڭ دەرۋازىدىن قوش مۇشتەك قۇلۇپنى ئېچىپ، تۈرمە قورۇسىغا كىرىپ كەتتى.

بارات ئىككى كۈندىن بېرى پۇت ـ قولى كىشەنلەنگەن هالدا يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولانغان ئىدى. ئۇ تار ۋە قاراڭغۇ كامېرنىڭ بۇلۇڭىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىدىكى دۈگىلەك تۆمۈردىن بىر ـ بىرىگە چېتىپ ياسالغان كىشەنمۇ، ئەتراپى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن بېكىتىلـگەن بىر كۆزنەكلىك دېرىزىمۇ، ئىشىك يېنىدىكى ئۆرە تۇرغان تەرەت قىلىدىغان كوزىسىمۇ، بۇلارنىڭ هەممىسى كۆپتىن بېرى ئۇنىڭغا تونۇش. دادىسى تۈرمىگە سولانمىغان بولسىمۇ، رېهىمبەگنىڭ زۇلمىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغان بولسىمۇ، ئانىسىدىن ئايرىـلىپ كېتىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە تۆهمەت بىلەن ناهەق تۈرمىگە كىرىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئانىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭ يوقلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ بىرەر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسىلا ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ هازىر ئانىسى بىلەن سائادەتنى خىيال قىلىۋاتاتتى. «ئۇلار مېنى ئىزدىمىدى، ئىزدىگەن تەقدىردىمۇ گۇندىپاي كۆرۈشتۈر-مىدى. قېچىپ كېتەيمۇ، ياق، پۇت ـ قولۇمدا كىشەن تۇرسا قانداق قاچالايمەن، تۈرمىنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن ئورالغان، كۆزەتچى ئەسكەرلەر ماڭدامدا بىردىن تۇرۇشىدۇ. پۇت ـ قولۇمدىكى زەنجىر ـ كىشەننى چېقىپ چىقسامۇ يەنە كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، قانىتى كېسىلگەن قۇشتەك ئۈچۈپ يەنە تۈرمە ئىچىگە چۈشمەنمۇ؟»

— بارات، ئورنۇڭدىن تۇر!

گۇندىپايىنىڭ قوپال ئاۋازىدىن بارات چۆچۈپ كەتتى- دە، ئىتتىك ئەتراپقا كۆز تاشلىدى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. باراتنىڭ ساپ هاۋاغا چىقىشى بۈگۈن ئىدى. زارىقىپ سېغىنغان قۇياش

نۇرلىرى ئۇنىڭ قويۇق ساقال باسقان يۈزلىرىنى غىدىقلىدى. ھازىر كۈز ۋاقتى بولغاچقا، ھەممە يەر كۆكۈلسىز كۆرۈنەتتى، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى چۈشۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان، كۈن تەگمىگەن تام تۈۋىدە ئەتىگەن چۈشكەن يىنىك قىرو تېخى ئېرىمىگەن، سېپىل ئۈستىدە كۈل رەڭ، كۆكۈش تۈكلىرى كۆپۈپ كەتكەن بىرنەچچە كەپتەر مۈگدىلۇق گۈگۈكلاشماقتا ئىدى، يېقىنلا جايدىكى كامىر ئىچىدىن بىر كېسەل كىشىنىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەل نېرىراقتا ھاۋالىنىش ئۈچۈن چىققان مەھبۇسلار يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ پىت بېقىشسا، بىرنەچچىسى كۈنگەي تامغا يۆلىنىپ، ئەسنىشىپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇشاتتى. گۇندىپاي باراتنى ئۇدۇللا تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يىراقتىن ئانىسىنى، سائادەتنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالمىدى، پۇتلىرىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئانىسى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئانا - بالا ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق كۆز يېشى قىلىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلاشتى.

— جېنىم ئوغلۇم،— دېدى نۇرپاشا باراتنى باغرىغا تېخمۇ چىڭ بېسىپ،— خۇدا كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى.

ئارقىدىنلا بارات بېشىنى كۆتۈرۈپ سائادەت بىلەنمۇ كۆرۈشتى. سائادەتنى ئىختىيارسىز يىغا قىستاپ كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭغا يېپىشتى. ھەممەيلەن كۆز يېشى قىلىپ سېغىنىش، دەرد - ئەلەم، ھەسرەتلىرىنى كۆز يېشى ئارقىلىق يۇيۇشتى.

— جېنىم ئانا، يەنە دىدار كۆرۈشتۇق، ئەمدى نېمىشقا يىغلايسەن؟

بارات ئەمدى سائادەتكە قارىدى. يىللار سائادەتنىڭ ھۆسنىنى يەنىمۇ كامالەتكە يەتكۈزگەن ئىدى. سائادەتمۇ باراتنىڭ سولغۇن چىرايىغا ئۇزاق سەپسالدى. ئۇ سائادەتنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ بىر مۆجىزە سۈپىتىدە كۆرۈنۈپ كەتتى. سائادەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلدى. گۇندىپاي «ئەمدى بولدى» دېگەندەك، قولى بىلەن ئۇلارغا ئىشارەت قىلدى. نۇرپاشا يېڭى كىيىم - كېچەك سېلىنغان بوغچىنى باراتقا سۇندى. بۇ

چاغدا گۇندىپاي باراتنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى. نۇرپاشا باراتنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ گۇندىپايغا چۈشەندۈرۈپ، ئوغلىغا قىلىنغان ناھەق جازا ئۈستىدىن قان يىغلاپ شىكايەت قىلدى. گۇندىپاي ئېغىر خۇرسىنىپ، «باشقا ئامالىم يوق» دېگەندەك، بېشىنى دەردلىك چايقاپ قويدى.

سائادەت ئەقىل تاپقاندەك، گۇندىپايغا ئىبسىلىپ يېلىنىپ كۆز يېشى قىلدى ۋە باراتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۇللىرىنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ـ دە، يالۋۇرۇپ:

— جېنىم دادا، بۇ يىگىت تۈرمىگە ناھەق كىرىپ قالدى، ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىدا بىر رەھىم ـ شەپقەت قولىڭىزنى سۇنۇپ قويۇڭ، بىزدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا سىزدىن رازى بولايلى.

— شۇنداق قىلىڭ ئاكا، مەن بىر تۇل ئايال، ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالسام تىرىك ياشىيالمايمەن،— دېدى نۇرپاشا.

گۇندىپاي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يانچۇقىدىكى پۇللارنى سىيلاپ بېقىپ بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، ئادەم يوقلۇقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— ماقۇل، بۈگۈن كېچە تېپىلغۇسىز پۇرسەت. تاڭ كېچىدىن ئۆتكەندە سېپىلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتىڭلار، ئۇلاردىن ئىككىسى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ تۇرسۇن. تاڭ بولغاندا ئۇلارغا بەلگە بېرىمەن، بىرقانچە ئارغامچا ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇماڭلار. خەير، گېپىم شۇ. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا، تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ قالغاي خۇدايىم،— گۇندىپاي شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇلارغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

بارات ئانىسى ۋە سائادەت بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى.

## 2

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقى گۇندىپاي ياتقان ئۆينىڭ تاۋىدىنىدىن ئۆرۈلۈپ، تاۋىدانغا چاپلانغان قەغەزنى ئەنسىز شىرىقلىتاتتى،

ئۇ تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ تەگدىن تولىسىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغاندەك، قۇلاقلىرىغا مەھبۇسلارنىڭ نالە - پەريادى، باراتىنىڭ ئانىسىنىڭ ۋە سائادەتنىڭ يىغا - زارى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاپئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە زالىملىقتا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىغا، ئاجىز پۇقرالارنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەنەتتى. ئۇ تۈرمىدىكى بىرقانچە يىللىق ھاياتىدا ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن مەھبۇسلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. «بەندىنى ئاللا ئىگەم ئوخشاش ياراتتى، نېمىشقا ئىنسانلار بىر - بىرىنى خورلايدۇ، دەپسەندە قىلىدۇ. تۈرمىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆز غېمىدە، ئۇلار نەپسىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئاجىز پۇقرالارنى يەپ تۈگىتىشنىلا ئويلايدۇ، لېكىن پۇقرالار تىنچ ياتامدۇ؟ ياق، نىلقىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئۇنىڭ يالقۇنى غۇلجىغا تۇتاشىسىچۇ، ئاندىن ئاقسۇ، قەشقەرگە... زادى باراتنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇ ھەر ئىش قىلغان بولسا يوقسۇزلۇقتىن قىلغاندۇ؟...»

گۈندىپاي خېلى ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ تۈرمە باشلىقىنىڭ سۆزىن، سەت تەلەتىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ باراتنى قاچۇرۇۋەتسە ئۆزىنىڭمۇ ھايات قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى- دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ چاپىنىنى كىيىپ بېلىنى باغلىغاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. شامال ھۇشقۇيتۇپ تۇرغان قورۇغا چىقىپ تۇمانلىق ھاۋا بوشلۇقىدا سىداۋلىق مىلتىقلىرىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان ھەرىكەتسىز گەۋدىلەرنى كۆردى. ئۇ ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلماي قورۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. بىر ئىشنى ئۇنتۇغاندەك، قەدەملىرىنى توختاتتى، ئارقىسىغا يېنىپ ئىتتىك قەدەم ئېلىپ ئۆزى ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئىشكىنىڭ ئارقىسىدىكى ئايپالتىنى قولىغا ئالدى- دە بېلىگە قىستىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئېسىقلىق ئاچقۇچلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

تۈن يېرىمدىن ئاشقان بولسىمۇ بارات تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇ ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان شەپىگە قۇلاق سېلىپ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئولتۇراتتى. تۇساتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئىشىكتىكى

قۇلۇپ شاراقلىدى، گۈندىپاي ئىشىكنى يوغان ئاچتى- دە، ئارقىدىن سەرەڭگە يېقىپ پىچىرلىدى:

— بارات، قېنى سەن؟

— مانا مەن،— دېدى بارات ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي.

— چاپسان بۇ ياققا كەل،— دېدى گۈندىپاي شىۋىرلاپ.

بارات ئالدىراشچىلىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ گۈندىپاينىڭ يېنىغا كەلدى. گۈندىپاي ئالدىراپ يانچۇقىدىن ئاچقۇچ ئالدى، كىشەننىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ پۇتىدىكى كىشەننى ئېلىۋەتتى، ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. تۈرمىنىڭ پەنجىرىسىدىن كىرىپ تۇرغان غۇۋا ئاي نۇرىدا گۈندىپاينىڭ يۈز- چىرايىدىكى قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بارات ئۇنىڭ شەپقىتىنى كۆرۈپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان ئازاب- ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇغاندەك روھلىنىپ كەتتى.

— سەن ئەمدى ئازادلىققا چىقتىڭ،— دېدى گۈندىپاي لەۋلىرىنى تىترىتىپ.

بارات غۇۋا ئاي يورۇقىدا بوۋاينىڭ غەمكىن چىرايىغا نەزەر سالدى. بارات ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بوۋاينىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشتى. بارات گۈندىپاي بوۋاي بىلەن ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم سۆزلەشكەن، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چىداپ بولماس دەرىجىدىكى ئېغىر تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى، ئاتا- ئانىسىنىڭ ئازابلىق سەرگۈزەشتلىرى توغرىسىدا بىرقانچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن چاغدا گۈندىپاي سۆكۈت ئىچىدە تىڭشاپ ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ، ئېغىر خۇرسىنىپ قويغاندىن كېيىن، باراتقا يېقىنراق ئولتۇرۇپ بىر قولىنى باراتنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ: «ھەممىمىز قېرىنداش مىللەت، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش يوقسۇزلۇقنىڭ ئازابىدىن تۈرمىگە كىرىپ، چىقىپ كېتەلمەي گۈندىپاي بولۇپ قالغان. ئۇكا، سەن بىزگە ئوخشاش نادان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغىن» دېگەن. گۈندىپاينىڭ سۆزلىرى باراتنىڭ مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتۈپ كەتتى. بارات گۈندىپايغا ئۆزىنى ئېتىپ كۆز يېشى

قىلدى. بوۋاي ئۇنى قەدىردان ئوغلىدەك باغرىغا مەھكەم باستى:

— ئوكا،— دېدى- دە، بېلىگە قىستۇالغان پالتىنى سۇغۇرۇۋېلىپ باراتقا تەڭلىدى،— ئۆگزە ۋە سېپىل تەرەپتە ئىككى كۆزەتچى بار، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرماي تۇرۇپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش تەس، سەن ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت.

بارات گۇندىپاينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئايپالتىنى چىڭ تۇتۇپ، دىققەت بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتى. ۋاقىت تەڭ كېچىدىن ئۆتكەچكە، ھەر ئىككى جايدىكى پوست مۈگدەپ قالغان ئىدى. بارات شەپە چىقارماي پەلەمپەيدىن ئۆگزىگە چىقتى- دە، ئاۋۋال سېپىل تەرەپنى كۆزەت قىلىپ تۇرغان پوستىنىڭ قېشىغا كېلىپ شەپە چىقارماي ئايپالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. كۆزەتچى تىل تارتمايلا جان بەردى، بارات تېخىمۇ تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزەتچىنىڭ جەسىتىگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، يەنە بىر كۆزەتچىنىڭ قېشىغا كەلدى. بارات تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مۈگدەۋاتقان كۆزەتچىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ، ئايپالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پوستىنىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپ ئۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. كۆزەتچى ئوڭ تەرەپكە قىيسىيىپ، ئاغزىدىن قان كېلىپ جان ئۈزدى.

بارات ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «جاھىل جاللاتلار خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىسۇن، توۋا گۇناھنى يەر، مېنىڭدەك بىر بىگۇناھ بەندە نىجاتلىققا ئېرىشىش يولىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلار» دېدى- دە، ئۆلۈكلەرنىڭ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ ئوقدانلىرىنى يېشىپ بويىنىغا ئېسىپ، پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشۈپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان گۇندىپاينىڭ قېشىغا كەلدى. گۇندىپاي باراتنى يەنە بىر قېتىم باغرىغا باستى.

— ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولدىمۇ؟

— ئوڭۇشلۇق بولدى، ھەر ئىككىسىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتىم.

— ياخشى قىپسەن، ئۇنداق بولسا ئارقامدىن ماڭ،— دېدى گۇندىپاي باراتنى ئەگەشتۈرۈپ سېپىل تۈۋىگە كېلىپ، قولىغا چالما ئېلىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئاتتى، ھايال ئۆتمەي سېپىل ئۈستىدىن ئارغامچا

تاشلاندى،— چاپسان بول،— دېدى گۇندىپاي باراتقا قاراپ، بارات گۇندىپايغا يېقىن كەلدى،— مىلتىقلارنى ئالالىدىڭمۇ؟

— ئالدىم، ئوقدانلارنىمۇ بويىنۇمغا ئېسىپ بولدۇم.

— ماقۇل، مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى،— دېدى گۇندىپاي باراتقا،— يېشىم 60تىن ئاشتى، خۇدايىتائالا ئالدىدا قانچىلىك گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۇم، پەرۋەردىگارىم ئۆزى بىلىدۇ. بەندىلەر ئالدىدا قانچىلىك ياخشىلىق قىلالىدىم، بۇ توغرىدا سۆز ئاچالمايمەن، ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، ئەمدى ئۆلۈم بىزگە خاس. سەن بۇ يەردىن چىقساڭ چوقۇم ئىلىغا چىقىپ كەت، ئۇ يەردە ئىنقىلاب بولۇۋاتىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، ئازاب چېكىۋاتقان خەلقىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئال. مانا ماۋۇ پۇلنى يول خىراجىتى قىلغىن،— دېدى بوۋاي تۆرمە ھويلىسىدا سائادەت ئۇنىڭ يانچۇقىغا سىلىپ قويغان تۈگۈنچەكتىكى پۇللارنى باراتقا تۇتقۇزۇپ،— سەن خاتىرجەم بول، بېشىمغا ھەر بالا كەلسىمۇ بۇ قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. ئىش چىڭىمغا چىقىپ مېنىڭ بېشىم كېسىلسىمۇ مەيلى، ئوقۇغان نامىزىڭدا روھىمغا دۇئا قىلىپ قويساڭ كۇپايە.

گۇندىپاينىڭ جۇشقۇن ئاۋازى گۈركىرەپ چىقىۋاتقان شامالغا قوشۇلۇپ كەتتى.

— رەھمەت بوۋا، سىلىنىڭ بۇ شەپقەتلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن،— دېدى بارات.

— چاپسان بول، بېلىڭنى باغلا.

بارات ئارغامچا بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلىدى، گۇندىپاي سېپىل ئۈستىگە ئىككى قېتىم چالما ئاتتى. ئارغامچا يۇقىرىغا تارتىلدى.

— ئوغلۇم، بۇ يەردە تۇرماي، چوقۇم ئىلىغا تەرەپكە چىقىپ كەت، سەپىرىڭگە ئاق يول تىلەيمەن.

بارات كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى.

# 3

— بارات.

— مۇستاپا، جىنىم دوستۇم.

تۇن قاراڭغۇسىدا قەدىردان دوستلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. باراتقا تونۇش - تونۇش قاراشتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىيلاپ، ھەجدىن قايتقان ئاتا - ئانىسىنى تاۋاپ قىلغاندەك، چىرايىغا، تەقى - تۇرقىغا سەپسىلىشتى.

— ئاللا ئىگەم سېنى بىزگە يەتكۈزدى، — دېدى مۇستاپا.

— چاپسانراق كېتەيلى، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى رۇستەم.

ئۇلار باراتنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ كېلىۋاتقاندا توساتتىن سېپىل ئۈستىدە بىرنەچچە كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ قالدى - دە، ئارقىدىن بىرقانچە پاي ئوق ئېتىلدى. ھايال ئۆتمەي سېپىل ئۈستىدىكى كۆلەڭگىلەر ئاۋۇپ قالدى.

— ئىش بولمىدى، — دېدى مۇستاپا رۇستەمگە قاراپ، — ساقچىلار بىزنى قوغلاپ كېلىدىغان بولدى، ئەمدى ئۇلارغا تاقابىل تۇرمىساق بولمايدۇ.

كۆزەتچى ئەسكەرلەر پوست ئالمىشىشقا چىققاندا، ئىككى نەپەر پوستنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرمىدىن ئادەم قاچقانلىقىنى بىلىپ تەرەپ - تەرەپكە ئەسكەر چىقارتقان ئىدى.

— سىلەر باراتنى ئېلىپ مېڭىۋېرىڭلار، چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا نۇرپاشا بىلەن سائادەت ھارۋا بىلەن باراتنى ساقلاپ تۇرىدۇ. سىلەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ باراتنى شەھەر سىرتىدىكى سابىرنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى نىلقىغا يولغا سېلىپ قويۇڭلار. ئۇلارنى نىلقىغا يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرپاشامۇ سۈيدۈڭگە چىقىپ كېتىدۇ. مۇستاپا بىلەن ئىككىمىز ساقچىلار بىلەن ئېتىشىپ نىشانىنى بۇراپ سىلەرنى قوغدايمىز، — دېدى رۇستەم يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا.

مۇستاپا بىلەن رۇستەم ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئىككىيلەن ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. رۇستەم جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ يول بويىدىكى بىر ئېرىقنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈپ ساقچىلارغا ئاندا - ساندا ئوق ئېتىپ قويدى. مۇستاپا بىر ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇپ ساقچىلارنىڭ كېلىش يولىنى توسۇپ ياتتى. بەش - ئالتىدەك ئەسكەر كېلىپ ئەتراپنى قالايمىقان ئوقتا تۇتتى. رۇستەم بىلەن مۇستاپا ئىككى ئەسكەرنى يەر چىشلەتتى، قالغانلىرى يەرگە يېتىۋېلىشتى. ئەسكەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رۇستەمگە قاراپ ئوق ئېتىشتى، رۇستەم يەنە بىر ئەسكەرنى يەر چىشلەتتى، ئەسكەرلەر جىمىپ كەتتى. رۇستەم نىشاننى باشقا تەرەپكە يۆتكەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، توساتتىن بىر پاي ئوق سول كۆكسىگە تېگىپ ئوگدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مۇستاپا نىشاننى بايقاپ مىلتىقىنى ئوقلاپ يەنە بىر ئەسكەرنى يەر چىشلەتتى. قالغان ئىككى ئەسكەر قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى. مۇستاپا ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ قورالىنى ئېلىپ ئوقدانلىرىنى يېشىپ بىلىگە باغلىۋېلىپ رۇستەمنىڭ قېشىغا كەلدى. رۇستەمدىن قان جىق چىقىپ كەتكەچكە، ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى.

— رۇستەم، غەيرەت قىل، مەن سېنى يۆلەپ چوڭ يول بويىغا ئېلىپ چىقسام‌لا ئۇ يەردە بىزنى ھارۋا ساقلاپ تۇرىدۇ.

رۇستەم لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ماغدۇرى قالمىغاچقا، ئىككى - ئۈچ قەدەم مېڭىپلا دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ تىنىقى ئېتىكلىشىپ، پۈتكۈل بەدىنىنى سوغۇق تەر باسقان ئىدى. تاڭ ئالدىدا چىققان بۇ ئاچچىق شامال يىراق - يىراقلاردىن غازاڭلارنى، قۇرۇپ قالغان ئوت - چۆپلەرنى، ئاندا - ساندا قەغەز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ يىراقلارغا سورۇپ بارماقتا ئىدى. مۇستاپا رۇستەمنى يۈدۈپ چوڭ يولغا يېقىنلاشتى. بىراق، رۇستەم بىلەن قورالنى كۆتۈرۈپ ماڭالماي قالدى. مۇستاپا يول بويىدىكى ئېرىق بويىغا كەلگەندە رۇستەمنى ئاۋايلاپ يەرگە قويدى. رۇستەم سەكرات ئالدىدا ئېغىر - ئېغىر ھالسىراپ تۇراتتى. بارغانسېرى تىنىقى ئېتىكلىشىپ كەتتى.

— سۇ... سۇ...— دېدى رۇستەم لېۋىنى مىدىرلىتىپ.

مۇستاپا يول بويىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سوغۇق سۇدىن ئېلىپ رۇستەمنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى، رۇستەم «غۇرت» قىلىپ ئىككى يۇتۇم سۇنى يۇتتى، مۇستاپا ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۈز - كۆزلىرىنى سىيلىدى.

— مەن... بولالمىدىم. مۇستاپا، سەن باراتنى ئىلقىغا ئېلىپ كەت،— رۇستەم شۇنداق دېدى- دە، بېشى لاسسىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. رۇستەم ئەمدى جان ئۈزگەن ئىدى.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇلارنى ئىزدەپ يۈرگەن ھەمراھلىرى ئولاشتى. نۇرپاشا، سائادەت، باراتمۇ يېتىپ كەلدى. بارات رۇستەمنىڭ جان ئۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ رۇستەمگە ئۆزىنى ئېتىپ: «رۇستەم، ئەزىز دوستۇم، سېنىڭ ئىسسىق جېنىڭ، قىممەتلىك ھاياتىڭ بەدىلىگە مېنىڭ ھاياتىم قۇتقۇزۇلۇپ قېلىندى» دېدى- دە، ئۇن سېلىپ يىغلىدى، ئەتراپتىكىلەرمۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئاچچىق شامال يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. بارات بىلەن سائادەت ئىلقىغا جابدۇنۇپ، ھارۋىنى رۇستەمنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېتىشكە قالدۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. رۇستەمنىڭ جەسىتىئات ھارۋىسىغا سېلىنىپ ئائىلىسىگە ئېلىپ كېتىلدى. نۇر پاشامۇ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، بوگۇنلا سويدۇڭغا چىقىپ كەتمەكچى بولدى. مۇزدەك سوغۇق شامال چىقىپ بۇلۇتلارنى سۈرۈپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى، قاتمۇقات بۇلۇتلار ئارىسىدىن سەل - پەل كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي مەغرىپكە پاتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا سانسىز يۇلتۇزلار پارقىراپ كۆرۈندى. بارات سائادەتنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ بارا - بارا سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان تاڭ شەپىقىگە تىكىلدى، پارقىراپ نۇر چېچىۋاتقان يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي:

— ئۇھ،— دېدى يۇلتۇزلارنىڭ جۇلالاپ تۇرغان سۈزۈك نۇرىغا قاراپ،— ئەنە قاراڭ سائادەت، بىزنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزىمىز پارلاپ نۇر چېچىۋاتىدۇ...

# ئون توققۇزىنچى باب

## نىلقىغا سەپەر

### 1

يېقىندىن بېرى سەدىردىنىڭ ئائىلىسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەردى. سائادەت گۈلنىسا بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ئايىمنىسا قىزىنىڭ دەردىدە كۆپ يىغلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى. بەزى ـ بەزىدە كېچىلىرى قاتتىق قىزىتىپ جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداق چاغلاردا سەدىردىن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمەن، دەپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى. ئايىمنىسانىڭ كېسىلى سەل ياخشىلىنىپ قالسىلا سائادەتنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى تېپىشنىڭ خەقشىنى قىلاتتى. ئايىمنىسا بەزىدە ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن قوشنىلىرىغا:

— قىزىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ يىگىنىم ئاش بولمىدى، بالىنىڭ ئوتى بەكمۇ يامانكەن، — دەپ ھال ئېيتىپ بېرەتتى.

مانا بۈگۈن داكچى[1] ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر پارچە خەت ئېلىپ كىردى. خەت سائادەتتىن كەلگەن ئىدى. ئايىمنىسا داكچىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، شادلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە ئېھتىيات بىلەن كونۋېرتنى يىرتتى، خەتنىڭ پۇچۇركىسىدىن سائادەتنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ قوللىرى

---

[1] داكچى — پوچتىكەش.

تىترىگەن ھالدا خەتنى ئوقۇدى، ئوقۇۋېتىپ بىرقانچە قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلدى. بۇ خەت ئايىمىنىسانىڭ كۆڭلىدە يەنە تىنچسىز تۇيغۇلارنى ئويغاتتى.

«قەدىرلىك ئانا، دادا، ياخشىمۇسىلەر؟ مەن سىلەر بىلەن خوشلاشمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن ئەسلىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن كېچىسى پانىي ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش قارارىغا كەلگەن. بىراق، دوستۇم گۈلنىسا كۆپ تەسەللى بېرىپ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. مەن ئۆلۈپلا تۈگەشسەم ياخشى بولاتتى، ئالەمنىڭ تەگسىزلىكىدىن، دەرد ـ ھەسرەت، قايغۇ ـ كۈلپەتلىرىدىن بىراقلا خالىي بولغان بولاتتىم. جېنىم ئانا، كۆڭۈل دېگەن ئۆزىدىن چوڭكەن، ئۇ چېگرىسىز ۋە ھېسابسىز كەڭرى ئالەم ئىكەن. مەن كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ سىلەردىن ئايرىلىپ قالدىم، شۇنداقتىمۇ سىلەردىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى، مەن مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىپ يەتتىم. جەمئىيەت ماڭا ھەقىقىي ئۇستاز بولدى، ماڭا ئاق ـ قارىنى تونۇتتى، مېنىڭ كېلەچەكتىكى بېسىپ ئۆتىدىغان يولۇمنى كۆرسىتىپ بەردى. جېنىم ئانا، «بىلمىگەن يولغا كىرگەن كىشى مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ». مەن ئەمدى ماڭىدىغان يولۇمنى تاپتىم، ئىنسانىنىڭ بايلىقى ۋە پۇلى ئۇنىڭغا ئىززەت بېرەلمەيدىكەن. ئاچلىق ۋە يوقلۇققا قانائەت قىلىدىغان يوقسۇل كىشى ماھىيەتتە سەۋر ـ قانائەتسىز، تەمەخور بايلاردىن ياخشىكەن. مەن ھەممىنى كۆردۈم، يوقسۇزلۇقنىڭ، ئاچلىقنىڭ دەردىنىمۇ تارتتىم، كۆپنى كۆرۈپ دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولدۇم. مەن يەنە جاھان كېزىپ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولاي دەيمەن. بۇ، ھەرھالدا كەچ كىرگۈچە

ئۆيگە مۆكۈنۈۋېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى ياخشىراق. «بېشىڭغا پەلەكتىن تاش ياغسىمۇ ئەل خىزمىتىدىن باش تارتما» دەپتىكەن.
مەن ھازىر بارلىقىمنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئاتىدىم. سىلەر مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭلار. مەن ھازىر ئۆز ئىشىمغا ئۆزۈم ئىگە بولالايمەن. ئانا، دادا، قايتىپ كېتەي دېسەم، ئۆزۈم ياقتۇرمىغان بىرسىگە ياتلىق قىلىدىكەنسىلەر، ئۇ چاغدا كۆڭۈل غەشلىكى تارتىپ ھەسرەت چېكىپ ئۆيگە مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قايغۇ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ۋە كۆڭۈلگە پۈتكەن ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا، بۇ يولنى تاللىدىم، خەير - خوش.
سىلەرنىڭ قىزىڭلار سائادەتتىن».

ئايىمنىسا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىرھازاغىچە خىيال سۈرۈپ قالدى، ئۆزى قىلغان ئىشتىن ئۆزى نومۇس قىلغاندەك ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى. سائادەتنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ھەقىقىي ئاغرىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ياتلىق بولۇشقا زورلىغانلىقىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى، «قىزىم ئاق - قارىنى، ياخشى - يامانني بىلگۈدەك بوپتۇ، مەن ئۇنى نېمىشقا ئۆزى خالىمىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا زورلىدىم...»
ئايىمنىسا خىيال قىلغانسېرى كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يۈرەكنى ئېزىدىغان بولسىغۇر ئوي - خىياللار ئۇنىڭ كۆڭۈل تەختىنى ئىگىللىۋالدى. خەتنى تۇتقان قولى تىترەپ، يۈرىكى سىقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياشلىق چېغى، ساددا، پاك مۇھەببەت، ياشلىقتىكى قەدىرلەپ سۆيگەن يىگىتى سەدىردىن كەلدى. دە، ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ خەتنى قولىدا چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بىچارە قىزىم، قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغانسەن؟»
تۇساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ ئاشخانا ئۆيگە سەدىردىن كىرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا:
— قانداق، خېلى ياخشىلىنىپ قالدىڭمۇ؟— دېدى.

ئايىمنىسا سەدىردىننىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، قاپىقىنى تۈرۈپ تەتۈر قارىۋالدى- دە، خەتنى ئاچچىق بىلەن سەدىردىنگە سۇندى.

— سائادەتتىن خەت كەپتۇ.

سەدىردىن خەتنى ئىتتىكلا ئالدى، ئاندىن كونۋېرتتىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ھەربىر جۈملە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. سەدىردىن «ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ» دەپ ئويلىغان قىزىنىڭ خەتكە يازغان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ئۇنى خىيال دېڭىزىغا چۆكتۈرۈۋەتتى. ئۇ قىزىنى سېغىنىپ تامىدىكى سۈرىتىگە بىرھازا قارىدى. سائادەت خۇمار كۆزلىرىنى سەل قىسىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ دادىسىغا قولىنى سىلكىپ «سەن مېنىڭ ئەركىمنى بوغقۇچى، مەن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان، پۇت-قولۇمنى چۈشەپ قويغان ئۆيۈڭدە ياشىمايمەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سەدىردىن خەتنى يانچۇقىغا سالدى، قاپىقىنى تۈرۈپ بىرپەس سۈكۈتكە چۆككەندىن كېيىن، ئايىمنىساغا ئۆرۈلۈپ كۆڭۈل قويدى:

— بولدى قىل، ئارتۇقچە قايغۇرما، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، كۆپ ھەسرەت چەكسەڭ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىسەن. سائادەت ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن سەن يەنىلا بولمىساڭ بولمايدۇ. ئىشىم ئارىسال بولغاندا چوقۇم ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىمەن.

سەدىردىن خەتنى بىردەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆچەي دەپ قالغان چوغ ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. كونۋېرت ئاستا-ئاستا قورۇلۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. لېكىن، سەدىردىن يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى كۆيۈۋاتقاندەك ئازاب ئىچىدە ئوچاقتىكى چوغقا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە چىداپ بولمايدىغان پۇشايمان ئوتى كۆيمەكتە ئىدى. سەدىردىن كېيىن ئۇششاق يېزىقلار بىلەن توشقۇزۇلغان قەغەزنىڭ ئاستا-ئاستا يېنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بىرھازا ئوتقا تىكىلىپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئويۇقچىدىن قېلىن بىر كىتابنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپ خەت يېزىشقا تەمشەلدى.

— نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟— دېدى ئايىمنىسا سەدىردىنگە.

— سائادەتكە خەت يازاي دەيمەن.

— ئۇنىڭ تۇرغان جايى مۇقىم بولمىسا،خەت يازغان بىكار.

سەدىردىن قولىدىكى كىتابنى بىر چەتكە تاشلاپ قويىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت، سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى جىملىققا ئارىلىشىپ تۇراتتى. سەدىردىن سائادەتنى ئازدۇرۇپ كەتكەن باراتنى تاپسىلا قىزنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىدى. «قەيەردىن بولمىسۇن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپاي. ھەي، بۇ بالىنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى قارىمامدىغان، قىز بالا تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى يامان بولدى. بارات تۇرمىدىن قېچىپ كېتىپتىمىش، ئېھتىمال ئۇنىڭ بىلەن بىللىدۇ...»

2

ئايىمنىسا يالغۇز قېلىپ خىيالغا چۆكتى. «سائادەت تولىمۇ ساددا ئىدى، ھالىلىق تۇرمۇش ئۇنى ئەركە قىلىپ قويىدى، مەكتەپتىكى چاغلىرىدا پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتىم، ئەمدىچۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟...»

ئايىمنىسانىڭ خىيالىنى بۆلۈپ سىرتتىن سەدىردىن كىرىپ كەلدى. ئايىمنىسا ئۇنىڭ كىرگىنىگە ئېتىبارمۇ قىلمىدى، ھەيكەلدەك ئولتۇرۇۋەردى. سەدىردىن دېرىزىدىن كىرگەن ساپ ھاۋادىن يېنىك نەپەس ئېلىپ قەددىنى رۇسلاپ سۆزلىدى:

— سەپەرگە چىقىش توغرىسىدىكى ئويلىرىمنى غازىبايغا ئېيتتىم، ئۇ ئىككى كىشى قوشۇپ بېرىدىغان بولدى. ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمەن.

ئايىمنىسا تەشۋىش ئارىلاش سەدىردىنگە قارىدى ۋە ئۇنىڭدىن جىددىي تەلەپپۇز بىلەن سورىدى.

— نېمىشقا ئادەم ئېلىۋالدىڭىز؟

— سائادەتنى ئىزدىشىپ بېرەمدىكىن دەپ.

ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. سىرتتا ئاندا ـ ساندا ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئاشخانا ئۆيدىكى ئوچاق چىراغ يورۇقىدا

كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۆت پۇتلۇق شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈز كورىسى، ياغ بوتۇلكىسى ۋە تاماققا تەم كىرگۈزىدىغان دورا - دەرمانلار قويۇلغان، سۇ چېلىكى بولسا پەگاھتا تۇراتتى. ئۆي ئىچىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ، ئايمىنىسا تولىمۇ مىسكىنلىك بىلەن سۆزلىدى:

— ئەگەر سائادەتنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ياخشىراق مۇئامىلە قىلىڭ.

— خاتىرجەم بول، مەنمۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەن. ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلالىسام،لا، ئامال بار قايتۇرۇپ كېلىمەن.

— هارۋا ئۇقۇشتىڭىزمۇ؟

— هەئە.

سەدىردىن ئايمىنىسانىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ روهىي هالىتىگە نەزەر سالدى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، تېخى ئەمدىلا ئاق سانجىلغان چاچلىرى بىرئاز ياخچىيىپ قالغان ئىدى.

— سەن يېتىپ ئارام ئالغىن،— دېدى سەدىردىن ئايالىغا،— سەپەر جابدۇقىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە سەدىردىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا هارۋىكەش بىلەن ئىككى كىشى پەيدا بولدى. ئۇلاردىن بىرسى تاماكا چېكىۋېتىپ توۋلىدى:

— بوغالتىر ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە.

مېهمانخانىنىڭ ئىچىدە سەدىردىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ جاۋاب بېرىۋاتقاچ جابدۇنۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئايمىنىسا سەدىردىننى ئۇزىتىۋېتىپ:

— سائادەتنى تاپمىغۇچە قايتىپ كەلمەڭ،— دېدى.

— خاتىرجەم بول، ئۇنى چوقۇم تېپىپ كېلىمەن.

— خوش، خۇداغا ئامانەت، سەپىرىڭىز ئاق يوللۇق بولسۇن.

سەدىردىن خۇرجۇن، قاچىلىرىنى هارۋىغا سېلىپ، ئاندىن ئۆزى هارۋىغا چىقتى.

— تىرت،— دېدى هارۋىكەش ئاتقا قامچا سېلىپ.

ئات ناهايىتى يېنىك قەدەم تاشلاپ، جىمجىت كوچىدىن ئۆتۈپ يۇشقۇرغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

× × ×

ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەن قۇياش كائىناتقا نۇر چېچىپ تاغ باغرىدىكى ئورمانلارنى، چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز چوققىلارنى كۈمۈش نۇرغا پۈركىۋەتتى. يىراقتىن قارىغاندا تاغ باغرىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ قارىغاي گويا هېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي تۇرغان مەزمۇت جەڭچىدەك تۇراتتى.

ئاتلار بېشىنى ئىختىيارىغا تاشلىغان، بارات بىلەن سائادەت ئىككى ئات ئۈستىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار نۇرپاشاغا شەهەردە تۇرماي سۆيدۈگىغا چىقىپ كېتىشنى تاپىلاپ، خوشلىشىپ، دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە ئاتلىق سەپەر قىلدى. ئىككىيلەن كېچىلەپ يول يۈرۈپ چەت بىر يېزىغا كېلىپ، مەهەللە دوقمۇشىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ ئازراق ئارام ئېلىپ، قورساق توقلىغاندىن كېيىن، يەنە يولغا چىققان ئىدى. باراتنىڭ توساتتىن ئېيتقان سۆزى سائادەتنى خىيال قۇچىقىدىن ئويغىتىۋەتتى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ئاتا ـ ئانامنى، ئۇلار هازىر مېنى ئىزدەپ قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئەگەر بىزنىڭ نىلقىغا ماڭغىنىمىزنى ئۇقۇپ قالسا قوغلاپ كېلىپ سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بىرەمدىكىن دەيمەن.

— ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلماڭ، بىزنىڭ نىلقىغا ماڭغانلىقىمىزنى دوستلىرىمدىن باشقا هېچكىم ئۇقمايدۇ.

سائادەت جاۋاب ئورنىغا باش لىڭشىتىپ قويدى. كېچىچە ئات

ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چارچىغان، زېرىككەن سائادەت سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەس ئېلىپ، تەبىئەتنىڭ خىلمۇخىل مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ھېرىش، چارچاش ۋە ئۇيقۇسىزلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بېلى سىرقىراپ ئاغرىيتتى، بېشى چىڭقىلاتتى، ئېغىر ھالسىراش ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىساتتى. روھىي كەيپىياتى سۇسلاشقاچقا، كۆڭۈل ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يىراققا قارىدى. يىراقتا ئېگىز - پەس تاغلار چوقچىيىپ تۇراتتى. جىلغا ئىچىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سۈزۈك سۇ يېقىن ئەتراپتا بۇلاق بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. سائادەت خىيال ئارىلاش جىلغىغا نەزەر سالدى. تاغ باغرىدا ئۆزگىچىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلار جىلغا ئىچىگە چۈشتى. سائادەت پۈتكۈل دىققىتى بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. كەچ كۈز بولۇشىغا قارىماي ئاسمان بۇلۇتسىز ئىدى، جىرالاردىن ئېقىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى، ئادەمنىڭ ھۆسن - جامالىنى گويا ئەينەككە ئوخشاش ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

— بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالايلى،— دېدى سائادەت.

— ماقۇل.

— ئۇزۇق - تۈلۈك بىرەر كۈنگە يېتەرمۇ؟

— ھەئە.

— ھاردىڭىزمۇ؟

— ئازراق بېلىم ئاغرىۋاتىدۇ؟

بارات يەڭلىرىنى شىمايلاپ، بۇلاقنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ چاڭگىلىغا ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

— بۇلاق سۈيى ياخشىكەن، يۈز - قولىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ،— دېدى بارات سائادەتكە.

سائادەت چاڭگىلىغا سۇ ئېلىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. مۇزدەك سۇ ئۇنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ يەنە بۇلاق سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. سائادەت ئەمدى سەگىگەندەك، كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. شەھەر بىلەن نىلقىنىڭ ئارىلىقى 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى. ئۇلار

بىر كىچە يول يۈردى. ئەمدى سوپىتاي، قاراسۇنى بېسىپ ئۆتسىلا نىلقىغا يېتىپ بارالايتتى. بۇ يول پىيادە ماڭغانلارغا ئۈچ كۈنلۈك، ئاتلىق ماڭغانلارغا بىر يېرىم كۈنلۈك يول بولسىمۇ، ئۇلار ساقچىلارنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ تاغ ئارىسى بىلەن ماڭغاچقا، سەپەر مۈشكۈلرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغلاپ كەلگەنلەرگە تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىسى يول مېڭىۋاتاتتى. بارات بىر پارچە ناننى سۇغا چىلاپ يەپ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى. سائادەت بۇلاقنىڭ بىر چېتىگە يانپاشلىدى. بارات قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، بۇلاق بېشىدىن 20 نەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. قۇياش ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ دالىلارغا كۈمۈش نۇرىنى سەپمەكتە ئىدى. تاغ باغرىدىكى چاتقاللار كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا يېنىك لەپىلدەيتى. يىراق ـ يىراقلاردىن دالىغا ئالدىرىغان قوي ـ قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىناتتى. بارات ئەتراپنى كۆزىتىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، سائادەتنىڭ قېشىغا كېلىپ يانپاشلىدى. سائادەت ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى ـ دە:

— قاتتىق نان يەپ قىيىنىلىپ كەتتۇق، يۇرت ئىچىگە كىرىپ بىرەر ۋاخ ياخشى تاماق تېپىپ يەپ يولىمىزنى ماڭساقمىكىن، — دېدى.

— بىرەر ۋاخ ياخشى تاماق يەيمىز دەپ، قوغلاپ كەلگەنلەرگە تۇتۇلۇپ قالساق قانداق قىلىمىز؟

باراتنىڭ سۆزى بىلەن سائادەت خىيالىدىن ۋاز كەچتى. گويا بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، چاچراپ قوپۇپ ئېگىزگە چىقىپ يىراققا نەزەر سالدى.

— يىراققا قارىسىڭىز بەك گۈزەلكەن.

— نېمە گۈزەلكەن؟

— تاغ مەنزىرىسى.

سائادەت يىراققا سەپسېلىپ قارىۋىدى، چىغىر يول بويلاپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. سائادەت ئېھتىمال قوغلاپ كەلگەنلەر بولسا كېرەك، دېگەن گۇمان بىلەن ھودۇققىنىدىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

— بارات، ئاۋۇ يەردە بىرسى كېلىۋاتىدۇ، بىزنى قوغلاپ كەلگەنلەر بولمىسۇن يەنە.

باراتمۇ سەل ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئىتتىك مېڭىپ سائادەتنىڭ قېشىغا كەلدى. دېگەندەك، كۆز يېتىم يەردە بىر كىشى توپتوغرا مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— چاپسانراق بولۇڭ، ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلى. ناۋادا ئۇ بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشكەن ئادەم بولسا، تۇتۇلۇپ قالىمىز.

— ئاتلارنى قانداق قىلىمىز؟

— ئاتلارنى يېتىلەپ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتەيلى.

ئۇلار ئاتلارنى يېتىلەپ كۆز يېتىم يەرگە بارغاندا يولۇچى كېلىپ قالدى.

— ئاپلا، ئۆلگۈرەلمىدۇق،— دېدى سائادەت.

باراتنىڭمۇ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، ھېلىقى يولۇچى ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار يا ئالدىغا، يا ئارقىسىغا ماڭالماي، ئىلاجسىز تاغ ئارقىسىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى يولۇچى تووۋلىدى:

— ھوي يىگىت، يول بۇياقتا تۇرسا، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىپ بارىسىزغۇ؟

بارات كەينىگە قارىدى ـ دە، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— قورقماڭ، مەن يولۇچى،— دېدى ھېلىقى كىشى،— سەپەردە يالغۇزچىلىق تارتتىم. سىز نەگە بارىسىز؟

— ھە، سوپىتايىغا تۇغقان يوقلىغىلى،— بارات ئېنىق جاۋاب بەرمىدى.

— سەپىرىمىز بىر ئىكەن، يەنە بىر كۈن بولسىمۇ بىللە ماڭىدىكەنمىز.

بارات بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ھېلىقى كىشىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، چىرايىغا سەپسالدى.

ئېگىز بوي، قارامتۇل، خۇنۈك كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ كىشى 45 ياشلاردىن كەم ئەمەس ئىدى. بارات ئۇنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ ـ بىر ئىشەنمەي سورىدى:

— نىلقىغا نېمىشقا بارىسىز؟
— تۇغقان يوقلىغىلى.
— سىزمۇ تۇغقان يوقلايدىكەنسىزدە،— دېدى بارات چىرايىغا تېپىپ تۇرغان جىددىيلىكنى يوشۇرۇپ قالالماي.
— ئاۋۇ سىزنىڭ ئايالىڭىزمۇ؟
— ھەئە،— بارات چاندۇرمايلا جاۋاب بەردى. بارات ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا راست گەپنى قىلمايۋاتاتتى.
— ھە، ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن، ئىسمىڭىز نېمە؟
— ئىسمىم نادىر.
— سىزنىڭچۇ؟
— بارات.
بارات بۇگۈنكى تاسادىپىيلىقتىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرەرمىكىن دەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلدى، ئېسىگە ئالدى. بارات تۈرمىدىكى ۋاقتىدا بۇ ئىسمنى قادىر مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ھەم ئۇ توغرۇلۇق ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان سەل يېشىلگەندەك بولدى.
— ھە، ناشتا قىلدىڭىزمۇ؟
— ياق، كۆپرەك ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىۋالماپتىكەنمەن.
— ھە، بارىنى تەڭ كۆرىمىز، بىزمۇ سەپەر كۆرمىگەچكە، يولدا يېگىلى كۆپرەك بىرنەرسە ئېلىۋالماپتىكەنمىز، سائادەت، نان ئېلىپ كېلىڭ،— دېدى بارات ئاتلارنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان سائادەتكە قاراپ.
سائادەت ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان خورجۇندىن ئىككى نان ئېلىپ باراتقا تەگلىدى. بارات قولىدىكىناننى نادىرغا تەگلەپ:
— ئېلىڭ، قاتتىق بولسىمۇ ناشتا قىلىڭ،— دېدى.
نادىر ناننى ئېلىپ قاراسلىتىپ ئوشتۇپ بۇلاق سۈيىگە تۆگۈرۈپ، يەنە ئىككى - ئۈچ چاڭگال سۇ ئىچىپ ئېغىر بىر نەپەس ئالدى، ئاندىن يول ئۈستىدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

— ئاڭلىسام، تۇرمىدىن ئادەم قېچىپتىكەن، ساقچىلار يول - يولنى توسۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۈرۈشتە قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا، چاپسانراق كەتمىسەك بولمىغۇدەك،— دېدى بارات نادىرغا قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى، يول ئۈستىدە ئولتۇرۇۋەرمەيلى.

بارات ئاتلارنى بۇلاق سۈيىدە سۇغارغاندىن كېيىن، خۇرجۇن، قاچىلارنى ئاتلارغا ئارتتى.

نادىر بېشىنى كۆتۈرۈپ باراتقا قارىدى ۋە:

— ماڭايلى،— دېدى ئاسمانغا قاراپ،— ھاۋادا ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

پايانسىز ئاسماننىڭ قەرىدە بىر سار ئۇچۇپ يۈرەتتى، غۇژمەك - غۇژمەك بۇلۇتلار تاغ تەرەپتىن ئاستا - ئاستا كېلىۋاتماقتا ئىدى.

— قانداق ماڭساق بولار؟— دېدى بارات نادىرغا قاراپ.

— ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئارىسىدا ئۆڭكۈر بار،— دېدى نادىر،— مەن ئىلگىرى ئىلقىغا چىققۇچە بۇ يول بىلەن بىرنەچچە قېتىم ماڭغان، شۇ يەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ ئەتە يولغا چىقساق بولىدۇ.

— ئاتلارنى قانداق قىلىمىز؟— دېدى بارات.

— قانداق قىلاتتۇق، ئاتلارنى يايلاققا قويۇپ بېرىمىز.

سائادەت كېتىۋېتىپ بارغانچە ئۆزگىرىۋاتقان ئاسمانغا قارىدى، پايانسىز ئاسماندا ئاندا - ساندا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ھايال ئۆتمەي قاتتىق شامال چىقىشقا باشلىدى.

— چاپسانراق مېڭىڭ،— دېدى بارات سائادەتكە قاراپ،— ئۇچەيلەن ئىككى ئاتنى يېتىلەپ ئۆڭكۈر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

3

كەچقۇرۇن شامال توختاپ ھاۋا ئېچىلدى. قۇياش بۇلۇتلار ئارىسـ

ـدىن ئۇرلۇق مەرۋايىتتەك كۆرۈنۈپ يەنە مۆكۈۋالاتتى. تاغ باغرىدىكى ئۆڭكۈرلەر تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى. بۇ جايغا ئۇزاقتىن بېرى ئادەم ئايىغى بېسىلمىغاچقا، ئۆڭكۈر ئالدىدا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى.

— ئىلگىرى مال باققان چاغلىرىمدا يامغۇر يېغىپ، بوران چىققاندا پادىچى باللار بىلەن مۇشۇ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالاتتۇق، — دېدى خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن نادىر.

— سىز بۇ يەردە قاچان مال باققان؟

— بۇ، باللىق چاغلىرىمدىكى گەپ، سۆزلىسەم گەپ تولا.

— سۆزلەپ بېرىڭا، — دېدى سائادەت نادىرغا تىكىلىپ.

— ماقۇل، ئاڭلىساڭلار سۆزلەپ بېرەي، — دېدى نادىر، — باللىق چاغلىرىمدا دادام ئۆلۈپ كېتىپ غۇلجىدىكى ئامبالنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلاتتىم، كېيىنچە ئۇنىڭ تاغدىكى ماللىرىنى باقتىم. مەن تاغدا مال بېقىۋاتقاندا ئانام كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. چىشىمنى چىشلەپ ئانامنى كۆمۈپ قويۇپ يەنە تاغقا قايتىپ كەتتىم. كېيىن ئۇقسام، ئامبال دادامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن، كۆڭلۈمدە بۇ قىساسنى ئېلىشنىلا ئويلاپ يۈرۈپ، ئامبال ئوۋغا چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەملەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتۈم. ئۇ زوڭ ئولتۇرۇپ بىر توشقاننى قارىغا ئېلىۋاتـ ـقاندا، تاش بىلەن بېشىغا بىرنى قويۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ تاغلار ئارىسىدىكى يالغۇزلۇق ھاياتىم باشلاندى.

بارات بىلەن سائادەت ئۇنى ماختاپ كەتتى.

— تاغا، سىز ھەقىقەتەنمۇ باتۇر ئىكەنسىز، سىزمۇ ھېرىپ كەتتىڭىز، كۈندۈزى سىرتقا چىقىش مۇمكىن بولمىدى، ئېلىۋالغان نانلىرىمىزمۇ تۈگەپ قاپتۇ، مەن ياش بولغاندىكىن كەنت ئىچىگە كىرىپ يېمەكلىك تېپىپ كېرەي، — دېدى بارات.

— كەنت ئىچىگە كىرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇكا مەن ئوۋ ئوۋلاشنى بىلىمەن، — دېدى نادىر.

ئەتىسى ئەتىگەندە نادىر ئوۋ ئوۋلاپ كېلىش ئۈچۈن تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا تاغ يوللىرى بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئۇ ئۆزى

ياسىۋالغان توقماق بىلەن ئۇيەر - بۇيەردە مۆكۈپ يۈرۈپ بىرنەچچە توشقاننى ئۇۋلىدى. نادىر ئەمدى قايتىپ كېتەي دەۋاتقاندا، ئاتلىق ئۈچ كىشى ئۇنى قوغلاپ كەلدى. نادىر ئۇلارنى ئوۋچىغا ئوخشىتىپ جىلغا ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋىدى، بىرسى قاتتىق توۋلىدى:

— توختا!

نادىر ئىلاجسىز توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، ئۈچ ئاتلىق كېلىپلا ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئاددىي پۇقراغا، بىرسى بايغا ئوخشايتتى. باي 45 ياشتىن ھالقىغان ئىگىز - بېسىق، چوڭ سۆپەت كۆرۈنەتتى. پۇقراغا ئوخشايدىغان ئىككى كىشى 25 — 30 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىدى. ھېلىقى باي نادىرغا ئۇزاق سەپسېلىپ سورىدى:

— نېمە ئادەمسەن؟

— ئوۋ ئوۋلاپ جان باقىدىغان پۇقرامەن.

— قەيەرلىكسەن ؟

— سوپىتايلىق.

— بالا - چاقاڭ بارمۇ؟

— يوق.

باي ئۇنىڭدىن سەل گۇمانلىنىپ سورىدى:

— نىلقا تەرەپكە كېتىۋاتقان بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم.

— يالغان سۆزلىمە، كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈنۈگۈن مۇشۇ يولدىن ئاتلىق ئۆتۈپتىكەن.

— راستىنلا كۆرمىدىم غوجام، نىلقا تەرەپكە كەتكەن ئوخشايدۇ.

— قويە ئۇنداق گېپىڭنى، بىزمۇ ھازىرلا نىلقىدىن قايتتۇق. بىز كىرمىگەن ساراي، دەڭ قالمىدى، ئۇلار چوقۇم مۇشۇ ئەتراپقا يوشۇرۇ-نىۋالدى.

— كۆرگەن بولسام ئېيتىپ بېرىپ سۆيۈنچە ئالاتتىم غوجام، مەن دېگەن ئوۋچى تۇرسام، ئادەم يوشۇرۇپ نېمە قىلاي. غوجىلىرىم، مېنى ئاۋارە قىلىشمىسىلا، توشقان گۆشى يەيمىز دېسىلە، مانا ماۋۇ توشقانلارنى

ئېلىپ كېتىشىسىلە.

نادىر بايا ئۈۋلىغان توشقانلارنى ئۆلارنىڭ ئالدىغا قويىدى.

— بىزگە مۇنداق نەرسىنىڭ لازىمى يوق،— دېدى ھېلىقى باي،— بىزگە ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ بار يېرىنى تېپىپ بەرسەڭ نۇرغۇن پۇل بېرىمەن.

— مەن ھازىر دېدىمغۇ غوجام، كۆرگەن بولسام، ئۆلارنىڭ بار يېرىنى تېپىپ بېرىپ، سىلىنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ خەجلىمەمتىم.

ھېلىقى پۇقراغا ئوخشايدىغان ئىككى كىشى ئۇنىڭ ئۈۋلىغان توشقىنىنى تارتىۋالدى:

— ئەكېلە، ھارامتاماق، توشقان گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقايلى. بىز يەنە كەلگۈچە كۆپرەك ئۈۋلاپ قويارسەن ـ ھە،— دېگىنىچە ئېتىغا مىنىپ جىلغىدىن چىغىر يولغا چىقىپ كەتتى.

نادىر خېلى ئۇزاق خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، قۇرۇق قول قايتىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى، يەنە ئوۋ ئوۋلايمەن، دەپ يۇرسە بىرەر پېشكەلـ ـچىلىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى، شۇڭا بۇ يەردىن تۇرغۇنباي دېگەن تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ شۇ يەردىن ئاز ـ تولا قورساقنى گوللايدىغان نەرسە ئېلىپ كېلىش خىيالىغا كەلدى، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قېقىۋىدى، ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم؟

— مەن.

تۇرغۇنباي ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىككە يېقىن كېلىپ تىڭ تىڭلىدى. ئىشىك يەنە قېقىلىپ، بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۇرغۇنكا، ئىشىكنى ئېچىڭ.

— قايسىڭ بۇ، يېرىم كېچىدە ئىشىك قاققان؟

— مەن، توپا دەڭلىك سابىر كۆنچىنىڭ ئوغلى نادىر، سەپەردە

يەيدىغىنىم تۇگەپ كېتىپ، قېشىڭىزغا كەلدىم.
دەرۋازا زەردە بىلەن ئېچىلدى. تۇرغۇنباي يەنە سورىدى:
— سەن راستىنلا نادىرمۇ؟
— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟
تۇرغۇنباي ئۇنى تەشۋىش ئارىلاش ئۆيگە باشلىدى. قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. نادىرنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. تۇرغۇنباي ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى يىمىرىپ، ناچىنىڭ تۆشۈكىدەك كۆزلىرى بىلەن نادىرغا تىكىلدى.
— ھە، قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟
— شەھەردىن چىقىپ ئىلىغا كېتىپ بارىمەن.
— ھە، مۇنداق دېگىن،— دېدى ئۇ قويىنىدىن ناسىۋال قاپىقىنى ئېلىپ، ئالقىنىغا ناسىۋال تۆكۈپ كالپۇكىنىڭ ئىچىگە باستى، ئاندىن چىرايىنى سەل - پەل پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.
نادىر تۆش يانچۇقىدىكى تۈگۈنچەكنى يەشتى- دە، دېدى:
— مۇشۇ پۇلنىڭ كېلىشىگە يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىڭ.
تۇرغۇنباينىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتتى:
— باشقا ئامالىم يوق، ئەگەر بىرەر قوي دېسەڭ...
— خەير، گۆش بولسىمۇ مەيلى.
نادىرنىڭ سۆزىدىن تۇرغۇنباينىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇ تۈگۈنچەكتىكى پۇللارنى ساناپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ نادىرغا قارىدى:
— ئايرىپ بېقىۋاتقان ئىككى قوي بار ئىدى. بىرىنى سويۇپ بەرگەن بولسام، ئەپكەتكىن،— دېدى- دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مەسە - كالاچىنى كىيىپ سوڭىغا دەسسەپ ھويلىغا چىقتى،— ھوي، ئايۇپ، ئورنۇڭدىن تۇرە، ئايرىپ باققان قويدىن بىرنى ئاچىقە!— دەپ توۋلىدى.
ھويلىدىكى كىچىك بىر ئېغىزئۆيدىن پادىچى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ھويلىدىن قوتانغا چىقىپ ھايال ئۆتمەي بىر قوينى يېتىلەپ چىقتى.
— بۇ قوينى ماۋۇ ئاكاڭغا ياردەملىشىپ سويۇپ بەرگىن.
ھەش - پەش دېگۈچە قوي سويۇلۇپ بولدى. نادىر گۆشنى پارچە

ـلاپ خۇرجۇنغا سالدى.

— قونۇپ قالساڭ بولاتتى ئۇكا.

— ھەمراھىم يالغۇز قالدى،— دېدى نادىر ئاي يورۇقىدا تۇرغۇنباي بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

نادىر خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ، چىغىر يول بىلەن مېڭىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئۆڭكۈر ئىچىدە گۈلخان يېقىلغانلىقىنى، ئۆڭكۈر ئېغىزىدىكى تاش ئۈستىدە ئىككى مېتىردىن ئۇزۇنراق، كەتمەن سېپىـ ـدىن تومراق، بېشى مۈشتەك كېلىدىغان بىر يىلاننىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەر تەرەپكە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. بارات بىلەن سائادەت گۈلخان ئەتراپىدا ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. نادىر خۇرجۇننى يەرگە قويىدى- دە، باراتنى نوقۇپ ئويغاتتى.

— ھەرنېمە بولسا ساق - سالامەت قايتىپ كەپسىز نادىركا، سىز يالغۇز كېتىپ بەكمۇ ئەنسىرىدۇق،— دېدى بارات.

— ئەنسىرەيدىغان نېمە ئىش بار. ناھايىتى بىردەم - يېرىمدەم ھايال ـشىپ قالدىم شۇ،— نادىر خۇرجۇندىن گۆشنى چىقىرىپ پارچىلاشقا تۇتۇندى. بارات يۇلغۇن ياغىچى ئىزدەپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىۋىدى، ھېلىقى يىلاننى كۆرۈپلا ئەندىكىپ كەتتى.

— نادىركا، بۇ يىلاننى ئۆلتۈرىۋېتەيلى،— دېدى ئۇ.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك بولمايدۇ،— دېدى نادىر،— ئىلگىرى مۇنداق ئىش يۈز بەرگەن: داۋۇت ئىسىملىك ئوۋچى بۇ يەردە بىر چوڭ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆيگە كېلىشىگە، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى يىلان قاپلاپ كېتىپتۇ. داۋۇت بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۈچ كۈنگىچە ئۆگزىدە يېتىپتۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سۈت ۋە ئاق ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئاز - ئازدىن چېچىپ، دەريا تەرەپكە مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلانلار ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ، جىگدە بۇلاق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بارات يىلانغا چېقىلماي، ئۆڭكۈر سىرتىدىن يۇلغۇن تاللىرىنى ئەكىرىپ زىخ ياسىدى- دە، نادىر توغرىغان گۆشلەرنى بىر-

بىرلەپ زىخقا ئۆتكۈزدى. ئىككىيلەن كاۋاپ پىشۇردى. بارات سائادەتنى ئويغاتتى، ئۇلار گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېيىشتى. نادىر يول ئۈستىدە كۆرگەن ئۈچ ئاتلىق كىشى ھەققىدە پاراڭ قىلىشۋىدى، بارات ئۇ كىشى سائادەتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇلار ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، تاڭ يورۇماستىنلا يولغا چىقىپ، نىلقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

باراتلار كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئۇيقۇسىزلىقتىن ناھايىتى چارچاپ كەتتى. ئۇلار قوزا چۆش بولاي دېگەندە تاغ باغرىدىكى ئەپلىك جاينى تېپىپ ناشتا قىلغاچ ئارام ئالدى. يول بويى پاراڭلىشىپ، بارات «سوپىتايىغا بارىمەن» دەپ نادىرغا يالغان ئېيتقان، ئۆزىنىڭ تۇرمىدىن قاچقانلىقىنى يوشۇرغان ئىدى. تۇرمىدىكى ۋاقتىدا قادىر مۇئەللىمدىن ئاڭلىغان سەرگۈزەشتىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە نادىرغا بولغان ئىشەنچنى بارغانسېرى كۈچەيتتى. باراتنىڭ گەپ ـ سۆزى ۋە تۇرقىدىن، قادىر مۇئەللىم توغرىسىدا گەپ ئەگىتىشىدىن ئۇنىڭ نىلقىغا نېمە ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى نادىر چۈشىنىپ يەتتى، بىراق بۇ توغرىدا ئۇچۇق پاراڭلاشمىدى. ئۇلار ئۆز مەخپىيەتلىكىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرغانسېرى چىنىپ قىلىشۋاتاتتى. نادىر پاراڭ ئارىلىقىدا «ئاڭلىسام، نىلقا پارتىزانلىرى سوپىتايىدا گومىنداڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قاپتىمىش، تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپمىش»، «يېقىندا تۇرمىدىن ئادەم قېچىپ بىرنەچچە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، گومىندىپاينى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئاپتۇ...» دېگەندەك خەۋەرلەرنى قىستۇرۇپ قوياتتى. بارات ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، سوپىتايىغا كەلگەندە نادىردىن:

— سىز قادىر مۇئەللىمنى تونۇمسىز؟— دەپ سورىدى.

— تونۇيمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىل بۇرادەر بولغان.

— ئۇ قانداق كىشى؟

— ئۇ ئەل ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدىغان، ناھەقچىلىككە چىدىيالمايدىغان، يوقسۇللارنى يۆلەيدىغان كىشى.

— ئۇ ھازىر قەيەردە؟
— ئۆلۈپ كەتتى.
— نېمە، ئۆلۈپ كەتتى دېدىڭىزما؟— بارات چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى- دە، خۇرسىنىپ،— ئىست - ئىست، ئەزرائىلنىڭ راستتىنلا كۆزى يوقكەن، شۇنداق ياخشى ئادەم نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟— دېدى.
— ئۇ سىرتتا ئەمگەك قىلىۋاتقاندا مەھبۇسلارنى تەشكىللەپ قاچۇ-رۇۋەتكەن. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاخىر ئۇنى ئېتىۋەتتى.
نادىرنىڭ سۆزىنى بارات ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئاڭلىدى، قادىر مۇئەللىمنىڭ قەيسەر روھى، باتۇرلۇقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، بەكمۇ ئازابلاندى، ئاخىر ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. نادىرمۇ باراتقا ئىلىغا چىقىشتىكى مەقسىتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

# يىگىرمىنچى باب

## نادىرنىڭ ھېكايىسى

1

نادىرنىڭ ئۆيى توپادەك ئەتراپىدا بولۇپ، دادىسى سابىر ئاخۇن كۆنچىلەرگە يالللىنىپ ئىشلەيتتى. نادىر يەتتە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ نادىرنىڭ ئانىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ نادىرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— نادىر كىچىك قالدى، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، ئۇ مەندىن كېيىن قالسا يەنە خارلىنىپ قالمىسۇن، شۇڭا ئۇنى بىرەر ھۈنەرگە بەرگىن،— ئۇ نادىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ،— ئوغلۇم، سەنمۇ ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا،— دېدى. سابىرئاخۇننىڭ ئاۋازى بارغانسېرى خىرىلداپ نەپىسى قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزىنى يوغان ئېچىپ نادىرغا ئۇزاققىچە قارىدى، قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى-دە، نادىرنىڭ قولىنى ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى،— نادىرنى ساڭا تاپشۇردۇم،— ئۇ ھەسرەت بىلەن نادىرنىڭ ئانىسىغا ئۇزاق تىكىلدى.

نادىرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى چۈشەنگەندەك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، ئاندىن نادىرنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ:

— دادىسى، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، مەن چوقۇم ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ بىرەر ھۈنەرگە بېرىمەن،— دېدى.

نادىرنىڭ دادىسى شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بالا-

چاقىلىرى يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۇنى يەرلىكىدە قويدى. نەزىر ـ چىراغلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، نادىرنىڭ ئانىسى تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغاندا ئۇنىڭ ئاكىسى ياردەم قىلدى ھەم نادىرنى مەكتەپتە ئوقۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى ئۇنى ئاكىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. نادىرنىڭ تاغىسى كېيىنچە يالغۇزچىلىق تارتىپ «دۇكانغا ياردەملەشكىن» دەپ ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى.

نادىرنىڭ تاغىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ يەنە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. نادىرنىڭ تاغىسى بىتەلەي خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ قايتا ئۆيلىنىشنى ئويلىدى، بىراق خوتۇنى ئاجراشقىلى ئۇنىمىغاچقا، ئىلاجسىز نادىرنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىۋالغان ئىدى. تاغىسىنىڭ تويا دەگىدە كۆن ـ خۇرۇم دۇكىنى بولۇپ، نادىر تاغىسىغا ياردەملىشەتتى، بەزىدە سىرتنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى.

گۈزەل ماي ئايلىرىنىڭ بىر بازار كۈنى كوچىدا ئادەم كۆپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى. خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن نادىرنىڭ تاغىسى تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقتى يەتمىدى. كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا، نادىر بىرئاز سولاشتى. ئۇ ئەتىگەن ئازراقلا ناشتا قىلغاچقا، قورسىقى تازا ئاچقان ئىدى. تاغىسى يانچۇقىدىن ئىككى تەڭگە ئېلىپ نادىرغا ئۇزاتتى.

— مە، ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ ئېلاخۇن ئاشپەزنىڭ دۇكىنىدا قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ، ماڭىمۇ تاماق ئالغاچ كەلگىن،— دېدى.

نادىر تاماق يەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇ تاغىسى بەرگەن پۇلنى ئېلىپ، بۇيەردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئېلاخۇن ئاشپەزنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ بىر تەخسە لەگمەن يەپ قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن، بىر قاچا پولۇ بىلەن بەش مانتىنى ئېلىپ ياغلىقىغا چىگىپ ئالدىراش دۇكانغا ئېلىپ ماڭدى. يول بويى نادىرنىڭ ياراشمايدىغان قاپىقى تارتىپ كۆڭلىگە ئەنسىزچىلىك چۈشتى. «خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت، بىرەر پېشكەلچىلىكتىن ساقلىغايسەن» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. نادىر دۇكانغا كەلگەندە، تاغىسى ئالدىراش سودا قىلىۋاتقان

ئىكەن. تۈنۈگۈن ئەكېلىنگەن كۆن - خۇرۇمنىڭ بىر قىسمى سېتىلىپ يېرىملاشمايلا مالنىڭ پۇلى ئېزىلىشىپ قالغان ئىدى.

— خۇدا، بەرگەن رىزق - نېسىۋەڭگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى، بۈگۈنـ ـكى سودا خېلى يامان ئەمەس،— دېدى تاغىسى. ئۇ بۈگۈنكى سودىدىن مەمنۇن بولۇپ، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھېسابات بىلەن بولۇپ كەتتى.

— ھېسابنى كېيىن قىلىپ، قورسىقىڭنى تويغۇز،— دېدى نادىر تاغىسىنى يېنىك نوقۇپ.

— سودا يۈرۈشسە قورساقنىڭ تويغىنى شۇ،— دېدى نادىرنىڭ تاغىسى ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىغاندەك.

نادىر تاماق چىگىلگەن ياغلىقنى يېشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. نادىرنىڭ تاغىسى تاماق يېيىش ئۈچۈن قولىنى يۇيۇۋاتقاندا، دۇكان ئالدىدا ئىككى باجگىر پەيدا بولدى.

— ھە، سادىقئاخۇن، سودا - سېتىقىڭلار قانداقراق؟— دەپ سورىـ ـدى غورا قاپاق، پاكار بوي باجگىر سالاملاشمايلا.

— ئەلھەمدۇلىللا، يامان ئەمەس،— دەپ جاۋاب بەردى نادىرنىڭ تاغىسى مۇلايىملىق بىلەن.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ يىللاردا كۆن بويى دېگۈدەك ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ئادەم تۇتىدىغان ئاپتوموبىللار ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا قاتراپ ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلاتتى. «پالانچىنىڭ دۇكىنىنى پېچەتلەپتۇ، پوكۇنچىنى تۇتۇپتۇ» دېگەندەك ئەنسىز خەۋەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

— باج ھەققىگە 20 تەڭگىگە تالون كېسمەن،— دېدى غورا قاپاق پاكار باجگىر سومكىسىدىن تالون ئېلىپ.

نادىرنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ رەڭگى تاتاردى، ئۇ يېيىشكە تەمشەلگەن پولۇدىن قولىنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىدىقئاخۇن، ھەرھالدا ئىنساپ بىلەن ئىش قىلارسىلەر،— دېدى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

سىدىق باجگىر ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي شىرتىلدىتىپ تالون

يازدى ۋە يىرتىپ سادىقئاخۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— مانا، بىزمۇ ئىنساپنىڭ تېشىغا چىقمىدۇق. ناھايىتى كەلسە بىر پارچە كۆننىڭ پۇلى،— دېدى كۆرەڭلىك بىلەن.

سادىقئاخۇننىڭ مىجەزى چۇس، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە زادى ئۆزىنى بېسىۋالالمايتتى. ئۇ تالوننى قولىغا ئېلىپلا يىرتىپ تاشلىدى ۋە ئورنىدا بىمالال ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— سەن بېرىپ باشلىقىڭغا ئېيت، ساڭا بېرىدىغان 20 تەڭگە تېخى دۇكانغا كىرىم بولمىدى،— دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان يەنە بىر باجگىر توساتتىنلا سادىقئاخۇننىڭ ياقىسىدىن ئالدى ـ دە، زورلۇق بىلەن سىياسەت قىلىپ، ئۇنى باج ئىدارىسىگە ئاپىرىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەزۋەيلىدى. دۇكان ئالدىغا نۇرغۇن ئادەملەر توپلاشتى، قوشنا دۇكاندارلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ سالا قىلىشتى. سادىقئاخۇن يالۋۇرغانسىرى باجگىر 20 تەڭگىگە 20 تەڭگە قوشۇپ جەرىمانە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن سىلكىپ دۇكانىنىڭ سىرتىغا تارتتى. سادىقئاخۇن ئاچچىقىغا پايلىماي باجگىرنىڭ باش ـ كۆزىگە بىرنەچچىنى ئۇسۇۋىدى، ئۇنىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى.

— سادىقئاخۇن ئوبدان ئەدەپلىدى،— دېيىشتى توپتىكىلەردىن بىرى،— بۇ دەللاللارنىڭ مۇشۇنداق ئەدەپ ـ جازاسىنى بېرىش كېرەك. تۇمقىنى ئەكەل دېسە كاللىسىنى كېسىدىغان، ھارام مۇشت يېمىگەنلەرگە سادىقئاخۇن مۇشتىنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قويدى.

توپتىكىلەرنىڭ بىرسى بىرنېمە دېسە، يەنە بىرسى بىرنېمە دەپ، سادىقئاخۇننىڭ توغرا قىلغانلىقىنى قۇۋۋەتلەشتى. باجگىرلار ئۈن ـ تىنسىز كۆزدىن غايىپ بولدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا دۇكان ئالدىغا بىرنەچچە ساقچى پەيدا بولدى ـ دە، ئىككىسى سادىق ئاخۇننى سۆرىگەنچە دۇكاننىڭ سىرتىغا ئاچىقتى. يەنە بىر ساقچى نادىرغا دۇكاننى تاقاشقا بۇيرۇپ، ئۇستىدە نازارەت قىلدى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بۇ بەختسىزلىك ئۈچۈن نادىر قايغۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي قالدى.

ساقچىلار دۇكانغا يېپجەت سېلىپ، ئاچقۇچنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى. دە، سادىقئاخۇننى سۆرەپ مېڭىشتى. نادىر تاغىسىنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇۋىدى، ساقچىلار ئۇنى سىلكىۋەتتى. نادىر تاغىسىغا ئېسىلىۋېلىپ ساقچىلارغا يالۋۇردى. ئېگىز، ئورۇق ساقچى ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تاغىسىدىن ئاجرىتىۋېتىپ، قورسىقىغا بىرنى تەپتى. نادىرنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ يەرگە يۇملاپ كەتتى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى، پۇتكۈل بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېسىنى يىغىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە: «تاغا... تاغا!...» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، تاغىسىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. سادىقئاخۇنمۇ نادىردىن بەكرەك ئازابلاندى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى توختىماي تىترەيتتى، تۇرۇپلا پۈتكۈل بەدىنىنىڭ لاغىلداۋاتقانلىقىنى سېزىپ: «نادىر، قايتىپ كەت. مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، نىسى بەرگەن كۆنىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ خەج - خىراجەت قىلىڭلار» دېدى.

بەلكىم بۇ، ھەسرەت ئازابىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. سادىقئاخۇننىڭ ناھەقچىلىقتىن پەيدا بولغان دەرد - ئەلەملىك كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشكىنىچە ئېڭىكى ئارقىلىق ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ تاقەت قىلالمىدى، ئۆزىنىڭ بىگۇناھ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىگە سولىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى تىكەن سانجىلغاندەك ئېچىشىپ، چىرايىدا بىر خىل ئەنسىزچىلىك، پەرىشانلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، ئاچچىقتىن ۋارقىرىۋەتكۈسى كېلەتتى. نادىر تاغىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈۋېرىپ ھالسىزلىنىپ بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشتى، ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۇلار كۆرۈنمىدى. نادىر كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بۇ خەۋەرنى يەڭگىسىگە يەتكۈزدى. سادىقئاخۇننىڭ ئايالى ساقچىخانىدىن ئېرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كۆپ يول ماڭغان بولسىمۇ، گېپى ئاقمىدى. ئۇ ئاخىر بولمىغاندا دۆم يېتىپ يىغلىدى.

بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە سادىقئاخۇننىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ئايالى بىلەن نادىر تۇرمىدىن ئېلىپ چىقىشتى. ئۇلار يىغلىدى، قاقشىدى، ئەرز قىلىپ بارمىغان يېرى قالمىدى، دەردىنى ئاڭلايدىغان ئادەم تېپىلمىدى. دۇكانمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن ئىجارىگە بېرىلىپ قاۋاقخانىغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. نادىر ھەر كۈنى دۇكان ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئېگىز - پەس توۋلاپ ھاراق ئىچىۋاتقان كىشىلەرگە كۆزى چۈشەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان دۇكان نادىرنىڭ كۆزىگە سوغۇق كۆرۈنىدىغان، دۇكاننىڭ ئالدىدىن كۆزىنى يۇمۇپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. «تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى شۇمىدۇ؟— دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە،— نىمە ئۈچۈن بايۋەچچىلەر ئەيش - ئىشرەتتە مۇنداق ئەركىن ياشايدۇ، نىمىشقا ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى پېچەتلەنمەيدۇ؟»

ئۈچ يىلدىن كېيىن سادىق ئاخۇننىڭ خوتۇنى تۇرمۇشلۇق بولدى. مانا ئەمدى ئۈچۈرما بولغان قۇشنىڭ قانات - قۇيرۇقى بوغۇچلانغاندەك، ئاق - قارىنى ئاز - تولا پەرق ئېتىپ، پايدا - زىيانىنى تونۇپ يەتكۈدەك بولغان شۇ كۈنلەردە نادىر قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمىدى. يەڭگىسى تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، نادىر بۇ ئۆيدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى قىشتىن چىقىپلا نادىر كۈدە - كۆرپىسىنى يۈدۈپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەتتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. نادىرنىڭ ئانىسى كۈندە دېگۈدەك باشقىلارنىڭ ئۆيى ئىشىنى قىلىپ تۇرمۇش قامدايتتى. نادىر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئانىسى سەھەر چىقىپ كېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى. نادىر ئانىسىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ يوتقانغا پۈركىنىپ يىغلىۋېتەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ ۋە باغرىغا بېسىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ: «جېنىم بالام، خۇداغا شۈكرى قىلمىساق بولمايدۇ، ئاللا بىزدەك يوقسۇللارنىڭ زۇۋۇلىنى كېچىك ئۈزۈپتىكەن» دەپ تەسەللى بېرەتتى.

نادىرنىڭ تۇرمۇشى يوقسۇزچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋەردى. ئۇنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقى ئەمدى

نادىرنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ ھەركۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلىپلا ئۆزىنى مەدىكار بازىرىدا كۆرىدىغان بولدى. بارا ـ بارا مەدىكار-چىلىقتىمۇ ئىش تېپىلمايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنچە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تۇرغانباي دېگەن كىشىنىڭ مېلىنى باقتى. نادىر تاغدا يېرىم يىل مال باققاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرغانبايدىن ھەققىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، قوشنىلىرى ئۇنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتقان ئىدى. نادىر ئانىسىنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى، ئانىسى بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ، ئاجىز مۇرىسىدىكى سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ قالغان ئىدى. ئانىسى نادىرنى كۆرۈپ جانسىز قوللىرىنى ئۇزاتتى ۋە نۇرسىز كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ: «جېنىم بالام، مەن بولالمىدىم، ساڭا ياخشى قارىيالمىدىم، مېنىڭدىن رازى بولغىن» دېدى. نادىر ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «ئانا، نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟» دېۋىدى، ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ: «ماغدۇرۇم يوق، بالام» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچ پېشىن بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى قازا قىلدى. نادىر يىغلاپ ـ قاقشاپ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتى. نادىر شۇنىڭدىن كېيىن قانىتى سۇنغان قۇشتەك يېتىم قالدى. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسىلا ئانىسىنىڭ «بالام، تامىقىڭنى يېۋال، ئەكەل كىيىملىرىڭنى يۇيۇپ بېرەي» دەيدىغان گەپلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كىرگۈچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئانىسى ئەمدى ئاخىرەتكە كەتكەن ئىدى. ئۆي ئىچىنىڭ بەرىكىتىمۇ ئانىسى بىلەن بىللە ئاخىرەتكە كۆچۈپ كەتكەندەك، نادىرنىڭ تاپقان ـ تۆككەنلىرىنىڭمۇ بەرىكىتى بولمىدى. ئاش ـ تاماق ئېتىش قولىدىن كەلمىگەچكە، تاپقانلىرى ئۇنىڭ گېلىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇ كەچقۇرۇنلىرى ئۆيىگە كىرەتتى ـ دە، غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئانىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلاتتى. ئۇ پات ـ پات مەھەللىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قادىر مۇئەللىم ئۆيىگە باراتتى. قادىر مۇئەللىم يوقسۇللار ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدىغان كىشى ئىدى. بەزى ـ بەزىدە نادىر يوقسۇزلۇقنى تەقدىرگە باغلاپ قويغاندا، قادىر مۇئەللىم تۈرلۈك قائىدى-

لەرنى سۆزلەپ ئۇنى قايىل قىلاتتى. ئۇ قادىر مۇئەللىمنىڭ تەربىيىسى بىلەن ساۋاتلىق بولۇپ، كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندى، ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىغا كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇيدىغان بولدى، بارا - بارا ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ قالدى.

— ئۇكا،— دېدى قادىر مۇئەللىم بىركۈنى نادىرغا،— سەنمۇ خېلى ئاق - قارىنى بىلىپ قالدىڭ. ئىنسان دېگەن تاماق يەپ، كىيىم كىيىپ يۈرۈۋەرسە بولمايدۇ. ئاڭلىسام، سەن كۆپ جەبىر- جاپادا چوڭ بوپسەن، تاغاڭ گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە ناھەق ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، يوقسۇزلارنىڭ كۈنى بارغانچە تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. سېنىڭچە، ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋەرسەك بولامدۇ؟

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

— نادىر،— دېدى قادىر مۇئەللىم كۈلۈپ كېتىپ،— زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى زۇلۇمغا قارشى كۈچ كۆپىيىدۇ. سېنىڭ تاغاڭ سادىقنىڭ باجگىر بىلەن سوقۇشقىنى ئۇنىڭ ناھەقچىلىق ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگىنى بولىدۇ. ساقچىلارنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كېتىشىمۇ ناھەق، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشچۇ؟ بىز مۇنداق ئىشلارغا قاراپ قول قوۋۇشتۇرۇپ يۈرۈۋەرسەك، ئۇلار بۈگۈن تاغاڭ سادىقنى ناھەق ئۆلتۈرسە، ئەتە مېنى، ئۆگۈنلۈككە يەنە بىر كىشىنى يوقىلاڭ ئىشقا باھانىداپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھازىر مۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. بىز يوقسۇزلار مۇنداق ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋەرسەك بولامدۇ؟

— بىزگە كىم باش بولىدۇ؟

— خاتىرجەم بول، بىردەك ئۇيۇشساق بىزگە باش بولىدىغان تەشكىل بار. بىز شۇ تەشكىلگە ئەگەشسەكلا مەقسىتىمىزگە يېتىمىز. سەنمۇ تاغاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالايسەن.

شۇنداق قىلىپ، قادىر مۇئەللىم نادىرغا نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا، زومىگەرلەرگە، تەكسىزلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنىنى يالقۇنجاتتى. قادىر مۇئەللىمنىڭ تەكلىپى ئارقىلىق نادىر بازاردا بىر ياماقچىلىق دۇكىنى ئاچتى، تاغىسى

ئۆگەتكەن بۇ ھۈنەر ئەسقاتتى. بەزى ئاز، بەزى جىق ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى قەدىر ئەھۋال ئۆتەتتى. نادىر يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قولى قىسقا بولغاچقا، بىرەر قىزنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەلچى كىرگۈزۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

2

قىش كۈنلىرىنىڭ بىركۈنى نادىر ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا 16 — 17ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كەلدى. قىز نادىر بىلەن سالاملاشتى. نادىرمۇ قىزنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. قىز بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى بىر قاراشتىنلا نادىرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان ئادەمنى بىھوش قىلىدىغان بىر نۇر نادىرنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— ئۇستام، ئۆتۈكۈمنى ياماپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن،— دېدى ھېلىقى قىز نادىرغا قاراپ.

— ماقۇل،— دېدى نادىر ئۇنىڭ قولىدىكى ياغلىققا چىگىلگەن ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ، ئۆتۈكنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىگە سىنچىلاپ قارىدى-دە،— ھازىرلا ياماپ بېرەي،— دېدى.

— ياق ئۇستام، ئەتىگىچە ياماپ قويسىلىمۇ بولىدۇ،— دېدى قىز يەنە ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ.

نادىر نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىردەم گاڭگىراپ قېلىپ:

— ماقۇل، ماقۇل،— دېدى ئۇنىڭغا قاراپ،— قىزنىڭ جان ئالىدىغان بىر جۈپ كۆزى نادىرنى ئاللىقاچان ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان ئىدى.

— ئەتىدىن قالمىسۇن جۇمۇ ئۇستام،— دېدى قىز خوشلىشىۋېتىپ ناھايىتى يېقىملىق ئاۋازدا.

قىزنىڭ نازاكەت بىلەن قىلغان سۆزلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنىڭ

قۇلاق تۇۋىدىن كەتمەيتتى. ئۆتۈك ياماش باھانىسى بىلەن نادىر ھېلىقى قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ھەرقانچە قىلىپ زورلىغان بىلەن يامىغان ئۆتۈككە پۇل ئالمىدى. قىزنىڭ ئىسمى ئىبادەت بولۇپ، دادىسى ھامماملىق بىلەن كۆن ئۆتكۈزىدىكەن. قىز ئۇيان ئۆتسە ـ بۇيان ئۆتسە تىنچلىق سورايدىغان بولۇپ قالدى. نادىرنىڭ باشقىلاردىن ئۇقۇشىچە، ئۇلار تۆت بالىنىڭ ئىككىسى ئوغۇل، ئىككىسى قىز، ئىبادەت بالىنىڭ چوڭى ئىكەن. ئانىسى ئۇكىلىرىنى بېقىپ ئۆيدىكىلەرگە ئاش ـ تاماق ئېتىپ ئولتۇرىدىكەن. قىزنىڭ ئۆيىگە 5 — 6 يەردىن ئەلچى كەلگەن بولسىمۇ، ئىبادەت ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ يۈرۈپتىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ ئىشچان، كۆڭلى ياخشى بىر يىگىت چىقىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. تاسادىپىي ئۇچرىشىش قىزنىڭ قەلبىنى يوپۇرماقتەك تىترىتىپ، نادىرغا يىپسىز باغلىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزمۇ پات ـ پات بىرەر باھانە تېپىپ نادىرنىڭ قېشىغا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى نادىر ئىبادەت بىلەن سىرتتا ئۇچرىـشىپ ئىككىيلەن پاراڭلاشتى. شۇ چاغدا نادىرنىڭ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي قالدى.

— ئىككىمىز توي قىلايلى،— دېدى نادىر قىزنىڭ خىجىللىقتىن قىزارغان يۈزىگە قاراپ.

قىز لام ـ جىم دېمەي يەرگە قاراپ تۇراتتى. نادىر باشقا ياققا قارىغاندا، ئۇ ئوغرىلىقچە نادىرغا قارايتتى، ئىككىيلەننىڭ كۆزى ئۇچراشقاندا، ئۇ خىجىللىقتىن قىزىراتتى. نادىر ئۇنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئېچىلغان غۇنچىدەك چىرايىغا قاراپ تىلى تۇتۇلدى. «يارنى تاپسام سۆز يوق، سۆزنى تاپسام يار يوق» دېگەندەك، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى.

— دەيدىغان گېپىڭىز شۇمىدى،— دېدى ئىبادەت ناھايىتى زىل ئاۋاز بىلەن.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن،— دېدى نادىر ئارانلا.

نادىر ئۇنى دەسلەپتە كۆرۈپ بىر ئىشق ئوتىغا دۇچار بولغان بولسا،

بۇ قېتىم شۇ ئوتنىڭ يالقۇنىدا كۆيدى. شۇنىڭدىن كېيىن نادىرنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى.

نادىر ئىبادەت بىلەن پاراڭلاشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىبادەتنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ياز يورۇسىلا توي قىلىشقا پۈتۈشتى. ئىبادەتنىڭ توي ئىشىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇقتى. ئىبادەتنىڭ دادىسى بۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. نادىرمۇ ئىش-ئوقىتى ياخشىراق كۈنلەردە ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ، ئۆيىنىڭ خەج-خىراجىتىنى قىلىپ بېرەتتى. ئىبادەتنىڭ ئۆيىدىكىلەر نادىرنى ئۆز ئوغلىدەك كۆردى. ئۇ ئۆيگە بىرەر ھەپتە كەلمىسە، يا ئىبادەت، ياكى ئانىسى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، ئىشى چىقىپ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، كىيىم-كېچەكلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ يۇيۇپ ئاپىرىپ بېرەتتى. نادىر شۇ كۈنلەردە قادىر مۇئەللىمگە ياردەملىشىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، «ئۇچقۇن» يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولدى. خەت-چەك، ئالاقىلەر ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ قادىر مۇئەللىمگە يەتكۈزۈلەتتى. قادىر مۇئەللىم بۇ ئارقىلىق باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

بىر كۈنى نادىرنىڭ قېشىغا 40 ياشتىن ھالقىغان بىر كىشى كەلدى. نادىر ئۇنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ كىشى نادىرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىش-ئوقىتىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئىش-ئوقىتىم يامان ئەمەس، — دېدى نادىر ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — قورساق بېقىپ ھۆكۈمەتنىڭ سېلىقىنى تۆلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ھە، ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلىدىلا؟

— ھە، يېقىندىن بېرى ئىش-ئوقىتىم ياخشى بولمىدى. ھەي، دادام رەھمەتلىك ھەممە ئىشقا كۆزى يېتىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ قازا قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاناممۇ كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. دادام ھايات ۋاقتىدا موزدۇزلۇق ھۈنەرگە قولۇم كەپقاپتىكەن. دەسمىي ئاز بولغاندىكىن، بۇ ھۈنەرمۇ ئاقمىدى، تىككەن ئاياغلار سېتىلماي ئوقەت يۈرۈشمىدى. ياماقچىلىق قىلايمىكىن دەپ كېلىشىم. ماڭا ئاتىدارچىلىق

قىلىپ يېنىڭىزدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بەرسىڭىز. تىرىكچىلىك قىلىپ بالىلىرىمنى باقسام، ئىككى بالام بار، خوتۇنۇم بالىلىرىمغا قارايدۇ،— دېدى ھېلىقى كىشى كۆز يېشى قىلىپ.

نادىرنىڭ ئەزەلدىن باغرى يۇمشاق بولغاچقىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئىچىنى ئاغرىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلتۇرغان ئورۇنىنىڭ يېنىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ كىشى ئەتىسىدىن باشلاپ شۇ ئورۇندا ياماقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قادىر مۇئەللىم خەبىردار سۈپىتىدە نادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى. نادىر كىچىك ئورۇندۇق قويۇپ بەردى، ئۇ ئولتۇرۇپ:

— ئۇستام، ئايغىمنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتتى، قايتىدىن چەملەپ بېرەمدىكىن دەپ كېلىۋىدىم،— دېدى نادىرغا قاراپ.

— چەم تۆگەپ قاپتىكەن، خاپا بولماي ئەتىگىچە كەلسىلە، مەن بازاردىن چەم ئېلىپ قوياي،— دېدى نادىر.

— ماقۇل،— قادىر مۇئەللىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. بۇ، ئۇلارنىڭ ھەر قېتىم مەجلىسكە يىغىلىدىغان چاغدا دېيىشىدىغان گېپى ئىدى. قادىر مۇئەللىم شۇنداق دېسىلا نادىر مەجلىس بارلىقىنى ئۇقۇپ، باشقىلارغا خەۋەر قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ دۇكاننى كۈندىكىدىن بىرەر سائەت بۇرۇن تاقاپ، كەسپىدىشىغا ئازراق ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. نادىر كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ ھېلىقى كەسپىدىشىمۇ دۇكىنىنى تاقاش ئۈچۈن نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇساتتىنلا كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشۈپ قالدى. «بۇ نېمە ئىش، مەن دۇكاننى تاقىسام، ئۇ كىشىمۇ نەرسە- كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ دۇكىنىنى تاقاشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدىغۇ؟ ئۇ كىشى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرغان پايلاقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە...»

نادىر دەرگۇمان بىلەن خالار- خالىماس قەدەم ئېلىپ ئېلاخۇن ئاشپەزنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ شاگىرتى ئىتتىكلا نادىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— نادىركا، هېلىراقتا دۇكانغا ئىككى خېرىدار كىرگەنتى، ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىز، يەنە بىرى پاكار، بۇرۇتلۇق كىشىكەن، ئۇلار تاماق يەپ ئولتۇرۇپ سىلىنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ كۇسۇلدىشىپ بىرنېمە دېيىشكەنلىكىنى تاڭجاڭ باللار ئاڭلاپ ئۇستامغا دەپتىكەن، ئۇستام «سىلىنى ھوشىيارراق تۇرسۇن، ئېيتىپ قوي» دەپ، مېنى ئەۋەتكەن، ھېلىمۇ ياخشى ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلارنى چاپسانراق دالىدىغا ئالسىلا،— دېدى.

ئېلاخۇن ئاشپەزنىڭ سادىقئاخۇن بىلەن ئۆلپەتچىلىكى بولغاچقا، كۆيۈنۈپ گەپ قىلىدىغانلىقىغا نادىر ئىشىنەتتى. ئۇ ئەھۋالدىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، چاپسانلا كېتىپ قالدى. ئەمدى قادىر مۇئەللىمنىڭ تەقدىرى نادىرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەردىن نادىرنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، كۆڭلىنى بىر خىل ئەندىشە قاپلىۋالدى. ئۇ چوڭ كوچىدىن يان كوچىغا قايرىلىپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا، پەلتو كىيىپ، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىرسى نادىرغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— ئاۋازىڭنى چىقارماي ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن،— دېدى شىۋىرلاپ.

نادىر ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ سەل - پەل ھودۇقۇپ ئۇياق - بۇياقا قارىۋىدى، ھېلىقى كىشى پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ نادىرغا تەڭلىدى، نادىر ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ ئەپلىكرەك جاي تېپىپ بۇ ئەبلەخنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. نادىر كوچا ئايلىنىپ مېڭىپ سوقما تاملاردىن قوپۇرۇلغان ئېگىز - پەس ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە: «سولغا بۇرۇلۇپ ماڭ» دېدى ھېلىقى كىشى تاپانچىسىنى نادىرغا تەڭلەپ. نادىر سولغا بۇرۇلۇۋېتىپ چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىغا بىر تېپىپلا تاپانچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ يەرگە ئېگىشىپ تاپانچىسىنى ئالماقچى بولغاندا، نادىر ئۇنىڭ گەجگىسىگە مىنىۋېلىپ گېلىنى قاتتىق سىقىۋالدى. ئۇ بىرلا سىلكىنىپ نادىرنىڭ قولىدىن

بوشىنىپ تاپانچىسىغا قول ئۇزاتتى. نادىر ئۇنىڭ قولىغا دەسسىۋالدى. ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق پومداقلاشقاندىن كېيىن، نادىر ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، بەتلەكلىك تاپانچىنى يەردىن ئېلىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىگە تىوغرىلاپ ئاتتى. ئوق ئاۋازىدىن كېيىن ۋەھىملىك ئاياغ تىۋشلىرى ئاڭلىنىپ، تەرەپ - تەرەپتىن جاسۇسلار كېلىشكە باشلىدى. نادىر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. توساتتىن نادىرنىڭ ئالدى - كەينىدىن بىر توپ ساقچى كېلىپ، ئۇنى قورشاپ قورالسىزلاندۇرۇپ تۇتۇۋېلىشتى. ئۇلار نادىرنى ئالدىغا سېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەلدى ۋە يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولاپ قويدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، نادىر سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. ساقچىلار ئۇنى «ئەيىبكار» ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزدى، ئىككى ساقچى نازارەت قىلدى. سوراق قىلىدىغان شىرەدە ساقچى فورمىسى كىيگەن، چېكە چاچلىرى ئاقارغان ئىككى كىشى ئولتۇرۇپ نادىرغا ھومىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قېتىۋالغان قوراللىق ساقچىلار تۇراتتى.

— قادىر ئەپەندىنى ئېلىپ چىقىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدىمۇ؟— دەپ سورىدى سوراقچى.

— ئورۇنلاشتۇرۇلدى،— دېدى بىر ساقچى.

سوراقخانا سۇرلۇك تۈس ئالغان بولۇپ، سوراقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھەر خىل جازا قوراللىرى تۇراتتى. سوراقچى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن سوراقنى باشلىدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

سول تەرەپتە ئولتۇرغان ۋىجىك كاتىپ يېزىشقا باشلىدى.

— نادىر.

— قەيەرلىكسەن؟

— غۇلجا شەھىرىدىن.

— كەسپىڭ نېمە؟

— ياماقچى.

— نىلقىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟

— ئاكام بار.
— شەھەردە قانداق تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بار؟
— مەن ياماقچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەم، تەشكىلات ـ پەشكىلات دېگەننى بىلمەيمەن.

نادىرنىڭ كەسكىن جاۋابىدىن سوراقچى تېرىكتى ۋە شىرەنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— قادىر مۇئەللىم دېگەن كىشىنى تونۇمسەن؟
— ياق.

نادىر سوراقچىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. سوراقچى تەلەپپۇزىنى تېخىمۇ قاتتىقراق قىلىپ سۆزلىدى:
— بىز كۆچلۈك ئاساسقا ئىگىمىز، سەن ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالساڭمۇ مەيلى. بىراق، باشلىقنىڭ ئالىدىغان ئىقرار قىلىپ بولدى. ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىمىدىم دەمسەن، تېخى ئۇنىڭغىمۇ ئۆلگۈرىسەن، قادىر ئەپەندىمۇ ھايات، سېنىڭ سالاھىيىتىڭنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەڭ ياخشىسى، تونۇۇگۇنكى يىغىلىش توغرىسىدا مەقسەتلىرىڭنى سۆزلىگىن. گەپ قىل!— دېدى سوراقچى ئۇنىڭغا قاراپ،— قادىر ئەپەندى ئۆزى گۇۋاھلىقتىن ئۆتسۇنمۇ؟
— مەيلى.

خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان سوراقتىن كېيىن، سوراقخانىغا يانداش سولانغان تۆمۈر رېشاتكىلىق پەنجىرە ئالدىغا قادىر مۇئەللىمنى ئەكېلىشتى. ئۇنىڭ پېشانىسى يارىلانغان بولۇپ، نادىرغا قاراپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇراتتى. نادىرمۇ جاۋابەن تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. بۇ ئۇچرىشىش كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىگەر دۈشمەن قادىر مۇئەللىمنى پەنجىرە ئالدىدىن ئىتتىكلا ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ھەممە ئىش بەش قولدەك ئايان بولدى. ساقچىلار ئۇلارنى ئىككى تەرەپتە سوراق قىلىپ، نادىرنى «ئىقرار قىلدى» دەپ قادىر مۇئەللىمگە ھىيلە ئىشلەتسە، قادىر مۇئەللىمنى «ئىقرار قىلدى» دەپ، پاكىت

يىغىش سۇيىقەستىنى ئىشلەتمەكچى بولدى. لېكىن، سوراقچى ئۇلاردىن زادىلا جاۋاب ئالالماي، سىيرتمىلىق سومكىدىن بىر پارچە ماتېرىيال بىلەن بىرقانچە كىشىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ نادىرنىڭ ئالدىدا قويدى.

— بۇلار كىم؟

— بىلمەيمەن.

— خۇپسەنلىك قىلما، باشلىقنىڭ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. ئەمدى سەن تېنىۋالامسەن!

نادىر ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك ئولتۇرۇۋەردى، سوراقچى ئادەم چاقىردى. ھايال ئۆتمەي سىرتتىن يېرىم يالىڭاچ ئىككى كىشى كىرىپ نادىرنىڭ كىيىمىنى سالدۇردى ـ دە، ئۇنى بۇلۇڭدىكى تۆۋرۈككە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. قادىر مۇئەللىمنىمۇ پەنجىرە ئالدىغا ئەكېلىپ چەمبەرچاس باغلاپ، يالىڭاچ بەدىنىگە قامچا بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. ۋەھشىلىكنىڭ چىرقىراشتىن نادىر بېشىنى كۆتۈرۈپ پەنجىرىدىن قارىدى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا قىلىنغان سوراقلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇزاق ئۆتمەي پەنجىرىلىك ئۆي ئىچىدىن يۈرەكنى ئېزىدىغان پەرياد ئاڭلىنىشقا باشلىدى. نادىر پەنجىرىدىن قاراپ قادىر مۇئەللىمنى يالىڭاچ ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆردى. بۇ خىلدىكى جازالاش تۈرمىگە كىرگەن كىشى ئۈچۈن ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. قادىر مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى جىمىپ كەتتى. سوراقچى سۆرۈن تەلەتىگە سىرلىق تۈس بېرىپ، قانسىز لەۋلىرىنى كالچايتىپ نادىرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مۇزىكا ئاڭلاپ ئىچ پۇشۇقۇڭ چىقىپ قالغاندۇ؟ ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلمىساڭ، سېنىمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۆزۈڭنىڭ «ئالتە ئوغرى»[1] دىن ئىكەنلىكىڭنى يوشۇرۇپ، بىزنىڭ ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرگىنىڭدىن تانامسەن؟

— مەن «ئالتە ئوغرى» دېگەننىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى

---

[1] ئالتە ئوغرى — ئىلقا پارتىزانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

نادىر ئۆزىنى ئاقلاپ،— مەن ياماقچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان ئادەم، ئۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشقۇچىلىكىم يوق.

— ساڭا ئاخىرقى پۇرسەت، جاھىللىق قىلساڭ تىرىك كۆمۈۋېتىمەن. بارلىق شېرىكلىرىڭنى ئېيت!

نادىر ئاۋۋالقى سۆزىدە چىڭ تۇردى. بىر خىل سوئالنى تەكرار-لاۋېرىشتىن سوراقچىنىڭ ئۆزىمۇ زېرىككەن بولسا كېرەك، ئۇ يېنىدىكى ساقچىلارغا قاراپ قول شىلتىۋىدى، يېرىم يالىڭاچ ئىككى نەپەر ساقچى نادىرنى جازالاش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى-دە، تورۇسقا ئېسىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. قامچا تەگكەن جاي يېرىلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان قان دومبىسىگە ساقىپ كېتىۋاتاتتى. نادىر ھوشىدىن كەتتى، يەنە ھوشىغا كەلدى. جاللاتلار يەنە قىيناشتى. بۇ خىل ئەھۋال بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. نادىر ھوشىغا كەلگەندە، بېشىدا قاراپ تۇرغان بىرقانچە تۇرمىداشلىرىنى كۆردى.

— ھوشىغا كەلدى،— دېدى بىرسى ئىچۈرۈش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرغان سۇنى تەڭلەپ.

نادىر ئاغزىغا قۇيۇلغان سۇنى «غۇرت» قىلىپ يۇتتى-دە، ئىككى قولىغا تايىنىپ بىرسىنىڭ ياردىمى بىلەن بېشىنى كۆتۈردى ۋە پەس ئاۋاز بىلەن:

— قادىر مۇئەللىم قېنى؟— دېدى.

— ئەنە ئاۋۇ يەردە ياتىدۇ،— دېدى بىرسى پاخال سېلىنغان بۇلۇڭ-نى كۆرسىتىپ.

نادىر لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ پۇتكۈل كۈچى بىلەن قادىر مۇئەللىمنىڭ قېشىغا قاراپ ئۆمىلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تامغا يۆلەندى ۋە ئېگىشىپ ئۇنىڭغا سەپسالدى. قادىر مۇئەللىم تېخى ھوشىغا كەلمىگەن بولۇپ، رەڭگى ئۆڭۈپ، كومشالىرى ئىششىپ، يۈزىدە قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىدى. نادىر بىرھازا قادىر مۇئەللىمنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۈچىسىدىكى كىيگۈچىلىكى قالمىغان چاپىنىنى

سېلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويدى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئۆتكەن ئىشلار گويا چۈشتەك تۇيۇلاتتى. تۈگىمەس خىياللار ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرا- نىدىن مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتەتتى. نادىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «ئەي خۇدا، ئازاب - ئوقۇبەتلىك كېچىلىرىڭ تۈگەپ، قاچانمۇ يورۇقلۇققا چىقارمىز» دەيتتى.

باھار كۈنلىرى تۇپراقتىن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىققان يۇمران مايسىلار جۇدۇن - چاپقۇنلۇق بورانغا دۇچ كەلگەندەك، نادىر بىلەن ئىبادەتنىڭ ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. نادىر ئىبادەتنى ئويلاپ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەي، ئىچى تىت - تىت بولاتتى. ئىبادەتنىڭ يارقىن ئوبرازى كۆز ئالدىدا نامايان بولسىلا كۆڭلى بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كېتەتتى، ئىختىيارسىز مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. كېچىسى نادىر قاراڭغۇ، زەي كامېرنىڭ پەنجىرىسىدىن سۈزۈك نۇر سېپىپ تۇرغان ئايغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارايتتى. تولۇن ئاينىڭ سۈزۈك نۇرى نادىرغا تەسەللى بەرگەندەك قىلاتتى...

نادىر ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانغاندا، قۇياش كىچىككىنە تۆمۈر پەنجىرىدىن كامېر ئىچىگە سېخىي نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك تاراقشىپ ئېچىلىپ، كامېرغا گۇندىپاي كىرىپ كەلدى. ئۇ مەھبۇسلارغا قاراپ:

— نادىر دېگەن قايسىڭ؟— سورىدى.

— مەن،— دېدى نادىر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئۆزىگە كېلىدىغان يېڭى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئويلاپ، ھەمراھلىرى بىلەن مەنىلىك كۆز بېقىشىۋالدى، گۇندىپاي ئۇنى ھەيدەپ تۈرمە قورۇسىغا ئېلىپ چىققاندا، ئېنىق قىلىپ ئېيتتى:

— بىر قىزچاق سېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، ھەپتىدىن بېرى تولا كېلىۋېلىپ بېشىمنى ئاينالدۇرۇۋەتتى. تۈرمە باشلىقىغا دەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە كۆرۈشۈشكە رۇخسەت ئالدىم. ۋاقىت قىسقا، گەپ - سۆزۈڭنى ئىتتىكرەك تۈگەتكىن.

نادىر ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى، گۇندىپاينىڭ يالاپ

مېڭىشى بىلەن تۇرمە ھويلىسىغا چىقتى. ئۇ يىراقتىنلا تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازا سىرتىدا تۇرغان ئىبادەتنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى: «ئىبادەت!» ئۇ ئىتتىك بېرىپ تۆمۈر رېشاتكىنىڭ مۇزدەك تۆمۈرلىرى ئارىسىدىن قوللىرىنى ئىبادەتكە ئۇزاتتى. ئىبادەتمۇ نادىرنىڭ قوپال ۋە يىرىك قوللىرىنى نازۇك، يۇمشاق قوللىرى بىلەن چىڭ سىقىپ:

— سىزنى كۆرىدىغان كۈنمۇ بولىدىكەن، ھەرنېمە بولسا ھاياتكەنسىز، — دېدى كۆز يېشى قىلىپ.

نادىر ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرىدا روھى سولغۇن ھالدا تۇرغان ئىبادەتنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە، مىسكىن چىرايىغا قارىدى. قوي كۆزلىرىدە يالتىرىغان ھەسرەت ياشلىرى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل، جەزبىدار قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. نادىر:

— ئىبادەت، مەندىن ھەرگىز غەم قىلماڭ، — دېدى.

ئىبادەت نادىرغا تىكىلىپ، ئاندىن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى ۋە قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، غەمكىن ھالدا:

— نادىركا، تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ بەكمۇ قايغۇردۇم، — دېدى-دە، ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن نادىرغا تىكىلدى. ئۇنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۆلدۈرلەپ قارىشىدىن نادىرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئىبادەت، نېمىشقا ئازابلىنىسىز؟ مەن ھاياتقۇ، — دېدى.

ئىبادەت ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان قايغۇلۇق يىغىسى نادىرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

— يىغلىماڭ ئىبادەت، بىز چوقۇم كۆرۈشىمىز، — دېدى ئۇ.

— ۋاقىت توشتى! — دەپ توۋلىغان گۇندىپاينىڭ قوپال ئاۋازىدىن نادىر قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىبادەت قوللىرىنى نادىرغا ئۇزاتقىنىچە ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرانە كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقناپ تۇراتتى. نادىر كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى-دە، شارتتىدە كەينىگە قاراپ:

— خەير - خوش، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، — دېدى.

— نادىركا، مىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلىماڭ،— دېدى ئىبادەت،— مېنىڭ يۈرىكىم هامان سىزگە مەنسۇپ. مەن سىزنى بۇ دوزاختىن قۇتقۇزۇشقا چارە ئىزدەيمەن، خەير - خوش، خۇدا يەنە كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلار.

ئىبادەت خوشلىشىپ گۇندىخانىنىڭ كىچىك دەرۋازىسىغا كېلىپ قايرىلىپ تىكىلگەندە، مەيىن شامال ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى يەلپۈتتى.

3

قادىر مۇئەللىم بىلەن نادىرنى تۈرمىگە سولاپ قىيىن - قىستاققا ئالغىلى بىر ئاي بولدى. ئۇلار هەر قېتىملىق سوراقتا بىر خىللا جاۋاب بېرىشۈەردى. چۈنكى، نادىرنى ئەيىبلەيدىغان تولۇق پاكىت بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتى تولۇق ئىدى. تەكرار - تەكرار سوراق قىلىغان بولسىمۇ، لېكىن سوراقچىلار هېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىدى.

بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەن ئەسكەرلەر مەهبۇسلارنى ئىككى ئاپتو- موبىلغا ئېلىپ، شەهەردىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر قۇمۇشلۇققا ئاپىرىپ تاشلىدى. «بۈگۈن ئەمدى ئېتىشسا كېرەك ۋە ياكى بىزنى تىرىك كۆمەمدۇ...؟» ئاپتوموبىلدىن چۈشۈش بىلەن كۆڭلىدىكى ئەندىشە كەلكۈندەك يامرىدى. «مانا بۈگۈن ئەجەل سائىتىم توشۇپتۇ. ئۇلۇغ جۈمە كۈندە ئۆلىدىغان بولدۇم، ئىبادىتىم مېنىڭ يۈزۈمنى كۆرەلمەيدىغان بولدى... ئۆلۈم ساڭا تىكىلگەن ئىكەن ئامال قانچە، ئىبادەت، مېنىڭدىن رازى بولغىن». نادىر شۇنداق دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، ئەسكەرلەر مەهبۇسلارنى ئىستروي قىلدى. نادىر «ئەل هۆكمىللا» دەپ كۆزىنى چىڭ يۇمدى، ئۇ ئەجەلنىڭ قايسى تەرىپتە كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەسكەرلەر مەهبۇسلارنى ئىككى قاتار قىلىپ ئايرىدى. ئون نەچچە ئەسكەر بىر قاتاردىكى مەهبۇسنى قۇمۇشلۇق تەرەپكە هەيدەپ ماڭدى. نادىرنى بولسا قۇمۇشلۇقتىن 50 مېتىر يىراقلىقتىكى ئېرىق بويىدا توختاتتى. نادىر يىراقتىن بىرقانچە ئەسكەرلەرنىڭ كەتمەن ئېلىپ

كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا نادىر بۇگۈن مەھبۇسلارنى تىرىك كۆمىدىغانلىقىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشەندى.

باش باھارنىڭ ئاچچىق بورىنى غۇژمەك - غۇژمەك بولۇۋالغان بۇلۇتلارنى سۈرۈپ بارماقتا، توختاۋسىز چىقىۋاتقان بوران چاڭ - توزانلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزمايتتى. تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلىپ، نادىرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. ئۇ چاقماق يورۇقىدا قادىر مۇئەللىمنىڭ ھەمىشە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، يۈزى سارغايغانلىقىنى كۆردى، توكۈپ كەتكەنلىكتىن ئىككى يەلكىسى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئەجەل ئۇنىڭ بېشىغا قىل بىلەن ئېسىپ قويۇلـ ـغان، ھەرقاچان چۈشۈپ كېتىپ جېنىدىن جۇدا قىلىدىغان قىلىچقا ئوخشاش تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئىش نادىر ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. ئەسكەرلەر باشلىقى مەھبۇسلارغا بۈگۈن ئېرىق چېپىش ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇھ، ئەمدى نادىرنىڭ يۈرىكى بىرئاز جايىغا چۈشتى. «نادىر، ئۆلمەيدىغان بولدۇق، ئۈمىدلىك ياشا» دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە.

مەھبۇسلار تەقسىمات بويىچە ئىشقا كىرىشتى. نادىر بۈگۈنكى كۈننىڭ قېچىشقا تازا ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. شۇڭا ئۇ، قادىر مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىۋېلىش غەرىزىدە «ۋايجان، ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ قورسىقىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇۋالدى. نادىرنىڭ ھالىنى كۆرگەن قادىر مۇئەللىم دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى:

— قانداق، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

نادىر جاۋاب ئورنىغا قادىر مۇئەللىمگە قاراپ:

— مۇئەللىم، قېچىپ كېتەيلى،— دېدى.

— قاچساق، ھەممىمىز بىللە قاچىمىز،— دېدى قادىر مۇئەللىم بوشراق ئاۋازدا.

ئەسكەرلەر نادىرنىڭ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئەسكەرلەر بىلەن تەڭ بىرقانچە مەھبۇسلارمۇ نادىرنى ئورىۋېلىشتى. ئەسكەرلەر مەھبۇسلارغا ۋارقىراپ، تارقىلىپ كېتىش

توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى، نادىرنى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇردى.

— ھۇ، ھارامزادە قاششاق، كىمنى ئەخمەق قىلماقچىسەن، تۇرە ئورنۇڭدىن!— دېدى ۋە سىلكىگىنىچە ئۇرۇپ - دۆشكەلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

بىر ئېغىز مۇقۇلدىۋېلىش ئۈچۈن نادىر ئۆزىنىڭ قانچىلىك تاياق يەپ ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى ئېرىق بېشىدا كۆردى. بەختكە يارىشا ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، بەش قەدەم نېرىدىكى ئادەمنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. قاتتىق بوران چىققانلىقتىن، ئەسكەرلەر نادىرنى ئېرىقتىن چىقىرىپ، يۈز - كۆزلىرىنى ئىككى قولى بىلەن توسۇپ شامالغا ئارقىسىنى قىلىۋالغان، قېچىشقا بۇنىڭدىن ئارتۇق پۇرسەت يوق ئىدى. ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن قومۇشلۇق تەرەپكە ئۆملەپ چىقتى- دە، قومۇشلۇققا يوشۇرۇندى. بىرھازادىن كېيىن ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلدى. ئەسكەرلەر نادىرنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە كېتىشتى. قومۇش ئورۇۋاتقان بىر قىسىم مەھبۇسلار قوللىرىدىكى ئورغاقنى تاشلاپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ھايال ئۆتمەي قادىر مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى بىپايان دالىنى تىترىتىپ جاراڭلىدى:

— قېرىنداشلار، بۈگۈن ياخشى پۇرسەت كەلدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بۇ جايدىن قېچىپ كېتەيلى!

بۇ سۆزلەر مەھبۇسلار قەلبىدە يېڭى تۈيغۇ ھاسىل قىلىپ، ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى ۋە بىر - بىرىنىڭ پۇتلىرىدىكى كىشەننى كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ چېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ پۇت - قولى كىشەندىن ئاجراپ، بىر قىسمى قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە، بىر قىسمى ئېرىق بويلاپ تۆۋەنگە، بىر قىسمى قومۇشلۇقنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تۆپىلىككە قاراپ قېچىشتى. قادىر مۇئەللىم قومۇشلۇق ئىچىدىن نادىرنى ئىزدىدى، ئۇنى تونۇلدى. نادىر ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تونۇپ، ياتقان يېرىدىن چاچراپ قوپۇپ قادىر مۇئەللىمگە ئېسىلدى. ئۇ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىنى تېپىۋالغاندەك، نادىرغا مەھكەم يېپىشتى ۋە بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— نادىر، سەن ياخشى قىلدىڭ، مەن سېنىڭ قەيسەرلىكىڭگە قايىل، ساڭا ئاپىرىن ئوقۇيمەن،— دېدى- دە، نادىرنىڭ بىلىكىدىن تۇتقىنىچە قومۇشلۇق ئىچىگە سۆرىدى.

توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئوقلىرى قاتتىق بوران بىلەن قوشۇلۇپ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيتتى. ئارقا - ئارقىدىن تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە بىرقانچە مەھبۇس يارىلاندى. بىرقانچىسىغا ئوق تېگىپ يىقىلدى. قادىر مۇئەللىم بىلەن نادىر قومۇشلۇقنى بۆسۈپ غەربىي تۆپىلىككە قاراپ قېچىشتى. بىرقانچە يىل قىيىن - قىستاقلار تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتكەن قادىر مۇئەللىم نادىر بىلەن تەڭ ماڭالمايۋاتاتتى. نادىر ئىلاج قىلىپ قادىر مۇئەللىمنى ئېلىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، قادىر مۇئەللىم بىلەن نادىر تۆپىلىككە ياماشتى. يەنە بىرقانچە مېتىر ماڭسىلا تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ پەس جىلغىغا چۈشۈپ كەتكىلى بولاتتى. تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ كېتىشكە 3 — 4 قەدەم قالغاندا، تۇساتتىن ئارقىدىن كەلگەن بىرقانچە پاي ئوق قادىر مۇئەللىمنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ كۆكرىكىنى تېشىپ چىقىپ كەتتى. قان جىق چىقىپ كەتكەچكە ئۇ ماغدۇرسىزلاندى، بېشى پىرقىراپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ ھوشىنى يوقاتتى. پۇتلىرى بوششىپ، پۈتكۈل بەدىنىدە جان قالمىغاچقا، قوللىرى نادىردىن ئاجراپ تۆپىلىكتىن ئاستا - ئاستا پەسكە قاراپ سىيرىلىپ كەتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەنغۇ؟»

نادىر يىلاندەك تولغاندى، بىرسى يۈرىكىنى يۇلۇۋالغاندەك، ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا چۆرگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. نادىر ئۆزىگىمۇ ئەجەل تىلىدى، «قادىر مۇئەللىمگە تەگكەن ئوق ماڭىمۇ تەگسۇن» دەپ بىرنەچچە مىنۇت كۆكرىكىنى كېرىپ تۇرۇپمۇ باقتى. لېكىن، ئەجەل ئۇنى ياراتمىغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا قومۇش ئورۇۋاتقان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى مەھبۇسلار قېچىشقا باشلىدى. نىشان ئەمدى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىلىپ ساقچىلار نادىرنى تاشلاپ، قومۇشلۇقتىن قاچقان مەھبۇسلارنى قوغلاپ كېتىشتى. نادىر پەسكە ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى- دە، قادىر

مۇئەللىمنىڭ قېشىغا يېقىن بېرىپ يۆلىدى. كۆكرىكىدىدىن شۇرقىراپ چىقىۋاتقان قان ئۇنىڭ ئاستىنى قىپقىزىل قىلىۋەتكەن ئىدى. نادىر ئىككىلەنمەيلا كۆڭلىكىنى يىرتىپ بىر پارچىسىنى يارا ئېغىزىغا قويۇپ، ئىككىنچى پارچىسى بىلەن يارىنى تاڭدى. ئۇ قان كۆپ چىقىپ، هوشىدىن كەتكەن قادىر مۇئەللىمنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى. قادىر مۇئەللىم بىرپەستىن كېيىن كۆزىنى «لاپ» قىلىپ ئاچتى. ئۇنىڭ قانسىز چېھرىدە ئۈمىد ۋە خۇشاللىق كۈلكىسى ئەكس ئەتتى.

— مۇئەللىم، يارىڭىز قانداقراق، ئاغرىۋاتامدۇ؟

— هېچگەپ ئەمەس،— دېدى ئۇ ئاستا پىچىرلاپ،— خاتىرجەم بول، بىراق مەن ۋەزىپەمنى تەلتۆكۈس ئادا قىلدىم. سەن ئۇلاستاي تېغىغا بېرىپ پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلىغىن،— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. بۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئىدى.

نادىر قادىر مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىدىن چەكسىز هاياجانلىنىپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى. قادىر مۇئەللىم نادىرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، يېقىملىق هالدا:

— نادىر، سەن مېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇم، سەن بۈگۈن ياخشى ئىش قىلدىڭ. بىز مەھبۇسلار زىممىمىزدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىدۇق، ئۈمىدىمىز ساڭا يۈكلەندى،— دېدى ۋە ئاستاغىنە نادىرنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى.

نادىر ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى، قادىر مۇئەللىمنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. ئۇ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى، ئۆز قېنى بىلەن بويالغان ئاق خەسە كۆڭلەكنى قادىر مۇئەللىمنىڭ يۈزىگە ياپتى، «مەرھۇمنىڭ ئۈمىدى ئاشۇ تۆپىلىكتىن ئۆتۈش ئىدى، ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆپىلىككە ئاچىقىپ قويۇشۇم كېرەك».

نادىر مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى يۇدۇپ، تاش ـ شېغىللارنى تاتىلاپ ئۆمىلەپ قوپۇپ، مىڭ تەسلىكتە تۆپىلىككە چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭ

جەستىنى ئاۋايلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، يۇرت ئىچىنى نىشان قىلىپ يۈرۈپ كەتتى. خېلى ئۇزاق يول مېڭىپ يۇرت ئىچىگە كىردى، مەسچىت ئىمامىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ ـ سوراپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋىدى، ئىمام بىر هارۋا تېپىپ تۆت ئادەمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويدى. قادىر مۇئەللىمنىڭ جەسىتى بار يەرگە بېرىپ، نادىر ھېلىقى تۆت كىشىنىڭ ياردىمىدە جەسەتنى هارۋىغا بېسىپ يۇرت ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. ئىمامنىڭ ياردىمىدە كېچىچە مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلىككە ئېلىپ ئەتىسى تاڭ نامىزىغا چىقىرىپ، يۇرتتىكى زاراتگاھلىققا قويدى. جامائەت خەتمىقۇرئان قىلغاندىن كېيىن تارقالدى، ئەمما نادىر كەچ كىرگۈچە قادىر مۇئەللىمنىڭ بېشىدا 30 پارە قۇرئان ئوقۇپ قىرائەت قىلىپ ئولتۇردى. كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ قويۇق ساقاللىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. كەچ كىرگەندە تەگرىتاغنىڭ قارلىق چوققىسىدىن جاندىن ئۆتكۈدەك ئىزغىرىن شامال كەلدى. نادىرنىڭ پۈتىدىكى پاختىلىق خەي، قارا كاچىدىن سىرتما قىلىپ تىكىلگەن چاپان ئىزغىرىن شامالنىڭ ئاچچىق نەشتىرىدىن ساقلىيالمىدى. ئۇ تىترىدى، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلدى. نادىر گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىنى پات ـ پات يالاپ، «شۇ تاپتا بىرەر پارچە نان بولسىچۇ» دەپ ئويلايتتى.

يىراقتىكى قومۇشلۇق ئىچىدىن ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى، سۇنىڭ كۇركىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زاراتگاھلىقتىن نېرىراق جىلغىدىكى ئىككى تۈپ قارىياغاچقا قونۇپ ئولتۇرغان 3 — 4 ھۇۋقۇش ھۇۋلاپ جىملىقنى بۇزاتتى.

× × ×

ئاي ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇپ، يۇلتۇزلار ئۆچۈپ تاڭ سوزۇلۇشقا باشلىدى. نادىر تاڭ ئالدىدا قادىر مۇئەللىمنىڭ قەبرىسى بىلەن خوشلىشىپ شەھەرنى نىشان قىلىپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ كۆڭلەردە قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلاش بەكمۇ تەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىلاج قانچە؟

نادىر ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئىبادەتنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى قارار قىلدى، گويا بىرسى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندەك روھلىنىپ كەتتى. ئۇ شەھەرگە كەچرەك كىرمەكچى بولۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا شەھەرنىڭ قارىسىنى ئالدى، ئىبادەتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى يېنىككىنە قاقتى. ئىشىكنى ئېچىپ ئىبادەتنىڭ دادىسى چىقتى.

— كىم؟— دېدى قاراڭغۇدا ئۇنى پەرق ئېتەلمەي.

— مەن، نادىر بولىمەن.

— نادىرمۇسەن، بالام، ئەجەب يوقاپلا كەتتىڭ. قېنى، ئۆيگە كىر. ۋاي ئانىسى، نادىر قايتىپ كەپتۇ، چىراغنى يېقىڭلا.

ئىبادەتنىڭ ئانىسى چىراغ يېقىپ چىققاندا، نادىرمۇ دالانغا كىرىپ بولغان ئىدى. ئىبادەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەممەيلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

— ۋاي بالام، تىنچ - ئامان قايتىپ كەپسەن،— دېدى ئىبادەتنىڭ ئانىسى خۇشاللىقىدىن نادىرنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپ،— يولۇڭغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى. ھەر نېمە بولسا تىنچ - ئامان قايتىپ كەپسەن.

— نادىركا، ياخشى قايتىپ كەپسىز، ئەمدى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ،— دېدى ئىبادەتمۇ ھاياجىنىنى باسالماي،— سىزنى ماڭا خۇدا يەتكۈزدى. سىز بىلەن مۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈشۈش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىدى.

نادىر ناھايىتى بوش ئاۋازدا:

— مەن تۈرمىدىن قاچتىم،— دېدى. نادىر ئىبادەتكە ئېھتىيات قىلىڭ دېگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى.

ئىبادەتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئەكەلدى. نادىر چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ئەھۋالنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. تۇساتتىن كوچىلاردا ئىتلار ئەنسىز قاۋاپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەھەللىدىكى كۆز - قۇلاقلار نادىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى

ساقچىلارغا خەۋەر قىلدىمۇ - قانداق، ئىشىك ئەنسىز قېقىلدى. ئۆيدىكى-لەر نادىرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئىبادەت جىددىيلىشىپ، نادىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ قاراڭغۇ، تار قازناقتا باشلاپ كىرىپ، ئۇنى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۆزى چىقىپ كەتتى. نادىر ئېغىر نەپەس ئېلىپ سىرتنى تىڭشاپ ياتتى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، بىر توپ ساقچى دۈپۈرلىشىپ ئۆي ئىچىگە بېسىپ كىردى. «گۈلۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ: «ئەنە، ئاۋۇ دېرىزىدىن قاچتى، چاپسان قوغلاڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ساقچىلار گۈلدۈرلىشىپ سىرتقا چېپىشتى.

نادىر قازناقتىن چىقىپ جىنىنى ياقىغا ئالدى. ئۇ چوڭ كوچىغا چىقىپ تۇرۇۋىدى، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. بىرپەس-تىن كېيىن قالايمىقان ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئىچىدە ئاللا - چۇقان پەسەيدى. نادىر مۆكۈپ ياتقان پاكار تام كەينىدىن چىقىپ ئىبادەتنى ئىزدەشكە باشلىدى. قاياقتىندۇر بىر يەردىن ئىبادەتنىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھايال ئۆتمەي يىغا - زار كۆچەيدى. نادىر ئاشۇ يىغا - زار چىققان تەرەپنى پەرق ئېتىپ ماڭدى. ئىبادەتنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى ئىبادەتنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— قىزىمنى گومىنداڭ قانخورلىرى ئېتىپ تاشلىدى.

ئانىسىنىڭ يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان تەسىرلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نادىرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققىلى تۇردى. ئىبادەتنىڭ ئانىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى.

نادىر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىبادەتنىڭ ئانىسىغا:

— بۇ ئىشقا مەن سەۋەبچى،— دېدى ئېسەدەپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىبادەتنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىۋەتتى،— مەن دۇنياغا بەختسىز بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟ بەخت نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشاش ماڭىمۇ كۈلۈپ قارىمايدۇ، مەن بارلىق كۆڭۈل نەپسىم بىلەن بېرىلگەن ۋە ئاشىق بولغان سۆيۈملۈك ئىبادەتتىن كىم مېنى ئايرىۋەتتى؟...

— ئوغلۇم،— دېدى ئىبادەتنىڭ دادىسى،— بولغۇلۇق ئىش

بولـدى، ئەمـدى سـەن بـۇ يـەردە ئارتۇقچـە تـۇرما، ئۆلگـەننى يىغـلاپ تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ. سەن ئەمدى ئىلقىغا چىقىپ كەت، گومىنداڭ بىلەن سوقۇشۇپ قىزىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئال.

بوۋاينىـڭ چىن كۆڭلىـدىن ئېيتقـان سـۆزلىرى نادىرنىـڭ كـۆڭلىنى ئېرىتتى، بىراق ئىبادەتنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچـە بۇيـەردە ئولتۇرۇۋەرسـە، سـاقچىلار تەرىپىـدىن قولغـا ئېلىنىپ مەھبۇسلار قاتارىغـا قايتىـدىن قوشـۇلاتتى. شـۇنچە كـۆپ مەھبۇسنى قاچۇرۇۋەتكەن جىنايىتى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلاتتى. «ياق، مەن ياشايمەن، مـەن ياشايمەن، مىنىـڭ ھاياتىمنى سـاقلاپ قالغان پاك ۋىجـدان ئىگىسـى ئىبادەت ئۈچۈن، قەدىرلىك دوستۇم قادىر مۇئەللىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن» دەيتتى نادىر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

ئىبادەتنىـڭ سـۇمبۇل چاچلىرى مەيدىسىگـە چۈشـكەن، كـۆزلىرى چىـڭ يۇمـۇلغان ئىـدى. تېخـى بىرنەچچـە سـائەت ئىلگـىرى نـادىر چـاي ئىچىـۋېتىپ قـادىر مۇئـەللىمنىڭ ئەھۋالى توغرىسـىدا سۆزلەشـتىن بـاش تارتقانـدا، ئىبادەتنىـڭ «نادىركـا، سـۆزلەۋېرىڭ، يامـان خـەۋەر بولسـىمۇ ئاڭلاشنى خالايمەن، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز سازدىنمۇ يېقىملىق...» دېگىنى قۇلاق تۈۋىـدىن كەتمەيتتى. نادىر تەلەيسىز ئاشىق بولغىنى ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىنـاتتى، يۈرىكـى تىترەپ، كـۆز چاناقلىرىـدىن ئاققـان ياش مەڭزىـدە ئۆملەيتتى. ئۇ ئىبادەتنىڭ جەسىتى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىپ، يۈزىنى يېپىپ قويۇپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئىبادەتنى گۈزەل، قامەتلىك قىلىپ ئۆستۈرگەن ئانا ماكانغا تويماي قارىدى، ئاندىن ئىبادەتنىڭ ئاتا-ئانىسـى بىلـەن خوشلىشىپ، شۇ كۈنـى تـاڭ ئاتقۇچە شەھەردىن چىقىپ ئىلقا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. نادىر سۆيۈملۈك ئىبادەتتىن، مېھرىبان ئاتا-ئانىسـىدىن، كۆيۈمچان مومىسـىدىن ئايرىلىشىپ، سەپەر جەريانىـدا تـاغ باغرىنى ماكان تۇتۇپ يېتىپ، ئاخىر بارات بىلەن سائادەتكە قوشۇلدى...

تـاغ باغرىـدا غـۇر - غـۇر شـامال چىقىۋاتـاتتى. ئەتراپتىكى ئارچا، قارىغاي شاخلىرى شامالدا يېنىك ئىرغاڭلايتتى. نادىر سەرگۈزەشتلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىپ، بىر تال تاماكا چەكتى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى يولمىزنى داۋام قىلايلى،— دېدى.

سائادەتنىڭ كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىدىكى ھاياجاننى بېسىۋالالماي، نادىرنىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندى:

— نادىركا، ئىبادەت ھەقىقەتەنمۇ ياخشى قىزكەن، مۇنداق قىزلار جاھاندا كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدەك مۇھەببەتكە سادىق قىزنى بۇگۈن سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىدىم، ئۇ ھەقىقەتەن قەيسەر، شەخسىيەتسىز قىز ئىكەن، خۇدا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن،— دېدى.

— ئىبادەت ئەجەبمۇ قەيسەرلىك قىپتۇ. مەن ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولدۇم. كەلگۈسىدە ئىبادەت ئۈچۈن، قادىر مۇئەللىم ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن،— دېدى بارات.

بارات شۇنداق دېدى- دە، سائادەتنىڭ چىھرىگە سەپسالدى. سائادەت ئورغاقتەك قاشلىرىنى يىمىرىپ، ئازابلانغان ھالدا لەۋلىرىنى ئۈمچەيتتى. ئادەتتە شۇنچە يارقىن، شۇنچە مۇلايىم، شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدە مونچاق - مونچاق ياش ئەگىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تەشۋىش ۋە غەم - غۇسسىگە چۆككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، چىن كۆڭلى، سەممىي نىيىتى بىلەن ئىبادەت ئۈچۈن ماتەم بىلدۈرۈۋاتاتتى.

نادىرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن بارات قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى. چۈنكى، ئۆز بېشىغا كۈن چۈشكەندە سائادەت ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولماي، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان ئەمەسمىدى؟ ئۇلار چوڭقۇر ھاياجان، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر ئىچىدە سەپەرنى داۋاملاشتۇردى.

## 4

نىلقا بازىرىنىڭ غەربىدىكى نۇربەگنىڭ سارىيىغا چۈشكەن

يولۇچىلار كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇشقان ئىدى. داستىخاندىكى ئۇگرە سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ، سائادەت تېخىچە باش كۆتۈرمەي «ئۆتكەن كۈنلەر» دېگەن رومانىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تامىقىنى يېمەي كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نادىر:

— «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن گەپ بار، بىرقانچە كۈندىن بېرى يول ئازابى تارتتىڭىز. كىتابنى تاماقتىن كېيىن ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ،— دېدى.

— ماقۇل، بىرقانچە قۇرلا قالدى،— دېدى سائادەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ. ئۇ كىتابنى تېز - تېز ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، قاچىدىكى تاماقنى قولىغا ئالدى.

ئۇلار تاماق يەۋاتقاندا سىرتتىن سارايۋەن نۇربەگ كىرىپ كەلدى. ئۇ 50 ياشلاردىن ھالقىغان، پاكارراق، چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، ئېغىر - بېسىق، خۇش چاقچاق كىشى ئىدى. نادىر ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ:

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە،— دېدى.

— بولىدى - بولىدى، سىلەر دېگەن مېھمان، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇراي،— دېدى ئۇ پەگاھتىكى پالاس ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ،— قانداق، ھاردۇقۇڭلار چىقىپ قاپتىمۇ؟

— ھەئە، بۈگۈن تازا ئوبدان ئارام ئالدۇق، كەچقۇرۇن بازارغا چىقىپ ئۇششاق - چۈششەك سودىلىقىمىزنى قىلىۋالدۇق.

— ياخشى قىپسىلەر، ئاتايىن يۇرت ئاتلاپ نىلقىغا كەلگەندە، ئۇيەر-بۇيەرنى كۆرۈپ كۆڭۈل - كۆكسۈڭلارنى ئاچقىنىڭلار ياخشى بوپتۇ،— دېدى سارايۋەن نادىرغا قاراپ،— سىلەر كەلگەندە بىردەم - يېرىمدەم ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرالمىدىم. ئىككىمىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق زامان بولۇپ كەتتى. نېمە كوي تۇتۇپ يۈرۈۋاتىسەن؟ ھۈنىرىڭ يەنە شۇ ئىلگىرىكى كۆنچىلىكمۇ- ياماقچىلىقمۇ؟ ئۆيلەندىڭمۇ، بالا - چاقاڭ بارمۇ؟

— ھەممە قازاندا قايىنىدىم،— دېدى نادىر ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ،— مەن تېخى بويتاق، يەنە شۇ تۇرمۇشنىڭ غېمىدە يۇرت كېزىپ

جاھانكەشتىلىك قىلىپ يۈرۈپتىمەن، چىقىش يولى تاپالماي مۇشۇ يەرگە كېلىشىم.

ئىككىيلەننىڭ پارىڭى راسا قىزىۋاتقاندا بارات سائادەتكە ئىشارەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇلارغا قاراپ:

— سىلەر ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىۋېلىڭلار، بىز سىرتقا چىقىپ كىرەيلى،— دېدى.

— ماقۇل ئۇكا، ھايال بولماڭلار، كەچقۇرۇن سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار،— دېدى نادىر.

ئىككىيلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار پارىڭىنى داۋاملاشتۇردى. نادىر ئىلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۇربەگدىن سورىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئېيتىپ، ئۇلاستايدىكى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى، بارات بىلەن سائادەتنىڭمۇ ئاشۇنداق خىيالى بارلىقىنى ئېيتتى.

— ياخشى ئويلاپسەن، ئۇلاستايدىكى پارتىزانلار ئىچىدە مېنىڭ بىر تونۇشۇم بار، مەن تىنىڭ تىڭلاپ باقاي، تەلپىڭلار ئورۇندىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بىراق بۇ ئىشنى بەكمۇ مەخپىي تۇتۇڭلار، ئەتىگىچە خەۋىرىنى بېرەي،— دېدى ۋە نادىر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى...

سارايۋەن ئىككى كۈندىن كېيىن نادىرغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— سىلەرنىڭ تەلپىڭلارنى ئۇلاستاي بىلەن ئىلقا ئوتتۇرىسىدا چارۋا سودىسى قىلىدىغان بىر دوستۇم ئارقىلىق ھېلىقى تونۇشۇمغا يەتكۈزدۇم. ئۇ ئەھۋالنى پارتىزانلارنىڭ مەسئۇلىغا ئېيتىپتىكەن، ئۇ «ئۇلار يۇرت ئاربلاپ ئىلقىغا كېلىپ بىزگە قوشۇلىمىز دېسە، بىز ياق دېيەلەيتتۇقمۇ؟ بىراق، ھازىرچە پارتىزانلار ئىچىدە قىزلار يوق، ھېلىقى قىزنى قوبۇل قىلالمايمىز. ئىككى كىشى بىزگە قوشۇلسا بولىدۇ» دەپتۇ. ئەتە بارات بىلەن ئىككىڭلارنى ئۇلاستايغا ئۆزۈم باشلاپ بېرىپ، ھېلىقى تونۇشۇم ئارقىلىق پارتىزانلارنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.

— ياخشى بوپتۇ، ئىشنى پۇختا قىپسىز، ئىلقىدا سىزنى بار دېمىسەم بۇ تەرەپلەرگە ھەرگىزمۇ ئاياغ باسمايتتىم، ھېلىمۇ بىز ئۈچۈن

ناھايىتى كۆپ ئاۋارە بولدىڭىز، تەلپىمىزنى قاندۇرۇپ مەقسىتىمىزگە يەتكۈزدىڭىز، سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت.

— بولدى، بولدى، سەن - بىزگە تۈزۈت كەتمەيدۇ، رەھمىتىڭنى ئۆلاستايغا چىققاندا پارتىزانلارنىڭ باشلىقىغا ئېيت. ئىشقىلىپ، قولۇمدىن كېلىدىغان ياردىمىنى ئايىمايمەن، بىرەر نەرسىدىن خىجالەت بولساڭلار تارتىنماي ئېيتىڭلار. بارنى تەڭ كۆرۈپ جاھانسازلىق قىلىمىز.

— بۇ ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن،— دېدى نادىر.

ئۇلار يەنە ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق مۇڭداشتى. ناماز ئەسىر قىستىغانلىقتىن، نۇربەگ تەرەت ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن نادىر بىلەن باراتنى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سائادەت ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تېخى ئۇخلىمىغان، ئۇلارنىڭ يەنە قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى. سىرتتىن ئۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان سائادەت چاپىنىنى يېپىنچاقلاپلا ھويلىغا چىقتى.

— قېنى، چاپسان ئېيتىڭلار، نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭلار؟— دېدى ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ.

بارات بىلەن نادىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى سائادەتكە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى ۋە سائادەتنىڭ ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەتە ئەتىگەندە نۇربەگنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇ ئىككىسى ئۆلاستايغا چىقىپ پارتىزانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆزىنىڭ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتنىشالمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، سائادەت ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى.

— سائادەت، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىڭىز، قالغان ئىشلارنى كېيىنچە مەسلىھەتلىشەرمىز،— دېدى بارات ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

سائادەت تەشۋىش ئارىلاش كۆزىنىڭ قىرىنى سىلىپ باراتقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئايرىلىشنىڭ دەرد - ئەلىمى بىلىنىپ

تۇراتتى.

— بىز ئەتە ئەتىگەندە تاغقا ماڭىمىز، ئۇ يەردە پارتىزانلارغا قوشۇلىمىز. ۋاقىت چىقىرىپ سىزنى يوقلاپ كېلىمەن. جەملە ھەدەم ياخشى ئايال ئىكەن، ھازىرچە سىز ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تۇرۇڭ، كېيىنچە ئامال قىلىپ قېشىمغا ئەكېتىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، دېگىنىڭىزدەك بولسا، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە كېتەرمەن،— دېدى سائادەت باراتنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ. بارات بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. سائادەت مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،— مېنىڭدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟— دېدى.

— سىزدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلۇۋاتىدۇ،— دېدى بارات بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ماڭىمۇ شۇنداق،— دېدى سائادەت كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ،— ۋاقتىڭىز چىقسا قالسا يوقلاپ كېلەرسىز.

— ئەلۋەتتە يوقلايمەن،— دېدى بارات،— بولدى قايغۇرماڭ، ئامال قىلىپ سىزنى ئېلىپ كېتىمەن، قالغان گەپ - سۆزلەرنى ماڭغاچ دېيىشەيلى.

بارات بىلەن سائادەت سارايدىن چىقىپ چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، چىغلىق مەھەللىدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى. كېچىنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سالقىن بولۇپ، ئۆستەڭ سۈيى كۆۋەجەپ دولقۇن ياساپ ئاقماقتا ئىدى. بارات بىلەن سائادەت يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ، ئۆستەڭنىڭ بويىدا تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇردى...

× × ×

سائادەت تاڭ بىلەن تەڭ ئويغاندى، ناشتا قىلماي تۇرۇپلا باراتنىڭ ئاخشام يۆيۈپ قويغان كىيىم - كېچەكلىرىنى چىرايلىق قاتلاپ بوغچا قىلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا نادىر بىلەن بارات ئىككى ئاتقا يۈك -

تاقلىرىنى ئارتىپ، جابدۇنۇپ بولغان ئىدى. سائادەت قولىدىكى بوغچىنى باراتقا سۇنۇپ:

— خەير - خوش، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن،— دېدى.

ئايرىلىشنىڭ ئېغىر مىنۇتلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە چاڭگال سېلىۋال-غان ئىدى، يۈرىكىدىن تىترەپ چىققان مۇڭلۇق ئاۋاز باراتنىڭ يۈرىكىگە ئوقتەك تەگدى.

— مەن پات ئارىدا كېلىپ سىزنى يوقلايمەن،— دېدى بارات، ئاندىن سائادەتنىڭ ھۆسنىگە ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاتقا مىندى،— خەير - خوش.

سائادەت ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ، كۆز چاناقلىرىغا ياش ئالدى. نادىر ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— نۇربەگنىڭ ئايالى بەك ياخشى، سىزنى ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويدۇم. بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە ماڭا خەۋەر قىلارسىز.

بارات بىلەن نادىر ئاتلىرىنى يېنىك قامچىلاشتى. ئاتلارنىڭ ئېگىز-پەس ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بارات كەينىگە قايرىلىپ قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. سائادەت گويا يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسىنى بىرسى يۇلۇۋالغاندەك ئازابلاندى. ئاتلار يەرگە ئەمەس، گويا ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.



# ئۈچىنچى قىسىم

# سۇ ئاستىدىكى گۈلخان

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## سائادەتنىڭ دەردى

### 1

بارات بىلەن نادىر پارتىزانلار ئەترىتىنى ئىزدەپ ئۆلاستاي تاغلىرىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سائادەت نۇربەگنىڭ ئايالى جەمىلە بىلەن بىللە بولدى. ئۇ جەمىلەگە ياردەملىشىپ كۈن بويى سارايغا كەلگەن - كەتكەنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، قولى ئىشتىن بوشىغان چاغدا يوتقان - كۆرپىلەرنى يۇيۇپ ئەستەرلەيتتى، تاماق ئېتىشكە ياردەملىشەتتى.

بارات بىلەن نادىرنىڭ تاغقا چىقىپ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى، ئۇلاردىن تېخىچە خەۋەر كەلمىدى، سوغۇق چۈشۈپ كەتكەچكە، سائادەت باراتتىن ئەنسىرەپ قالدى. «كىيىم - كېچىكى يېلىڭ ئىدى، توڭۇپ قالغانمىدۇ؟ پارتىزانلارنى تاپالىغانمىدۇ؟ نېمىشقا بىرەر كىشىدىن خەۋەر ئەۋەتمەيدىغاندۇ؟ تاغقا چىقمىسىمۇ بوپتىكەن، بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالغانمىدۇ؟»

سائادەت بىرنەچچە ھەپتىنى مانا مۇشۇنداق زارىقىپ كۈتۈش ۋە ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۈگۈن كەچ پېشىن بىلەن ساراي ئىچىگە ياشانغان بىر كىشى ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى، ھارغىن كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈك چىقىپ تۇراتتى. ھارۋا ئۈستىگە ئورنىشىپ كەتكەن قېلىن توپا - توزاندىن ئۇنىڭ خېلى يىراق جايدىن

كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سارايغا كۆنىگە دىگۇدەك نەچچە ئون ئات هارۋىسى كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. سائادەت هېلىقى كىرگەن ئات هارۋىسىغىمۇ ئېتىبارسىز قاراپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. هارۋىدىن ئۈچ كىشى چۈشۈپ يان تەرەپتىكى ئۆيگە ئورۇنلاشتى. هارۋىكەش ئاتلارنى هارۋىدىن چىقىرىپ بىردەم سوۋۇتقاندىن كېيىن ئوتقا قويدى. جەملە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ سائادەتنى چاقىرىپ قويدى.

— قىزىم، چاي تەييارلىدىڭمۇ؟

— هەدە، مانا هازىرلا،— دېدى سائادەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ يولۇچىلار چۈشكەن يان ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

سائادەت ئىشىكتىن كىرىپلا تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشى ئۆز دادىسى سەدىردىن بولدى. ئۇ هودۇققىنىدىن هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، قوللىرى تىترەپ چەينەك يەرگە چۈشۈپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى، قىزىق چاينىڭ هورى ئۆينىڭ ئىچىدە يېنىك تۇمان هاسىل قىلدى. سەدىردىن قىزىق چاي چاچراپ كۆيۈپ قالغان قولىنى سىيلىغىنىچە بىرهازا جىم بولۇپ قالدى، كېيىن قىزىغا مۆلدۈرلەپ قارىدى. سائادەت گاڭگىرىغان پېتى نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي دادىسىغا قاراپ تۇپتەك تۇرۇپ قالدى. سەدىردىننىڭ قىياپىتى ئىلگىرىكىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، هازىر كۆزلىرىنىڭ يېقىملىقلىقى تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مۇڭ ۋە قايغۇ ـ هەسرەت ئىگىلىگەن، يۈزىدىكى قورۇقلار چوڭقۇرلاپ قالغان ئىدى.

سەدىردىن قىزىنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى، سائادەت ئۇنىڭ قولىنى بوش قالدۇرۇپ، شارت قىلىپ قايرىلىپ سىرتقا قاچتى ۋە يۈگۈرگەن پېتى جەملە تۇرۇشلۇق ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ تاسادىپىيلىقتىن تېڭىرقاپ قالغان جەملە ئالدىراشلىق بىلەن سورىدى:

— سائادەت، نېمە ئىش يۈز بەردى؟

سائادەت هالسىزلانغان هالدا جەملەگە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ

ھاسىرىغاندا، كۆكسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ- پەسىيىشى ئېنىق بىلىنىپ، يۈرەك سوقۇشى زىيادە تېزلىشىپ، سۆزلىيەلمەي قالدى. جەمىلە ھېچ ئىشنى ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ قالدى. سەل - پەل ھوشىنى يىغىۋېلىپ سىرتقا قارىۋىدى، ئۇدۇل ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ ئېتتەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى- دە، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سوئال قويدى:

— ھە، نېمە ئىش؟

— ئىسمىم سەدىردىن، غۇلجا شەھىرىدىن كەلدىم، ھازىر قېچىپ چىققان سائادەت مېنىڭ قىزىم بولىدۇ. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى بىرنەچچە ئاي بولدى، ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. بۈگۈن شەھەردىن ئۇنى ئىزدەپ نىلقىغا ئىككىنچى قېتىم چىقىشىم، بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالارمەن، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قېچىۋىدى، ئۇنى يېتتۇرۇپ قويماي، دەپ كېلىۋاتىمەن.

جەمىلە ھەممە ئىشنى چۈشەندى. سائادەت كېچىلىرى مۇگدىشىپ يېتىپ، يۈرەك سىرىنى قالدۇرماي ئېيتقان ئىدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ياخشى قىپسىز. ئاتا - ئانا دېگەن بالا - چاقىغا ئىگە بولمىسا بولمايدۇ. بىراق، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا سىزدىن، ئانىسىدىن كۆڭلى ئاغرىپتىكەن، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش بولمايدىغان ئىش نەدە بار. يامانلاشقان بولساڭلار ئەپلىشىپ قالارسىلەر،— جەمىلە سۆزىنى تۈگىتىپ سائادەتكە قارىدى،— بۇ ياققا چىقە قىزىم، داداڭ سېنى شەھەرچە يەردىن ئىزدەپ چىقىپتۇ،— دېدى.

سائادەت ئولتۇرغان جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى جەمىلەدىن پاناھ تىلىگەندەك مۆلدۈرلەپ تۇراتتى.

— سائادەت، داداڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭ بارمۇ؟

سائادەت ئۇن - تىنسىز يەرگە قارىۋالدى، سەدىردىنمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— سىز ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاي، ئاتا -

بالا ئەپلىشىپ قېلىڭلار.

جەملە بىر كىچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ سائادەت دادىسى بىلەن قايتىپ كېتىشكە ئۇنىماي، تاڭ ئاتقۇچە كۆز يېشى قىلىپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەدىردىن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ سائادەتنى ئېلىپ كېتىشكە جابدۇندى ۋە جەملەنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆز قىزىنىڭ بېشىنى سىيلاپ خەيرخاھلىق قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتىپ، سائادەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا سىرتتىن نۇربەگ كىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، سائادەتكە تەسەللى بەردى.

ئاتلار ھارۋىغا قېتىلىپ سارايدىن چىقتى. سائادەت ئۆز ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا يولغا چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. ئۇ ۋۇجۇدىدىن چىقىۋاتقان تىترەكنى ئاران - ئاران بېسىۋېلىپ، ھاياجان ئىچىدە جەملەنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— خەير - خوش ھەدە، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن، پۇرسەت تاپسام چوقۇم سىزنى يوقلاپ كېلىمەن. مېنىڭ ئەھۋالىمنى باراتقا ئېيتىپ، سالامىمنى ئۇنىڭ بىلەن نادىرغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ،— سائادەتنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى ئاناردەك مەڭزلىرىگە سىرغىپ كەتتى.

— خەير - خوش،— دېدى سەدىردىن ئۈزىتىپ چىققان جەملە بىلەن نۇربەگكە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى.

ئاتلار چاڭىلداپ سوققان قامچىدىن ئوقتەك ئوقچۇپ، ناھايىتى چاققان قەدەم تاشلىدى. ھارۋا چوڭ يول بويىدىكى ئاللىقاچان يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ بولغان ئېگىز تېرەكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ناھايىتى تېزلا بازاردىن يىراقلىشىپ كەتتى...

× × ×

بۈگۈن ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر يوللاردا چوڭ - كىچىك سۇ كۆلچەكلىرى ھاسىل قىلغان ئىدى. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى سەدىردىننىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىگە چۈشكەن يامغۇر

تامچىلىرى ھەر تەرەپكە چاچراپ، دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ، سىرغىپ تارام - تارام يېيىلىپ پەسكە ئاقماقتا.

يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن، سىبزىلەر - سىبزىلمەس شامال چىقىشقا باشلىدى. بۇلۇتلارنىڭ سالماق سەيلىسىدىن سالقىن شامال يۈزگە ئۇرۇلۇپ ئاللىقانداق يېقىملىق تۇيغۇ ھېس قىلدۇراتتى.
سائادەت مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. قارا ئەگىم قاشلىرىنى يىمىرىپ قايغۇلۇق پىچىرلىدى: «ئاھ، پەرۋەردىگارىم، بىز قىزلار نېماندا ق بىتەلەي - ھە؟»

سائادەت ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ ئۇزاق يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئايدەك يۈزلىرىگە ياش تامچىلىرى تارام - تارام بولۇپ ئاقتى. سائادەت باراتتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئويلاپ تولا يىغلاپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزى ئېسىلىپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن ئىدى.

سەدىردىن سائادەتنى نىلقىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. سائادەتنىڭ كۆنلىرى ھەسرەت ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ مۇشۇنداق ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن كۈنلەردە، گۈلنىسا پات - پات كېلىپ نىلقا پارتىزانلىرى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. بۇ چاغلاردا سائادەت بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولاتتى. ھازىر غۇلجا شەھىرىدە كۈندە دېگۈدەك يېڭى - يېڭى خەۋەرلەر تارقىلىدىغان بولۇپ قالدى. سائادەتنىڭ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتنىشىش ئوي - خىيالى كۈچىيىپ، ئەھمىيەتسىز ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىگە ئېچىنغان ھالدا خۇرسىنىپ قوياتتى، «كۈنلىرىمنى بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش بىلەن ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلايتتى. بۈگۈن ئۆيىگە گۈلنىسا كىرىپ كەلدى، ئىككىيلەن بىر يەردە بولسىلا پارتىزانلار توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى.

— گومىنداڭ پۈتكۈل كۈچىنى نىلقىغا قارىتىپتۇ، نىلقا پارتىزانلىرى ئۇلاستاي تاغلىرىنى مۇستەھكەم بازا قىلىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، دۈشمەننىڭ نىلقىغا يۆتكىگەن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىنى غەنىيمەت ئاپتۇ.

— پاھ، قالتىس ئىش بوپتۇ. يەنە نېمە خۇش خەۋەرلەر بار؟
— باشقا خەۋەر يوق، بىز ئىككى قىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ، نىلقا پارتىزانلىرىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن مەخپىي ھالدا ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئىئانە توپلاۋاتىمىز.
— بەك ياخشى قىپسىلەر، مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلاي.
— سىنى ئۆيدىكىلەر سىرتقا چىقارمىسا، ئىئانە دېگەننى سىرتتا يۈرۈپ توپلايدىغان تۇرساق؟
— توغرا ئېيتتىڭ، بۇمۇ بىر پۇرسەتكەن.
سائادەت ئەتىسى گۈلنىسا بىلەن بىرلىكتە نىلقا پارتىزانلىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. سەدىردىن بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك سىرتقا چىقارمىدى، سائادەت بۇ ئىش توغرۇلۇق دادىسى بىلەن بىرقانچە قېتىم قائىدىلىشىپ قالدى. سەدىردىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن سائادەتنى ئاران دېگەندە تېپىپ كېلىپ ئائىلىدە جەم بولغان، كۆزىنىڭ قارىسى يالغۇز قىزىنىڭ «نىلقا پارتىزانلىرى»غا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى.
سائادەت كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۆي ئىچىدە بىرپەس ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە يۆلىنىپ، قاشلىرىنى يىمىرىپ، ئەلەم ئۈچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن باغقا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان باغ ياپيېشىل ۋە كۆركەم ئىدى. سائادەت مېۋىلىك دەرەخ ئۈستىدە چۇرۇقلىشىپ شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا قارىدى. سىرتتا يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ئانىسىنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى.
— سائادەت، ئورنۇڭدىن تۇردۇڭمۇ؟
— ھەئە، بايىلا تۇرغان.
سائادەت ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇردى. ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىپ، بوسۇغىدا ئانىسى پەيدا بولدى ۋە ئۇنىڭ پەرىشان سىياقىغا قاراپ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي كايىپ كەتتى.
— ساڭا نېمە بولدى. كۆڭ بويى «بېشىم ئاغرىيدۇ» دەپلا يۈرىسەن،

ھەپتىدىن بېرى چىرايىڭ بولۇتتەك. نېمىشقا ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرمەيدىغانسەن، قىزىم.

سائادەت ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىغاندەك، دېرىزىدىن باغقا قاراپ لام-جىم دېمەي تۇرۇۋەردى. ئانىسى ئاستا-ئاستا سائادەتكە يېقىنلىشىپ مۇلايىملىق بىلەن نەسھەت ئاھاڭىدا سۆزلىدى:

— جېنىم بالام، نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خاپا قىلىدىغانسەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيدىن ئايرىلىپ، سىرتلاردا يۈرۈپ يول ئازابى تارتىپ قىينالدىڭ، مانا ئەمدى ئاتا-ئاناڭنىڭ قېشىغا كېلىپ خاپا بولۇۋاتامسەن ياكى بىز ساڭا تاپا-تەنە قىلدۇقمۇ؟ سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتا-بالا قايتىدىن جەم بولدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا خۇيلىنىسەن. سەن بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرسەڭ، ھەرگىز زىيان تارتمايسەن.

سائادەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا تىكىلدى. ئانىسى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي پۈتكۈل دىققىتى بىلەن قىزىنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ-ھەسرەت ئالامەتلىرىنى كۆزىتىۋاتاتتى. سائادەت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن ئانىسىغا قاراپ:

— سىلەر مېنى يەنە ئالدىماڭلار، مەن ئالدىسا ماقۇل دەيدىغان كىچىك بالا ئەمەس. مەن ئەمدى ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم تاپىمەن،— ئۇ سۆزلەۋېتىپ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى-دە، تەتۈر قارىۋالدى. ئانىسى رەنجىگەن قىياپەتتە قىزىغا تىكىلدى:

— سەن تولا ھەددىڭدىن ئاشما، «قىزىم-قىزىم» دېسەم، يەنە بويۇڭغا مىنگىلى تۇردۇڭمۇ، ھە دېسە مەن بىلەن تاكاللىشىسەن، ئاتا-ئانا بىلەن تەڭ تۇرۇشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ سەن بەك تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىسەن، سەل-پەل ھوشۇڭنى تېپىۋال، ماقۇلمۇ؟

ئايىمىنىسا ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ ھېلى قىلغان گەپلىرىنىڭ قىزىغا تەسىر قىلمىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، يەنە گەپ قىلىشنى ئورۇنسىز بىلىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

## 2

سەدىردىن ئىشتىن قايتىپ كەلدى. ئايىمنىسا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ سەدىردىنگە سۇندى، ئۇ چاينى ئىچكەچ سورىدى:

— سائادەت ئۆيدىمۇ؟

سەدىردىن ئايىمنىسانىڭ غەمكىن چىرايىدىكى تىپشىغا تىپىپ تۇرغان جىددىيلىكتىن، ئۇنىڭ سائادەتتىن رەنجىگەنلىكىنى سىزىپ قالدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، ئۆي ئىچىنى سوغ ۋە ئەلەملىك جىمجىتلىق باستى. تولۇن ئاي ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى تەكشى يورۇتۇشقا باشلىدى. سەدىردىن ئايىمنىسانى چاقىردى، ئۇ سەدىردىننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە يېنىدا ئولتۇردى، سەدىردىن ئايىمنىساغا سەپسالدى ۋە ئاۋازىنى بوشراق چىقىرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سائادەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقتىڭمۇ؟

ئايىمنىسا ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئاڭلاپ باقتىم، قىلغان نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالماي، يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.

سەدىردىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— بۈگۈن مېنى غازىباي چاقىرىپتىكەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

— هە، نېمە دېيىشتىڭلار؟

— نېمە دېيىشەتتۇق، يەنە شۇ سائادەتنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتۇق.

— بوشراق گەپ قىلىڭ. ئۇ مېھمانخانىدا بار،— دېدى ئايىمنىسا سەدىردىننى يېنىككىنە نوقۇپ.

— ئۇنداقتا،— دېدى سەدىردىن سوئال نەزىرى بىلەن ئايىمنىساغا تىكىلىپ،— باغقا كىرىپ سۆزلەشمەيلىمۇ؟

ئايمىنىسا بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتتى. سەدىردىن پاختىلىق كەمزۇلىنى يېپىنچاقلاپ باغ تەرەپكە ماڭدى.

— قېنى، ئەمدى ئۇچۇقراق سۆزلىگىنە، سائادەت نېمە دەيدۇ؟— ئۇ ئايمىنىسا تەرەپكە ئۆرۈلدى.

— نېمە دەيتتى، «ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم تاپىمەن» دەيدۇ.

سەدىردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لېۋىنى چىشلەپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، بىرئازدىن كېيىن جىددىي تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتى:

— يەنە گەپ ئاڭلىماپتۇ ـ دە، قېنى، ئۇمۇ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ تۇرسۇن. ناھايىتى كەلسە، مۇشۇ بىرقانچە كۈننىڭ ئىشى قالدىغۇ.

— مۇشۇ بىرقانچە كۈننىڭ ئىشى قالدى دەيدىلىغۇ،— دېدى ئايمىنىسا ئىتتىك سەدىردىنگە تىكىلىپ.

— ئابدۇللا تويي توغرۇلۇق ئارىغا غازىباينى قويۇپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەردىم.

— نېمە دەپ؟

— سائادەتنى ئابدۇللاغا بېرىمەن، دەپ.

— يەنە شۇ كونا گەپمۇ؟

— كونا گەپ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئابدۇللا ھازىر ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، ھەممە نەرسە ئۇلارنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار بۇرۇنلا سائادەتنىڭ بېشىنى باغلاپ قويغانلىقى ئېسىڭدىدۇ؟ سائادەتنى ئابدۇللاغا بەرسەك، سېنىڭ باشقىچە پىكرىڭ يوقتۇ؟

ئايمىنىسا ئېغىر خورسىنىپ سۆزلىدى:

— مېنىڭ نېمە ئامالىم، قىز بالا دېگەننى ھامان بىر كۈنى چىقىرىدىغان گەپكەن. بۇ قېتىم غازىباي بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قاپتۇ، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق.

سەدىردىن ئايمىنىسانىڭ يۇمشىغانلىقىنى سېزىپ، گەپنى توپتوغرا قىلىشقا باشلىدى.

— مېنىڭچە، مۇشۇ بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە تۇتۇش قىلىپ بۇ توينى قىلىۋەتسەكمىكىن دەيمەن. بىراق، بۇ ئىشنى سائادەتتىن سىر

تۇتايلى. باشقا مەسلىھەتلىرىڭ بارمۇ ؟
— يوق، مەن يالغۇز قىزىڭىزنى يامان ئادەمگە بېرىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن.
— «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دەپتىكەن، نېمە ئىش بولسا ئۇبدان كېڭەشمىسەك، توي كۈنى تەمتىرەپ قالىمىز. نېمە ئالىمىز، نېمە قويىمىز، بۇلار ئۈستىدە تەپسىلىيرەك سۆزلىشەرمىز، قالغان ئىشلار توغرىسىدا سەنمۇ ئويلىشىپ باق.
سائادەت مېھمانخانىدا تىت - تىت بولۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ قارا چاچلىرى مامۇق ياستۇقنىڭ ھەر تەرىپىگە چېچىلىپ، قويۇق كىرپىكى ئاستىدىكى توم، قارا كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ئىدى. سائادەت ئاتا-ئانىسىنىڭ باغقا كىرىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە تەكچىسىگە يۆلەندى- دە، ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ دولقۇنلىغان كۆكسىنى قولى بىلەن بېسىۋالدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھالسىزلانغان گەۋدىسى بىلەن تامغا يۆلەنگىنىچە ئاستا - ئاستا پەسكە سىيرىلىپ، بېشى بىر تەرەپكە قىيسايدى، ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە ھەسرەتلىك پىچىرلىدى: «مەن باراتنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆلسەممۇ ئابدۇللاغا تەگمەيمەن».
ئايمىنىسا باغدىن چىقىۋېتىپ، بۇ خەۋەرنى سائادەتكە قايسى خىل ئۇسۇلدا يەتكۈزۈشنى، خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئويلاپ، ئېغىر خىيال ئىچىدە مېھمانخانىغا كىرىپ، چوڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزە ئالدىدىكى كارىۋاتتا ياتقان سائادەتكە كۆزى چۈشۈش بىلەنلا ھودۇقۇپ كەتتى. سائادەتنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، چىشلىرى كىرىشكەن بولۇپ، ئاغزىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك كېلىپ، تىنىمسىز خىرقىراپ، بارماقلىرى بىلەن چىككە چاچلىرىنى قاماللىۋالغان ئىدى، ئايمىنىسا ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى بېسىۋېلىپ:
— جېنىم بالام، ساڭا نېمە بولدى، كۆزۈڭنى ئاچ، كۆزۈڭنى ئاچ!— دېدى، ئاندىن نەپىسى بوغۇلۇپ، يۈزلىرى ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى- دە، سائادەتنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ يىغا - زار قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەنسىز

يىغا - زاردىن سەدىردىن مېھمانخانىدا پەيدا بولدى - دە، تەشۋىش ئارىلاش سورىدى:

— نېمە ئىش، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

ئايىمىنسا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان سەدىردىنگە قاراپ لەۋلىرى تىترەپ سۆزلىيەلمەي قالدى. سەدىردىنمۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىنى سەزگەن ئايىمىنسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— سائادەتنىڭ كېسىلى تۇتۇپ قاپتۇ.

سەدىردىن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ يۈرىكىنىڭ ئېغىۋاتقانلىقىنى سەزدى. سائادەتنىڭ تاتارغان چىرايىدىن، چاناقلىرىغا ياش تولغان كۆزلىرىدىن خېلىلا دەردى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— چاپسان بول، بىر - ئىككى يۇتۇم قايناق سۇ ئىچۈرسەك ئۆگىشىلىپ قالار.

ئايىمىنسا يانچۇقىدىن قولياغلىق ئېلىپ قىزىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىكى كۆپۈكچىلەرنى سۈرتتى ۋە ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ «خارت» قىلىپ بىرنى تىندى. ئايىمىنسا چايداندىن پىيالىغا چاي قۇيدى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرۇپ چاي ئىچۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن سائادەت بىرئاز ئۆزىگە كەلدى. ئۇنىڭ بىر خىل رىتىم بىلەن سوقۇۋاتقان ئاجىز يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— سائادەت بۈگۈن كېچە ياخشىراق ئارام ئالسۇن، سەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغىن،— دېدى سەدىردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشە قاماللىۋالغان ئىدى،— خەير - خوش، خۇدا تىنچ يېتىپ، سالامەت قوپقىلى نېسىپ قىلغاي.

× × ×

سائادەت ئۆزىنىڭ ئابدۇللا بىلەن تويى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى

خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھەسرەتكە چۆككەن ئىدى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە، توي ئىشى رەسمىيلىشىپ، سەدىردىننىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

دىرىژىدىن كىرگەن سالقىن شامال سەدىردىننىڭ چاچلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس يەلپۈپ تۇراتتى. ئۇ يەنە تاتلىق خىيال قاينىمىغا كىرىپ كەتتى. سەدىردىن ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولغاندەك، ئىللىققىنا تەبەسسۇم قىلدى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئايىمنىسانى تووۋلىدى:

— ئانىسى، ئىشىگنى قويۇپ، شامنى ئېلىپ قېشىمغا كىرگىنە.

— ماقۇل، ھازىرلا كىرەي.

سائادەت مېھمانخانىدا ئۇخلاۋاتاتتى، ئايىمنىسا مېھمانخانىدىكى چوڭ ساندۇقنى پەم بىلەن ئېچىپ، توي ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان رەختلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ رەختلەرنى يىغىشتۇرۇپ ساندۇققا سېلىپ، شامنى ئېلىپ سەدىردىننىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى- دە، يېقىنقىلىق شامنى بىر چەتكە قويۇپ سورىدى:

— ھە، بىرەر گېپىڭىز بارمىدى؟

— شۇنداق، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.

— نېمە ئىش؟— ئايىمنىسا تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— قۇدىلار ئادەم قويۇپ توي كۈنىنى بېكىتىپ بەرسۇن دەپتۇ. بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشەيلى دەپ سېنى چاقىرىشىم.

— تېخى بىزنىڭ كەم - كۈتىمىز پۈتمىدى، يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىدىغان گەپ، يوتقان - كۆرپە تىكىدىغان، كىر - قات يۇيۇپ ئۆي يىغىشتۇرىدىغان، خېمىر ئېتىپ نەچچە ئوت نان ياقىدىغان ئىشلارغا ۋاقىت كېتىدۇ. يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىنكى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىنى توي كۈنى قىلىپ تەييارلىقىمنى پۈتكۈزەي، سىلى يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلسىلا، سىلىنىڭچە مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

— سېنىڭ كېمىڭ پۈتسىلا، قالغان ئىشنى بىر - ئىككى كۈن

ئىچىدە ئۆزۈم تەييار قىلىمەن. ماقۇل، دېگىنىڭچە بولسۇن، مەنمۇ قۇدىلارغا سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە خەۋەر قىلىۋېتەي. سەن چىقىپ ئىشىڭنى قىلغىن.

ئايىمنىسا يەنە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ چىراغ يورۇقىدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. چىرايلىق بىزەلگەن مېھمانخانىدىكى مېھرابقا خىلمۇخىل خاڭدەن، ئەتلەس، دۇخاۋا بىلەن تاشلانغان يوتقان - كۆرپىلەر، چىرايلىق ياستۇقلار يىغىنچاقلىق تۇراتتى. ئايىمنىسا ساندۇقنى ئېچىپ، ساندۇقتىن ھەر خىل ئېسىل رەختلەرنى، سائادەت ئۈچۈن تىكتۈرگەن تۈرلۈك كىيىملەرنى ئېلىپ مېھمانخانا ئۆيگە يېيىۋەتتى. ئۆزى تاللىغان رەختلەرنى بىرنەچچە بوغچا قىلىپ، قالغانلىرىنى يەنە شۇ ساندۇق ئىچىگە سېلىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋەتتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ خېلى ئۇزاقتىن كېيىنمۇ سائادەت ئويغانمىدى. ئايىمنىسا ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۇ ياستۇققا چۆكۈپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ قاتتىقراق ئېچىلىشى ۋە ئايىمنىسانىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن سائادەت ئويغىنىپ كەتتى- دە، يېرىم قوپۇپ ئىشىككە قارىدى. ئايىمنىسا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— قانداق، خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندەك تۇرامسەن؟

سائادەت ئانىسىغا تىكىلىپ جاۋاب بەردى:

— خېلى ئوڭشىلىپ قالدىم.

— خۇداغا شۈكرى، چاپسان يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ، چېيىڭنى ئىچكىن، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

سائادەت ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ چېيىنى ئىچتى. چايدىن كېيىن، سائادەت ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئايىمنىسا بىرپەس سۈكۈتكە چۆكتى ۋە قىزىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. سائادەت ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ چۈشەنمەك تەس بولغان بىر خىل مەنىنى سەزمەكتە ئىدى. ئارىدىكى جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئانىسى ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— جېنىم بالام، سېنى بىز كىچىكىڭدىن تارتىپ يېمەي يېدۈرۈپ،

كىيمەي كىيدۇرۇپ ئارزۇلاپ چوڭ قىلدۇق. ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ، بويۇڭغا يەتتىڭ، سېنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، سېنى ياتلىق قىلماقچىمىز. توي بىز باشتا دېيىشكەن ئابدۇللاغا بولىدۇ، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىنكى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىنى توي كۈنى قىلىپ بەلگىلىدۇق. داداڭ بۇ ئىشتىن سېنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى ئېيتتى. بۇ، سەندىن كۈتىدىغان ئاخىرقى ئارزۇيىمىز. جېنىم بالام، مېنى قىينىمىغىن، ئۆزۈڭلا بىرنەرسە دېۋەتكىن.

سائادەت ئانىسىغا گەپ قىلماي تەتۈر قارىۋالدى.

— سائادەت، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— جېنىم ئانا،— دېدى سائادەت ئانىسىغا قىيا بېقىپ،— نېمانچە شەپقەتسىزلىك قىلىسىلەر، مەن ئابدۇللاغا تەگمەيمەن، مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى دادامغا ئېيتىپ قوي،— ئۇ ئانىسىنىڭ قولىغا يېپىشىپ، كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ ياش تۆكتى.

ئايىمنىسا قىزىنىڭ كۆز يېشىغا چىدىمىدى. ئانا ـ بالا قۇچاقلىشىپ ئۇن سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى. سائادەت ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپ، ئانىسىنىڭ ئەمدىلا ئاق سانجىلغان چاچلىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا مېھرى بىلەن سىيلىدى. ئانىسىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ياش ئەگىدى. دە، ئىختىيارسىز قىزىنى باغرىغا باستى.

— ئاھ، خۇدا، ئاجىزلارنى ئۆزۈڭ بىر يولغا سالارسەن!

ئايىمنىسانىڭ سەدەپتەك چىشلىرى سۆزۈك لەۋلىرىگە سانجىلدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالسىمۇ، ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرى يېپىدىن ئۆزۈلگەن مارجاندەك سىرغىپ، خوتەن ئەتلىسىدىن كەڭ ئېتەكلىك تىكىلگەن كۆڭلىكىنى نەمدىۋەتتى.

## 3

دوقمۇشتىكى قاۋاقخانا قىزىپ كەتكەن ئىدى. قاۋاقخانىدىكى

ئىچەرمەنلەرنىڭ ئېگىز - پەس ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇللا بىرپەس تۇرۇۋېلىپ، قاۋاقخانا ئىشىكىنى زەردە بىلەن ئىتتىرىپ كىردى، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا قارىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، سودىگەرلەر، بايۋەچچىلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى. دۇكان خىزمەتچىسى ئابدۇللانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:
— بايۋەچچە، خىزمەتلىرىدە بولاي،— دېدى تەكەللۇپ بىلەن.
— خوجايىن بارمۇ؟
— ئۇ يان تەرەپتىكى ئۆيدە ئىككى - ئۈچ ئوفىتسېر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ.
— ئۇنى چاقىر!
— ماقۇل،— دېدى دۇكان خىزمەتچىسى ئىتتىك مېڭىپ ئىچكەرکى خانىگە كىرىپ كەتتى. هايال ئۆتمەي پاكار بوي خوجايىن ئۆردەكتەك ئېغىناقلاپ مېڭىپ ئابدۇللانىڭ قېشىغا كەلدى.
— كىمكىن دېسەم، ئۆزلىرىكەن ئەمەسمۇ؟ بايۋەچچىنىڭ مۇنداق كېچىدە دۇكىنىمىزغا ئاياغ بېسىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتۇ. قېنى، ئىچكىرى كىرسىلە، ئايرىم خانىگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.
خوجايىن ئۇنى بايۋەچچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس ياساپ جابدۇغان ئايرىم خانىگە باشلاپ كىردى. بۇ كىچىككىنە خانە چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، كىرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. تاملاردا جازىغا ئېسىپ قويۇلغان ھەر خىل مەنزىرە سۈرەتلىرى، بىر تەرەپتە چىرايلىق بېزەلگەن ئىككى كىشىلىك سىم كارىۋات، سىم كارىۋاتنىڭ ئالدىغا دۇخاۋىدىن پەردە تارتىلىپ، يېرىم ئېچىپ قويۇلغان، بىر چەتكە چىرايلىق تاماق شىرەسى، شىرەنىڭ ئەتراپىغا ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇق، شىرە ئۈستىدە لوڭقىغا ئېلىنغان بىر دەستە گۈل، مىس چەينەك، بىرنەچچە پىيالە قويۇلغان ئىدى. ئابدۇللا ئۆيگە بىرقۇر نەزەر تاشلاپ، نەزىرىنى خوجايىنغا ئاغدۇردى.
— بېگىمنىڭ تاۋى نېمىكىن؟
— نېمىلا بولسا بولۇۋېرىدۇ، ئۆزۈم يالغۇز زېرىكىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى

چىقىراي، دەپ كېلىشىم.

— بېگىمنى يېقىندا ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ، دەپ ئاڭلىغۇدىم، ئۆزۈم يالغۇز دەيلىغۇ؟

— شۇنداق، تونۇگۈن يەنە ئۆيدىكىلەر بارسا، ئۇلار توي توغرىسىدا ئېنىق جاۋاب بەرمەپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورسىقىم كۆپۈپ قالدى. ئۇدۇللا بېرىپ ئۇلار بىلەن ھېسابلىشاي دېدىمىۇ، يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، بۇ يەردە بىردەم ـ يېرىمدەم كۆڭۈل ـ كۆكسۈمنى بوشىتاي دەپ كەلدىم.

— تېخى مۇنداق گەپ بار دېسىلە، ئۆزلىرىنى مەزۇر تۇتمىغۇدەك قايسى شاھنىڭ مەلىكىسىكەن ئۇ؟

— قايسى شاھنىڭ مەلىكىسى بولاتتى، ھېلىقى سەدىردىن دېگەنـ ـنىڭ قىزى بولمامدۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، كىمكەن دېسەم، شۇ سەدىردىنباينىڭ قىزىكەنغۇ؟ ئانچىكىلا بىرنېمىگە كۆيەك تارتىپتىلا. «بالا بەلدە، خوتۇن يولدا» دەپتىكەن. سىلىگە قايسىبىر باي قىز بەرمەيتتى. قانداقنى ئالمەن دېسىلە، شۇنداقنى ئالالايلىغۇ؟ يەنە باشقا بىرەرسىگە كۆڭۈللىرى تارتسا، مەن ئادەم قويۇپ يوللىرىنى ماگاي،— دۇكان خوجايىنى ئابدۇللانىڭ خەيرخاھ ئاتىسىدەك ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— ھاجىتى يوق، نۆۋەتتە كەلگەندە، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلىمەن،— دېدى ئابدۇللا.

— بولدى، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان پاراڭنى قىلىشمايلى. نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بۈگۈن كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ، ئىچەملا، چېكەملا، ئوينامىلا، بىرنېمە دېسىلە.

— ئازراق ئىچەي، ئاندىن تازا بىر پەيزى قىلايمىكىن، ياخشى ھاراق بارمۇ؟

— بولمامدىغان، تېخى يېقىندا بىزنىڭ چوڭ خوجايىن كۇلىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىچىملىك، چېكىملىكنىڭ ئېسىلىدىن، خىزمەتچىلىككە سۇجۇ، خاڭجۇنىڭ سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان چىرايلىق قىزلىرىـ ـدىن ئېلىپ كەپتۇ.

— ۋاي - ۋوي، مانا شۇنداق يەرلىرىنى دېمىسەك، بۇ يەرگە كېلىپ نېمىش قىلىمىز.
— ئەمىسە، يېڭى كەلگەن بىرەرسىنى تونۇلاي، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولسۇن.
— ماقۇل، ياق، توختىسىلا، رۇس قىزلىرى يوقمۇ؟
— تازا گەپ قىلىدىكەنلا، بىزنىڭ چوڭ خوجايىن پۈتكۈل شەھەر-نى ئالىقىنىدا ئوينىتىۋاتسا، ئۇنىڭ قولى نەگە يەتمەيدۇ دېسىلە. رۇس، تاتار، نوغاي، قىرغىز، ئۇيغۇر، تۇڭگان دەملا، ھەرقانداق مىللەتنىڭ قىزلىرى تېپىلىدۇ.
— ئۇنداق بولسا، رۇس قىزى بىلەن كۆڭۈل ئاچاي.
دۇكان خوجايىنى ئىشكتىن بېشىنى چىقىرىپ بىرسىنىڭ ئىسمى-نى ئاتاپ چاقىرىپ قويۇپ، ئابدۇللا بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئىشىك يېنىك ئېچىلدى. سىرتتىن ئېگىز بوي، كۆك كۆز، قىزىل بويالغان لەۋلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، چوقچىيىپ چىققان كۆكسىنى دىر - دىر تىترىتىپ، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىرسى كىرىپ كەلدى. دە، ئابدۇللا بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىپ، قويۇق قاشلىرىنى چېكەتكىدەك سەكرىتىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. خىزمەتچى ئىككى بوتۇلكا ئالىي ھاراق ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. رۇس قىزى ئالتۇن ئۈزۈك سالغان بارماقلىرىنى ھېيىقماستىن ئابدۇللانىڭ قوللى-رى ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ ئىسسىق رەختتىن تىكىلگەن تار بەل يىغما كۆڭلىكى يوشۇرۇپ قالالمىغان ھارام گۆشلىرىدىن ھەر قېتىم سىلكىنگەن-دە گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. خىزمەتچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رۇس قىزى ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىۋېتىپ، ئابدۇللاغا يېقىن ئولتۇرۇپ ئىككى رومكىغا تەڭلا ھاراق قۇيدى، سۇرمە تارتقان قاپاقلىرى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرى بىلەن ئابدۇللاغا تىكىلدى، ئاندىن رومكىنى قولىغا ئېلىپ چالا - بۇلا ئۇيغۇرچە سۆزلىدى:
— پات - پات كېلىپ تۇراتتىڭىز، ئۇزاق بولدى بۇ تەرەپكىمۇ

ئۆتمىدىڭىز، مېنى سېغىنغانسىز؟

— سېغىنىشنىڭغۇ سېغىندىم، بىراق كەلگۈدەك ۋاقىت بولمىدى دەڭا. قېنى، كۆتۈرۈۋېتەيلى.

رومكا تەڭلا كۆتۈرۈلدى. ئابدۇللا رومكىنى قويۇشتىن بۇرۇن رۇس قىزنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى، رۇس قىزى لىككىدە قېشىنى ئېتىپ ئابدۇللاغا قولىنى سوزدى، كۆكرىكىنى مۆرىسىگە، چاچلىرىنى يۈزلىرىگە تەگكۈزدى، ئابدۇللا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئارقا- ئارقىدىن بىرقانچە رومكا هاراق قۇيدى. ئىككى بوتۇلكا قۇرۇقدىلىپ بولدى. رۇس قىزىمۇ، ئابدۇللامۇ مەست بولدى. ئابدۇللا هېچنېمىدىن هېيىقمىغان هالدا رۇس قىزنىڭ قولىدىن تارتتى، ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، «پۇل چىقىرىلىڭ» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى، ئابدۇللا چۆشىنىپ، يانچۇقىدىن 4 — 5 تال تەڭگە ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋىدى، رۇس قىزى ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتتى. ئابدۇللا ئەمدى ئۇنى قۇچاقلىدى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە مەيدىسىنى يېقىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. رۇس قىزى بىردەم نازلىنىپ باقتى، كېيىن ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى...

ئابدۇللا دۇكاندىن چىققاندا، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. قاراڭغۇ كوچىدا بىرپەس ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ باقتى، ئۆيگە قايتقۇسى كەلمىدى. كۆڭلىنىڭ بىر تەرىپى سائادەتنى تارتىپ تۇرغاچقا، ئۇدۇل سائادەتنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۈگىمەس هەسرەت هاراق بىلەن بىرئاز يېنىكلىگەن بولسىمۇ، سائادەت ئۈچۈن ساقلاقلىق قورساق كۆيۈكى تېخى چىقمىغان ئىدى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ئېگىز- پەس دەسسەپ ناخشا توۋلاشقا باشلىدى:

لەپ - لەپ ئۇچىدۇ سارلار،
قارىمايدىغۇ يارلار.
قارىمىسا قارىماس،
ئەسلىي بىۋاپا يارلار.

ئېگىز ئاسماندا ئاي پاتتى،
مەرغىلاندا تاڭ ئاتتى.
يار ئۈتى يامان ئىكەن،
ھەر تەرەپكە قاراتتى.
...

ئابدۇللا ناخشا تولۇغانچە سەدىردىنىڭ قورۇسىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ سەدىردىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىرپەس توختىۋېلىپ، ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ئەتراپىنى كۆزەتتى، ئاندىن غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئىشىك يوچۇقىدىن ھويلىغا قارىدى، ھويلىنىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. مېھمانخانا ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن سۇس چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھويلا ئىچىنى بىرپەس تىڭشىدى، ئاندىن دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق قاقتى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ساپما كەش سۆرەپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ھايال ئۆتمەي بىر كىشىنىڭ ئاۋازى چىقتى.

— كىم؟

— مەن، ئىشچى مۇھەممەت،— دېدى ئابدۇللا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ،— غازىباينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قېشىڭىزغا كەلدىم.

— مۇنداق كېچىدە كەلگۇدەك نېمە زۆرۈر ئىشكەن ئۇ؟

— مەنمۇ ئۇقمايمەن، سىزگە دەيدىغان زۆرۈر گەپ بولمىسا قېشىڭىزغا ئەۋەتمەستى.

سەدىردىن ئىككى خىيال بولۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك ئېچىلىش بىلەنلا قولاق تۈۋىگە ئۇرۇلغان مۇشت زەربىسىدىن ئۇ دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن ئابدۇللامۇ دەلدۈگۈنۈپ سەدىردىنگە پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئىككىيلەن يومىلاقلىشىپ كەتتى، ھويلىدىكى گۈلدۈر ـ كالاپنى ئاڭلاپ، ئايىمنىسا چىراغ يېقىپ چىقتى ـ دە، يومىلاقلىشىۋاتقان ئىككىيلەننى كۆرۈپ:

— ۋاي ئىسىت، بۇ نېمە ئىش، ئادەم بارمۇ؟! سائادەت بۇياققا چىق، بىرسى بۇلاڭچىلىققا كىرىپتۇ. چاپسان قولۇڭغا كالتەك ئېلىپ

چىق، داداڭنى قۇتقۇزايلى!

ئايمىنسانىڭ ئاۋازىدىن سائادەت يۈگۈرگەن پېتى ھويلىغا چىقتى، ئالاقزادە بولغان ئايمىنسا جىددىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— نېمىگە قاراپ تۇرسەن؟ چاپسان داداڭنى يۆلەپ تۇرغۇزە!

سائادەت دادىسىنى يۆلەش ئۈچۈن كېلىۋىدى، ھېلىقى كۆلەڭگە ئۇنى تۇتۇۋالدى. سائادەت كېچىدە بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ قولىدىن سىلكىنىپ ۋارقىرىدى:

— ئانا، مېنى چاپسان قۇتۇلدۇرۇۋالغىن!

ئايمىنسا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ھازىر سەدىردىننى يۆلەشنىمۇ، سائادەتنى قۇتقۇزۇشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ھېلى سەدىردىننى يۆلىسە، ھېلى بېرىپ سائادەتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆرەيتتى. ئۇ ئىككى ئارىلىقتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قولىدىكى پەنەر يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆچۈپ قالدى. ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى كۆلەڭگە سائادەتنىڭ قولىدىن سۆرەپ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. سائادەت ئەمدى ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇپ بېرىپ توۋلاشقا باشلىدى:

— ئانا، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن!

ئايمىنسا سەدىردىننى يۆلەۋېتىپ توۋلىدى:

— چاپسان بول، قېچىپ كەت، يىراققا كەت!

سائادەت ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھېلىقى كۆلەڭگىنىڭ قولىدىن بەكمۇ تەستە بوشىنىپ، مەھەللە ئىچىدىكى كوچىنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. كۆلەڭگە ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە بىر يىقىلىپ - بىر قوپۇپ، ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. سائادەت قېچىپ كېتىۋېتىپ، قورققىنىدىن ۋارقىراپ مەھەللىنى بېشىغا كىيدى.

— ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار. بىرسى قاتىللىق قىلىۋاتىدۇ!— ئۇنىڭ ۋەھىمە بىلەن توۋلىغان ئاۋازى خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلاندى.

سەدىردىن ئورنىدىن تۇردى، ئايمىنسا تېپىپ بەرگەن كالتەكنى قولىغا ئېلىپ كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. ئاسمان گۈمبىزىدە ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. مەھەللىدىكى زومچەك - زومچەك

ئۆيلەر قاپىقىنى تۈرۈپ خىيالغا چۆمگەن قىرى چالدەك جىمجىت ئىدى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سالقىن شامالدا تىنىمسىز شىلدىرلايتتى. سەدىردىن يۈگۈرۈپ كىتىۋېتىپ: «بۇ كىمدۇ؟ سائادەتنى تۇتۇپ كەتكەنگە قارىغاندا، ئابدۇللا بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. كۆلەڭگە كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېنىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ سەدىردىنگە شىلتىدى، پىچاق ئاي يورۇقىدا يالت - يۇلت قىلىپ كەتتى. سەدىردىن بۇ كۆلەڭگىنىڭ قاتىللىق قىلىشىدىن قورقۇپ قاچتى. كۆلەڭگە ئەمدى سائادەتنى قوغلاپ تۇتۇۋالدى ۋە چىڭ يېپىشىۋېلىپ، مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، ئاندىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. سائادەت قورقىنىدىن ۋارقىرىدى:

— ۋايجان، ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!

— ۋۇۋانىڭنى چىقارما، يەنە ۋارقىرىساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن!

سائادەت قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى، كۆلەڭگە ئۇنى كۆتۈرگىنىچە داق يەرگە باستى. سائادەتنىڭ قارشىلىق قىلغىنىغا ئۇنىماي، قولىنى ئۇنىڭ كىندىكى ئاستىغا سوزۇپ ئىشتانبېغىنى ئۈزۈپ، ئىشتىنىنى سىيرىلدۇرۇۋاتقاندا، چاتىرىقىغا كۈچەپ بىرنى تېپىۋىدى، كۆلەڭگىنىڭ ئۇنى ئۈچۈپ كەتتى. شۇ چاغدا سەدىردىن يۈگۈرۈپ كەلدى- دە، قولىدىكى كالتەكنى كۆلەڭگىگە قارىتىپ شىلتىدى، كۆلەڭگە ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

سائادەت ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە داد - پەرياد قىلىپ قاچتى. سەدىردىن قىزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، سائادەت قاراڭغۇدا قوغلاپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋايجان، ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!

سەدىردىن قىزىنىڭ توۋلىغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— قىزىم، قورقما— دېدى- دە، سائادەتنىڭ قولىغا ئېسىلدى،— قىزىم، قورقما، بۇ مەن.

سائادەت كەلگەن كىشىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— جېنىم دادا.

سەدىردىن قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئايىمنىسانىڭ قېشىغا كەلدى. ئايىمنىسانىڭ داد-پەرياد قىلىپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆي-ئۆيدىن پەنەر كۆتۈرۈپ، چىراغ يېقىپ چىققان قوشنىلار كوچا دوقمۇشىغا يىغىلىشتى. ئۇلار بۇ كېچىدە نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

— ماۋۇ يەردە بىر كىشى ياتىدۇ،— دېدى بىرسى.

ھەممەيلەن ئۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىشتى. سەدىردىن، ئايىمنىسا، سائادەتمۇ كەلدى. ئۇلار ياتقان كىشىگە چىراغ يورۇقىدا سەپسېلىپ، ئۇنىڭ ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى كۆردى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## تۇتقۇن قىلىنىش

1

ئاشۇ كېچىسى سەدىردىن شىلتىغان كالتەك ئابدۇللانىڭ بېشىغا تېگىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ جان ئۈزدى. ئابدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يامۇلغا ئەرز قىلغاچقا، سەدىردىن جاۋابكارلىققا تارتىلدى. يامۇلنىڭ چېرىكلىرى ئەھۋالنى قىسقىچە تەكشۈرۈپ، سەدىردىننى تۈرمىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن تۈرمە ئەمەلدارلىرىغا ئەرز قىلدى، سائادەت بىلەن ئايىمنىسامۇ ئەرز قىلىپ بارمىغان يېرى قالمىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئەرزى ئاقمىدى، سەدىردىن ئائىلىسىدىكىلەر كۈندە ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، دەرۋازىدىكى چېرىكلەر كىرگۈزمىدى.

سەدىردىن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايىمنىسانىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. ئۇ ھەرتەرەپكە قاتراپ يۈرۈپمۇ سەدىردىننى قۇتقۇزۇشنىڭ زادىلا ئامالىنى قىلالمىدى.

— سائادەت، سېنىڭچە داداڭنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز؟

سائادەت ئېغىر خىيالدىن ئۆزىنى يىغىپ ئانىسىغا ئېيتتى:

— ئانا، ماڭىدىغان يولنىڭ ھەممىسىنى ماڭدۇق. دادامنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، يامۇل ئامبىلىغا پارا بېرىشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

قىزىنىڭ جاۋابىدىن ئايىمنىسا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ

يېرىم ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنى ئېتتۇۋېتىپ:

— ئاز ـ تولا پۇل جايلاپ، ھېلىقى ئېپلاسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتۇق. داداڭنى پۇل بىلەن قۇتقۇزغىلى بولسىلا، پۇل قەرز ئېلىپ بولسىمۇ تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقايلى،— دېدى.

— توغرا ئېيتتىڭ ئانا،— دېدى سائادەت،— بۇ زامانىنىڭ زوراۋانلىرى پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدۇ، ئىلاج قىلىپ پۇل تېپىپ دادامنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقايلى.

ئايىمنىسانىڭ كۆز ئالدىدا سەدىردىن پەيدا بولدى، ئۇ ئۆز قەدىردانىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدە ياتقانلىقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى. دەرۋەقە، ئايىمنىسا ئەمدى ئابدۇللانى چۈشىنىپ يەتكەن، ئۇنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشى بىر ئائىلە كىشىلىرىنى تىنىمسىز بىسەرەمجان قىلماقتا ئىدى. ئايىمنىسا ئىلگىرى قىزىنى ئابدۇللاغا تېگىشكە زورلىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆز قىزىنى ئەيىبلىگىنىدىن خىجىل بولدى، سائادەتنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندى. ئانىسىنىڭ خىيال ئارىلاش ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن سائادەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەردى:

— بۇلارنىڭ كۈنىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. شۇ چاغدا داداممۇ يورۇقچىلىققا چىقىدۇ. ئۇنچىۋالا غەم قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. بىرەر ئامال تېپىپ دادامنى تۈرمىدىن ئاچىقىۋالساق، يەنە ھەممىمىز جەم بولىمىز.

قىزىنىڭ تەسەللىسىدىن ئايىمنىسانىڭ كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى ـ دە، ئارام ئېلىپ يېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئايىمنىسا كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئاكىسى ناسىرھاجىغا ئېيتىپ، ياردەم سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

— ھازىر پۇلى بارلار ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ. مەن ئەتە پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ، يامۇل ئامبىلى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي،— دېدى ئاكىسى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئايىمنىسا ئاكىسىنىڭ قېشىغا يەنە كەلدى. ئاكىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— مەن تۈنۈگۈن يامۇل ئامبىلى بىلەن كۆرۈشتۈم، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ، ئېلىپ بارغان پۇلنى ئالدىغا قويدۇم. بىراق، ئۇ: «بۇرادەر، بۇ ئىشقا كېچىكىپ قاپسەن. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى شۇنچىلىك ئەقىل تاپقان بولساڭ، بىر ئىلاج قىلىپ بېرەتتىم. ئەمدى سەدىردىننىڭ قىلمىشى تەپتىش قىلىنىپ ھۆكۈم قەغىزى چىقىپ بولدى، بۇ ئىشقا مەن ئارا تۇرالمايمەن» دېدى.

ئايىمنىسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەشۋىشلىنىپ، كۆز يېشى قىلدى.

— خاتىرجەم بول،— دېدى ئاكىسى،— سائادەت ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالالايدۇ.

— يېقىندىن بېرى سائادەتنىڭ نىلقىغا كېتىش خىيالى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ، ئۇ يەنە مېنى تاشلاپ كېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن،— دېدى ئايىمنىسا.

— ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى سائادەتكىمۇ ئۆتۈپتۇ- دە،— دېدى ناسىرھاجى، ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن يېڭىلىقلارنى بايان قىلدى،— ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش تېز، يېقىندا نىلقىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە سالغان زۇلمىغا قارشى بىر دولقۇن قوزغالدى. پارتىزانلار ئوۋ ملتىقلىرى ھەم چېرىكلەردىن تارتىۋالغان ئوق - دورا، قورال - ياراغ بىلەن قوراللىنىپ ئۇلاستايغا يىغىلىپتۇ...

ئايىمنىسا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. كەچقۇرۇن ئۇ ئاكىسى ۋە يەڭگىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئەھۋالدىن سائادەتنى خەۋەرلەندۈرۈپ بىرنەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلدى:

— قىزىم، داداڭ يوق قانتىمىز قايرىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈڭنى بەك تاشلىۋەتمىگىن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، داداڭنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقى بولسا تىنىچ - ئامان قايتىپ كېلەر، ھازىر دوستۇڭدىن دۈشمىنىڭ كۆپ قىزىم، خاپىلىقنى كەينىڭگە تاشلاپ، ئاۋۋالقىدەكلا يۈرۈۋەرگىن.

ئايىمنىسا ئەمدى كۆڭۈلسىز ھاياتىنىڭ قايغۇ - ھەسرەت بوسۇغىسىغا

قەدەم تاشلىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىش توغرىسىدا خىيال سۈردى. سائادەت ئانىسىنىڭ غەم - قايغۇ دولقۇنىدا قاڭقىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ھايات ۋە تۇرمۇش ھەقىقەتتى شۇكى، «كۆرەڭلىك ئاسانلا كىشىنى چىرىتىدۇ، مۇشەققەت كىشىنى تاۋلاپ يېتىشتۈرىدۇ». ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن سائادەتنى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرى كۈتەتتى. سائادەتمۇ بۇ ئېغىر سىناقتىن ئۆتۈشكە بەل باغلىدى. ئانىسى تۇرمۇشقا ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان ئىرادىلىك ئايال ئىدى. شۇڭا، سائادەت كۆز ئالدىدىكى قىيىن تۇرمۇش شارائىتىنى يېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشەنچ قىلاتتى.

2

شەھەر كوچىلىرىدا كۈن بويى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئادەم تۇتىدىغان ئاپتوموبىلى چىرقىراپ، پۇقرالارنى ئەنسىزچىلىككە سالدى. ساقچى - ئوفىتسېرلار، پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈشەتتى. «قىزىل پاچاق»، «ئىلقىمدىكى ئالتە ئوغرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دېيىلگەن كىشىلەرنى تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى. پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ساقچىلىرى يۈگۈرگەن پېتى كوچىلارغا كىرىپ كەلدى. بەلگىلەنگەن دەرۋازىلارنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئىچىلمىغان ئىشىكلەرنى سۇندۇرۇپ ئۆي - ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. قورقۇپ كەتكەن پۇقرالار داد - پەرياد قىلىشىپ، كوچىلارغا چىقىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشىۋاتاتتى.

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى شەھەر ئىچى گويا قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى. تىجارەتچىلەر ئۆيىدىن چىقالمىدى. سودا - سېتىق ئىشلىرىمۇ بولمىدى، قاتناش توختاپ كەتكەن كوچىلارنى سۈر بېسىپ كەتكەن ئىدى. سائادەت بىلەن ئايىمنىسا بىرقانچە كۈندىن بېرى كوچىغىمۇ چىقالمىدى. ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ ئولتۇردى.

سائادەت سىرتقا چىقالمىغانلىقتىن، نەۋائى غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ
شېئىرىي تۇيغۇغا چۆمۈلدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە قاناتلىنىپ كەتتى.
تۈنۈگۈن كەچتە سائادەت ئانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گۈلنىسانى
يوقلاپ باردى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە گۈلنىسا بىرقانچە قىزلارنى يىغىپ
ۋەزىيەت ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقان ئىدى، سائادەتنىڭ كىرىشى بىلەن
سۆھبەت جانلىنىپ، گۈلنىسا تېخىمۇ ھاياجان ئىچىدە سۆزلەپ كەتتى:
— بىزنىڭ بىرقانچە ئۇستاز، دوست ۋە ساۋاقداشلىرىمىز گومىنداڭ
ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇلار
نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ كېتىلىدۇ، گومىنداڭنىڭ تەڭسىز سىياسىتىگە
قارشى تۇرغىنىمىز ئۈچۈنمۇ؟ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىدىغان كىشى يوقمۇ؟
بىز بۇ ئىشنى نېمىشقا سۈرۈشتۈرمەيمىز، بىز نېمىشقا ئۇلارغا ئىگە بولماي-
مىز؟ بىز ئەمدى قاچانغىچە قاراپ تۇرىمىز. سىلەر قورقماڭلار، ساقچىلار
ئادەم يېمەيدۇ، ئىككى ئاي بۇرۇن ساقچىلار مېنى «گومىنداڭ ھۆكۈمى-
تىگە قارشى پىتنە - پاسات تارقاتتىڭ» دېگەننى باھانە قىلىپ تۇتۇپ
كېتىشتى، مەن تۈرمىگە سولاندىم. ئۇ يەردە بىزدەك قىز - يىگىتلەر
ناھايىتى كۆپىكەن، ئۇلار سولاقلىق تۇرۇپمۇ دۈشمەندىن قورقمايدىكەن،
ھەتتا تۈرمىدە تۇرۇپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەر خىل يوللار
بىلەن كۈرەش قىلىدىكەن. مەن ئۇيەردە چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم.
بىز مۇنداق ھەممىمىز بىردەك ئۇيۇشساقلا دۈشمەنگە قارشى تۇرالايمىز.
قاراپ تۇرۇۋەرمەيلى، قولىمىزغا قورال ئېلىپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە
ئاتلىنايلى.

— شۇنداق قىلايلى، چوقۇم شۇنداق قىلايلى،— دېدى قىزلار
ھاياجان ئىچىدە چاۋاك چېلىشىپ.

شۇ كۈنكى يىغىلىشنى گومىنداڭ جاسۇسلىرى ئۇقۇپ قېلىپ،
يىغىلىشتىن قايتقان بىرقانچە قىزنى «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى
يىغىلىشتا بولدۇڭ» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن
كېيىن، گۈلنىسانىڭ ئۆيى ئەتراپىدىن كېچىسى جاسۇسلار چۆرگىلەپ
كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، سائادەت بىلەن گۈلنىسا ئايىمنىسا-

سائادەت سىرتقا چىقالمىغانلىقتىن، نەۋائى غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ شېئىرىي تۇيغۇغا چۆمۈلدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە قاناتلىنىپ كەتتى.

تۈنۈگۈن كەچتە سائادەت ئانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گۈلنىسانى يوقلاپ باردى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە گۈلنىسا بىرقانچە قىزلارنى يىغىپ ۋەزىيەت ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقان ئىدى، سائادەتنىڭ كىرىشى بىلەن سۆھبەت جانلىنىپ، گۈلنىسا تېخىمۇ ھاياجان ئىچىدە سۆزلەپ كەتتى:

— بىزنىڭ بىرقانچە ئۇستاز، دوست ۋە ساۋاقداشلىرىمىز گومىنداڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ كېتىلدۇ، گومىنداڭنىڭ تەڭسىز سىياسىتىگە قارشى تۇرغىنىمىز ئۈچۈنمۇ؟ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىدىغان كىشى يوقمۇ؟ بىز بۇ ئىشنى نېمىشقا سۈرۈشتۈرمەيمىز، بىز نېمىشقا ئۇلارغا ئىگە بولمايمىز؟ بىز ئەمدى قاچانغىچە قاراپ تۇرىمىز. سىلەر قورقماڭلار، ساقچىلار ئادەم يېمەيدۇ، ئىككى ئاي بۇرۇن ساقچىلار مېنى «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى پىتنە - پاسات تارقاتتىڭ» دېگەننى باھانە قىلىپ تۇتۇپ كېتىشتى، مەن تۈرمىگە سولاندىم. ئۇ يەردە بىزدەك قىز - يىگىتلەر ناھايىتى كۆپكەن، ئۇلار سولاقلىق تۇرۇپمۇ دۈشمەندىن قورقمايدىكەن، ھەتتا تۈرمىدە تۇرۇپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەر خىل يوللار بىلەن كۈرەش قىلىدىكەن. مەن ئۇيەردە چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم. ھەممىمىز بىردەك ئۇيۇشساقلا دۈشمەنگە قارشى تۇرالايمىز. بىز مۇنداق قاراپ تۇرۇۋەرمەيلى، قولىمىزغا قورال ئېلىپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنايلى.

— شۇنداق قىلايلى، چوقۇم شۇنداق قىلايلى،— دېدى قىزلار ھاياجان ئىچىدە چاۋاك چېلىشىپ.

شۇ كۈنكى يىغىلىشنى گومىنداڭ جاسۇسلىرى ئۇقۇپ قېلىپ، يىغىلىشتىن قايتقان بىرقانچە قىزنى «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى يىغىلىشتا بولدۇڭ» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، گۈلنىسانىڭ ئۆيى ئەتراپىدىن كېچىسى جاسۇسلار چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، سائادەت بىلەن گۈلنىسا ئايىمنىسا-

نىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن مۆكۈپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزدى. تېخى تونۇگۈن ئايىمنىسانىڭ ئاكىسى ناسىرھاجىم سائادەت بىلەن گۈلنىسانى ئۆز ئۆيلىرىگە ئەكېلىپ قويۇپ، ۋەزىيەت ياخشىلانغۇچە سىرتقا چىقماسلىقنى تاپىلاپ قايتىپ كەتتى...

سائادەت شۇلارنى ئويلاپ ئىچى سىقىلدى، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، توساتتىن ئىشىك ئەنسىز قېقىلىپ قالدى. سائادەت ئورنىدىن ناھايىتى ئىتتىكلا تۇردى ۋە ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىۋىدى، ئايىمنىسا توسۇپ قويدى.

— ھە، نەگە ئالدىرايسەن؟ بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردىكى ئەنسىزچىلىكنى بىلمەيۋاتامسەن؟ سىرتتا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ بىرقانچە كۈن بولدى، كوچىغا چىققان ئادەملەر سۈرۈشتە قىلىنمايلا تۇتۇپ كېتىلىۋاتىدۇ.

سائادەتنىڭ قەدەملىرى توختاپ قالدى. شۇ چاغدا ئىشىك قايتا قېقىلىپ بىرسىنىڭ ھاسىرىغان، ھۆمۈدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئايىمنىسا ئىشىككە يېقىن بېرىپ يوچۇقتىن قارىدى، تونۇشلا بىرىنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ ئىتتىك ئىشىكنى ئاچتى، سىرتتىن بىرسى ئۇقتەك ئېتىلىپ ھويلىغا كىردى، بۇ گۈلنىسا ئىدى. ئۇ ئىتتىك كىرىپلا سائادەتنى قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۈنسىز ئىغا:

— سائادەت، تېز قېچىپ كەت. يىغىلىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى تونۇگۈن تۇتۇپ كېتىلدى. بىر - ئىككى كۈن بولدى، پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭنىڭ بىرقانچە ئەسكىرى ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. شۇڭا، مەن سىرتقا چىقىپ خەۋەر يەتكۈزەلمىدىم. چاپسان بول، تاغاڭنىڭ ئۆيىگە كەتكىن.

— قاچساق بىللە قاچىمىز، نېمىشقا مەن سېنى تاشلاپ كەتكۈدەكمەن.

— گېپىمنى ئاڭلا، ئارقامدا ئادەم بار، بولمىسا ھەر ئىككىمىز تۇتۇلۇپ قالىمىز.

گۈلنىسا ئىشىك ئالدىغا چىقىۋىدى، پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى

ئەسكەرنىڭ ئارقىسىدىن ئانىسىنىڭ ھاسراپ-ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلى-ۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ سائادەتكە بىرەر خىيىمخەتەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىچىپ كېتىۋاتقانىدا، ئالدىدىن ئىككى ئەسكەر چىقىپ توختۇۋالدى، ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەرمۇ كەلدى. شۇ ئارىدا 5—6 ئەسكەر پەيدا بولدى، گۈلنىسانىڭ ئانىسىمۇ يېتىپ كەلدى ۋە قىزنىغا ئېسىلدى. بىر ئەسكەر مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن موماينىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇۋىدى، موماي كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى-دە، يەردە يېتىپ قالدى. ئىككى ئەسكەر قىزنىڭ بىلىكىدىن دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ماڭدى. موماي تامنى تۇتۇپ قوپۇپ مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ توۋلىدى:

— قىزىم، مېنىڭ قىزىمنى نېمىشقا تۇتىسەن، مېنىڭ قىزىمنى قويۇۋېتىڭلار!

گۈلنىسا قايرىلىپ ئانىسىغا ۋارقىرىدى:

— جېنىم ئانا، قايتىپ كەت، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!

گۈلنىسا ئەسكەرلەرنىڭ سۆرىگىنىگە بوي بەرمەي، پۇتىنى تامغا تىرەپ سۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئانا مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ ئاران دېگەندە قىزنىغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتى. بىر ئەسكەر پۇتىدىكى قاتتىق ئۆتۈك بىلەن موماينى بىرنى تەپتى-دە، بىرنېمىلەرنى دەپ تىللىغىنىچە گۈلنىسانى سۆرىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئاچچىق ئىڭرىشىغا چىداپ تۇرالمىدى-دە، پۇتۇن كۈچىنى ئىككى قولىغا يىغىپ بىرلا سىلكىنىپ ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى. ئەسكەر مىلتىقىنىڭ قوندىقى بىلەن ئۇنى ئالدىغا ئىتتەردى. قىز تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، بىردىنلا ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ ھېلىقى ئەسكەرنىڭ جاي يېرىگە كۈچەپ بىرنى تەپتى، ئەسكەر ئۆكدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى-دە، ئىككى پۇملاپ يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە تىقىلىپ قالدى، قولىدىكى مىلتىق قاڭقىپ بېرىپ نېرىغا چۈشتى. قىز چاپسان بېرىپ يەنە بىر ئەسكەرنى مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن بېشىغا بىرنى قويۇۋىدى، ئۇمۇ ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ مىلتىقنى تاشلاپ، يۈگۈرگەن پېتى ئانىسىغا ئېتىلدى

ۋە ئانىسىنى سىلكىدى:

— ئانا، ئانا!— دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. بىراق، ئانىسىنىڭ ئاغزىـدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك كېلىپ ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. قىز ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. توساتتىن كوچىغا بىرقانچە ئەسكەر پەيدا بولۇپ قىزنى قورشىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ يىقىتتى ھەم دەسسەپ كېتىشتى، گۈلنىسا ھوشىدىن كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قاتتىق ئازاب ۋە خورلۇق ھېس قىلدى. ھېلىقى ئەسكەر ئۇنى يەنە سۆرىدى، تارتقۇچلىدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن پاكار بوي ئەسكەر ئاچچىقىغا پايلىماي مومايغا قارىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزدى. موماي تولغىنىپلا يىقىلدى، ئۇ جان ئۈزگەن ئىدى.

ھايال ئۆتمەي سەت چىرقىراپ، گومىنداڭنىڭ ئادەم تۇتىدىغان ئاپتوموبىلى كوچا ئاغزىدا پەيدا بولدى. ئەسكەرلەر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ كوچا ئېغىزىنى قورشىۋىدى، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلغان يامغۇردەك ئوقلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلار بىرپەس قاتتىق ئېتىشتى، ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسى يەر چىشلىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە گومىنداڭنىڭ ئادەم تۇتىدىغان ئاپتوموبىلمۇ كۆيىدۇرۇۋېتىلدى. تىجارەتچىلەر دۇكانلىرىنى تاقاشقا ئۈلگۈرمەي، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشتى. ئىككى تەرەپ ئېتىشقاندا، كوچىنىڭ بىر چېتىدە ھوشسىز ياتقان گۈلنىسا ئەمدى ئاستا ھوشىغا كەلدى. شەھەر ئەتراپىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، تولىمۇ ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. گومىنداڭنىڭ ئادەم تۇتىدىغان ئاپتوموبىلى قارا تۈتەك چىقىرىپ كۆيۈپ سەتلىشىپ كەتكەن ئىدى. گۈلنىسا ھوشىغا كېلىپ بۇ رېئاللىققا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ھېلىلا بىرسىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئويلاپ ئەتراپقا قاراپ تەلمۈرگەن ئىدى. ھازىر توساتتىن ئاسماندىن چۈشكەندەك نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ پارتىزانلارنىڭ قورالLANغان قوشۇنى ئىكەنلىكىنى ئۇ تېخىچە بىلمەيتتى. گۈلنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان باتۇرلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ ئەتراپقا قارىۋىدى،

ھېلى تېخى قاتتىق ئېتىشىش بولغاندا قېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر قىسىم دۇكاندارلار مۆكۈۋالغان جايلىرىدىن كوچىغا چىقتى.

يولنىڭ بىر چېتىدە گۈلنىسا ئانىسىنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇردى. ھايال ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قېشىغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلىشتى. شۇ چاغدا يەنە كوچىنى گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى قاپلاپ كەتتى. ئۇلار ھەممە يەردە قىسرلاپ يۈرۈپ، گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى تۇتۇپ كەتتى. گۈلنىسانىڭ داد ـ پەرياد قىلىشىغا قارىماي ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتتى.

3

گۈلنىسا قاراڭغۇ، زەي كامېردا يېتىپ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ پېچان ئۈستىدە قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ رۇجەككە قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى...

گۈلنىسا بىرنەچچەيلەن بىلەن بىللە ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ئىشىك قېقىلىپ قالدى:

— كىم؟

— مەن.

گۈلنىسا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۆيگە تۇرغۇن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيگە يەنە كىبىر، زاھىت قاتارلىقلار كىرىپ كېلىشتى. ئۆي ئىچى بىردەمدىلا كىرگەنلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتتى. تۇرغۇن گۈلنىسانىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى بولۇپ، دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى. بارات تۇرمىدىن قېچىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ئىدى. ئۇ بىكار ۋاقىت تاپسىلا تۇرغۇن ئەپەندىنى تېپىپ، ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى سوراپ تېگى ـ تەكتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. ئۇلار مانا شۇنداق يىغىلغان ۋاقىتلاردا ئىنقىلاب ۋە ئازادلىق توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى. تۇرغۇن ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى

يىغىلىشتىن خەۋىرى بولغاچقا، بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ نىلقىغا بېرىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ تولىمۇ خۇشال بولدى، شۇڭا ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

— ھازىر گومىنداڭنىڭ خەلققە سىلىۋاتقان زۇلمى ئېغىرلاشقانسېرى نارازىلىق، قارشىلىق شۇنچە كۈچىيىۋاتىدۇ. ئاز كۈنگە قالماي گومىنداڭ ھاكىمىيىتى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ.

— شۇنداق،— دېدى كىبىر،— ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان - ياسىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت بىر ھەسسە سېلىق چاچسا، بۇ يەردىكى غالچىلار ئىككى ھەسسە قىلىپ ئېلىۋاتىدۇ.

— دېھقانلىرىمۇ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى. مانچىلىك سېلىق كەلدى دېسە، شۇنچىلىك بېرىدىغان ئەھۋال ئۆزگەردى. مەن بىرقانچە دېھقانلارنىڭ ئالۋان يىغقىلى كەلگەن ئەللىكبېشى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ تاكاللاشقانلىقىنى كۆردۈم، ھازىر ئۇلار قورقماس بولۇپ كېتىپتۇ.

— تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ،— دېدى زاھىت ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئارىلىشىپ،— زۇلۇم قانچىلىك كۈچەيسە، زۇلۇمغا بولغان قارشىلىق شۇنچە كۈچىيىدىغان گەپ. ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسى خەلقنى قورقۇتالمايدۇ.

— شۇنداق،— دېدى تۇرغۇن ئەپەندى،— بىز يىمىرىلمەس كۈچ بولۇپ ئۇيۇشساقلا، ھېچقانداق نەرسىدىن قورقمايمىز. ھازىر ۋەزىيەت تەقەززاسى بىزنى كۈرەشكە چاقىرىۋاتىدۇ،— تۇرغۇن ئەپەندى سۆزلەۋېتىپ قارا چىراغ يورۇقىدا ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا سەپسالدى. سائادەت، گۈلنىسا، كىبىر، زاھىت خۇددى تەقەززالىق بىلەن بىر ئىشنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بۇيرۇق بەرسىلا جەڭگە كىرىدىغان جەڭچىلەردەك يۈرەك - باغرى دولقۇنلاپ تېشىپ تۇرۇشاتتى.

— قانداق، نىلقىغا بېرىپ پارتىزانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا ئىشەنچىڭلار بارمۇ؟ قېنى سائادەت، گۈلنىسا سىلەرنىڭچۇ؟

— ئازادلىق ئۈچۈن، گومىنداڭ جاللاتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا،— دېدى تەڭلا ئۇلار ياڭراق ئاۋاز بىلەن.

تۈن يېرىملاشقاندا شەھەردىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ بىر گۇرۇپپىسى مۇشۇ ئۆيدە مەخپىي قۇرۇلدى. ئۇلار ئەمدى ئازادلىق ئۈچۈن، ئۇلۇغ مەقسەت، ئۇلۇغ نىشان يولىدا ۋەتەننى، مىللەتنى زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى تەقدىم قىلىدىغان ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئىدى...

گۈلنىسا گويا قەپەستىكى قۇش كۆككە ئىنتىلگەندەك ئەركىن هاياتقا تەلپۈنەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كېچىدىكى كىشى قەلبىنى هاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ كۆڭۈللۈك يىغىلىشنى ئويلاپ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ هاسىل قىلاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆستەڭ بويىدا سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان بارات بىلەن سائادەت كەلدى، ئۇلارنى چىن قەلبىدىن سېغىندى. هەممە ياق جىمجىت، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئەنسىز قاۋايدىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازى، كۆمۈرگە ماڭغان هارۋىكەشلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى ئاڭلانمايتتى. پەقەت گۈندىپايلارنىڭ يۆتەلگەن، پۈشۈلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا توخۇلار كېچىنىڭ باغرىنى يېرىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قىچقىرىپ، تاڭ شەپىسىدىن دېرەك بەردى.

كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى، كالتە ـ كالتە يۆتەلگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، كامېر ئىشىكى شاراقلاپ ئېچىلىپ، گۈندىپاينىڭ خىرقىرىماچ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گۈلنىسا، بۇياققا چىق!

گۈلنىسا تامنى تۇتۇپ قوپۇپ ئىشىككە يېقىنلاشقاندا، ئىككى ساقچى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئىلگىرىكى سوراقخانىغا كىرمىدى، ساقچىلار ئۇنى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ساقچى باشلىقى قانداقتۇر بىر مۇهىم ئىش ئۈستىدە ئويلانغاندەك، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ساقچىلار چىقىپ كەتتى. ساقچى باشلىقى يېنىك قەدەم بىلەن گۈلنىساغا يېقىنلاشتى، بىر جايىدا تۇرماي ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، تەلەتىنى ئۆزگەرتىپ سورىدى:

— سلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلاتىڭلار بارمۇ؟
— بىلمەيمەن.
— باشلىقىڭلار كىم؟
— بىلمەيمەن.
ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. گۈلنىسادىن ھېچقانداق جاۋاب چىقمىدى. ساقچى باشلىقى خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى:
— چىرايلىق قىز، تۈرمىدىكى كۈنلىرىڭىزگە ئېچىنامسىز؟ سىزنى بۇ جايدا قىيىن - قىستاققا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. باشقىنى قويۇپ، ئۆزىڭىز بىلىدىغان ئىشلار ياكى پارتىزانلار تەشكىلاتى توغرىسىدا سۆزلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
— مەن «پارتىزان»، «تەشكىلات» دېگەن نېمىلەرنى بىلمەيمەن، — دېدى گۈلنىسا ساقچى باشلىقىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ.
ساقچى باشلىقى ئەمدى بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ، گۈلنىسانىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى:
— ئىقرار قىلمىساڭ، ئېتىپ تاشلايمەن!
گۈلنىسا ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي تەتۈر قارىۋالدى. ساقچى باشلىقى قىلغان ھەيۋىلىرىنىڭ كارغا يارىمىغانلىقىنى سېزىپ، ئادەم چاقىردى. سىرتتىن ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى. ساقچى باشلىقى ئىشارەت قىلىۋىدى، ئىككى ساقچى گۈلنىسانى قولىدىن سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## 4

گۈلنىسا بىرقانچە قېتىملىق سوراقتا دۇچ كەلدى، سوراقلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل قېلىپتا بىردەم يۇمشاق، بىردەم قاتتىق، ئالداش، قىيىن - قىستاققا ئېلىش بىلەن ئاياغلاشتى. ھەر قېتىم سوراق قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىرادىسى بىر قېتىم چىڭىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە

قارشى چەكسىز ئۆچمەنلىك قوزغىلاتتى، ئىنقىلابقا بولغان ئىرادىسى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ باراتتى.

بىر كۈنى گۈلنىسا تۈرمە هويلىسىغا ئېلىپ چىقىلدى. مەهبۇسلارنى تۈرمە هويلىسىغا ئاچىقىش هەر هەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم بولاتتى. ئۇ باشقا تۈرمداشلىرى بىلەن هويلا ئايلىنىۋاتقاندا، تۇرغۇن ئەپەندىنى كۆردى. بۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. تۇرغۇن ئەپەندى ئۇنىڭغا باش ئىشارىتى قىلىپ، بىر باغاقچىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. كۆزەتچى ئەسكەرلەر مەهبۇسلارنى تۈرمىگە كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلىپ هەيدەۋاتقاندا، گۈلنىسا باغاقچىنى يەردىن ئېلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تەمكىن قىياپەتتە تۈرمىگە كىرىپ تەقەززالىق ئىچىدە خەتنى ئاچتى، خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«قەدىرلىك گۈلنىسا، تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈش پۇرستىگە ئېرىشەلمىدۇق. بىزنى بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلىپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىشتى. بىز ‹بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ ئۆزئارا پاراڭلاشتۇق› دېگەندىن باشقا جاۋاب بەرمىدۇق. بىزنى ئۇرۇپ - قىيناپ، هەتتا ئايرىم ئۆيگە سولاپ سوراق قىلىپمۇ باشقا جاۋابقا ئېرىشەلمىدى.

گۈلنىسا، ئادەم دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىكەن، ئۇنىڭ بېشىدا ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈم بار. ئىنسان دۇنياغا كېلىپ ئەرزىگۈدەك بىر ئىش قىلىپ ئۆلسە، مۇبادا ئۇ باي ياكى نامرات، ياش ياكى قېرى بولسۇن، مەنىلىك ئىش قىلىپ ئۆلسىلا خەلق ئۇنى ياد ئېتىدۇ. تۇغقان ئانىسى، ئەل - يۇرتمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. شۇڭا، سىزنىڭ قەيسەر بولۇشىڭىزنى، ۋاقىتلىق ئازاب - ئوقۇبەتتىن زارلانماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئۈمىدلىك بولۇڭ، هەرگىز بوشىشىپ كەتمەڭ. ئەگەر تۈرمىدىن چىقىپ قالسىڭىز چوقۇم بارات بىلەن سائادەتنى ئىزدەپ تېپىڭ، سىز بۇ يەردە تۇرماي ئىلىقىغا كېتىڭ. ئەگەر مەن تۈرمىدىن چىقالماي قالسام، ئاچىڭىزغا

ئېيتسپ قويۇڭ، ھەرگىزمۇ ئازابلانمسۇن.
خەير - خوش، سىزگە بەخت تىلەيمەن».

گۈلنىسا خەتنى ئوقۇپ بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. تۇرغۇن ئەپەندىنىڭ ئىرادىلىك يىگىت ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدى چۈشىنىپ يەتتى. ئاچىسىنىڭمۇ مۇشۇنداق جاسارەتلىك يىگىت بىلەن توي قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

گۈلنىسا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، خىيال سۈرۈپ ئۇخلاپ يېتىپ چۈش كۆردى. چۈشىدە سوراقچىلار يەنە سوراق قىلدى، ئۇ سوراقچىلارنى تىللىدى، يۈزلىرىگە تۈكۈردى. ئاخىر بولمىغاندا ئۇنى قىيناققا ئالدى، ئىككى قولىنى تورۇسقا ئاستى. گۇندىپايلار ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى. توساتتىن ئۇنىڭ ئاستىدا ئىس پۇركۈپ ياتقان ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن شارقىراپ قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئەجدىھانىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغان تۆمۈر كىيىملىك ئادەم گۈلنىساغا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ قولىنى ئۇزىتا - ئۇزاتماستىن ھودۇقۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، ئۆز چۈشىنى ئۆزى تەبىرلىدى، «ئەجدىھا تۈرمە، تۆمۈر كىيىملىك ئادەم مېنى قۇتقۇزغۇچى شاپائەتچى...»

گۈلنىسا ئويغىنىپ كەتكەندە، تۈرمىنىڭ پەنجىرىسىدىن خانە ئىچىگە قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ قۇياشنىڭ شولىسىغا خۇشاللىق بىلەن قارىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىشىك قۇلۇپىنىڭ شىرىقلىشى ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزدى، «يەنە شۇ تۈگىمەس سوراق». تۈرمىنىڭ ئىچىگە گۇندىپاي بىلەن ئىككى ساقچى كىردى.

— گۈلنىسا دېگەن سەن بولامسەن؟

— ھەئە، مەن.

— سەن ئەمدى ئازادلىققا چىقتىڭ،— دېدى ساقچى ئۇنىڭغا تىكىلىپ،— ھازىر چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

گۈلنىسانىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، ۋۇجۇدىغا خۇشاللىق تېپىپ،

كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. قىرى ساقچى گۈلنىسانىڭ قولىغا گۇۋاھنامە بەردى. تۈرمىگە سولانغاندا تۆت كىشى بىللە ئىدى، ئەمدى يالغۇز قايتىپ چىققان گۈلنىسا گۇندىپاي ۋە تۈرمىداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، تۈرمىنىڭ ئىككىنچى ھويلىسىغا چىققاندا، ئاچىسى بىلەن سائادەتنى كۆرۈپ قالدى.

— ئەسسالام ئاچا، سائادەت.

گۈلنىسا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىپ كۆرۈشتى. ئۈچەيلەن تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىققاندا، ئىللىق شامال گۈلنىسانىڭ پاخپايغان چاچلىرىنى، سارغايغان يۈزىنى يۇمشاق سىيپاپ، قەلبىگە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلىدى. ئۇ ئۆزىنى دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك سېزىپ، ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن زوقلىنىپ نەپەس ئالدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقلارنىڭ قىرغىقىدىكى يېشىل مايسىلار سولاشقان، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ سارغايغان ئىدى.

× × ×

سەدىردىنىنىڭ تۈرمىگە كىرگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. كامېر ئىچىدە كۆزى سەل ئۇيقۇغا كەتكەن سەدىردىن ئويغىنىپ، بېشىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ پەنجىرىدىن كىرگەن سوغۇق شامالنىڭ بويۇن، مەڭزىلىرىنى سىيلاپ، ئاق كىرىشكە باشلىغان چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈشىنى تۇيۇپ ياتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرگەن چاشقانلارنىڭ ئەنسىز ۋىچىرلىشى ئاڭلىنىپ، بۇرنىغا بۇلۇڭدىكى تەرەت تۇڭىدىن سېسىق بەتبۇي كېلىپ ئۇرۇلدى. شۇ چاغدا تۈرمە ھويلىسىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. «يەنە بىرسى مېنى يوقلاپ كەلدىمىكىن؟ ياق، تېخى تاڭ ئاتمىدى، كىشىلەر تېخى ئورنىدىن تۇرمىغاندۇ؟ بەلكىم ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقاندۇ».

سەدىردىنىڭ بۈگۈن كېچىدىكى ئۇيقۇسى ھەقىقىي ئۇيقۇ ئەمەس، پەقەت ھېرىپ كەتكەن بەدەننىڭ چالا ئۇيقۇ ئارىسىدىكى

ئېزىلىپ يېتىشى ئىدى. بىرپەستىن كېيىن تاڭ ئاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈردى، چارچىغان بەدەن قوزغىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ كىچىككىنە يېتىۋېلىش غەرىزىدە ئورنىغا يانپاشلىدى ـ دە، كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە سائادەت پەيدا بولۇپ، قوللىرىنى دادىسىغا سۇندى، سەدىردىنمۇ قول ئۇزاتتى، ئەمما ئۇ سائادەتنىڭ قولىنى تۇتالمىدى، سائادەت كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللا پەيدا بولدى. ئۇ قولىدا خەنجەر تۇتقان هالدا «سېنىڭدىن قىساس ئالمىسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي» دەپ ئېتىلدى. سەدىردىن «كەل، چىلبۆرە، سېنىڭدىن ئىنتىقام ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى. قىزىمنىڭ بەختىنى پايخان قىلدىڭ، ئەمدى مېنىڭ جېنىمغا قەست قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ساڭا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم» دېدى. سەدىردىننىڭ ئاۋازى تېشىغا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، كۆزەت قىلىۋاتقان گۇندىپاينى چۆچۈتۈپ قويدى.

— هە، نېمە ئىش؟— گۇندىپاي ئەنسىز ۋارقىراپ ئىشىكنى ئېچىپ كامېر ئىچىگە كىردى، بۇلۇڭدىكى پاخالغا چىرمىشىپ ياتقان سەدىردىننى پۇتىدا تېپىپ سورىدى،— نېمە بولدۇڭ؟!

سەدىردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بېشىدا تۇرغان گۇندىپايغا كۆز تىكتى، ئاندىن ئېسىنى يىغىپ: «جۆيلۈپ تاشلاپتىمەن» دېدى. گۇندىپاي غوتۇلدىغىنىچە چىقىپ كەتتى. سەدىردىن شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى سېزىپ ئەس ـ هوشىنى يىغىۋالدى. قوزا چۈش ۋاقتى بىلەن ئىككى ئەسكەر سەدىردىننى سوراقخانىغا ئېلىپ ماڭدى. سوراقخانا تولىمۇ سۇرلۇك بولۇپ، سوراقچى سەدىردىنگە هومىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ سەدىردىننىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، ئاۋازىغا سىرلىق تۇس بېرىپ ئېيتتى:

— ئادەم ئۆلتۈرۈشتىكى دەلىل ـ پاكىتلار ئېنىق بولغاچقا، كېڭەشمە سوت ساڭا مۇددەتلىك 12 يىللىق قاماق جازاسى هۆكۈم قىلدى. مانا بۇ، سېنىڭ هۆكۈم قەغىزىڭ،— دېدى سوتچى هۆكۈم قەغىزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

سەدىردىن چۆچۈگەندەك، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئورنىدىن يېرىم قوپۇپ، تىترىگەن هالدا نارازىلىق بىلدۈردى:

— بۇ هۆكۈم ئادىل بولماپتۇ. ئابدۇللا قىزىمنى ئۆيدىن بۇلاپ كەتتى. مەن قىزىمغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئۇ بۇلاڭچىنى قورقۇتۇش مەقسىتىدە، قولۇمدىكى كالتەكنى شىلتىدىم. مېنىڭ قىلغىنىم يوللۇق قوغدىنىش. ئەپسۇس، كالتەك بېشىغا تېگىپ ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش مەقسىتىم يوق.

— بىز بۇنى بىلىمىز، شۇڭا ساڭا يەڭگىل جازا هۆكۈم قىلدۇق. بولمىسا ئېغىر جازا هۆكۈم قىلاتتۇق،— دېدى سوتچى.

سەدىردىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى سېلىپ كەتتى، هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەنە ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ گەپ قىلالمىدى.

— شۇنداق،— دېدى سوتچى،— جىنايى پاكىتلىرىڭ ئېنىق، جىنايەتتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرالمايسەن. بىزمۇ پاكىتقا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلدۇق. ئابدۇللانىڭ ئۆيۈڭگە باستۇرۇپ كىرىپ قىزىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى چوڭ گۇناھ هېسابلانمىغان بولسا، سېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇناهىڭ ئۆچۈن ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان بولاتتىڭ،— سوتچى ئالدىدىكى ماتېرىيالنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ساقچىلار سەدىردىننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## تاغ ئارىسىدا

### 1

تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىر چېتى چىغىر يولغا تۇتىشىدىغان جايدا پارتىزان ئەترەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. 45 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، قارا قاش، قوي كۆزلۈك، چىرايلىق بۇرۇت قويغان، بەستلىك، قارىماققا جاپا - مېھنەت سەندىلىدە سوقۇلغان ئەمگەكچى پەرزەنتى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان زايىتوپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— كۆپچىلىك، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قوشۇنىمىز زورىيىپ بىرنەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇنغا ئايلاندۇق. بىزنىڭ بۇ يەرگە توپلىنىشىمىزدىكى مەقسەت — مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئەركىنلىك، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئازاب چەككەن خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان باللىرى بولغاچقا، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ قانداق تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. ئاتا - ئاناڭلارمۇ سىلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئورۇشىغا قاتنىشىشىڭلارغا قوشۇلغان. ئۇنداق بولغانكەن، چوقۇم غەيرىتىمىزنى ئاشۇرۇپ دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، مەقسىتىمىزگە يېتىشىمىز لازىم. بىزنىڭ يۈكىمىز ئېغىر، سەپىرىمىز مۈشكۈل. بىز دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش

ئۈچۈن توپلانغان ئىكەنمىز، ئىرادىمىز كۈچلۈك بولۇشى، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان روھ بولۇشى لازىم. ھازىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆزى نىلقىغا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمدى بىخ ئۇرۇپ چىققان، يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتىنى بىر يوللا يوقاتماقچى. بىز ھوشيار بولۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قوشۇنىمىزنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، دۈشمەننىڭ خام خىيالىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىمىز لازىم.

يىغىن داۋاملىشىۋاتاتتى، گورۇپپا باشلىقلىرى زايىتوپىنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمدىلا 18 ياشقا توشقان، بەزىلىرى 40 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، ھەققانىيەت، ئادالەت يولىدا بۇ يەرگە توپلانغان ئىدى. گېزىت قەغىزىگە ئورالغان تاماكىلاردىن چىققان قويۇق ئىس ئۆڭكۆرنىڭ ئىچىگە تولۇپ، چىراغ يورۇقىنى خىرەلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

زايىتوپ يەنە بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا توختالدى.

— ھازىر بىزنىڭ كۈچىمىز ئاجىز، كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىزانلىق ئۇرۇشى دېگىنىمىز، بىر ئورۇندا ئاز تۇرۇش، قىسقا دەم ئېلىش، كۈتۈلمىگەن جايدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىش. مانا بۇ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇسۇلى. قېنى قۇربانباي، سەن سۆزلەپ باقە،— دېدى زايىتوپ،— سوپىتاي، قاراسۇلاردىكى كۈچلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

باشقا گورۇپپا باشلىقلىرى قۇربانبايغا قاراشتى.

— ھازىر بۇ ئورۇننىڭ ئادەملىرى ئاز، قورال - ياراغ يېتىشمەيدۇ. شۇڭا، ئادەم كۈچىنى كۆپەيتىپ، دۈشمەننىڭ نىلقىغا بېسىپ كىرىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىشىمىز لازىم.

— توغرا، بۇ ئورۇننىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمىسەك بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنتىزامنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پولاتتەك ئىنتىزام بولغاندا، نىشانلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ھەممىمىز بۇنىڭدىن

كېيىنكى جەڭلەردە ئىنتىزامغا بويسۇنۇشىمىز، بۇيرۇققا چوقۇم ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم.

نىلقا تاغلىرىغا توپلانغان پارتىزانلار كۈندىن - كۈنگە ئۆلغىيىپ بىرقانچە چوڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ ئۇرۇش تەييارلىقى قىلماقتا ئىدى. تۈنۈگۈن كېچە قوماندانلىق شتابتا ئېچىلغان يىغىنىڭ روھىنى زايىتوپ ئاخىرىدا پارتىزانلار گۇرۇپپا مەسئۇللىرىغا يەتكۈزدى. بۇ يىغىندا قانداق قىلىپ كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، رازۋېدكا قىلىشنى كۈچەيتىش، قورال - ياراغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش، ئوزۇق - تۈلۈك، ئىنتىزام مەسىلىسى قاتارلىقلارنى قوماندانلىق شتابىنىڭ يىغىن روھىغا بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلدى. گۇرۇپپا باشلىقلىرى ھەرقايسىسى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بەستىدىن باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك ئەترەت كوماندىرى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىز پارتىزانلار ھەر تەرەپتىن يىغىلغان بولغاچقا، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىمىز كەمچىل. ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قورال - ياراغ بولمىسا بولمايدۇ. قورال - ياراغ بولغان بىلەنمۇ توغرا نىشان بىلەن جەڭ قىلمىسا چوقۇم غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئەترەت بىردىن رازۋېدكا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتىزانلىق ئۇرۇشتا رازۋېدكا — غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن ئەھۋالىنى بەش قولدەك چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭدا نېمىگە تايىنىمىز؟ ئەلۋەتتە رازۋېدكىغا تايىنىمىز. رازۋېدكىچىلىرىمىز ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن كۆپچىلىككە تايانغاندا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ، ئۇرۇشتا غەلىبە قولغا كېلىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق،— دېدى زايىتوپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ،— بۇ يەكۈن ناھايىتى جايىدا بولدى. مۇشۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بارساق، جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلماي قالمايمىز.

× × ×

— قېنى سۆزلىگىن، قانداق خۇش خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ، قېرىنداشلار تىنچلىقمۇ؟ مەگزىڭنىڭ ئاناردەك قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا گۆشنى تولا يەپ چىشىڭ سىيسىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، — دېدى زايىتوپ باراتقا چاقچاق قىلىپ.

بارات ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى تولۇق جاۋاب بەردى.

— قېرىنداشلار تىنچلىق، تاغلىقلار سىزگە سالام ئېيتتى، سالمان قازاق بىزنى بەك ياخشى كۈتۈۋالدى. بىز بارغان كۈنى ئۇ كۈچلۈك يىگىتلەردىن 100 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، ھەربىي مەشىقتىن تەلىم بېرىۋاتقان ئىكەن. بىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ھەربىي مەشىقتىن كېيىن بىزنى قوي سويۇپ مېھمان قىلدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن قوشۇنىمىزنى قانداق كۈچەيتىش ۋە قانداق جەڭ قىلىش توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ: «كۆپچىلىككە يۆلەنگەندىلا، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىكەن ھەم ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پايدىسى زور ئىكەن، بىز مالچىلارنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن داۋاندا بىر ئاپتوموبىل ئوق - دورىنى ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈردۇق. گومىنداڭنىڭ ئىلىغا يۆتكىگەن قورال - ياراغ، ئوق - دورا، كىيىم - كېچەكلىرى بېسىلغان ئاپتوموبىلنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەممىمىز ئۇخلىمىدۇق. تۈن يېرىم بولغاندا تاي - تايلاپ يۈك بېسىلغان ئاپتوموبىللار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىۋەردى. بىز داۋاندا مۆكۈپ يېتىپ بىر ئاپتوموبىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق.

مالچىلار بىزگە مۇنداق ئاپتوموبىلدا چوقۇم ئوق - دورا بار دېيىدى، ئىككىنچى ئاپتوموبىلنى توسۇپ بىرھازا ئېتىشىپ ئۇنى قولغا چۈشۈردۇق. راست دېگەندەك، يۈكنىڭ ئاستىدىن قورال - ياراغ بىلەن ئوق - دورا چىقتى. قالغان ئىككى ئاپتوموبىل ئارقىسىغا يېنىمەن دەپ داۋاندىن غۇلاپ چۈشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىساق، ئۇنىڭدىمۇ قورال - ياراغ

بىلەن ئوق - دورا بار ئىكەن، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى نىمجان بولۇپ قاپتۇ. بىز كۆپ ئولجىغا ئىگە بولدۇق، قورال-ياراغ، ئوق - دورىدىن غېمىمىز يوق. ئەمدى ھازىر بولغان ئادەم كۆچىنى 500گە يەتكۈزىمىز. سىلەرگە كېرەكلىك ئوق - دورا، قورال - ياراغ، سەپەرگە كېرەكلىك ئاتلارنى تولۇقلاپ بېرىمىز» دەپ ۋەدە قىلدى ھەمدە سىزگە بۇ توغرۇلۇق خەت يېزىپ يوللىدى،— دېدى بارات ياغلىقتا ئورالغان سۇت قەغىزىگە يېزىلغان چىرايلىق قاتلانغان خەتنى ئېلىپ زايىتوپنىڭ ئالدىدا قويدى. زايىتوپ ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۈن - تىنسىز خەت ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى خەتكە كۆز يۈگۈرتكەندە، پېشانىسىدىكى چىبەرقۇت تالاسىدەك قورۇقلار بىردىنلا يوقىلىپ، چېھرىگە شادلىق تېپىپ، لەۋلىرى كۈلۈمسىرىدى. زايىتوپ خەتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ، ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ بۇ ياردىمى بىز ئۈچۈن چوڭ مەدەت بولىدىغان بولدى. مۇنداق چوڭ ياردەم بولسا ئىلقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن جاسارىتىمىز بىلەن غۇلجا شەھىرىگە بۆسۈپ كىرىپ گومىنداڭنى تىترىتىپ، ھايات تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى يۇلۇۋالىمىز.

ھەر تەرەپتىن كەلگەن يىگىتلەر، تونۇش - بىلىشلەر، ئاكا - ئۇكا، مەھەللە - كويلار توپقا قوشۇلغان كۈندىكى بۇ زور خۇشاللىق كۈندە ھاياجاندىن بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئەتىگەندىن بېرى پارتىزانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بىر توپ يىگىتلەرگە زايىتوپ تېخى ئۇچۇق جاۋاب بەرمىگەن ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن قاراپ تۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئاخىرقى تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدى.

— بولىدۇ يىگىتلەر، «توپ توپقا يىقىلار، يالغۇز ئازغالغا» دەپتىكەن، قوشۇنغا كىرىش تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلدىم، بىراق قوشۇنىمىز نامرات، ئەمگەكچى خەلق پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان، قىيىنچىلىق كۆپ، بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟

دوغىلاقنىا كەلگەن بىر يىگىت ھەممەيلەنگەن ۋاكالىتەن:
— بىزمۇ كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى، قوشۇنغا كىرگەندىن كېيىن ھەممىمىز ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشايمىز. تىرىكلا بولساق بىر يەردە بولىمىز. ئۆلسەك بىر گۆردە ياتىمىز. كۆپىنىڭ كۈچى كۆپ، ھەممىمىز ئۇيۇشساقلا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.
زايىتوپ يىگىتلەرگە بۇيرۇق قىلدى:
— ئۇنداق بولسا كاتىپقا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇڭلار!

2

كەچقۇرۇن بارات زايىتوپ بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى. زايىتوپ باراتقا پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، يەنە ئىلقا قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى قىلىپ بەردى.
ئىلقا دېگەن مانا مۇشۇنداق چىرايلىق بىر يۇرت، دەريالىرى، تاغلىرى، يايلاقلىرى بەكمۇ گۈزەل، ئۇنىڭ شىمالىدا پولوكنۇر، شەرقىدە ئاۋرال تېغى بار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاش دەرياسى شەرقتىن غەربكە ئېقىپ ئىلى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دۈشمەن كۆپلەپ ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ، بۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ غۇلجىدىكى ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالماقچى. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپرەك، دۈشمەننىڭ ئىلقىنى بازا قىلىش پىلانىمۇ بۇ يەرنى ساقلىماق ئاسان، ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش تەس بولغانلىقى ئۈچۈن. ئىلقا دېگەن بۇ جايدا ئۇرۇش قىلىش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ.
ھازىر شىبىڭ شىسەي بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەدېسلا خەلققە ئېغىر ئالۋان - ياساق سېلىپ پۇقرانىڭ ئۆھ، دېگۈچىلىكىنى قويمىدى، ئىلقا قوزغىلىڭى يەنىلا پۇقرالارغا قويۇلغان ئالۋان - ياساقنىڭ كۆپلۈكىدىن باشلانغان. جاللات شىبىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن شىنجاڭنى يۇتۇپ كېتىش غەرىزىدە ئارقا -

ـدىن ئالۋان سالدى، 1943- يىل 10- ئايدا ھەربىيلەر ئۈچۈن ئات ئىئانە قىلىشقا زورلىدى. ئۇ چاغدا يۇقرادا ئات سېتىۋالغۇدەك پۇل نەدە بولسۇن، ئېتى يوقلارغا «بازاردىكى ئاتنىڭ نەرخىدىن بىر ھەسسە كۆپ پۇل تاپشۇرسەن» دېيىدى، خەلق بۇ سېلىققا جان - جەھلى بىلەن قارشى چىقتى. قارشى چىققانلار تۈرمىگە تاشلاندى. خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت يۇقرىلارنى ھەقىقەتەن ھالىدىن كەتكۈزۈپ قويدى. زۇلۇم قانچە-لىك كۈچەيگەنسېرى، زۇلۇمغا قارشى كۈچمۇ شۇنچىلىك كۈچىيىدىكەن، ئات سېلىقىنى تۆلىيەلمەي تۈرمىگە تاشلانغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپە-يىشكە باشلىدى.

1944- يىل 7- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىلقا ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئات سېلىقى تۆلىيەلمەي تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئەكبەر تۈرمىدىن قېچىپ چىقتى. ئۇلار ئەكبەرنىڭ ئۆيەر - بۇيەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يەنە بىر ئىنىسى ناۋان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر ئەكبەرنىڭ پىكرى بويىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە سالغان زۇلمىغا قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا قورال بولمىسا ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇلار 8- ئايدا سوۋېت چېگرىسىغا كېلىپ فاتىخ مۇسلىموپ دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ بىر قىسىم قورال - ياراغ يۆتكەپ كەلدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا پارتىزان ئەترىتى تەشكىللىدى. شۇ چاغدا مەنمۇ ئاكتىپلىق بىلەن بۇ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشتىم. بىزنىڭ بۇ پارتىزانلىق قوشۇنىمىز دەسلەپتە بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ قوشۇنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قابىل يىگىتلەر ئىدى. ھەدېسىلا جەڭ قىلىشنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ تۇراتتى. بىراق، بىزنى باشقىلار توك سىملىرىنى ئۈزۈپ، كۆۋرۈك يوللارنى بۇزۇشقا بۇيرۇيتتى. دۈشمەن يولغا چىقىپ، يول يۈرەلمەي قالغان چاغلاردا ئاندىن دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرەتتۇق. قوشۇن كۈندىن - كۈنگە زورايدى.

8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلاستايدا ئاممىۋى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ

ئىشتىن ئەنسىرىگەن نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فىلىق يىجۇن 50تىن ئارتۇق ساقچىنى باشلاپ ئۇلاستايغا كېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى توسۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالماي، قايتىپ كېلەشىدە پارتىزانلارنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى. ھەي، ئاخىرى قانداق بولدى دېمەمسەن، پارتىزانلار بىلەن ساقچىلارنىڭ سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن ياردەمگە كېلىپ ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ياردار قىلىپ بىر قىسىم قورال-ياراغلارنى ئولجا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئېشىپ، غەيرىتى ئۇرغۇدى. ئۇلار كېيىنچە گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ساقچىلىرىغىمۇ ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم زەربە بېرىۋىدى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ ئولتۇرالماي قالدى، 9-ئاينىڭ 2- كۈنى دۇ دىنفۇنى قوزغىلاڭچى ئامىنى باستۇرۇشقا غۇلجىغا ئەۋەتتى.

9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى غۇلجا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۈگمىن بىر لېيەن ئەسكەر ۋە بىر قىسىم ساقچىلارنى باشلاپ ئۇلاستايغا كېلىپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنى يوقاتماقچى بولدى. بىراق، ئۇلارنىڭ خام خىيالى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇلاستاينىڭ جەنۇبىدىكى يۇملاق تاغقا قىلغان ھۇجۇمدا دۈشمەن يەنىلا ھالاك بولدى.

مازار جىلغىسىدىن ئاچال ئېغىزىغا كىرىپ پارتىزانلارنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىش يولىنى توسماقچى بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ پارتىزانلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ ھالىدىن كەتتى. پارتىزانلار مۇشۇ پۇرسەتتە مازار جىلغىسىنى ئىشغال قىلىپ، غۇلجا ناھىيە بازىرىدىن نىلقا ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان مۇھىم جاينى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 10-ئاينىڭ 5- كۈنى پارتىزانلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ نىلقا ناھىيە بازىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. نىلقىدىكى ھەر مىللەت ئامىسىنىڭ پارتىزانلارغا يېقىندىن ماسلىشىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا 10-ئاينىڭ 7- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن نىلقا ناھىيە بازىرى ئىشغال قىلىندى.

10- ئاينىڭ 9- كۈنى ئۇلاستاي پارتىزانلىرى نىلقا ناھىيىسىدە قايتا تەرتىپكە سېلىندى.
ئەكبەر بىلەن سىيىت قازاقلاردىن تەركىب تاپقان 1- چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، غېنى ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان 2- چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، شوتۇپ ئىۋان رۇسلاردىن تەركىب تاپقان 3- چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى بولدى. پارتىزانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ 800 دىن ئېشىپ كەتتى. مەنمۇ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشقىنىمغا بەك خۇشال ئىدىم، قوشۇن بارغانچە زورىيىپ قوشۇندىكى يىگىتلەرنىڭ غەيرىتىمۇ ئېشىپ كەتتى. بىز مازار جىلغىسى، سوپىتاي، قاراسۇلاردا كۆپ قېتىم جەڭ قىلىپ دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ھالاك قىلدۇق. پارتىزانلار قاراسۇدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش جېڭىدە ئەكبەر ئېغىر يارىلىنىپ 11- ئاينىڭ 10- كۈنى قۇربان بولدى. ھەممىمىز قان يىغلاپ ئۇنى دەپنە قىلدۇق، كېيىن مېنى تەشكىل ئۇلاستايدىكى پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتنىششقا يېڭىدىن كەلگەنلەرگە مەسئۇل قىلىپ بۇ يەرگە ئەۋەتتى. بۇ يەردىمۇ ئادەم سانىمىز ئۇلغىيىپ 500دىن ئاشتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىزنى يوقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان چارە - تەدبىرلەرنى قىلىۋىدى، ھەممىسى كارغا كەلمىدى. ھازىر قوشۇنىمىزدىكى يىگىتلەرنىڭ ئىرادىسى شۇنچىلىك كۈچلۈك، دۈشمەن قانداقمۇ پارتىزانلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرالىسۇن!
زايىتوپ سۆزىنى تۈگىتىپ، چوڭقۇر ئويغا پېتىپ جىمجىت ئولتۇرغان باراتنىڭ چىرايىغا قارىدى.
— قانداق، نىلقا پارتىزانلىرى غەيرەتلىكمىكەن؟
— غەيرەتلىكلا بولۇپ قالماي، بەك قەيسەركەن.
— جەڭ دېگەندە غەيرەت بولمىسا، دۈشمەننى يەڭگىلى بولمايدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەنمۇ دەسلەپتە پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشقاندا دۈشمەن بىلەن ئېلىشقاندا دۈشمەن قولىدا ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتىم، بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشقا قاتنىشىۋىدىم، غەيرىتىم ئۇرغۇپ، ئۆلۈم دېگەننى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ھازىر خەلق

ئۆچۈن ئىنقىلاب قىلىپ ئۆلۈشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىمەن.

— بارىكاللا، زايىتوپ ئاكا، سىزنىڭ كۆرەش ئىرادىڭىز بەكمۇ كۈچلۈككەن، ئاتا - ئانا، بالا - چاقىلىرىڭىز باردۇ؟

— بولمامدىغان،— دېدى ۋە ئۆز ئائىلىسى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

زايىتوپنىڭ پاراڭلىرى باراتقا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، ئىلقا پارتىزانلىرى توغرىسىدىكى پاراڭلاردىن ئۇنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا يايراپ كەتتى. زايىتوپنىڭ مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە ئاتا - ئانا، ئۆي - ماكان، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىنقىلاب ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، غۇلجا شەھىرىدىن ئىلقىغا كەلگەنلىكى ۋە بارلىقىنى خەلقنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقى باراتنى يەنە بىر چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

دېمىسىمۇ زايىتوپنىڭ 40 نەچچە يىللىق ھاياتى يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتتى. شۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولدى. ھەق بىلەن ناھەقنى تونۇپ يەتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ قەلبىدە ناھەقچىلىككە قارشى بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ كۆپ قېتىم ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلىدى. ئۇنىڭدا شۇنىڭدىن كېيىن زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى تۇرغاندا ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىق توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل بولدى. زۇلۇمغا پەقەت ئىنقىلاب بىلەن قارشى تۇرغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتنىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاددىي قائىدىلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئىلقىغا كېلىپ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشتى ۋە ئىنقىلاب ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ ئىرادىلىك، راستچىل، سەمىمىي، جاپاغا چىداپ ئىشلەشتەك ئۇلۇغۋار خىسلىتى بىلەن ئامما ئىچىدە تونۇلدى ۋە ئابرۇيى كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا ئۇ، ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئۇلاستايدىكى يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەن

ئىدى.

زايىتوپ بارات بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك سۆھبەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— مەن سەپەر ۋاقتىنى بەلگىلەپ، قېرىنداشلارنىڭ قايسى كۈنى كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، خەتنى سەن ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەرگىن،— دېدى.

زايىتوپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چەتتىكى قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سومكىدىن قەغەز - قەلەم ئېلىپ خەت يېزىشقا باشلىدى. خەتنى يېزىپ بولۇپ چىرايلىق قاتلاپ باراتقا سۇندى.

— سەن بۇ خەتنى ئەتىدىن قالدۇرماي تاغدىكى سالمانغا يەتكۈزۈپ بەر، ئۇلارغا ئېيتىپ قوي، ئالاقە باغلاشقا بارغانلار سەن بىلەن بىرگە قايتىپ كەلسۇن. ئىلاج بار ئاتنى كۆپرەك ھەل قىلىپ كەلگىنىڭلار ياخشى، چۈنكى سەپەر قىلساق يۈك - تاقلارنى ئېلىپ مېڭىشقا ئات كېرەك بولىدۇ. مېنىڭدىن تاغلىق قېرىنداشلارغا سالام ئېيتقىن.

زايىتوپ بارات بىلەن پاراڭلىشىپ، تاغ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈردىن چىقىپ يولغا چىققاندا كۈن قايرىلغان ئىدى. تاغ باغرىدىن 100 نەچچە مېتىر يىراقلىقتا بىر كوماندىر بىر قىسىم پارتىزانلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇۋاتاتتى. بىرنەچچىگە بۆلۈنگەن پارتىزانلار، دۈم يېتىپ يەر بېغىرلاپ مېڭىش، نەيزىۋازلىق، ئوق ئېتىش، يەنە دۈشمەن بىلەن تېگىمۇتېگ ئېلىشىشنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. شېغىل ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ ماڭغانلارنىڭ يەڭلىرى تىتما - تالاڭ بولۇپ، تېگمۇتېگ ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ بىلەك تېرىسى سۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

بارات ھەربىي مەشىق قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئۇلارغا چىن دىلىدىن قايىللىقىنى بىلدۈردى.

— پارتىزانلارنىڭ مەشىقى ياخشىكەن،— دېدى بارات ئۆزىنى ئۆزىتىش ئۈچۈن كەلگەن زايىتوپقا قاراپ.

— قوشۇنغا قوشۇلۇۋاتقانلار كۆپ، قورال - ياراغ يېتىشمەيدۇ، يېقىندىن بۇيان قورال - ياراغ كەمچىل بولغانلىقتىن، بىر قىسىم

پارتىزانلار ئۆزلىرىمىز ياسىغان نەيزە ـ كالتەك بىلەن قوراللاندى. مەشىق قىلىشنى چىڭ تۇتمىساق، جەڭگە كىرگەندە دۈشمەننى قانداقمۇ يەڭگىلى بولىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، مەشىقنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەندە پارتىزانلارنىڭ جەڭ ماھارىتى ئاشىدۇ.

— مۇشۇ يەردە خوشلىشاي،— دېدى زايىتوپ چىغىر يول دوقمۇشىدا باراتنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ.

ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتى. بارات چاپچىپ تۇرغان تورۇق ئېتىنى مىنىپ، توپا ـ توزانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

3

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، بارات پارتىزانلار ئەترىتى جايلاشقان ئۇلاستاي تاغ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ، سائادەتنى يوقلاش ئۈچۈن ئىلىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ تاتلىق خىياللار قاينىمىدا ئاتنى تېز ـ تېز قامچىلايتتى. ئات شۇنچىلىك تېز چېپىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يوللار تۈگىمەس مۇساپىدەك بىلىنەتتى. بۈگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ئۈچۇق، قۇياش قارلىق تاغ ئۈستىدە كۈمۈشتەك يالتىراپ، ئالتۇن ۋادىلارغا سېغىي نۇرلىرىنى چاچماقتا ئىدى. سالقىن شامال ئۇنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى سائادەتكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قايناق ھېسسىياتلار ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. ئۇ خىيال دولقۇنلىرى ئىچىدە تەۋرىنىپ، ئىلىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ بازار ئىچىگە كىرگەندە ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى يېتىلىۋالدى، ھۆپىگەرلەرنىڭ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي خېرىدار چاقىرىشلىرىغىمۇ ئېتىبار قىلماستىن ئۇدۇللا ساراي تەرەپكە يول ئالدى. سارايغا كىرىپلا ئاتنى ئاختىخانىغا باغلاپ خۇرجۇننى ئېلىپ جەملە تۇرۇشلۇق ئۆيگە ماڭدى، بىراق ئۆيدە جەملە يوق ئىدى. بارات بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇۋىدى، جەملە پەيدا

بولۇپ ئۆيگە كىردى:

— ۋاي، باراتمۇسەن، قانداق ئەھۋالىڭ، سالامەت كەلدىڭمۇ؟

— ھەر ھالدا سالامەت كەلدىم، ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇردىلىمۇ، نۇربەگ ئاكام سالامەت تۇردىمۇ؟

— ھەممەيلەن تىنچلىق بالام، تۇيۇقسىز كەلگىنىڭنى قارىمامدىغان؟

— سائادەت بىلەن نۇربەگ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئاۋۋال چاي ئىچ بالام، ئاندىن مۇڭدىشىمىز. سەپەر قىلىپ ھاردىڭ، چارچىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنچىۋالا ھېرىپ كەتمىدىم،— دېدى بارات.

جەملە باراتنىڭ ئالدىغا چاي ئەكەلدى، چايدىن كېيىن ئۇلار ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

— ئەمدى سېنىڭ سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي،— دېدى جەملە باراتقا قاراپ،— نۇربەگ سودا - سېتىق ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەمدى سائادەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي،— دېدى جەملە بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ئېچىنىش ۋە ھەسرەت بىلەن بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى...

بارات جەملىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوچۇق ھاۋادا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەندەك تۇيۇلدى. گويا بىرسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۇشتۇمتۇتلا پىچاق بىلەن تىلىپ تاشلىغاندەك قاتتىق ئازابلاندى، چىرايىنى قايغۇ - ھەسرەت قاپلاپ، رەڭگىرويىدا بىر خىل مەيۈسلۈك ئالامىتى سېزىلدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ھويلىغا چىقتى. سىرتتا غۇر - غۇر شامال چىقىۋاتاتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ باراتنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمىدى. ئۇ پېشايۋان ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، خىيالىدا سائادەت بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ھەم جەملىدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

— بارات، ئەمدى ئارتۇقچە ھەسرەتلەنمە،— دېدى جەملە ئۆيدىن

چىقىپ،— سائادەت كېتىش ئالدىدا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ماڭا ئېيتتى. ئۇ «جەملە ھەدە، باراتقا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنى كۆتمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ماڭا ئىگە بولالمايدۇ. ئۇ ماڭا ئىشەنسۇن، مەن يۈرەك سۆزلىرىمنى تەكرارلايمەنكى، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋاپادارىم دەپ سانايمەن، ئاتا - ئانام ھەرقانچە قىلسىمۇ مېنى ئۇنىڭدىن تاندۇرالمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن يۈرىكىم ئېزىلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلىۋەتتىم. بىز ئايرىلىشنىڭ ئېغىر مىنۇتلىرى ئىچىدە مانا مۇشۇنداق قىسقا پاراڭلاشتۇق.

بارات ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ لام - جىم دېمەي، سارايدىن چىقىپ ئۇدۇللا سائادەت بىلەن ئايرىلىش ۋاقتىدا بىللە ئولتۇرغان جايغا كېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، سائادەت بىلەن بىللە يۆلىنىپ تۇرغان قېرى سۆگەتنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق مۇھەببەت ئىزھارىغا مۇشۇ قېرى سۆگەت گۇۋاھ ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ماغدۇرسىزلىنىپ سۆگەتكە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ سائادەتنىڭ ھىدىنى ئالغان سۆگەتنى ئىختىيارسىزلا قۇچاقلاپ سۆيدى...

ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ شارقىرىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرگەندەك قىلسىمۇ، بىراق شىددەت بىلەن شارقىرىغان بىر ئاۋاز سەدىرىدىنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قارشى نەپرەت ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى. بىراق، بۇ يەردە سەدىرىدىن يوق ئىدى. بارات قاش قارايغۇچە ئۆستەڭ ياقىسىدىكى سۇنىڭ شارقىراپ ئېقىشىغا قاراپ كۆز يېشى بىلەن ئۆستەڭ سۈيىنى ئۇلغايتىپ، سائادەتنى قانداق تېپىپ كۆرۈشنىڭ غېمىنى يەپ ئولتۇردى. قايغۇ بىلەن ئازاب ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ زېدە قىلىۋەتتى.

بارات سارايغا يېتىپ كەلگەندە خېلى كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ جەملە ئېلىپ قويغان تاماقنى يەۋاتقاندا سىرتتىن نۆۋبەگ كىرىپ كەلدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ باراتقا:

— «ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس» دەپ بىكار ئېيتمىغان،

ئوغۇل بالا دېگەن ئۈمىدلىك ياشايدىغان، ئۈمىدلىك بول، ئۈمىد ئادەمنى ياشىتىدۇ، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىسەن، — دېدى.

نۇربەگنىڭ تەسەللى سۆزى باراتنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەندەك بولدى، بىرئاز يېنىكلىك ھېس قىلدى. بارات پارتىزانلارنىڭ كۈچى زورىيىپ غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم باشلىغاندىن كېيىن، سائادەتنى ئىزدەپ تېپىپ پارتىزانلار قوشۇنىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدى.



# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## غەنىيمەت

1

— گومىنداڭ نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى قاراسۇغا يۆتكەپ كەپتۇ،— دېدى قاش قارايغان چاغدا ئەترەت باشلىقى بارات بىلەن نادىرغا جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرۇپ،— ھازىر تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت، سىلەر ئىككىڭلار ئاتلىق بېرىپ شەھەردىكى جاڭ ۋىشۈينىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى توغرىسىدا يېڭى مەلۇمات ئېلىپ كېلىڭلار. بىز سىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ شەھەرگە يېقىن مۇھىم بازىلارنى ئىگىلەپ، غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتىمىز.

— ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداپ كېلىمىز،— دېدى بارات بىلەن نادىر تەڭلا. ئۇلار تۈن كېچىدە سودىگەرچە ياسىنىپ، شەھەرگە قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتى.

بارات نادىرنىڭ كەينىدىن ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. ئىككىسى مەسلىھەت بويىچە شەھەرگە كىرىپ سەدىردىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ سائادەت بىلەن كۆرۈشۈپ، شەھەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يېڭى خەۋەرگە ئېرىشمەكچى بولدى. شۇڭا، سەدىردىن ۋە سائادەتنى ئويلىدى، كۆڭلى يۇمشاق ئايىمىنىسا كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. باراتنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى، پات يېقىندا سۈپسۈزۈك ئاتىدىغان تاڭغا بولغان تەقەززالىق، ئىشەنچ ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

ئاتلىقلار كۆنىدۈزى ئارام ئېلىپ، كېچىسى يول يۈرۈپ، ئەل جىمىققاندا شەھەرگە يېقىنلاپ قالدى. مانا ئەمدى كوچىلاردىكى ئىتلار-نىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قاپقاراڭغۇ كېچە، شەھەر ئۇيقۇغا چۆمگەن، زومچەك - زومچەك ئۆيلەر قاراڭغۇدا خىيالچان مومايلاردەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ سائادەتنىڭ ئۆيىگە يېقىن جايدىكى بىر قورۇنىڭ ئارقىسىغا ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇشتى- دە، تېز - تېز مېڭىپ ئەتراپنى كۆزەتكەچ، كىچىك كوچىغا كىردى. ئۇلار كوچىنىڭ بېشىدىكى بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سىرتتىن قارىغاندا، بۇ قورۇ ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، باشقا قورۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. مۇنداق كېچىدە ئىشىك قېقىش خەتەرلىك ھەم ئۆي ئىگىسىنى ئەندىشىگە سېلىپ قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارات قورۇنىڭ ئىچىگە ئارتىلىپ چۈشتى، قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ سائادەت ياتىدىغان ئۆينى بىلەتتى. بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى باغقا قارىغاچقا، ئۇ باغقا كىرىپ مېھمانخانا ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىنى تىڭشىدى، ئۆي ئىچى جىمجىت، پەقەت يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. بارات ئاستا دېرىزىنى «تاك... تاك... تاك...» چەكتى:

دېرىزە خېلى ئۇزاق چېكىلگەندىن كېيىن، «كىم؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن، بىرسىنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىرئاز پىچىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە ئۆي ئىچىدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۈن كېچىدە دېرىزە قاققان كىم؟

— مەن، بارات.

— ۋاي، باراتمۇسەن بالام، سائادەت چاپسان تۇرە، بارات قايتىپ كەپتۇ، چاپسان ئىشىكنى ئاچ!

ئۆي ئىچىنى ھاياجانلىق كەيپىيات قاپلاپ جىددىي بىر تۈسكە كىردى. بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغ يېقىپ ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. بارات باغدىن چىقىپ مېھمانخانا ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا، سائادەت بىر قولىدا چىراغ تۇتۇپ باراتنى كۈتۈپ تۇراتتى. بارات بىلەن نادىر ئۆي

ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، سائادەت كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. چىراغ يورۇ-قىدا ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپلا قالدى.

— مانا ماۋۇ كىشىنىڭ ئىسمى نادىر،— دېدى بارات.

سائادەت ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ، ھاياجاندىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئايىمنىسانىڭ چىرايى ئېچىلىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرىدى:

— سىلەرنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەن، قېنى، يۇقىرىغا چىقىڭلار، يۇقىرىغا،— دېدى ئايىمنىسا پايپېتەك بولۇپ ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— سائادەت، چاپسان بول، بۇلارغا چاي ئەكەل.

— ئاۋارە بولمىسىلا ئانا،— دېدى بارات،— بىز ئالدىرايمىز.

— نېمە، يەنە كېتەمسىلەر؟

سائادەتمۇ ئىتتىك باراتقا تىكىلدى.

— شۇنداق، سەدىردىن تاغام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

سائادەت بىلەن ئايىمنىسانىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— سەدىردىن تاغامغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟

— شۇنداق بالام، ئۇ پېشكەللىككە ئۇچراپ تۈرمىگە كىرىپ قالدى،— دېدى ئايىمنىسا ئەلەم ئارىلاش، ئاندىن تېخى يېقىندا يۈز بەرگەن، يۈرەكنى تاتىلايدىغان ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. سەدىردىننىڭ 12 يىللىق قاماققا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بارات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ھازىرلا تۈرمىگە بېرىپ سەدىردىننى قۇتقۇزۇپ كېلىدىغان قىياپەت بىلەن ئايىمنىساغا تىكىلدى:

— ئانا، چىشىڭلارنى چىشلەپ بىرەر ئاي چىداپ تۇرۇڭلار. گومىنى-داڭنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ، پات يېقىندا ھەممىمىز جەم بولىمىز. سائادەت، ھازىر شەھەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، بۇ توغرىدا ئاز - تولا سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

— بىلىدىغانلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس. ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغان-

ـدا، گومىنداڭ بىر قىسىم قوشۇنىنى قاراسۇغا يۆتكەپ ئىلقا پارتىزانـ ـلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ. ھازىر قىزىلار ئىچىدىمۇ ئىلقا پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن تەشكىللىنىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، گۈلنىسا ئاشۇ قوشۇنىنىڭ يېتەكچىسى، باشچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ئىلقا پارتىزانلىرى توغرىسىدىكى يېڭىلىقلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ تېخى.

— ياخشى بوپتۇ. بۇ تەشكىلاتقا سىزمۇ قاتناشتىڭىزمۇ؟

— قاتناشتىم.

— بىز پات ـ پات ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.

— ماقۇل، ئاڭلىشىمچە،— دېدى سائادەت،— تۈنۈگۈن كەچ جاڭ ۋېشۈينىڭ ئىككى باتالىيون ئەسكىرى شەھەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇنلىرىغا بازا قۇرۇپ شەھەرنى قوغداۋېتىپتۇمىش، يامۇل ئامبىلى بىلەن جاڭ ۋېشۈي ھازىر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار مەھەللىمۇمەھەللە تىنتىپ «ئالتە ئوغرى»غا قوشۇلغانلارنى مەخپىي سوراۋاتقانمىش، قىلىۋاتىدۇ، شۇنداقلارنى تېپىۋالسا كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمايۋاتىدۇ. مەھەللىمىزدىكى ئەمەتباينىڭ مىلىنى باقىدىغان قازاق بوۋاي ئاق ئاتىباينىڭ ئوغلى سادىرباي سىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىپتىكەن. ئۇنى قانداق ئۇقۇپ قالغان، بىرقانچە چېرىكلەر كېلىپ، «بالاڭنى تاپ» دەپ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئاق ئاتىباينىڭ باش ـ كۆزىنى قانغا بويىۋەتتى.

— شۇنداق سائادەت،— دېدى نادىر سۆزگە ئارىلىشىپ،— بۇ جاللاتلارنىڭ خەلققە كۆرسەتمىگىنى ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى نەچچە كۈن سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمىز. ئىنقىلاب قوشۇنى كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىۋاتىدۇ، بۇ قانخورلار پات ئارىدا يوقىلىدۇ. بىز ئۇلارنى چوقۇم يوقىتىمىز.

— شۇنداق قىلىڭلار باللىرىم، بىزمۇ خاتىرجەم بولىدىغان چاغلار كېلەر،— دېدى ئايىمنىسا.

— ئەلۋەتتە كېلىدۇ،— دېدى بارات ئىشەنچ بىلەن.

ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئىشەنچ پەيدا بولدى، ئايىمنىسا بىلەن سائادەت ئۇلارنى كوچىغا ئۇزىتىپ چىقتى.

سائادەت گومنداڭنىڭ شەھەر ئىچىدىكى مۇھىم ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى، بازىلىرىنى باراتقا ئېيتىپ بەردى. بارات ئايىمىسا، سائادەت بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى ۋە قاراڭغۇ كوچىدا ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

باراتلار شەھەرنىڭ مۇھىم جايلىرىنى كۆزەتتى. سائادەت دېگەندەك، گومنداڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرىدىغان ئاساسلىق جايلارغا بىر قىسىم قوشۇن يۆتكەپ، ئىلقا تەرەپتىن شەھەرگە كىرىدىغان يولنى قاتتىق كونترول قىلغان ئىدى. ئىلقا بىلەن شەھەرگە تۇتىشىدىغان چوڭ يول بويىغا توپا توشتۇرۇلغان تاغار، قاپلارنى بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ ياسىغان ۋاقىتلىق ئىستىھكاملارنى يىراقتىن مەخپىي كۆزەتتى. توپا توشتۇرۇلغان تاغار - قاپلار ۋە ئەگرى - بۈگرى كولاپ ياسالغان ئاكوپلارنىڭ قېشىدا خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان كىچىككىنە بىر پوتەي بولۇپ، پوتەينىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت كامار تۇراتتى.

كۆز باغلانغان چاغ، بىر قاراۋۇل ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. نادىر يىراقتىن بۇيەرنى ئۇزاق كۆزەتتى ۋە باراتقا ئېيتتى:

— بۇ ئەبلەخنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلامدۇق؟

شۇ چاغدا يەنە بىر ئەسكەر پوتەي ئىچىدىن چىقىپ چوڭ يولدىن ئۆتۈپ تەرەت قىلغىلى ماڭدى.

— ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى بارات ھاياجانلىنىپ، — نادىر-كا، سىز بۇ ئەبلەخنى جايلىۋېتىڭ، مەن ئاۋۇ كۆزەتتە تۇرغان ئەبلەخنى تىرىك قولغا چۈشۈرەي.

بارات يەر بېغىرلاپ بىردەمدىلا ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۈن - تىنسىز كۈتۈپ ياتاتتى. شۇ چاغدا نادىرمۇ چاققانلىق بىلەن بېرىپ ھېلىقى كۆزەتچىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ پىچاق بىلەن ئۇنى جايلىۋې-تىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ كىيدى. باراتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىككىي-لەن بىرلىكتە يەنە بىر كۆزەتچى ئەسكەرنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ بارات كىيدى، ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئاغزىغا لاتا قاپلىدى، بېلىدىكى ئارقان بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ سۆرەپ ماڭدى.

ھېلىقى ئەسىرنى يالغۇز جايغا ئاپىرىپ سوراق قىلىۋىدى، ئۇ شەھەردىكى نۇرغۇن مۇھىم ئاخباراتلارنى ئېيتىپ بەردى.

2

كەچ كۈز، سوغۇق شامال ئادەمنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ تۇراتتى. كوچىلارنىڭ قاسىنىقىدىكى دېرىزىلىرى يول تەرەپكە قارايدىغان قاراڭغۇ ئۆيلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، جاڭ ۋىشۈينىڭ تۇرالغۇسىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ يۈرگەن بارات بىلەن نادىر تۈن قاراڭغۇسىدا پانۇس يېقىلغان جاڭ ۋىشۈينىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىغا، ناھايىتى ئېگىز قىلىپ سېلىنغان ئىچكەركى - تاشقارقى مېھمانخانىلىرىغا قاراپ، قايسىبىرى جاڭ ۋىشۈينىڭ ياتاق ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلمەي تەمتىرەپ يۈرۈشەتتى.

كەچ كىردى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچتى، پۈتكۈل ئوي - خىيالى قانداق قىلىپ بۇ يەرگە ئوغرىلىقچە كىرىپ، تۈن كېچە بولغاندا بۇ يەرگە كېلىدىغان يامۇل ئامبىلى بىلەن جاڭ ۋىشۈينى تۇتۇپ، سوراق قىلىپ مۇھىم ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇدى. ئىككىيلەن كەچ كىرگىچە مۇشۇ يەردە چۆرگىلەپ يۈرۈپ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئەگمە كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ، بۇ يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى كۆزەتتى. گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى جاڭ ۋىشۈينىڭ ئەمەلي ھوقۇقى چوڭ بولۇپ، يامۇل ئەمەلدارلىرى بىلەن باردى - كەلدىسى قويۇق ئىدى.

جاڭ ۋىشۈينىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر چوڭ ئۆستەڭ بولۇپ، ئايىغى ھەرەمباغدىكى كۆل - سازلىقلارغا ئېقىپ باراتتى. ياز كۈنلىرى بۇ يەر ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرىپ، ئۆستەڭ ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىپ، كۆڭلىنى ئاچاتتى. شەھەرلەردىكى ئەمەلدار، بايۋەچچىلەر پۇقرالارنى ئىشلىتىپ، قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بايلىقلىرىنى مۇشۇ يەردە بۇزۇپ - چاچاتتى. بايۋەچچە، ئەمەلدارلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىرى بىر كۈن بۇرۇن ئۆزىنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ قوياتتى. جاڭ

ۋىشۇينىڭ ئايالى خان تەتەينىڭ قول ئاستىدا 20دىن ئارتۇق پاھىشە بار
ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياقا يۇرتلۇق قىزلار بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ
تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەنلەر ئىدى. بۇ يەردە قىمارخانىلار، مەيخانىلار،
پاھىشىخانىلار پۇلى بارلارغا كېچە - كۈندۈز ئوچۇق، خان تەتەي پۇل
ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى ئىدى. مۇنداق ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئۈچۈن
چەكسىز بەخت ۋە شۆھرەت ھېسابلىناتتى.

يازنىڭ سالقىن كېچىلىرى، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى قىمار ئۈستىلى-
دىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ يېقىملىق جىرىڭلىشى، پاھىشە ئۆيلىرىدى-
كى ئاياللارنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى، قاۋاقخانا ئىچىدىكى ئىچەرمەنلەرنىڭ
توڭگۇزدەك ۋارقىراشلىرى، خۇش كەيپ بولغان ئەر - ئاياللارنىڭ تانسا
ئويناشلىرى، شامالدىنمۇ ئىتتىك ماڭىدىغان ئۈچ ئاتلىق ھارۋىلارنىڭ
سەھەر ۋە كەچتە بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىشلىرى، ئىللىق شامال چىقىۋات-
قان چاغدىكى مۇزىكا ئاۋازلىرى، مانا بۇلار مۇشۇ يەرنىڭ ھاياتى ئىدى.
كەچ كىرگەندە قىقاس - سۈرەن ئىچىدە ئۈچ ئات قېتىلغان ھارۋا
تاراسلاپ مېڭىپ ھېلىقى ئەگمە كۆۋرۈكلۈك ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ خان
تەتەينىڭ قورۇسىغا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

ھارۋىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى نادىر بىلەن باراتنى
سەگەكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەتىگەندىن بېرى جەزملەشتۈرەلمىگەن
پىكىرلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغدى. ئۇلار ھارۋىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى،
ھارۋا ئىتتىك ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. ئۈستى رەخت
بىلەن ئورالغان ھارۋا ئۇلاردىن سەل يىراقلاشقاندا، گازىر كۆز، ياپما قاپاق
بىر ئايال ھارۋىنىڭ بىر تەرىپىدىن بېشىنى چىقىرىپ سىرتقا قاراپ
قويدى. «خان تەتەي دېگەن بۇزۇق چوقۇم شۇ، ئۇ بۇگۈن ئادەملىرىنى
ئېلىپ كىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئادەملىرى قايسى ئەمەلدارنىڭ
قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ ناز- كەرەشمە بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ،
نەچچە سەر كۈمۈش تەڭگە سۇنۇۋالغاندۇ؟!»

ئۇلار ھارۋىنى كۆزدىن يىتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ
كەينىدىن ناھايىتى ئىتتىك يۈگۈردى. ھارۋا شۇ ماڭغانچە ھېلىقى ئىشىك

ئالدىغا پوست قويۇلغان ھەشەمەتلىك قورۇغا كىرىپ كەتتى. كەچ كىرگەندە خان تەتەينىڭ قورۇسى ئالدى ئاۋاتلىشىپ، 5 — 6 ھارۋا ئۇنىڭ قورۇسى ئالدىدا توختىدى. ئەمەلدار، بېگىملەر ھارۋىدىن چۈشتى. سۇس يېقىلغان پانۇس نۇرىدا ئۇلارنىڭ قايسىبىرى دوتەي، قايسىبىرى يامۇل بېگى، قايسىبىرى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئالدىغا جاڭ ۋىشۇي بىلەن خان تەتەي چىقىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ھەربىرىگە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ھەزرەتلىرىنىڭ كېلىشىدىن بىخەۋەر قاپتۇق، ۋاقتىدا ئالدىلىرىغا چىقالمىغانلىقىمىزنى كەچۈرسىلە، — دېيدى- دە، ئۇلارنى باشلاپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خىيالى ئۆزگىچە ئىدى. بىرلىرى قىمار ئويناشقا، بىرلىرى كۆڭۈل ئېچىشقا، بىرلىرى مەي ئىچىپ خۇش كەيپ بولۇشقا كەلگەن بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئارزۇ - خىياللىرى بار ئىدى. كۈتكۈچىلەر ھەر تەرەپكە قاتراپ، موكىدەك ئۆتۈشۈپ ئەمەلدارلارنى كۈتۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. زالنىڭ ئىچىدىكى ئورۇندۇقلار قاتار قويۇلغان ئىدى. كۈتكۈچى خېنىملار مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ، يەل - يېمىش تىزىپ يۈرۈشەتتى. ھايال ئۆتمەي مېھمانلارغا تۈرلۈك نېمەتلەر، ئېسىل قورۇمىلار تارتىلىپ، ئارقىدىنلا ھاراق كەلتۈرۈلدى. زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەش شاملىق ئىككى شامدان زال ئىچىنى خىرە - شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. يامۇل ئامبىلى شالاڭ ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەۋجىگە چىققان زالغا نەزەر تاشلىدى، كېيىن سۇس كۈلۈمسىرەپ سۆز باشلىدى:

— كۆپچىلىك، بۈگۈنكى سورۇنىمىز تەييارلىقسىز بولۇپ قالدى، خان تەتەيمۇ بىزگە چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئەمدى سورۇن ئەھلىنىڭ رايىغا باقمىز، ھەرقايسىمىز كۆڭلىمىز خالىغان خانىلەرگە كىرىپ ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرايلى.

يامۇل ئامبىلىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، زال ئىچى يەنە پاتىپاراق بولدى. بايۋەچچە، بېگىملەرنىڭ بەزىلىرى قىمارخانىغا، بەزىلىرى پاھىشە

ـخانىغا كىرىپ كەتتى. خان تەتەي بۆگۈنكى ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئامەتتىن خۇشال بولۇپ، ھېلى ئۇ خانىغا، ھېلى بۇ خانىغا كىرىپ، بەگ - غوجاملارغا كۆڭۈل قويۇپ يۈردى. كەچ كىرگەندە بەزمە ئەۋجىگە چىقتى، قىمارخانىدىكى بايۋەچچىلەر نۆكچە - نۆكچە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى جىرىڭلىتىپ، قىمارخانىنىڭ كەيپىنى كۆتۈردى. يېرىم يالىڭاچ خېنىملارنىڭ قوڭغۇراقتەك كۈلكىسى قورۇنى لەرزىگە سالسا، ئۈلپەتلىشىپ ھاراق - شاراب ئىچىۋاتقان بەگ - غوجاملار قاۋاقخانىنى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇتقان بېگىملەر ئالتۇن - كۈمۈش قىزىقچىلىقى بىلەن مەست، ئىشقۋاز بېگىملەر ئايرىم خانىلاردا خېنىملارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ مەست، قاۋاقخانىدىكى بەگ - غوجاملار ھاراق - شارابنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ شىركەيپ ئىدى.

تۈن يېرىملاشقاندا، كېچە جىملىقىنى بۇزۇپ بىرقانچە پاي ئوق ئېتىلدى، ئارقىدىنلا بارات بىلەن نادىر خان تەتەينىڭ قورۇسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. قىمارخانىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىمۇ يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىشتى. پاھىشە خوتۇنلار بىلەن ئىشقۋاز بېگىملەر كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشمەي، ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپ سىرتقا قاراپ قاچتى. قاۋاقخانىدىكى مەستلەر يىقىلىپ - قوپۇپ ھويلىغا چىقتى. ئامبال بېگىمنى قوغداپ كەلگەن قوراللىق ئەسكەرلەرمۇ گاڭگىراپ قېلىشتى. خان تەتەي ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى، پاھىشە ئاياللار تۈن كېچىدە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

جاڭ ۋىشۈي بىلەن يامۇل ئامبىلى ياۋىداق ئاتنى مىنىپ قاچتى. بارات بىلەن نادىر تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى.

3

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىدى. بارات بىلەن نادىر قاچقۇنلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، كىچىككىنە بىر مەھەللە ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇلار ئاتلىرىنى بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ، ئۇن نەچچە ئائىلىلىك ياشايدىغان بۇ مەھەللىنى

كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇ مەھەللىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەھەللىدىـ
ـكىلەر تۈنۈگۈن كېچىدىكى ئوق ئاۋازىدىن بىرەر ئالىتوپىلاڭ بولىدىغانـ
ـلىقىنى بايقاپ، ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلىمايلا تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ
كېتىشكەن ئىدى. بارات بىلەن نادىر كېتىۋېتىپ، ياقىدىكى بىر هويلىـ
ـنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە باغلاقلىق ئاق بوز ئاتقا كۆزى
چۈشۈپ قالدى. «بۇ كىمنىڭ ئېتىدۇ ياكى مۇشۇ ئائىلىلىكنىڭ ئېتىمىـ
ـدۇ؟» دەپ ئويلىدى بارات.

ئات ئۇلارنىڭ شەپىسىنى سېزىپ چىرقىراپ كىشنەپ هويلىنى
بېشىغا كىيدى. بارات بىلەن نادىر گۇمان ئىچىدە ئات باغلاقلىق جايغا
يېقىنلاشتى. ياۋىداق ئاتنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق گىلەم خۇرجۇن
تۇراتتى. توقۇشقا ئۆلگۈرمىگەن بۇ ياۋىداق ئاتقا ئارتىقلىق گىلەم خۇرجۇن
ۋە شاش، ئاق بوز ئات بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ ئېتىغا ھەرگىز
ئوخشىمايتتى. ئۇلار بۇ ئاتنىڭ چوقۇم يامۇل ئامبىلى ياكى جاڭ ۋىشۈينىڭ
ئېتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بارات ئىتتىك بېرىپ باغلاقلىق ئاق
بوز ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى. ئات قاتتىق شوخشۇپ، كىشنەپ،
ئۆرىدەپ سەكرىگەن پېتى باغلاقنى ئۈزۈۋەتتى. ئات شوخشۇغاندا، ئۇنىڭ
ئۈستىدىكى گىلەم خۇرجۇن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئات هويلىدىن
چىقىۋاتقاندا دەرۋازا تۈۋىدە بىر كىشى پەيدا بولۇپ، ئىتتىكلا ئاتنىڭ
چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى ـ دە، چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئاتقا مىنىۋالدى.
شوخشۇغان ئات ئۆز ئىگىسىنى تاپقاندەك، مۇلايىملىشىپ كەتتى. ئاتقا
مىنگەن كىشى دوپپدوغىلاق، يالاڭۋاش ئىدى. ئۇ ئاتنى دىۋىتىپ
مەھەللىدىكى چوڭ يولغا چىقتى. باراتنىڭ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك
بىر سېزىم لاپ قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى.

— جاڭ ۋىشۈي شۇكەن. ھەي ئىسىت! بىخۇدلۇقۇمنى قارىماـ
ـمدىغان. ئۇ ھېلى مۇشۇ هويلىدا باركەن ئەمەسمۇ؟

نادىر بەشئاتار مىلتىقىنى قارىغا ئېلىپ، ئاتلىق قېچىپ كېتىۋاتـ
ـقان جاڭ ۋىشۈيگە قارىتىپ بىرقانچە پاي ئوق ئاتتى. ئىككىيلەن
بىرپەس ئېتىشقان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. جاڭ ۋىشۈي

ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، توپىلىق يولدا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. بارات بىلەن نادىر ناھايىتى ئېتتىكلا ھېلىقى ھويلىغا يۈگۈردى. ھويلا ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇلار يەنە ھويلا ئىچىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاخىر ھېچ نەرسە تاپالماي ئۆزىچە خۇرسىنىپ قويۇشتى- دە، خۇرجۇنىنىڭ ئېزىمىسىنى يەشتى. خۇرجۇنغا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلانغان ئىدى. بۇ، جاڭ ۋىشۈينىڭ بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى قېچىپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلىقىمىكىن، بىلىپ بولمايتـ ـتى. بارات خۇرجۇنغا قاچىلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قاراپ نېمە قىلىـ ـشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ خۇرجۇننى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى، ئىككىيلەن مەسلىھەتلەشتى. بىرەر چارە ـ ئامال تېپىپ خۇرجۇننى ئېلىپ كېتىپ، ئولجىنى پارتىزانلار شتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئويلىدى. ئۇلار خۇرجۇننى ئاتلىرىغا ئارتىپ ماڭاي دېسە، كوندۇزدە مۇنداق زور ئولجىنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئەنسىرىدى. ئۇلار تۈن كېچىگىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ئولجىنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

تۈن كېچىدە يىراقتىن كېلىۋاتقان ھارۋىنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازى ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويدى. «بۇ كېچىدە ھارۋىدا كېلىۋاتقان كىمدۇ؟ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمىكىن؟ ياق، ئۇلار مۇنداق كېچىدە ھەرگىزمۇ ھارۋا بىلەن ماڭمايدۇ، ياموۇلنىڭ ئادەملىرىمۇ ھارۋا بىلەن ماڭمايدۇ. مۇنداق كېچىدە ھارۋا بىلەن خان تەتەينىڭ قاۋاقخانىسىدىكى پاھىشە ئاياللار ماڭىدۇ. بۇ چوقۇم شۇلار...»

بارات چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، نادىرمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئاسمان يۈزى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئىككىيلەن چەبدەسلىك بىلەن يول بويىغا چىقتى، يول بويىدىكى بىر تۈپ قارا ياغاچنىڭ كەينىگە مۆكۈپ، ھارۋىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈشىنى دىققەت بىلەن كۈتتى. ھايال ئۆتمەي ئىككى ئات قوشۇلغان ياسىداق بىر ھارۋا ناھايىتى تېزلا ئۇلار تۇرغان يول بويىغا يېتىپ كەلدى. ئىككىيلەن تەڭلا قولىدىكى بەشئاتار مىلتىقىنى تۇتقانچە چوڭ يولنىڭ بويىغا سەكرەپ چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىدى:

— ھارۋىكەش، ھارۋىنى توختات!

ھارۋىكەش ھودۇقۇش ئىچىدە ھارۋىنى توختىتىپ:

— سىلەر كىم؟— دەپ سورىدى.

— بىز يولۇچى.

— نېمە گېپىڭلار بار؟— ھارۋىكەش سەل ئىسەنگىرەپ قالدى.

ھارۋىدىكى ئاتلار بىر جايدا تۇرالماي كىشنەپ، پۇشقۇرغىنىچە ئىنتىلىپ تۇراتتى.

— ھارۋىدا كىملەر بار؟

— ئامبال بېگىمنىڭ ئويناشلىرى بىلەن جاڭ ۋېشۋېنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بار.

— ھۇ، ئىپلاسلار! مۇنداق كېچىدە نەگە بېرىشاتتىڭ؟

— نەگە بېرىشىمىز بىلەن نېمە كارىڭ؟— دېدى ئەسكەرچە كىيىنگەن مۇھاپىزەتچى ئورنىدىن سەللا قىمىرلاپ قويۇپ،— بۇ ھارۋىنى توسۇشقا ھېچقانداق ھەققىڭ يوق. ئەگەر يولنى بوشاتمىساڭ، مېنى قاتتىق قوللۇق قىلدى دېمە!

شۇ ئارىدا نادىر ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، قولىدىكى بەشئاتار مىلتىقنى ھېلىقى مۇھاپىزەتچىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگلەپ بولغان ئىدى.

— ھارۋىدىن چۈش!— دېدى نادىر ئۇنىڭغا كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ،— بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!

بارات ھارۋىغا قارىۋىدى، ھارۋىدا پۇشۇلدىغان ئاۋازدىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— ھارۋىدىن چاپسان چۈش،— دېدى باراتمۇ ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ.

ئىككى ئايال بىلەن ھېلىقى ئەسكەر تىترىگەن پېتى ھارۋىدىن چۈشتى. نادىر ئۇلارنى ئاختۇرۇپ ھېلىقى مۇھاپىزەتچىنىڭ يان قورالىنى ئېلىۋالدى.

— سەن نېمە ئادەم؟

— مەن جاڭ ۋېشۋېنىڭ مۇھاپىزەتچىسى.

— بۇ يەردە ئىشلىگىنىڭگە قانچە ئۇزۇن بولدى؟
— بەش يىل.
— جاڭ ۋىشۈينىڭ ئەھۋالىنى بىلەمسەن؟
— ئەلۋەتتە بىلىمەن.
— جاڭ ۋىشۈي هازىر قەيەردە؟
— مەنمۇ ئۇنى ئىزدەپ ئامبال بېگىمنىڭ سەھرادىكى هويلىسىغا چىققان، ئۇچرىتالماي قايتىپ كېلەي دەپ تۇرسام، ئامبال بېگىمنىڭ ئويناشلىرى ئۇنى ئىزدەپ چىقىپتىكەن، تاپالماي مېنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كېلىشتى.
— ئۇنداقتا، جاڭ ۋىشۈينىڭ قولىدا قانچىلىك ئەسكەر بارلىقىنى بىلەمسەن؟
— بىلمەيمەن. تۈنۈگۈن «ئالتە ئوغرى» ئۇنىڭ تۈرمىسىگە هۇجۇم قىلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، بىر قىسىم مەهبۇسلارنى بۇلاپ قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بايكۆلدىكى قورۇسىغا هۇجۇم قىپتۇ. جاڭ ۋىشۈي بىلەن ئامبال بېگىم ئاتلىق قېچىپ كېتىپتىكەن، هازىرغىچىلىك ئىز - دېرىكى يوق.
— يەنە نېمىلەرنى بىلىسەن؟
— يېقىندا ئازراق قورال - ياراغ يۆتكىگەنلىكىنى بىلىمەن.
— قورال - ياراغ قەيەردە؟
— بايكۆلدىكى قورۇ جايدا.
— يەنە باشقا بىلىدىغانلىرىڭ بارمۇ؟
— بىلىدىغانلىرىمنىڭ هەممىسىنى ئېيتتىم.
نادىر هېلىقى ئىككى ئايالنى مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن نوقۇپ سورىدى:
— ئېيتىڭلار، سەنلەر نېمە ئادەم؟
— بىز... بىز... ئامبالنىڭ ئويىنشى.
— ئامبال بىلەن باردى - كەلدى قىلغىلى قانچە يىل بولدى؟
— ئىككى يىل.

— سەنچۇ؟
— ماڭا بىر يىل بولدى.
— ئامبال توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسەن؟
— ئامبال بېگىم بىلەن ئويناشنى بىلىمىز، باشقا ئىشلارنى بىلمەيمىز.
— ھۇ، چۈپرەندىلەر،— دېدى نادىر ئاچچىقلىنىپ،— بارات، بۇلارنى تىرىك قويمايلى، بۇ يۇندىخورلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىۋېتەي!
— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە، نېمە ئىش قىل دېسىلە شۇنى قىلايلى.
— بوپتۇ نادىركا، — دېدى بارات ئارىغا چۈشۈپ،— بۇلارغا بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلايلى. بىراق، ھارۋىكەش بىزنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويسۇن.
— ئېتىمىزنىچۇ؟
— ئاتلار ھېرىپ قالدى، ھارۋىنىڭ كەينىدىن ياۋىداق ماڭسۇن.
— ھۇ، ئىپلاسلار! ئەسلىدە سەن غالچىلارنى تىرىك قويمىسام بولاتتى، يەنە ھەرقايسىڭلارغا بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلاي، ئۇنداق بولسا چاپسان كۆزۈمدىن يوقىلىش!— دېدى نادىر ئاچچىق بىلەن.
ئىككى ئايال بىلەن ھېلىقى مۇھاپىزەتچى باراتنىڭ پوپوزىسىدىن قورقۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمدى سوراق نۆۋىتى ھارۋىكەشكە كەلدى.
— بۇياققا ئۆت!— دېدى بارات ھارۋىكەشكە ۋارقىراپ.
ھارۋىكەش بارات بىلەن نادىرنىڭ قېشىغا يېقىن كەلدى. بارات ئەمدى ھارۋىكەشنى سوراق قىلدى:
— ئىسمىڭ نېمە؟
— ھاۋۇدۇنباي.
— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟
— 55 ياشقا.
— كىمنىڭ خىزمەتچىسى سەن؟

— خان تەتەينىڭ.
— هارۋا كىمنىڭ؟
— خېنىمنىڭ.
— هارۋا هەيدىگىلى نەچچە يىل بولدى؟
— 30 يىل.
— 30 يىل هارۋا هەيدىدىڭمۇ؟
— ياق، 20 يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى ئىدىم. 10 يىل بولدى هارۋىكەشلىك قىلىۋاتىمەن، سەهەر تۇرۇپ، كەچ ياتىمەن. خېنىم قىلغان ئىشىمدىن رازى بولمايدۇ، هەر قېتىم سەپەردىن كەلسەم ئاتنى ئوقۇرغا باغلىغۇچە، يەنە باشقا ئىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاتلارنى يەڭگۈشلەپ هارۋىنى قېتىپ سەپەرگە چىقىمەن. مەنمۇ ئامالسىز بۇ ئىشنى قىلىمسام، جېنىمنى قانداق باقىمەن؟
— ئەسلىدە هارۋاكىنى ئىلىپ كېتەيلى دېگەن ئىدۇق، بىراق ساڭا ئىچىمىز ئاغرىدى. ئات بىلەن هارۋىنى ئىلىپ كەتسەك، خوجايىنىڭنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، سېنىڭ گۇناهلىرىڭنىمۇ كەچۈرەي، بىزنىڭ هاجىتىمىزنى راۋا قىلىپ قويالامسەن؟
— هاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ قوياي دېسەم، تەتەيلەرنى كەتكۈزۈۋېتىشتىلە ئەمەسمۇ؟
— ئاغرىڭنى يۇم، بىزدە ئۇنداق هاۋايى - هەۋەس يوق.
— ئەمىسە...
— بىزنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويىسەن، قانداق؟
— بولىدۇ، بىراق تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كەلمىسەم بولمايدۇ.
— بىزمۇ سېنى كۆپ ئاۋارە قىلمايمىز. تاڭ ئاتقۇچە بارىدىغان يېرىڭگە قايتىپ كېتەلەيسەن.
— ماقۇل.
— بىزنى شەهەر چېتىدىكى جاڭزىغا ئاپىرىپ قوي. خوجايىنىڭ سۈرۈشتۈرۈپ قالسا «هارۋا بۇزۇلۇپ قېلىپ، مىڭ بىر جاپادا ئوڭشاپ كەلدىم» دېگىن.

— ماقۇل.
— هارۋىنى ئاۋۇ يەرگە ھەيدە.
هارۋىكەش هارۋىنى ھەيدەپ ئالمىلىق هويلىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇچەيلەن خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ هارۋىنىڭ ئۈستىگە ئالدى.
— مەن سىنى تونۇيمەن، بۇ ئىش توغرۇلۇق بىر ئېغىز تىنىپ سالساڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن.
— ماقۇل، بۇ ئىشنى ھەرگىز باشقىلارغا تىنمايمەن.
هارۋىكەش بارات بىلەن نادىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە هارۋىنى ھەيدەپ هويلىدىن چوڭ يولغا چىقتى- دە، قاراڭغۇ تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

× × ×

بۇ قېتىمقى رازۋېدكا كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. ئەترەت باشلىقى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئاخبارات بىلەن ھېلىقى غەنىيمەتنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ماختاپ:
— بارات بىلەن نادىر بۇ قېتىمقى رازۋېدكىدا مۇھىم ئاخبارات ئىگىلەپ، دۈشمەندىن زور غەنىيمەت ئېلىپ ھەممىزنى ھەيران قالدۇردى. بۇ تۆھپىنى چوقۇم تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ،— دېدى.
بارات ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزىدىن روھلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قايتا بىر قېتىم رازۋېدكىغا چىقىپ، قېچىپ كەتكەن جاڭ ۋىشۈي بىلەن يامۇل ئامبىلىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش خىيالى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ مۇددىئاسىنى ئېيتتۇدى، ئەترەت باشلىقى قوشۇلمىدى. ئۇ تەلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى، شۇڭا پارتىزانلار قوشۇنىدا ۋەزىپە كۈتۈپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ھەقىقەتكە قايتىش

### 1

كەچ كۈز، ئۆلاستايدىكى ئالدىنقى سەپتە ئەھۋال ناھايىتى جىددىيلەشتى. گومىنداڭ بارلىق كۈچىنى ئىلقىغا قارىتىپ، ئىلقىنى ئىشغال قىلىشنى، شۇنداقلا پارتىزانلارنىڭ قان تومۇرىنى بوغۇپ، ھىيلە - مىكىرلىك ھەربىي پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشى ھازىرچە ھېچ كىشىگە سىر ئەمەس ئىدى. گومىنداڭ بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ ۋەتەنگە تارالغان گۈلدۈرمامىسى ئاستىدا چىشىنى چىشلەپ، ئانا ۋەتىنىگە، ئوتتەك قىزغىن قوراللىق كۈچلىرىگە ۋە دانا يولباشچىلىرىغا پۈتۈن دىلى بىلەن ئىشەنگەن پارتىزانلار جەڭ تەييارلىقى ئېلىپ بارماقتا ئىدى.

كەچ كۈزنىڭ نەم ھاۋاسى سوغۇق ئىدى. يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا تېخىمۇ سوۋۇپ كەتتى. چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان پارتىزانلارغا كوماندىر زايىتوپ سۆز قىلماقتا. ئۇ نۇتۇقنى شۇنداق ئۆتكۈر، ۋەزمىن ئاھاڭدا چىن كۆڭلىدىن سۆزلىمەكتە ئىدىكى، پارتىزانلار قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— بىز گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. تۈنۈگۈنكى ئاددىي دېھقان يىگىتلەر بۈگۈن قورال تۇتۇپ قەيسەر جەڭچىگە، ئىلگىرى بىرقانچە يۈز كىشىلىك قوشۇنىمىز ھازىر تەرەققىي قىلىپ چوڭ قوشۇنغا ئايلاندى. قوشۇن-

ـمىزنىڭ غەيرىتى ئاشتى، بىز ئەمدى دۈشمەنگە بوزەك بولمايمىز. قورال، تاش ـ توقماق، كالتەك ـ چوماق بىلەن دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، قوغلاپ ـ سۈرۈپ جېنىنى جاڭگالدا قويىمىز. دۈشمەن دېگەن بەكمۇ ئەسكى، ئۇنىڭدا رەھىم ـ شەپقەت يوق، ئالدىغا كەلگەننى ئالىدۇ، خەلقنى بۇلايدۇ، تالايدۇ، ئۇ نېمىلەرنىڭ قورسىقى تويسا، كۆنى ئۆتسىلا بولىدۇ. بىز ئۇ نېمىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايمىز، بىز دېگەن خەلقنى ئويلايـ ـمىز، بىزنىڭ ئارقىمىزدا بىزنى قوللايدىغان، بىزگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان خەلقىمىز بار. مۇنداق بولغان ئىكەن، ھەممىمىز بىر مەقسەت، بىر تىلەكتە دۈشمەن بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى يوقىتىشىمىز، ئۇلارغا كىرەرگە ئۆي، ماڭارغا يول بەرمەسلىكىمىز، بىرنى كۆرسەك بىرنى، ئوننى كۆرسەك ئوننى يوقىتىشىمىز لازىم.

بارات زايىتوپنىڭ نۇتۇقلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ھازىرلا ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ كېتىدىغاندەك، جەڭ مەيدانىدىكى ئوت يالقۇنىغا كۆمۈلۈپ، ئازادلىق يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن ھەرقاچان يانمايدىغان ھېسسىياتتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا چوڭ يول تەرەپتىن چىلان تورۇق ئات مىنگەن، ئۇچىسىغا پاختىلىق چاپان كىيىپ، بېلىنى ئاق توقىلىق كەمەر بىلەن باغلىغان، پۇتىغا قارا چىگرىم ئۆتۈك كىيگەن، 24 — 25 ياشلارـ دىكى خەۋەرچى ئەزىز ئاتتىن چۈشۈپ زايىتوپقا چاس بېرىپ، يېنىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇزاتتى، ئاندىن قوماندانلىق شتابتىن ھەرقايسى پارتىزان ئەترەتلىرى، رازۋېدكا ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ دۈشمەن ئەھۋالىنى تولۇق كۆزەتكەندىن كېيىن، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەرىكەتـ ـلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

زايىتوپ قولىدىكى خەتكە دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىققانـ ـدىن كېيىن، كەسكىن ھالدا جاۋاب بەردى:

— بولىدۇ، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، گومىنداڭ زالىملىرىنى يوقىتىش يولىدا ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندايمىز.

زايىتوپ خەتنى مەيدە يانچۇقىغا قاتلاپ سېلىۋېتىپ، پارتىزانلارنى دەم ئېلىشقا بۇيرۇپ، گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى ئېلىپ چېدىرغا كىردى.

تەشكىلنىڭ يولىيورۇقى بويىچە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىرنەچچە بۆلەك رازۋېدكا گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ مەلۇم قىلىشقا توغرا كېلەتتى. زايىتوپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بارات باشلىق ئۈچ نەپەر پارتىزان رازۋېدكىغا بېرىشقا بەلگىلىنىپ، ئۇلارغا بارات مەسئۇل قىلىندى.

× × ×

تۈن كېچە، ئەتراپ قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ، پۈتۈن كائىناتنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باسقان، ھەركەر يۇلتۇزى ساڭگىلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ئىدى. بوگۇن قورۇقوتان ساقلاپ ياتقان ئاۋۇللاردىكى ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى، توپلىشىپ ماڭغان ئوتۇنچىلارنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۈڭلۈك ناخشىلىرى ئاڭلانمايتتى. بارات باشچىلىقىدىكى ئۈچ نەپەر رازۋېدكىچى بىر ئاي ئىلگىرى دۈشمەن ئىشغال قىلىۋالغان جاينى نىشان قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

بارات بىلەن بىللە قازاق تۆلەۋقان، قىرغىز قۇرمانبېك رازۋېدكىغا چىققان ئىدى. قۇرمانبېكنىڭ كۆز ئالدىدا يېرىم يىل ئاۋۋال تاشلاپ چىقىپ كەتكەن يۇرتى نامايان بولدى. ئۇنىڭ غىڭشىپ جىرلاپ مېڭىشى باراتنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ قۇرمانبېكنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى:

— سەن ھازىر پارتىزان، پارتىزان دېگەندە ئىنتىزام بولۇشى كېرەك. بۇ سېنىڭ يادا باقىدىغان چاغلىرىڭدىكى خالىغانچە جىرلاپ يۈرىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس.

بارات ئۇنىڭغا بىرەر شەپە چىقىرىپ قويماسلىق توغرىسىدا گەپ قىلىپ، ئۆزى قولىقىنى يەرگە يېقىپ بىرەر شەپىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تىڭشىدى، ئاندىن دۆڭگە چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلىدى، يەنە پەسكە چۈشۈپ قايتىدىن قولىقىنى يەرگە يېقىپ بىرەر شەپىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تىڭشىۋىدى، ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. بارات ئۇلار-

نىڭ دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرى ئىككىنىلىكىنى سېزىۋالغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ قۇرمانبېك بىلەن تۆلەۋقانغا ئېيتتى:

— ئالدىمىزدا دۈشمەن بار. دەرھال يوشۇرۇنايلى.

رازۋېدكىچىلار توقايلىق بىلەن مېڭىپ جىلغا ئىچىگە يوشۇرۇنۇشتى. دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ ئۇلارنى سەزمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار جىلغا ئىچىدىن چىقىپ ئۇلاستاي تاغلىرىنى بويلاپ دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا يېقىنلىشىپ قالدى. رازۋېدكىچىلار ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ مېڭىپ، دۈشمەننىڭ بىرەر ئەھۋالىنى سەزگەن ھامان ئىشارەت ـ بەلگە ئارقىلىق ياكى ھايۋانلارنى دوراپ بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ نىشانى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاخبارات ئىگىلەش، دۈشمەن ئورۇنلاشقان جايدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلىش ئىدى.

— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دۈشمەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىش،— دېدى بارات بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ،— شۇڭا، يوشۇرۇن كۆزىتىپ دۈشمەننىڭ مۇھىم بازىلىرىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىم. سىلەر بەك يىراققا كەتمەڭلار، يېرىم سائەتتىن كېيىن دۈشمەن ئاكوپىغا يېقىن تاغ باغرىدا ئۇچرىشايلى.

— ماقۇل.

باراتلار ئاياغ تەرەپكە مېڭىپ تېز پۇرسەت ئىچىدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتى. ئۈچەيلەن ئايرىم ـ ئايرىم يول بىلەن مېڭىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، دۈشمەن ئاكوپى بار تاغ باغرىدا ئۇچراشتى. دۈشمەن سىم توساق بىلەن دائىرىگە ئېلىۋالغان بۇ جايدا كۆزەتتە تۇرغان ئەسكەرلەر گۈلخان يېقىپ ئولتۇراتتى. دۈشمەن ئاكوپلىرى خېلى مۇستەھكەم، ئەسكىرىي كۈچى ئاز ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە دۈشمەننى كۆزەتكەن بولسىمۇ، ئىچكىرىلەپ ئەھۋال ئىگىلىيەلمەيۋاتاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى كۆزەتتە تۇرغان ئەسكەردىن بىرنى شەپىسىز قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى.

— مۇنداق قىلايلى،— دېدى بارات ئىككىيلەنگە،— مەن ئاۋۇ

تەرەپتىن شەپە بىرىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلاي، سىلەر ئىككىڭلار ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ، ئارقان بىلەن باغلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ جىلغا تەرەپكە ئەكېتىڭلار.

— ماقۇل.

ئۈچەيلەن شۇنداق پۈتۈشتى. بارات كۆزەتچى ئەسكەر تۇرغان يەرگە يېقىنلا جايغا بىرىپ شەپە بەردى. كۆزەتچى ئەسكەر شەپە چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، تۆلەۋقان بىلەن قۇرمانبېك يوشۇرۇنۇپ ياتقان جايىدىن ئاستا قوپۇپ، تۇيدۇرمايلا ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىپ، باغلاپ جىلغا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بارات بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالدى. ئۇلار كۆزەتچى ئەسكەرنى 200 — 300 مېتىر يىراقلىققا ئاپىرىپ سوراق قىلدى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە دۈشمەننىڭ بۇ ئەسكىرى ئۇيغۇر ئىكەن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— قاسىم.

— يۇرتۇڭچۇ؟

— قۇمۇلدىن.

— گومىنداڭغا ئەسكەر بولغىلى قانچە يىل بولدى.

— ئىككى يىل بولدى، مەنمۇ بىر دېھقان بالىسى، ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كېتىپ جان بېقىش كويىدا ئۇلارغا ئەسكەر بولدۇم.

— بۇ يەردە قانچىلىك ئەسكەر بار؟

— 300 — 400 گە يېقىن ئەسكەر بار. تۈنۈگۈن پولك كوماندىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى ئوغرىلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ. شۇڭا، كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچنى يۆتكەپ كېلىپ ئوغرىلار ھۇجۇم قىلغان ھامان تىرىپىرەن قىلىۋېتىدىكەنمىز.

— ئۇلار ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى يۆتكەپ كەلدىمۇ؟

— كوماندىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى يۆتكەپ كەلمىگەندەك قىلىدۇ. ئۇ بىزگە «ئالتە ئوغرىنىڭ كۈچى چەكلىك، بەك قورقۇپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ» دېدى.

— قانچىلىك ئۇق - دورا يۆتكەپ كەلدى.
— تۈنۈگۈن ئىككى ئاپتوموبىلدا ئۇق - دورا يۆتكەپ كەلدى.
— يەنە قانداق مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىسەن؟
— بىلىدىغانلىرىم شۇ، مېنى نېمە قىل دېسەڭلار شۇنى قىلاي، مېنى هايات قالدۇرساڭلار.
— ياق، بولمايدۇ،— دېدى بارات،— بۇ غالچىنى ئېتىپ تاشلايلى، بولمىسا بىزگە بالا تېپىپ بېرىدۇ.
— شۇنداق قىلايلى،— دېدى تۆلەۋقان.
— ياق، ئۇنداق قىلمايلى،— دېدى قۇرمانبېك،— ئۇ دېگەن دېهقان بالىسىكەن، جان بېقىش كويىدا گومىنداڭغا ئەسكەر بوپتۇ. مۇنداق كىشىلەر ناهايىتى كۆپ، ئۇنداق كىشىلەر تېخى ئاق - قارىنى تولۇق بىلىپ كەتمەيدۇ.
— سېنىڭچە، ئۇنى قويۇۋېتەمدۇق؟— دېدى تۆلەۋقان.
— شۇنداق، قويۇۋېتەيلى.
— ئۇنى قويۇۋەتسەك، بىزنى ئاشكارىلاپ قويمامدۇ؟ ياق، ئۇنى ئېتىۋېتەيلى.
— ئۇنداق قىلماڭلار، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، مەن بۈگۈنلا بۇ يەردىن كېتىپ يۇرتۇمدا تىرىكچىلىك قىلاي.
— شۇنداق قىل، بۈگۈن بىز سېنى قويۇپ بېرەيلى، سەن يۇرتۇڭغا قايتىپ كېتىپ تىرىكچىلىك قىل، گومىنداڭغا هەرگىز ئەسكەر بولما، ماقۇلمۇ؟
— ماقۇل.
— ئەمىسە قايتىپ كەت، مۇشۇ جايدىن باشقا جايغا كەتسەڭمۇ، يۇرتۇڭغا كەتسەڭمۇ بولىدۇ.
— ماقۇل، ماڭدىم ئەمىسە.
— توختا،— دېدى بارات ئۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىپ،— بىز بۇنى مۇنداقلا قويۇۋەتكۈچە ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەيلى، بولمىسا بىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

— ئۇ نىمىگە پۈتلىكاشاڭ بولاتتى، گومىنداڭنىڭ قېشىغا بارماي، باشقا ياققا كەتسە بولىدىغۇ؟

— ياق، بولمايدۇ، بىز دېگەن رازۋېدكىچى، مۇنداق بىر ئەسىرنى بىرگە ئەكېتىش بىزگە تولىمۇ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قويۇپ بېرەيلى،— دېدى قۇرمانبېك.

— قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، ئەگەر قويۇپ بەرسەكلا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ. شۇڭا، تىرىك قويۇۋەتمەيلى،— دېدى تۆلەۋقان.

— بىز دېگەن پارتىزان، پارتىزانلار ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئېزىپ - تېزىپ گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ قالغان بالا - چاقىلىرىنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ. ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىساق، پۇت - قولىنى باغلاپ، ئاغزىنى تېڭىپ مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كېتەيلى،— دېدى بارات.

— بوپتۇ، سىنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن،— دېدى تۆلەۋقان ۋە ھېلىقى كۆزەتچى ئەسكەرنىڭ پۇت - قولىنى ئارقان بىلەن مەھكەم باغلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار 50 — 60 قەدەم ماڭا - ماڭمايلا ھېلىقى ئەسكەر ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!

— بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟— دېدى بارات ھەيران بولغان ھالدا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ.

— كىمنىڭ ئاۋازى بولاتتى، ھېلىقى ئۆلۈمتۈكنىڭ ئاۋازى بولىمىدۇ،— دېدى قۇرمانبېك،— ئۇ ئېتىپ قويغان ئاغزىنى بىر ئامال قىلىپ يېشىپ توۋلىغان گەپ.

— مەن بېرىپ ئۇنى جايلىۋېتىپ كېلەي،— دېدى تۆلەۋقان.

— ياق، بولمايدۇ، سەن ئۇ يەرگە بارساڭ، دۈشمەن سېنى سېزىپ قالىدۇ،— دېدى بارات.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

— دەرھال تارقىلىپ كېتەيلى.

ئـۇلار شـۇ هامـان تـارقىلىپ كېتىشـتى. شـۇ چاغـدا دۈشـمەننىڭ ئاكوپلىرىدىن ئۆزلۈمەي ئوق چىقىشقا باشلىدى. هايال ئۆتمەي ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرى قوغلاپ كەلـدى. ئـۇلار يېتىپ كېلىپ قـۇرمانبېكنىڭ دۈمبىسىگـە مىلتىقنىـڭ سىداۋسـىنى تىقىۋەتتـى. قـۇرمانبېك بىرقانچـە قەدەم مېڭىپلا قانسىراپ يىقىلدى. تۆلەۋقان دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرىنى نىشان قىلىپ بىرقانچە پاي ئوق ئاتتى، ئوق نىشانغا تەگمىدى، دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرى ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، هايال ئۆتمەي بىر كۆلەڭگە ئېدىردىن پەسكە غۇلاپ چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ئاسمان گۈمبىزىگە زىننەت بېرىپ تۇرغان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلاردىن بىرسى ئېقىپ چۈشتى. ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇز بىلەن تەڭ قۇرمانبېك ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سانسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ پىچىرلىدى: «ئاھ، ئانا يۇرتۇم، مەن سېنى ئازاد قىلىشقا قاتنىشالمايدىغان بولدۇم...»

قۇرمانبېكنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ نەپەس ئالـدى. ئـۇ ئـاخىرقى ئـارزۇ - ئارمـانلىرىنى ئېيتالمـاي قـۇربان بولـدى. گـومىنداڭ رازۋېـدكىچىلىرى قـۇرمانبېكنىڭ قېشـىغا كەلگـەندە، ئـۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتماقچى بولۇشتى. رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئېككىلىنىپ قولچىرىغىنى يېقىپ، ئېگىز بوي ئەسكەرنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ نەيزىسىنى چىقىرىپ قۇرمانبېكـنى پـۇتى بىلـەن تېپىـپ ئـۆرۈپ، ئـۇنىڭ قورسـىقىغا نـەيزە تىقىــپ، مىلتىقنىڭ سىداۋسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قوچۇپ قورسىقىنى يېرىۋەتتى، ئاندىن ئۇنى تېپىپ دومىلىتىۋەتكەندىن كېيىن، خاتىرجەم بولغاندەك قايتىپ كەتتى. قۇرمانبېكنىڭ قايرىما ياقىلىق ئاق جۇۋىسى، پۇتىدىكى ھەربىيچە خۇرۇم ئۆتۈكى قىپقىزىل قانغا بويالغان، بېشىدىكى قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچىسى بىرقانچە مېتىر يىراقلىققا دومىلاپ چۈشكەن ئىدى. غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قوي كۆزلىرى يۇمۇلغان، چىرايى سارغىيىپ، مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلگەن، چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا ياتاتتى.

— تۆلەۋقان... قۇرمانبېك...

خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ـ بىردىن ئايرىلىپ كەتكەن باراتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاي ئاستا ـ ئاستا قارا بۇلۇتلار كەينىگە مۆكۈپ، تۈن قارا پەردىسىنى ئەتراپقا ئاستا ـ ئاستا يايماقتا، تاغلار قارىيىپ كۆرۈنمەكتە، جىلغىلار ئورمانلارغا سىرلىق تۇس بەرمەكتە. يىراقتىكى قاش دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىرىشى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. باراتنىڭ توۋلىغان ئاۋازىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇرمانبېكنىڭ جەسىتىنى يۈدۈپ تۆلەۋقان پەيدا بولدى. شۇ چاغدا بارات ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى .

— تۆلەۋقان، قۇرمانبېك.

— قۇرمانبېكنى دۈشمەنلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ،— دېدى تۆلەۋقان مۈرىسىدىكى قۇرمانبېكنىڭ جەسىتىنى يەردە ياتقۇزۇپ قويۇپ.

— ئاھ، قېرىندىشىم،— دېدى بارات قۇرمانبېكنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ.

قۇرمانبېكنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن باراتنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى لاۋۇلداپ، كۆزلىرى بۆركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك يېنىپ، غەزەپ ـ نەپرەتى قەلبىگە پاتماي قالدى.

2

تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە. ئاقۇش نۇرلار جىرالارغا ئاستا ـ ئاستا يېيىلىپ ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. بارات بىلەن تۆلەۋقان قۇرمانبېكنىڭ جەسىتىنى نۆۋەت بىلەن يۈدۈپ، مۈدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

— تۆلەۋقان، چاپسان يوشۇرۇنايلى،— دېدى بارات،— ئالدىمىزدىن دۈشمەن چىقىپ قالدى، ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلى.

— ياق،— دېدى تۆلەۋقان باراتنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ،— ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا قالسا ھەر ئىككىلەن تىرىك قالمايمىز، شۇڭا مەن

قـۇرمانبېكنىڭ جەسـەتىنى يـۆدۆپ ئـۇلارنىڭ ئالـدىغا چىقـاي، سـەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى جايلىۋەتكىن، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

تۆلەۋقان قۇرمانبېكنىڭ جەسەتىنى يۆدۆگىنىچە ئاتلىق ئەسكەرلەر كېلىۋاتقان يولغا چىقتى.

— توختـا!— دەپ ۋارقىرىـدى ئـاتلىق ئەسـكەرنىڭ بىـرى ئـۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ.

— سەن كىم؟

— مەن يولۇچى،— دېدى تۆلەۋقان يۈرەكلىك هالدا جاۋاب بېرىپ.

— يۆدۈۋالغىنىڭ كىم؟

— مېنىڭ قېرىندىشىم.

هېلىقى سوئال سورىغان ئاتلىق ئەسكەر ئاتتىن چۈشۈپ تۆلەۋقان ۋە ئۇ يۆدۈۋالغان جەسەتكە قاراپ كۆزلىرىنى ئالايتىپ مەسخىرە ئارىلاش دېدى:

— هە، كىمكىـن دېسـەم، ئاخشـام پىچاق يەپ ئۆلتۈرۈلگەن «ئالتە ئوغرى» ئىچىدىكى هايات قالغىنى ئىكەنسەن ـ دە.

— هە، ئاخشام بۇ ئوغرىنى تىرىك تۇتالمىغان ئىـدۇق، مانا ئەمدى ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا كەپتۇ،— دېـدى چـىلان تـورۇق ئـات مىنگەن كوماندىر.

— هـازىر «ئالتـە ئـوغرى» هەممـە يـەردە قـۇتراپ قوشـۇنىمىزغا ئارام بەرمەيۋاتـىدۇ، ئارقا سەپتىن كېلىـدىغان تـەمىنات ئاپتوموبىللىرىنى مۇشۇ ئوغرىلار بۇلاپ كېتىپتۇ.

— شۇڭا، بۇ ئوغرىلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قاپتىكەنده!

ئىككـى ئەسـكەر سۆزلىشـىۋاتقاندا، بـارات تۇيـدۇرماي كـېلىپ، بىرسـىنى پـىچاق بىلـەن جايلىۋەتتى، كومانـدىر نېمـە قىلىشـىنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرغاندا، تۆلەۋقان كوماندىرغا قورال تەڭلەپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ چەمبـەرچاس بـاغلاپ، قـۇرمانبېكنىڭ جەسـەتىنى ئاتقا ئـارتىپ، هېلىقى ئەسىرگـە چۈشـكەن كومانـدىرنى ئالـدىغا ئـېلىپ يـۈرۈپ كـەتتى. ئـۇلار

پارتىزانلار ئەترىتى تۇرۇشلۇق جايغا كەلگەندە، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن ئىدى.

پارتىزانلار ئەترەت باشلىقى ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن كوماندىرىنى سوراق قىلدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ياقۇپ.

— يۇرتۇڭچۇ؟

— ئاقسۇدىن.

— ھەربىي ۋەزىپەڭ نېمە؟

— رازۋېدكا كوماندىرى.

— سەن نېمىشقا گومىنداڭغا سېتىلدىڭ؟

— كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن.

— ھۇ، ئادەمسىياق ھايۋان، ئۆز قېرىنداشلىرىڭغا ئوق ئاتقانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىقسەن!— ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭدىن بەكمۇ نەپرەتلەندى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئۆز مىللىتىدىن چىققان مۇنداق خائىننى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى. ئۇ مىلتىقىنى ئوقلاپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەڭلىدى:

— سەن ئۆلۈمگە لايىقسەن، سەندە بىر قېرىنداشنىڭ قان قەرزى بار.

كوماندىر مىلتىقىنىڭ زاتورىنى ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەپ ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، بۇ ئىش ئۈستىگە كوماندىر زايىتوپ كىرىپ قالدىدە، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:

— قولۇڭنى تارت!

— ياق، مەن ئۇنى ئېتىپ تاشلايمەن!

— نېمىشقا؟

— ئۇ سەپدىشىمىز قۇرمانبېكنى ئۆلتۈردى.

ئەترەت باشلىقىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، قوللىرى لاغىلداپ كەتتى. زايىتوپ ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى تارتىۋېلىپ، بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ ئاچچىقلىدى:

— ئەسىرلەرنى ئېتىش ھەربىي تۈزۈمگە خىلاپ. بىر قىسىم كىشىلەر جان بېقىش ئۈچۈن گومىنداڭغا ئەسكەر بولغان، ئۇلارغا ھەق - ناھەقنى تونۇتساق، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان يېمەي قالمايدۇ.

ئۇ كوماندىر زايىتوپنىڭ بۇ قىلىقىنى ئەسىرلەرگە يان باسقانلىق دەپ ئويلىدى بولغاي، ۋۇجۇدىدىكى تېشىپ تۇرغان غەزىپىنى باسالماي، بىر چەتتە چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويغان قۇرمانبېكنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىۋەتتى:

— ئاھ، قېرىندىشىم، دۈشمەن سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولدى، مەن بۇ ئىنتىقامنى چوقۇم ئالىمەن قېرىندىشىم.

سىرتتىن بىرسى ئۇ ۋاقىتتا ئېتىلىپ كىرگىنىچە ھېلىقى ئەسىرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ ۋارقىرىدى:

— ھۇ، مۇناپىق، ھۇ، مىللەتنىڭ كۈشەندىسى، سەندەك مۇناپىقلارنىڭ دەستىدىن مىللىتىمىز خار، خەلقىمىز نادانلىقتا قېلىۋاتىدۇ!

— بولدى قىل،— دېدى زايىتوپ ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ،— سوراق دېگەن ئىلمىي بولۇشى كېرەك. ئەسىرلەرگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىش بىزنىڭ تۈزۈمىمىزگە خىلاپ.

زايىتوپنىڭ دادىل سۆزلىرى ھېلىقى ئەسىرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى.

— مەن سىلەرگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي، مېنىڭ قولۇمنى بوشىتىۋېتىڭلار!— دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ:

زايىتوپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ئىككى پارتىزان كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى يېشىۋەتتى. ئۇ باشقىلار يۆگەپ بەرگەن بىر تال تاماكىنى قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن، يۈرەكنى تاتىلايدىغان ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

× × ×

مەن ئاقسۇدا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، ئاتا - ئانامدىن كىچىك يېتىم

قېلىپ، كۆنۈم نەدە ئۆتسە شۇ يەردە يۈردۈم. كېيىنچە يۇرتىمىزدىكى ئەمەتبەگنىڭ جۇۋىزىنى ھەيدىدىم، يېتىپ - قوپۇشۇم جۇۋازخانىدا ئىدى، ئىشلىگىنىم قورساققا دال بولمايتتى.

بىر كۈنى باينىڭ ئوغلى ئەختەمنى شىبىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى كوچىدىلا ئەسكەرلىككە تۇتۇۋاپتۇ. ئەمەتبەگ يامۇل ئامبىلىغا ئارىلىق بېرىپ يۈرۈپ، مىڭ تەستە بالىسىنى قويۇۋېتىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ، بىراق ياموۇل ئامبىلى ئەختەمنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم بېرىشكە كېلىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بىر توپ چېرىك مېنى جۇۋازخانىدىن سۆرەپ چىقىپ ياموۇلغا ئاپاردى. ياموۇل ئامبىلى مېنى تۇتۇپ قېلىپ، ئەختەمنى قويۇپ بەردى. مەن قارشىلىق قىلسام، ياموۇل ئامبىلى تاپانچىسىنى تەڭلەپ، «ئېتىۋېتىمەن» دەپ قورقۇتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىبىڭ شىسەينىڭ ئەسكىرى بولۇپ قالدىم. تۇرپاندا ئىككى يىل تۇرۇپ ئاكوپ قېزىپ، پوتەي سالدۇق، كېيىن ئۈرۈمچى تەرەپكە يۆتكىلىپ كەلدۇق، فۇكاڭدا ئىككى يىل تۇردۇق. بۇ چاغدا ئەسكەرلەر ئىچىدە ئوغرىلىق، قىماۋازلىق ئەۋج ئالدى.

بىز يېگى ئەسكەرلەر يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ كۈن ئۆتكۆزەتتۇق. 1940- يىلى ئالتاي تەۋەسىگە يۆتكىلىپ كەلدۇق، قوۋۇقتا ئۈچ يىل، بۇرۇلتوقايدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ ئاكوپ قېزىپ، پوتەي سالدۇق. 1943- يىلى گومىنداڭنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىشىمىز تېخىمۇ تەسكە چۈشتى، بىرىگادا، باتالىيون، ئېرزۇوتلارنىڭ ئىشخانىسىدا ئەسكەرلەرنى ئۇرىدىغان تاياقلار تاملارغا ئېسىپ قويۇلاتتى. مەن باينىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغىنىمنى، كۈن بويى جاپا چېكىۋاتقىنىمنى، ئۆمرۈمنىڭ بىھۇدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تىت - تىت بولاتتىم، غەزەپلىنەتتىم. ئۇلار مەجلىس ئاچسا بارمايتتىم، ئىشقا كېچىكىپ چىقاتتىم. شۇنداق بولغانلىقتىن، ھەر قېتىمدا جازالىناتتىم، دەسلەپتە ئالىقىنىمغا تاياق بىلەن 10نى، كېيىن 20 — 30نى ئۇرۇشتى. بىر كۈنى باتالىيون كوماندىرىنىڭ غالجىرلىقى تۇتۇپ، مېنى يەرگە باسۇرۇپ، يوتامغا 50 تاياق ئۇردۇردى. بەختىمگە يارىشا، تاياق بەك

قاتتىق تەگمىدى، شۇنداقتىمۇ ئورنۇمدىن تۇرالماي يېتىپ قالدىم.

گومىنداڭ قوشۇنىدىن قاچقانلار تۇتۇلۇپ قالسا، قاتتىق جازاغا ئۇچرايتتى. ياز كۈنى ئىدى، خوتەنلىك ھاپىز بەنجاڭ ئەسكەرلىكتىن قېچىپ تۇتۇلۇپ قالدى، ئۇنى پوتكول ئەسكەرلەر ئالدىدا يالىڭاچلاپ دوم ياتقۇزدى - دە، 100 تاياق ئۇردى. ئۇنىڭ نالىسىغا چىداپ تۇرالماي كۆزىمىزنى يۇمۇۋالدۇق. چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان ھاپىز بەنجاڭنى كۆتۈرۈشكە ھېچكىم پېتىنالمىدى. باشلىقلار «كىم ھاپىزغا ياردەم قىلسا، ھاپىزدەك كۈنگە قالىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ئېغىر زەخمىلەنگەن يوتىسى ئىسسىقتا چىرىپ سېسىپ، ئاقىۋەت قاتتىق ئازاب تارتىپ ئۆلۈپ كەتتى. قەشقەر يېڭىشەھەرلىك مامۇت قېچىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا،پولك ئۇنى ئېتىپ تاشلاشقا ھۆكۈم قىلدى. مەن ئۇ كۈنى پوستتا چىقىپ كەتكەن، قايتىپ كېلىپ مامۇتنىڭ پوتكول ئەسكەرلەر ئالدىدا تاپانچا بىلەن ئېتىلگىنىنى ئاڭلاپ «ئىسىت، ئىسىت، ئۇ بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن ۋە ئېتىلغان جەڭچىلەرنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەگەر سىلەردىن بىرەر كىشى گومىنداڭغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، ئېتىپ تاشلانغان بولاتتى. پارتىزانلار ھەققەتەن ياخشىكەن، مېنىڭ بۇرۇنلا سىلەرگە قېتىلىش خىيالىم بار ئىدى، بىراق پۇرسەت كەلمىگەن. يولداش كوماندىر، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر پۇرسەت بېرىڭ، سىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن، مەن چوڭ خىزمەت كۆرسىتىمەن.

— ياق كوماندىر، بۇنىڭغا پۇرسەت بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنى قاتتىق جازالاش كېرەك. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭدىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قان قىساسىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

— بۇ ئەسىرنى قويۇۋېتىڭلار،— دېدى زايىتوپ ئولتۇرغان ئەسكەر-لەرگە قاراپ، ئاندىن يېنىدىكى بىر ئەسكەرگە بۇيرۇق قىلدى،— چاپسان بېرىپ ئۇنىڭ ئېتىنى توقۇپ كەل.

— ماقۇل،— ھېلىقى ئەسكەر چىقىپ كەتتى.

رازۋېدكا باشلىقى كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، زايىتوپنىڭ

قوللىرىنى چىڭ سىقتى، كۆز يېشى قىلىپ:
— رەھمەت كوماندىر، مەن چوقۇم سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا ياخشىلىق قايتۇرىمەن،— دېدى.
زايىتوپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى ياخشى غىزالاندۇرۇپ، ئىككى مۇھاپىزەتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇ تۇرۇشلۇق جايغا يەتكۈزۈپ قويدى.

3

— ياقۇپ ئاكا، بىرنىمە دېمەمسەن؟ خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭغۇ؟— دېدى مۆمىن مۇپتىللا تاماكا ئوراۋېتىپ.
— نېمە دەيمەن ئۇكا، ئىلى ئوغرىلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ تىرىك قايتىپ كەلدىم. ئۇلار گومىنداڭدىن ياخشىكەن، ئۇلارنىڭ بىر ئەسكىرى مېنى ئېتىۋېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندا، كوماندىر كىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى تارتىۋالدى، دېمىسىمۇ مەن ئۇنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدىم. بىراق، ھېلىقى كوماندىر قالتىس كەڭ قورساق ئادەمكەن، ئۇ مېنى ئۇزىتىۋېتىپ ھەقىقەتكە قايتىپ كەلسەك قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا چوقۇم ئەسكەر باشلاپ كېلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدە بەردىم، مەن ساڭا ئىشىنىپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن، ئەگەر سىرىمىز پاش بولۇپ قالسا، ھەر ئىككىمىز تۈگىشىمىز، ماقۇلمۇ؟
— ياقۇپ ئاكا، سەن مەندىن ئانچىلا ئەنسىرەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، بۇ جەھەتتە مەن خېلى بۇرۇنلا ئويلىنىپ قويغان، مەنمۇ يېقىندا بىر پارچە تەشۋىق ۋاراقچىسىنى قولغا چۈشۈردۇم، ئۇنىڭدا «شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئىنقىلاب بولۇۋاتىدۇ، ھەممە جايدا پارتىزانلار ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ، دەرھال ھەقىقەتكە قايتىپ قوزغىلىڭلار» دەپتۇ. ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن گەپلەر بار ئىكەن، بىز راستىنىلا غەپلەتتە ياتماي، بىر ئىلاج قىلىپ پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسەك دەيمەن.
— بەللى - بەللى، يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ ئۇكا، شۇنداق

قىلايلى. گومىنداڭچىلاردىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم، باشقىلار قوزغالغان يەردە بىز قوزغالماي يېتىۋالساق ئاھانەت بولمامدۇ؟ تېزرەك پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى.

— قانداق ئۆتۈپ كېتىمىز، ھازىرلا ئۆتۈپ كېتەمدۇق؟

— ئادەم سانىمىزنى بىرئاز كۆپەيتەيلى، — دېدى مۆمىن پەيجاڭ، — ئىشەنچلىك كىشىدىن بىرنەچچىنى قوشساق دەيمەن. سېنىڭچە، بۇ ئىشتا كىملەرنى يېنىمىزغا تارتساق بولار؟

ياقۇپ كوماندىر ئۇزاق ئويلىنىپ، ھەممە ئەسكەرلەرنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، ئاخىر مۆمىن پەيجاڭغا:

— تاشخان پىلىموتچى بىلەن ھامۇت ئىشەنچلىك، ئۇلار ھېچ كىمدىن قورقمايدىغان باتۇرلار، — دېدى.

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ ئاكا. بۈگۈن كەچتىلا مەن تاشخان بىلەن سۆزلىشەي، سەن ھامۇت بىلەن سۆزلەشكىن. ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا، ئەتە نامازدىگەردىن كېيىنكى دەم ئېلىشتا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئوبدانراق مەسلىھەتلىشەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، توقايلىقتىن چىقىپ پوتەيگە قايتىپ كەتتى. مۆمىن پەيجاڭ ھامۇتنى ئىزدەپ تاپتى- دە، بىر چەتكە تارتتى.

ھامۇت دوغىلاق كەلگەن، قارامتۇل، 24 ياشلاردىكى يىگىت ئىدى. مۆمىن پەيجاڭ ھامۇت بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى. بۇ ئىشقا ئۇ ئىككىلەنمەيلا قوشۇلدى. مۆمىن پەيجاڭ ئەتىسى ياقۇپ كوماندىرغا ھامۇتنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمگەك بىلەن مەشىق تۈگىگەندىن كېيىن، بىر يېرىم سائەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ياقۇپ ھامۇتنى ئېلىپ ۋەدىلىشىپ قويغان جايغا كېلىۋىدى، ئۇزاق ئۆتمەي مۆمىن پەيجاڭ بىلەن تاشخان پىلىموتچىمۇ يېتىپ كەلدى.

كۇچالىق تاشخان 25 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، تەمبەل يىگىت بولۇپ، چېۋەر - چاققان بولغاچقا، پىلىموتچىلىققا تاللانغان ئىدى. بۇ تۆت كىشىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ياقۇپ بولۇپ، 38

ياشلاردا ئىدى. تۆتەيلەن قىمار ئويناۋاتقان ھالەتتە ئولتۇرۇپ تۆت ئوشۇق ۋە ئازراق پۇلنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قويدى. مۆمىن پەيجاڭ تەشۋىق ۋاراقچىسىنى بوش ئاۋازدا ئوقۇپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

— بىز تۆتەيلەن ئەمدى ئۆزىمىزگە ئاگاھ بولايلى. ھېچ كىشىگە بۇ ھەقتە گەپ قىلمايلى. ئەگەر پۇرسەت بولسا ھەممە ئۇيغۇر جەڭچىلەرنى باشلاپ پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى. بۇنىڭغا ئامال بولمىسا، تۆتىمىز پارتىزانلارغا قېچىلايلى.

— قاچان، قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن، ئۆزۈڭلارغا چىڭ بولۇڭلار، قېچىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار،— دېدى ياقۇپ كوماندىر.

ھەممەيلەن «ئۆلسەكمۇ ئىشىمىزنى پاش قىلمايمىز، نىيىتىمىزدە چىڭ تۇرىمىز، چوقۇم پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشتى. 4- ئاينىڭ 16- كۈنى كەچتە مۆمىن پەيجاڭ ياقۇپ كوماندىرنى چاقىرتىپ سىرتقا چىقتى- دە، ئۇنىڭغا مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— بۈگۈن ما ليەنجاڭ بىلەن لى پەيجاڭ مېنى چاقىرتىپ، تۈەنجاڭ بىزگە «سىلەر ما ليەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا پولك بويىچە چانتۇ① ئەسكەرلەرنى ئېلىپ، تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ دەرھال يولغا چىقىڭلار. ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان تەمىناتىمىزنى توسۇۋالىدىغان جايىغا بېرىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ تەمىناتىمىزنى ئەكېلىسىلەر» دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تازا ياخشى پەيتى،— ياقۇپ كوماندىر تۆت كىشىنىڭ ھەرقايسىسىغا ئايرىم ۋەزىپە تاپشۇردى، ئاندىن مۆمىن پەيجاڭغا،— تاشخان بىلەن ھامۇت بىزگە ئۇيدان ماسلاشسۇن، مەن تاشخانغا، سەن ھامۇتقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزەيلى،— دېدى.

ياقۇپ كوماندىر بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى يىغىپ، ئوق - دورا، ئوزۇق -

---

① چانتۇ — ئۇيغۇر دېمەكچى.

تۆلۈك بىلەن تەمىنلىدى، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھەممەيلەن ئاتلىق يولغا چىقتى. ئەڭ ئالدىدا ما ليەنجاڭ، ئۇنىڭ كەينىدىن لى پەيجاڭ بىلەن مۆمىن پەيجاڭ، قالغانلار ئۇچتىن - ئۇچتىن قاتار بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىدە يان قورال، دۇربۇن، مۇئاۋىن باشلىق ۋە پەيجاڭلاردا ئاپتومات بار ئىدى. جەڭچىلەر ئادەتتە بەشئاتار ملتىق بىلەن قوراللىناتتى. بۇ قېتىمقى يۇرۇشتە ما ليەنجاڭ يان قورال بىلەن، مۆمىن بىلەن لى پەيجاڭ پىلموت بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بەشئاتار ملتىق بار بولۇپ، پەقەت تاشخان بىلەن توختى بەنجاڭدا پىلموت بار ئىدى. ئەسكەرلەردە يەنە يېتەرلىك ئوق بىلەن 10 تالدىن گرانات بار ئىدى. ئۇلار پايانسىز كەتكەن بۇ تاشلىق سايدا يېرىم كۈن ئاتلىق يۈرۈپ خېلى چارچىدى. ئۇلار بىر يۇرتقا يېقىن جايدىكى كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىدى. بۇ، ئالدىنئالا پىلانلانغان، دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي ئىدى. ما ليەنجاڭ ئاتنى توختىتىپ چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتاتتى، مۆمىن پەيجاڭ توساتتىنلا چەبدەسلىك بىلەن پىلموتنى بۇراپ ما ليەنجاڭغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئوق بىلەن تەڭلا ياقۇپ كوماندىر قولىدىكى تاپانچا بىلەن لى پەيجاڭنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى، ئىككىسى شۇ يەردە جەھەننەمگە ئۇزىدى. ئىككى جاللات ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈشى بىلەن تەڭلا مۆمىن پەيجاڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ھەممىڭلار قوراللىرىڭلارنى تاشلاڭلار!— دەپ بۇيرۇق قىلدى.

كوماندىر ياقۇپمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئەسكەرلەرگە قاراپ جاراڭلىق ۋارقىرىدى:

— قېرىنداشلار، ھەممىمىز قېرىنداش، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تۈگىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىلى پارتىزانلىرى ھەممە يەردە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قېتىلمايمىز؟ ھەممىمىز ھەقىقەتكە قايتىپ ئىلى پارتىزانلىرىغا قېتىلايلى،— دېدى.

— شۇنداق قىلايلى! ئىلى پارتىزانلىرىغا قېتىلايلى،— دەپ چۇقان سالدى تاشخان بىلەن ھامۇت.

توساتتىن يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن ئەسكەرلەر ھاڭ - تاڭ قالدى، كېيىن بىر - بىرلەپ قوراللىرىنى يەرگە تاشلاشتى. مۆمىن ئەسكەرلەرنى قاتار تىزىپ تۇرغۇزدى، ئۆزى ئالدىغا چىقتى، كوماندىر ياقۇپ، ھامۇت، تاشخانلارمۇ ئالدىغا چىقتى. ياقۇپ ئاۋازىنىڭ بارىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— قېرىنداشلار، شىنجاڭدا ئىنقىلاب بولۇۋاتىدۇ، گومىنداڭ تۈگىشەي دەپلا قالدى. مانا بۇ تەشۋىقات ۋارىقىدا ھەممە ھەقىقەت يېزىلغان، بىزنى «غەپلەتتە ياتماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈڭلار» دەپتۇ. بىرنەچچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىلى پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇش قارارىغا كەلدۇق. سىلەرنىڭمۇ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپ گومىنداڭ غالچىلىرىغا ئوت ئېچىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆيگە قايتىپ كېتىدىغانلار بولسا قايتىپ كەتسۇن، گومىنداڭ تەرەپكە قايتىدىغانلار بولسا ئېتىپ تاشلايمەن، ئۆلۈكى ماۋۇ ئىككى ئىتنىڭ ئۆلۈكىگە ئوخشاش قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولىدۇ!

ياقۇپنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا تاشخان، ھامۇتلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى، ئىش ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ كۆتكىنىدەك بولدى. ھەممەيلەن ئىلى پارتىزانلىرىغا قېتىلىدىغانلىقىنى، ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مۆمىننىڭ باشلامچىلىقىدا شەپكىسىدىكى 12 شوئارلىق كاكار يۇلۇپ تاشلاندى. كوماندىر ياقۇپ ئەزىز، مۆمىن مۇپتىللا بارلىق ئەسكەرلەرگە مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا سۆزسىز بويسۇنۇشى، بۇ قوشۇندىن قاچقانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى، ئىلى پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇش لازىملىقى جاكارلانغاندا، ئەسكەرلەرنىڭ «ئىجرا قىلىمىز» دېگەن ئاۋازى كۆكنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ياقۇپ ئاخىرىدا ھەربىر كىشى بىر پايدىن ئوقنى تۆش يانچۇقىغا ئايرىم سېلىۋېلىشنى، ئەگەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ، ئەسىرگە چۈشۈش خەۋپى تۇغۇلۇپ قالسا، تىرىك قولغا چۈشمەي ئۆزىنى ئېتىۋېلىشنى تاپىلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر پايدىن ئوقنى تۆش يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

## 4

— دوكلات كوماندىر، گومىنداڭ پولكى بىزنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈر-گەنلىكىمىزنى يەرلىك پايلاقچىلاردىن ئاڭلاپ قاپتۇ. نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ،— دەپ مەلۇم قىلدى هامۇت رازۋېدكىچى.

ياقۇپ ئەسكەرلەرنى جىددىي يۈرۈش قىلدۇرۇپ، تاغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. تاشخان بىلەن هامۇتقا بىردىن پىلىموت بېرىلدى، قالغان جەڭچىلەر مىلتىق بىلەن قوراللاندى. بەش نەپەر جەڭچى بارلىق ئاتنى، ئوزۇقنى ئېلىپ تاغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يول تاغ جىلغىسىدىن ئۆتەتتى، جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى تىك هەم قورام تاشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلار بۇ جىلغىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىدىغان جەڭ مەيدانى قىلىپ تاللىدى. تاشخان ئالتە نەپەر جەڭچى بىلەن دۈشمەنگە ئۇدۇل زەربە بېرىش ئۈچۈن جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ياقۇپ 100 نەپەر جەڭچىنى ئېلىپ جىلغىنىڭ سول تەرىپىگە، مۆمىن 100 نەپەر جەڭچىنى ئېلىپ جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار جىلغىدىكى تاشلاردىن ئىستىهكام ياسىدى، هامۇت باشلىق ئالتە نەپەر جەڭچى بۆكتۈرمىگە ئەۋەتىلدى.

دۈشمەننىڭ ئۇلارنى «قېچىشنىلا بىلىپ، قارشىلىشىپ ئۇرۇشمايدۇ» دېگەن پەرىزىگە ئاساسەن، ئۇلار دۈشمەننى مۇشۇ جىلغىدىلا قورشاۋغا ئېلىپ يوقاتماقچى بولدى. هايال ئۆتمەي دۈشمەننىڭ ئاپتومو-بىللىرى ئاتلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ جىلغا تەرەپكە قاراپ كەلدى. دۈشمەن ئاپتوموبىللىرى تاشخانلارنىڭ ئالدىغا 100 نەچچە مېتىر قالغاندا، تاپانچا بىلەن بەلگە ئوق بېرىپ جەڭ سىگنالى چېلىندى. تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلار تۆت تەرەپتىن شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. 10 ئاپتوموبىل بىلەن كەلگەن دۈشمەننىڭ توققۇز ئاپتوموبىلدىكىلەر يەرگە چۈشۈپ، تاشلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ئوق ئاتقىلى تۇردى.

دۈشـمەننىڭ بىـر ئاپـتوموبىلىدا ئـوق ـ دورا بـارلىقىنى سەزگـەن ياقۇپ بىر جەڭچىنى باشلاپ دۈشمەنگە تۇيدۇرماي ئاپتوموبىلغا يېقىنلاشـتى ـ دە، دۈشمەننىڭ ئاخىرقى قورال، ئوق ـ دورا باسقان ئاپتوموبىلىغا ئارقـا ـ ئارقـىدىن گـرانات ئـاتتى. ئۇنىڭ يېنىـدىكى جەڭچىمـۇ گـرانات تاشلىدى. ئىككى دانە گرانات ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ پارتلىـدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئاپتوموبىل ئۈستىدىكى ئوق ـ دورا پارتلاپ دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئەسكەرلەر دۈشمەننى تۆت تەرەپتىن تەڭ ئوققا تۇتۇپ ھالسىرىتىپ قويدى. دۈشمەن قاتتىق تىركىشىپ باققان بولسـىمۇ، ئـۇلارغا تـەڭ كېلەلمـەي، نۇرغـۇن ئۆلۈكلـەرنى قالـدۇرۇپ چېكىنىشتى.

كـەچ كىـردى، چېكىنگـەن دۈشـمەن ئـۇن ـ تىنسـىز يېتىۋالـدى. مـۆمىن ئـالاقىچى ئـەۋەتىپ، قالايمىقـان ئـوق ئاتماسـلىق، كۆرۈنگـەن دۈشمەننى مەرگەنلەر مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، كېچىلىك ھۇجۇم بولسا ئىستىھكامدا چىڭ تۇرۇپ دۈشمەننى چېكىندۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق ئەۋەتتى. لېكىن، دۈشمەن كېچىدە ھۇجۇم قوزغىمىدى. ئەتىسى دۈشمەن ئالدى تەرەپتىن ۋە ئىككى يان تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى، جەڭ تولىمۇ شىددەتلىك بولدى. ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك قىلىنغان بۇ جەڭدە دۈشمەن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ياقۇپ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر يۇقىرىدا تۇرۇپ دۈشمەننى قىرىپ تاشلىدى. ئاخىر دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ قېچىشقا تەمشەلگەندە، ھۇجۇم باشلاش سىگنالى چېلىنىپ، ھەممىيلەن تەڭلا ئاتاكىغا ئۆتتى. ئارقا تەرەپتە پىستىرمىدا تۇرغان ھامۇت قاتارلىقلار دۈشمەننى پىلموت بىلەن ئوققا تۇتتى. لېكىن، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئۈستۈن بولغاچقا، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر جىلغا ئىچىگە يىغىلدى.

— يولداش كوماندىر،— دېدى بىر ئەسكەر،— مۆمىن پەيجاڭ بىلەن تاشخان پىلموتچى، توختى بەنجاڭلار قۇربان بولدى.

ياقۇپ گاڭگىراپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، ئىتتىك ـ


ئىتتىك قەدەم تاشلاپ جەڭچىلەر توپلىنىشۋالغان جايغا كەلدى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىيتتى. ياقۇپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك، جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. يۈرىكى يارىلانغان مۆمىن پەيجاڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياتاتتى. ياقۇپ يەردە ياتقان مۆمىن پەيجاڭنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ بىرپەس بۇقۇلداپ، كېيىن ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. مۆمىن پەيجاڭ بىلەن بىر سەپتىكى بىر جەڭچى ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ ياقۇپقا ئېيتىپ بەردى.

ئەسلىدە دۈشمەن ئۈچ تەرەپتىن تەڭلا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، مۆمىن پەيجاڭ بىر بەن ئەسكەرنى باشلاپ ئىككى قولىغا ئىككى تاپانچا ئېلىپ دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلىپ جەڭ قىلغان. دۈشمەننىڭ ئوقى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ دەلدۈگۈنۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر جەڭچى يۆلىۋالغان، ئۇ ئانچە ئۇزاققا قالماي جان ئۈزگەن. بۇ جەڭدە يەنە قۇربان بولغان تاشخان پىلىموتچى، توختى بەنجاڭلارنىڭ جەسىتىمۇ مۆمىن مۇپتىللا قاتارلىقلارنىڭ جەستى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندى. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەندىن نۇرغۇن قورال - ياراغ ئولجا ئېلىندى.

مۆمىن پەيجاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ياقۇپ بۇ قوشۇنغا يالغۇز باشچىلىق قىلدى. قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېيىمى بولغاچقا، ئاشكارا ھالدا پارتىزانلارنىڭ قېشىغا بېرىشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭا، ياقۇپ بۇ جاينىڭ يەر شارائىتى بىلەن ياخشى تونۇشىدىغان بىرنەچچە جەڭچىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، پۇقراچە كىيىنىپ، زايىتوپ تۇرۇشلۇق ئورۇنغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلماقچى بولدى، ئەمما يول ئۈستىدە پارتىزان رازۋېدكىچىلىرى تەرىپىدىن ئىككىيلەن تۇتۇپ كېتىلدى. بارات رازۋېدكىچىلارنىڭ ئىككى نەپەر كىشىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى زايىتوپقا مەلۇم قىلدى. زايىتوپ كىرگەندە، ئۇلارنى ئىككى پارتىزان قوراللىق ساقلاپ ئولتۇراتتى. زايىتوپ بىر قاراپلا ياقۇپنى تونۇۋالدى:

— ھە، رازۋېدكىچىلار باشلىقى ياقۇپكەنغۇ، — دېدى.

— شۇنداق،— دېدى ياقۇپ،— مەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ سىلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كەلدىم. بىراق، ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچىسىدا گومىنداڭنىڭ كىيىمى بولغاچقا، ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلەلمىدىم.
— ناھايىتى ياخشى ئىش قىپسەن،— دېدى زايىتوپ ياقۇپنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، باراتنى چاقىرتىپ:
— بارات، سەن 50 ئەسكەر ئاپىرىپ ياقۇپ كوماندىرنىڭ ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ياردەملىشىڭلار، — دېدى.
— بولىدۇ، ۋەزىپىنى ئورۇندايمەن،— دېدى بارات زايىتوپقا چاس بېرىپ، ئاندىن ياقۇپنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى،— كوماندىر، جاپا چەكتىڭىز، غەپلەتتە ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئويغىتىپ، بىزگە قوشۇلغىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز.
ياقۇپ بارات بىلەن قەدىردانلارچە قۇچاقلاشتى. بارات تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ياقۇپنىڭ يول باشلىشىدا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يوشۇرۇنۇپ ياتقان تاغ باغرىغا ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.



# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ئېلىشىش

1

نويابىرنىڭ باشلىرى، ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىنى ئاپئاق قىرو قاپلىغان، ئېرىقنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئەينەكتەك مۇز قېتىپ قالغان ئىدى. لېكىن، كۈن تىكلەشكەندە بۇ مۇزلار ئېرىپ كېتەتتى. ئىلى پارتىزانلىرى غۇلجا شەھرىگە رەسمىي ھۇجۇم باشلىغاندىن بۇيان ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. كەچقۇرۇنلىرى قاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كۆز تاشلىساڭ، ئۇيەر - بۇيەردىن بۇرۇقۇپ قارا ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئاندا - ساندا زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى.

نىلقا پارتىزانلىرى يۆتكىلىپ، تاغ - ئېدىرلاردا قاش دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى قارا باغ، بەش دۆڭ، سامىيۇز، يېڭى ئاۋات قاتارلىق جايلارغا، بەزىدە ئۇلاستايلارغىچە يۆتكىلىپ ئۇرۇش قىلماقتا. گومىنداڭنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرى قورشاپ زەربە بېرىش جېڭىدە تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، چېچاڭشىغان قوماندانلىق شتاب يەنە بىر پولك ئەسكەر ئەۋەتتى.

رازۋېدكىچىلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ پولك پارتىزانلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تەلتۆكۈس يوقىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىماقچىمىش. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇستەقىل ئىككى باتالىيوننى زاپاس قوشۇن قىلىپ ئېلىپ چىققان ئىدى.

زايىتوپ ئومۇمىي ھۇجۇم تەييارلىقى ئۈستىدە «ئازادلىق تەشكـ

ـلاتى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن كەلگەن يولىيورۇقنى روتا كوماندىرلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلدى. نادىر بىر روتا ئەسكەرنى باشلاپ شەرقىي شىمال ئارقىلىق دۈشمەنگە زەربە بەرمەكچى؛ بارات، جۇماش بىر باتالىيون ئەسكەرنى باشلاپ تەييارلىق ھالەتتە بۇيرۇق كۈتمەكچى؛ «سادىر پالۋان» ناملىق باتالىيون ماسلىشىپ، دۈشمەننى قورشاپ ئەجەللىك زەربە بەرمەكچى بولۇشتى.

پارتىزانلار بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، بۇيرۇق كۈتۈپ جەڭ تەييارلىقىدا تۇردى. تۈن يېرىمدىن ئۆتتى، پارتىزانلار تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. تاغ تەرەپتىن كەلگەن ئاچچىق شامال جاندىن ئۆتەتتى. سەھەر سائەت 2 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، قاراڭغۇ تۈن پەردىسىنى تىترىتىپ ئاسماندا ساليوتلار يېقىلىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. چىدىغۇسىز زەربىگە دۇچ كەلگەنلەر ئالاقزادە بولۇپ، پاراكەندىچىلىككە چۈشتى. ئۇلار ئۇياقتىن بۇياققا چېپىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى ۋە ئاكوپ ئىچىگە دومىلاپ كىرىشەتتى. زەمبىرەك ئوقلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۈشۈپ، دۈشمەن ئاكوپلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. پوتەيلەر پارتلىغاندىن كېيىن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى خىش پارچىلىرىنىڭ ئارىسىدا قېلىپ داد ـ پەرياد قىلىشاتتى. پارتىزانلارنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمىدىن ئالاقزادە بولغان گومىنداڭچىلار ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پارتىزانلارنىڭ ئاكوپلىرىغا ئوت ئېچىشقا باشلىدى. ئاكوپ ئەتراپىدا پارتلاۋاتقان توپ ـ زەمبىرەك ئوقلىرى قويۇق ئىس ـ تۈتەك ھاسىل قىلىپ خىش ۋە تام پارچىلىرىنى چاچرىتاتتى. بارات مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈرىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت يالقۇنلايتتى. پارتىزانلار ۋەيران قىلىنغان پوتەيلەرنىڭ تاملىرىنى ۋە ئەپلىك قورام تاشلاردىن ياسىۋالغان ئاكوپلىرىنى دالدا قىلىشىپ، دۈشمەن ئاكوپلىرىغا ئوت ئېچىۋاتاتتى. جەڭ قاتتىق ئەۋجىگە چىققان بولسىمۇ، ئىلگىرىلەش بولمىدى. ھېلىگەر دۈشمەن ئاساسىي ئوت كۈچىنى پارتىزانلار تۇرۇشلۇق جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن

شىددەتلىك ئوت ئېچىشقا باشلىدى. بارات قول ئاستىدىكى گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا بۇيرۇق بەردى:
— سادىق، ئالدىمىزدىكى دۈشمەنگە ئوڭ تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ ئوت ئېچىڭلار!
— سالى، سول تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەڭلار!
— جۇماش، دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ زەربە بېرىڭلار!
— پىلموتچىلار شىددەت بىلەن ئوققا تۇتسۇن، باشقىلار دۈشمەنـگە گرانات تاشلىسۇن!
بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئۈچ گۇرۇپپا ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى. پارتىزانـلارنىڭ يۈرىكى ئويناپ، قولىدىكى قوراللىرى كەكلىكتەك سايراپ، ئۇرۇش مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. دۈشمەننىڭ بىرنەچچە پىلموتچىسى يىقىلىپ، ئوت كۈچى ئاجىزلاشتى. بارات دەم ئۆمىلەپ، دەم يۈگۈرۈپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلاشتى. ئۆزىگە 20 نەچچە مېتىر ئارىلىقتىكى دۈشمەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن گرانات تاشلىغاندىن كېيىن، چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نېمە قىلىشىنى بىلمەي لاغىلداپ تىترەيتتى، بەزىلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشتى. بارات قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەننى ئوققا تۇتتى. تۇساتتىن كوماندىر زايىتوپنىڭ «ئالغا!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
قىقاس ـ سۈرەن سېلىپ جەڭ مەيدانىنى تىترىتىپ ھۇجۇمچىلار ئىلگىرىلەۋاتاتتى. تۇساتتىن پارتىزانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ دۈشمەن ئاكوپىدىن ئوق چىقىپ ھاپىز يارىلاندى، پارتىزانلار ئىلگىرىلـيەلمەي قالدى.
بارات بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ھازىر دۈشمەن ئاكوپىنى پارتلىتىش مۇھىم ئىدى. بارات بۇ ۋەزىپىنى 2- ئەترەت باشلىقى سالىغا تاپشۇردى. ئۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دۈشمەن ئاكوپىغا

غەزەپ بىلەن كۆز تىكىپ تۇرۇپ بىرنەچچە تال گراناتنى بىر قىلىپ باغلاپ قولىدا چىڭ تۇتۇپ دەم ئۆمىلەپ، دەم يۈگۈرۈپ ئىلگىرىلىدى. ئاكوپقا 20 — 30 قەدەم قالغاندا ئۇ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەشكە باشلىدى، ئاكوپقا يېقىنلاپ چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر - بىرىگە باغلانغان گراناتنى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان دۈشمەن ئاكوپىغا يۆلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ پىلتىسىنى تارتىپ ئۆزى يىراققا دومىلاپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن توپا - توزان كۆتۈرۈلدى. پارتىزانلار ئاتاكىغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋاتقان پارتىزانلارنى ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنى ئىككى تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. مۇھاسىرىدە قالغان پارتىزانلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. پارتىزانلار ئۆزلىرىگە ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە ئارقا - ئارقىدىن گرانات تاشلىدى. يارىلانغان سالى مۇھاسىرىدە قالغانلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يۆمىلاپ يۈرۈپ گرانات ئېتىپ دۈشمەننى هودۇقتۇرۇۋەتتى. دۈشمەن بىرپەس ئالاقزادە بولدى، ئارقىدىنلا يەنە پارتىزانلارنى ئوققا تۇتتى. باراتنىڭ خىيالى يىراقتىكى ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدە ئىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن پىلىموتچىغا بۇيرۇق قىلدى:

— دۈشمەننى نىشانلاپ ئات!

پىلىموتچى چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ، پىلىموتنى كۆكرىكىگە تىرەپ غەزەپ بىلەن دۈشمەنگە قاراپ ئوت ئاچتى. ئوق يامغۇردەك يېغىپ دۈشمەننىڭ بىر قىسمىنى يوق قىلسا، ئارقىسىغا ئۇلىشىپ يەنە بىر قىسمى پەيدا بولاتتى. دۈشمەن ئاكوپى ئۆلۈكلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. بارات «قانداقلا بولمىسۇن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش كېرەك، بولمىسا دۈشمەن پارتىزانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ، قاش دەرياسى بويىدىكى بىرقانچە يېزا - كەنتلەرنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ» دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەيتتى. ئۇ

يېنىدىكى يارىلانغان پىلىموتچىنىڭ پىلىموتىنى قولىغا ئېلىپ تەپكۈسىنى قاتتىق باستى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزۈلمەي چىقىۋاتقان ئوقلار ئىلگىرىلەۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يەر چىشلەتتى. باراتنىڭ يۈرىكىمۇ پىلىموت بىلەن بىر مۇقامدا ئويناپ كەتتى.

دۈشمەن ئوق ئاتماي جىمىپ كەتتى، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئوق چىقىرىپ گرانات ئېتىشقا باشلىدى. توساتتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ ئوقى باراتنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ دۈم يېتىۋالدى. توپ ئوقى 7 — 8 قەدەم نېرىدا پارتلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىنى توپىغا كۆمۈپ تاشلىدى. ھايال ئۆتمەي كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تارتتى، ئارقىدىنلا قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى:

— يولداش كوماندىر!

بارات چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ئۈستىدىكى توپىنى سىلكىپ چۈشۈرۈپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا 1- ئەترەت باشلىقى سادىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوڭقۇر ئازگال بولۇپ، سەل نېرىراقتا قۇرۇپ قالغان قارىغاي شاخلىرى ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا تاراسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ لاۋۇلداپ كۆيمەكتە، سادىقنىڭ ئوڭ مەڭزى قان يۇقى تۇراتتى.

— مەن نادىرنىڭ قېشىدىن كەلدىم، بىز دۈشمەننىڭ بەش قېتىملىق ھۇجۇمىنى قايتۇردۇق،— دېدى ئۇ ھاسىراپ. كېيىن باراتنىڭ يەلكىسىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، جەنۇب تەرەپتىكى توساقتىن قانداق ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ۋە نادىرنىڭ دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن باراتقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئالدىراش ئېيتىشقا باشلىدى.

بارات ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ، قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدىن يىراقتىكى دۈشمەن ئاكوپىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

— ئېتىشنى توختىتىپ، بۇيرۇق كۈتۈڭلار!— دېدى ئۇ پارتىزانلارغا قاراپ،— نادىرنىڭ قوشۇنى كەلسىلا ئىككى تەرەپتىن قورشاپ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتىمىز. ھەممىڭلار ھۇجۇمغا تەييارلىنىڭلار!

ھايال ئۆتمەي نادىرنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ

ئاكوپىلارغا ئورۇنلاشتى. دە، قوشۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوڭ ۋە سولدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا، باراتىنىڭ قوشۇنى ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— يولداش كوماندىر، ئەسكەرلىرىڭىزگە چاپسان بۇيرۇق بېرىڭ، دۈشمەن كۈچ توپلىۋالغۇچە بىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋېتەيلى، — دېدى نادىر.

— ئېتىڭلار! — دېدى بارات بۇيرۇق بېرىپ.

پۈتكۈل سەپ بويىچە مىلتىق، پىلىموتلاردىن بىراقلا ئوق چىقتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆزىنى يوقىتىپ پىتىراشقا باشلىدى. ئۇلار بىردەم ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن ساراسىمە بولغاندىن كېيىن، قورام تاشلارنى پاناھ قىلىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئوقلار پارتىزانلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ، تاشلارغا تېگىپ كۆشۈلداپ چىرقىرايتتى. جەڭ تازا قىزىپ كەتتى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئەمدى تەمتىرەشتىن قۇتۇلۇپ، ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشىشقا ئالدىرايتتى. دەھشەتلىك ئوق ئاۋازى بىسلىپ، پارتىزانلار بېشىنى كۆتۈرگۈچە دۈشمەنلەر ئىككى - ئۈچ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۈچ تەرەپتىن توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. قايىقى تۇرۇلگەن، غەزەپكە كەلگەن بارات بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاقچىسىنى ئارقىغا ئىتتىرىپ قويدى. دە، ئاۋۋال دۈشمەن مىناميوتچىلىرىنى چەنلەپ ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئېغىزىدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، پۈتۈن سەپ بويىچە تارقالدى. بىرقانچە پارتىزان دۈشمەن مىناميوتچىلىرىنى چەنلەپ ئاتتى. ئۇلاردىن بەش - ئالتىسى ئارقا - ئارقىدىن يەر چىشلىدى. بارات يەنە بۇيرۇق قىلدى:

— گرانات ئېتىڭلار!

پارتىزانلار گرانات ئاتتى. گراناتلار كەينى - كەينىدىن پارتلاپ، دۈشمەن ئىستىھكامىنى قويۇق ئىس - تۇمان قاپلاپ كەتتى. دەھشەتلىك ھۇجۇم نەتىجىسىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرى مىناميوتچىلىرىدىن ئايرىلىپ

قالدى. ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈۋاتقان گرانات دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا بارات ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى:

— پۈتۈن سەپ بويىچە ئالغا!

— ھۇررا!

پارتىزانلار تېزلىك بىلەن ئۆزلىرى ياتقان ئىستىھكامدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ھۇررا سادالىرى ئىچىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالاقزادە بولغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تىترىگەن پېتى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. نادىرنىڭ قوشۇنى قاچقان دۈشمەنلەرنى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالدى. باراتنىڭ قوشۇنى دۈشمەنلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. بارات بىلەن نادىرنىڭ قوشۇنلىرى 300 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى. ئەسىرلەرنىڭ قورال - ياراغلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇلارنى قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ ماڭدى.

— يولداش كوماندىر، چاپسان بولۇڭ، ئەسىرلەرنى شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىپىگە ئاتلىنايلى، — دېدى نادىر.

بارات بىلەن نادىر دۈشمەننىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئاتلاپ يۈرۈپ كەتتى. سانسىزلىغان قۇزغۇنلار دۈشمەن ئۆلۈكلىرى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرۈشەتتى.

## 2

نادىرنىڭ ئەترىتىگە قاراشلىق پارتىزانلار ئۇلاستاينىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى يوپيۇرماقلىرى چۈشۈپ، شاخلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان تاغ تېرىكى دالدىسىدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ تۇراتتى. يوغان بىر تۈپ تاغ تېرىكى يېنىدا دۈشمەننى كۆزىتىپ تۇرغان نادىر يىراققا تىكىلىپ تۇراتتى. پارتىزانلار تۇرغان جاي بىر تەرىپى قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، يەنە بىر تەرىپىنى قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىق قورشاپ تۇراتتى.

نادىرنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ، رەڭگى قارىداپ، يۈز سۆڭىكى

تومپىيىپ قالغان، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى بورۇلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىگە 300 مېتىرچە قالغان دۈشمەننى كۆزەتكەندىن كېيىن، ھايات قالغان پارتىزانلارغا قاراپ ئېيتتى:

— يولداشلار، ھەممەيلەن غەيرەتكە كېلىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرەيلى!

پارتىزانلار بىر ئېغىزدىن ۋارقىرىدى:

— ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمىزكى، دۈشمەنگە تىز پۈكمەيمىز!

دۈشمەن ئاندا - ساندا ئوق ئاتقىلى تۇردى، ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى توختاپ قالدى. نادىر سەل جىددىيلىشىپ:

— دۈشمەن يېقىنلىشىپ قالدى، ھەممەيلەن ئۇرۇشقا تەييارلىنىڭلار!— دېدى. ئۇ توپلىشىپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ ھەممىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ھازىر ھايات قالغانلار 100 كىشىگىمۇ يەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىدە ئوق - دورا كۆيۈندىلىرى ۋە ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى تۇراتتى. ئۇلار ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى بىر - بىرىگە بېقىشىپ، مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموتلىرىنى تۇتۇپ تۇراتتى. دۈشمەن ئەھۋالىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان بەكرى نادىرغا دوكلات قىلدى.

— دوكلات كوماندىر، دۈشمەنلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— بىلدىم، ھەممەيلەن بۇيرۇق كۈتسۇن!

— يولداش كوماندىر، ئەمدى تاقەت قىلىشقا ۋاقتىمىز يوق،— دېدى بەكرى.

— ھەممىڭلار مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى چىقىرىپ ئاتاكىغا ئۆتۈڭلار!

پارتىزانلار بۇيرۇق بىلەن تەڭلا مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى چىقىرىپ ئاتاكىغا ئۆتتى. دۈشمەن بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. «ئاھ»، «ۋاي» دەپ بىرنەچچە دۈشمەن يەر چىشلىدى. تۇساتتىن يېقىن ئەتراپتا پارتلاش ساداسى ئاڭلىنىپ، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن بىرقانچە دۈشمەن پىلىموتىدىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇرۇپ بىرنەچچە پارتىزاننى ئېتىپ تاشلىدى. تۇساتتىنلا بىرسىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئوق چىقارماي، تىرىك تۇتۇڭلار!

دۈشمەن پارتىزانلارنى قورشىۋالدى. ئىككى تەرەپ خېلى ئۇزاق ئېلىشىپ پارتىزانلاردا ئوق - دورا تۈگىدى. قورشاۋدا قالغان پارتىزانلار-دىن ئون نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى ئۆلۈكلەر ئىچىدىن سالى مىدىرلاپ بېشىنى كۆتۈردى- دە، ئۆلۈك ياتقان گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئوق سېلىق-لىق پىلىموتىنى ئېلىپ «تات... تات... تات» قىلىپ سايرىتىۋەتتى. تۇيۇقسىز چىققان ئوقتىن نەچچە ئون دۈشمەن يەر چىشلىدى. گومىنداڭنىڭ ئېگىز بوي كوماندىرى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئەتراپقا قارىدى، ئاندىن كۆكرىكى قانغا مىلەنگەن هالدا ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىنتىلىۋاتقان سالىغا قارىدى- دە، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەنە، ئاۋۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت!

بىر ئەسكەر مىلتىقىنىڭ نەيزىسىنى چىقىرىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، سالىنىڭ قورسىقىغا نەيزە تىقىپ، قوچۇۋەتتى.

— ئاپلا، دۈشمەن سالىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى،— دېدى بۇ ئىشقا دىققەت قىلىپ تۇرغان بىر پارتىزان.

خېلىدىن بېرى دۈشمەنىنىڭ قورشاۋىنى قانداق بۆسۈپ چىقىشنى خىيال قىلىپ تۇرغان نادىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىك سالىغا قارىدى ۋە ئورنىدىن چاپسان تۇرۇپ مىلتىقنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، قولىدىكى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن هېلىقى دۈشمەنىنىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى، ئۇنى دۈشمەن ئەسكەرلىرى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، ئارقا- ئارقىدىن بىرقانچە پاي ئوق ئاتتى. نادىر يەرگە يېتىۋالغاچقا، ئوق تەگمىدى. ئۇ ئۆمىلەپ كېلىپ، جان تالىشىۋاتقان سەپدىشىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. سالىنىڭ كالپۇكلىرى ئاران ئېچىلدى ۋە ئاستا پىچىرلاپ تۇرۇپ نادىر بىلەن خوشلاشتى.

— سالى، سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز!— دېدى نادىر.

سالىنىڭ بېشى ئوڭ تەرەپكە قىيسايدى. نادىر ئۇنىڭ يۈزىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، يۈزى سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سالىنىڭ ئەمدى جان ئۈزگەنلىكىنى بىلدى- دە، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، ئوچۇق كۆزلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ يۇمدۇرۇپ، سالىنىڭ بېشىنى

قۇچىقىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى، ئاندىن كۆز يېشى قىلىپ «سالى... سالى» دەپ توۋلىدى. سالى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان جەڭچىدەك كۆكرىكىنى كېرىپ ياتاتتى...
كەچقۇرۇن ھاۋا تۇتۇلۇپ ئۇششاق قار يېغىشقا باشلىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەسىرگە چۈشكەن پارتىزانلارنى ئېتىپ تاشلىمىدى. بۇلۇتتەك قارىيىپ كۆرۈنگەن تۇتەك ئىچىدە ئۇلارنى گومىنداڭنىڭ باش گازارمىسىغا ئېلىپ كەتتى.

3

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، ئۇششاق قار يېغىپ تۇراتتى. تۈنۈگۈن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قوراللىق ئون نەچچە ئەسكەر باش گازارمىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. سوغۇق شامال ئەسىرگە چۈشكەن پارتىزانلارنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى، ئۇلارنىڭ لەۋلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى.
ساقال باسقان يۈزى قارىيىپ كەتكەن نادىر قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەيتتى، قالغان پارتىزانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ باراتتى. نادىر بىر قېتىم نىلقىغا ئاتلىق كېتىۋاتقاندا مانا مۇشۇنداق شىۋىرغان چىقىپ، سەپەردە مۇشكۈلچىلىككە ئۇچرىغان ئىدى، بۈگۈنمۇ يەنە قاتتىق شىۋىرغان بولدى. ئۇ چاغدىكى شىۋىرغان نادىرنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلانغان بولسا، بۈگۈنكى شىۋىرغان بۇنىڭدىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغان بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ئەسكەرلەر ئاياغلىرىنى ئېغىر يۆتكەپ، ئەسىرلەرنى مازاق قىلىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار ئەمدى ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى.
— زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى جىمىپ كەتتىمۇ؟— دېدى قارامتۇل، پاكارراق ئەسكەر.
— «ئىلى ئوغرىلىرى» بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بولغان جەڭنى پولك كوماندىرىدىن ئاڭلىدىم. چېكىنگەن «ئىلى ئوغرىلىرى» بىزنىڭ

قىسمىلىرىمىز تەرىپىدىن پوتونلەي يوقىتىلىپتۇ، ئازراق بىر قىسمى قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئۇلى ئوغرىلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، پولك كوماندىرى شۇنداق دېدى.

نادىرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يەرگە تۈكۈردى- دە، ئاچچىق ئارىلاش ئۇلارغا تەئەددى قىلدى:

— سەنلەرنىڭ قۇلاقلىرىڭ گومىنداڭ پىتىنچىلىرىنىڭ نەدىكى بولمىغۇر گەپلىرىنى ئاڭلاشقا يارىتىلغانمۇ؟ مۇشۇنداق پىتىننى تارقاتقان باشلىقىڭلارنىڭ تىلىنى كېسىپ ئەخلەتكە تاشلىۋەتسەم دەيمەن.

— تىلىڭنى تارت!— دېدى ئۇلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكىرى مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇنىڭ يانپىشىغا بىرنى ئۇرۇپ.

خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ نېرى چېتىدە بىر سايلىق كۆرۈندى. سايلىقتا قومۇش بىلەن يېپىلغان، ئەتراپى توغراق شاخلىرى بىلەن توقۇلغان بىرقانچە پاكار ئۆي تۇراتتى. سايىنىڭ بىر چېتىدە ئات سولايدىغان ئېغىل، قاق ئوتتۇرىسىدا زەمبىرەكلەر تۇرىدىغان ئۇستى يېپىق لەمپە ۋە ئوق - دورا ئامبارلىرى بار ئىدى. چوڭ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قويۇق سۆۋادانلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئېگىز تاملىق ئىمارەتلەر ۋە باغلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر پارتىزانلارنى تېرەكلىك يول بىلەن ھەيدەپ، ھېلىقى ئىمارەتلىك باغ تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. تېرەكلىك يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، نادىرنىڭ دىققىتىنى يېشىل دۇخاۋا پەردىلىك، ئېگىز دېرىزىلىك ھەشەمەتلىك ئۆي ئۆزىگە تارتتى. بىنا چوڭ دەرۋازىسىنىڭ يان تېمىغا يوغان ھەرپلەر بىلەن «قوماندانلىق شتاب» دېگەن سۆز خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە گومىنداڭنىڭ 12 شوئارلىق بايرىقى ئېسىقلىق تۇراتتى.

ئەسكەرلەر پارتىزانلارنى ھەيدەپ ئالدىنقى پوستتىن ئۆتۈپ شتاب قورۇسىغا كىرگەندە، ئىككى پوست ئۇلارنى ئۆتكۈزمىدى. بىر ئەسكەر خەنزۇچە كالدىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ، تۆش يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەرگە كۆرسەتتى. ئۇلار خەتكە

سىنچىلاپ كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، تەبەسسۇم ئارىلاش باش لىڭشىتتى ۋە قوماندانلىق شتابقا دوكلات قىلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. پوست كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، قوماندان چيۇ زۇڭجۈن ئۆزى يالغۇز خەرىتە كۆرۈۋاتاتتى.

— دوكلات!— دېدى خەۋەرچى ئەسكەر قوماندانغا تىك تۇرۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن،— ئالدىنقى سەپتىن دوكلات كەپتۇ.

— ئوقۇ،— دېدى قوماندان ئارقىسىغىمۇ ئۆرۈلمەي.

خەۋەرچى دوكلاتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

«ئىلى ئالدىنقى سەپ شتاب باشقارمىسىدىن:

قوماندان چيۇ زۇڭجۈنگە مەلۇم بولسۇنكى، تۈنۈگۈن سائەت 5 تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ چوڭ ئەترىتى ھۇجۇم قىلىپ پىيادە قىسىم ئورۇنلاشقان 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئېگىز-لىكنى ئىگىلىۋالدى. جانابلىرىنىڭ توپ - زەمبىرەكچى قىسىم بىلەن ھاۋادىن قىلغان ياردىمى ئارقىسىدا ئۇلارنى تەلتۆكۈس چېكىندۈردۇق. لېكىن، ئىلى ئوغرىلىرى پارتلاتقان ئاساسلىق يەتتە پوتەيدە ھەربىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلار ھالاك بولدى. ياردەمچى قوشۇننىڭ غەيرىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ بىر پولك ئەسكىرى چېكىندى. قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭىدە تۆت پىلمۇت بىلەن تۆت ئوغرىنى ئەسىر ئالدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر پولك كوماندىرى بار. ئەسىرلەرنى قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتتۇق. ھازىرچە ئۇرۇش ئەھۋالىدىن يۇقىرىقىلارنى دوكلات قىلىمىز.

1944- يىل 13- نويابىر

ھۆرمەت بىلەن: ياڭ جىڭرۇي».

ئەسكەر دوكلاتنى ئوقۇپ بولۇپ قوماندانغا سۇندى. ئۇ دوكلاتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇيەر - بۇ يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن،

چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى ۋە دوكلات ئېلىپ كىرگەن ئەسكەرگە ئېيتتى.

— ئۇلارنى قاماپ قويۇڭلار، كەچقۇرۇن كۆزدىن كەچۈرىمەن.

ئەسكەر چاس بېرىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە بۇيرۇقنى يەتكۈزۈپ، ئەسىرلەرنى قامايدىغان ئۆيگە ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى...

قوماندان چيۇ زۇڭجۇن كەچ سائەت 8گە يېقىنلاشقاندا ئازادە ياسالغان قوماندانلىق شتاب ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ھېلىقى تۆت نەپەر ئەسىرنى كۆزدىن كەچۈردى.

چيۇ زۇڭجۇن ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى كىچىك، بۇرنى پاناق، چېكە چاچلىرىغا ئەمدىلا ئاق سانجىلىشقا باشلىغان 55 ياشلاردىن ھالقىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرچىنى تولۇق سۆزلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىماننى بىللە ئېلىپ كىردى. ئۇ ئەسىرلەرنىڭ باش ـ ئايىغىغا تولۇق كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاۋازىنى سوزۇلۇك چىقىرىپ سورىدى:

— سىلەر قايسى قىسىمنىڭ؟

تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈدى.

— سەنلەرنى يەر چىشلىتىدىغان، گومىنداڭغا قارشى قوشۇن،— دېدى نادىر ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

نادىرنىڭ سوزۇلۇك قارىشىدىن قوماندان كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن ئۇلارنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاھاڭدا:

— ياخشى، ياخشى، قارشى ئالىمىز،— دېدى قوماندان ھېيلىگەر-لىك يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن نادىرغا قاراپ،— قېنى ئېيتقىن، پولك كوماندىرى سەن بولامسەن؟

— شۇنداق.

نادىر ئۇنىڭ جاۋابىغا سۇس ھەم تەبىئىي ئاھاڭدا جاۋاب بەردى. قوماندان ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۆي ئىچىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، سالماق ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— قىسىملىرىمىزغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتىڭ

نېمە؟
— گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، خەلقنى ئازاد قىلىش،— نادىر كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى.
قوماندان كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، گەپ ئەگىتىپ سۆزلىمەكچى بولدى. بىراق، نادىرنىڭ يېنىدىكى پارتىزانلارغا قاراپ ئۆمەللىگەن ئاغزىنى گەپتىن توختىتىۋالدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئىشىككە تىكىپ ئادەم چاقىردى، سىرتتىن ئىككى نەپەر ئەسكەر كىرىپ نادىرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان پارتىزانلارنى ئەچىقىپ كەتتى. ئىشخانا ئازادە قالغاندا قوماندان كەڭ كۆشادە سۆزلەشكە باشلىدى:
— تۇرقۇڭدىن قارىغاندا ئۇزاق يىللىق كوماندىردەك تۇرىسەن، ھەربىيلەر ئۆچۈن ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. مەن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى ئاڭلاپ، ئالدىنقى سەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ سىلەرنى بۇ جايغا ئالدۇرۇپ كەلدىم،— ئۇ ناچىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يەر ئاستىدىن نادىرنىڭ چىرايىغا تىكىلدى، كېيىن مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ھەممىمىز ھەربىي ئادەم، مەن ھەربىيلەرگە زۇلۇم سېلىشنى خالىمايمەن. سېنى ئۆز لايىقىدا خىزمەتكە قويسام، مەنسىپىڭنى ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈپ قېشىمدا ئىشلەتسەم دەيمەن.
قوماندانىنىڭ سۆزىگە نادىر ئاچچىق ئارىلاش جاۋاب بەردى:
— مەن دېگەن پارتىزان، دۈشمەنگە سېتىلىشنى خالىمايمەن!
قوماندان مەككارلىق بىلەن كۈلۈپ:
— قوماندانلىق شتابىتا خىزمەت قىلىشقا قورقۇۋاتامسەن؟ بۇ يەردە ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق، ئالدىنقى سەپتىكىگە ئوخشاش جاپا چېكىدىغان ئىش يوق. كۆرسەتكەن خىزمىتىڭگە قاراپ ئائىلىق مائاشىنىڭ سىرتىدا يەنە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ،— دېدى، ئاندىن كومۇش قۇتىدىن تاماكا چىقىرىپ نادىرغا تەڭلىدى. ئۇ چېكىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى چاقماق چېقىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شورىغاندىن كېيىن سوئالىنى تەكرارلىدى،— قانداق، بۇ تەكلىپىم بولامدىكەن؟—

قومانــدان كــۆزىنى يىــرىم يۇمــۇپ، تاماكىســـنى كولــدانغا نىقتــاپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، نادىرغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

نادىر قوماندانىنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— شەپقەتلىكلارغا رەھمەت، ھاياتىمدا شۇنچىلىك ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن.

قومانــدان قوشـۇق بىلـەن ئىســتاكاننى جىرىڭلىتىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نادىرغا تىكىلدى ۋە ئۇنىڭ تەئەددى قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداقتا، سىنى ئەيىبكە بۇيرۇپتىمەندە! مېنىڭ ساڭا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيۋاتامسەن؟

— ماڭا ئۇنداق ئاتىــدارچىلىقنىڭ كېرىكى يوق!— دېدى نادىر كەسكىن ئاھاڭدا،— سىلەرنىڭ ئاتىدارچىلىقىڭلارنى چۈشىنىمەن. تېز يوكوشتىن ئۆلۈمنى ئەلا كۆرىمەن.

قوماندانىنىڭ چەت ئەلچە بۇرۇتلىرى لىكىلداپ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئــۇنىڭ قىياپــىتىدىن ئــاچچىقى كەلگــەنلىكى بىلــىنىپ تــۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇرماي سۆزلىدى:

— سەن قولۇمدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت. سەن ئىلىنىڭ باشقا يىگىتلىرىگە ئوخشىمايسەن، ھازىر باشقا گەپلەرنى قىلىشمايمىز، سەنمۇ كۆڭلۈڭدىكى گەپنى سۆزلە.

نادىرنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ، قوماندانغا تىكىلدى:

— نېمىنى سۆزلەيمەن، سۆزلەيدىغىنىمنى سۆزلەپ بولدۇمغۇ؟

قوماندانىنىڭ رەڭگى ئۆڭدى، نادىرغا ئاچچىق تىكىلدى:

— ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان كازاپ!

نادىر قوماندانغا ھومىيىپ بىرنى تۈكۈردى ۋە ئارقىسىنى ئۆرۈۋالدى. قومانــدان ئۇنىڭغا بىر تەستەك سالدى. دە، ئالىقىنىنىڭ ئېچىشىۋاتقانــلىقىنى سېزىپ ئۇۋۇلىدى. نادىر قوماندانىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر مۇشت سالدى، ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ

كەتتى- دە، ۋارقىراپ ئادەم چاقىردى. سىرتتىن ئىككى ئەسكەر كىرىپ ئۇنى يۆلىدى. قوماندان يېنىدىن ناگاننى سۇغۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزدى. ئوقلار نادىرنىڭ سول مۈرىسىنى سىيرىپ ئۆتۈپ كەتتى. قوماندان ئۈچىنچى ئوقنى ئۈزۈشكە تەمشىلىۋاتقاندا، تېلېفون قاتتىق جىرىڭلىدى. ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ، ناگاننى شىرە ئۈستىگە قويدى ۋە تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ:

— بۇ قىزىل پاچاقنى قاتتىق جازالاڭلار!— دېدى.

ئىككى ئەسكەر نادىرنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتەرگىنىچە ئىشخانىدىن ئاچىقىپ كەتتى.



# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## پارتلىتىش

### 1

يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، شامال قىرلاردىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ پەس ئازگال - ئېرىقلارغا تىقماقتا. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تېرەكلەر شامالنى سەل توسقان بولسىمۇ، شامال يولدىكى قارلارنى پۇرقىرىتىپ ئۇچۇرماقتا ئىدى.

گومىنداڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتاب ئىشخانىسىدىن ئىككى ئوفىتسېر سۆزلىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرى شتاب باشلىقى ياڭ جىڭرۆي، يەنە بىرى پولك كوماندىرى لىيۇ جىڭسەن ئىدى.

— بۇ ئادەمنى ئىقرار قىلدۇرۇش قىيىنغا چۈشىدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى ياڭ جىڭرۆي.

ئۇنىڭ سۆزىنى لىيۇ جىڭسەن ئارىلىدى:

— ئەسلىدە بۇ باتالىيون كوماندىرى 20 گە يېقىن ئەسكەر بىلەن قالغان ئىدى. بىز تەرەپتىن قورشاۋدا قالغاندا جاھىللىق قىلىپ قورال تاپشۇرمىدى، ئاخىر ئوق - دورىسى تۈگەپ ئۈچ ئەسكىرى بىلەن قولغا چۈشتى. قوماندان بۈگۈن مېنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ ئۇلارنى سوراق قىلىشقا تاپشۇردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

— قوماندانىنىڭ سىزنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى زور. ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويما.

— شۇنداق، بۇ مەن ئۇچۇن بىر ئۆتكەل، مەنمۇ بۇ ئۆتكەلدىن ياخشى ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن،— ئەمدى ليۇ جىڭسەن ئىلىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدىن سۆز ئېچىپ قالدى،— ناۋادا رۇسىيە شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئارىلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كەچمەيدىكەن، ئۇ ھالدا جياڭ جېيشىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىشنى ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، خالاس. بىراق، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، قۇمۇلنى چىڭ ساقلاش كېرەككى، بۇلاردىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سېلىنىدۇ.

— ئاڭلىشىمچە،— دېدى ياڭ جىڭرۇي،— جياڭ جېيشىنىڭ جۇ شياۋلياڭغا ئەۋەتكەن خېتىدە ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇپتۇ. شۇ تاپتا شىنجاڭ توغرىسىدىكى پىلاندا مۇھىم تايانچ پونكىتنى قولدىن بەرمەي ساقلاپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە قايتۇرۇۋېلىش بازىسى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا ئومۇمىي ۋەزىيەت زورمۇزور ساقلاپ قېلىنماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا جەزمەن شىنجاڭ قولدىن كېتىپ، ئوڭشالغۇسىز ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ،— دېدى ليۇ جىڭسەن،— ھازىرچە شىمالىي شىنجاڭدىكى بازىلارنى ياخشى ساقلاپ، مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭغا بىرەر دۆلەتنىڭ بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق. جۇڭگجىڭ[1] بىرەر دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئانچە ئەنسىرىمەيدۇ. ھېچ ئىلاج بولمىغاندا شىمالىي شىنجاڭدا ئاز ساندىكى تايانچ پونكىتلارنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارغا شەھەر قوغداش ئىرادىسى بار خىل قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. ئادەم سانىنى ھاۋا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوق - دورا مىقدارى

[1] جۇڭگجىڭ — جياڭ جېيشى كۆزدە تۇتۇلغان.

بويىچە بەلگىلەش لازىم. كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى ئارقا سەپكە يۆتكەپ، تۈپ ئاساسنى مۇستەھكەملەش كېرەك. جىڭنىڭ غەربىدىكى قىسىملارنىمۇ مۇۋاپىق سۈرئەتتە جىلىڭ، شىخۇ ئەتراپىغا چېكىندۈرۈپ مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. شۇ تاپتا جۇڭجىڭمۇ ئەتىياز پەسلىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تامامەن پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. شۇڭا، بۇنىڭغا پائال تەييارلىق كۆرمەي بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزدە مۇئەييەن تەدبىر ۋە مۇئەييەن كۈچ بولسا، چاما يەتمەيدىغان پىلان تۈزۈلمىسىلا كۇپايە. چۈنكى، بەلگىلىك نەرسىدىن ۋاز كەچكەندىلا تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆپ نەرسىگە ئىگە بولىمىز دەپ كۈچ بۆلۈنۈپ كەتسە، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، خالاس.

ئۇلار سۆزلىشىپ يولغا چىقتى. ياڭ جىڭرۈي بىلەن ليۇ جىڭسەن خوشلىشىپ، كىچىك ئاپتوموبىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ھايال ئۆتمەي پۇرقىرىتىپ قار توزۇندىلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئاپتوموبىل كۆزدىن غايىب بولدى. مەھبۇسلارنى كۆزەت قىلىۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ ئۇياقتىن بۇياققا ماڭغان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىناتتى. نادىر تېخىچە سوراقخانىدا سوراق قىلىنىۋاتاتتى.

— مەن سىلەرگە دوستانە تەكلىپ قىلماقچىمەن، — دېدى ليۇ جىڭسەن نادىرنىڭ گەۋدىسىگە قوللىرىنى قويۇپ، — ئۆزىڭىز توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، پارتىزانلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى توغرىسىدا سۆزلەشسەك قانداق؟

نادىرنىڭ كۆزلىرىدىن بۇرۇنقىدەكلا ئۆچمەنلىك ئوتى چاقناپ كەتتى. ليۇ جىڭسەن ئۆزىگە غەزەپلىك قاراۋاتقان نادىرغا قاراپ ئۈمىدسىزلەنگەندەك بولدى. ئۇ نادىرنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان چارە-تەدبىرلىرىنىڭ يوققا چىقىدىغانلىقىنى چۈشەنسىمۇ، ئۇنى سىناپ بېقىش غەرىزىدە بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ سۆزلىدى:

— سىلەرنىڭ قىسمىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭىزنى دېسىڭىزلا كۇپايە، خىزمەت كۆرسەتسىڭىز مۇكاپات بېرىمىز.
نادىرنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ۋە غەزىپىنى باسالماي، ليۇ جىڭسەنگە تىكىلدى:
— مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ئىپلاس گومىنداڭنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىش. مەن گومىنداڭنىڭ قانخورلۇقىنى بىلىمەن. گومىنداڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلدى. گومىنداڭنىڭ پۇقرالارغا يۈرگۈزگەن سىياسىتىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.
لىيۇ جىڭسەن كۈلكە ياراشمايدىغان سۈرلۈك تەلەتتىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ سەت ھىجايدى، ئاندىن سىپايىلىق بىلەن:
— كوماندىر، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. «سۆز قىلىپىدا، پىچاق غىلىپىدا ياخشى» دېگەن گەپ بار. ئىش مەن كۈتكەندەك بولىدىغان بولسا، سىز كۈتۈلمىگەن بايلىققا، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىسىز.
نادىرنىڭ تېخىمۇ غەزىپى قايناپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ لىيۇ جىڭسەنگە ئالايدى. ئۇ ھودۇققىنىدىن تۇرۇپلا قالدى، نادىر ئاچچىق بىلەن ئېيتتى:
— ماڭا ھازىر بايلىق ئەمەس، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى كېرەك.
لىيۇ جىڭسەن ئېسىنى يىغىۋېلىپ، موخوركا تۇتاشتۇردى- دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە تاماكىسىنى ئۆزمەي شوراشقا باشلىدى.
— كوماندىر، ئاخىرقى جاۋابىڭىزنى بېرىشكە ئالدىرىماڭ، سىز ھازىر سوتتا تۇرۇۋاتىسىز، ھازىرقى سۆزىڭىز قىزىققانلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسى، ۋاھالەنكى ھەممە نەرسىنى ئالدىرىماي ئويلاش كېرەك. ئادەمنى زۇۋانغا كەلتۈرەلەيدىغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ بارلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ،— لىيۇ جىڭسەن گازىر كۆزى بىلەن نادىرغا تىكىلدى،— تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالسىڭىز، باشقىچىرەك سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىمىز، جان تەن بىلەن بىر يەردە، تېنى ئاغرىسا جېنى قىينىلىدىغۇ؟— لىيۇ جىڭسەن راھەتلىنىپ كېرىلدى، ئۆزىۋەقىچە ئەسنەپ ھۇرۇنلۇق بىلەن سۆزلىدى،— مەن سىزنى

ئـويلىنىش ئۈچۈن يالغۇز قالدۇرىمەن، ياخشىراق ئـويلىنىپ بىر قارارغا كېلىۋېلىڭ،— دېـدى ـ دە، بۆلۈمـدىن چىقىـپ كـەتتى. ئـۇ ئىشـىكتىن چىققاندا ھەربىيچە جۇۋىسىنى يېپىنىپ، تامغا يۆلىنىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەرگە نادىرنى كۆزىتىش توغرىسىدا ئىشارەت قىلىپ قويدى.

ئارىدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، لىۇ جىڭسەن يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپلا ئورۇندۇققا يۆلىنىپ سۇرلۇك قاراپ ئولتۇرغان نادىرغا تىكىلدى:

— ئويلاندىڭىزمۇ؟

نادىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا تۇپرىقىنى قانغا بويىغان، پۇقرالارغا دەرد ـ ئەلەم سېلىپ، مىللەتنىڭ، ۋەتەنىنىڭ تەقدىرىگە داغ چۈشۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ بەختىنى نابۇت قىلىۋاتقان جاللات لىۇ جىڭسەن تۇراتتى. ئۇنىڭ قەدىمى تەگكەنلا جايدا ئاق تېررورلۇق باشلىنىپ، پۇقرالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ كەلدى. ناھەقتىن ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ شۇلار. ئۇ قانچىلىك خەلقنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان ـ ھە.

لىۇ جىڭسەن نادىرغا يېقىنراق كېلىپ، سوغۇق قاراش بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلدى، نادىرمۇ قاراپ تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن لىۇ جىڭسەن بىرقىسما بولۇپ كەتتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشتى:

— مەن كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن ئويلاپراق ئىش كۆرەرسىز؟

— بىلىمەن،— نادىرنىڭ لەۋلىرى ئاستا ئېچىلدى.

بۆلۈم ئىچى بىرپەس جىم بولۇپ كەتتى. لىۇ جىڭسەن جانلىنىپ، رەڭگىرويىدا ئىشەنچ ئالامىتى پەيدا بولدى. بۇ، سوراقتا چۈشكەن پارتىزانلار باشلىقىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان جاۋابى ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم نۇرى ئويناپ، تېز ـ تېز مېڭىپ نادىرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قېنى سۆزلەڭ.

— نېمىنى سۆزلەيمەن؟

— بىلىدىغانلىرىڭىزنى.

— مەن ھېچ ئىشنى بىلمەيمەن.

ليۇ جىڭسەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ، شۇ ھامان ئادەم چاقىردى. بۆلۈم ئىچىگە دەرھال ئىككى نەپەر ئەسكەر كىردى.

— بۇ كوماندىرغا جازالاش ئۆيىنى كۆرسىتىپ چىقىڭلار.

ھېلىقى ئىككى نەپەر ئەسكەر نادىرنى سوراق بۆلۈمىدىن ئاچىقىپ، جازالاش ئۆيىگە ئەكىرىپ ئۈچ تۈۋرۈكلۈك تام ئالدىدا توختاتتى، ئاندىن تۈۋرۈككە ماتاپ باغلىۋەتتى. ئارقىدىنلا ليۇ جىڭسەن كىرىپ كەلدى.

— ساڭا ئاخىرقى پۇرسەت،— دېدى ئۇ ۋارقىراپ،— ئەگەر يەنىلا جاھىللىق قىلساڭ تىرىك كۆمۈۋېتىمەن!

— مېنى كۆمۈۋېتىشىڭ مۇمكىن، لېكىن ئەۋلادلارنى كۆمۈپ تۈگىتەلمەيسەن،— دېدى نادىر قىلچە ئىككىلەنمەستىن.

قىيىن ـ قىستاق باشلاندى. جاللاتلار ئىككى تىللىق سىم قامچا بىلەن نادىرنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى. ليۇ جىڭسەن نادىرنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ساڭا بېرىلگەن ئاخىرقى مىنۇت، ئېيتامسەن- يوق!؟

نادىرنىڭ رەڭگىرويىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇ جازالاش ئۆيىدە مۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ھادىسە ئىدى. ئارىدىن بىر مىنۇت ۋاقىت ئۆتتى، ليۇ جىڭسەن جاللاتلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— باشلاڭلار!

ئىككى چاپارمەن تۈۋرۈككە باغلاقلىق نادىرنىڭ قوللىرىنى يېشىپ، غۇلىچىنى كېرىپ تۈۋرۈككە بېلىدىن كۆكسىگىچە باغلىۋەتتى. چاپارمەنلەر ئوتقا سېلىپ تاۋلىغان قىزىق تۆمۈرنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ياقتى. پىژىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان پۇراق كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. نادىر ئاچچىق ئازاب ئىچىدە ئىڭراپ ھوشىدىن كەتتى. چاپارمەنلەر ئۇنىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيدى. ئۇ سەل ـ پەل ھوشىغا كەلدى، كۆزلىرى ئالىيىپ،

بارلىق ئەزاسى قاتتىق ئېچىشىشقا باشلىدى. يۈرىكى بىلىنەر - بىلىنمەس سوقاتتى.

— قايتىپ ئارام ئېلىڭلار، ئۇ بۈگۈن مۇشۇ ھالەتتە تۇرسۇن،— دېدى لىيۇ جىگىسەن ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزى چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ جازالاش ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

تۈرمىداشلار تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇلار كوماندىر ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئوك تەرەپتە ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، قارا قاش، 23 — 24 ياشلاردىكى يىگىت نۇرغازى ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، رۇستەمباينىڭ يىللىقچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن باينىڭ زۇلمىدىن نىلقىغا قېچىپ بېرىپ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشقان. سول تەرەپتىكىسى قەشقەرلىك بەكرى ئىلىخوغا چىقىپ، بىرقانچە يىل ياللانما ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشقان. ئوتتۇرىدىكىسى ئىلىخولۇق خالمۇرات بولۇپ، نىلقا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىلىخودىن نىلقىغا چىقىپ پارتىزانلارغا قوشۇلغان. ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈتنى بۇزۇپ نۇرغازى سۆزلىدى:

— ئاغىنىلەر، ھەممىمىز قاراپ ئولتۇرۇپ كوماندىرىمىزنى دۈشمەنگە يەم قىلىپ بېرىمىزمۇ، گومىنداڭ پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ، ئۇلغىيىپ يېنىۋاتقان بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بىز پارتىزانلارغا مۇناسىپ پىداكارلىق كۆچىمىز بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، كوماندىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ نىجاتلىققا چىقايلى.

— شۇنداق قىلايلى،— دېدى خالمۇرات يۈرەك قېتىدىن قايناپ چىققان ھېس - تۇيغۇسىنى باسالماي.

— مېنىڭچە،— دېدى نۇرغازى ئەقىل كۆرسىتىپ،— يەر ئاستىدىن لەخمە قېزىپ جازالاش ئۆيىگە ئۆتۈپ، بىر يولىلا كوماندىرنى قۇتقۇزۇپ، تۈرمىدىن قاچساقمىكىن دەيمەن.

بەكرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئارىلىدى:

— لەخمە قېزىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز باشقىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى مەھبۇس، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا

چىقىرىش ئۈچۈن ۋاقىت، بىرەر قول سايمان بولۇشى لازىم.
— «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار. سايمان بولمىسا، ئەنە ئاۋۇ پەنجىرىگە مىخلاقلىق تۆمۈرنى قومۇرايلى — دېدى نۇر غازى.
ئۇلار بىرلىككە كېلىشىپ، ئۆزئارا ئىش تەقسىم قىلىشىپ، شۇ كېچىسىلا ئىشنى باشلىۋەتتى.

## 2

تۈرمىدىن قېچىپ چىققانلار يول بويى ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. ئىككىيلەن يۆلەپ مېڭىۋاتقان نادىرنىڭ جاراھەتلەنگەن بەدىنى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى، لەۋلىرى يىلان قاسرىقىدەك گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، ھالسىزلانغانلىقىدىن ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئالاتتى.
— ئايدىڭ كېچىدە قېچىش بىز ئۈچۈن قۇلايسىز، ئەگەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەلسە بىر يولىلا تۈگىشىمىز، شۇڭا بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئەپلىكرەك بىر جاي تېپىپ، ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار.
نۇرغازى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەئەججۈپلەندى ۋە ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ سۆزلىدى:
— ياق، كوماندىر، سىزنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۆلسەك ھەممىمىز تەڭ ئۆلىمىز، — يىراقتىن دۈپۈرلىگەن ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. نۇرغازى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، سەل جىددىيلىشىپ قالدى ۋە باشقىلارغا قاراپ، — چاپسان بولۇڭلار، يوشۇرۇنۇڭلار! — دېدى.
ئەتراپتا تۈزۈكرەك يوشۇرۇنغۇدەك جايمۇ يوق ئىدى. ئەمدى بۇ ئىشقا يەنە بىر چارە تېپىپ، دۈشمەننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقتىن باشقا ئامال بولمىغاندا، دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا توغرا كېلەتتى. خالمۇرات دېھقان سىياقىغا كىرىپ چوڭ يولغا چىقتى، قالغانلار يول

بويىدىكى ئېرىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، ھايال ئۆتمەي قوراللىق ئىككى ئاتلىق ئەسكەر خالمۇراتقا يېتىشىۋېلىپ توۋلىدى:

— توختا!

خالمۇرات كەينىگە بۇرۇلدى.

— نېمە ئادەمسەن؟

— يولۇچى.

— نەگە بارىسەن؟

— تۆگمەنگە.

ئەسكەرلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ يېنىدىكى قولچىرىغىنى چىقىرىپ يېقىپ، ئۇنىڭ تۇرقىغا سەپسالدى ـ دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يول ئۈستىدە ئادەم ئۇچرىدىمۇ؟

— ياق.

بۇ چاغدا ئېرىق ئىچىدە يوشۇرۇنغانلار شەپە چىقارماي ئىككى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى. ئەسكەرلەر خالمۇراتنى سوراق ـ سوئال قىلىۋاتقاندا «ئېھ» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۇلارنىڭ گېلى پولاتتەك قوللار ئاستىدا ئامبۇردەك قىسىلدى. خالمۇرات ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئىككى ئەسكەرنىڭ كىندىكىگە بىر ـ ئىككى مۇشت سالدى. خەنجەر بىلەن ئۇلارنى جايلىۋېتىپ، جەسەتنى يول بويىدىكى ئېرىققا تاشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ قېتىم ئىككى يان قورال، ئون نەچچە گرانات، 20 — 30 تال ئوق، ئىككى قولچىراغ، ئىككى ئات غەنىيمەت ئالدى.

— قولىمىزغا قورال چۈشتى،— دېدى نۇرغازى ھاياجانلىنىپ،— بۇ قېتىم ئۇلار قوغلاپ كەلسە، كۆلنى كۆككە سورۇيمىز.

— كوماندىر،— دېدى خالمۇرات نادىرغا قاراپ،— قولىمىزغا قورال چۈشتى، قوشۇنغا يېتىشىۋېلىشتىن بۇرۇن بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلالايمىزمىكىن دەيمەن؟

— قانداق ئىش؟

— تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن دۈشمەننىڭ باش گازارمىسىغا بېرىپ، ئوق - دورا ئامبىرىغا ئوت قويۇۋېتەيلى.

— توغرا ئېيتتىڭ، توغرا ئېيتتىڭ، بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن، مەنىسىز ئۆلگەندىن كۆرە، بىرەر مەنىلىك ئىش قىلىپ ئۆلسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى،— دېدى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن.

خالمۇرات رازۋېدكىغا چىققاندا سىزىۋالغان خەرىتىنى ئېلىپ كوماندىرغا كۆرسەتتى:

— مانا بۇ، مەلۇمات خەرىتىسى.

— قولچىراغنى ياق،— دېدى نادىر.

خالمۇرات قولچىراغنى يېقىپ، مەلۇمات خەرىتىسىنى نادىرغا چۈشەندۈردى:

— مانا ماۋۇ باش گازارما، مانا بۇ يەر ئوق - دورا ئىسكىلاتى. بۇ يەرنى 50 تىن ئارتۇق دۈشمەن ساقلاۋاتىدۇ. مانا بۇ يەردىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ گازارمىسىغا بارىمىز. بۇ يەرنى ساقلاۋاتقانلار مۇنتىزىم ئەسكەر، قورال - ياراغلىرىمۇ خىل.

— بۇ يەرنى سەن پىششىق بىلىدىكەنسەن،— دېدى نادىر ئۇنىڭغا،— بۇ ئىش سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن.

— گازارمىغا يېقىن بارغۇچە ئاتلىق ماڭايلى، نىشانغا يېقىنلاشقاندا ئاتلارنى تاشلاپ پىيادە ماڭىمىز،— دېدى خالمۇرات نىشاننى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

پارتىزانلار خېلى ئۇزاق ئاتلىق مېڭىشتى، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە گازارمىغا يېقىن ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى. خالمۇرات ئۆزىگە تونۇش بۇ ئانا ئۆستەڭگە ئۇزاققىچە تىكىلدى. «ئاھ، باللىق، ئۇ چاغلار نېمىدېگەن غەمسىز ئىدى- ھە». ئۇ باللىقتا دوستلىرى بىلەن بۇ ئۆستەڭگە بىرنەچچە قېتىم سۇغا چۆمۈلگىلى كەلگەن، سۇغا چۆمۈلگەندە ئۆستەڭنىڭ ئاستىنى ئۆلچىگەن. دادىسى بىلەن تاغدىن مال بېقىپ ھەيدەپ چۈشكەن قويلارنى مۇشۇ ئۆستەڭدە سۇغارغان. مانا، باللار سۇغا

چۆمۈلدۈرۈلگەن بىلەن شامال يالاپ كەتكەن دوڭغاق سۆگەت يېنىدىكى گۈلدۈرمە. قۇياش تىكلەشكەندە، ئۇ دوستلىرى بىلەن سۇغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن مۇشۇ گۈلدۈرمە بېشىغا يىغىلاتتى. ئاكا - ئۇكىلاردەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ سۇغا سەكرەپ، خۇددى پاقىلارغا ئوخشاش بىرقانچە مېتىر سۇ ئۈزەتتى. ھەي، بالىلىقتىكى مەنىلىك كۈنلەر ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان جەڭچى بولدى.

خالمۇرات سۈتتەك ئايدىڭدا ئۆستەڭنىڭ ئۇ چېتىگە تىكىلدى. بىر چەتتىكى سۇ تارتىش ماشىنىسى ئۆستەڭنىڭ قېشىدا پارقىراپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سىم توساق بىلەن ئورالغان بىرنەچچە قورال - ياراغ ئامبىرى، ئامبارلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بۇلۇڭلىرىغىچە يورۇتۇپ تۇرىدىغان چوڭ چىراغلار، سىم توساقنىڭ ئۇيەر - بۇيېرى كولىنىپ، شېغىل، تاش، توپىدىن ياسالغان ئاكوپلار، كۆزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قورال - ياراغ ئىسكىلاتى قاتتىق كونترول قىلىنغان ئىدى. خالمۇرات كۆز ئۈزمەي ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىۋاتقان نۇرغازىغا مەسلىھەت سالدى:

— سىنىڭچە، ئىشنى قانداق باشلىساق بولار؟

تاغ تەرەپتىن كەلگەن شىۋىرغان ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ نۇرغازى ئاڭلىيالماي قالدى. ئۇ سەل ئېڭىشىپ:

— بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟— دەپ سورىدى.

— قانداق قىلاتتۇق، ئالدى بىلەن بىرىمىز ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ رازۋېدكا قىلايلى.

— مەن ئۆتەي،— دەپ مەيدە قاقتى خالمۇرات.

— ياق، مەن ئۆتەي،— دېدى بەكرى كەسكىنلىك بىلەن،— بىزدە «يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. مەن مانا شۇنداق يالاڭ ئاياغلارنىڭ بىرى، تارتىشىدىغان بالا - چاقام يوق، بۇ يولدا شېھىت بولۇپ كەتسەم قىلچە ئارمىنىم يوق.

بەكرى كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەيلا مۇز ئۆستىگە دەسسەپ

ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن سىم توساق ئورنىتىلغان ئەتراپقا يېقىن بېرىپ كۆزەتتى. يىراقتىن قارىغاندا، بۇ جاي گويا سۇرلۇك دوزاختەك كۆرۈنەتتى. كۆزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ كالتە - كالتە يۆتەللىرى، ئەزمىلىك بىلەن ئەسنەشلىرى، تۇرۇپ - تۇرۇپ چۇشكۇرۇشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئاكوپنى ناھايىتى ئېنىق كۆزەتتى. ھايال ئۆتمەي بىر ئەسكەر چىقىپ پوست ئالماشتى.

ئاسماندىكى ئاي بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئەتراپنى بىردىنلا تۇن قاراڭغۇسى قاپلاپ كەتتى. نۇر غازى كوماندىرنى قولتۇقلاپ، خالمۇرات ئەتراپنى كۆزىتىپ ئۆستەڭدىن ئۆتتى. ئۇلار تارقىلىپ، بۆلۈنۈپ ئەتراپنى كۆزەتتى. بەكرى بىلەن كوماندىر ئۆمىلەپ بېرىپ توساق يېنىدىكى ئاكوپقا يوشۇرۇندى، ھايال ئۆتمەي قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان، قوراللانغان بىر پاكار ئەسكەر چىقىپ سىم توساق تەرەپكە كەلدى. يوشۇرۇنۇپ ياتقان بەكرى تۇيدۇرماستىنلا ئارقىسىغا ئۆتتى. ئەسكەر ئاكوپ ئىچىگە پۇتىنى ئېلىشقا تەمشەلگەندە، كۈچلۈك ئىككى قول ئۇنىڭ گېلىنى ئامبۇردەك قىستى. دە، ئەسكەرنىڭ جەسىتىنى بىرنەچچە مېتىر يىراقلىقتا سۆرەپ ئاپىرىۋەتكەندىن كېيىن، چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ كىيدى.

بەكرى ئىلگىرىكى پىلان بويىچە بىرنەچچە ئامبارنىڭ كۇنگۇرىسىدىن ئامبار ئىچىگە گراناتا تاشلىدى. ھايال ئۆتمەي يەر - جاھاننى تىترىتىپ قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. نۇرغازى چىراغ بىلەن تېلېفون سىمىنى كېسىپ تاشلىدى. قىيا - چىيا، ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىقىپ، قورالانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇشمۇتۇشتىن سىرتقا قاراپ قاچتى. پارتىزانلار غەنىيمەت ئالغان ئاپتوماتلىرىنى سايرىتىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يەر چىشلەتتى. سوقۇش خېلى ئۇزاققا سوزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جىمىپ كەتتى. ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈرلەپ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئامبارلارمۇ پارتلىدى. بۇرۇقۇپ چىققان ئىس - تۈتەك ئىچىدىن يورۇقلۇق كۆتۈرۈلۈپ تۈن قاراڭغۇسىدىكى

گازارما ئىچىنى يورۇتۇۋەتتى. جەڭچىلەر تېز پۇرسەتتە بىر يەرگە جەم بولۇشتى.

— دۈشمەن بىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغۇچە بۇ جايدىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى،— دېدى خالمۇرات ئۈنلۈك قىلىپ.

جەڭچىلەر ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قورال ۋە ئوق - دورىلىرىنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ ياتاق ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىسىدىن ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە گرانات تاشلاپ، بۇرۇن بۆسۈپ كىرگەن سىم توساقتىن ئۆتۈپ، ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

3

پارتىزانلار ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكەندە، دۈشمەنلەر تۆت تەرەپنى قورشاپ بولغان ئىدى. ئۇلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلە خېلى ئۇزاق ئېتىشتى. خالمۇرات ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە تال گرانات تاشلىدى. بەكرى كوماندىرنى قولتۇقلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. توساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر توپ دۈشمەن چىقىپ قالدى. پارتىزانلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشتى. دۈشمەنلەر ئارقا - ئارقىدىن باستۇرۇپ كەلدى. نۇرغازى غەنىيمەت ئالغان پىلىموتقا يېپىشتى. خالمۇرات ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە تال گرانات تاشلىدى.

— كوماندىر،— دېدى بەكرى هاياجانلانغان هالدا نادىرغا قاراپ،— دۈشمەن بىزنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى.

نادىرئاپتوماتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ۋە قاتتىق ئېلىشىۋاتقان پارتىزانلارغا قارىدى. دۈشمەن 50 مېتىر نېرىدا كېلىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنى باسالماي ۋارقىرىدى:

— دۈشمەننى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇڭلار!

نادىرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى، پۈتكۈل بەدىنى مۇزلاپ كەتكەن ئىدى. نۇرغازىنىڭ قولى پىلىموتنىڭ تەپكىسىدە بولسىمۇ، پىلىموتتىن ئوق چىقمايۋاتاتتى. ئۇ دىسكىنى تەكشۈرۈپ

كۆرۈۋىدى، ئوق قالمىغانلىقى سېزىلدى. ئۇ يېڭى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈۋىدى، ئاغزىغا ئاچچىق تۈتۈن كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلى ئاينىدى، مېڭىسىگە ئوت تۇتىشىپ يېنىۋاتقاندەك ئىككى چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى. نۇرغازى پىلىموتنى قويۇپ گرانات تاشلىدى. پارتىزانلارنىڭ يان تەرەپتىن بەرگەن زەربىسى دۈشمەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقتى، ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ، يەنە ئۆستەڭ تەرەپكە قېچىشتى.

— مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى خالمۇرات چېكىنىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قاراپ، — تۆت قورالنىڭ ئىككىسىدە ئوق تۈگىدى، بەكرى بىلەن نۇرغازى يارىلاندى.

دۈشمەن يەنە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار قاپقارا تۈتەك ئىچىدە پارتىزانلارغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. نادىر بۇ ئېغىر چىلىقنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشنى خالىغاندەك، كۆزلىرىنى بىر سېكۇنت يۇمۇپ تۇردى- دە، ئاندىن يوغان ئاچتى. بۇ چاغدا بەكرىنىڭ ئاپتوماتى قايتىدىن ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە ئوت ئېچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى شۇنداق غەيرىي تىترەيتتىكى، قارىغان ئادەم ئۇنى كۈلۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ يارىلانغان پۇتىنى باغلىۋالغان لاتىسى قان ئارىلاش لايغا مىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

— بەللى، بەكرى، يىگىتتەك ئىش قىلدىڭ، — دېدى نادىر.

دۈشمەن قارا تۈتەك ئىچىدە ئېگىشىپ، ئۆمىلىشىپ ئالغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. كوماندىر ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قالغان ئىككى تال گراناتنىڭ بىرسىنىڭ پىلىكىنى تارتىپ دۈشمەن توپى ئىچىگە تاشلىدى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىپ توپا - توزان بىلەن قوشۇلۇپ قويۇق ئىس ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. پارتىزانلارنى ئالدى تەرەپتىن يەنە بىر توپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورشاپ كەلدى.

— ئوق چىقارماي، تىرىك تۇتۇڭلار! — دۈشمەن كوماندىرىنىڭ سەت ئاۋازى ئاڭلاندى، — قورال تاپشۇرساڭ ئاتمايمىز!

توساتتىن قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئامبىرىدىن يەنە بىر - ئىككىسى پارتلاپ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىنى تىترىتىۋەتتى.

تاڭ ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلۈپ، شەرق قىزىرىپ تاڭ شەپىقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى كائىناتقا تەكشى سىپىپ، لوقىراپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇچقۇنـ ـلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆستەڭ ياقىسىنى قىزىل نۇرغا پۈركىۋەتتى. قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدىن يامغۇردەك ئوق يېغىشقا باشلىدى. توساتتىن كوماندىرغا ئوق تەگدى، ئۇ ھالسىراپ خالمۇراتقا يۆلەندى، ئاندىن ئىڭىر ـ ئىڭىر نەپەس ئېلىپ سۆزلىدى:

— قېرىنداشلار، ئېلىشايلى دېسەك ئوق ـ دورا تۈگىدى. شەرەپلىك بۇرچىمىز ئادا بولدى، ئەمدى تارتىنىشىدىغان نېمىمىز قالدى؟ بۈگۈن گومىنـ ـداڭغا قايتىدىن ئەسىرگە چۈشكۈچە خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا قۇربان بولساق، بىزنىڭ قەھرىمانلىقىمىز تارىخ بېتىگە يېزىلىدۇ! قېنى خالمۇـ رات، يېنىڭدىكى گراناتنى ئال. يولداشلار ھەممىڭلار توپلىنىڭلار!

پارتىزانلارنىڭ كۆز ـ كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى پارقىرىدى. بۇ، ئەلەم ياشلىرى بولماستىن، خۇشاللىق ياشلىرى، پارتىزانلارنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپە ئورۇنداشتىكى بەخت ياشلىرى ئىدى. كوماندىر بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى ۋە بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ھەممىڭلار تەييارلىنىڭلار!

پارتىزانلار باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلىدى، ئانا ۋەتەنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك يىراققا تىكىلـ ـدى. نادىر خالمۇراتنىڭ قولىدىكى گراناتنى ئالدى، پارتىزانلار ئۆزئارا گىرەلەشتى. تۆت تەرەپتىن قورشاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن بارغانسېرى يېقىنلاشتى، پارتىزانلار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ئارىلىقى 5 — 6 قەدەملا قالدى.

— خەير ـ خوش ئانا ۋەتەن، خوش قېرىنداشلار، خەير ـ خوش ھايات! — دەپ پارتىزانلار كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇشتى.

كوماندىر گراناتنىڭ پىلىكىنى قاتتىق سىلكىپ تارتتى، گۈمبۈرـ لىگەن سادا ئىچىدە پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە بىرنەچچە دۈشمەن ھالاك بولدى. ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلاۋاتقان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ئىسكىلاتـ ـلىرىدىن بۇرقۇپ چىققان قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى...

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## قوزغىلاڭ

### 1

ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدىغان سوۋغىلار بىرقانچە كۈندىن بېرى جىددىي تەييارلانماقتا ئىدى. بۇ سوۋغىلارنى تەييارلاشتا شەھەر ئىچىدىكى كوچا ـ مەھەللىلەردىن ھەربىر ئۆيلەرگىچە، چوڭلاردىن باللارغىچە ھەممىسى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمۈلۈپ باشقىچە جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان غازىبايمۇ زاۋۇت نامىدىن 100 كىشىلىك قونچلۇق ئاياغ، 300 كىشىلىك ئۆتۈك، 500 كىشىلىك كالتە جۇۋا تەييارلاپ قويدى.

كوچا ـ مەھەللىلەردىن ۋەكىل بولۇپ خەمىت، ئىشچىلارغا ۋەكىل بولۇپ خالىق ئالدىنقى سەپكە سوۋغا تاپشۇرىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ھەربىر ئائىلە قولىدىن كېلىشىچە سوۋغا تەييارلاشقا كىرىشتى. قىزلار بىر ئۆيگە توپلىشىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتقاچ قولياغلىقلا كىرپىكىنى يىڭنە، يۇرەك رىشتىنى يىپ قىلىپ كەشتە تىكمەكتە، بىر قىسىم قىزلار يۇڭ يىپ ئىگىرىپ پايپاق بىلەن پەلەي توقۇۋاتاتتى. سائادەت بىرقانچە كۈندىن بېرى ئەنە شۇ قىزلار بىلەن بىللە بولدى. ئۇ گۈلنىسا بىلەن بىرلىكتە خوتۇن ـ قىزلار توقۇغان پەلەي، پايپاقلارنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى سوۋغىلارنى توپلاش ئىشى باشلاندى. خوتۇن ـ قىزلار بوغچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خەمىتنىڭ قورۇسىغا كېلىشتى.

بۈگۈن ئۈنىڭ ھويلىسى گويا بازارغا ئايلانىدى. خوتۇن - قىزلار ھېيت - بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سوۋغىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىشمەكتە ئىدى. پۈتىغا چىرايلىق ئۆتۈك، ئۈچىسىغا قارا سارجىدىن تاشلانغان كالتە جۇۋا كىيگەن سائادەت ئانىسى بىلەن سوۋغىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خەمىتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۈنىڭ مېھمانخانىسى ئاپئاق يۇڭدىن توقۇلغان پايپاق ۋە قارا يۇڭدىن توقۇلغان پەلەيلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. مومايلار ئۆز ئۆمرىدە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بىرقانچە بالىلارنى بېقىپ ئۆستۈرگەن، ئۆزى يۇڭ ئىگىرىپ يۇمشاق پەلەي ۋە پايپاقلارنى توقۇپ كىيدۈرگەن. شۇڭا، ئۇلار ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي، قىممەتلىك سوۋغىلىرىنى يازدۇرۇشقا باشلىدى:

— مېنى يېزىپ قوي بالام، مانا ئىككى جۈپ پەلەي، يەنە ئىككى جۈپ پايپاقمۇ يازغىن!

خەمىت ئۆرە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ، يەلكىلىرىنى سىيلاپ:

— رەھمەت ئاتا - ئانىلار، ھەدە - سىڭىللار، ناھايىتى چوڭ ئىش قىلدىڭلار. بۇ تۆھپەڭلار زادى ئۇنتۇلماس، — دېدى ۋە سوۋغىلارنى بىر - بىرلەپ يېزىپ تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئۈچىسىغا ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىغان، قاپقارا بۇدۇر چېچىنى چىرايلىق تارىۋالغان ئىدى. خەمىت ھېلى قولىدىكى تىزىملىك خەتكە، ھېلى توپلىشىپ تۇرغان ۋە ھاياجان ئىچىدە جىددىيلەشكەن مومايلارغا، ھەدە - سىڭىل، يەڭگىلەرگە قاراپ پارتىزانلارنىڭ ئالدىنقى سەپتىن ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۈنىڭ ئاۋازى ھېلى ئاستا ۋە مۇلايىم چىقسا، ھېلى ھاياجان بىلەن جاراڭلاپ كېتەتتى، ئاندا - ساندا مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ كىملەرگىدۇر زەردە قىلاتتى، ئاندىن خەت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇراتتى:

«ئىككى سوتكىلىق رازۋېدكىدىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. ئۇرۇش شۇنداق جىددىي ۋە قايناق بولدىكى، پۈتكۈل ئەتراپقا ئوت كەتكەندەك، يەر - زېمىنىنى ئوت يالقۇنى ۋە ئىس - تۈتەكلەر

قاپلىدى. مىڭلىغان بومبىلار پارتلاپ، ئوت يالقۇنى گۈركىرەپ، كېچە كۈندۈزدەك يورۇق، كۈندۈزى كېچىدەك قاراڭغۇ بولۇپ، جەڭ مەيدانىنى قارا ئىس باستى. بۇ يەردىكى سىبىق پۇراقلاردىن كىشىنىڭ نەپسى بوغۇلىدۇ. جەڭ مەيدانىدا زەمبىرەك ئوقلىرى گۈلدۈرلەپ يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ شىددەتلىك ئوت ئېچىشىدىن ئىلى دەرياسى چايقىلىپ تاشماقتا. قېرىنداشلار، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. پارتىزانلارنىڭ كىرپىكلىرى كۆيۈپ، چاچلىرىغا ئوت تۇتاشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قايناق جەڭ مەيدانىدا بىرقانچە شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىۋاتىدۇ. پارتىزانلارنىڭ ھالى قالماي قان كېچىپ يىقىلسىمۇ، يەنە مىدىرلاپ تۇرۇپ ئالغا باسماقتا. ئۇلار كەينىگە قايتمىدى، ئەبەدىلئەبەد كەينىگە قايتمايدۇ. يەنە نېمىلەرنى يازاي، ھەتتا باياۋاندىكى چاتقاللارنىڭ ھەممىسىگە ئوت تۇتاشتى، ئورمانلار كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلاندى، تۆمۈرلەر پۇكلەندى، پولاتلار ئېگىلدى، ئەمما بىزنىڭ قەيسەر پارتىزانلىرىمىزنىڭ قەددى پۈكۈلمىدى. ئارقا سەپتىكى قېرىنداشلار، بېشىڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈڭلار. بىز ئىلى دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىگە ئوخشاش پات يېقىندا غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى پاك - پاكىز تازىلايمىز، سىلەر بىزگە چوقۇم ئىشىنىڭلار!»

ئۆز ئۆمرىدە ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئاق چاچلىق موماي‌لار، جەڭچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كۆزلىرىدىكى ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي چاۋاك چېلىشتى. سوۋغىلار كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلمىدى. خەمىت بىرى ئۈستىگە بىرى تەقلەپ تۇرغان سوۋغىلاردىن چەكسىز ھاياجانغا تولدى، سوۋغىلاردىن خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرەتتى. خەلق پايپاق بىلەن پەلەي ئەمەس، بەلكى جانىجان ۋەتەنگە ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرىگە، دانا يولباشچىلىرىغا ئوتلۇق يۈرىكىنى، ئەڭ قىزغىن قېرىنداشلىق سالىمىنى، يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى، مۇستەھكەم ئىشەنچىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاتا -

ئـانىلار ئـۆز كۆڭلـىنـىــڭ چەكسـىز مېھرىبـانلىقىنى، تىلـەكلىرىنى ئـېلىپ كېلـەتتى. يۇمشاق پەلەيلەرنىڭ چىرايلىـق تورىغـا ياش كېلىنچەكلـەرنىڭ سـەممىي تىلـەكلىرى قوشـۇپ توقـۇلغان. قولياغلىقلارغـا سۆيگـۈ ئىشـقىدا ئۆرتەنگەن قىزلارنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرى كەشتە قىلىپ تىكىلگەن ئىدى.

خوتـۇن - قىـزلار تارقىلىشـتى. خـەمىت ئـۇلارنى ئـۇزىتىپ چىقـاي دېگـەندە، باراتنىــڭ سـائادەتكە ئەۋەتكـەن خېتىنـى ئېسـىگـە ئالـدى. ئـۇ يانچۇقىــدىن كونۋېرتنــى ئـېلىپ، ئايـاللار ئىچىــدىن سـائادەتنى ئىـزدەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. «توختـا،— دېدى خـەمىت ئـۆز - ئۆزىگـە،— ھازىر بەرسەم قانـداق بولار، ھەسرەت ئۈستىگـە ھەسرەت، دەرد ئۈستىگـە دەرد قوشۇلارمۇ؟ ياق، ئۇ ئاددىي خـەت بولۇشـى مومكىن، ئىچىــدە تىنچلىـق - ئامانلىق يېزىلغاندىن باشقا نەرسە يوقتۇ...»

خەمىت كەسكىن پىكىرگە كېلىپ، سائادەتنى چاقىردى:

— سائادەت، مەندە ساڭا تاپشۇرىدىغان بىر ئامانەت بار، تاپشۇرۇۋال ـ ساڭمىكىن.

سائادەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، خەمىت يانچۇقىــدىن بىر كونۋېرتنى چىقاردى ۋە مۇنداق دېدى:

— بـۇ خـەت پـارتىزانلارنىڭ نامىــدىن ئەۋەتىلگــەن خــەت بىلــەن قوشـۇپ ئەۋەتىلگـەن ئىكـەن. سوۋغات يىغىش ئىشى بىلـەن ئالـدىراش بولۇپ كېتىپ، خەتنى ساڭا ۋاقتىدا بېرەلمىدىم،— خەمىت بېشىنى سەل ئېگىپ خەتنى سائادەتكە ئۇزاتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

سـائادەت خـەتنى ئـېلىپ كـۆزلىرىنى يوغـان ئـېچىپ، كونۋېرتنىــڭ ئاستىدىكى ئادرېسقا قارىدى. كونۋېرتقا يېزىلغـان خـەت باراتنىــڭ پوچۇر- كىسـى ئىــدى. ئــۇنىڭ خــەتنى تۇتــۇپ تــۇرغان ســول قولــى تىتــرەپ ھالسىزلىنىپ تىزىغا چۈشۈپ قالـدى، يۈرىكـى شــىددەت بىلـەن سوقۇپ، قەلبىــدە دولقۇن مەۋج ئۇرۇپ، كۆكسـى بىـر كـۆتۈرۈلۈپ - بىـر پەسـىيىپ تۇراتتى. سائادەت ئېسىنى يوقاتقاندەك خەمىتكە قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالدى. ئۇنىڭ كـۆڭلىنى چۈشەنگـەن خـەمىت ئارتـۇق گـەپ قىلىشـنى ئورۇنسـىز بىلـدى. سـائادەت زورىغـا كۈلۈمسـىرەپ، خـەمىت بىلـەن خوشلاشـتى- دە،

يولنىڭ نېرىقى چېتىدىكى شاخلىرى پاخپىيىپ تۇرغان قېرى سۆگەت يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنى سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئۇ تەقەززالىق ئىچىدە كونۋېرتنى يىرتىپ، خەتنى ئېھتىيات بىلەن سۇغۇرۇۋېلىپ، قاتلىقىنى ئاچتى، ئاندىن يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا ئوقۇشقا كىرىشتى:

«قەدىرلىك سائادەت، قانداق ئەھۋالىڭىز، تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈكمۇ؟ سىز مېنى شۈبھىسىز سېغىنغانسىز، مەنمۇ سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سېغىندىم.

قەدىرلىكىم سائادەت، مەن ھازىر پارتىزانلار ئىچىدە روتا كوماندىرى بولدۇم، كۆڭلىرىم بەكمۇ ئالدىراش، ھەر مىنۇتتا ئوت ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياشاۋاتىمەن. ئېسىڭىزدە بارمۇ، شەھەردە سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەر شۇنداق تاتلىق، شۇنداق راھەت ئىدى. بىز كەلگۈسى تۇرمۇش ۋە گۈزەل ئارزۇلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، روھلىنىپ ياشايتتۇق. ۋەتەن ئۈستىگە بۇلغۇنچىدەك خەۋپ كەلگەندە، ئۆز بېشىمنىڭ ئامانلىقى ۋە ئۆز بەختىم توغرىسىدا ئويلاشقا ھەققىم يوق، ۋىجدانىممۇ قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، مەن ۋەتىنىم ۋە ئۇنىڭ ئازادلىقى، كەلگۈسى، ئۈچۈن دۈشمەندىن قىساس ئېلىپ، ئۇنى قىرىپ ئۆلسەم ئارمانسىز ئۆلەتتىم.

سائادەت، سىزنىڭمۇ ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىڭىز بار، كەلگۈسى ھاياتىڭىز ئۈچۈن كۆپىرەك باش قاتۇرىدىغانسىز. خۇشاللىق كۈنلەر چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ۋەتىنىمىز كۈندىن - كۈنگە پاراۋان بولىدۇ، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىمىز ھەل بولىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەت ئۇرۇشقا موھتاج، سىز بارلىقىڭىزنى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. خەير - خوش، ئاخىرقى نەپىسىم قالغاندىمۇ سىزنىڭ نۇرلۇق سىيمايىڭىز كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

سىزگە بەخت تىلەپ: بارات

1944- يىل 6- دېكابىر، ئالدىنقى سەپ».

سائادەت خەتنى پۈكلەپ ـ پۈكلەپ قولىدا تۇتقان پېتى ئېگىشىپ كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان چاغدا، ئايىمنىسا يىراقتىن ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئالدىراپ قېشىغا باردى. ئۇ قىزنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چېچىلىپ سۆزلىدى:

— ۋاي خۇدا، نېمىگە شۇنچىۋالا يىغلايسەن؟ «ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ». كۆپ يىغلاپ دەرد ئۈستىگە دەرد يۈكلىۋالمىغىن. 30 كۈن روزىنىڭمۇ بىر كۈن ھېيتى بولغىنىدەك، ئارزۇيۇڭ چېچەكلەيدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر. كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، قۇلىقىمىز ئاڭلىغاننى كۆزىمىز كۆرەر!

ئايىمنىسا قىزنى يول بويى يۇمشاق گەپلەر بىلەن بەزلەپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى، ئۆزى كەچلىك تاماقنا تۇتۇندى. سائادەتنىڭ كۆڭلى ھەرقاچان ئالدىنقى سەپتە بولغاچقىمۇ، باشقا ئىشلار كۆڭلىگە تېتىمايتتى. ئۇ يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بېرى ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا پارتىزانلار ئۈچۈن سوۋغا ـ سالام تەييارلاۋېتىپمۇ، ئائىلىسىدە تۇرۇپمۇ ئالدىنقى سەپتىكى باراتنى ۋە ئۇ يەردە بولۇۋاتقان جەڭنى ئويلاپ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سوقاتتى. بۈگۈن باراتنىڭ خېتىدىكى قىسمەن جۈملىلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ قالغاچقا، بىرئاز جىمىپ قالدى. ئايىمنىسا بۇ خىل جىمجىتلىقنى باشقىچە چۈشەندى.

## 2

سائادەت ئۆي ئىچىگە قاراڭغۇ چۈشكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. ئايىمنىسا: «چىراغنى يېقىۋەتكىنە» دېگەندىلا، ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى، ئاندىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. دېرىزە يېنىدىكى تامغا ئېسىقلىق جازىدىكى باراتنىڭ رەسىمىگە كۆزى چۈشتى. رەسىمدىكى بارات ئۇنىڭغا تەبەسسۇم ئىچىدە قاراپ تۇرغاندەك بىلىندى. سائادەت ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كالپۇكلىرىغا، قانداقتۇر ناھايىتى

چوڭقۇر ۋە نازۇك تۇيغۇنى ساقلاپ قالغان سۆيۈملۈك كۆزلىرىگە قاراپ تويمايتتى. ئەگەر ئۇ سائادەتنىڭ قېشىدا بولغاندا، ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى بىر كۆرۈشتىلا بايقىۋېلىپ، «سائادەت، نېمىشقا جىددىيلىشىپ قالدىڭ؟» دەپ سورايتتى. هازىر سائادەتنى ھېچكىم ۋە ھېچقاچان ئۇنىڭدەك ياخشى كۆرگىنى يوق ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيگىنى يوق.

سائادەت ئانىسىنىڭ تاماقتا چاقىرغىنىنىمۇ ئۇنتۇدى، قاپىقى سېلىنغان ئايىمىنسا كىرىپ كەلدى.

— نېمىشقا تاماقتا چىقمايسەن؟ يەنە نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟— دەپ سورىدى.

— باشقا خىيالىم يوق، بارات خەت ئەۋەتىپتىكەن،— دېدى سائادەت.

— ۋاي، مۇنداق دە تېخى، سورىمىسام ئېيتمايسەن، بارات سالامەتمىكەن، قاچان قايتىپ كېلىدىكەن؟

— ئۇ هازىر ئالدىنقى سەپتە ئىكەن، ھەر كۈنلۈكى ئالدىراش ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇ، خېتىنىمۇ ناھايىتى قىسقا يېزىپتۇ، پات ئارىدا غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن.

— مۇنداق دېگىن بالام، پات يېقىندا بىزمۇ ئازادلىققا چىقىدىكەنمىزدە!

ئايىمىنسا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئۇ قىزىنىڭ نېمىشقا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. شۇڭا، ئىتتىكلا سائادەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بولدى، بالام! ئەمدى خىيال سۈرۈۋەرمە، تامىقىڭ سوۋۇپ قالدى، چاپسان تامىقىڭنى يە، ماقۇلمۇ؟

سائادەت گەپ - سۆزسىز مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— سائادەت، توختا، قەيەرگە بارىسەن؟!— ئايىمىنسا ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توۋلىدى.

— ئانا، سەن خاتىرجەم بول، مەن دوستۇمنىڭ قېشىغا بېرىپلا

قايتىپ كېلىمەن.

— سائادەت، توختا، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

سائادەت توختىمىدى، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ ئالدىراپ ماڭغان پېتى كېتىپ قالدى، ئانىسى قىزىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قوغلاپ دېمى كېسىلدى، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ تىنچ بولمىغان مۇنداق ۋەزىيەتتە قىزىنىڭ بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «كېچىدە سىرتقا چىقىپ مېنى خاتىرجەم قىلمايۋاتىسەن، داداڭنىڭ دەردىنى تارتامدىمەن، سېنىڭ دەردىڭنىمۇ؟ سېنىڭ كۆڭلۈك ھامان ئالدىنقى سەپتە. بارات ئالدىنقى سەپتىكى ئادەمغۇ؟ ئوت ئىچىدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان پارتىزانغۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەس - يادى ئاشۇ ئۇرۇش بىلەن بولۇۋاتسا، كۆڭلى قانداقمۇ سېنىڭدە بولسۇن».

ئايىمنىسا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن جايناماز ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئۇشتۇمتۇت ئېتىلغان قالايمىقان ئوقلارنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ خۇپتەن نامىزى بىرقانچە قېتىم بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇ نامازنى قايتىدىن باشلاۋاتقاندا، كوچىدا يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلىنىپ قالدى. ئايىمنىسانىڭ كۆڭلىگە يەنە تەشۋىش چۈشتى. «يائاللا، جاھانغا نېمە بالا كېلىۋاتقاندۇ، گومىنداڭ پۇقرالارنى يەنە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتامدىكىن، بۇ بالا - قازا بىزنىڭ ئائىلىگە يەتسە قانداق قىلارمىز؟»

ئايىمنىسا جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيال قىلىشىنىڭ ئۆزى گۇناھ ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بۈگۈنلا ئەمەس، سەدىردىن تۇتۇپ كېتىلگەندىن بېرى بەش ۋاخ نامىزىنى پۈتكۈل كۆڭلى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇشقا تىرىشسىمۇ، يەنە پىكىر - خىيالى چېچىلىپ قالاتتى. ئايىمنىسانىڭ كۆز ئالدىغا سەدىردىننىڭ تۈرمىدىكى سىياقى كېلىپ، ئىچىدىن ھەسرەتلىك بىر مۇڭ قايناپ چىقىپ ئۇھ تارتاتتى. ئۇ خىيال قىلىۋېتىپ، تېخى يېشىن بىلەن ھويلىغا يېپىپ قويغان كىر - قاتلىرىنى ئېسىگە ئالدى. نامازنى ئوقۇپ، دۇئادىن كېيىن قىزىنى

تووۋلىدى:

— قېنى سەن سائادەت؟

— ھە، مانا،— ئۇ ئىككى سەكرەپلا ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقتى.

— چاپسان بول، كىر - قاتلارنى يىغىشتۇرۇۋەت!

تالادا ئالللا - چۇقان پەسەيدى، ئايىمنىسانىڭ كۆڭلى بىرئاز خاتىرجەم بولدى. ئۇ ئىبادىتىنىڭ بۆلۈنگىنىگە رەنجىگەن ھالدا نامىزىنى يېڭىۋاشتىن باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتا گۈلدۈر - كالاپ، تاراق - تۇرۇق ۋە ئېگىز - پەس تووۋلاشقان قىيا - چىيالار يەنە كۆچىيىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئايىمنىسانىڭ كۆڭلىگە يەنە غەم چۈشتى. «تېخى نامازشام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا جىمى جاھان تىنىچ ئىدىغۇ؟ ئىپلاس گومىنداڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا خۇپتەننى پايلاپ تۇرۇپتىكەندە!»

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاخىرقى قېتىم كۆڭۈل توختىتىپ ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇشقا كىرىشتى. ئايىمنىسا نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، سائادەت چىراغ يېقىپ ئۆي ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. «يائاللا، ئىبادەت قىلمىسەن دەپ گۇناھلىرىمنى كۆپەيتىۋالدىمغۇ؟ خۇدا كەچۈرگەي».

ئايىمنىسا ھەر كۈنى نامىزىدا گومىنداڭنىڭ پات ئارىدا گۇمران بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئۇ دالاندىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىۋېتىپ شۇنداق سۆزلەپ ماڭدى. سائادەت ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ ئەس - يادى تالادىكى ئالتوپىلاڭدا قالدى، «پارتىزانلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەنمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قاتارىدا باراتمۇ بىللە كەلگەندۇ ھەقاچان؟...»

نامازدىن كېيىن، ئايىمنىسا ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپ قالدى، بىراق ئىچى تىتىلداپ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ سەدىردىن توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. تۇرمۇش دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭۈل ئارامچىلىقى بولاتتىغۇ؟ يېقىنقى بىرنەچچە ئايلار گويا تۇمان بىلەن قاپلانغان ھاۋاغا ئوخشاش ئۆتۈپ كەتتى. ئايىمنىسانىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىردىنلا ئۆتمۈشتىكى گۈزەل تۇرمۇش كارتىنىسى بىر -

بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئاشۇ چاغلاردا توققۇزى تەل ئايىمىنىسا كونا بويىي كوچا دوقمۇشىدا بىرقانچە خوتۇنلار بىلەن كىملەرنىڭ قانداق كىيىم كىيگەنلىكى، ئاخشام قانداق تاماق ئەتكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىپ، ئاخىرىدا غەيۋەت - شىكايەتتىن باش كۆتۈرمەيتتى. خۇشاللىقىنىڭمۇ چېكى بولغىنىدەك، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بەختلىك ئائىلە كەچ كۈزنىڭ ئۇششۇك شامىلى تەگكەن گۈللۈكتەك ۋەيران بولۇپ توزۇپ كەتتى. سەدىردىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تۇرمۇش تېخىمۇ ئېغىرچىلىقتا ئۆتمەكتە ئىدى. ئايىمىنىسا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خىيالىغا چۆمگەن هالدا ئۇيقۇغا كەتتى...

تاڭغا يېقىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوقلار شەهەر خەلقىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى، ئۆندەرەپ ئويغانغان سائادەت ئانىسىنى ئويغاتتى.

— ئانا، چاپسان تۇرە.

قىزىنىڭ سۆزىدىن ئايىمىنىسا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. سائادەت سىرتقا چىقتى، تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار تېخى توختىمىغان ئىدى. ئوق ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن پۇقرالار كوچىغا لىق تولغان ئىدى. بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇيەر - بۇ يەرگە مەخپىي چاپلانغان «يوقالسۇن خەلقنى ئەزگەن هۆكۈمەت!»، «ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى!» دېگەن شوئارلار بۈگۈن هەقىقەتكە ئايلانغان ئىدى. قوللىرىدا نەيزە، توقماق، ئارغامچا، پىچاق، كەكە، پالتا كۆتۈرۈشۈۋالغان نۇرغۇن ئادەملەر ئۇياقتىن بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. سائادەت بۇ ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى ئازراق چۈشەنسىمۇ، تېخىمۇ ئېنىقراق ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن، قولىدا كالتەك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتتىن سورىدى:

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

يىگىت كەينىگە قايرىلىپ، ئوچۇق - يورۇق جاۋاب بەردى:

— تۈنۈگۈن كېچە پارتىزانلار ئومۇمىيۈزلۈك هۇجۇم قوزغاپ، گومىنىداڭنى شەهەرگىچە سۈر - توقاي قىلدى. شەهەردىكى بىر قىسىم پارتىزانلار خەلقنى تەشكىللىدى، بىز ئۇلارغا ماسلىشىپ دۈشمەنگە زەربە

بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز،— يىگىت شۇنداق دېگىنىچە قايرىلىپ كېتىپ قالدى.

يىگىتنىڭ سۆزى سائادەتنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتتى.

3

نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرىش بىلەنلا نامايىشچىلارنىڭ كۈچى غايەت زور دەرىجىدە كۈچەيدى. باراتنىڭ قايتىپ كېلىشى ئايىمنىسا بىلەن سائادەتكە تۈگىمەس خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بىكار ۋاقىت تاپسىلا ئايىمنىسانى يوقلاپ كەلگەن بارات ئۇلارغا ئۇرۇش توغرىسىدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەقەمسايىلارمۇ ئايىمنىسانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، پارتىزانلارنىڭ قانداق ئۇرۇشقانلىقى، دۈشمەننى قانداق مەغلۇپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ جانلىنىپ كېتەتتى. بارات يېڭىلىقلارنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى پارتىزانلار ئۇرۇشىنىڭ تۆھپىسىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

بۈگۈن ئاخشام بىرقانچە ئۆيلۈك قوشنىلار ئايىمنىسانىڭ مېھمانخانىسىغا يىغىلدى. بارات كىچىك بايراقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خەرىتىنى شىرە ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ، ھېلى ئۇ فرونتنى، ھېلى بۇ فرونتنى كۆرسىتىپ، كوماندىرلىق قىياپىتى بىلەن چۈشەندۈرەتتى. ئۇ يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەرنىڭ قاتار بولۇپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە، قىزلارغا، ياش ـ ئۆسمۈرلەردىن قېرىلارغىچە تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاڭلىغۇچىلار گومىنداڭنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان ئۆز پەرزەنتلىرىدىن پەخىرلىنەتتى. باراتنىڭ سۆزى ياشلارنىڭ قەلبىگە ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىپ بىخلاندۇردى. يىگىتلەر ھاياجىنىنى باسالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بىرقانچە يىگىت ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقتىن، بارات

ئــۆي ئىچىدىكىلــەر بىلــەن خوشلاشــتى، ئولتۇرغانلامــۇ بىــر - بىرلــەپ تارقىلىشــتى. ســائادەت بىلــەن ئايىمنىســا ئــۇلارنى ئىشــىك ئالدىغىچــە ئۇزىتىپ چىقىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە شتاب باشقارمىسىغا كەلگۈچىلەرنىڭ تۇنجىسى ســائادەت بولــدى. ئــۇ كىرگــەندە بــارات ئىشــخانىنى يىغىشــتۇرۇۋاتاتتى. سائادەتنى كۆرۈپ بارات قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، ئولتۇرۇشقا تــەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئالدىغا چاي قويدى.

— مــەن بۈگــۈن خــەيرلىك چــۈش كــۆردۈم،— دېــدى ســائادەت قولىــدىكى چــاي ئىچىۋاتقــان پىيالىنى شــىرە ئۈستىگــە قويــۇپ، باراتقــا قارىــدى، ئــۇنىڭ ئانــاردەك مــەگزى تەبەســسۇملىنىپ، ئوينــاق كــۆزلىرى كۈلــدى. ئــۇ ئــۈزۈك ســالغان بارمــاقلىرىنى قىمىــرلىتىپ، قارلىغاچتــەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، زوق - شوخ بىلەن سۆزلەشكە باشلىــدى،— مېنىــڭ جەگچىلىككــە قوبــۇل قىلىنغــان چــېغىم ئىمىــش. مــەن قانداقتــۇر بىــر سانىتاركىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بوپتىمەن، پايانسىز دالــدا پارتىزانلار قوشۇنى بىلەن كېتىۋاتقۇدەكمىشمەن، توساتتىنلا يول ئۈستىدە قىزىــق جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. مەن شۇ چاغدا جەڭچىلەرگە قوشۇلۇپ قولۇمغا ئاپتومات ئېلىپ دۈشمەنگــە قارشــى ئــوق ئېتىۋېتىپــتىمەن، بارمــاقلىرىم بىلــەن ئاپتومات تەپكىســىنى بېســىپ، بىرقانچــە دۈشــمەننى يــوقىتىپ، خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى باسالماي قاپتىمەن...

سائادەت سۆزلەۋاتقاندا گاھى - گاھى ئاغزىنى تامشىپ، كــۆزلىرىنى يۇمۇپ قويــاتتى ۋە هــەربىر ســۆزىنى ناهايىتى زوقمــەنلىك بىلــەن ئېيتــاتتى. هەربىر جۈملە ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گويا تۆكۈلگەن ئۈنچىلەرگە ئوخشــاش جــاراڭلاپ تــۇراتتى. ئــۇ ســۆزلەپ بولــۇپ، مەمنۇن بولغاندەك ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كــەتتى. ئۇ كۈلگەندە، ئەمدىلا كــۆتۈرۈلۈپ چىققــان كۆكســى لىغىلــداپ كــەتتى. بــارات بــۇ كۈلكىنىــڭ مەنىسىنى چۈشەنگەچ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئىككىيلەن تاتلىق پاراڭ بىلەن خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇشتى...

بۈگــۈن خــەلقنىڭ كۆزلىرىــدىكى ئۈمىــد ئۇچقــۇنلىرى ھەقىقەتكــە

ئايلانغان، تومۇرلاردىكى قان گويا شاۋقۇن سېلىۋاتقان دەرياغا ئوخشاش دولقۇنلىغان بىر كۈن بولدى. شەھەرگە يېقىن يېزىلار، زاۋۇت - كارخانىلار، شەھەر تىجارەتچىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئاما ئۆزىنى پارتىزانلار قوشۇنىغا تىزىملىتىشقا كەلدى. كۆپچىلىك قايناق ھېسسىيات، چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە باراتنى ئورىۋېلىشتى.

— قېنى بارات، مېنى تىزىملىۋەت!

— مانا ماۋۇ بىزنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدىن 200 ئادەمنىڭ تىزىملىكى، بۇ تىزىملىكنى ئېلىۋال!...

چۆلدەرەپ قالغان كوچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. تىزىملاش ئىشخانىسىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. سائادەت «شەپقەت ھەمشىرىلەر ئەترىتى» گە تىزىملىنىپ، ئۆزىگە تەگتۇش بىرقانچە شەپقەت ھەمشىرىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. غازىبايىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەلى ئەڭ ئاخىردا تىزىملاتقان بولسىمۇ، ھەرھالدا پارتىزانلار قوشۇنىغا كىرگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. بارات ئۇنىڭغا:

— ئاداش، سېنىڭمۇ قولۇڭغا مىلتىق ئالغۇڭ كەلدىمۇ، زاۋۇتنى سوراپ يەپ ياتساڭ بولماسمىدى؟— دەپ چاقچاق قىلدى.

— «ئەل قايان ئاقسا، سەن شۇيان» دەپتىكەن. خەلق ئازادلىق ئۈچۈن سەل بولۇپ ئېقىۋاتسا، مېنىڭ لەيلەپ قالغان خەشەكتەك تۇرۇشۇمغا ئورۇن قالمىدى. ئىنقىلاب باشلانغاندىن بۇيان ئىشچىلارنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. دادامىمۇ نەسىھەت قىلىپ پارتىزانلار قوشۇنىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشۇمنى دەۋەت قىلدى. ئۆيدە يېتىۋېرىشنى نومۇس بىلىپ پارتىزانلارغا قوشۇلغۇم كەلدى.

— ناھايىتى ياخشى قىپسەن، «ئەل ئامان شەھىرىڭ ئامان، شەھىرىڭ ئامان جېنىڭ ئامان» دەپتىكەن. دۈشمەننى يوقىتىپ خاتىرجەم بولساقلا، ھەممىمىز خۇشال - خۇرام ياشايمىز،— بارات سۆزلەۋېتىپ ئەلگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ،— ئەتە يېڭى تىزىملاتقان جەڭچىلەرگە كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ھەممىڭلار بۈگۈن قايتىپ، ئەتە ئاش ۋاقتىدا شتاب

هويلىسغا يىغىلىڭلار،— دېدى.

ئەتىسى شتاب باشقارمىسىنىڭ هويلىسىدا قورال - ياراغ تارقىتىپ بېرىش بولدى. يېڭى جەڭچىلەر قاينام - تاشقىن هېسسىياتقا چۆمۈپ، خۇشاللىقتىن بىر - بىرلىرىنى تەبرىكلىشىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا شتاب باشلىقى زايىتوپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئارىلاپ يۈرۈپ، توپلىشىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقان شەپقەت هەمشىرىلەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قانداق قىزلار، ئۇرۇشقا قاتناشساڭلار بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە بەرداشلىق بېرەلەيمىز!— دېدى چېھرىدىن خۇشاللىق نۇرى يېغىپ تۇرغان شەپقەت هەمشىرىلەرنىڭ هەممىسى تەڭلا جاۋاب قايتۇرۇپ.

— يارايسىلەر قىزلار، ئازادلىق ئۇرۇشى سىلەردەك يۈرەكلىك قىزلارغا موهتاج،— دېدى ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ تۇرغان قىزلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن كۆپچىلىككە ئۈرۈلۈپ تەمكىن، ۋەزمىن ئاهاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى،— يولداشلار، سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ پارتىزان بولدۇڭلار. ئالدىڭلاردىكى ۋەزىپە مۈشكۈل، جاپانى يېڭىپ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز هازىر ئىلگىرىكىدىن نەچچە هەسسە كۈچەيدۇق، پارتىزانلىرىمىز تېخىمۇ غەيرەتلەندى، دۈشمەنگە قارشى غەزىپى تېخىمۇ كۈچەيدى. پۈتكۈل خەلق بىردەك ئۇيۇشۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ كۈرەش قىلساقلا، دۈشمەننى يېڭىپ چىقالايمىز. دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن يەنە كۈچلۈك ئىنتىزام، قەهرىمانلىق ۋە جاسارەت كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ...

زايىتوپىنىڭ سۆزلىرىدىن روهلانغان شەپقەت هەمشىرىلەرنىڭ چىرايىدىن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرلىرى يالتىرايتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغا يېقىن ئۇلار تارقىلىپ كېتىشتى. زايىتوپ ئەتىكى چوڭ قوزغىلىش توغرىسىدا ئېچىلىدىغان ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئويلانغان هالدا سالماق قەدەم ئېلىپ شتاب ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

## 4

يېقىندىن بۇيان ئىلى خەلقىنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ تەڭداشسىز، غالىب بىر كۈچ بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. پارتىزانلارنىڭ كۈرەش غەلىبىسى يېزىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئاڭلىنىپ كەتكەن ئىدى.

پارتىزانلار ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئېغىر كۈنلىرىنى ھەپتىلەرنى ئايغا، ئايلارنى بولسا يىللارغا ئۆرۈپ، پۈتكۈل ئەقىل - ئىدراك، كۈچ - قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، گومىنداڭنى سۆر - توقاي قىلىپ ئەڭ چوڭ جەڭنى تاماملىدى. گومىنداڭ يەنە جاھىللىق قىلىپ پارتىزانلار قوشۇنى بىلەن قارشىلاشتى، شۇ جەرياندا ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، شەھەر قوغداش ئۈچۈن بىر پولك ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا قاچتى. ئەھۋالنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى نامايىش قىلىشقا مەخپىي تەييارلانغان شەھەردىكى ئاممىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. تۈنۈگۈن بارات يېرىم كېچىدە قوماندانلىق شتابىنىڭ يىغىنىدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا قار كېچىپ ئىش ئورۇنلاشتۇردى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا كېلىپ ئىشچىلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى ۋە ئۇلارغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتتى. ئۇ چارچىغانلىقتىن، ئۇخلىغۇسى ۋە ئىسسىنغۇسى كەلسىمۇ دەم ئالماي، ئەتىكى نامايىشنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

بۈگۈن غۇلجا شەھىرىدە تۇمانلىق تاڭ ئاتتى. پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ تۈرخۈنلىرىدىن قويۇق ئىس چىقىپ تۇمانلىق ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تاڭ بىلەن تەڭ نامايىش رەسمىي باشلاندى. چوڭ - چوڭ پلاكاتلار، بايراقلار، تەشۋىق ۋاراقلىرى كوچىلارنى قاپلىدى. نامايىشچىلار سەپ - سەپ بولۇپ جاراڭلىق شوئارلارنى توۋلاپ، كۈرەش مارشىنى ياڭراتماقتا ئىدى:

قىرنىداشلار بىرلىشەيلى،
ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرىشەيلى.
گومىنداڭنى قوغلاپ شەھەردىن،
ئازادلىققا ئېرىشەيلى.

قىرىنداشلار چىلىشايلى،
گومىنداڭ بىلەن ئېلىشايلى.
خائىنلارنى قوغلاپ ۋەتەندىن،
ھۆر ۋەتەن قۇرۇشقا تىرىشايلى.

...

نامايىشچى قوشۇنىنىڭ ئاجايىپ سۈر- ھەيۋىسى شەھەرنى زىلزىلىگە سالدى. ساقچىلار نامايىشچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە- تەدبىرلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسى كارغا كەلمىدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار قوماندانلىق شتابىنى نامايىشچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بىر پولك ئەسكەر چاقىردى. ئەسكەرلەر نامايىشچى قوشۇن تەرىپىدىن دەككىسىنى يېدى، بىرقىسمى ئۆلۈپ، بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلدى.

نامايىشچىلار قوشۇنى شەھەر ئىچىنى بۆسۈپ، بىر قىسمى توپا دەڭ تۈرمىسىگە، بىر قىسمى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قوماندانلىق شتابىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. نامايىشچىلار توپا دەڭ تۈرمىسىگە كەلگەندە، بىگۇناھ سولانغان نەچچە يۈز كىشىنى قۇتقۇزدى. بارات مەھبۇسلار ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ دۈشمەنلەر ئېتىپ تاشلىغان ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە سەدىردىننى تونۇدى. چاچلىرى ئۆسۈپ گەدىنىنى ياپقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن سەدىردىن بىر بۇلۇڭدا ھوشسىز ياتاتتى.

— سەدىردىن ئاكا، مەن بارات، غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىندى. مەن سىزنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم.

سەدىردىن ھېلىراقتىكى ئالتوپىلاڭدىن قورقۇپ ھوشىدىن كەتكەن ئىدى، سانىتاركىلار ئۇنى نوسۇلكىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

ئەھۋالنىڭ تېز يۈرسەت ئىچىدە مۇنداق ئويلىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىشى گومىنداڭ ساقچى باشقارمىسىدىكى ئەمەلدارلارنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئالاقزادە بولغان ھالدا قوماندانلىق شتابقا تېلېفون بەردى. شتاب باشلىقىنىڭ تەشۋىش ئارىلاش ئېيتقان سۆزلىرى خېلى ئۇچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— قان تۆكۈلۈشتىن قورقماي، ساقچى مەھكىمىسىنى ساقلاپ قېلىڭلار! نامايىشچىلار بىزنىمۇ قورشىۋالدى.

ساقچى باشلىقىنىڭ كەيپى ئۇچتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بېشى پىرقىراپ، ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

نامايىشچىلار مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابىغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ جايغا كەلگەندە نامايىشچىلار قوشۇنى پىدائىيلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ غايەت چوڭ قوشۇن ھاسىل قىلدى. ئۇلار كەلكۈن سۈيىدەك چايقىلىپ تاشماقتا، ئۇلار غايەت زور شىجائەت بىلەن قوزغالغاچقا، ھەرقانداق توسقۇنلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز بەختى، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرقى كۆرەشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئالداش، قورقۇتۇشلارمۇ، قورال تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن قايتىپ كېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقلارمۇ كار قىلمىدى. ئاخىر بولمىغاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورال ئىشلىتىشكە باشلىدى. دەسلەپ ئاسمانغا ئوق ئاتتى، كېيىن بىرنەچچە نامايىشچىنى يارىدار قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ جىنايىي قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن پارتىزانلار قوللىرىغا قورال ئالدى. زايىتوپ پارتىزانلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇشقا تەييارلىنىڭلار!

پارتىزانلار ھەربىي ھالەتكە ئۆتتى. قورallıق ئېلىشىش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا ئىدى، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قوماندانلىق شتاب بىلەن ساقچى باشقارمىسىغا ھۇجۇم باشلاندى. بارات باشچىلىقـ

ـدىكى بىر گۇرۇپپا پارتىزان گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا، خەمىت باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا پارتىزان ساقچى باشقارمىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەڭلا ئاتلاندى.

ھەر ئىككى تەرەپ قوراللىق ئېلىشماقتا، ئېتىلغان ئوقلار ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوت بولۇپ كۆرۈنەتتى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇراتتى، توپىلارنى توزۇتاتتى. تاڭ سۈزۈلگۈچە ساقچى باشقارمىسى، گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىنى ئېلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، جەڭ ھالىتىدە ئېلگىرىلەش بولمىدى. پوتەيلەرگە قارىتىپ ئېتىلغان قول بومبىلىرى پوتەيلەرگە يەتمەي، قىسقا ئارىلىقتا پارتلاپ تەسىر كۆرسەتەلمىدى. مۇستەھكەم ياسالغان كۆزىتىش پوتەيلىرىدىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلار پارتىزانلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرتكۈزمىدى. بارات ئېڭىشىپ مېڭىپ پاكار تامغا پىلىموت قويۇۋېلىپ ئېتىۋاتقان ھاپىزنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ يېنىدىكى پارتىزانغا بۇيرۇق قىلدى:

— تۆشۈككە ئات، دەل تۆشۈككە ئات!— بارات جىددىيلىشىپ كەتتى. ھاپىز پىلىموتنى تۆشۈككە توغرىلاپ سايرىتىۋەتتى.

— تاڭ سۈزۈلگۈچە قوماندانلىق شتابىنى، ساقچى باشقارمىسىنى ئېلىش كېرەك،— دەيتتى بارات تېز - تېز بۇيرۇق بېرىپ. ئۇ پېشانىسىدىن چىققان تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتتى.

قېلىن تام ئەتراپىغا تاشلانغان بومبىلار قويۇق توپا - توزان كۆتۈرەتتى. گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىچىدە قالايمىقانچىلىق ئەۋجىگە چىقتى. پەرىشانلىق ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈۋاتقان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ئوفىتسېرلارنىڭ ۋارقىراپ توۋلاشلىرى ئوق ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ ئاجايىپ سۈرلۈك سادا پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئوفىتسېرلار ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يوغان تامغىلار بېسىلغان خەت - چەكلەرنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى.

بارات ئون نەچچە پارتىزان بىلەن دۈشمەن توچكىسىغا توختاۋسىز ئوق ئاتتى، ئارقىدىن بىرىنىڭ دولىسىغا بىرى دەسسەپ ئېگىز شوتا

هاسىل قىلىپ تام ئۈستىگە ياماشتى، يەنە بىرنەچچە پارتىزان ئۇلارنى قوغداپ تۇردى. پارتىزان ھاپىز تام ئۈستىدە تۇرۇپ كۆزىتىش پوتەيلىرىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى، ئارقىدىنلا بىرنەچچە بومبىنى پوتەينىڭ تۆشۈكىگە توغرىلاپ ئېتىپ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. پوتەيدىن ئىككىسى ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىدى. ھاپىز توسالغۇلارنى تازىلاپ، ئىگىز تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ بومبا تاشلاپ، تاقاقلىق چوڭ دەرۋازىنى پارتلاتتى. ھۆررا ساداسى ئىچىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن قوماندانلىق شتاب ئىچىگە كىردى. بۇ چاغدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ كەتكەن ئىدى.

قوماندانلىق شتاب ھويلىسىدىكى خادىنىڭ ئۇچىدا گومىنداڭـ ـنىڭ 12 شوئارلىق بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. بارات زايىتوپنىڭ قولىدىكى ئاي ـ يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقنى ئېلىپ، پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىگىز خادىغا ياماشتى. ئۇ جەبدەسلىك بىلەن گومىنداڭ بايرىقىنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقنى خادىنىڭ ئۇچىغا چىگىۋاتـ ـقاندا، توساتتىن كەلگەن ئوق ئۇنىڭ بايراق تۇتقان قولىغا تەگدى. بىرنەچچە پارتىزان قوراللىرىنى بەتلەپ ئوق چىققان تەرەپنى كۆزەتتى. كۆزىتىش پوتىيىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسېرى باراتنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوققا تۇتۇۋاتاتتى. ھاپىز يېنىدىن گرانات ئېلىپ ھېلىقى ئوفىتسېرغا توغرىلاپ تاشلىدى. گرانات پارتلاپ ئىس ـ تۈتەك تارقالغاندا، ھېلىقى ئوفىتسېر پوتەي ئۈستىدىن ھويلىغا غۇلاپ چۈشتى.

باراتنىڭ قولىغا ئوق تەگكەنلىكىنى سەزگەن زايىتوپ خادىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. باراتنىڭ قولىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتـ ـقان بايراققا قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.


ــ بارات، غەيرەت قىل، بايراقنى قادىمىغۇچە قايتىپ چۈشمە! ــ دېدى ۋارقىراپ.

زايىتوپنىڭ سۆزىدىن باراتنىڭ كۆزى روشەنلەشكەندەك بولدى،

بەدىنىگە كۆچ پەيدا بولدى. ئۇ لىۋىنى قاتتىق چىشلەپ، بايراقنى خادىنىڭ ئۇچىغا چىگدى، سەلكىن شامالدا لەرزان لەپىلدەۋاتقان بايراقا بىرپەس تىكىلىپ، ئاندىن خادىنى قۇچاقلاپ ئاستا - ئاستا پەسكە سىيرىلدى. يەرگە چۈشۈشكە بىر مېتىر قالغاندا زايىتوپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بېشىغا ئولاشتى. سېستىرالار كېلىپ باراتنىڭ يارىسىنى تاڭدى.

— بارات، سەن مىللەتنىڭ پەخرى، سەن ۋەزىپەڭنى پاك ۋىجدان بىلەن ئورۇندىدىڭ، — دېدى زايىتوپ ۋە لەۋلىرىنى تىترىتىپ، ئۆزىنى يىغىدىن ئاران - ئاران بېسىۋالدى.

باراتنىڭ ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ، ئىككى تامچە ياش كىرپىكىگە ئىلىنىپ قالدى. بارات مەيىن شامالدا لەپىلدەۋاتقان ئاي - يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقا تىكىلىپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى.



# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ھەرەمباغ ئۇرۇشى

### 1

بۈگۈن ھاۋا سوغۇق، تەبىئەت ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن ئىدى. تاغ تەرەپتىن كەلگەن شىۋىرغان قار ئۇچقۇنلىرىنى ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ ئۇششۇك ھەرىدەك چېقىپ ئۆتەتتى. پارتىزانلارنىڭ پولك شتابى ئورۇنلاشقان جاي شەرقىي شىمالدا بولۇپ، دۈشمەننىڭ لەڭشاڭ ئېگىزلىكىدىكى پوزىتسىيىلىرى بىلەن قارىشىپ تۇراتتى.

گومىنداڭ شەھەرنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، جان - جەھلى بىلەن پارتىزانلار بىلەن قارشىلىشىپ، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى ۋە كېچە - كۈندۈز ھەرىكەتلىنىپ نۇرغۇن پوتەي - ئاكوپلارنى ياساپ، پارتىزانلارغا قارشى مۇنتىزىم كۈچ تەشكىللەپ، جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

ھەرەمباغنىڭ لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايرودرومنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غۇلجا شەھىرى گومىنداڭچىلاردىن تامامەن تازىلىنىپ بولغان ئىدى. لەڭشاڭ بۇتخانىسى «يېڭى ھايات» كوچىسىنىڭ ئۇ قېتى بىلەن چېگرىلىنىپ تۇراتتى. لەڭشاڭ بۇتخانىسى ھەرەمباغنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كەينى تەرىپى سازلىق ۋە بايكۆل مەھەللىسى ئىدى. ھەرەمباغ بىلەن لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى بايكۆل سازلىقى ئايرىپ تۇراتتى. بۇ جاي يەر ئاستى يوللىرى بىلەن ھەرەمباغقا تۇتىشاتتى. بۇ ئورۇندىكى دۈشمەنلەر بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. گومىنداڭ پۈتكۈل كۈچىنى ئىشقا سېلىپ،

500 — 600 مو كېلىدىغان ھەرەمباغ ئىچىگە مۇنتىزىم كۆچىنى توپلىغان، شۇنداقلا ھەرەمباغ ئىچىگە كولىغان نۇرغۇنلىغان يەر ئاستى ئاكوپلار ئارقىلىق باشقا جايلارغىمۇ چىققىلى بولاتتى. ئاكوپ بىلەن چىقىدىغان جايلارنىڭ ئاغزىغا ئەپلىك ئىستىھكاملار ياسىلىپ، مۇنتىزىم بازا قۇرۇلغان ئىدى.

قىسىملىرىمىزدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى پۇختا بولۇپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى. قوماندانلىق شتابىنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن پولك، ئېرزۇوت كوماندىرلىرى بېلىنداڭدا[1] دۈشمەنگە دەسلەپ ھۇجۇم قىلىدىغان نۇقتىلارنى مۇزاكىرە قىلىپ، خەرىتىدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. باش قوشۇش يىغىنىدا بارات رازۋېدكا ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى.

— گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ھەرەمباغ ئىچىگە قېچىپ كەلگەنلەر 6- پولك بىلەن 4- باتالىيون ۋە يەنە شەھەرنى قوغدىغۇچى ئىككى باتالىيون بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ھەرەمباغ قورغىنىنى بېسىپ ياتماقتا.

زايىتوپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەربىر پولك كوماندىرىغا ۋەزىپە تاپشۇردى. جەڭچىلەرنىڭ ئارقا سەپتىن كېلىدىغان تەمىناتى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. جەڭچىلەر ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن ياخشىراق ئۇزۇقلىنىشى، ئىسسىقراق كىيىنىشى زۆرۈر ئىدى. زايىتوپ تىت - تىت بولغان ھالدا چوڭ يولغا قارىدى. شەھەر تەرەپتىن كېلىدىغان چىغىر يولدا ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋا كۆرۈندى. ھارۋىغا قېتىلغان بوز ئات ھارۋىنى سىلكىپ - سىلكىپ يورغىلاپ كېلىۋاتاتتى. بېشىغا ھەربىيچە قۇلاقچا، ئۇچىسىغا پاختىلىق كەمزۇل كىيىپ، بېلىگە كۆمۈش توقىلىق تاسما باغلىغان جۇماش ئاتنىڭ بۆجىسىنى ئويىنتىپ، ئىككى پۇتىنى ھارۋىنىڭ ئىككى شوتىسىغا ئىلىپ

---

[1] بېلىنداڭ — دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياسالغان جاي.

چوقايغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇراتتى. ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ياۋىنىدە يېشىل رەختتىن گىمناستوركا كىيگەن، بېشىغا ھاۋا رەڭ يۇڭ ياغلىق ئورىغان بىر قىز ئولتۇراتتى. زايىتوپ يىراقتىن ئۇنى تونۇدى، بۇ قىز رىزۋانگۈل ئىدى. ھارۋا بېلىنداڭ ئالدىدا توختاپ، رىزۋانگۈل ھارۋىدىن چۈشتى ـ دە، زايىتوپ بىلەن كۆرۈشتى:

— ئەسسالام، زايىتوپ ئاكا، ياخشىمۇسىز؟

— ناھايىتى ياخشى، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— مەنمۇ ياخشى تۇردۇم. ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا قانچىلىك تەقەززا بولغانسىرى، شۇنچىلىك كېچىكىپ قالدىم، ئاخىر تىلىكىم بوگۈن ئەمەلگە ئاشتى.

— غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا.

زايىتوپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، جۇماش سۇنۇپ بەرگەن رىزۋانگۈلنىڭ يوك ـ تاقلىرىنى سۇنۇۋالدى. زايىتوپ قولىدىكى يوك ـ تاقلارنى يەردە قويۇپ، ئاندىن جۇماش بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى.

— تازىمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار، يولۇڭلارغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دەپ قالدى.

— شۇنى دېمەمسىز زايىتوپ ئاكا، بىزمۇ ئالدىراپ، تاقىتىمىز تاق بولدى. ماۋۇ ھارۋىدا جەڭچىلەر ئۈچۈن تەمىنات ئېلىپ كەلدۇق، ئارقىمىزدا يەنە 5 — 6 ھارۋىدا تەمىنات بىلەن كىيىم ـ كېچەك كېلىۋاتىدۇ.

زايىتوپ رىزۋانگۈلنىڭ قاۋۇل بەستىگە زوقمەنلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى، ئۇ زايىتوپنىڭ كۆزىگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. رىزۋانگۈل بۇ جايدا ئۆزىنى يېڭى ۋەزىپىلەر كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى سېزەتتى. شۇڭا، ئۇ گەپ ـ سۆزسىزلا تەمىناتنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھارۋىغا سەكرەپ چىقتى، ئاندىن ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان زايىتوپقا قاراپ سۆزلىدى:

— ئەجەبلەنمەڭ زايىتوپ ئاكا، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك

ئىشىم، تونۇگۇن كېچە ھەرقايسىڭىز ۋەزىپە بۆلۈشكەن ئىدۇق. مەن ئالدىنقى سەپنى تەلەپ قىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم.
— ياخشى قىپسىز، بىزگە سىلەردەك يۈرەكلىك قىزلار كېرەك،— دېدى زايىتوپ.
رىزۋانگۈل شوخلۇق بىلەن ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ زايىتوپنىڭ قېشىغا كەلدى، ئاندىن زىلۋا بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ سورىدى:
— مېنى قەيەرگە تەقسىم قىلىسىز؟ — رىزۋانگۈل زايىتوپنىڭ ئەمدىلا ئاق سانجىلىشقا باشلىغان چېكە چاچلىرىغا، ئىشەنچ نۇرى يېغىپ تۇرغان قوي كۆزلىرىگە تىكىلدى.
زايىتوپ ئۇنىڭ قېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ:
— ھازىرچە «شەپقەت ھەمشىرىلەر ئەترىتى»گە ئورۇنلىشىڭ. ئۇ يەردە سائادەت، گۈلنىسا، رازىيە دېگەن قىزلار بار، قالغان ئىشنى شۇلار ئورۇنلاشتۇرىدۇ،— دېدى. زايىتوپ قىسقىغىنە خىيال سۈردى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇنداق بىر ئىش كەچتى...
يانۋار ئايلىرى، ئەتراپ ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن، سوغۇق ئادەمنى ھەرىدەك چېقىپ تۇراتتى. تۇگمەننىڭ نورى ئاستىدا ساڭگىلىشىپ تۇرغان چوكا مۇزلار ئادەتتىكى ئېقىننى ئۆزگەرتىپ، ئەتراپقا مەرۋايىتتەك يالتىراق تامچىلارنى سېپىپ تۇراتتى. زايىتوپ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن شتابقا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار تۇگمەننىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭگە كەلگەندە، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان گومىنداڭنىڭ پوتەيلىرى ئاشكارا كۆرۈندى.
— كوماندىر، بۇ جايدىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتەيلى،— دېدى مۇھاپىزەتچى.
— ھەي، ھازىر دۈشمەننىڭ يۈرىكى پوكۇلداۋاتسا، ئەنسىرەيدىغان ھېچنېمىسى قالمىدى. ئۇزاققا قالماي بۇ قارا ئۇۋىلارنىمۇ كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىمىز،— دېدى زايىتوپ.
ئۇلار تۆۋەنگە چۈشتى. تۇگمەننىڭ ئۆستىڭى بويىدا ئىككى

جەڭچى بىرنەرسە يۇيۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بېشىغا قولاقچا، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق جۇۋا، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى. ئەسكىرىي فورمىدا ئەرەنچە تىكىلگەن جۇۋا ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە ئانچە لايىق كەلمەي، زىلۋالىقىنى يوشۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تاسما بەلۋاغ بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆتۈكنىڭ قونچىنى قايرىۋېلىپ، يۈرۈش - تۇرۇشىغا خېلى قولايلىشىۋېلىشقان ئىدى. ئىككىيلەن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ئۇيماندىكى سازلىقنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشقان شتابقا كىرىپ كەتتى. بۇ شتاب جەڭ ئىستىھكاملىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەڭ چەت جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ جاي دۈشمەننىڭ لەڭشاڭ ئېگىزلىكىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن پوتەي، ئاكوپلىرىغا قارشى مۇھىم ئورۇن ئىدى، شۇنداقلا بۇ شتاب ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان قىسىملىرىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى «يېڭى ھايات» مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن يوللارنى دۈشمەن پوزىتسىيىسىدىن ئاجرىتىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر يولنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە پوتەي ياساپ ئىستانكىۋايلارنى ئورنىتىۋالغان، بۇ قاناتتا دۈشمەن تەرەپتىن كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران قىلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى ۋە ئاندا - ساندا ئوقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن تىزىلغان قۇم خالتىلىرى، دۆۋىلەنگەن توپىلار بىزنىڭ پوزىتسىيىمىزنىڭ چېكى ئىدى.

ئۇلار شتاب باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرئاز سۆھبەت قىلغاندىن كېيىن، سۇ بويىدا ئۇچراشقان قىزلاردىن بىرى ئىشىكنى چېكىپ رۇخسەت سوراپ كىرىپ كەلدى. «بۇ قىز بىزنىڭ قىسمىنىڭ ھەمشىرىسى، ھاشىم ئاكامنىڭ قىزى رىزۋانگۈل بولىدۇ، 40 كۈندىن بېرى بىز بىلەن بىللە بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردە بولدى. يۈرەكلىك، باتۇر قىزىمىز» دەپ تونۇشتۇردى شتاب باشلىقى. قىز ئىللىقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن قوي كۆزلۈك، قارا قاش، قاڭشارلىق، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق رىزۋانگۈل ئىنتايىن تېتىك، چاققان، ئۆتكۈر پىكىرلىك قىز ئىدى.

ئۇرۇش باشلانغىلى ئۈچ ئايغا يېقىن بولدى. كۈن ساناپ پارتىزان-

لىقتىن مۇنتىزىم قىسىمغا ئايلىنىۋاتقان جەڭچىلەر كېچە ـ كۈندۈز تىنماي مەشىق قىلىپ، ھەربىي قائىدە ۋە قورال ئىشلىتىش يوللىرىنى ئىنتايىن ھەۋەس بىلەن ئۆگەنمەكتە ئىدى. زايىتوپ بىر بۆلۈكدا بەشئاتار مىلتىقنى چۇۋۇپ ـ تۈزەپ ئۆگىنىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، دۈشمەندىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ تۈرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. ئىككىيلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يىگىت مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى ئورنىغا سېلىشتا تەمتىرەپ قالدى، رىزۋانگۈل مىلتىقنى قولىغا ئېلىپلا ھېچقانداق ھودۇقماستىن چاقماقنى ئورنىغا سېلىپ قويدى. يىگىت ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى.

رىزۋانگۈل گرانات ئېتىشنى، بەشئاتار مىلتىق، قول پىلىموتلىرىنى چۇۋۇپ ـ قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. قايناق جەڭلەردە بولۇشنى، بىرەر ئەھۋالغا ئۇچراپ قالسا دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى تامچە قېنى قالغۇچە كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇلۇغ غايىگە ئىگە رىزۋانگۈل ئىنقىلاب باشلىنىپلا بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى باش شتابقا كېلىپ پىدائىي بولۇپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پىدائىيلارنى تىزىملاۋاتقان قاراقاش يىگىت ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— ھەي سىڭلىم، ئۇرۇش دېگەن قونچاق ئويۇنى ياكى ئاغا چايلام ئويۇنى ئەمەس، بىلىپ قويۇڭ، بۇ دېگەن جەڭ!— دېدى.

يىگىتنىڭ ئۇنى مەنسىتمەيۋاتقانلىقى رىزۋانگۈلنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تەگدى.

— «چاپىنى بارغا مۇشت ئاتسام، جۇۋىسى بارغا تو كەتتى» دېگەندەك، مەن گومىنداڭغا قارشى مۇشت ئاتاي دېسەم، سىزگە تو كەتتىمۇ - نېمە؟— دەپ ئۇستەلگە يېقىنلىشىپ تىزىملىك دەپتىرىگە قارىدى. زالدا تىزىملىتىشقا نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئۇكاموي! ئۇرۇش دېگەن جان بىلەن ئوينىشىدۇ، مۇنداق ئىشقا بېلىنى چىڭ باغلىغان ئوغۇل بالا بولۇشى كېرەك. مەن سىلەرنى قىز دەپ ئاياپ گەپ قىلمىسام، قايناپ كەتتىڭىز- غۇ؟— دېدى يىگىت.

— خەلق قوزغىلىپ كوچىلاردا ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز

ئۆيـدە شـۇك ئۇلتۇرالامـدۇق؟ خـەلق ئـەركىنلىك ئۈچـۈن ھـۇررا تـوۋلاپ جەڭگـە كىرىۋاتسـا، بىـز تاماشـا كـۆرۈپ تۇرسـاق، مۇشـۇ بەسـتىمىز بىلـەن قونچاق ئوينىساق ئۇيات ئەمەسمۇ؟ بىز مۇنـداق نومۇسـنى كۆتۈرەلمـەيمىز! ئوغـۇللار خـەلقنىڭ بالىسـى بولسـا، قىزلارمـۇ خـەلقنىڭ بالىسـىغۇ؟ ئـۇلار دۈشمەنگە قارشى تۇرماسلىقى كېرەكمۇ؟ ياق، قىزلارمۇ جەڭگـە ئاتلىنىشـى كېرەك! سـىزمۇ بـۇنى بىلىـپ قويـۇڭ، قېنـى، ئىسـمىمنى يېزىـڭ!— دەپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— جەڭـــدە سىلەرگـــە قـــيىن بـــولارمىكىن دەيمـــەن،— دېـــدى يىگىـت،— ئېھتىمال سۆزىدە خىلى ئالدىراپ قالغان بولسا كېرەك، ئىككى قـولىنى كەينىگـە قىلىـپ باغلىۋالغان قولاقچىسـىنى بېشىـدىن ئالـدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى كۆرۈنەتتى. ئۇ رىزۋانگـۈلنىڭ تەلىپىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزلارنـى شتاب باشلىقىنىـڭ قېشىغا ئەۋەتتى، باشلىقمۇ دەرھال قوشۇلمىدى.

— دۈشمەن بىلـەن ئـەركىنلىك ئۈچـۈن جـەڭ قىلىـش ئەرلـەرنىڭلا بـۇرچى بولـۇپ قالمـاي، بـەلكى قىزلارنىڭمـۇ بـۇرچى. ئوغـۇللار ۋەتـەننىڭ ئوغۇللىرى بولسا، بىـز ۋەتـەننىڭ قىزلىرى. «قىزلار قورال تۇتالمايدۇ» دەپ قايسى تارىختا كۆرسىتىلىپتۇ؟ بىزگە قورال بېرىڭلار! ھېچقانداق توسالغۇ-سىز ئالدىنقى سەپكە بارىمىز،— دەپ مۇراجىئەت قىلدى رىزۋانگۈل.

باشقىلار رىزۋانگۈلنى دوستلىرى بىلەن ساقلىقنى ساقلاش ۋاقىتلىق نازارىتى ھەربىي دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

— بىـز دۈشمەنگـە قارشـى ھەقىقەتـەن غەزەپـكە كەلـدۇق. بىزنـى توسماڭلار، فرونتقا بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز!— دېدى رىزۋانگۈل. ئۇنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزارغان بولۇپ، كۆزلىرى غەزەپ بىلەن يېنىپ تۇراتتى. ئۇ دۈشمەنگە قارشى پارتلاشقا تەييار تۇرغان بومبا ئىدى.

باشلىقلار رىزۋانگـۈلنىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ۋەتەنگە، خەلققە، ئازادلىققا بولغان مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كـۆردى. ئـۇنى ئارقـا سەپـتە قالدۇرالمايدىغانلىقىغا كـۆزى يېتىـپ، ئـاخىر ھەمشىرە قىلىـپ ئالـدىنقى سەپكە ئەۋەتىشنى قـارار قىلـدى. رىزۋانگـۈل

جەڭ مەيدانلىرىدىكى ھەرقانداق مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تېزلا كۆنۈپ، جەڭچىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتتى. كۆيۈمچانلىقى ۋە ھېچقانداق جاپادىن قورقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، جەڭچىلەر ئۇنى «ئەڭ شەپقەتلىك، مېھرىبان ھەمشىرىمىز» دەپ ھۆرمەت قىلاتتى...

رىزۋانگۈل زايىتوپنىڭ ئويلاپ بولالمىغان خىياللىرىنى سەزگەندەك، ئۇنىڭ بىرئاز قىسىلغان، ئويچان كۆزلىرىگە قارىدى. رىزۋانگۈلنىڭ قارىشىدىن زايىتوپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— يول ئۈستىدە چارچىغانسىز، بېرىپ ئارام ئېلىڭ،— دېدى زايىتوپ مېھرىبانلىق بىلەن.

— ياق، چارچىمىدىم،— دېدى رىزۋانگۈل خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ،— ئۇ يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك كەينىگە قايرىلدى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن،— زايىتوپ ئاكا، سىزگە ناھايىتى چوڭ ئىلتىماسىم بار، قوبۇل قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قېنى، ئېيتىڭ.

— مېنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىڭ، مەن قورال تۇتۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش قارارىغا كەلدىم.

— غەيرىتىڭىزگە رەھمەت رىزۋانگۈل، ئەمما ئىش ئالدىنقى سەپكە بېرىش بىلەنلا ھەل بولمايدۇ.

زايىتوپنىڭ جاۋابىدىن رىزۋانگۈل ئوڭايسىزلىنىپ، قاپىقى تۈرۈلدى:

— زايىتوپ ئاكا، ئارقا سەپتىكى ئىشنىمۇ ياخشى بىلىمەن، بۇنى ياخشى كۆرۈپ ئىشلەيمەن. ئەمما، شۇنداق جىددىي چاغلاردا قانداقمۇ بۇ جايدا تۇرالايمەن؟ گومىنداڭ بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنى، يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزنى ۋەيران قىلىپ، خەلقىمىزنى تىرىك كۆمۈپ، نەسلىمىزنى قۇرۇتۇۋاتىدۇ. مەن شۇلارنى ئويلىسام، ئارقا سەپتە تۇرۇشقا ئىزا تارتىمەن.

زايىتوپ رىزۋانگۈلگە تولۇق كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ:

— مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم، ئىلتىماسىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن،— دېدى.

شەھەردىن ھارۋا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، بىرقانچە جەڭچىلەر بىلەن شەپقەت ھەمشىرىلىرى يېتىپ كېلىشتى- دە، رىزۋانگۈلنى كۆرۈپ ئورىۋې-لىشتى. زايىتوپ ئۇنىڭ تەلىپىنى قىزلارغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، سائادەت خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— تولىمۇ ياخشى تەلەپ بوپتۇ. مۇنداق تەلەپ قىلغۇچىلار يالغۇز رىزۋانگۈل ئەمەس، ئەتىكى ئۇرۇشقا چوقۇم بىزنىمۇ ئەۋەتىڭ.

— شۇنداق قىلىڭ، بىزنىمۇ ئەۋەتىڭ.

سائادەتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ باشقا قىزلارمۇ سەكرىشىپ كەتتى.

— ناھايىتى ياخشى، غەيرەتىڭلارغا بارىكاللا، بۇ تەلىپىڭلارنى چوقۇم مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى.

زايىتوپ قىزلارنى دەم ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، شتاب ئىشخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 2

تاڭ سۈزۈلگەن بولسىمۇ قار تېخى توختىمىغان، شامال بارغانچە شىۋىرغانغا ئايلىنىپ ئاچچىق ھۆركىرەپ، قارلارنى توزۇتۇشقا باشلىدى. لەڭشاڭ بۇتخانىسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان دۈشمەن پوتەيلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپىنى يۇمشاق قار باسقان، ئازگاللار، چىغىر يوللار كۆرۈنمەي قالغان ئىدى.

كېچە بۇيرۇق كۈتۈپ ياتقان جەڭچىلىرىمىز تاڭ بىلەن تەڭ دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەنلەردىن غەنىيمەت ئالغان قورال - ياراغنىڭ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، پىدائىي بولۇپ سەپكە قېتىلىۋاتقانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى جەڭچىلەرگە قورال يېتىشمەي قالدى. پىدائىيلار تۆمۈرچىلەرگە ياساتقان نەيزىلىرىنى يالتىرىتىپ كوچىلاردىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا ئەگەشكەن خەلق توپى دېڭىز دولقۇنىغا ئايلاندى. ھەممىلا كىشى شەخسىي تىرىكچىلىكنى ئۇنتۇغان، ھەممىنىڭ پىكىر - خىيالى دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئىدى.

جەڭ كۈنى مەيدان قىسىم ـ قىسىمغا بۆلۈنگەن قوراللىق جەڭچىلەر، نەيزە كۆتۈرگەن پىيادىلار ۋە كالتەك ـ چوماق كۆتۈرگەن خەلققە تولدى. قوراللىق قىسىملىرىمىز ھەربىي قائىدە بويىچە ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى، پىيادىي نەيزىچىلەرمۇ تەرتىپكە سېلىنغان ئىدى. لېكىن، كالتەك كۆتۈرگەن خەلق ئۆز ئىختىيارى بويىچە ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى، گاھىدا دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ئوت توچكىلىرىغا ئۆملىشىپ باراتتى. ھەرەمباغ، لەڭشاڭ ئەتراپىدىمۇ سان ـ ساناقسىز خەلق چۇقان سالاتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا، شىددەتلىك جەڭ ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكىدە باشلاندى. دۈشمەن بارلىق كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قارشىلىق قىلماقتا، بارلىق ئاكوپ، پوتەيلەردىن تىنىمسىز ئوت ئاچماقتا. بىزنىڭ قوراللىق قىسىملىرىمىز ھەرەمباغ ئەتراپىدىكى زاراتكاھلىقتا قارغا كۆمۈلۈپ ئالغا سىلجىماقتا. شاھاجىنىڭ بىغىدىن تۆپىلىككە چىقمىغان جەڭچىلەر سىپىي ئارىسىدا شەپقەت ھەمشىرىلەرمۇ تۇراتتى.

شەپقەت ھەمشىرىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلار باراتنىڭ قىسمىغا قوشۇپ بېرىلدى. بۈگۈن قەھرىمانلار ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ پەيت يېتىپ كەلگەن ئىدى. جەڭچىلەر ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ تۈيغۇسى بىلەن ئۆلۈم دەھشىتىگە پىسەنت قىلمايتتى. قىسىملىرىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچى ھەرەمباغ، لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا قارىتىلغان بولۇپ، توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، گۈمبۈرلەشلەر يەر ـ جاھاننى تىترىتىپ، قويۇق تۈتەك پەردىسى ھاسىل قىلاتتى. دۈشمەن جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىشىپ تاقابىل تۇرماقتا. ھەرەمباغ مەھەللىسىنىڭ شىمالىدىكى شاھاجىنىڭ بېغىغا يېتىپ بارغان پارتىزانلارنىڭ بىر تۈركۈمى بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىيالمىدى. شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار باغ ئىچىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، باغ ئىچىنى ئىس ـ تۈتەككە كۆمۈپ تاشلىدى. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئاپئاق قارغا قوشۇلغان توپا توزاندىلىرى قويۇق ئىس ـ تۈتەك بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. جەڭچىلەر توپ ئوقلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن، دۈشمەننىڭ ئەڭ خەۋپلىك پوزىتسىيىلىرى تۇرغان جايغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

شاھاجىنىڭ بېغى تەرەپكە ئۇچقان توپ ئوقلىرىنىڭ، ئايروپىلاننىڭ گۈركىرىشى ھەربىر پارتىزاننىڭ يۈرىكىگە تېگىپ جاراھەتلەپ ئۆتەتتى. ئوت كەتكەن ھەرەمباغ يېزىسى ۋەتەننىڭ پارچىسى بولغانلىقتىن، پارتىزانلارنىڭ قەلبىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايتتى. بەزى چاغلاردا پارتىزانلارنىڭ كۆڭلى شۇنداق يۇمشاپ كېتەتتىكى، ۋەتەننىڭ تۇپرىقىدا ئۆسكەن ئوت- چۆپلەر ۋە كۆرۈنگەن ھەر تال گىياھ، ھەر تۈپ دەرەخنى ئۆزىنىڭ ئاكا - ئۇكىسىدەك قۇچاقلىغۇسى، مۇقەددەس ۋەتەن تۇپرىقىغا باغرىنى ياققۇسى كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكىدەك جەڭلەردە پارتىزانلار دۈشمەن ئۈستىگە دەھشەتلىك قۇيۇن بولۇپ تاشلاندى.

پارتىزانلار شاھاجىنىڭ بېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكىدىكى زاراتكاھلىقنى ئىگىلىدى. جەڭ مانا ئەمدى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىن ئۇچۇقچىلىقتا بولۇۋاتاتتى. ئېرىقنىڭ قىرلىرى، ئويمان - دۆڭلۈكلەر، ئازگاللار قارغا كۆمۈلگەن، زومچەك - زومچەك قەبرىلەر جەڭچىلەر ئۈچۈن ياخشى دالدا بولاتتى. رىزۋانگۈل بىرقانچە شەپقەت ھەمشىرىلىرىنى باشلاپ زاراتكاھلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە كىشى پاتقۇدەك ئويمانلىققا ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان پارتىزانلارنىڭ قىساس ئوتى لاۋۇلدايتتى، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن يانغان ياش يۈرىكى قەھرىمان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ پەدىسىدە تېپەتتى. ئۇلار تەۋرەپ كەتكەن خەلقنىڭ ئۈستۈن روھىنى، ئەركىنلىك ئۈچۈن پورۇقلاپ قايناۋاتقان جەڭنى كۆرۈپ مەغرۇرلىناتتى.

جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك تۈس ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق، پىلىموت ئوقلىرىنىڭ ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرى قۇلاق - مېڭىنى يەپ تۇراتتى. ھەربىر قەبرىنىڭ دۆۋىلەنگەن توپىلىرى پارتىزانلىرىمىزغا ئوقتىن ساقلىنىشقا پاناھ بولماقتا. پىلىموت ئوقلىرى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى ۋىژىلدىتىپ ئۇچۇراتتى. گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا توپا - توزان ھاسىل قىلاتتى. يىراقتىن تانكىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

توپا ـ توزان ئىچىدە ئىگىز ـ پەس داڭگاللاپ تانكا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. سائادەتنىڭ قەلبى غەزەپ ئوتى بىلەن يېنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كوماندىرنىڭ قېشىغا ئۆملەپ باردى ۋە تانكىنى پارتلىتىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ قىلدى، كوماندىر قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزىدە ئىنتىقام ئوتى يالتىرىدى. ماتور ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، دۈشمەننىڭ «شا ـ شا»لىرى ئاڭلاندى. سائادەت پارتلاتقۇچ دورىنى قولتۇقىغا قىسىپ كوماندىرنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا، غەزەپ ئوتى ئۈچقۇنداۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلدى. كوماندىر تاقەتسىزلىنىۋاتقان سائادەتكە بۇيرۇق بەردى.

سائادەت پارتلاتقۇچ دورىنى مەيدىسىگە تېڭىپ، ئوقتەك ئۈچۈپ زاراتگاھلىقتىن پەسكە چۈشتى، ئۆملەپ مېڭىپ ئويمان ـ چوڭقۇرلارنى ئۆزىگە پاناھ قىلدى. سائادەت تانكىغا ئون نەچچە قەدەم قالغاندا، پارتىزانلار تانكىغا شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. تانكىنىڭ ئارقىسىدىكى دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سائادەت تانكىنىڭ ئارقىسىدىن تانكا ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، تانكىنىڭ قاپقىقىنى تارتىپ ئاچتى، ئاندىن پارتلاتقۇچ دورىنىڭ پىلىكىنى تارتىپ تانكا ئىچىگە تاشلاپلا ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. تانكا بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا قاتتىق سادا بىلەن پارتلاپ، كۆز ئاچقۇسىز قاراڭغۇ توزان ھاسىل بولدى. خۇشاللىقتىن سائادەتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

3

دۈشمەن قاتتىق تىركىشىپ، پارتىزانلارنى ئالغا سىلجىتمىدى. پارتىزانلاردىن 200 مېتىر ئارىلىقتىكى ئاكوپلاردىن يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇراتتى. بارات دۈشمەننىڭ ئوق توچكىسىنى پارتلىتىش ئۈچۈن ئۈچ نەپەر پارتىزانغا بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق بىلەن تەڭ پارتىزانلار پارتلاتقۇچ دورىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئىلگىرىلىدى.

بىرىنچى پارتىزان 50 مېتىر ئىلگىرىلەپ، دۈشمەنىنىڭ جەسىتىگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ قولى جەسەتنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۈزىگە تەگدى. جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنىنىڭ سانسىز ئۆلۈكلىرى ياتاتتى. ھېلىقى پارتىزان ئۆلۈكلەرنى دەسسەپ يۈگۈرۈپ كەتتى. دۈشمەن ئىستىھكامىغا بېرىش ئۈچۈن يەنە 100 مېتىر مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. توساتتىن ئۇنىڭ بېشىدىن قۇلاقچىسى ئۇچۇپ كەتتى- دە، پېشانىسىنىڭ ئېچىشقىنىنى سەزدى، ئېلىپ ماڭغان پارتلاتقۇچ دورا قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. بارات ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنلىكىنى سېزىپ:

— ئاپلا، ئوق تەگدى!— دېدى.

سائادەت بىلەن رىزۋانگۈل بۇيرۇق كۈتمەستىنلا ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى، بارات ئۇلارنى توۋلىۋالدى.

— توختاڭلار، ئۆرە ماڭماڭلار!

ئەمما، ئۇلار ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، پەقەت «ئوق تەگدى» دېگەن سۆزلا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. سائادەت بىلەن رىزۋانگۈل مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا پىسەنت قىلماستىن، يولۋاستەك ئالغا ئېتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆمىلەپ مېڭىپ زاراتكاھلىقنىڭ يېنىدىكى يارىدار پارتىزاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭدى. رىزۋانگۈل يارىدار پارتىزاننى يۈدۈپ زاراتكاھلىقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. سائادەت ھېچ ئىككىلەنمەستىن پارتلاتقۇچنى قولتۇقىغا قىستى- دە، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

يەنە بىر پارتىزان پوتەيگە 30 قەدەم قالغاندا، سول كۆكسىدىن يارىلىنىپ قۇربان بولدى. سائادەت جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ مەھكەم باغلانغان پارتلاتقۇچ دورىنى سول قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئوڭ جەينىكىگە تايىنىپ ئالغا سىلجىدى.

دۈشمەن ئاكوپىدىن چىقىۋاتقان ئوقلار ئۈچىنچى پارتىزاننىمۇ يارىدار قىلدى. سائادەت ئاۋۋال كۆكسىدىن يارىلانغان ئىككىنچى پارتىزاننى كۆزىتىپ نەپەسىنى تىڭشىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچىنچى پارتىزاننىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ پارتىزاندىن قان كۆپ چىقىپ

كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. يارىلانغان بىرىنچى پارتىزاننى ھەش - پەش دېگۈچە پارتىزانلار تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن ئاپىرىپ قويۇپ قايتقان رىزۋانگۈل سائادەتنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. سائادەت رىزۋانگۈلگە بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتتى:

— رىزۋانگۈل، چاپسان بول، ماۋۇ مەن يارىسىنى تاڭغان 6- ئەترەتنىڭ پارتىزانى سادىق. ئۇ ھازىر ھايات، سەن ئۇنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەت! مەن ئاۋۇ پارتىزاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭاي!— ئۇ ئىككى يۇملاپ جەسەت يېنىدا پەيدا بولدى ۋە ئۇنى يۆدۈپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ زاراتكاھلىقنى نىشان قىلىپ ئىلگىرىلىدى. بىراق، يول ئېگىز - پەس بولغانلىقتىن، مېڭىش قۇلايسىز ئىدى. رىزۋانگۈل سادىقنى يۆلەپ، ھېلى يېتىپ، ھېلى قوپۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار توپ ئوقلىرى زەربىسىدىن ئۆرۈلۈپ بىرقانچە مېتىر قالغان چولاق تام تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

ئوقلار ۋىژىلداپ سائادەت بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ ئەتراپىغا قار تۇزۇندىلىرىنى چاچرىتىپ تۇراتتى. رىزۋانگۈل ياربدارلارنى چولاق تام كەينىگە ئۆتكۈزۈپ بېشىنى تاڭدى. سائادەت جەسەتنى يۆدۈپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇنىڭ نەپەس يولىنى تىڭشىدى، ئۇنىڭ نەپىسى توختاپ، ئاللىقاچان جان ئۈزگەن ئىدى. سائادەت جان ئۈزگەن پارتىزاننى قالدۇرۇپ، بىر - بىرىگە باغلانغان گىراناتنى قولتۇقىغا قىسىپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن بىر پارتىزان ئۇچقاندەك كېلىپ سائادەتكە يېپىشتى ۋە ئېغىر نەپەس ئېلىۋېلىپ:

— كوماندىر سىلەرنى چېكىنسۇن دەيدۇ. مېنى سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى،— دېدى.

سائادەت بىلەن رىزانگۈلنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇنىڭ سۆزى كىرمىدى. ئۇلار شۇ تاپتا دۈشمەنگە قارشى پارتلاشقا تەييار تۇرغان بومبا ئىدى.

— ياق، قايتمايمىز، ۋەتىنىمىزنى قوغداش يولىدا قۇربان بولساق، ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز،— دېدى- دە، ۋىژىلداپ يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن شامالدەك يۈگۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ھېلىقى

پارتىزان ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دۈشمەن تەرەپكە بىرقانچە قول بومبىسى تاشلىدى. قىزلارنىڭ ۋۇجۇدى پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان بولۇپ، قەلبى دولقۇنلىنىپ، ھاياجان بىلەن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇلار مۇقەددەس ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە ئىلگىرىلەيتتى. ئاكوپىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى دۈشمەنلەر پارتىزانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ تۇراتتى.

— سائادەت، مەن ئالدى بىلەن ئىككى چەتتىكى دۈشمەننى بىر تەرەپ قىلاي،— دېدى رىزۋانگۈل.

— بولىدۇ، بارغىن. مەن سېنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراي،— دېدى سائادەت.

سائادەت يېنىدىن بىرقانچە تال گراناتنى ئېلىپ ئارقا - ئارقىدىن دۈشمەن ئورۇنلاشقان ئاكوپنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاشلىدى. رىزۋانگۈل ھېلى يۈملاپ، ھېلى ئۆمىلەپ ئالغا سىلجىدى. ئۇ دۈشمەن ئاكوپىغا ئون نەچچە مېتىر قالغاندا، ئاكوپنىڭ يان قىسمىغا ئورۇنلاشقان بىرقانچە دۈشمەننى ھالاك قىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى كۆپكۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك پارقىراپ كەتتى. رىزۋانگۈل ياتقان جايىدىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ۋە يەنە ئالغا سىلجىدى. يامغۇردەك ئوقلارنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇپ، پارتىزانلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىۋاتقان بۇ قىز كۈرەش قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى ئالتۇن سۆزلەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئەڭ بىرىنچى ئۇرۇقىنى يەنىلا ئوقۇتقۇچى بىخلاندۇرغانغۇ! ئۇ بىر - بىرىگە باغلانغان گراناتنى قولتۇقىغا قىسىپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، سول مۈرىسىدىن يارىلىنىپ قولىدىكى گرانات قانغا بويالدى. ئۇ لىۋىنى چىڭ چىشلەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلىدى، گراناتنىڭ پىلىكىنى تارتىپ ئاكوپنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاشلىدى. گۈمبۈرلىگەن سادا بىلەن ئاكوپتىكى دۈشمەنلەر كۇكۇم - تالقان بولدى.

دۈشمەن بۆكتۈرمىسىگە يېقىن پىلىموت ئوقى ئۈچ تەرەپتىن قايچا ئۆتۈشكەن خەتەرلىك جايغا ئۆمىلەپ كېتىپ بارغان ئىزۋوت كوماند-

ـرىنىڭ يارىلىنىپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشكەن رىزۋانگۈل ئوق ئارىسىدا ئۆمىلەپ كوماندىر تەرەپكە سىلجىدى ۋە كوماندىرنى شۇ خەتەرلىك جايدىن 10 مېتىرچە نېرىراقتا تۇرغان چولاق تامغا سۆرەپ ماڭدى. ھۇشقۇيتىپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار رىزۋانگۈل بىلەن ياردارنىڭ ئەتراپىدىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن، رىزۋانگۈل ئوقلارنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئۆلۈم خەۋپى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. ئۇ كۆزلىگەن چولاق تامغا ياردارنى يەتكۈزۈپ، بېشىنى تاڭدى ۋە ئاخىر ھوشىغا كەلتۈردى، كوماندىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. پارتىزانلار دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى، خەۋپلىك جايدا يەنە بىر پارتىزان ياردار بولدى. رىزۋانگۈل ئارقىسىغا قاراپ ياردار پارتىزاننىڭ قېشىغا يۈگۈرگەندە، دۈشمەن ئوقى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ تەگدى.

— ئاھ، رىزۋانگۈل!— دەپ يۈگۈردى دوستلىرىدىن بىرى.

يۈرەكتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ ئاۋاز شەپقەت ھەمشىرىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى پارتىزانلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. رىزۋانگۈل كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ساقىپ ئېقىۋاتقان قان ۋە تال - تال بولۇپ يۈزىگە يېپىلغان قارا چاچلىرى ئاجايىپ سۈر پەيدا قىلغان ئىدى. قۇربان بولغان رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىقى سائادەتكە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇمۇ ئالغا سىلجىپ بىر باغلام گراناتنى قولتۇقلاپ، شىددەتلىك ئوقلارغىمۇ پەرۋا قىلماي دۈشمەن ئاكوپىغا تاشلاندى- دە، گراناتنىڭ پىلىكىنى تارتتى، ئاندىن بارلىق كۈچى بىلەن يۇملىدى. پوتەي پارتلاپ ھەرەمباغ قورغىنىغا تۇنجى يول ئېچىلدى. ھاياجان ئىچىدە يۈرەكلىرى ئۇيناپ كەتكەن بارات تاپانچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئالغا!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھۇررا سادالىرى كۆككە ياڭرىدى. شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتقان پارتىزانلاردىن ھودۇققان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەرەمباغ ئىچىگە قاچتى، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. باراتنىڭ قوشۇنى بىرىنچى بولۇپ ھەرەمباغ ئىچىگە بۆسۈپ كىردى- دە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ ئوققا تۇتتى. ھايال

ئۆتمەي شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن پارتىزانلار ھەرەمباغنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى.

تاڭ ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلدى. پارتىزانلار ھەرەمباغ لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئېلىش جەريانىدا شەپقەت ھەمشىرىلەرنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىنى قىن ـ قىنىغا پاتماي تىلغا ئېلىپ ھېكايە قىلىشتى. پارتىزانلار ھەرەمباغ قورغىنىنى تەلتۆكۈس قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ھەرەمباغ ئىچىنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھەرەمباغنىڭ ئىچىدىكى گومىنداڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بىر قىسىم سىياسىي مەھبۇسلارنى ئېتىپ تاشلاپ، ھەرەمباغدىكى يەر ئاستى يولى بىلەن قېچىپ، تىرەك مازار ئارقىلىق ئىلى دەرياسى بويىغا چىققاندا، پارتىزانلار تەرىپىدىن قوغلاپ زەربە بېرىلگەچ، قېچىشقا ئامالسىز قېلىپ ئىلى دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ھالاك بولدى.

پارتىزانلار ھەرەمباغ قورغىنىغا كىرگەندىن كېيىن، مەھبۇسلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشىپ كەتتى. توپ ئوقلىرى، پارتلاتقۇچ دورىلاردىن ۋەيران قىلىنغان ئۆيلەر بۇرۇقتۇرما قارا ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە گويا خارابىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. شۇ كۈنى ئازادلىق ئۈچۈن بولغان قايناق جەڭلەردە شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزدىن رازىيەمۇ ئېغىر يارىدار بولدى، ئېغىر يارىلانغان سائادەت جەڭ مەيدانىدىن تېپىلدى.

پارتىزانلار كۈرەش مەيدانىدا شېھىت بولغان ۋەتەنىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى رىزۋانگۈلگە، قۇربان بولغان بىرقانچە پارتىزانغا چوڭقۇر قايغۇرۇشتى. شەپقەت ھەمشىرىلىرى ئېغىر يارىلانغان سائادەت بىلەن رازىيەنى نوسۇلكىغا سېلىپ ھەربىي دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

4

سائادەت تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئويغىنىپ، ئۆزىنى دوختۇرخانىنىڭ سىم كارىۋىتى ئۈستىدىكى ئاپئاق يوتقاندا كۆردى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ،

ئۇسساپ كەتكەندەك غەيرىي بىر سېزىم ئىچىدە يېقىمسىزلىناتتى. ئۇنىڭ بېشىدا چايدان بىلەن بىر جۈپ پىيالە تۇراتتى. سائادەت تېخى تونۇگۇن ۋىژىلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دۈشمەن ئىستىھكامىنى پارتلاتقىنى ئېسىدە، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا يارىلانغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئەجەبلەندى. سائادەتنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېسترا قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— سائادەت، قىمىرلىماي ئارام ئېلىڭ،— دېدى.

سائادەت قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا كىرىپ يوقىلىپ كېتىشنى خالىغاندەك، كۆزىنى يۇمدى. ئۇ بېشى تەرەپتىن يارىلانغاچقا، جاراھىتى ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. كۆزلىرىنى يۇمسىلا كۆز ئالدىغا دەھشەتلىك ئۇرۇش مەيدانى كېلىپ جۈيلۈيتتى. ئۇ قولىغا گىرانات ياكى ئاپتومات تۇتقان، ياكى دۈشمەنگە قارشى ئېتىلىۋاتقان، ياكى بولمىسا دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالغان، دۈشمەن ئوقلىرىدىن يەرگە يىقىلغان. شۇ چاغدا ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق چايانلار، بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى يىلانلار سوغۇق بەدەنلىرىنى يېقىپ ئۇنى چېقىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ، بۇ دەھشەتلىك ئازابتىن قۇتۇلۇشنى تىلەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، قوللىرى قىمىرلىماي، پۇتلىرى ھەرىكەت قىلماي قالاتتى. توۋلاپ ۋارقىراپ ناھايىتى قىيىن ئەھۋال ئىچىدە كۆزىنى ئاچسىمۇ، يەنە بېشى ئاغرىغان ھالەتتە سېزەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دۇنيا يورۇقلۇقى ئوت دولقۇنى بولۇپ كۆرۈنۈپ، بۇ ئوت دولقۇنى مېڭىسىگە بېرىپ ئۇرۇلاتتى، ئاخىر تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن مۇنداق ئازابلىق كۈنلەر سائادەتنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ ھازىر ھېچ نەرسىدىن خۇشال بولمايتتى، قايغۇرمايتتى ياكى ھەسرەت چەكمەيتتى، پەقەت كۆزلىرىدىكى ئۈمىدلىق تۇيغۇ ئارقىلىق غەمسىز قارايتتى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتكۈل تۇيغۇلىرى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە كۆيۈپ، ئىس بولۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھاياتتا ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى جەڭگىۋار ھاياتقا ئوخشمايتتى.

سائادەتنىڭ بېشىدا بارات پەيدا بولدى. ئاستا پىچىرلاپ سېستىرادىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— دەردى خېلى بار،— دېدى سېستىرا ئېغىر خۇرسىنىپ،— باش تەرەپتىن يارىلانغان ئىكەن، يارىسى ئېغىر.

بارات سائادەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ بېشى ئاق داكا بىلەن مەھكەم تېڭىلغان بولۇپ، رەڭگى سارغىيىپ، كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان هالدا ياتاتتى. بارات بىرقانچە كۈندىن بېرى سائادەتنىڭ تۇزۇكرەك تاماق يېمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ تەشۋىشلەندى. ئۇ كۆڭلىدىكى ھەسرەتنى بېسىش ئۈچۈن، دېرىزىدىن قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان سارغۇچ قىزىل تاغ تۆپىلىرىگە، چەكسىز ئېلى ۋادىسىغا تىكىلىپ ئولتۇردى. سائادەت ئويغىنىپ كۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئاغدۇردى.

— كىم؟

— مەن، بارات، سىزنى يوقلاپ كەلدىم.

— باراتمۇسىز،— ئۇ ئاستا پىچىرلىدى.

— سائادەت، خېلى ياخشىلىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

— خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم، ھەرەمباغ ئازاد قىلىندىمۇ؟ رىزۋانگۈل هاياتمۇ؟

— ھەرەمباغ ئازاد قىلىندى، رىزۋانگۈلمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ.

باراتنىڭ سۆزىدىن سائادەت ئىللىققىنە تەبەسسۇم قىلدى:

— سىلەر يەنە ئۇرۇش قىلامسىلەر؟

— شۇنداق، ئالدىمىزدا تېخى قايناق جەڭلەر بار. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جەنۇبنى بېسىپ ياتماقتا. يېقىندا بىزنىڭ زور قوشۇنىمىز مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلماقچى، يارىڭىز ساقايسىلا جەنۇبقا بىللە بارىمىز.

— ئەلۋەتتە بارىمەن،— دېدى سائادەت تەبەسسۇم بىلەن. ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ۋۇجۇدى بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى. سائادەتنىڭ سۆزى باراتنىڭ قۇلاقلىرىغا تالانتلىق ناخشىچىنىڭ يېقىملىق

ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. بارات ئۇنى بىئارام قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن:

— خەير - خوش سائادەت، ياخشىراق ئارام ئېلىڭ،— دەپ ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى، سائادەت ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— بارات، كەتمەڭ، قېشىمدا بىردەم ئولتۇرۇڭ، سىزدىن زادىلا ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ،— دېدى.

— ياخشى ئارام ئېلىڭ،— دېدى بارات،— يارىڭىز سەل ياخشىلانغاندا، كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولىمەن.

بارات سائادەتنىڭ يېنىدىن خوشلىشىپ چىقىپ، سەدىردىننى يوقلاپ باردى. ئۇ كىرىپ كەلگەندە سەدىردىن ئۇخلاۋاتاتتى، ئايىمنىسا چۆشلۈك تاماق تەييارلاۋاتاتتى. بارات ئاستا كېلىپ سەدىردىننىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئايىمنىسا ئاشخانا ئۆيىدىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، سەدىردىننى يېنىككىنە نوقۇپ ئويغاتتى. سەدىردىن باراتنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ تىنچلىق سوراشتى.

سەدىردىن بىرقانچە يىللاردىن بېرى خېلى جۈدەپ قالغان بولۇپ، كۆزلىرىدىكى ئىلگىرىكى يېقىملىقلىق، رەھىمدىللىكنىڭ ئورنىنى ھەسرەت، مۇڭ، قايغۇ قاپلىغان ئىدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز، خېلى ياخشىلىنىپ قالدىڭىزمۇ؟— دېدى بارات ئۇنىڭ رەڭگىرويىغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ.

— كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىمەن. سىلەر بولمىغان بولساڭلار گومىنداڭنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم. مەن يورۇق دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچتىم، سىلەرگە نىمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن،— دېدى سەدىردىن ھاياجانلىنىپ.

— ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالماڭ، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز،— دېدى بارات.

ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

× × ×

سائادەتنىڭ يارىسى ئىغىر بولغاچقا، ئانىسى ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلمىدى. سائادەت يېتىۋېرىپ ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ، تۇرۇپلا ئورنىدىن قوپۇپ كەتكۈسى، سىرتنى ئايلىنىپ كىرگۈسى، دوستلىرىنى تېپىپ مۇڭداشقۇسى كېلەتتى. ئۇ پات - پات ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىنتىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈۋالاتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئايىمنىسا ئۇنىڭغا ئىزىپ - ئىچىرۈپ نەسىھەت قىلاتتى:

— ياخشىراق ئارام ئالغىن، سالامەتلىكىڭ تېزرەك ئەسلىگە كەلسۇن. داداڭمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى، يېقىندا ئۇمۇ سېنى يوقلاپ كېلىدۇ.

ئايىمنىسا قىزىنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقاندا، زايىتوپ بىلەن بىرقانچە كوماندىر سائادەتنى يوقلاپ كىرىپ كەلدى. ئايىمنىسا ئۇلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ، ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى. زايىتوپ ۋە باشقىلار سائادەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىدى، قىسمىدىكى بارلىق پارتىزانلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. سائادەت ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. زايىتوپ سائادەت بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ ھەرەمباغ قورغىنىنى ئېلىشتىكى قەھرىمانلىقى مەدھىيىلەنگەن گېزىتنى ئۇنىڭغا سۇندى. سائادەت گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە چوڭ - چوڭ خەت بىلەن بېسىلغان «جەڭ مەيدانىدىكى قوش ھەمشىرىلەر» دېگەن قۇرلارنى كۆرۈپ، يۈرىكى ھاياجاندىن ئويناپ، گېزىت تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— شۇ... شۇ... مەنمۇ؟

— راست، ئەلۋەتتە سىز،— دېدى زايىتوپ ئىشەنچ بىلەن.

سائادەت ھاياجاندىن كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى ۋە ھاياجىنىنى باسالماي توۋلىۋەتتى:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، بۇ شەرەپ ماڭىلا ئەمەس، بارلىق

پارتىزانلارغا مەنسۇپ!

سائادەت ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان پارتىزانلارغا ۋەتەن مۇھەببىتى تولغان ھېسسىياتلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىدى، كۆزلىرىدە ھاياجان ياشلىرى لىغىلداپ، ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ سولغۇن مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى.

— سائادەت، يەنە بىر خۇش خەۋەر، قوماندانلىق شتاب 20-نويابىر مۇزاكىرە قىلىپ سىزگە «ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى،— زايىتوپنىڭ سۆزىدىن سائادەتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىدە ھاياجان ياشلىرى لىغىلدىدى:

— ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قورال ئېلىپ ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى يولىدا جەڭگە قاتناشقانلىقىم ھاياتىمدىكى ئەڭ زور شان - شەرەپ. شۇنداقتىمۇ كۆرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالماي يېتىپ قالغىنىمغا ھەسرەت چېكىمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ. ۋەتەن، خەلق سىزگە تەشەككۇر ئېيتىدۇ،— زايىتوپ سائادەتكە ياخشىراق داۋالىنىشنى، خاتىرجەم ئارام ئېلىشنى تاپىلاپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ بالنىستىن چىقتى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىۋاتقاندا، بىرقانچە ئۆسمۈر بالىنىڭ ناخشىسى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى:

دۈشمەنلەرنى تىترەتكەن
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.
قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

نامىڭ پەقەت ئۆچمەيدۇ
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.
ئېسىمىزدىن كەتمەيدۇ
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.
...

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا سائادەت ئۆزگىرىپ قالدى. سەدىردىن بىلەن بارات ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دوختۇرخانىغا كەلگەندە، ئايىمنىسا كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى.

— قىزىم، مەن سەدىردىن، بارات ئىككىمىز سېنى كۆرگىلى كەلدۇق، كۆزۈڭنى ئاچقىن.

سائادەت ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ياتاتتى. دوختۇرلار بۇ قەھرىمان قىزنىڭ ھاياتىنى بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ قۇتقۇزۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، سائادەت ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى، ئاندىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپتىكىلەرگە تولۇق قارىۋالدى. بارات ئوتتۇرىغا يۇلتۇز ئېلىنغان ھىلال ئاي شەكىللىك «ئازادلىق ئوردېنى»نى سائادەتنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويدى. ئۇ باراتقا ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلسىمۇ، جانسىز قولى ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي يەرگە چۈشۈپ كەتتى، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرى مىدىرلىغان بولسىمۇ، ئاۋازى چىقمىدى. بارات ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى، ئايىمنىسا گەۋدىسىگە ياستۇق قويۇپ، ئۇنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇشىغا ياردەمدە بولدى. سائادەتنىڭ لەۋلىرى بارا ـ بارا كۆكىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقى يوغىناپ، نەپىسى ئىتتىكلەپ كەتتى، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ ئېغىر ھالسىراپ ھەممەيلەنگە تولۇق قارىدى، ئاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كۆكسىدىكى ئالتۇن مېدالنى يۇلۇۋېلىپ، باراتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ:

— بارات ئاكا، مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، بۇ مېنىڭدىن سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن، بۇ ئالتۇن مېدالنى كۆرۈپ مېنى ئەسلەپ قويارسىز،— دېدى، ئاندىن ئانىسى بىلەن دادىسىغا قاراپ،— مېھرىبان ئانا، قەدىرلىك دادا، خىزمىتىڭلارنى قىلالمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭلار، رازى بولۇڭلار، مەن ھاياتىمدا ئارزۇ قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ ئارمانغا يەتتىم.

سائادەتنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ئاۋازى خىرىلداپ، بېشى بىر تەرەپكە ساڭگىلاپ، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئايىمنىسا

جىددىيلىشىپ سائادەتنى چاقىرىشقا باشلىدى:

— سائادەت، سائادەت، جېنىم بالام، كۆزۈڭنى ئاچ!

سائادەت جىمىپ كەتتى، ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئالدىنقى كۈنى تەييارلاپ قويغان دەمىدىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قوشۇق بىلەن تېمىتتى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى سەل ئېچىپ ئەتراپقا بىرقۇر نەزەر سېلىپ، ھەممەيلەنگە ئۇزاق تىكىلدى.

سىرتتا چۇرۇقلىشىۋاتقان تورغايلارنىڭ ئاۋازى تاڭ ئالدىدىكى ئاسمان يۈزىدىن گويا كۈمۈش تەڭگە جاراڭلاۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. سۈبھى ئاستا ـ ئاستا يورۇپ، ئۆتكۈر نۇرلىرىنى رۇجەكتىن سائادەتنىڭ ئۆمىد پارلىغان يۈزلىرىگە سەپمەكتە. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، رۇجەكتىن سىرتتىكى بارا ـ بارا ئاقىرىپ كېلىۋاتقان سۈبھىگە تويماي تىكىلدى، ئاندىن قاپىقى سېلىنىپ، ئۇيناق كۆزلىرى يەنە يۇمۇلدى. ئايىمنىسا ھودۇقۇش ئىچىدە توۋلىۋەتتى:

— سائادەت، سائادەت، كۆزۈڭنى ئاچقىنا!

دوختۇر، سېستىرالار جىددىيلىشىپ كەتتى، سائادەتنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باشلىرى ساڭگىلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئەبەدىي يۇمۇلغان ئىدى.

— ئاھ، بالام، مېنى داغدا قالدۇراي دېگەنمىدىڭ!

ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ نالە ـ پەريادى بالنىسنى بىر ئالدى. باراتنىڭ مېڭىسى پارتلاپ كەتكەندەك، يەر ـ ئاسمان چۆرگىلەۋاتقاندەك، ئىلى دەرياسى شاۋقۇن سېلىپ تەتۈر ئېقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقىلارنىڭ يىغىسىمۇ كۆچەيدى. يىغا ـ زار خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلاندى.

# ئوتتۇزىنچى باب

## سۈبھىدىكى گۈلخان

### 1

گومىنداڭ قوشۇنلىرى 1944- يىل 11- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق بارلىق ئەسكەرلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھەرەمباغ لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا قاراپ چېكىنىپ مۇداپىئە كۆردى. شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابى ۋە ساقچى باشقارمىسى قاتارلىق جايلارنىڭ ھويلىسىدىكى ئېگىز خادىدا ئاي - يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراق لەپىلدىدى. بايرام تۈسىنى ئالغان شەھەرنى تەبرىكلىگەندەك، يېنىك قار يېغىشقا باشلىدى ۋە تاڭ شامىلى بۇ ئانا زېمىنغا يېڭى باھار ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

جياڭ جېيشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بىلدۈرگەن تۇنجى ئىنكاسى قوراللىق باستۇرۇش بولدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8- ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شياۋلياڭغا «پۈتكۈل كۈچ بىلەن غۇلجىغا ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ توپىلاڭچى قوشۇننى باستۇرۇپ تىنچىتىش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. جۇ شياۋلياڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىشكە بەش يولدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. جياڭ جېيشى بۇ تەدبىرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، جۇ شياۋلياڭغا «غۇلجا ئەتراپىغا توپلانغان ئەسكىرىي كۈچنى پائال ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللەپ، غۇلجا، سۈيدۇڭلارنى قايتۇرۇۋېلىش، بۇنىڭ ئىلاجى بولمىسا، ئۇزاق مۇددەت غۇلجىدا تىركىشىپ

تۇرۇش، يۆتكەلمىگەن قىسىملار ئۇرۇمچىدىن يۇمىن (تاش قوۋۇق) قىچە بولغان تاشيول مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جايلارغا كاپالەتلىك قىلىپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇرۇمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئايرودروملاردا تېزلىكتە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياساپ، بىخەستەلىك قىلىپ قولدىن بېرىپ قويماسلىق زۆرۈرلۈكى» ھەققىدە يوليورۇق بەردى. تەلكە داۋىنىنى قار - مۇزلار قاپلاپ كەتكەچكە، ھەرەمباغقا ئەۋەتىلگەن بەش يول قوشۇنىنىڭ ئۈچى يولغا چىقالمىدى. باشقا ئىككى يولدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. جياڭ جېيشى ئىلىنى تىنچىتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، غۇلجىدا «تىركىشىپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت «ئۇزاق مۇددەتلىك ھەربىي تەدبىر»گە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى. 12- ئاينىڭ 31- كۈنى جۇ شياۋلياڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن غۇلجىغا بېرىپ ۋە غۇلجا ئاسمىنىدا تۇرۇپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلاردىن جياڭ جېيشى نامىدىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارغا ئىلھام بەردى. 1945- يىل 1- ئاينىڭ 8- كۈنى جياڭ جېيشى ھەرەمباغدىكى قوشۇنلارغا «ستالىنگراد روھى» بىلەن ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى.

1940- يىل 8- ئايدا گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 1941- يىل 6- ئاينىڭ 21- كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، 5 مىليون 500 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر، 4000دىن ئارتۇق تانكا، 5000غا يېقىن ئايروپىلان بىلەن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇشتۇمتۇت سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغىدى. 11- ئايغا كەلگەندە گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاھالىسىنىڭ 40%ىنى تەشكىل قىلىدىغان نوپۇس ھەمدە مۇتلەق كۆپ قىسىم سانائەت رايونىنى كونترول قىلىۋالدى، 1941- يىل 10- ئايدا موسكۋاغا ھۇجۇم قىلدى.

1942- يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 500 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى 7- ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى 1 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ، زور تۈركۈمدىكى ئايروپىلان ۋە تانكىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ستالىنگرادقا جەنۇب ۋە شىمالدىن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ستالىنگرادنى قوغداۋاتقان سوۋېت ئارمىيىسى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ستالىنگراد جېڭىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

1942- يىل 11- ئايدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 330 نەچچە مىڭ ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. كېيىنكى يىلى 2- ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھايات قالغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. ستالىنگراد جېڭى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. 1944- يىل 6- ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش ئارمىيە فرانسىيىنىڭ نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ياۋروپا 2- ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچتى. 1945- يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئارمىيىسى شەرقتىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە غەربتىن گېرمانىيە چېگرىسىغا بۆسۈپ كىردى...

مانا ئەمدى غۇلجىدىكى پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئاما ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە قوللىشىغا ئېرىشتى، زىنىت پىلىموت ئارقىلىق غۇلجا ھاۋا بوشلۇقىنى قامال قىلدى. گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن تەمىنات تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن يېقىنلىششقا ئىلاجسىز قالدى، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلار ئوق - دورا ۋە ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئايرىلدى. ھەرەمباغ تايانچ پونكىتى غۇلجىدىكى پارتىزانلار تەرىپىدىن شىددەتلىك توپقا تۇتۇلدى، ئادەتتە كۆنگە ئېتىلغان توپ ئوقى بىرنەچچە مىڭ پايغا يەتتى.

«تىركىشىپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت «ئۇزاق مۇددەتلىك ھەربىي تەدبىر»نى داۋاملاشتۇرغىلى بولماي قالدى. جياڭ جېيشى مۇھاسىرىنى

بۆسۇپ چىقىشنى تەستىقلىدى. قالدۇق قوشۇن مۇھاسىرىنى بۆسۇپ چىقىش جەريانىدا يوقىتىلدى. ھەرەمباغ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جېيشى «ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قىسىمدىكى گېنېرالدىن تارتىپ پولك، باتالىيونغىچە يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلارنى قاتتىق جازالاش، دىۋىزىيە ۋە پولك باشلىقلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ، ئىجتىھاتسىز ۋە جاسارەتسىزلەرگە ئىبرەت قىلىش»نى جۇ شياۋلياڭدىن تەلەپ قىلدى.

2

سەھنىدىكى دۇخاۋا يېپىلغان ئۈستەلدە تۇرغان فاتېفوندىن يېقىملىق مۇزىكا ياڭراۋاتاتتى. بارات بۈگۈن چىرايلىق ياسىنىۋالغان، ئۈستىدە ماش رەڭ ئوفىتسېر گىمناستوركىسى بىلەن گالىفى شىم، بېلىدە بەش يۇلتۇزلۇق كۆمۈش توقىلىق كەمەر، پۇتىدا ھەربىيچە خۇرۇم ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە ئوفىتسېرلارغا خاس بىر خىل چاققانلىق، جىددىيلىك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈنكى ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلاردا چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن ئىدى. بارات سائىتىگە كۆز تاشلىدى ـ دە، فاتېفوننى توختىتىپ قويۇپ، فرونتتا كوماندا بەرگەندەك، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۆزلىدى:

— دىققەت يولداشلار، چوڭ يىغىن ھازىر باشلىنىدۇ!

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىردىن بېسىلدى. يۈتكۈل پارتىزانلار تەرتىپ ساقلاشـقا تىرىشىپ، يىغىن مەيدانىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. زايىتوپ يىغىنـنىڭ كۈنتەرتىپىنى ئوقۇپ، چوڭ يىغىننىڭ مەقسىتىنى سۆزلەپ ئۆتتى:

— يولداشلار،— دېدى ئۇ،— بۈگۈنكى بۇ كۈن غۇلجا تارىخىدا ئۆچمەيدىغان خۇشاللىق كۈن، يەنى تارىخقا يېزىلىدىغان، گومىنداڭ قوشۇنلىرى غۇلجا شەھىرىدىن تەلتۆكۈس تازىلانغان 1945- يىل 30- يانۋار كۈنى. بۈگۈن بىز غەلىبىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن چوڭ يىغىن ئاچماقچىمىز. يىغىنىمىزغا قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق مىللىي

ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىسھاقبېك، دەللقان قاتارلىق رەھبەرلەرنى قىزغىن قارشى ئالايلى.

يارىشملىق ھەربىي فورما، گىمناستوركا، ئىسپانكا، گالىفى شىم، ئۆتۈك كىيگەن جەڭچىلەر، ئوردېن - مېدالارنى تاقىغان گېنېرال، پولكوۋنىك، كومىسسارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئالقىش ساداسىنى ياڭراتتى.

سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىمىزدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىسھاقبېك، دەللقان ئىللىق كۈلۈمسىرەپ سەھنىگە چىقتى ۋە توختىماي ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان جەڭچىلەرگە قاراپ پۈتكۈل مەيداننى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ خۇشخۇي چىرايىدىن ئىللىق نۇر ياغاتتى، تۇرقىدىن تەمكىنلىك، ئېغىر - بېسىقلىق، رەھبەرلەرگە خاس پەزىلەت چىقىپ تۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جەڭچىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈردى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىققاندىن كېيىن، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلىدى:

— يولداشلار، بىز بۈگۈن غۇلجا ئازاد قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە بىلەن بايرام قىلىۋاتىمىز. بۇ غەلىبە ئاسانلىقچە قولغا كەلمىدى. نەچچە مىڭلىغان پارتىزان ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ ۋەتەنىمىزنىڭ ئازادلىقى يولىدا قان تۆكتى. پارتىزانلىرىمىز ئۇرۇشتا ئاخىرقى تامچە قېنى قالغۇچە باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرنى يانجىپ تاشلاپ، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ھەربىر بۆلىكىنى گومىنداڭنىڭ مازىرىغا ئايلاندۇردى. خەلقىمىز ھەممە ياقتىن قوزغالدى، گومىنداڭ ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا...

بۇ جاراڭلىق نۇتۇق باراتنىڭ قەلبىگە ھاياجان سېلىپ، ئۇنىڭ خىيالى ئۇرۇش مەيدانىنى ئايلىنىپ چىقتى. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆمىلەپ ئالغا كېتىۋاتقان، پايانسىز سايلاردا، تاغ قاپتاللىرىدا يۈرۈش قىلىۋاتقان؛ ۋەتەنىمىزنىڭ گۈزەل قىرلىرىدىن، ئورمان بويلىرىدىن، دەريا قىرلىرىدىن تارتىپ ئاياغ بېسىپ، ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاكوپلاردا كۈن - تۈن قىسمىر قىلماي قورالىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، بۇيرۇق كۈتۈپ ياتقان پارتىزانلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ قۇلاق

تۇۋىدە جاراڭلاۋاتقان نۇتۇقنى ئوفىتسېرلاردىن دېھقانلارغىچە چوڭ ئۈمىد بىلەن تىڭشايتتى. دانا يولباشچىنىڭ مەنىلىك پىكىرلىرىنى بارات پۈتكۈل زېھنى بىلەن تىڭشىدى.

— يولداشلار، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىمىز يېڭى قۇرۇلغان مىللىي ئارمىيىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. ئارمىيىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا بىزگە يېقىندىن ياردەم قىلغان خەلققە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز!

جەڭچىلەر بۇ دانا رەھبەرنىڭ سۆزلىرىنى باش كۆتۈرمەي يېزىپ ئولتۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا ھەرەمباغ قورغىنىنى ئېلىشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەڭچىلەرگە باش شتاب نامىدىن چىقىرىلغان مۇكاپاتلاش قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە باتالىيون، قەھرىمان جەڭچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. شۇ قاتاردا بارات 6-باتالىيونغا ۋاكالىتەن لەۋھە تاپشۇرۇپ ئالدى. شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزدىن رىزۋانگۇل بىلەن سائادەتكە ئۇرۇش قەھرىمانى قاتارىدا ئالتۇن ئوردېن تەقدىم قىلىندى. يىغىن ئاخىرىدا زايىتوپ سۆزلىدى:

— كوماندىر - جەڭچىلەر، بىز بۈگۈن تەنتەنىلىك ھالدا بايرام قىلىۋاتىمىز. بۇ خۇشال كۈنلەردە ئىنقىلاب ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان رىزۋانگۇل، سائادەتتەك شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىز، نادىر قاتارلىق قەھرىمانلىرىمىزنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. رىزۋانگۇل 20 نەچچە دۈشمەننى جايىدىن قىمىرلاتماي ھالاك قىلىپ، ھەرەمباغ قورغىنىغا تۇنجى يول ئاچقان يۈرەكلىك باھادىر ئىدى. سائادەت قەيەردە خەۋپ بولسا، شۇ يەردە ھازىر بولاتتى. ئۇلار ئازادلىق ئۈچۈن ئالتۇندەك ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلدى. ھەممەيلەن ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتەيلى!

يىغىن مەيدانىدىكى بارلىق جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، بېشىنى ئېگىپ سۈكۈتتە تۇردى. شۇتاپتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يالقۇنلۇق تۇيغۇلار پەۋەس. ئاھ، رىزۋانگۇل، سائادەت! خەلقىمىز سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ، ئوتلۇق ناخشا - قوشاقلارنى توقۇپ، ھەردائىم ئەسلەيدۇ...

# 3

باش باهار. مۇزات چوققىلىرىدىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال دەرەخ شاخلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتىپ ئۆتمەكتە. كېتىشكە ئۇلگۇرەلمىگەن قاغىلار يىراقتا قار بېسىپ ئاقارغان كۆزلۈك بۇغداي ئېتىزلىرىنى بويلاپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. «ئۇ قاغىلار دالىلاردا نېمىشقا ئەگىپ يۈرىدىكىن؟ بۇ قاغىلارنىڭ باش باھاردىمۇ تۇمانلىق كۆل رەڭ ئاسماننى كېزىپ، ئەنسىز قاقىلداپ ئۇچۇپ يۈرۈشى كىشىنىڭ غەمكىنلىكىنى ئاشۇردىغۇ؟...»

بارات قايسى تەرەپكە قارىسا، تەبىئەتنىڭ كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. يول بويلىرىدا ئۇرۇش خارابىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھاۋا سوغۇق بولۇپ، شامال قېلىن تۇماننى غەربكە سۈرۈپ ھەيدىمەكتە. چىغىر يولدا ئېتىنى يېتىلىگەن بارات قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ تۈنۈگۈن شتابتىن رۇخسەت ئېلىپ سۈيدۈڭدىكى ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىققان بولۇپ، يول تېيىلغاق بولغانلىقتىن، ئاتنى يېتىلەپ، چىغىر يولدىن چوڭ يولغا چىققاندا ئاتقا مىندى.

بارات سۈيدۈڭغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى ھەددىدىن زىيادە سېلىپ كەتتى. ئۇ گەرچە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسى بولمىسىمۇ، مېھرىبان ئانىسى ئۈچۈن باشپاناھ بولغان يۇرت ئىدى. ئۇ غەربتىكى گەيشاڭ بازىرىغا يېقىنلاشقاندا، كۆن ئالىلقاچان ئولتۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، يول بويىدىكى رەتلىك ھەم قاتار كەتكەن سۆۋادان تېرەكلەر ئۇنى قارشى ئالغاندەك قۇچاق ئاچاتتى. ئۇ تار كوچىلارنى ئايلىنىپ، ئۆزى نىلقىغا مىڭىشتىن ئىلگىرى سۈيدۈڭغا چىقىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ئۆيىنى ئىزدەپ ـ سوراپ، قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنى قاقتى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازا يوچۇقىدىن جىنچىراغنىڭ يورۇقى كۆرۈندى، ئاندىن دالاندا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ھويلىدا بىر

سايه پەيدا بولدى. ئۇ سايه تەشۋىشلەنگەندەك تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— كىم؟

— مەن، بارات.

سايه ئالدىراش ئىشىككە يېپىشتى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ، قولىدا ئاتىسىنىڭ باشبېغىنى تۇتۇپ تۇرغان، ھەربىيچە كىيىم كىيگەن يىگىتنى كۆردى. بارات ئانىسىغا تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن، ئانا ئوغلىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئوفىتسېرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، خۇشاللىق بىلەن ئوغلىنى باغرىغا باستى، پېشانىسىگە سۆيدى، ئۇنىڭ سوغۇقتا قىزارغان يىرىك يۈزىنى تىترەپ تۇرغان شەپقەتلىك قوللىرى بىلەن سىيلىدى.

بارات ئاتىنى ئاختىخانىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى، ئانا ئوغلىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خۇنۈك كۆزلىرىدە ياشلار مۆلدۈرلىدى. ئانا ئوغلىنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كېتىشۋېتىپ:

— جېنىم بالام، سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلەر بولىدىكەن، غۇلجا ئازاد قىلىنىپمۇ مېنى يوقلاپ قويماي دېمىدىڭ، سېنىڭ شۇ چاغقىچە يوقلاپ كەلمىگىنىڭگە قاراپ، سېنى باشقا تەرەپلەرگە كېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس ئانا، ۋاقتىم قىس، ئىشىم ئالدىراش، ھەقىقەتەن سېنى يوقلىيالمىدىم، — بارات ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. تۆت تام چىرايلىق ئاقارتىلغان بولۇپ، ئۆي ئىچى چىنىدەك پاكىز، ئۆي سەرەمجانلىرى ئاددىي بولسىمۇ، رەتلىك قويۇلغان ئىدى. ئۇ ئۆي ئىچىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئانىسىدىن ئەھۋال سورىدى:

— ئانا، قانداق ئەھۋالىڭ، تېنىڭ سالامەتمۇ؟

— ساق تۇردۇم بالام. ئىشقىلىپ، ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھالىمغا يارىشا ئىش تېپىپ قىلىپ تىرىكچىلىك قىلدىم، — دېدى ئانا ھاياجاندىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ. ئۇ ناۋات كىرى بولغان ئاق داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، مېھرى

بىلەن ئوغلىغا تىكىلدى.

— بويۇڭ ئۆسۈپتۇ، بۆلەكچىلا يوغىناپسەن. ھە، سائادەت سالامەتمۇ؟

باراتنىڭ قاپىقى سىلىنىپ، بېشى ئېگىلدى، چىرايىنى بىردىنلا ھەسرەت بۇلۇتلىرى قاپلىۋالدى. ئانىسى ئۇنىڭ گەپ قىلمىغىنىغا قاراپ تەشۋىشلەندى:

— ئوغلۇم، ئېيتقىنا، سائادەتكە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ، يول ئۈستىدە ھەرەج تارتىپ قالدىڭمۇ ـ يە؟

بارات گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— «يول ئازابى، گۆر ئازابى» دەپتىكەن ئانا، سەل ھېرىپ قالدىم،— ئۇ قانچە قىلغان بىلەنمۇ چىرايىدىكى ھەسرەتنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئانا ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر ئىشنى سېزىۋالغاندەك، يەنە سائادەت ھەققىدە سوئال تەكرارلاپ قالدى:

— نېمە ئۈچۈن سائادەت ھەققىدە گەپ سورىسام ئېنىق جاۋاب بەرمەيسەن، ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟

باراتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، تەشۋىش ئارىلاش ئۆزگە قاراپ تۇرغان ئانىسىغا تىكىلدى. ئۇ سۆزلىمەكچى بولدىيۇ، بىراق گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سۆزلىيەلمەي قالدى. كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە بوش ئاۋازدا ئېيتتى:

— مەرھۇمەنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى.

— نېمە، ئۇ...؟

ئانا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك ئېچىشىپ، دەرد ـ ئەلەملىك كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىدىن ئېگەكلىرىگە سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ سائادەتنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇزاق ھەسرەت چەكتى، كۆز يېشى قىلىپ مەرھۇمەنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. سائادەتنىڭ زېرەكلىكى، تۈيغۇنلۇقى، چېۋەرلىكى نۇرپاشانى بەكمۇ قايىل قىلغان ئىدى. بارات سائادەت بىلەن نىكاھلىنىشقا ماڭغاندا، ئانا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويغان ھەم ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە دۇئا قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز شوتىسى ئۇزاقتىن بۇيان كۆزلەپ يۈرگەن

غايىۋى تۇرمۇشقا ئېلىپ بارمايلا يېرىم يولدا قويدى. ئانا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى: «ئىلاھا ئامىن، خۇدا ساڭا جەننەت ئاتا قىلغاي!»

نۇرپاشا دۇئادىن كېيىن چاي ئەكەلدى. بارات چاي ئىچكەچ ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە باللىق ئەركىلەش بىلەن تەلمۈردى، ئاندىن ئانىسىنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىنى قاتمال قوللىرى بىلەن سىيلاپ كۈلۈمسىرىدى:

— جېنىم ئانا، سىنى تازىمۇ يولغا قاراتتىم،— دېدى. دە، تۆگمىلىرىنى يېشىپ، ئۈستىدىكى ھەربىيچە جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلىدى،— سائادەت توغرىسىدا خەۋەر بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشىمنى تاشلاپ سىنى يوقلىيالمىدىم.

نۇرپاشا ئوچاقنىڭ كۈللىرىنى تازىلىغاچ تاماققا تۇتۇندى. ئۇ تاماق ئەتكەچ ئوغلى بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي پاراڭلاشتى:

— بالام، قانچە كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن كەلدىڭ؟

— ئىككى كۈنلۈك.

— ۋاي، نېمانچە ئاز؟

— جېنىم ئانا، ئۇ دېگەن ھەربىي تۈزۈم، بىر بۇيرۇق بىلەن جاھاننىڭ چېكىسىگە كېتىدىغان گەپ. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن جەنۇبقا قاراپ ئاتلىنىمىز. ئالتە شەھەردىكى قېرىنداشلارنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەنمىز.

— ئاھ، قەشقەر، ئانا يۇرتقا بارىدىكەنسەندە ئوغلۇم!— ئانا خۇشاللىقىنى باسالماي يۈرىكى ئويناپ، چېھرىدە تەبەسسۇم پارلىدى، كېيىن ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ،— گومىنداڭ بىلەن يەنە سوقۇشامسىلەر؟— دەپ سورىدى.

— شۇنداق، گومىنداڭنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ئالتە شەھەرنى ئازاد قىلمىساق بولمايدۇ.

— بالام، ناھايىتى ياخشى پۇرسەت كەپتۇ، مېنىمۇ ئالغاچ كېتەمسەن؟ سىلەر بىلەن يۇرتۇمغا كېتىۋالاي.

— ئانا، ھەربىي يۈرۈش دېگەن ئادەتتىكى سەپەرگە ئوخشىمايدۇ.

ھەربىي يۈرۈشتە يول بويى ئۇرۇش قىلمىز، مۇنداق ئەھۋالدا سىنى بىرگە ئېلىپ مېڭىش ئەپسىز. جەنۇبنى ئازاد قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن سىنى ئۆزۈم ئېلىپ كېتىمەن.

ئوغلىنىڭ كېتىشىنى ئويلاپ مەيۈسلەنگەن ئانا بىرپەس خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى باشقىچىرەك تۈس ئالدى، يۈزلىرى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترىدى، يۈرىكى سىقىلىپ دېمىنى ئالالمايۋاتقاندەك، كۆكرىكىگە قانداقتۇر بىرنەرسە تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئوغلىنىڭ قايناق جەڭلەردە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئانا ئوغلىنىڭ تەشۋىشلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ ئوغلۇم، — دېدى باراتقا قاراپ،— سىنى يولدىن توسماي، نامىزىمدا دۇئا قىلىپ تۇراي. قولۇڭدىن قورالنى تاشلىما، سائادەت ئۈچۈن بىزدەك ئېزىلگەن مەزلۇملارنىڭ ئىنتىقامىنى ئال. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، زالىملارنى شەپقەت قىلماي يوقات! سىنى ئاۋۋال خۇدايىمغا، ئاندىن باشلامچى رەھبەرلەرگە تاپشۇردۇم.

نۇرپاشانىڭ تولۇلگەن قاپاقلىرى، تىترىگەن لەۋلىرى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. بارات ئانىسىنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولدى، قەلبى دولقۇنلىنىپ، چىرايى ئېچىلىپ، لەۋلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى. تاماقتىن كېيىن ئانا - بالا ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى...

نۇرپاشا ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتكەنچاي راسلىدى، ئانا - بالا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. باراتنىڭ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار كەينى - كەينىدىن يوقلاپ كىرىشتى. شاۋقۇن - سۈرەنسىز بۇ ئۆي بۈگۈن كۆلكىگە، شادلىق تەنتەنىلىرىگە تولدى. بارات ئۆيگە كىرگەنلەرگە ئىلقىدىكى گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن پارتىزانلار تەشكىلاتىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى، غۇلجىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ گومىنداڭ ساقچى باشقارمىسى بىلەن قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلىپ گومىنداڭنى سۈر - توقاي قىلغانلىقىنى، ھەرەمباغ لەڭشاڭ بۇتخانىسى ئەتراپىدا بولغان

ھەرەمباغ قورغىنىنى ئېلىش جېڭى ۋە شەپقەت ھەمشىرىلىرى رىزۋانگۈل بىلەن سائادەتنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۆيگە لىققىدە توشقان قولۇم - قوشنىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاشتى، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا شادلىق جىلۋە قىلاتتى...

ئەتىسى نۇرپاشا ئوغلى ئۈچۈن تەييارلىغان كىيىم - كېچەكلەرنى بوغچا قىلدى. ئانىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چاناقلىرىدىكى پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى قورۇق باسقان يۈز ۋە ئېڭەكلىرىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ ئوغلىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپ قويدى. ئانا ئوغلى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، مەھەللىدىكى ھەقەمسايىلەر ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چىقىشتى. كىشىلەر پىشۇرۇلغان تۇخۇم، قاتلىما، نان، گۆلە، قاق دېگەندەك نەرسىلەرنى يوللۇق سوۋغا قىلىشتى. بارات قولۇم - قوشنىلارغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى. ئۇ قاشقا ئېتىغا سەكرەپ مىنىۋالدى، ئاندىن قولۇم - قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە ئانىسىنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ، ئېتىنىڭ باشىېغىنى سىلكىدى. قاشقا ئات سەپەرگە ئالدىرىغاندەك، چەبدەس قەدەم تاشلىدى.

× × ×

بارات ئانىسى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ، سەدىردىنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سەدىردىن بىلەن ئايىمنىسا ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇخشىغان پولۇ ئېتىپ مېھمان قىلدى.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. بارات گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە قوشۇنى بىلەن ئالتە شەھەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئايىمنىسانىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، مۆڭلۈق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قىزى سائادەت كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ سائادەتنى ئەسلىدى ۋە ئۇنى ئىزدىگەندەك، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، بىراق كۆز ئالدىدا سائادەت يوق

ئىدى. بىلىندۇرمەي ئۆتۈپ كەتكەن ھەسرەتلىك يىللار ئىلگىرى ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئايىمنىسانىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرىغا قىرولارنى، چىرايلىق يۈزىگە كۆرۈمسىز قورۇقلارنى؛ مۇلايىم، روشەن كۆزلىرىگە ھەسرەت بىلەن مۇڭ - قايغۇلارنى سوۋغا قىلىپ، يۈرەك پارىسىنى ئەجەل ئوقى ئاخىرەتكە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئايىمنىسا ئېسەدەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سىلىپ يىغلىۋەتتى:

غۇنچە بولۇپ ئېچىلماي ئالەمدىن ئۆتكەن بالام،
ئويناپ - كۈلۈپ مۇراد - مەقسەتكە يەتمىگەن بالام.
...

ئايىمنىسانىڭ قەلبىدە قىزى سائادەت ئۈچۈن چوغ بولۇپ يانغان ئوت ھازىر باشقىدىن لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك يىغىسىغا قاراپ نۇرپاشا ۋە باراتنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، لېكىن لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتى، كېيىن ئايىمنىساغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ئايىمنىسا ھەدە، سەۋر قىلىڭ. سائادەت ئازادلىق ئۈچۈن قۇربان بولدى. ئۇنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد يادلىنىدۇ. ئۇنىڭدەك قەيسەر جەڭچىلەرنىڭ قان تۆكۈش بەدىلىگە بۈگۈنكىدەك بەختىيار كۈنلەرگە ئېرىشتۇق.

ئايىمنىسا ئۆگۈپ كەتكەن روملىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى ۋە ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭشىۋالدى. باراتنىڭ تەسەللى بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەرد - ئەلەملەر بىردىنلا چىقىپ كەتكەندەك، ئۆزىدە يېنىكلىك ھېس قىلدى.

— بوپتۇ بالام،— دېدى ئايىمنىسا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، قىساس ئوتى يانغان قەلبىدىن ھاياجانلىنىپ،— ئۇرۇشقا قاتنىشىپ سائادەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى ئۇنتۇما.

توساتتىن باراتنىڭ كۆزى مېھمانخانىنىڭ تېمىغا ئېسىقلىق تۇرغان جازىدىكى سائادەتنىڭ سۈرىتىگە چۈشتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سۈرەتنىڭ ئالدىغا كەلدى. سائادەتنىڭ بۇ سۈرىتى ئالدىنقى سەپتىكى

ۋاقىتتا چۈشكەن بولۇپ، بېشىغا قىيسايتىپراق قۇلاقچا كىيىپ، ھەربىر-چە كەمەر باغلاپ، بويىنىغا دوختۇرلۇق سومكىسىنى ئېسىۋالغان، ئۇنىڭ يېنىدا دوستى رىزۋانگۈلمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. باراتقا ھازىر سائادەتنىڭ قېشىدا تۇرغاندەك، گويا ئۇنىڭ بىلەن خۇشلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «مانا، ھەش - پەش دېگۈچە سائادەتتىن ئايرىلغىلى ئىككى ھەپتىدىن ئېشىپتۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە قانچە - قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ھەسرەت چەكتىم، سائادەت ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن».

ئۆي ئىچى جىمجىت، پەقەت سائەتنىڭ چېكىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بارات خىيالىدا سائادەت بىلەن بىرپەس مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاشخانا ئۆيىدىن سەدىردىن كىردى. بارات ئورنىدىن تۇرۇپ سەدىردىنگە قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— خەير - خوش، ئەمدى مەن قايتاي، تۇزۇڭلارنى كۆپ يېدىم، خىزمىتىڭلارنى ئاز قىلدىم. ھەرقايسىڭلار ئېغىر مىنى كۆتۈردۈڭلار، سىلەر-نىڭ كۆڭلۈڭلارنى چىگىپ قويغان جايلىرىم بولسا كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرى-ۋېتەرسىلەر.

— ئۇنداق ئەمەس بالام، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتۈپ كەتتى. بىزمۇ ئۇ ئىشلارنى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋەتتۇق. سەنمۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، قانداقلا بولمىسۇن بىرقانچە يىل بىرقازاننىڭ ئېشىنى تالىشىپ-تارتىشىپ ئىچتۇق،— سەدىردىن سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

بارات ئۇنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي كۆز يېشى قىلدى، ئاندىن يىغلامسىراپ ئەلەم ئارىلاش سۆزلىدى:

— ئۇنتۇمايمەن، ئالتە شەھەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ھەرقاي-سىڭلارنىڭ قېشىغا چوقۇم قايتىپ كېلىمەن.

ئايىمنىسا تەييارلاپ قويغان بوغچىسىنى باراتنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە ئانىلىق مېھرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا:

— مانا بۇ بىرقۇر كىيىم - كېچەك، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ساڭا يوللۇق تۇتتۇم. بىزنى ئەسلەپ قويارسەن ئوغلۇم،— دېدى

ئايمنىسا قولىدىكى بوغچىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ.

سەدىردىن بىر جۈپ ئۆتۈكنى ئەكىلىپ باراتقا ئۇزاتتى:

— بارات، مانا بۇ، بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ نەمۇنىسى. ئۇرۇش مەيدانىدا گومىنداڭنىڭ ئۇستىگە تاشلانغان چېغىڭدا، بۇ ئۆتۈك بىلەن گومىنداڭنى يانجىپ يەرگە چاپلىۋەت.

— تەلپىگىزنى چوقۇم ئورۇندايمەن،— دېدى بارات ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ.

سەدىردىن بىلەن ئايمنىسا باراتنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇئاخىرقى قېتىم خوشلىشىپ، سەكرەپ ئاتقا مىندى. ئايمنىسا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، تاتلىق - تۇرۇم، ياغلىق توقاچلار بىلەن تولغان خالتىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— خوش بالام، سالامەت بول. جەڭدە غەيرەتلىك بول، دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم قىلما،— دېدى سەدىردىن.

— خەير - خوش، ئاق يول بولسۇن،— دېيىشتى ھەقەمسايىلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ.

بارات ئانىسىنى ئايمنىسانىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

4

ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، تۈن يېرىمىدا ياغقىلى تۇرغان سىم - سىم يامغۇر سەھەرگە يېقىن توختىدى. يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەر كېچە ياغقان يامغۇردا شاخلىرىنى مۈگلۈق ئېگىپ تۇراتتى. باش باھار كېچىسى قوينىغا ئالغان دالىلار تىپتىنچ، ئېگىز تاغ چوققىلىرى تولۇن ئاينىڭ شولىسىدا ھەرە چىشىدەك كۆرۈنەتتى. ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار تىنماي كۆز قىسىشاتتى. بارات قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ شتاب ئالدىغا چىقتى. تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرى بىلەن كوچىلارنى ۋە شتاب ئالدىنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەن ئىدى.

باراتنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەي، ئىچى تىت - تىت بولۇپ، ھەر خىل ئوي - خىياللارنى كەچۈرۈپ سىرتقا چىقتى. نىمشقىدۇر ئۇنىڭ كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيىپ تۇراتتى. بارات تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن سائادەتنىڭ تۇپراقبېشىدا خەتمىقۇرئان ئوقۇپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى زاراتگاھلىققا كەلدى. ئايدىڭ كېچە، قەبرىستانلىق تىپتىنچ بولۇپ، بۇ يەردە شامال يالاپ شورىداپ كەتكەن سان - ساناقسىز قەبرىلەر زومچەك - زومچەك كۆرۈنەتتى. ئەنە، ئېگىز - پەس دومبايغان قەبرىلەر ئىچىدە سائادەتنىڭ ئاق گەج بىلەن قاتۇرۇلغان قەبرىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سائادەتنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ جەسىتى رىزۋانگۇلنىڭ يېنىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۈرۈش قەھرىمانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

بارات قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلگەندە، قارا بۇلۇت ئاي يۈزىنى توسۇۋالدى. ئۇ خىرە ئاي يورۇقىدا زاراتگاھلىققا خۇددىكىسىنىپ قارىدى. بىرپەستىن كېيىن، ئاي يۈزىنى ئورىۋالغان بۇلۇتلارمۇ پارچىلىنىپ، قارا پەردە ئىچىدىن ئاي يۈزىنى يېرىم ئېچىپ كائىناتقا قىيا بېقىپ، يەر يۈزىگە ماراپ قويدى. بارات سائادەتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «سۈرە ياسىن»نى رىتىملىق ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇئا قىلدى ۋە قەبرىگە قاراپ: «خەير - خوش سائادەت، قەبرەڭدە تىنچ ياتقىن» دەپ پىچىرلىدى...

بارات قەبرىستانلىقتىن يېنىپ شەھەرگە كىرگەندە تاڭ سۈزۈلدى. قەيەردىندۇر بىر كىشىنىڭ قېقىلىپ يۆتەلگەن، يىقىن ئەتراپتىكى ناۋايخانىلاردىن نىمكارلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ساداسى ئاڭلىناتتى. كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوت - قايماقچىلار، ئوتۇنچىلار، تۇخۇم كۆتۈرگەن ئاياللار دۈگدىيىپ مېڭىشىپ، كىچىك كوچىلارغا كىرىپ بىر - ئىككىدىن غايىب بولماقتا. كوچا دوقمۇشىغا يېقىن ئەتراپتىكى بىر ناۋايخانىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، كۆكۈش ھاۋاغا تارقىلىپ غايىب بولاتتى.

— ئىسسىق نان، ئوغۇل بالىلار، يوغان - يوغان ئەتتىم، تونۇرى سىبغىزدىن، خېمىرى مېغىزدىن، بىرنى يېسەڭ تىنىك تۇرىسەن، ئىككىنى

يېسەڭ شۇك تۇرىسەن!...

خېرىدار چاقىرغۇچى ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، شاپ بۇرۇت، قوشۇما قاش ھۈسەيىن ناۋاي ئىدى. ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن نان سېتىۋالـىدىغانلار كوچا دوقمۇشىدىكى ناۋايخانا ئالدىغا ئولاشتى. بارات بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ناۋايخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھۈسەيىن ناۋاي سۈت - قايماقچى ئايال بىلەن دۇكان ئىچىدە قېتىق توغرىسىدا گەپلىشىۋاتاتتى. ئۇ سېتىۋالغان ئىككى تاۋاق قېتىقنى پەشخۇنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سۈت - قايماقچى ئايالنىڭ پۇلىنى بەرگەندىن كېيىن، ئايالنىڭ قېتىقنى ماختاشلىرىغا ئېتىبار قىلماي، باراتقا بۇرۇلدى.

— ھە، بارات، ياخشىمۇسەن؟

— مەن بۈگۈن سىلىنى يامغۇردا دۇكان ئاچمىدى دەپتىمەن.

— ھەي ئوكام،— دېدى ناۋاي،— دۇكاننى ئاچمىغان بىلەن ئادەمنىڭ قورسىقى ئېچىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ.

سۈت - قايماقچى ئايال دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ھۈسەيىن ناۋايـىنىڭ سۆزىدىن بارات مەمنۇن بولدى. ئۇلاركونا تونۇشلاردىن بولۇپ، بارات غۇلجىغا يېڭى چىققان مەزگىللەردە ئۇتۇن ئېلىم - بېرىم قىلىشقان ئىدى. بارات بىرپەس مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

سۈبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىدى. سۈبھىنىڭ نۇرى قارا ئەتلەستىن تون كىيىۋالغان تۈننى سۈرۈپ، ئۈتكۈر تىرنىقى بىلەن چاك - چاك يىرتىۋەتتى. نۇر دولقۇنلىرى ئاسماننىڭ يۈزىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يۇيۇپ، سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك قىلىۋەتتى. سۈبھى بارا - بارا قىزىرىپ، گۈلخانىغا ئوخشاپ قالدى. دەل - دەرەخلەر، ئېتىزلار، دەريالاردىكى سۇلار، ھەتتا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان يىراقتىكى تاغلارمۇ سۈبھىدىكى ئاشۇ گۈلخانىغا كۆلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك ئىدى. باش ئەتىيازدىكى يامغۇرنىڭ شەپقىتى بىلەن كۆكلەۋاتقان دەل - دەرەخلەر، زىرائەت ۋە ئوت - چۆپلەر ئاشۇ گۈلخانىغا تەلپۈنۈشتى. ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەن قۇياش تەبىئەتكە جور بولدى، ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى پۈتكۈل ئەلنى ئويغاتتى، شەھەر - يېزىلار جانلاندى. بۇ، گويا نىلقىغا توپلانغان ئۇلاستاي

پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بارا ـ بارا زورايغانغا ئوخشايتتى.

هازىر جىڭ ناھىيىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلى ۋىلايىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1945- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. تولۇق قوراللانغان قىسىملار غۇلجا شەھىرىدە نامايىش قىلدى. پولك، باتالىيون ۋە روتا كوماندىرلىرى ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ كىشىلەر توپى ئالدىدىن جەڭگىۋار ناخشىلارنى ياڭرىتىپ سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۆتۈشتى.

كۆرەشتە تالماس گاڭ بىلەك،
يۈرەكتە ھىممەت قايناق.
قەسەمنى كۆكسۈمدە ساقلاپ،
خەلقىمنى قىلىمەن پارلاق.

سۆيۈملۈك قوماندان يولباشچىمىز،
ئەگەر يوليورۇق بەرسىڭىز؛
ئانا ۋەتەن، جانىجان ئەلنى
دۈشمەندىن تازىلايمىز.
...

ئەڭ ئاخىرقى بىر پولك ئەسكەر ياڭراق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىپ پاراتتىن ئۆتتى:

ئەسىرلەر ياتتۇق ئېزىلىپ،
زۇلۇم ئاستىدا يانجىلىپ.
قۇل بولمايمىز دۈشمەنگە ھەرگىز،
كۆرەشكە دائىم ماڭىمىز.
...

6- ئاينىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئۈچ سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ئالىي باش قوماندان گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك قوشۇنىنىڭ يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتتى:

1. شىمالىي سەپتە جەڭ قىلىشقا كەڭسايى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3- پولكى يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بورتالانىڭ شىمالى ئارقىلىق شىخۇ، تارباغاتاي، ئالتاي ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شىخۇنىڭ تارباغاتاي، ئالتاي بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شۇ جايدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىگىلەيدۇ.

2. ئوتتۇرا سەپتە جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2- پولكى، تىكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1- پولكى، ئىلى زاپاس 4- پولكى، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى ئۈستىگە ئېلىپ غەربىي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. سۈيدۈڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1- پولكى، توپچى ئەسكەرلەر باتالىيونى شىخۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

3. جەنۇبىي سەپتە جەڭ قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئارقىلىق ئىلى رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە شىمالىي، ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوپۇروپلار ئاتلىق پارتىزانلار پولكىنى باشلاپ، باي، ئاقسۇ كونىشەھەر ئارقىلىق ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ، قۇربانوپىنى پارتىزانلارنىڭ بىر ئەترىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا ئىچى ئارقىلىق تاشقورغانغا كىرىپ، پارتىزانلارنىڭ پائالىيىتىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىدۇ ۋە پۈتكۈل جەنۇبنى ئازاد قىلىدۇ. قالغان قىسىملار غۇلجىنى ساقلاش ئارقىلىق ئىنقىلاب مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش لازىم...

زايىتوپ ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە ئەڭ ئېغىر بولۇپ، ئۇ قوماندانلىق

قىلىۋاتقان سەپتە جەنۇبتىن چىقىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان ئەتىرەتلەرنى قارشى ئالىدىغان ئاتاشقانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇزات ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ ئالتە شەھەرنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش ئىدى. زايىتوپ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر تاڭ سەھەردە سەپ ـ سەپ بولۇپ تىزىلدى. ئۇزاتقۇچى ئامما ئۆي ـ ئۆيدىن چىقىپ، كوچا ـ كوچىلارغا لىق تولدى. موماي لار ۋە كىچىك باللارمۇ جەڭچىلەرنى ئۇزىتىش ئۈچۈن، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇراتتى.

زايىتوپنىڭ مۇنتىزىم قوراللانغان ئەسكەرلىرى كوچا ئېغىزىدىن ئۆتتى. جەڭچىلەرنى تەنتەنە، خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى. جەڭچىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يار، ئاغىنىلىرى غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ خوشلاشماقتا ئىدى. نۇرپاشا، ئايىمنىسا، سەدىردىن، غازىباي، ھۆسەيىن ناۋايلار باراتنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى، ئۆمىد ۋە ئىشەنچ پارلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن باراتقا تىكىلدى. ئايىمنىسا بىلەن نۇرپاشانىڭ يۈرەكلىرى ئوت كەتكەندەك ئېچىشتى، ئۇلار كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى. باراتنىڭ ئۇزىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە بولغان شادلىقى تولۇپ تاشتى. كىشىنى چەكسىز ھاياجانغا سالىدىغان يۈز خىل ئايرىلىش باراتنىڭ قەلبىنى دولقۇنلىتىشقا باشلىدى. نۇرپاشا بىلەن ئايىمنىسا ئۇنىڭ جاسارەت يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ يۈرەك قېتىدىكى سۆزلىرىنى ھاياجان ئىچىدە بايان قىلىشتى:

— خەير ـ خوش ئوغلۇم، ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن كۆپچىلىككە تاپشۇردۇم، سەپىرىڭلارغا ئاق يول بولسۇن. ئاڭلىسام، سىلەرنىڭ قوشۇندا قەشقەرلىك جەڭچىلەر كۆپىكەن، جەڭچىلەرنىڭ غەيرىتىمۇ چوڭكەن. سىلەر قەشقەرنى ئازاد قىلغاندا، يۇرتقا چىقىپ داداڭنىڭ تۇپراقبېشىنى يوقلاپ قويغىن. داداڭنىڭ روھى سېنىڭ تېخىمۇ قەيسەر جەڭچى بولۇپ چىقىشىڭغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

نۇرپاشا بىلەن ئايىمنىسا باراتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. سەدىردىن بىلەن غازىباي باراتنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى. غازىباي

ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ئۆز ۋاقتىدا بىر قىسىم كىشىلەر پىتنە ـ پاسات تېرىپ، ئىككىمىزنى بىرمەھەل دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويدى. ئابدۇللانىڭ قۇترىتىشى بىلەن بىر قىسىم يامان كىشىلەر زاۋۇتقا ئوت قويۇپ، جىنايەتنى ساڭا ئارتىپ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا پۇل خەجلەپ سىنى تۈرمىگە ئالدۇرۇۋەتتى. ئىشىنىڭ تېگى ـ پېيىنى بىلمىگەچكە، مەن سۈكۈت قىلىپ سىنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم قىلالمىدىم. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بۈگۈن سەندىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدىم. مەن زاۋۇتقا ۋاكالىتەن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئوغلۇم، بىز سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىل،— دېدى.

— ھېچقىسى يوق، ئۆتكەن ئىشلار تارىخ سۈپىتىدە قېلىۋەردى، مەنمۇ تۈرمۈشنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىرىدا چېنىقتىم، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى بولدۇم. مەن ئاشۇنداق بوران ـ چاپقۇنلاردا چېنىقمىغان بولسام، بۈگۈنكىدەك ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيتتىم. سىلەرمۇ مېنى كەچۈرۈڭلار،— دېدى بارات چەبدەسلىك بىلەن ئېتىغا مىنىۋېتىپ.

ئات بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى قومۇشتەك تىك تۇتۇپ، قەدەملىرىنى يېنىك يۆتكىدى. نۇرپاشا، ئايىمنىسا، سەدىردىن، غازىباي، ھۆسەيىن ناۋايلار باراتنىڭ قارىسى يىتكۈچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بارات ئات ئۈستىدە سەھەرنىڭ سالقىن ۋە ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇدەك نەپەس ئېلىپ، ئەتراپقا مېھرىلىك كۆز يۈگۈرتۈپ: «خەير ـ خوش ئېلى» دەپ پىچىرلىدى. جەنۇبلۇق جەڭچىلەر ئۆزىنى كۈرەش ئوچىقىدا تاۋلاپ، يېتىشتۈرگەن بۇ ئەزىز دىياردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشماقتا ئىدى.

سېھىي قۇياش يولغا ئالتۇن نۇرىنى سېپىپ پارقىرىتىۋەتتى. جەڭچىلەرنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسى، كەلگۈسى ھاياتى ئاشۇ ئالتۇن نۇرلاردەك پارقىراق، يورۇق ۋە سۈپسۈزۈك بولغۇسى.

1980 — 1982- يىللىرى قەشقەردە يېزىلدى.

2003 — 2005- يىللىرى قەشقەردە تۈزىتىلدى.

这部长篇小说分三部。第一部描述从小失去父母的一个男孩因生活无门而去北疆伊犁的艰难经历；第二部描述这个男孩由于好心人们帮助和关怀，得到上学就业机会的经过；第三部描述他参加“三区革命”而成为一名有觉悟的革命者的经历。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **غولام ئەبەيدۇللا**
مەسئۇل كوررېكتورى: **بەختىيار جەسۇر**


# سۈبھىدىكى گۈلخان

(رومان)

ئاپتورى: **تۇرسۇن ئۆمەر**


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى ئابدۇ يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 17.5، قىستۇرما ۋارىقى: 4
2005 - يىل 12- ئاي 1- نەشرى
2005 - يىل 12- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3080 — 1

ISBN7 — 5373 — 1469 — 1
باھاسى: 32.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق



ISBN 7-5373-1469-1
9 787537 314695 >

SBN 7—5373—1469—1
(民文) 定价: 32.00 元